ئۆمەر ئابدۇللا ئەرقۇت

# كۆز يېشىدا ئېچىلغان گۈل



شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

ئاپام ئايرىپ كۆرسەتتى،
ساپ بىلەن قۇياشنى.
مەن ئاتامدىن ئۆگەندىم،
غۇرۇر بىلەن ياشاشنى.



بۇ رومانىم ئارقىلىق بارلىقىنى بىزگە بېغىشلىغان قەدىردان مەرھۇم ئاتام ئابدۇللا ھوشۇرغا، مېھىر - مۇھەببىتى بىلەن مەنۋىيىتىمىزگە يۆلەك بولۇۋاتقان مېھنەتكەش ئاپام ئىبادەتخان نىيازغا چوڭقۇر مىننەتدارلىقىمنى ۋە ھۆرمىتىمنى بىلدۈرىمەن.

— ئاپتور

ئۆمەر ئابدۇللا ئەرقۇت

# كۆز يېشىدا ئېچىلغان گۈل



( رومان )

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: **ئەنۋەر ھەسەن**
مەسئۇل كوررېكتورى: **ئىبادەت ياسىن**
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: **غالىب شاھ**

# كۆز يېشىدا ئېچىلغان گۈل

(رومان)

ئاپتورى: **ئۆمەر ئابدۇللا ئەرقۇت**

*

شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي بېيجىڭ يولى 29 ـ نومۇر، پ: 830012)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ جىنبەن باسما چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1230 × 880 م م، 32 كەسلەم، باسما تاۋقى: 16.125
2009 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2012 ـ يىلى 2 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
ISBN 978 – 7 – 5371 – 6830 – 4
باھاسى: 40.00 يۈەن

بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز





# ئاپتوردىن

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، 2003 ـ يىلى 11 ـ ئايدا شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «تاشقا ئايلانغان كۆز يېشى» ناملىق رومانىمدىكى قەيسەر، ئۆگەي ئاتىسى داۋۇت، مېھىر ـ شەپقەتلىك كىشىلەردىن رېھىم شەپقەت، ئىبادەتخان ئانىلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىنسانىي تۇيغۇلارنى ياشىنىتىدىغان ۋە دىلنى ئېزىدىغان كەچمىش ـ مۇناسىۋەتلەر ئېسىڭىزدىمىكىن؟ بۇ رومان ئەسلىي ئۈچ قىسىم بولۇپ، نەشر قىلىنىدىغان ۋاقىتىدا مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بىرىنچى قىسمى مۇستەقىل رومان قىلىنىپ نەشر قىلىنغانىدى.

رومان نەشر قىلىنغاندىن كېيىن سەمىمىي مەدھىيىلەر بىلەن بىللە ئوقۇرمەنلەرنىڭ بىر تەلىپىمۇ مۇئەللىپكە يەتتى. بۇ تەلەپ شۇكى، ئۇلار «باش قەھرىماننىڭ ئۆلۈپ كېتىشى بولماپتۇ، شۇنچە خورلانغان ئادەم نېمە ئۈچۈن ھاياتلىقنىڭ ئۆزگىچە تەۋە بولغان تاتلىق نېمەتلىرىدىن ئازراق بولسىمۇ بەھرىمەن بولالمايدۇ؟ رومانىنىڭ مۇشۇ يېرىنى ئۆزگەرتىش كېرەك. بولمىسا ئادەم پۇخادىن چىققاندەك بولمايدىكەن، ئادەمنىڭ يۈرىكى سىقىلىپ كېتىدىكەن» دېيىشىپتۇ. مەن ئەسلىي رومانىنىڭ ئۆزگەرتىلگەن مۇشۇ تومى نەشر قىلىنغاندىن كېيىن قالغىنىنى يازماي دەپمۇ ئويلىغانىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە باش قەھرىمان ئۆلۈپ كەتكەن تۇرسا، ئەسلىدىكى پىلانىم بويىچە داۋاملاشتۇرۇپ يازاي دېسەم، باش قەھرىمان قەيسەرنى تىرىلدۈرسەم بولىدۇ. ئەنگلىيە يازغۇچىسى كونان دويىل «ھولمىسىنىڭ دېلو رازۋېدكا قىلىشى»

نامـلىق چاتـما ھېكـايىلـرىنى يېـزىپ ئاخىـرىدا «ھولـمىـسنىـڭ ئۆلـۈمى» دېگـەن ھېكايىـنى يازىـدۇ. ئەمما خـەلقنىـڭ نارازىلـىق ئىنكاسلىرى يـازغۇچىنـى ئويلاندۇرۇپ قـويىدۇ. خەلـق «ھولـمىس ئۆلـمەسلـىكى كېـرەك» دەپ تۇرۇۋالىدۇ. شـۇنىڭ بىـلەن يازغۇچـى ئامالسىز «ھولـمىسىنىـڭ تىرىلـىشى» دېـگەن ھېكـايىنى يېـزىشقـا مەجبۇر بولـىدۇ. ناۋادا، مەنـمۇ ئەسلـىدىكى پـىلان بويـىچە «تاشقـا ئايـلانغان كـۆز يـېشى» نامـلىق رومانـىمنىـڭ ئاخىـرقى بابىـنى ئەسلـىگە كەلتـۈرۈپ، قەيسەرنـى ئۆلـمەيـدىغان قـىلىـپ يـازسـام ئوقۇرمـەنلەر قانـداق قارار؟ ئەسلـىدىكى يېـزىقچىـلىق پـىلانىمـدا بىرىنچى تومنىڭ ئاخىرىدا قەيسەر بىر ئاخشىمى يوقـاپ كېتىـدۇ. كىشىلـەر ئۇنى ئىـزدەپ تاپالمـايدۇ. قەيسـەر شۇ يوقاپ كـەتكەنچە نۇرغۇن جەبىر ـ جاپالارنى چېكىپ كاتتا بايغا ئايلانغاندىن كېيىن پەيدا بـولىدۇ. شـۇنىڭ بىلـەن مەن كـۆپ ئـويلىنىـپ رومانىنىـڭ داۋامىـنى ئەسلىدىكى پىلان بويـىچە يېـزىشنى قـارار قىلدىم ۋە «تاشقا ئايلانغان كۆز يېشى» نامـلىق رومانىمنىڭ ئەسلىدىكى، يەنـى ئۆزگەرتىلمىگەن ئاخىـرقى بابـىنى بۇ رومـانىمنىـڭ باشلـىنىشـى قىلدىم. لېكىن قالغان ئىككى تومنى بىرلەشتۈرۈپ «كۆز يېشىدا ئېـچىلغـان گـۈل» دېگەن مـاۋزۇلـۇق بىرلا رومـان قـىلىـپ دىـل ھۆزۈرۈڭلارغا سۇندۇم.

# مۇندەرىجە


مۇقەددىمە ........ 1

بىرىنچى باب ........ 5

ئىككىنچى باب ........ 21

ئۈچىنچى باب ........ 37

تۆتىنچى باب ........ 69

بەشىنچى باب ........ 106

ئالتىنچى باب ........ 128

يەتتىنچى باب ........ 154

سەككىزىنچى باب ........ 177

توققۇزىنچى باب ........ 191

ئونىنچى باب ........ 216

ئون بىرىنچى باب ........ 237

ئون ئىككىنچى باب ........ 263

ئون ئۈچىنچى باب ........ 279

ئون تۆتىنچى باب ........ 297

ئون بەشىنچى باب ........ 322

ئون ئالتىنچى باب ........ 352

ئون يەتتىنچى باب ........ 372

ئون سەككىزىنچى باب ........ 393

ئون توققۇزىنچى باب ........ 423

يىگىرمىنچى باب ........ 439

يىگىرمە بىرىنچى باب ........ 472

يىگىرمە ئىككىنچى باب ........ 496

# مۇقەددىمە

بۈگۈن سەھەردىن باشلاپ ئاسماندىن ھېيت خۇشاللىقى يېغىشقا باشلىغانىدى.

توقسۇندىكى ئۆلۈم پەتىسىدىن يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا قايتىپ كەلگەن ئىبادەتخان ئانا قەيسەرنىڭ يېنىغا بارالمىغاچقا بىر ئاز ئەنسىرەپ تۇراتتى. شۇڭا، ئۇ كىشىلەر ھېيت نامىزىدىن يېنىپ قارا قوشقارنىڭ گېلىگە پىچاق سۈركىلىشى بىلەن ئالدىراپ ئۆيدىن چىقتى ۋە رىھىم شەپقەتنىڭ ئۆيىگە ماڭدى.

رىھىم شەپقەت ھەدەپ پىچاق بىلەش بىلەن ئاۋارە ئىدى. قىسقىلا سالام ـ سەھەتتىن كېيىن ئىبادەتخان ئانا تاقەتسىزلىنىپ سورىدى:

— قەيسەر قانداق بولۇپ كەتتى؟

بۇ گەپ بىلەن رىھىم شەپقەت پىچاق بىلەشتىن توختىدى.

— ھەي، ئۇ بالا بىزنىڭ گەپنى پەقەت يېمىدى. شۇنچە چۈشەندۇرسەكمۇ دوختۇرغا بېرىشقا ئۇنىماي تۇرىۋالدى، — دېدى رىھىم شەپقەت بىلەيگە سۇ تېمىتىۋېتىپ، — تېخى يوچۇنلا گەپلەرنى قىلىپ يۈرىدۇ. شۇڭا باشقىچە ئىش بولۇپ قالمىسۇن، دەپ ئەنسىرەپ سىلىنى ساقلاپ تۇرغان. بۇ ئىشتا ئۇ سىلىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلايدۇ.

— تۈنۈگۈن ئەھۋالى قانداقراق؟

— ئۆزىلا چاقىرتىپتىكەن، نېمە ئىشتۇر دەپ بارسام، دوختۇرغا كۆرۈنۈش ئۈچۈن يىغىپ بەرگەن پۇللارنى ماڭا بېرىپ «قەرزىمنى تۆلىگىنىم بولسۇن، مېنىڭدىن رازى بولۇڭلار» دەپ يۈرىدۇ. «نېمە بولدى بۇ بالىغا» دەپ بىرمۇنچە چۈشەندۈرۈپ، كەچتە ئۇنىڭغا تىكتۇرگەن ئىشتاننى ئېلىپ بارارمەن دېسەم، ھېلىقى تىككۈچى خېلى ساقلىسام يوق... مانا بايا نامازدىن يانغاچ ئىشتاننى

ئېلىپ كېلىپ، سىلىنى كېلىپ قالار، دەپ ساقلاپ تۇرۇشۇم...
— نېمە بوپتۇ ئۇنىڭغا؟
— مەنمۇ ئۇقالمايلا قالدىم.
ئىبادەتخان ئانا ئەندىكىپ كەتتى ۋە:
— هازىرلا بېرىپ باقايلى،— دەپ ئىشىككە ماڭدى. رېھىم شەيقەت بىلەينى ئوغلىغا سۇندى:
— پىچاقنى تازا ئوبدان بىلە، قۇربانلىق قوي دېگەن قىينىلىپ قالسا بولمايدۇ. مەن بىردەمدىلا كېلىمەن.
ئۇلار ھېيت ئۇچۇن پاكىز تازىلانغان يولدا تونۇش - بىلىشلەر بىلەن ئانچىكىم سالاملىشىپ دەرەخلىككە يېتىپ كەلدى. ئەمما، دەرەخلىكتە قەيسەر يوق ئىدى. ئۇلار ئىككىسى داڭ قېتىپ تۇرۇشۇپلا قالدى.
— ھوي، قەيسەر يوققۇ؟
بىراق، ئۇلار دەرھاللا بۇ ئويدىن يېنىشتى. چۈنكى، قەيسەر ئۇ ھالى بىلەن قەيەرگىمۇ بارالىسۇن؟ بىر قەدەم باسقۇدەك ھالى بولسىچۇ ئۇنىڭ؟ قېنى شۇنداق بولغان بولسا - ھە، نەگىلا كەتسە ياخشىدى، ئەپسۇس... ئۇنداقتا، بۇ نېمە ئىش؟ ئۇلار بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇرۇپ قېلىشتى. بىر چاغدا ئىبادەتخان ئانىنىڭ جىددىيلىك قاپلىغان چىرايىغا خۇشاللىق كۈلكىسى تېپىپ چىقتى:
— سارىخانلار ئېلىپ كېتىپتىمۇ، نېمە؟
— ھە!؟ — بۇ گەپ رېھىم شەيقەتنى چۆچۈتۈۋەتتى.
— ھېيتنىڭ خاسىيىتى،— دېدى ئىبادەتخان ئانا خۇشاللىقىنى باسالماي،— نېمىلا بولسا بالا، نېمىلا بولسا ئانا - بالىدە. ئۇلۇغ ھېيتلاردا بالىسىنىڭ مۇنداق تاشلىنىپ يېتىشىغا چىدىمىغان گەپ... قۇدرەتلىك ئاللا، بەندىلىرىگىنى ئىنساپتىن ئايرىمىغايسەن...
— شۇنداق بولسىزە...،— دېدى رېھىم شەيقەت ئارام تاپقاندەك،— قەيسەر بالىنىڭ بەختى ئېچىلىپتۇ... ھەي، ئۇ بىچارە بۇ كۈننى تازىمۇ كۈتكەن...
— داۋۇتمۇ ئەسلى ئۇنچىۋالا باغرى تاش ئادەم ئەمەس ئىدى... كۆنۈشەلمەي يات كۆرۈپ بولغان ئىش - دە،— ئىبادەتخان ئانا قىزغىن سۆزلەۋېتىپ خۇشاللىق ياشلىرىنى سۇرتتى،— يۇرسىلە،

مۇشۇ خۇشاللىقتا داۋۇتلارنىڭ ئۆيىنى بىر ھېيتلاپ قويىلى...
ئۇلار مېڭىپ كەتتى. بۇ قېتىم ئەمدى ئاياغلار ئىتتىك، يوللار راۋان ئىدى.
ئۇلار نەچچە قېتىم دىلى قاتتىق رەنجىگەن، «تووۋا» دەپ ياقىلىرىنى چىشلەشكەن ھويلا ئالدىغا كەلدى. ھويلا ئىشىكىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان بېزەكچىلىكلەر بۇ ھويلىدىكى ھېيت خۇشاللىقىنى ئىپادىلەپ تۇراتتى.
رېھىم شەپقەت ھويلا ئىشىكىدىن سالامنىڭ چوڭىنى قىلىپ كىردى. شۇ چاغدا نېمىلەرنىدۇر دەپ كۇلۇپ ئۆيدىن چىققان داۋۇتنىڭ ئۇلارنى كۆرۈش بىلەن دەرھاللا چىرايى تۇتۇلدى. ھەتتا، ھېيت بولۇشىغا قارىماي تۇزۇكرەك سالاملىشىپمۇ قويمىدى. بۇنىڭدىن ئۇ ئىككىسى مەڭدەپ قېلىشتى. شۇ چاغدا پارچىلانغان گۆش سېلىنغان لېگەننى كۆتۈرۈپ چىققان سارەممۇ ئۇلارنى كۆرۈپ تۇرۇپلا قالدى. ئەمدىلىكتە ئىبادەتخان ئانا بىلەن رېھىم شەپقەتتىكى بايىقى خۇشاللىق ۋە قىزغىنلىقتىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى.
— قەيسەر...،— دېدى گاڭگىراپ قالغان ئىبادەتخان ئانا ئارانلا. كۆزلىرىدە غۇۋا بىر نۇر چاقناپ ئۆتكەن سارەم ئاغزىنى سۆزگە ئۆمەللىۋىدى، داۋۇتنىڭ سوغۇق ئاۋازى ئاڭلاندى:
— يەنە شۇ گەپمۇ؟ ھېيت - ئايەملەردە بولسىمۇ بىزنى ئارامىمىزدا قويسا بولمامدۇ بۇ خەق! بىرەر قازان گۆش قاينىماستا ئادەمنىڭ ئەرۋاھىنى ئۇچۇرۇپ...
— قەيسەر بالا كەلمىگەندۇ؟— سورىدى رېھىم شەپقەت ئۆزىنى بېسىۋېلىپ.
— ياق،— دېدى داۋۇت دوق قىلىپ،— ئۇنىڭغا بۇ يەردە نېمە بار!؟
— ئورنىدا ئولتۇرۇشقىمۇ مادارى يەتمەيدىغان بۇ بالا نەگىمۇ كەتكەندۇ؟ بىرەر ئىش بولمىغاندۇ، خۇدايىم؟
— شۇنى دەيمەن. بىرەرسى ئەكەتسە، نەرسە - كېرەكلىرىنى تاشلاپ قويماستى. ئەستا...
— نېمە؟— سارەم بىر قولى بىلەن قورسىقىنى، يەنە بىر قولى بىلەن پېشانىسىنى تۇتقانچە تۇرۇپلا قالدى. ئۇلار بولسا كەينىگە قاراپمۇ قويماستىن ئۆيدىن چىقىشتى. شۇ تاپتا ئۇلارنى قىيناۋاتقىنى داۋۇتنىڭ قوپال مۇئامىلىسى ئەمەس، بەلكى

قەيسەرنىڭ بۇ ئۆيگە كەلمىگەنلىكى ئىدى. ئۇنداقتا، قەيسەر قەيەرگە كەتتى؟ كىم ئەكەتتى؟

ئۇلار جىددىيلەشكىنىچە يەنە دەرەخلىككە باردى. سىمونت تاختاي ۋە قەيسەرنىڭ ئەسكى ـ تۇسكىلىرى شۇ پېتى، پەقەت قەيسەرلا يوق!

ــ توۋا، بۇ بالا نەگىمۇ كەتكەندۇ؟ــ دېدى لەسسىدە بولۇپ قالغان ئىبادەتخان ئانا،ــ بۇ بالىنى كىممۇ ئەكەتكەندۇ؟ باشقا بىرەر... بىرەر ئىش بولمىغاندۇ ـ ھە؟ ئەمدى دېگىنىم...

ــ شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ،ــ دېدى ئۆز ـ ئۆزىنى تىڭشاپ ئېغىر ئويغا پېتىپ قالغان رېھىم شەپقەت،ــ تىرىكنىمۇ كۆزۈم كۆرمىسۇن دېگەن بۇ خەق ئۇنىڭ جەسىتىنى نېمىمۇ قىلار؟

شۇنچە ئويلاپمۇ ئۇلار بۇ ئىشنىڭ تەكتىگە يېتەلمىدى، قەيسەرنى بىرەرسىنىڭ ئەكېتىشىگە تېخىمۇ ئىشەنمىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار قەيسەرنىڭ دوستلىرىنىڭ ئۆيىگە ۋە قەيسەرگە كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان كىشىلەرنىڭ قېشىغا بېرىپ باقتى، باشقا كىشىلەردىن سوراشتۇردى. بىراق، قەيسەرنى ھېچكىم بىلەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئەتراپتىكى كىشىلەرنىڭ ئارامى بۇزۇلدى، ھېيت خۇشاللىقلىرى پەسكويغا چۈشتى. قەيسەر نەگە كەتتى؟ ھەممىسى شۇ ھەقتە سۆزلىشەتتى، سۇرۇشتە قىلىشاتتى. ھەتتا، بۇ ئىش بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ تەكلىپى بىلەن ساقچىخانىغىمۇ مەلۇم قىلىندى. ئەمما، قەيسەرنىڭ پەقەتلا ئىز ـ دېرىكى بولمىدى.

ۋاقىت بىر ئادەمنىڭ تۇغۇلۇشى، بىر ئادەمنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى بىلەن باشقىچە سۈرئەتتە ياكى باشقىچە يۆنىلىشتە مېڭىپ قالمىغاندەك، قەيسەردەك بىر ئادەمنىڭ غايىب بولۇپ كېتىشى بىلەنمۇ ئۆز يوسۇنىنى ئۆزگەرتىپ قويمىدى، شۇڭا تۇرمۇش يەنىلا ئۆز ئىزى بىلەن داۋاملىشىۋاتاتتى...

※ ※ ※

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، «تاشقا ئايلانغان كۆز يېشى» ناملىق رومانىنىڭ ئۆزگەرتىلگەن ئاخىرقى بابىنى مۇقەددىمە ئورنىدا كۆردىڭىز. ئەمدى قىممەتلىك دىققىتىڭىز رومانىنىڭ داۋامىدا بولسۇن.

# بىرىنچى باب

ئاستا كۆزىنى ئاچقان قەيسەر نۇرغۇنلىغان نۇر توچكىلىرىنى كۆرۈپ مەڭدەپ قالدى. ئاندىن ئۆزىنىڭ سېمونت تاختاينىڭ ئۈستىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ يەرنى چىڭگىدە قاماللىغانلىقىنى، شۇ چاغدا تەر، دورا، يەنە ئاللىقانداق پۇراقلار بىلەن بىللە بىر گەۋدىنىڭ ئۆزىگە يېقىنلىشىپ كەلگەنلىكىنى غۇۋا ئېسىگە ئالدى. ئاندىن...

قەيسەرنىڭ ئېسىدە ئۇنىڭدىن باشقا ھېچنېمە قالمىغانىدى. ئۇ ئاستا ئۆزىگە كەلدى ۋە ئۆزىنىڭ يېنىك تەۋرىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. بۇ ھەقىقەتەن يېنىك ۋە ھوزۇرلۇق تەۋرىنىش ئىدى، خۇددى بۆشۈكتەك. توغرا، بۆشۈكنىڭ تەۋرىنىشىدەك يېقىملىق، يېقىشلىق، ئادەمنىڭ ھوزۇرلىنىپ ياتقۇسىلا كېلىدىغان... لېكىن قەيسەرگە بۆشۈكنىڭ ھوزۇرىنى، تۇرمۇشتىكى بۆشۈكنىڭ ھوزۇرىغا ئوخشاش ھوزۇرلارنى ئۇنتۇپ قالغىنىغا نېكەم! شۇنداق، ئۆلۈمنىڭ سوغۇق قوللىرىنى نىمجان قوللىرى بىلەن تۇتاي - تۇتايلا دەپ قالغان ئادەمنى كىممۇ بۆشۈككە بۆلەپ قويسۇن؟ يەنە كېلىپ قەيسەر بوۋاق بالا بولمىسا... قەيسەر ئۆزىنىڭ بۇ ساددا خىيالىدىن كۈلمەكچى بولدى - يۇ، پەقەت كۈلەلمىدى. چۈنكى، شۇ ھامان ئۇنتۇلغۇسىز رېئاللىقى يەنە ئۇنىڭ قۇلىقىغا شىۋىرلاشقا باشلىغانىدى. ئۇنداق بولسا...

شۇ چاغدا ئېشەكنىڭ كۈچلۈك ھاڭرىشى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ قەيسەرنىڭ سەزگۈلىرىنى ئويغاتتى. قەيسەر چۆچۈپ بەدىنىدىكى ئاغرىقنى يېڭىپ بېشىنى كۆتۈرمەكچى بولۇۋىدى، ناتونۇش بىر ئاۋاز ئاڭلاندى:

— بولدى يېتىۋەر، هازىرچە يېتىش سەن ئۈچۈن ئەڭ ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ.

قەيسەر ئاۋاز چىققان تەرەپكە بېشىنى بۇرىدى، شۇ ۋاقىتتا گەپ قىلغان كىشىمۇ قەيسەرنىڭ بېشىغا ئېڭىشتى. قەيسەر چاراقلاۋاتقان يۇلتۇزلار ئارىسىدا قارىدىغان، قورۇق باسقان، قىرىلىق ئىزنالىرى روشەن ئىپادىلىنىپ قالغان، ئەمما يېقىملىق بىر چىرايىنى كۆردى. ئۇ كىشى قەيسەرنىڭ ئۆزىگە ھەيران بولۇپ قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ كۈلۈمسىرىدى. بۇ كۈلۈمسىرەش قەيسەرگە غەيرەت ئاتا قىلدى. قەيسەر گەپ قىلماقچى بولۇۋىدى، ئۇ كىشى ئۇنىڭغا سۇلياۋ تۇڭغا قاچىلانغان، لېكىن ئىلمان بولۇپ قالغان سۇنى ئىچۈردى. ئەمما بۇ سۇ قەيسەرنىڭ يۈرىكىنى ياشارتقاندەك بولدى. ئۈچ يۇتۇم سۇنى تەستە ئىچكەن قەيسەر:

— ئاكا... سىلى كىم بولىلا؟ — دەپ سورىدى ۋە كۆزىگە چېلىقىۋاتقان نەرسىلەردىن ئۆزىنىڭ بىر ھارۋىدا كېتىۋاتقانلىقىنى بىلدى. ئۇنىڭ بايا ئاڭلىغىنى مۇشۇ ھارۋىغا قېتىلغان ئېشەكنىڭ ھاڭرىغان ئاۋازى ئىدى.

— مەن سېنى ئوبدان بىلىمەن، ئۇكام. نەنسەندە سېرغالى دەپ بىر بۇرادىرىم بار. بۇ قېتىم ئۇ ماڭا سەن توغرۇلۇق سۆزلەپ بەردى.

— نەنسەن؟ سېرغالى؟! — قەيسەر بەك ھەيران قالدى.

— ھەئە، نەنسەندە. سېرغالى ئۆتكەندە تۇرپان ئۇيغۇر تېبابەت شىپاخانىسىغا داۋالانغىلى كەپتىكەن. ئىدىقۇت باغچىسىنىڭ ئالدىدا سەن بىر ئادەمنى ئاتام دەپ يان باساڭ، ئۇ ئادەم سېنى ھاقارەتلەپتىكەن. سېرغالى كىشىلەردىن سۈرۈشتۈرۈپ سېنىڭ ئەھۋالىڭنى بىلىپتىكەن. ئۇ ئەگەر ھېلىقى ئادەم شۇ بالىنىڭ ئۆز ئاتىسى بولغان بولسا تازا بىر دېيىشىدىغان ئىش ئىدى، دەپ يۈرىدۇ.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ قەيسەرنىڭ تېنى تىكەنلەشتى، جانلانغان بەدىنى يەنە ھالسىزلانغاندەك بولدى، يۇلتۇزلار يەنە غۇۋالىشىپ كېتىدىغاندەك، مۇنۇ مېھرى ئىسسىق ئادەم ۋە ئۇنىڭ قەيسەر

ھازىر كۆرۈشنى بەك ئارزۇ قىلىۋاتقان ھاڭرىغاق ئىشىكى دەرھال يوقاپ كېتىدىغاندەك يۈرىكى تارتىشىپ كەتتى.

ھېلىقى ئادەم خۇددى قەيسەردىكى بۇ ئۆزگىرىشنى بىلىۋالغاندەك دەرھال گەپنى يۆتكىدى:

— گېپىم قېيىپ كەتتىمۇ، نېمە؟ ئەسلىي ئۆزۈم توغرۇلۇق سۆزلىمەكچىدىم. ئىسمىم ھېمىت، يۇرتتا چوڭلار چېقىشىپ «ھېمىت لۈكچەك» دېيىشىدۇ، باشقىلار بولسا مېنى «ھېمىت نەنسەنچى» دەپ چاقىرىدۇ. ھە، ئۆزۈم شۇ پىچانىنىڭ تۇيۇق دېگەن يېرىدىن. ياشلىقتا ئىككى يانغا پىچاقنى ئېسىپ كۆرەڭلەپ يۈرۈپتىكەنمەن، مانا ئەمدى بىر ئائىلىنى بېقىشنىڭ غېمىدە تۇيۇق بىلەن نەنسەن ئارىلىقىدا قاتراپ يۈرۈپتىمەن.

قەيسەر گېپى ئاددىي، ئەمما تارتىملىق پاراڭ قىلىدىغان بۇ ئادەمنى ياقتۇرۇپ قالدى. شۇڭىمۇ ئۇنىڭ بەدىنىدىكى ئۇنى گۆرگە سۆرەۋاتقان يامان سېزىملەرنىڭ كۈچى ئاجىزلاۋاتقاندەك ئارام تېپىپ دىققىتىنىمۇ خېلى يىغالىدى. ھېمىت نەنسەنچىنىڭ گېپىدىن شۇ مەلۇم بولدى:

پىچان ناھىيىسىگە قاراشلىق تۇيۇق يېزىسى ئاساسەن ئۈزۈم ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يېزا بولۇپ، دېھقانلارنىڭ ئۈزۈمدىن باشقا قىلىدىغان كىرىمى بولمىغاچقا تۇرمۇشتا خۇددى شەھەرلىكلەردەك ئىستېمال قىلىشقا مەجبۇر ئىدى: گۆشنى، ئۇننى، ياغنى، گۈرۈچنى سېتىۋالاتتى. ئالدى - ئارقا ھويلىلىرىغىمۇ ئۈزۈم ئۆستۈرگەن بولغاچقا، يېزىدىكى كۆكتات سودىگەرلىرى شەھەردىن ئەكەلگەن كۆكتاتلارنى قىممەت باھادا ساتاتتى. شۇڭا ئۇلارنىڭ كىرىمىنىڭ خېلى بىر قىسمى گالغا كىرىپ كېتەتتى. شۇنداق بولغاچقا، تۇرلۇك چارىلەرنى قوللىنىپ ئالدى بىلەن گالنىڭ ئامالىنى قىلىشقا، ئاندىن ئۈزۈمنى تۇرمۇش مەئىشەتلىرىگە ئىشلىتىشنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشاتتى. شۇنىڭ بىلەن بەزىلەر دادىللىق بىلەن باغچىلىرىغا كۆكتات ئۆستۈردى، مېۋىلىك دەرەخلەرنى كۆپلەپ تىكتى، قول ئىلكىدە بارلىرى تەۋەككۈل دەپ يېزىنىڭ

ئۆزۈملىرىنى نورمال باھادا ئېلىپ، يۇقىرى باھا بىلەن ئورۇمچىگە يۆتكەشنى ئۆگەندى. ھەتتا بەزىلىرى «قاپ يۇرەكلىك» قىلىپ ئىچكىرى ئۆلكىلەرگىمۇ سىناپ بىر نەچچە قېتىم ئاپىرىپمۇ باقتى. ھېمىت نەنسەنچى بولسا ئاپتاپقا سېلىپ قۇرۇتۇلغان سايۋا ئۈزۈمنى داۋانچىڭغا ئاپىرىپ بۇغدايغا ياكى نەنسەنگە ئاپىرىپ تىرىك مالغا، دورا ئۆسۈملۈكلىرىگە تېگىشەتتى. بۇ گەرچە يول يىراق، قىيىنچىلىق چوڭ ئىش بولسىمۇ ھەرھالدا مەنپەئەت تېگىدىغان ئوقەت ئىدى. ھېمىت نەنسەنچىنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىدىن قالغان تېۋىپلىق ھۈنىرىمۇ بولۇپ، ئۇ ئەكەلگەن دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن تۈرلۈك ئۈيغۇر تېبابەت دورىلىرىنى ياساپ مەھەللىدىكى كېسەللەرنى داۋالايتتى، بۇنىڭ بىلەن كۈندىلىك تۇرمۇشىغا يەتكۇدەك ئىقتىساد يانچۇقىدىن ئۈزۈلمەيتتى. بۇرۇن ئانچە - مۇنچە ئاغرىق - سىلاق بولۇپ قالغان كىشىلەر كۈندە دېگۈدەك ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىدا پەيدا بولۇپ كالتە - كالتە يۆتىلىپ: «شەۋىتىڭدىن بېرە» دەپ ئۆزى بىلىپ پۇل تاشلاپ قويۇپ چىقىپ كېتەتتى. تولىمۇ قىشلاردا ئۇنىڭ بىمارلىرى كۆپىيىپ كېتەتتى. لېكىن بىر يىلدىن بۇيان كىشىلەر نېمىشقىدۇر يېزىلىق دوختۇرخانىغا كۆپرەك قاتراپ، ھېمىت نەنسەنچىنىڭ شەربەتلىرىنى توپا باسىدىغان بولۇپ قالدى. بۇنىڭغا قاراپ ھېمىت نەنسەنچىنىڭ ئىچى پۇشۇپ قالاتتى ۋە مەھەللىدىكى بىرمۇنچە مويسىپىتلەرگە قوشۇلۇپ: «شەربەت ئىچمىگىچە بىكار» دەپ غۇدۇراپ قوياتتى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ نەچچە يىلدىن بۇيانقى خۇمارى بويىچە ۋاقتى - قەرەلىدە داۋانچىڭغا، نەنسەنگە بېرىپ تۇراتتى. چۈنكى، ئۇ يەردە دورا ئۆسۈملۈكلىرىدىن باشقا بۇغداي ۋە بىرەردىن ئوغلاق، پاقلان بولسىمۇ بار - دە! بۇرۇن ئۇ بىرەر ھەپتە ئىچىدىلا يۇرتتا پەيدا بولاتتى. داۋانچىڭلىقلار ۋە نەنسەندىكى قازاقلار تولا تالىشىپ ئولتۇرمايلا ئۇنىڭ ئۈزۈملىرىگە نەرسە - كېرەكلىرىنى تېگىشەتتى. ئۇمۇ بىرەرىگە ئايرىم ئېلىپ چىققان يېشىل كىشمىش ئۈزۈمدىن بىرەر كىلو بېرىپ، ئۇنىڭ ئۆيىدە قونۇپ گۆش ۋە قىمىزغا تويۇنۇپ راۋۇرۇس ئارام ئېلىپ يولغا

ماڭاتتى. ئاپتاپقا سېلىپ قۇرۇتۇلغان سايۋا ئۇزۇمنىڭ تەبىئىتى ئىسسىق بولۇپ، نەنسەندىكى قازاقلار بۇنداق ئۇزۇمگە بەك ئۆگىنىپ كېتىشكەنىدى. يېشىل كىشمىش ئۇزۇم بولسا ھېمىت نەنسەنچىنىڭ كوزىرى ئىدى. شۇڭا نەنسەندە ھېمىت نەنسەنچىنىڭ سودىسى تۈگىشىگە يېقىن ئۇنى ئۆيدە قوندۇرۇشقا تىرىشىدىغانلار تالىشىپ قالاتتى. بەزىلەر ئۇنىڭغا يېشىل ئۇزۇمنىمۇ كۆپرەك ئەكېلىشنى ئېيتسا، ھېمىت نەنسەنچى «بەك قىممەت» دەپ باھانە كۆرسىتەتتى. چۇنكى، ھېمىت نەنسەنچى ئۆزىنىڭ كوزىرىدىن ئايرىلىپ قالسا بولمايدۇ ـ دە!

بۇ قېتىم ھېمىت نەنسەنچى نەنسەنگە چىققاندا، ھېمىت نەنسەنچىنىڭ قولىدىن يېشىل كىشمىش ئۇزۇمنى ئالغان سېرغالى قەيسەر ھەققىدىكى يۇقىرىدا ھېمىت نەنسەنچى دېگەن گەپلەرنى دېگەندىن كېيىن: «ئاڭلىسام ھازىر ئۇ بالا شىپاخانىنىڭ يېنىدىكى كىنوخانىنىڭ ئالدىدا كېسەلگە بوزەك، چېۋىنگە يەم بولۇپ ياتقۇدەك» دەپ بەك ئىچى سىيرىلىپ كەتكەنىدى.

لېكىن، بۇ قېتىم نېمە ئىش بولدىكىن، نەنسەندىكىلەر ئۇنىڭغا ئۇنچىۋالا بەك قىزغىن بولۇپمۇ كەتمىدى، ئاپارغان ئۇزۇمىنىمۇ ئارانلا بىر نەچچە تاغار بۇغداي بىلەن نەچچە پارچە تېرە ۋە دورا ئۆسۈملۈكلىرىگىلا تېگىشەلىدى، ئادەتتىكىدىن ئۈچ كۈن ئارتۇقمۇ تۇرۇۋەتتى. شۇنداق قىلىپ، ھېمىت نەنسەنچى بۇ نۆۋەت تۇرپانغا ھارپا ئاخشىمى كېلەلىدى.

تۇرپانغا كېلىپ قالغان ھېمىت نەنسەنچى ھېسابلاپ كۆرۈپ ھېيت نامىزىغا ئۇلگۇرۇپ بېرىشنى جەزم قىلغاندىن كېيىن، ئېشىكىنىڭ بېشىنى كونا شەھەردىكى خەلق كىنوخانىسىنىڭ ئالدىدىكى كەچلىك بازارغا بۇرىدى. ئەمما خەلق كىنوخانىسىنىڭ ئالدى پاك ـ پاكىز تازىلانغان بولۇپ، بىرمۇ ئوقەتچى، بىرمۇ خېرىدار، ھەتتا بەزىدە ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ۋەھىمىگە سالىدىغان، يەنە بەزىدە ئادەمگە چاپلىشىۋېلىپ بىزار قىلىدىغان غەرق مەستلەرمۇ كۆرۈنمەيتتى. ھېمىت نەنسەنچى «ئۇھ» دەپ بىر تەرەپتىكى جومەكتىن بىر نەچچە يۇتۇم سۇ ئىچىپ، چىلىكىگە

سۇ ئېلىپ ئېشىكىنى سۇغىرىپ تۇرۇشىغا، ياندىكى دەرەخلىكتىن ئىڭرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. ھېمىت نەنسەنچى باشتا «بىرەر مەست بولسا ئۆزۈمگە ئىش تېپىۋالماي يەنە» دەپ يولىغا ماڭماقچى بولدى. بىراق بۇ ئىڭراش ئۇنىڭ تېۋىپلىق سەزگۈسىگە بەك زەئىپ بىلىندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دەرھاللا بىرنەرسىنى تۇيغاندەك، يادىغا ئالغاندەك بولدى. «توغرا! سېرغالى دەپ بەرگەن بالا شۇ بولمىسۇن يەنە...» ھېمىت نەنسەنچى دەرھال دەرەخلىككە كىردى. دەرۋەقە، ئۇ يەردە سېمونت تاختاي يېنىدا توپىغا مىلەنگەن بىر زەئىپ تەن ئىڭراپ ياتاتتى. ھېمىت نەنسەنچى بىر ھازا نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى. بالىنىڭ ھالىدىن قارىغاندا ئۇنى بىرنەچچە تال دورا ياكى بىر - ئىككى بولاق شەربەت بىلەن ساقايتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ھېمىت نەنسەنچى ئىككى تايىن بولۇپ تۇرۇپ قالدى. قۇتقۇزاي دېسە بايىقىدەك، كېتەي دېسە بالىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىدۇ ۋە كۆرۈپ قالدى... ھېمىت نەنسەنچى بالىنىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئالدى. «بىچارىنى كېسەل بەك ئازابلاپتۇ... ئۇنى ئۇرۇق - تۇغقانلىرى شۇنچىۋالىمۇ تاشلىۋەتتىمىكىنە؟ شۇ تاپتا بالىنىڭ ياشىغىنى بىلەن ياشىمىغىنىنىڭ نېمە پەرقى؟...» ھېمىت نەنسەنچى نۇرغۇن خىياللارنى قىلدى. يەنە كېلىپ ئۇ ئالدىراپ تۇراتتى. تۇيۇقسىز ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ئۆزىنىڭ خىيالى ياڭراشقا باشلىدى: «توغرا، ئۇنىڭ بۇ يەردە تۇرغىنى بىلەن تۇرمىغىنىنىڭ نېمە پەرقى؟ ئۇنىڭ بىلەن كىمنىڭ كارى؟» ھېمىت نەنسەنچى شۇ خىيال بىلەن نېرى - بېرىسىنى ئويلاشنىمۇ خالىماي قەيسەرنى كۆتۈرۈپ، ھارۋىسىدىكى ئۈچ تاغار بۇغداينىڭ يېنىغا جايلاشتۇردى ۋە قورسىقىنىڭ ئاچلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ، قامچا بىلەن ئېشەكنى يېنىك بىر ساۋىدى. ھارۋا ئورنىدىن قوزغالدى. ھېمىت نەنسەنچىنىڭ قەيسەرنى قۇتقۇزۇشتەك ئىزگۈ خىيالى ھازىرلا ئەمەلگە ئېشىشقا باشلىغاندەك، ھارۋىنىڭ ئوڭ تەرەپ ئالدىغا چىڭداپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان تاغاردىن قەيسەرنىڭ خامۇش دىماغلىرىغا دورا پۇراقلىرى ئۇرۇلۇشقا باشلىدى...

ھېمىت نەنسەنچى جىمىپ كەتكەن قەيسەرگە ئاستا قارىدى، ئەمما گەپ تۆگىگچە قەيسەر ئۇخلاپ قالغانىدى.
كىچىنىڭ جىمجىتلىقى ھېمىت نەنسەنچىنىڭ شىرىن ئۇيقۇسىنى كەلتۈرۈۋاتقان بولسىمۇ، كۆز ئالدىدىكى ھاياتقا بولغان مۇھەببەت رىشتىسىنى ئۈزەلمەيۋاتقان بۇ ئىنسان ئۇنىڭ مېھربانلىقىقا تولغان قەلبىنى ئازابلاپ، خىياللارغا سۆرەپ كەتتى: «بەدەن ئاغرىقىدىن دىل ئاغرىقى يامان دېيىشىدۇ. ئادەم ئۆزىنىڭ جىسمىدىكى كىچىككىنە ئاغرىقنىڭ دەردىگە چىدىماي، قىلمىغان دورىسى — ئامالى قالمايدۇ. ئەمما ئۇ ئاتا - ئانا بۇ بالىسىنىڭ دەردىگە قانداق چىداۋاتقاندۇ؟ بالىسى يوك بىلىنمىدىغان ئاتا - ئانىلارمۇ بولىدىكەن - ھە؟ پۈتۈنسۈرۈك بىر يىگىت يوك بولسا... بۇ يىگىتمۇ ئائىلىسىدىن كۆڭلى سۇ ئىچكەن بولسا، يىگىتلىك شوخلۇقلىرىنى قانچىلىك قىلار بولغىيتتى؟ پۈتۈشكەن قىزىنىڭ ئىسمىنى ئاپىسىنىڭ دوستىغا تارتىنىپقىنە ئېيتسا، ئاپىسى بۇ گەپنى ئاڭلاپ سۆيۈنۈپ كەتسە... ياشلىقتا كىيىن ئەسلىگۈدەك ئىشلار بولمىسىزە... ھەي بالىمەي، كىسلىڭگە بېقىپ، يۈرەك دەردىڭ قانچىلىك باردۇ؟...»
ھېمىت نەنسەنچى شۇ خىياللار بىلەن توشقانبۇلاقىقا كەلگەندە ھارۋىسىنى توختاتتى. تاشيولنى كېسىپ ئۆتكەن تاش ئېرىقتا سۈزۈك سۇ شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇراتتى. ھېمىت نەنسەنچى سۇلياۋ تۇڭدىكى ئىلمان بولۇپ قالغان سۇنى تۆكۈۋېتىپ، ئېرىقنىڭ ئۆزىگە تونۇش بولغان يېرىدىن تۆۋەنگە چۈشۈپ، ئېرىقتىكى سۇغا ئېگىشتى. سەھەرلىكى سۇ تەنگە خۇشياققۇدەك مۇزلىغان بولۇپ، ھېمىت نەنسەنچى ھوزۇرلىنىپ يۈز - كۆزلىرىنى يۇيدى ۋە سۇنى قانغۇچە ئىچتى. ئاندىن تۇڭغا سۇنى تولدۇرۇپ ئېلىپ ھارۋا يېنىغا كەلدى. بۇ چاغدا قەيسەر كۆزىنى ئاچقان بولۇپ، ئورنىدىن ئۆرە بولۇشقا تىرىشىۋاتاتتى. روھىي قۇۋۋەت دېگەننىڭ سېھرىي قۇدرىتى قانچىلىك زور - ھە! قەيسەرنىڭ روھىي دۇنياسى قۇۋۋەتلىنىۋىدى، ماداردىن قالغان جىسمىغا كۈچ كىردى. دېمەك، بىقۇۋۋەتلىك ئالدى بىلەن تەندە ئەمەس، روھىيەتتە!

قەيسەرنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەن ھېمىت نەنسەنچى ئىتتىك كېلىپ ئۈنىڭغا ياردەملەشتى. قەيسەر ئۈنىڭ ياردىمىدە تىرمىشىپ يۈرۈپ سەل ئۆرە بولدى ۋە بۇغداي تاغىرىغا يېرىم يۆلىنىپ ئولتۇردى.

ھېمىت نەنسەنچى تۈگىدىكى سۇدا ئۈنىڭ يۈزىنى يۇيدى. بۇنىڭدىن قەيسەر ئاجايىپ راھەتلىنىپ كەتتى. سۇنىڭ بۇ قەدەر ھۇزۇرى ئۈنىڭدىن يىراقلىشىپ كەتكىنىگە قانچە ئۇزۇن بولغان ـ ھە! سۇ، سۇ... سۇنىڭ ھۇزۇرى روھنىڭ ھۇزۇرى. شۇڭا سۇ بولغانسا روھ بولغىنىدۇ.

قەيسەر ھەقىقەتەن ھۇزۇرلاندى. ئۇ بۇ ھۇزۇرنى ھېلىقى چاغدا سۇدا يۇيۇنغاندا بىر قېتىم ھېس قىلغان. شۇ چاغدا قەيسەر بەدىنىنى قايتا ـ قايتا سوپۇنداپ يۇيۇپ، يۇركىنى بېسىپ تۇرغان ئېغىر نەرسىلەرنى بەدىنىدىكى كىرلەر بىلەن بىللە ئېقىتىۋەتمەكچى بولغان ئەمەسمىدى؟ بۇنىڭ بىلەن شۇ ۋاقىتتىكى ھۇزۇر ئۈنىڭ تېنىگە يامىرىغاندەك بولدى. شۇڭا ئۇ تەستە، تۇنجى قېتىم ھېمىت نەنسەنچىگە ئېغىز ئاچتى:

— يەنە بىر قېتىم يۇيۇپ قويغان بولسىلا...

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھېمىت نەنسەنچىنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى:

— بولىدۇ بالام، بولىدۇ. قانچىلىك دېسەڭ شۇنچىلىك يۇيۇپ قويالي!

ھېمىت نەنسەنچى قەيسەرنىڭ يۈزىنى يۇيۇۋېتىپ: «بەندىچىلىكتىكى رىزقى تۈگىمەپتۇ بۇ بالىنىڭ» دەپ ئويلىدى. ئاندىن ئۈنىڭغا سۇ ئىچۈردى. قەيسەر خېلىلا ئارام تېپىپ قالغاندەك بولدى.

— بالام، سەن بىر ئۇخلاپ قوپقۇچە يۈرتقا يېتىپ بارىمىز. سەن ئەمدى تۇرپاندىكى تۇغقىنىمىزنىڭ بالىسى ھەم مېنىڭ داۋالاۋاتقان بىمارىم.

ھېمىت نەنسەنچى قەيسەرنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا ھارۋىنى قوزغاتتى. ئۈنىڭ نېمە دېيىشىدىن قەتئىينەزەر قەيسەر ئۈنىڭ

ۋۇجۇدىدىن ئىبادەتخان ئانا ۋە رىھىم شەپقەتلەرنىڭ مېھرىبانلىقىنى ھېس قىلغاندەك بولدى.

دەرۋەقە، قەيسەر تازا ھۇزۇرلىنىپ بىر ئۇخلاپ قوپقاندا ئۆزىنى ناتونۇش بىر ئۆينىڭ ئالدىدا كۆردى.

ئەتراپقا يورۇق چۈشۈپ قالغان بولۇپ، يېقىن ئەتراپتىن كىشىلەرنىڭ ھارۋىلىق، ۋېلىسىپىتلىك، موتسىكلىتلىق ۋە پىيادە نېمىگىدۇر ئالدىراپ مېڭىشقانلىقى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

قەيسەر ھەيرانلىقىنى كۆچكە ئايلاندۇرۇپ سەل ئۆرە بولدى. شۇندا ئۇ ھارۋا يېنىدا پايپېتەك بولۇۋاتقان ھېمىت نەنسەنچىنى ۋە ئۇنىڭ يېنىدا ھەيرانلىق ھەمدە تەمتىرەشتىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تۇرغان بىر قىزنى كۆردى.

— چاقىقان بولمامسەن، قىزىم، — دېدى ھېمىت نەنسەنچى قىزغا. قارىغاندا ئۇ نېمىگىدۇر ئالدىراۋاتقاندەك قىلاتتى.

— ئاتا، ئۇ كىمۇ؟ — دېدى قىز سەل جىلە بولۇپ.

— بۇ گەپنى قوي، نامازغا ئالدىراۋاتقاندا... ماڭ، كىرىپ كەينىدىكى ئۆيگە ئورۇن راسلا!

قىز ئاتىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ھارۋىغا يەنە بىر قاراپ قويۇپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى. شۇندىلا قەيسەر ھېمىت نەنسەنچىنىڭ ئۆيگە يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلدى. ئۇ ماغدۇرسىزلانغاندەك بولۇپ ئاستا يېتىۋالدى.

سەلدىن كېيىن ئاتا ـ بالا ئۆيدىن چىقىپ، ھارۋىنىڭ قېشىغا كەلدى. ھېمىت نەنسەنچى ھارۋىنىڭ يان پېنىنى ئېلىۋېتىپ قەيسەرنى كۆتۈرمەكچى بولۇۋىدى، قەيسەر نومۇستىن ئاغرىقتا، ماغدۇرسىزلىقتا چىداپ، لېۋىنى چىڭ چىشلەپ ئۆرە بولدى.

— بولدى، ئۆزۈم چۈشەي...

ئەمما، قەيسەردە ئۆزى چۈشكۈدەك نەدىمۇ ئۇنچىۋالا كۈچ ـ ماغدۇر بولسۇن؟ شۇڭا ھېمىت نەنسەنچى ئارتۇق گەپ قىلماي ئۇنى يۆلىدى. ئۇ ھارۋىدىن چۈشۈپ، ھېمىت نەنسەنچىنىڭ ياردىمىدە بىر قەدەم، بىر قەدەم ئېلىپ ئۆيگە ماڭغاندا قىز يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئاچتى.

ھېمىت نەنسەنچى قەيسەرنى پاكىز ۋە يۇمشاق يوتقانغا ياتقۇزغاندىن كېيىن سىرتقا مېڭىشقا تەرەددۇتلەندى:

— بالام قەيسەر، سەن بىر ئاز ئارام ئېلىپ تۇر. مەن ھېيت نامىزىغا بېرىپ كېلەي. قىزىمىنىڭ ئىسمى زەۋەر، ئىش بولسا تارتىنماي دېسەڭ بولىدۇ. ھە، مەن ماڭاي، بولمىسا كېچىكىمەن...

ھېمىت نەنسەنچى شۇنداق دەپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. زەۋەرگۈل ياغلىقىنىڭ ئۇچىنى ئويناپ بىر ئاز تۇرغاندىن كېيىن قەيسەرگە يەر تېگىدىن قاراپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

قەيسەر يۇمشاق، پاكىز يوتقاندا يېتىپ ھۇزۇر ھېس قىلدى. تېنىدىكى ئاغرىقلار پەسلەۋاتقاندەك، جىسمىغا ماغدۇر كىرىۋاتقاندەك بىلىندى. ئۆزى بولسا ئاجايىپ بىر خىل خاتىرجەملىك تۇيغۇسىغا چۆمۈلدى. ئائىلە راھىتىگە نېمىمۇ تەڭ كەلسۇن!؟

بىر چاغدا زەۋەرگۈل كىرىپ كەلدى.

— ناشتا قىلامسىز؟ — دەپ سورىدى قىز تۆۋەن ئاۋازدا. گەرچە قەيسەرنىڭ قورسىقى ئاچقان بولسىمۇ، ناشتا قىلىشتىكى ئەپسىزلىكنى ئويلاپ بېشىنى چايقىدى. قىزنى ئاۋارە قىلمىسا ئۇ قانداقمۇ ناشتا قىلالىسۇن؟

زەۋەرگۈلمۇ خۇددى شۇنىلا كۈتۈپ تۇرغاندەك چىقىپ كەتتى. شۇندا قەيسەر ئۆي ئىچىگە سەپسالدى. ئۆي گەرچە ئاددىيراق بولسىمۇ، ياخشى سەرەمجانلاشتۇرۇلغان بولغاچقا، ئاددەمگە ئازادە، ئىللىق تۇيغۇ بېغىشلايتتى. ئۆي سەرەمجانلىرىدىن ئۇستەل ئۇستىدىكى بىرنەچچە پارچە كىتاب بىلەن «قار لەيلىسى» ماركىلىق رادىئو ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتتى. شۇندا قەيسەردە «بۇ قىز بىرەر مەكتەپتە ئوقۇيدىغان ئوخشايدۇ» دېگەن ئوي كەچتى.

شۇ چاغدا سىرتتا زەۋەرگۈلنىڭ:

— ئاتا، نامازدىن بۇ قېتىم ئالدىراپلا كەپسەنغۇ؟ قەبرە يوقلىمىدىڭمۇ؟ — دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

— قەبرە بېشىغا باردىم...چاققان بول، داسقا ئىسسىق سۇ تەييار قىل...ھە راست، بىر چېلەككىمۇ ئالغاچ كىر.

ھېمىت نەنسەنچىنىڭ ئاۋازى بىلەن تەڭ ئۆزىمۇ ئۆيگە كىرىپ ئولگوردى. ئۆزىنى خېلى ياخشى بولۇپ قالغاندەك ھېس قىلغان قەيسەر سەل ئۆرە بولدى.

— كېلە بالام، يۈز - كۆزلىرىڭنى يۇيۇپ قوياي.

ھېمىت نەنسەنچى ئۇنىڭ سۆزلىشىنىمۇ كۈتمەي قەيسەرنى يۆلەپ ئولتۇرغۇزدى. ئاڭغىچە زەۋەرگۈل يېڭى لۆڭگە ئېلىپ كىردى ۋە سۇلارنى تەييار قىلدى.

قەيسەرنىڭ يۈز - كۆزىنى ئۆزىگە قايتا - قايتا يۇيدۇرۇۋاتقان ھېمىت نەنسەنچى بىر پەس ئويلىنىپ تۇرۇپ كېتىپ يەنە قىزنى بۇيرىدى:

— ماڭ، چىقىپ نەۋرە ئاكاڭغا تەييارلاپ قويغان ئىشتان بىلەن كۆڭلەكنى تېپىپ قوي. ھېلى مەن چاقىرغاندا ئېلىپ كىر.

قىز «ماقۇل» دېگىنىچە چىقىپ كەتتى.

ھېمىت نەنسەنچى قىزى چىقىپ كېتىشىگە ئىشكنى ئىچىدىن ئىلدى.

— كىيىملىرىڭنى سېلىپ بەدىنىڭنىمۇ يۇي. پاكىزلىق ئەڭ ياخشى دورا.

ئۆز ئەھۋالىنى يادىغا ئېلىپ، نومۇستىن قىزىرىپ كەتكەن قەيسەرنىڭ تىلى تۇتۇلدى:

— بۇ... بۇ... مەن...

— بىلىمەن، مەن دېگەن تېۋىپ، بىمارنىڭ تېۋىپىنىڭ ئالدىدا خىجىل بولىدىغان يېرى بولمايدۇ. چاققان بول. ھېلى جامائەت كېلىدۇ.

ھېمىت نەنسەنچىنىڭ تەلەپپۇزى كەسكىن ئىدى. بۇ گەپكە قەيسەر بىر نەرسە دېيەلمەي قالدى. ھېمىت نەنسەنچى دېرىزە تۈۋىگە بېرىپ تۇردى.

قەيسەر ھېمىت نەنسەنچىنىڭ كەينىدىن قاراپ لېۋىنى چىشلەپ بىر پەس ئولتۇرۇۋەتكەندىن كېيىن تىرىشىپ - تىرمىشىپ يۈرۈپ كاڭدىن پەسكە چۈشتى. كۆڭلىكىنى سېلىش ئۇنىڭغا تەسكە چۈشمىدى. ئەمما كونىراپ، قىرچىلىپ كەتكەن بەلۋىغىنى

يەشكوچە تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭغا ئىشتاننى سېلىش تەس كەلگىنى يوق. بەلكى نومۇس كۈچى ئۇنىڭغا يول قويمايۋاتاتتى. قەيسەر خېلىغىچە ھاسىراپ تۇرۇپ قالدى.

— چاققان بول، ھېلىلا جامائەت يېتىپ كېلىدۇ، — دېدى ھېممەت نەنسەنچى بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا. قەيسەر ئېغىر بىر تىنىۋېتىپ ئىشتىنىنى سالدى ۋە داسقا كەينىچىلەپ چۈشتى. سۇ، ئېيھ سۇ! ئىنساننىڭ جىسمانىي تەشنالىقىنى ئەمەس، روھىي تەشنالىقىنى قاندۇرىدىغان، قۇرغاق يەرلەرنى بوستانلاشتۇرىدىغان، ئىنسانىي تۇيغۇلارنى ئويغىتىدىغان، ياشنىتىدىغان سۇ! شۇڭا سەن ھاياتلىقنىڭ جان تومۇرى! سەن دېمەك، ئادىمىيلىك دېمەك! سەن دېمەك، پاكلىق دېمەك!

سۇنىڭ قۇۋۋىتى قان بىلەن تەڭ ئۇنىڭ تومۇرلىرىدا ئاقتى. قەيسەر ھۇزۇر ئىچىدە قىينىلىپ يۇرۇپ چامىسى يەتكەنچە يۇيۇندى. ئاندىن دەرھال كاڭغا چىقتى. ئەمما كونا كىيىملىرىنى كىيگۈسى كەلمەي قالدى. ئەمما نېمە ئامال؟ قەيسەر ئىشتىنىنى قولىغا ئالماقچى بولدى. ھېممەت نەنسەنچى ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى كۆرۈپ تۇرغاندەك:

— بولدى، ئۇ كىيىملىرىڭنى كىيمە، — دېدى ۋە ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى قىيا ئېچىپ قىزىنى چاقىردى، — زەۋەر، ھېلىقى كىيىملەرنى تاپتىڭمۇ، قىزىم؟

— تەييار قىلىپ قويدۇم.

— چاققان ئەكەل.

ئىشىك يېپىلدى. ئاندىن بىر قۇر يېڭى كىيىم ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇلدى. ھېممەت نەنسەنچى ئۇنىڭغا گەپمۇ قىلماي ئۇنىڭ كونا كىيىملىرىنى ئېلىپ سىرتقا چىقىپ كەتتى...

قەيسەر كىيىملەرنى كىيىپ بولۇپ تۇرۇشىغا ھېممەت نەنسەنچى كىرىپ كەلدى ۋە قەيسەرگە قاراپ تۇرۇپ قالدى: ھېممەت نەنسەنچىنىڭ ئالدىدا قاملاشقان، مېھرى ئىسسىق، بەرنا بىر يىگىت خىجىلچىلىق ئىچىدە نامايان بولۇپ ئولتۇراتتى. «تۇۋا، — دەپ ئويلىدى ھېممەت نەنسەنچى ئۇھسىنىپ، — مۇشۇنداق بىر كاتتا

يىگىت تاشلىنىپ ياتسا... كۆزى كورمۇ نېمە ئۇ خەقنىڭ...»
شۇ خىياللار بىلەن بېشىنى چايقاپ قويغان ھېمىت نەنسەنچى:
— سېنىڭلا كىيىملىرىڭ ئىكەن بۇ، بالام. شۇنداق ياراشتى،— دېدى ۋە سۇلارنى بىر تەرەپ قىلدى. شۇندا قەيسەر ئۇنتۇپ قالاي دېگەن، بىراق ئۇزۇندىن بۇيان ئارزۇ قىلىپ، تەشنا بولۇپ كېلىۋاتقان ئىللىقلىق ئۇنىڭ قەلبىگە بۆسۈپ كىرىپ، ئۇنى ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز مېھىر دەرياسىغا چۆمۈلدۈردى.
قەيسەر پۇت - قولىغا جان كىرگەندەك بولۇپ، تامغا يۆلىنىپ ئولتۇردى. ھېمىت نەنسەنچى كىچىك شىرەنى ئەكىرىپ ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى. زەۋەرگۈل شىرەنى ناشتىلىقلار بىلەن تولدۇردى.
— قېنى، ناشتا قىل،— دېدى ھېمىت نەنسەنچى ناننى قەيسەرنىڭ ئالدىغا سۈرۈپ،— بۇنىڭدىن كېيىن تارتىنما، بۇ ئۆز ئۆيۈڭ. ئۆز ئۆي دېگەندە ئىشتىن، گەپتىن تارتىنساڭ بولمايدۇ. بۇنداق دېسەم كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما. مەن ھېمىت نەنسەنچىنىڭ شەربەتلىرى سېنى نەچچە كۈنگىچە ساقايتمايدىغان بولسا... قېنى، ناننى ئاله، چىداپ يۇتۇۋەت. ناندىن ياخشى ئوزۇقلۇق يوق.
بۇ سۆزلەردىن دىلى سۇ ئىچىپ، كۆڭلى يورۇپ قالغان قەيسەر ناننى چوڭ - چوڭ چىشلەشكە تىرىشتى. بولۇپمۇ «شەربەتلىرىم كېسىلىڭنى نەچچە كۈندە ساقايتىۋېتىدۇ» دېگەن گەپ ئۇنى قەۋەتلا يايرىتىۋەتتى.
— يەنە بىر گەپ،— دېدى ھېمىت نەنسەنچى بىر ياقتىن ناشتا قىلغاچ،— ئەمدى سېنىڭ ئىسمىڭ قاھار، تۇرپاندىكى تۇغقىنىمىزنىڭ بالىسى، بۇ ئۆيگە كېسىلىڭنى داۋالاتقاچ بىر مەزگىل تۇرغىلى كەلدىڭ. چۈشەندىڭمۇ بالام؟ ئېسىڭدە ئوبدان تۇت.
قەيسەر ھېمىت نەنسەنچىنىڭ مەقسىتىنى دەررۇلا چۈشىنىپ بېشىنى لىڭشىتتى.
شۇ چاغدا سىرتتىن بىرىنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى:
— ۋوي... ي، ھېمىت ئاكا، نېمانداق چىقالمايسەن؟ جامائەت سېنى ساقلاپ قالدى.

يېزىلاردا شۇنداق: جامائەت ھېيت ـ ئايەملەردە نامرات ـ باي، يېتىم ـ يېسىر دېمەي مەھەللىدىكى ھەربىر ئۆينى ئالا قويماي پەتىلەپ چىقىدۇ. رىشتىلەرنى چىگىتىدۇ، سۇنۇق دىللارغا ئەمىنلىك بەخش ئېتىدۇ، ئازارلىقلارنى خۇشاللىققا ئايلاندۇرىدۇ.

ھېمىت نەنسەنچى ئورنىدىن تۇردى:

— مەن چىقاي، مەھەللىدە پەتىلەش باشلىنىپتۇ. جامائەتمۇ ھېلى ئۆيگە كىرىدۇ.

ھېمىت نەنسەنچى چىقىپ كېتىشىگە ئۆيگە چېھرىدىن گۈل، مېھرىدىن ئاپتاپ ياغدۇرۇپ زەۋەرگۈل كىرىپ كەلدى:

— قانداق ئەھۋالىڭىز؟ خېلى ياخشى بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟ ناشتا قىلالىدىڭىزمۇ؟

قەيسەر كۆز ئالدىدىكى قىزنىڭ گۈلدەك مۇئامىلىسىدىن تەمتىرەپ قالدى. شۇڭا:

— رەھمەت،— دېيەلىدى ئۇ ئارانلا. زەۋەرگۈل كېلىپ قاچىلارنى يىغىشتۇردى ۋە قەيسەرگە كۈلۈمسىرەپ نەچچە رەت قاراپ قويدى.

زەۋەرگۈلدىكى بۇ ئۆزگىرىش ۋە مۇئامىلىنىڭ سەۋەبى بار ئىدى: بايىدىن بېرى ھېمىت نەنسەنچى قىزىغا قەيسەرنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزى بىلگەنلىرى بويىچە تەپسىلىي چۈشەندۇرگەنىدى. ئاپىسى قازالاپ كەتكەن نەچچە يىلدىن بېرى دىلى سۇنۇقلۇقنىڭ دەردىنى تازا تارتقان، ئاپىسىغا بولغان سېغىنىش ئازابىدىن بىر مىنۇتمۇ قۇتۇلالمىغان زەۋەرگۈل قەيسەرنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ئاڭلاپلا ئۇنىڭغا چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلدى، قەيسەرگە كۆڭۈل بۆلۈشنىڭ نەقەدەر زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يەتتى. شۇڭا ئەتىگەندىن بۇيانقى گۇمان، باتناشلارنىڭ ئورنىنى مانا ئەمدى ئىللىق مۇئامىلە ئىگىلىگەنىدى. بولۇپمۇ قەيسەرنىڭ يۇيۇنغاندىن كېيىنكى يېڭى كىيىم ئىچىدىكى تۇرقى زەۋەرگۈلنى ھەيران قالدۇردى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئەتىگەنكىگە ئوخشاشمايدىغان باشقىچىلا سىياقتىكى بىر يىگىت تەمتىرەش ئىچىدە تۇراتتى. بۇنىڭ بىلەن زەۋەرگۈل بىر يىگىت ئالدىدا ھولۇقىدىغان

ھېسسىياتتا بولدى. ياشلىق تۇيغۇلىرى قانداق سېھىرلىك ـ ھە! يات جىنسقا ئىنتىلىش ئۇنىڭ بىر تەرىپى بولسا، نومۇسچانلىق يەنە بىر تەرىپى.

ــ رادىئو قويۇپ بېرەيمۇ؟ ــ دېدى زەۋەرگۈل چىقىپ كېتىۋېتىپ، ــ بۈگۈن رادىئودا ھېيتلىق نومۇرلارنى بېرىدۇ.

زەۋەرگۈل شۇنداق دەپ جاۋابنى كۈتمەستىنلا رادىئونى ئاچتى ۋە قوشۇپ قويدى:

ــ مەن تېلېۋىزور كۆرۈشكە قارىغاندا رادىئو ئاڭلاشنى ياخشى كۆرىمەن.

زەۋەرگۈل چىقىپ كەتتى. رادىئودا خەلق ناخشىسى بېرىلىۋاتاتتى.

نى بالالار كېلىدۇ،
ئوغۇل بالىنىڭ بېشىغا.
سايدا تۇگمەن چۆرگىلەر،
كۆزدىن ئاققان يېشىغا.

ئاھ ئۇرارمەن، ئاھ ئۇرارمەن،
ئاھلىرىم ئالەمچە بار.
بىۋاپا شۇ دۇنيادا،
كۆز يېشىم دەرياچە بار.
.......

ناخشا قەيسەرنىڭ كۆڭۈل يارىلىرىنى تاتىلاپ قويدى. ئاھ، ئۇ كۈنلەر؟ بىر ئادەم بۇ دۇنياغا شۇنچىۋالا ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنى تارتقىلى كېلەمدۇ؟ ئۇنىڭ ئاشۇنداق خارلىنىشى، ئازابلارغا دۇچار بولۇشى ئۇنىڭلا خاتالىقىمۇ؟ ئاشۇنداق دەرد ـ ئەلەملەرگە دۇچار بولغان كىشىنىڭ ھاياتلىق نېمەتلىرىگە تارتىشىش ھوقۇقى يوقمۇ؟ ئاشۇنداق دەرد تارتىش ئەگەر ھاياتلىقنىڭ ئۇنىڭدىن ئېلىۋاتقان سىنىقى بولسىچۇ؟

ئاشۇ ئىغىر كۈنلەر قەيسەرنىڭ كۆز ئالدىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى...

— قېنى، ئىمامئاخۇنۇم، قوللىرىغا سۇ بېرەي...

ھېمىت نەنسەنچىنىڭ ئاۋازى ئۇنىڭ خىيالىنى ئۈزدى. ئۆيگە جامائەت ھېيت پەتىسى قىلىپ كىرگەنىدى. سىرتتىكى ئۆيدىن دۇئاغا قول كۆتۈرگەن ئاۋازلار ئاڭلانغاندىن كېيىن قەيسەر ياتقان ئۆيگە ھېمىت نەنسەنچى كىرىپ كەلدى.

— قوپ بالام، جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈش... ھە، ئەتىگەنكى گەپلىرىمنى ئېسىڭدە تۇت.

ھېمىت نەنسەنچى خۇددى قەيسەرنىڭ ھالىنى بىلمەيدىغاندەك ئۇنىڭغا «قوپ» دەۋاتاتتى. بۇ قەيسەرگە سەل غەلىتە بىلىندى. ئەمما ئامالسىز قىمىرلاپ كاڭنىڭ لېۋىگە كەلدى. شۇندىلا ھېمىت نەنسەنچى كېلىپ ئۇنى يۆلىدى.

ئۇلار سالام بىلەن جامائەتنىڭ ئالدىغا كىردى. كاڭدا تۆرىدەپ ئولتۇرۇشۇپ مەزەلەرگە ئېغىز تېگىۋاتقان ئون نەچچە كىشى سالامنى ئىلىك ئالدى - يۇ، قەيسەرنى كۆرۈپ مەڭدەپ قېلىشتى. بۇنى ئالدىنئالا پەملەپ بولغان ھېمىت نەنسەنچى دەرھال ئالدىغا ئۆتتى:

— جامائەت، بۇ تۇرپاندىكى تۇغقىنىمىزنىڭ بالىسى قاھار. ئۆزى نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان ئاغرىقنىڭ دەردىنى تارتىپ كېلىۋاتقانىدى. مەن ئۇنى داۋالاش ئۈچۈن ئاخشام ئېلىپ كەلدىم. ئۇزۇن ۋاقىت ئۆيدە تۇرۇپ داۋالىنىماقچى. بۈگۈنكى خاسىيەتلىك كۈندە ھەرقايسىلىرىنىڭ دۇئاسىنى ئېلىش ئۈچۈن ئالدىلىرىغا سالامغا كىردى. قېنى، ئىمامئاخۇنۇم، بىر دۇئا بەرسىلە.

ھېمىت نەنسەنچى شۇنداق دېگىنىچە ئىمامنىڭ ئالدىغا ئون يۈەنلىك پۇلدىن بىرنى قويۇپ ئۇلگۈردى.

ئىمام قەيسەرگە شۇنداق بىر قاراپ قويۇپ دۇئاغا قول كۆتۈردى.

# ئىككىنچى باب

ھېيتىنىڭ خاسىيىتىدىنمۇ ياكى بۇ يەردىكى ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنىڭ خۇش مۇئامىلىسىنىڭ خاسىيىتىدىنمۇ، ياكى يۇرتنىڭ خاسىيىتىدىنمۇ ۋە ياكى ھەممىسىنىڭ خاسىيىتىدىنمۇ ئەيتاۋۇر، مۇشۇ ئون كۈندە قاھارنىڭ روھىدىكى يوشۇرۇن كۈچ ـ مادار، قۇۋۋەتلەر ئويغانغاندەك بولۇپ، ئۇ ئۆزىنى خېلى ياخشى سەزدى. گەرچە بۇ ئون كۈندە ئۇ ئۆيدىن سىرتقا چىقالماي ياتقان بولسىمۇ، كۆڭۈل ئازادىلىكى ھېس قىلدى. ئەجەب ئىش ـ ھە؟ ئۇ دەرەخلىكتە، ئوچۇقچىلىقتا، سىرتتا يېتىپمۇ يۇرتكى شۇنداق سىقىلغان، ئىچى پۇشقان، نېمىلەردىندۇر بىزارلىق ھېس قىلغانىدى. ئەمما بۇ يەردە بولسا... قارىغاندا ھەرقانداق ئىش ئادىمىيلىكنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ قىلىنسا، ئۇنىڭ ئىنسانغا بېرىدىغان ھوزۇرى ئاجايىپ كاتتا بولىدىغان ئوخشايدۇ. «ھەي، نېمىشقىمۇ مۇشۇنداق كىشىلەرنىڭ بالىسى بولۇپ تۇغۇلۇپ قالمىغاندىمەن؟» شۇلارنى ئويلىغان قاھار ئەلەم بىلەن لېۋىنى چىشلىدى.

شۇ چاغدا يېڭىلا قاينىتىلغان شەربەت پۇرىقى بىللە ئۆيگە ھېمىت نەنسەنچى كىرىپ كەلدى.

— قانداقراق بالام قەيسەر، ھوي، ئەستا... قاھار، بۈگۈن خېلى ياخشى قوپۇپسەنمۇ؟

گەرچە، قەيسەرگە « قاھار» دېگەن ئىسمىنى ھېمىت نەنسەنچى ئۆزى قويغان بولسىمۇ، بىراق شۇنداق ئاتاشقا ئۆزى كۆنەلمەيۋاتاتتى.

— خېلى ياخشى بولۇپ قاپتىمەن، ئاكا. يۈز ـ كۆزۈمنىمۇ ئۆزۈم يۇيۇۋالدىم،— دېدى قاھار خۇرسەنلىك بىلەن. ئۇ ھېمىت نەنسەنچىنى «ئاكا» دەپ ئاتاشقا ئادەتلىنىشكە باشلىغانىدى.

— پەرق قىلىدۇ، پەرق قىلىدۇ،— دېدى ھېمىت نەنسەنچى خۇشاللىق بىلەن،— ئوت - چۆپكەن دەپ كۆزگە ئىلماي تۇرما، قاراپ تۇر، نەچچە كۈندىلا سېنى قانداق يوگۇرەيدىغان قىلىۋېتىمەنكىن.

قاھار قىزىق شەربەتنى پۈۋلەپ تۇرۇپ ئىچتى. شەربەتنى ئىچىۋاتقان شۇ مىنۇتلاردا، شەربەتنى يېڭىدىن ئىچىشكە باشلىغان ۋاقىتلاردىكىدەكلا، ئۇنىڭ تومۇرلىرىدىكى قۇۋۋەتلەر ئۆيغىنىۋاتقاندەك بىر تۇيغۇ ئۇنى شادلاندۇرۇشقا باشلىدى. روھىي داۋالاشنىڭ، روھىي قۇۋۋەتنىڭ كۈچى نېمىدېگەن زور - ھە!

— ئوبدان ئارام ئال.

ھېمىت نەنسەنچى شۇنداق دەپ چىقىپ كەتتى.

ئىشىك ئالدىدا زەۋەرگۈل يىڭنە ئىشى قىلىپ ئولتۇراتتى.

— شەربەت بۇ بالىغا بەك مەنپەئەت قىپتۇ،— دېدى ھېمىت نەنسەنچى مەمنۇنلۇق بىلەن.

— كېسلى ئېغىركەن، ساقىيامدۇ ئاتا؟— دېدى زەۋەرگۈل ئاتىسىغا سىناق نەزىرى بىلەن قاراپ.

— ساقىيىدۇ،— دەپ ئىشەنچ بىلەن ئېيتتى ھېمىت نەنسەنچى،— شەربەت، ياراشقان ئادەمنى كېسەلدىن خالاس قىلىۋېتىدۇ.

زەۋەرگۈل بىر پەس ئويلىنىپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن:

— ئىلاھىم ساقايسۇن. لېكىن... لېكىن ساقايغاندىن كېيىن نەدە تۇرىدۇ؟ يۇرتىغا كېتەمدۇ؟

— نەدە تۇرىدۇ؟— ھېمىت نەنسەنچى ئېغىر تىنىدى،— مېنىڭچە، يۇرتىغا كەتمەس. نەدە تۇرىدىغانلىقىغا كەلسەك، قىزىم، بۇنى بىز بىلىپ بولالمايمىز. رىزقى نەدە بولسا شۇ يەردە تۇرار...

«رىزقى نەدە بولسا شۇ يەردە؟» بۇنى ئىچىدە تەكرارلىغان زەۋەرگۈل: «بىچارە، يەنە نەلەردە قېقىلىپ - سوقۇلۇپ يۈرەر؟» دەپ ئويلىدى ئىچى ئاچچىق بولۇپ.

— قىزىم، ھازىر بۇنى ئويلىماي، ئۇنىڭغا ئوبدان قارايلى.

ھېمىت نەنسەنچى شۇنداق دەپ سىرتقا ماڭدى. زەۋەرگۈل

قولىدىكى ئىشنى قويۇپ، ئاتىسى بىلەن بىرىپ يىزا ماگىزىنىدىن ئالغان بىر قۇر كىيىمنى ئېلىپ قاھارنىڭ يېنىغا كىردى.

قاھار ئوڭايلا ئۆرە بولۇپ ئولتۇردى.

— زېرىكتىڭىزمۇ؟ تېلېۋىزورنى قويۇپ بېرەيمۇ؟ — دېدى زەۋەرگۇل مۇلايىملىق بىلەن. ئۇ ئەمدى قاھارغا ئاتىسىنىڭ ئۆگىتىشى بىلەن كېسەلگە ئەمەس، مېھمانغا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگىنىۋالغانىدى.

— يەنىلا رادىئو ئاڭلاي، — دېدى قاھار ئالدىراپ. زەۋەرگۇل رادىئونى ئېچىپ قويدى. ئاندىن:

— كىيىملىرىڭىزنى يۆتكىۋالسىڭىز... كىر يۇيماقچىدىم، — دېدى قاھارغا يېڭى كىيىملەرنى بېرىپ.

قاھار ھاياجانلانغان ھالدا كىيىملەرنى قولىغا ئالدى.

زەۋەرگۇل كىر كىيىملەرنى يىغىپ قويۇپ، «يىڭنە ئىشىمنى تۈگىتىۋېلىپ ئاندىن يۇياي» دەپ تۇرۇشىغا، قوروغا بىر نەچچە قوشنا ئاياللار كىرىپ كەلدى.

ئۇلار كىرىپلا زەۋەرگۇلگە چاقچاق قىلدى:

— بازار قىزىپ كەتسە، ئەرلىك خوتۇنىدەك بېزىرىپ ئولتۇرۇپسىزغۇ.

بۇ گەپتىن زەۋەرگۇل ۋىللىدە قىزاردى:

— كىرلەر يىغىلىپ قاپتىكەن، شۇنى يۇيۇۋېتەي دەپ... بازارغا چۈشتىن كېيىنلەردىن بارارمەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە سودىلىقىممۇ يوق.

— بازار ئايلىنىشقا ماڭغان، سىزنى ئېلىۋالايلى دەپتىمىز. ئۇنداق يېرى بولسا بوپتۇ، — دېدى چاقچاق قىلغان ئايال. ئاندىن قوشۇپ قويدى، — ھە راست، تۇغقىنىڭلارنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟

— ئەھۋالى كۈندىن - كۈنگە ياخشى بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، — دېدى زەۋەرگۇل گەپنى تۈگىتىشكە ئالدىراپ، — شەربەتلەر پايدا قىلىۋاتقان ئوخشايدۇ.

— ئاتىڭىزنىڭ قولى شىپا جۇمۇڭ، — دېدى زەۋەرگۇلنىڭ دوستى زىننەت.

— ئوڭشىلىپ كېتىدۇ.

— قاراپ تۇرۇڭلار، ئەتىيازغا قالماي كەتمەن چاپقۇدەك بولۇپ كېتىدۇ.

— يەرگە چۈشكۈدەك بولغاندا يوقلاپ كېلىمىز،— دېيىشتى باشقا ئاياللارمۇ بىر - بىرىگە گەپ بەرمەي.

— رەھمەت،— دېدى زەۋەرگۈل خۇش بولۇپ. شۇ گەپلەر بىلەن ئاياللار چىقىپ كېتىشتى.

«نېمىدېگەن ئاق كۆڭۈل كىشىلەر بۇ!— دەپ ئويلىدى ھويلىدا بولۇنۇۋاتقان گەپ - سۆزلەرنى ئاڭلاپ ياتقان قاھار،— بۇ كىشىلەردىن مۇشۇنداق گەپلەرنى ئاڭلاپلا تۇرسام پات ئارىدىلا ساقىيىپ كېتەمدىمەن، نېمە...»

ئۇنىڭ خىياللىرىنىڭ ئايىغى چىقماي تۇرۇپلا ھويلىدا ھېمىت نەنسەنچىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— قىزىم، خەس قارا قوينىڭ باشقىسىنى ئېلىپ كەلدىم. شورپا قىل، بۇنداق شورپىنىڭ قۇۋۋىتى يىلىك - يىلىككە بارىدۇ.

— ماقۇل،— دېدى زەۋەرگۈل ئورنىدىن تۇرۇپ،— چامغۇر قالمىغان. مەن بازارغا بېرىپ چامغۇر ئەكېلەي.

ھېمىت نەنسەنچى ئۆيگە كىردى.

— يەنە ئازراق ياخشى بولۇۋالساڭ، سېنى مۇنداق ياتقۇزمايمەن. تالا - تۈزگە چىقىسەن، قولۇم - قوشنىلار بىلەن كىرىش - چىقىش قىلىسەن. يائاللا، بۇ مەھەللىدىكىلەرنى، تۇغقىنىڭنى بىزگە كۆرسەتمىدىڭ، دەپ تەنە قىلغىلى تۇرغىنىنى. شۇلارنىڭ تەلىيىگە بولسىمۇ بىر ئۆرە تۇرۇپ كەتكىنە، بالام...

ھېمىت نەنسەنچى زوق - شوق بىلەن سۆزلەيتتى. قاھارنىڭ بولسا ھاياجاندىن لەۋلىرى تىترەپ كەتتى: «ياخشى ئادەم دېگەننىڭ سۆزىمۇ دورىكەن. ئاتا بولسا مۇشۇنچىلىكلا بولار! ئېھ، ئاتا! ئاتىلىق، مېھرىبانلىق روھىڭنى مۇشۇ ئېسىل ئادەم ئارقىلىق ماڭا يەتكۈزۈۋاتقانسەنمۇ؟...»

ھېمىت نەنسەنچى چىقىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ قاھار قاتتىق ھاياجان ئىلكىدە خېلىغىچە ئولتۇردى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا كۈچ

كىرگەندەك، بۇ كۈچ بىلەن پۇت - قوللىرى ماغدۇرىغا كېلىۋاتقاندەك بولدى. دېمىسىمۇ، قاھار بۇنىڭغا ھەيران ئىدى. قاچان مۇشۇ ھېممەت نەنسەنچىگە يولۇقتى، شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ ئۆزىنى ياخشىلىنىپ كېتىۋاتقاندەكلا سېزىدىغان بولۇپ قالغانىدى. مېھىرلىك گەپ، ئىللىق مۇئامىلە، ئازادىلىك ئىچىدە يېيىلگەن تاماق، ئىشەنچ بىلەن تەييارلانغان شەربەت، پاكىدىللىق بىلەن تىلىنىۋاتقان تىلەكلەر ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى چىرمىۋالغان كېسەللىكلەرنى ھەيدەپ، ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان ئۇنىڭدىن يىراقتا تۇرۇپ كەلگەن ھاياتلىق راھىتىنى ئۇنىڭ ئاجىز بەدىنىگە قايتا ئاتا قىلماقتا ئىدى. ئىنسان ھاياتىنىڭ ئاچچىق - تاتلىقىنى تېتىغاچقىلا بۇ ھاياتلىققا تارتىشىدىكەن - دە! ھايات تاتلىقلىقى بىلەن تاتلىققا ئامراقلار ئۈچۈن قىممەتلىك! ھايات ئاچچىقلىقى بىلەن ئوخشىغان لەڭمەنگە مۇچ سېلىپ ھۇزۇرلىنىپ يەيدىغان كىشىلەرگە يەنىلا قىممەتلىك! ھايات ئاچچىق - چۈچۈكلۈكى بىلەن تاتلىق بىلەن ئاچچىقنى يەپ كۆرۈپ تەجرىبە ھاسىل قىلغانلارغا يەنىلا قىممەتلىك!

قاھار شۇلارنىڭ ھەممىسىنى كۆرگەن. ئۈمىدسىزلەنگەن، ئاھ ئۇرغان، نالە قىلغان، نەپرەتلىك ۋە لەنەتلىك تۇيغۇلار ئىلكىدە ھەممىدىن ۋاز كەچكەن، ھاياتتىن يەكۈنمۇ چىقارمىغان، تەجرىبىمۇ ھاسىل قىلمىغان، ئەمما ئۆلمەسلىكنى ئارزۇ قىلغان... مانا ئەمدى روشەن سېزىپ تۇرۇپتىكى، ھايات ئۇنىڭغىمۇ قىممەتلىك ئىكەن. بۇنى كىشىلەر پەقەت ۋاقىتلىق ئۇنتۇپ قالىدىكەن، خالاس!

ئۇ خېلىلا يېنىكلەپ قالغاندەك بولۇپ، پۇتىنى كاڭدىن ساڭگىلىتىپ ئولتۇردى. مۇشۇنچىلىك ھەرىكەتمۇ ئۇنىڭغا ئاراملىق بېغىشلايتتى. ئەمما مۇشۇنداق كىچىككىنە ھەرىكەت ئۈچۈنمۇ قانچىلىك كۈچەيدىغانلىقىنى بىر ئۆزىلا بىلىدۇ.

شۇ چاغدا ئۆيگە زەۋەرگۈل چەينەك ۋە چىنە كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. قىز سىلىق ھەرىكەتلەر بىلەن قىزىق چاينى چىنىگە قۇيۇپ قاھارغا ئاۋايلاپ سۇندى:

— ئۇسساپ قالغانسىز، ئاتام يەرلىك ئۇسۇلدا ياسىغان قۇۋۋەت چېيى بىلەن دەملىدىم.

قاھار چىنىنى قولىغا ئالدى. دەرۋەقە، چايدىن گۆپۈلدەپ شەربەت پۇرىقى كېلىۋاتاتتى، ئۇنىڭ پۇرىقى ئادەمنىڭ ئىشتىيىنى غىدىقلايتتى. شۇڭا قاھار چاينى نېرى - بېرى پۇۋلەپلا بىر ئوتلىدى. پاھ! چاي ھەقىقەتەن خۇش پۇراقلىق، تەمى يېقىشلىق ئىدى.

— رەھمەت سىزگە، — دېدى قاھار چوڭقۇر مىننەتدارلىق تۇيغۇسى بىلەن. تەسىرلەنگەنلىكتىن ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقتى.

— كىيىۋېلىڭ، — دېدى زەۋەرگۈل كىيىملەرنى ئىشارە قىلىپ، — ئازادە بولۇپ قالىسىز.

گەپنىڭ تېگىنى چۈشەنگەن قاھار بېشىنى لىڭشىتتى. زەۋەرگۈل ئىشىكنى چىڭگىدە يېپىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

قاھار كىيىملەرنى يۆتكىدى. سۇس ئەنبەر پۇرىقى كېلىپ تۇرغان يېڭى كىيىملەر ھەقىقەتەن ئۇنىڭ تېنىنى راھەتلەندۈردى. ئۇچىسىدىكى كىيىملەرگە تويماي قاراپ، ھېلىدىن - ھېلىغا سىلاپ تۇرغان قاھاردا تۇرۇپلا ئەينەككە قاراپ بېقىش ئىستىكى قوزغالدى. ئۇ كاڭنىڭ يېنىدىكى ئۇستەل تەرەپكە قولىنىڭ كۆچى بىلەن سىلجىشقا باشلىدى. ئۇستەلدىكى رادىئونىڭ يېنىدا كىچىك بىر تىكلىمە ئەينەك بار ئىدى. نەچچە كۈنلەردىن بۇيان قاھار ئۇ ئەينەككە يىراقتىن قاراپ قويغان، ھەتتا رادىئونى ئېچىش ئۈچۈن ئەينەككە يېقىن بېرىپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما ئەينەككە قاراپ بېقىشقا جۈرئەت قىلالمىغانىدى. ئەينەككە قاراپ باقمىغىلى قانچە ئۇزۇن بولدى - ھە؟ قېنى، شۇ بىر يىلى سۇدىن ئۆز ئەكسىنى كۆرگەنچە؟ ئۆزىنىڭ چىرايى قانداقتۇ؟ ئەسلىي قانداق بولغىيتتى؟ ھازىرمۇ بۇرۇنقىغا ئوخشامدۇ؟ ئادەملەر قىزىق، كۈندە ئاڭلاپ تۇرغان ئۆزىنىڭ ئاۋازىنى باشقا ۋاستىلەردىن ئاڭلىسا ئۆز ئاۋازى ئىكەنلىكىگە ئىشىنەلمەي قالىدۇ. لېكىن، ئۇزۇندا بىر، ھېچبولمىسا ئەينەككە قارىغاندا كۆرۈندىغان چىرايىنى بولسا بىر

كۆرسىلا تونۇۋالىدۇ. شۇ تاپتا قاھارمۇ چىرايىنى تونالارمۇ؟
قاھار جۇرئەت بىلەن ئەينەكنى قولىغا ئالدى. پاكىز كىيىملەر، پارقىراپ تۇرغان كىچىك تۈگمىلەر، ئاندىن... ئاندىن... شالاڭ ساقال - بۇرۇت باسقان چىراي! قاھار چۆچۈپ كەتتى. ئۇ چىرايىنى تونىدى. ئەمما بۇ چىرايىنى تۈك باسقان، كۆزلەرنىڭ نۇرى ئۆچۈشكە باشلىغان، ئوتى ئۆلگىيىشقا باشلىغان مەشتەك چىرايىنىڭ بەزى جايلىرىغا قىزىللىق يوگۈرۈشكە باشلىغان، يارا ئىزى قالغان پېشانە... مانا بۇ قەيسەرنىڭ — ھازىرقى قاھارنىڭ چىرايى ئىدى. بۇنىڭدىن قاھار خۇشال بولدى. ئەگەر بۇ يەردىكى داۋالاش ۋە مېھرىبانلىق بولمايدىغان بولسا، ھاياتلىق ۋە ياشلىقنىڭ نىشانى بولغان ھېلىقى قىزىللىقلارمۇ بولمىغان بولاتتى.
قاھار ئېغىر «ئۇھ» تارتىپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئادەمنىڭ ئىچىدىكى ئالامەتلەرنىڭ ئىزى يۈزدە قالىدىكەن ئەمەسمۇ! ئەگەر شۇ ئالامەتلەرنىڭ ئىزى ئەمەس، ئۆزى ئادەمنىڭ چىرايىغا چىقىپ قالىدىغان بولسا، ئادەم نېمە بولۇپ كېتەر - ھە!؟
قاھار جايىغا كېلىپ ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ ھاياتىدا بۇنداق مېھرىبانلىقتىن جانلانغان تۇيغۇ ئۇنىڭغا ناھايىتى ئاز نېسىپ بولغانىدى. ئاتىسى ھايات ۋاقتىدا بۇنداق تۇيغۇنىڭ ھۇزۇرىنى، قىممەتلىكلىكىنى ئۇ ھېس قىلىپ يېتەلمىگەنىدى. كېيىن ئىبادەتخان ئانا، رېھىم شەيقەتلەرنىڭ ئىنسانىي مېھرلىرى ئۇنىڭغا مېھرىنىڭ قۇدرىتىنى چوڭقۇر تونۇتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئاشۇنداق مېھرگە تولىمۇ تەشنا ئىكەنلىكىنى بارغانسېرى بىلىپ يەتتى. مانا ئەمدى، ھېمىت نەنسەنچى بىلەن قىزى زەۋەرگۈل قاھار تەشنا بولۇۋاتقان گۈلدەستىنى خۇش پۇراقلىرى بىلەن ئۇنىڭغا سۇندى. شۇڭا شۇ تاپتا قاھارنىڭ روھىي دۇنياسى لەرزىگە كەلدى.
ئۇ ئاشۇنداق مىننەتدارلىق تۇيغۇلىرىغا چۆمۈلگەن پەيتتە، ئۆيگە ھېمىت نەنسەنچى كىرىپ كەلدى.
ھېمىت نەنسەنچى ئۆيگە كىرىپ يېڭى كىيىملەر بىلەن

بېزىلىپ ئولتۇرغان قاھارغا قاراپ تۇرۇپ قالدى. يېڭى، پاكىز كىيىملەر بىلەن قاھار باشقىچىلا تۇسكە كىرگەندى. «تۇزۇكلا بالىكەن» دەپ ئويلىدى ھېمىت نەنسەنچى ئۇنىڭغا قاراپ.
— بۇ كىيىملەر ساڭا بەك يارىشىپتۇ، بالام،— دېدى ھېمىت نەنسەنچى مەستلىكى كەلگەنلىكىنى بىلدۇرۇپ. بۇنى ئاڭلىغان قاھار خۇددى كىچىك ۋاقتىدا يېڭى كىيىم كىيسە ئاتىسى ماختىغاندا خۇش بولغاندەك كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالدى. شۇ چاغدا ئۆيگە زەۋەرگۈل كىرىپ كەلدى. ئۇ قاھارغا قاراپ سەل ھەيران قالغاندەك بولدى ۋە دىققىتىنى دەرھال ئاتىسىغا بۇرىدى:
— ئاتا، گۆش تەييار بولۇپ قالدى.
قىز شۇنداق دەپ قويۇپ قاھارغا لەپپىدە قاراپ قويۇپ سىرتقا ماڭدى. ھېمىت نەنسەنچىمۇ ئورنىدىن تۇردى.
— بالام، سەن قولۇڭنى چايقىغاچ تۇر، مەن تاللىغان قوينىڭ گۆشى سېنى يوگۇرتىۋېتىدۇ.
ھېمىت نەنسەنچى شۇنداق دەپ داس بىلەن ئىۋرىقنى كاڭنىڭ يېنىغا قويۇپ قويدى. ھېمىت نەنسەنچى ھازىر ئۇستىلىق بىلەن كىچىك ھەرىكەتلەرنى قاھارغا قىلدۇرۇپ، ئۇنى ھەرىكەت قىلىشقا يېتەكلەۋاتاتتى. دەرۋەقە، ھېمىت نەنسەنچى سىرتقا ماڭغاندا قاھار كاڭدىن چۈشۈشكە مەجبۇر بولدى.
ھېمىت نەنسەنچى ھويلىغا چىققاندا زەۋەرگۈل لېگەنگە ئېلىنغان گۆشنىڭ ئۈستىگە يۇمشاق پىشقان چامغۇرنى ئېلىۋاتاتتى.
— گۆش تازا ئوبدان پىشىپتۇ، ئاتا،— دېدى زەۋەرگۈل.
ھېمىت نەنسەنچى گۆشكە سىنچىلاپ قارىۋېتىپ:
— راست، شۇمۇپ يېگۈدەك پىشىپتۇ،— دېدى. ئاندىن بىر پەس تۇرۇۋېتىپ قوشۇپ قويدى،— خۇدايىم رىزقىنى بەرسە، پات ئارىدا تۇرۇپ كېتىدۇ، بۇ بالا.
گۆشنى قاھار ھەقىقەتەن ھۇزۇرلىنىپ يېدى. شورپا ئۇنى خۇشياققۇدەك تەرلەتتى. ئۇلار تەرلىرىنى بېسىشىپ ئولتۇرغاندا ھېمىت نەنسەنچى قىزىدىن سوراپ قالدى:

— قىزىم، قايسى ساتىراش بالىنىڭ ھۈنىرى ئوبدان؟
زەۋەرگۈل ئاتىسىغا قارىدى ۋە مەقسىتىنى چۈشىنىپ ئويلىنىپ جاۋاب بەردى:
— ئاق مەسچىتنىڭ يېنىدىكى ساتىراشنى ئەستايىدىل ئىش قىلىدىكەن، دەپ ئاڭلىدىم.
— تاماقتىن كېيىن مەن ئۇ ساتىراشنى چاقىرىپ كېلەي، قاھارنىڭ چېچىنى ياساپ قويسۇن.
تاماقتىن كېيىن ئۈزۈن ئۆتمەي ھېمىت نەنسەنچى بىر ساتىراشنى باشلاپ كەلدى. قاھار بىلەن تەڭ دېمەتلىك بۇ ساتىراشنىڭ بىر قولىدا تارغاق بىلەن قايچا، يەنە بىر قولىدا بولسا چاچ ئېلىش ماشىنىسى بار ئىدى. كەسپى ئادەت سەۋەبىدىن بولسا كېرەك، ئۇ قولىدىكى چاچ ئېلىش ماشىنىسىنى دەممۇدەم قۇرۇق ئىشلىتىپ گىرتىلدىغان ئاۋاز چىقىرىپ تۇراتتى.
— سۇ تەييار قىلىڭلار، — دېدى ساتىراش ئارتۇق گەپ قىلماي قاھارنىڭ ئالدىغا پەرتۇق تارتىپ. ئۇ قاھارنىڭ چېچىنى سوپۇنداپ بىر ھازا ئۇۋۇلىدى. ئاندىن تارغاق، قايچىسىنى ئىشقا سالدى. تارغاق بىلەن قايچا ساتىراشنىڭ قولىدا شۇنداق ئەپچىل ئالمىشاتتى، قوللار چاچنى ئۆلچەملىك قىسىپ ئالاتتى، قايچا «گىرت»لا قىلاتتى، ئۈزۈن - قىسقا چاچلار يەرگە، قاھارنىڭ دولىسىغا چۈشۈپ تۇراتتى...
ھېمىت نەنسەنچى بىلەن قىزى ساتىراشنىڭ ھۈنىرىگە باش لىڭشىتىشتى. ساتىراش قاھارنىڭ بېشىنى ئىككى قوللاپ تۇتۇۋېلىپ ئۇيان - بۇيان قىلىپ راسا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، يانچۇقىدىن بىر ئۇستىرىنى ئالدى ۋە قاھارنىڭ شالاڭ ئۆسكەن بۇرۇت - ساقاللىرىنى قىرىشقا باشلىدى. بۇ ئىشنى تۈگەتكەندىن كېيىن قاھارنىڭ بېشىنى يەنە بىر قېتىم يۇيدى. ئاندىن تارغاق بىلەن كۆڭۈل قويۇپ تارىدى. شۇنچىلىك ئىشلارنى قىلىپ بولغۇچە بىر ئېغىزمۇ زۇۋان سۈرمىگەن ساتىراش شۇ چاغدىلا ئېغىز ئاچتى:
— چاچ دېگەن ئاجايىپ يارىشىدىكەن بۇ ئاداشقا.
بۇ گەپ بىلەن ھېمىت نەنسەنچى قاھارنىڭ يېنىغا باردى. ئۇمۇ

كۆردىكى، ئالدىدا بىر ئوبدانلا يىگىت يىگىتلىك جەزبىدارلىقى بىلەن ئولتۇراتتى. شۇ تاپتا قاھار ھېمىت نەنسەنچىگە ئىسسىقلا كۆرۈندى. قاملاشقان تۇرۇق، ياراشقان كىيىم، ئۇنى تېخىمۇ نۇرلاندۇرغان چاچ پاسونى. قاھار شۇ تاپتا يېڭى قىياپەتكە كىرگەنىدى. ئەگەر ئۇنىڭ چىرايىدا كېسەللىك ئاسارەتلىرى بولمىغاندا ئىدى، راۋۇرۇس يىگىتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالاردى.

ھېمىت نەنسەنچى خۇشال ھالدا داسنى ئېلىپ سىرتقا ماڭدى. قاھار كىيىملىرىنى قېقىشتۇرۇۋاتقاندا، ئۆيگە لۆڭگە كۆتۈرۈپ زەۋەرگۇل كىرىپ كەلدى. ئۇ قاھارغا قاراپ تۇرۇپ قالدى. كۆز ئالدىدا باشقىچىلا قىياپەتتىكى بىر يىگىت. بۇنىڭغا ھەيران قالغان زەۋەرگۇل:

— چاچ سىزگە بەك يارىشىپتۇ، — دەۋەتكىنىنى تۇيمايلا قالدى.

بۇ گەپتىن قاھارنىڭ لېۋىدە سۇس كۈلكە پەيدا بولدى. ئەمما زەۋەرگۇل شۇ گەپنى دەپ سالغىنىغا بەك خىجىل بولۇپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ باشقا گەپ ئارقىلىق بۇ خىجىللىقتىن قۇتۇلماقچى بولدى. ئەمما ساتىراش ئۇنىڭغا بۇ ئىمكانىيەتنى بەرمىدى.

— شۇنى دېمەمسىز، بۇ ئاداشنىڭ چېچى، بېشى ۋە يۈزى ئۆلچەپ قويغاندەكلا ئىكەن.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان زەۋەرگۇل گەپنى يەنە بۇرىماقچى بولدى:

— سىزنىڭ ھۈنىرىڭىزمۇ قالتىسكەن.

— ياق، — دېدى ساتىراش سايمانلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، — مەن بۇ ئاداشقا ئانچە ھۈنەر ئىشلەتمىدىم. ئۆز - ئۆزىدىنلا ياسىلىپ كېتىدىغان چاچكەن ئەمەسمۇ. كېلىشكەن يىگىتلەرنىڭ چېچى دېگەن...

زەۋەرگۇل گەپ قىلماي تۇرۇۋالدى.

— ئىسمىڭىز نېمە؟ — سورىدى ساتىراش قاھاردىن.

— قاھار.

— كېيىن مەن سىزنى ساتىراشخانامغا ئېلىپ بېرىپ بەزى

دودەنلەرگە كۆرستىمەن. چىچىنىڭ تايىنىنىڭ يوقلۇقىنى دېمەي، ئوبدان ياسىمىدىڭ، دەپ ياقامغا ئېسىلىدۇ تېخى.

شۇ چاغدا ئۆيگە ھېمىت نەنسەنچى كىرىپ كەلدى.

— مانا ھېمىت ئاكا، چاچ ياسىدى دېگەن مۇشۇ. چاچ دېگەن قاھاردىكەن.

— رەھمەت، ئۇكام.

— قاھار، كېيىن سىزنى چاقىرغىلى كېلىمەن...

ساتىراش گېپىنىڭ ئاخىرى چىقىپ بولغۇچە، ئۆزى ھويلىغا چىقىپ بولدى.

يەردىكى چاچلارنى سۈپۈرۈۋاتقان زەۋەرگۈل ساتىراشنىڭ سۆزلىرىنى ئويلاپ، ئىختىيارسىز قاھارغا قاراپ سالدى ۋە ئۆزىنىڭ بايا دەپ سالغان گېپى يادىغا يېتىپ قىزىرىپ كەتتى. ئۇ: «نېمە ئۇ گەپنى دەپ يۈرىمەن؟» دەپ ئويلاپ تۇرۇشىغا سىرتتىن ئاۋاز ئاڭلاندى:

— رەھمەت، ئۇكام.

— ئەستا، ئالىسام بولاتتى.

بايىقى گەپ، ئوي ۋە ھەرىكىتىدىن ئۇيۇلۇپ قالغان زەۋەرگۈل ئاتىسى كىرگۈچە ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئائىلىدە يەنىمۇ چوڭقۇرلىغان ئىللىقلىق ۋە يېقىنلىق ھۆكۈمرانلىق ئورۇنغا ئۆتتى. ھېمىت نەنسەنچى داۋالاشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇردى. كۈندە ئەتىگەن تومۇر تۇتاتتى، شەربەت قايناتاتتى، ئاچچىق - چۈچۈمەل شەربەتلەرنى قاھارغا تاتلىق گەپ قىلىپ، زورلاپ ئىچۈرەتتى، ئۇنى ھەرىكەت قىلدۇراتتى، شورپىلاندۇراتتى. زەۋەرگۈل بولسا ئەمدى قاھارغا ئەركىن، بىۋاستە گەپ قىلالمايدىغان بولۇپ قالدى. قاھارغا گەپ قىلسا ئۇيۇلاتتى، نېمىشقىدۇر خىجىل بولاتتى، بەزىدە ئۆزىنى ئەيقاچسا، بەزىدە ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىشنى ئىستەپ قالاتتى. نېمىشقا شۇنداق بولىدۇ؟ بەلكىم زەۋەرگۈل قاھارنى بۇرۇن بىمار قاتارىدا كۆرگەن بولسا، ئەمدىلىكتە ئۆيگە كەلگەن مېھمان يىگىت قاتارىدا كۆرۈپ شۇنداق بولىۋاتامدىكىن؟ بۇنى ئۇ ئۆزى

بىلەلمىدى. ياشلىق تۇيغۇلىرى ئەزەلدىن ئاشۇنداق سىرلىق ۋە قىزىقتۇ!

ئاشۇنداق ئىزچىل داۋالاش ئىككى ئايغا يېقىنلاشقاندا قاھارنىڭ ئەھۋالىدا كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىشلەر بولدى: تاماقنىمۇ ئۆزى يېيەلەيدىغان بولۇپ كەتتى. ھەتتا ئۆي ئىچىدە ئەركىن ماڭالايدىغان بولدى. ئەمما ئۇ بۇ جەرياندا خىجىل بولدى، ئۇيالدى، نومۇس ئوتىدا يۈرىكى پۇچىلاندى. بولۇپمۇ ئۇ چوڭ ـ كىچىك ھاجەت ئىشىدا خىجىللىقتىن ئۆلگۈدەك بولدى. شۇڭا، ئۇ بۇ ئائىلىگە بولغان ئادەمگەرچىلىك قەرزىنى چوقۇم قايتۇرۇشقا قەسەم ئىچتى.

بۈگۈن ئۇ سائەتكە قاراپ رادىئونى ئېچىۋىدى، ئاخىرقى بىر خەۋەر تۈگەپ يەنە ناخشا باشلاندى. ئۇ ئۆزۈندىن بۇيان رادىئودىن ناخشا ئاڭلاپ كېلىۋاتقان بولغاچقا، مۇزىكىسىدىنلا بۇ ناخشىنىڭ «گۈل بېرەي دەيمەن» دېگەن ناخشا ئىكەنلىكىنى بىلدى. ناخشا بۇرۇنقىدەكلا ئۇنىڭ تومۇر ـ تومۇرلىرىغا سىڭىشقا باشلىدى:

ئاتامغا گۈل بېرەي دەيمەن،
ئانامغا گۈل بېرەي دەيمەن.
مېنى باققان جاپاسىغا،
بېشىمدا كۆتۈرەي دەيمەن.
......

«ياق، ياق،— دەپ بېشىنى چايقىدى قاھار،— مەن بۇ دۇنيالىقتا ھېمىت ئاكامغا، ئىبادەتخان ئانامغا، ئۇ دۇنيالىقتا ئۆز ئاتامغا گۈل بېرىمەن. يەنە زەۋەرگۈلگە گۈل بېرىمەن!» مانا بۇ ئۇنىڭ چىن قەسىمى ئىدى.

ئۇنىڭ خىياللىرىنى بۆلۈپ ھېمىت نەنسەنچى ئۆيگە ئالدىراپ كىرىپ كەلدى.

— بالام،— دېدى ئۇ قاھارنىڭ ئالدىغا ئالدىنىئالا ئىلىپ

تەييارلاپ قويغان ئاياغنى قويۇپ،— كۆڭلۈم ئەمدى ئەمىن تاپتى.
هازىر هاۋانىڭ ياخشى ۋاقىتلىرى، يەنە بىر نەچچە ۋاق ئۆتسە سوغۇق چۈشۈپ قالىدۇ. شۇڭا تالا - تۈزگە چىقىپ يەر دەسسەپ باقساڭ بولاتتى.

گەرچە، قاھار ئۆي ئىچىدە تام تۇتۇپ يېڭى تە - تە بولۇپ مېڭىشنى ئۆگىنىۋاتقان كىچىك بالىلاردەك مېڭىۋاتقىلى خېلى بولۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن سىرتقا چىقىپ مېڭىشنى پەقەت ئويلاپ باقمىغانىدى. شۇڭا، ئۇ ھېمىت نەنسەنچىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ سەل مەڭدەپ قالدى.

— قورقما، هازىر پۇت - قولۇڭغا ماغدۇر كىردى. تەندە ماغدۇر بولسىلا ھېچنېمىدىن قورقما.

قاھار ھېمىت نەنسەنچىنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ تۇرسىمۇ، ئۆزىگە ھېچ ئىشەنچ قىلالمىدى. مېڭىش؟ ئۇ بۇ سۆزنى ئۇنتۇپ قالغىلى نە زامان - ھە؟ خۇددى ئۇ ئەزەلدىن مېڭىپ باقمىغاندەك.

ھېمىت نەنسەنچى گېپىنى تۈگىتىپ قاھاردا بولۇۋاتقان ئىككىلىنىشلەرگە دىققەت قىلمىغانىدەك، كېلىپلا ئۇنىڭغا ئاياغ كىيگۈزۈشكە تۇتۇش قىلدى. بۇنىڭدىن ھودۇقۇپ كەتكەن قاھار، نە پۇتىنى ئەپقېچىشنى، نە ئۆزى كىيىشكە ھەرىكەت قىلىشنى، نە ھېمىت نەنسەنچىگە ئىككى ئېغىز سۆز قىلىشنى بىلەلمەي قالدى.

ھېمىت نەنسەنچى ئۇنىڭ بىر پاي ئايىغىنى كىيگۈزۈپ بولغاندىن كېيىنلا قاھار يەنە بىر پۇتىنى ئەپقېچىپ:

— ئۆزۈم كىيەي، ئۆزۈم كىيەي،— دېدى. خۇددى شۇنىلا كۈتۈپ تۇرغاندەك ھېمىت نەنسەنچى بىر چەتكە ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن قاھار ئېڭىشىپ يەنە بىر ئايىغىنى كىيمەكچى بولدى. بىراق ئۇنىڭ بەدىنى ئۆزىگە بوي بەرمەي ھەرىكىتى قولاشمىدى. شۇڭا ئۇ ھېمىت نەنسەنچىگە قاراپ قويدى. ئەمما ھېمىت نەنسەنچى ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمەي قاراپ تۇرۇۋەردى. بۇنداق ئولتۇرۇۋېرىشنىڭ ئورنى يوق. ئاخىر بولماي قاھار پۇتىنى كاڭغا ئالدى. ئاندىن تولىمۇ مۇشەققەتتە ئاياغنى پۇتىغا ساپتى.

ھېمىت نەنسەنچى كېلىپ ئۇنى يۆلىدى. ئۇ تام تۈتۈپ ماڭغاندەك زورۇقماي قەدەم ئېلىپ ئىشىككە ماڭدى.

ئىشىكنىڭ سىرتى ھازىر قانداقتۇ؟ يا بۇرۇنقىدەكلا ئۇنى يات كۆرەرمۇ؟ ئۆزگەرگەندىمۇ؟ ئۆزىگە ساخاۋەت نۇرلىرىنى بەخش ئەتكەن بۇ زېمىن قانداقراق يەردۇ؟ شۇ خىياللار بىلەن نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ سىرتقا چىققۇسى كەلمەي قالدى. ئەمما ھېمىت نەنسەنچى ئۇنى يۆلەپ ئەمەس، تارتقاندەك قىلىپ مېڭىۋەردى.

مانا ئىشىك ئېچىلدى. ئۇ ھويلىغا قەدەم ئالدى. بىر تەرەپتە زەۋەرگۈل ساپلىقنى تۇتقانچە ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. ھويلا پاكىز تازىلانغان، نەرسە ـ كېرەكلەر جاي ـ جايىغا رەتلىك قويۇلغان، يېڭىدىن يۇيۇلغان كىيىملەر ھويلىدىكى ئۆزۈن تارتىلغان سىمغا يېيىۋېتىلگەن، زەۋەرگۈلنىڭ يېنىدىكى قازان بېشى خۇددى تاماق قىلىنمىغاندەك پاك ـ پاكىز ھەم رەتلىك ئىدى.

ھېمىت نەنسەنچى قاھارنى ھويلا ئايلاندۇرۇشقا باشلىدى. قاھارنىڭ كۆزى بولسا ھويلىدىكى ۋە ھويلا سىرتىدىكى نەرسىلەرنى كۆرۈشكە ئۈلگۈرەلمەي قالدى. ھېمىت نەنسەنچى ئۇنى بىر قۇر ئايلاندۇرۇپ ئىشىك يېنىغا قويۇلغان ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزدى. بۇ ھەرىكەتلەردىن ئۆزىنى ساقىيىپ قالغاندەكلا ھېس قىلغان قاھار ئەتراپقا تويماي قارايتتى. ھويلىنىڭ شەرق تەرىپى بىرنەچچە تۈپ تەك شۇغلىرى بىلەن كىچىك باراڭ قىلىنغان، تەك ئۈستۈرۈلگەن يەرنىڭ چېتىدە بىرنەچچە تۈپ ئۆرۈك دەرىخى باراقسانلاپ تۇراتتى. دەرۋازىنىڭ يېنىدا بولسا مېۋىلىرى تازا قىزىرىپ ئوخشىغان بىر تۈپ چىلان دەرىخى كۆككە بوي سوزۇپ، ھويلىغا ئۆزگىچە ھۆسن قوشۇپ تۇراتتى. قاھار يىراقتا ـــ ئېگىز گە نەزەر سالدى. ھويلىنىڭ تاملىرىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغىنى تاقىر، ئەمما مەغرۇر قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئىدىقۇت تېغى ئىدى.

ئۇنىڭ دىققىتىنى ھېمىت نەنسەنچىنىڭ ئاۋازى بۆلدى:

ـــ بەك ئۇزۇن تۇرۇۋەتمە، سەل تۇرۇپ كىرىپ كەت.

ھېمىت نەنسەنچى شۇنداق دەپ قاھار بىر نەرسە دەي دەپ

ئاغزىنى ئۆمەللىگچە سىرتقا چىقىپ كەتتى. زەۋەرگۈل قاھارغا پات ـ پات قاراپ قويۇپ ھويلىدىكى گۈللەرگە سۇ قۇيۇشقا باشلىدى.

قاھار كىرىپ كەتمەكچى بولدى. ئەمما يۆلەشكە زەۋەرگۈلنى قانداقمۇ چاقىرالىسۇن؟ زەۋەرگۈلمۇ ئۆزى بىلىپ كەلمىدى. خۇددى قاھارنى ئۇنتۇپ قالغاندەك بىردەم ئۇنى، بىردەم بۇنى قىلىپ ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولىۋەردى. شۇنىڭ بىلەن قاھار تامنى تۇتۇپ ئاستا ئورنىدىن تۇردى. ئاندىن ئىشىكنىڭ يان ياغىچىنى تۇتۇپ بىر قەدەم ئالدى.

— ئىشىكنى تۇتماڭ!

زەۋەرگۈلنىڭ بۇ ئاۋازى قاھارنى چۆچۈتىۋەتتى. شۇڭا، قولىنى ئىشىكتىن دەرھال تارتىۋېلىپ بىر قەدەم مېڭىۋەتتى ۋە دەلدەڭشىپ كەتتى. بىراق، ئۇ يىقىلمىدى. بۇنى كۆرگەن زەۋەرگۈل بولسا قورقىنىدىن قولىدىكى يېڭىلا ئاقلىغان سەۋزىنى چىڭگىدە چىشلەپ تۇرۇۋالدى.

بايا چۆچۈگەن ھەم قورققان قاھار كۆڭلى بىر نەرسىنى تۇيغاندەك بولۇپ، ئاستا بىر قەدەم ئالدى، ئاندىن يەنە بىر قەدەم ئالدى، يەنە بىر قەدەم... ئۇ شۇنداق مېڭىپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى. بۇنى كۆرگەن زەۋەرگۈلنىڭ كۆزلىرىدىن خۇشاللىق نۇرلىرى چاقنىدى.

ئۆيگە كىرگەن قاھار ھاياجاندىن ئۆزىنى باسالماي قالدى. ئۇ ماڭدى! ئاخىر ماڭدى! ئادەمنىڭ ئىدىيىسى دېگەن ـ ھە! ئۇ بۇرۇن «مۇشۇ كېسەل بىلەن ئەمدى بىر ئۆمۇر يەر دەسسىيەلمەيدىغان ئوخشايمەن» دەپ ئويلىغان ھەمدە مۇشۇ ئوي كاللىسىغا مەھكەم ئورۇنلىشىپ، بەختسىزلىككە يەم بولغان رېئاللىقى بۇنى ئۇنىڭ ئىدىيىسىگە چوڭقۇر ئورۇنلاشتۇرۇۋەتكەنىدى. مانا ئەمدىچۇ؟ «توۋا، كۆرىدىغان كۈنلىرىم بار ئىكەن!»

شۇندا ئۇ ھېممەت نەنسەنچى ۋە ئۇنىڭ قىزىنىڭ قىلىۋاتقانلىرىنىڭ پەقەت ئۆزى ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى يەنە بىر

قېتىم تونۇپ يەتتى. ئۇلار ئۇنى ئۆرە قىلدى، ماڭدۇردى. نېمىدېگەن ئېسىل ئادەملەر!

قاھار ھاياجان بىلەن ئولتۇرغاندا ئۆيگە زەۋەرگۇل كىرىپ كەلدى.

— ئىرادىلىككەنسىز، — دېدى زەۋەرگۇل يېقىملىق ئاۋازدا. قاھار ئارانلا:

— رەھمەت سىلەرگە، — دېيەلىدى. شۇ گەپكە ئۇلگۇرۇپ ئۆيگە ھېمىت نەنسەنچى كىرىپ كەلدى. ئۇ ناھايىتى خۇشال ئىدى.

— بالام، ئەمدى ئۆزۈڭ ماڭ. كۇندە مېڭىپ بەر. پۇتۇڭ يەر دەسسىدىمۇ رىزقىڭ بار دېگەن گەپ. مۇشۇنىڭ بىلەن يولۇڭ ئېچىلىپ كەتسۇن، ئىلاھىم.

ھېمىت نەنسەنچى خۇشاللىقتىن ئاغزىنى يۇمالمايلا قالغانىدى. بۇنى كۆرگەن زەۋەرگۇل ۋىلىقلاپ كۇلۇپ كەتتى.

# ئۈچىنچى باب

شۇ مېڭىش بىلەن قاھار ئوڭشىلىپ كەتكەندەكلا بولۇپ قالدى. ئۇ ئەتىسى ئەتىگەن تۇراتتى ـ دە، ھويلىدا مېڭىشقا باشلايتتى. ئۆيگە كىرىپ كېتىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا يەنە ھويلىدا پەيدا بولاتتى ۋە يەنە مېڭىشقا باشلايتتى. بۇرۇن دەرەخلىكتە ياتقاندا ئۆيگە كىرىپ كېتىشنى قانچىلىك ئارزۇ قىلغان بولسا، مانا ئەمدى ئۆيگە كىرگۈسى كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. يەنە كېلىپ مېڭىشى تېزلەپ، ئۇنى ـ بۇنى كۆتۈرۈپ باققۇسى كېلىپ كېتەتتى. بەزىدە ساپلىقتا سۇ ئېلىپ گۈللەرگە سۇ قۇياتتى. يەنە ماڭاتتى. ئۆينىڭ كەينىگە ئۆتۈپ ئېغىلدىكى قويلارغا قاراپ باقاتتى. يەنە ھويلىغا چىقاتتى. بۇنى كۆرگەن ھېمىت نەنسەنچى كۈلۈپ:

— مۇشۇ ماڭغانچە ھويلىدىن چىقىپ كېتىپ، قايتقۇچە ئۆيىنى تاپالماي يۈرمە يەنە، — دەپ قوياتتى. زەۋەرگۈل بولسا:

— گۈللەرگە سۇ قۇيۇپ مېنى ئارام تاپقۇزۇپ قويغان بىلەن تولا مېڭىپ ھويلىنىڭ توپىسىنى چىقىرىپ، ئىشىمنى جىقلىتىۋەتتىڭىز، — دەپ چاقچاق قىلاتتى.

بىر كۈنى قاھار ھويلىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ ئۆگزىگە چىقىدىغان شوتىنى كۆرۈپ قالدى ۋە ھېچ ئىككىلەنمەيلا شوتىغا ياماشتى.

ئۇ ئۆگزىگە چىقىپ ھەيران قالدى. ئۆزى تۇرۇۋاتقان بۇ تۇيۇق دېگەن يەر تاغ ئاغزىغا كەپلىشىپ تۇرغان بىر يۇرت ئىكەن. ئىدىقۇت تېغى ئىككى تەرەپتىن يانتۇ كېلىپ ئۇچراشقان بولۇپ، تۇيۇق تاغ ئۇچرىشىپ ھاسىل بولغان بۇلۇڭغا كەپلىشىپ تۇراتتى. ئەتراپتىكى ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىدە ئىككى ئوخشاشلىق بار ئىدى: بىرى، بارلىق ئۆيلەرنىڭ ئۈستىدە چوڭ ـ كىچىك چۈنچىلەر بار ئىدى. يەنە بىرى، چۈنچىلەرنىڭ ئۈستىگە بادرا تىكىلىپ، بادرىغا

تېلېۋىزىيە سىگنالىنى ياخشى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن تۇرلۇك ئانتېنىلار بېكىتىلگەنىدى. ئۇ ئەتراپتىكى قەدىمىيلىكى چىقىپ تۇرغان ئۆيلەرگە قىزىقسىنىپ قاراپ، يەنە تاغقا نەزەر سالدى. شۇندا غەربىي تاغ باغرىغا سىپلىنىغان قورشاۋ تامنى ۋە تامنىڭ ئىچىدىكى گۇمبەزلەرنى كۆردى. «نېمىشقا تاغنىڭ قاپتىلىغا قورشاۋ تام سىپلىپ قويغاندۇ؟ يەيتىنى تېپىپ زەۋەرگۈلدىن سوراپ باقايچۇ» دەپ ئويلىغان قاھار ئۆگزىدىن يېنىپ چۈشتى.

ئۇ ھويلىغا چۈشكەندە زەۋەرگۈل مورىسىگە سومكا ئېسىۋالغان، قولىدا بىر تۇتام چاچ تۇتۇۋالغان بىر خەنزۇ كىشى بىلەن ئىشارەت قىلىشىپ تۇراتتى. ئۇ كىشى زەۋەرگۈلگە ھەدەپ چۈشەندۇرەتتى. زەۋەرگۈل چۈشەنگەندەك بولاتتى - يۇ، يەنە چېچىنى تۇتۇپ بېقىپ تۇرۇپ قالاتتى. زەۋەرگۈل چېچىنى تۇتقاندا ئۇ كىشىنىڭ بېشىنى لىڭشىتىشى زەۋەرگۈلنى قايمۇقتۇرۇپ قويۇۋاتاتتى. زەۋەرگۈل قاھارغا مۇنداقلا قاراپ قويۇپ ئۇ كىشىنىڭ سۆزىگە زەن سېلىپ، ئۇنىڭ سۆزىنى چۈشىنىشكە تىرىشتى.

شۇ چاغدا زەۋەرگۈلنىڭ كەينىدىن تونۇش، ئەمما خەنزۇچە ئاۋاز ئاڭلاندى:

— سەن چاچنى نېمە قىلىسەن؟

بۇ سۆز ناھايىتى راۋان، تەلەپپۇزى بولسا ئۆلچەملىك ئىدى.

زەۋەرگۈل چۆچۈپ كەينىگە بۇرۇلدى. سۆزلەۋاتقان باشقا بىرسى ئەمەس، بەلكى قاھار ئىدى. بۇنى بىلگەن زەۋەرگۈل ھاڭ - تاڭ قالدى. چاچ سېتىۋالىدىغان بۇ خەنزۇ كىشى بولسا گېپىنى ئۇقىدىغان بىرسىنىڭ چىققىنىغا خۇش بولغاندەك زەۋەرگۈلنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قاھارنىڭ ئالدىغا باردى.

— كونا چاچ بولسا ئالماقچىدىم. ئەمما بۇ قىز چۈشىنەلمەيۋاتىدۇ.

— بۇ قىز چېچىنى تۇتسا، ھە، دېگەندەك قىلىدىكەن، ئەلۋەتتە چۈشىنەلمەيدۇ - دە.

— نېمىشقا؟

ــ سىنى بېشىدىكى چېچىنى ئالىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قاپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئۇ كىشى كۈلۈپ كەتتى:

ــ ئۇنداق بولسا ئۇقۇشماسلىق بوپتۇ.

ــ ھە، چاچنى نېمە قىلىسەن؟

ئۇ كىشىنىڭ يوشۇرغۇسى كەلدىمۇ قانداق، مۇجمەللا جاۋاب بەردى:

ــ بۇنى مەنمۇ ئۇقمايمەن. پەقەت مېنىڭ قولۇمدىن سېتىۋالىدىغان ئورۇننى بىلىمەن.

قاھار تېخىچىلا ھەيرانلىق ئىلكىدە مەڭدەپ تۇرۇپ قالغان زەۋەرگۈلگە قارىدى:

ــ كونا چاچ بارمۇ؟

زەۋەرگۈل ئارانلا جاۋاب بەردى:

ــ يوق، يوق...

قاھار بۇ خەنزۇ كىشىگە چاچ يوقلۇقىنى ئېيتىپ ئۇنى يولغا سالدى.

ــ سىز... سىز خەنزۇچىنى بىلەمسىز؟ ــ زەۋەرگۈل ھەيرانلىقىنى يوشۇرالماي قالدى. قاھار شۇندىلا زەۋەرگۈلدىكى ھەيرانلىقنى چۈشىنىپ كۈلۈپ دېدى:

ــ مەن تېخى سىزگە دېگۈدەك بولمىدىم. مەن خەنزۇچە مەكتەپتە ئوقۇغان.

زەۋەرگۈل «ھە» دېگەن پېتى قاھارغا قاراپ تۇرۇپلا قالدى. ئاندىن ئۆزىنىڭ بايىقى «ئىشارەتلىك» تىلنى ئىشلەتكىنىگە خىجىل بولغاندەك:

ــ ئۇنداقتا، ماڭا ئۇستاز بولسىڭىز بولغۇدەك، ــ دېدى.

ــ ئەگەر سىزلا خالىسىڭىز، كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە سىزگە ياردەم قىلىمەن.

ئىككىسى ھويلىغا قويۇلغان كارىۋاتقا بېرىپ ئولتۇردى.

ــ ھە راست، ــ دېدى زەۋەرگۈل قاھارنىڭ بايىقى خەنزۇ كىشى

بىلەن قىلىشقان گەپلىرىنى بىلگۈسى كېلىپ، ــ بايا نېمە دېيىشتىڭلار؟
قاھار قىسقىلا ئېيتتى:
ــ ئۇ كونا چاچ يىغىدىغان كىشىكەن. كونا چاچ بولسا ... تىنۋالىدىكەن ياكى شار دېگەندەك ئۇششاق ـ چۈشەك نەرسىلەرگە تېگىشىدىكەن.
ــ كونا چاچنى نېمە قىلىدىكەن؟ كىشىلەرنىڭ كونا چاچتىن يالغان چاچ ياسايدۇ، دېگىنى راستكەن ـ دە.
ــ يالغان چاچ ياسىماس. نېمىگە ئىشلىتىدىغانلىقىنى ئۇمۇ بىلمەيدىكەن.
ــ مەنغۇ ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىلەلمىدىم. چاچلا دەيدۇ.
ــ سىلەرگە خەنزۇ تىلى دەرسى ئۆتمەمدۇ؟
ــ ئۆتىدۇ، مەنمۇ خېلى ئوبدان ئۆگەنگەندەك قىلغان. نېمە بولدىكىن، بىلەلمەيلا قالدىمغۇ.
ــ دائىم ئىشلىتىپ تۇرمىغاندىكىن شۇنداق بولىدۇ.
شۇنداق قىلىپ، گەپ تەبىئىيلا ئوقۇش توغرۇلۇق بولۇپ قالدى.
ــ سىزغۇ مېنىڭ ئەھۋالىمنى بىلىپ بولغانسىز. ئەمما مېنىڭ سىز توغرۇلۇق ئىچىمنى پۇشۇرۇۋاتقان بىر سوئال بار. سىز نېمىشقا تەتىل توشۇپ كەتسىمۇ مەكتىپىڭىزگە بارمايسىز؟ قايسى مەكتەپتە ئوقۇۋاتقانىدىڭىز؟
بۇ گەپ بىلەن زەۋەرگۈل ئىچىنى تىڭشاپ ئولتۇرۇپ كەتتى. بۇنى كۆرگەن قاھار «ئورۇنسىز سوئال سوراپ قويغان ئوخشايمەن» دەپ ئەپسۇسلىنىپ قالدى. بىراق، شۇ چاغدا زەۋەرگۈل ئېغىز ئېچىپ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ نېمىشقىدۇر كىچىكىپ پەرزەنتلىك بولغانلىقىنى، ئانىسىنىڭ ئىككىنچى تۇغۇتىدا ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ يېزا تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇپ، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمىگەندىن كېيىن ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، شۇ تۇرغانچە قايتا ئوقۇمىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

ئۇنىڭ دەردىنى چۈشەنگەن قاھار گەپنىڭ تېمىسىنى يۆتكەشكە تىرىشتى:

— سىز قايسى دەرسكە قىزىقاتتىڭىز؟

— ئەدەبىيات دەرسىگە قىزىقاتتىم. بولۇپمۇ ھېكايە - رومانلارنى ئوقۇشقا ئامراق ئىدىم.

— ھوي، بۇ يېزىدا كىتابنى نەدىن تاپىسىز؟

— مەھەللىمىزدە بەكرى ئىسىملىك بىر مۇئەللىم بار. شۇ مۇئەللىمنىڭ ئۆيىدە «تارىم»، «دۇنيا ئەدەبىياتى» دېگەن ژۇرناللار جىق، كىتابلارمۇ بار.

— مەن نېمە دەرسكە قىزىقىدىغانلىقىمنى ئۇنتۇپ قالدىم. ئەمما رادىئويىڭىزدىن شېئىر - رومانلارنى ئاڭلاپ مەنمۇ ھېكايىگە ئامراق بولۇپ قالدىم. بولۇپمۇ «يېپى ئۈزۈلگەن لەگلەك» دېگەن ھېكايە بەك تەسىرلىك ئىكەن.

— ئۇ ئەسەرنى مەنمۇ «دۇنيا ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدىن ئوقۇغان. ھەقىقەتەن تەسىرلىك ئەسەر.

— ئەگەر شۇ ژۇرنال بولسا ماڭىمۇ ئوقۇپ بەرسىڭىز.

— بولىدۇ، ئەگەر ئارىيەتكە ئېلىپ چىقسام، بىللە ئوقۇساق بولىدۇ ئەمەسمۇ.

ئۇلار يەنە نېمىلەرنى دېيىشەر بولغىيكىن، ھېمىت نەنسەنچىنىڭ ئاۋازى ئۇلارنىڭ سۆھبىتىگە دەخلى قىلدى:

— نېمە دېيىشىۋاتىسىلەر؟

شۇندىلا ئۆزلىرىنىڭ قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كېتىپ ئاتىسىنىڭ كەلگەنلىكىنىمۇ تۇيماي قالغانلىقىنى بىلگەن زەۋەرگۈل خىجىللىقتىن قىزىرىپ كەتتى.

— ئاتا، قاھار خەنزۇ تىلىنى پىششىق بىلىدىكەن،— دېدى زەۋەرگۈل ئالدىراپ.

— شۇنداقمۇ، قانداق گەپ بۇ؟— دېدى ھېمىت نەنسەنچى قىزىقىپ. شۇنىڭ بىلەن زەۋەرگۈل بايا بولغان ئىشنى ئاتىسىغا سۆزلەپ بەردى.

— ۋاي بالام، مانا جانغا ئەسقاتىدىغان ھۈنىرىڭ بار ئىكەن

ئەمەسمۇ، تىل بىلمىگەندىكىن، بىز باشقىلارنىڭ ئالدىدا گاچا، ھېلىقى چاچ سېتىۋالىدىغان كىشى بىزنىڭ ئالدىمىزدا گاچا،— دېدى ھېمىت نەنسەنچىنىڭ قاھارغا مەستلىكى كېلىپ.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان زەۋەرگۈل ئاتىسىغا قاراپ دومسايدى.

— ھاۋا سوغۇق كۈنلەردە سىرتتا ئۇزاق تۇرما،— دېدى ھېمىت نەنسەنچى دورىپۇرۇشلۇق ئۆيىگە مېڭىپ. «گەپكە ئەجەب بېرىلىپ كېتىپتىمەنغۇ» دېگەنلەرنى ئويىدىن ئۆتكۈزگەن زەۋەرگۈل ئاتىسىغا ئەگەشتى.

قاھار ئەتىسى ئۆگزىگە چىقىپ تاغ قاپتىلىدىكى ھېلىقى قورشاۋ تامغا قاراپ تۇرغاندا، يېنىدا زەۋەرگۈل پەيدا بولدى.

— ئاتام سىزنى سوغۇقتا سىرتتا ئۇزۇن تۇرمىسۇن دېسە، ئەمدى ئۆگزىگە چىقىۋالغىنىڭىز نېمىسى؟— دېدى زەۋەرگۈل ئاغرىنغاندەك قىلىپ.

— مەنمۇ ھېلى چىققان،— دېدى قاھار نەزىرىنى تاغ قاپتىلىدىن ئالماي،— مېنىڭ ئاۋۇ قورشاۋ تامنى بەك بىلگۈم كېلىۋاتىدۇ.

زەۋەرگۈل بىر قاراپلا قاھارنىڭ ئىچىدىكىنى بىلدى.

— ئۇ دېگەن مازار،— دېدى زەۋەرگۈل چۈشەنچە بېرىپ،— دۇنياغا ناھايىتى داڭلىق. ئادەتتە كىشىلەر «تۇيۇق غوجام» دەپ ئاتايدۇ. ئەمما ھەقىقىي ئاتىلىشى «ئەسھابۇلكەھف».

بۇلارنى ئاڭلىغان قاھاردا قىزىقىش پەيدا بولدى.

— ئىسمىنىڭ مەنىسى نېمىكەن؟

— ئۇخلاۋاتقان كىشىلەر.

— ئۇنداق دەپ ئاتالغان بولسا ئالاھىدە بىر تارىخى بارمۇ، نېمە؟

— ئالاھىدە تارىخى بار - يوقلۇقىنى ئۇقمايمەن. ئەگەر بۇنىڭغا قىزىقسىڭىز بۇ مازار ھەققىدە ژۇرنالدا بىر ماقالە بار. سىزگە شۇنى ئوقۇپ بېرەي.

— مەيلى.

— يۈرۈڭ ئەمىسە.

زەۋەرگۈل ئۆيدىن بىر ژۇرنالنى تېپىپ چىقىپ تۆۋەن ئاۋازدا ئوقۇشقا باشلىدى:

قەدىمكى زاماندا لۇكچۇن ئەتراپلىرى پايانسىز كەتكەن يايلاق بولۇپ، قەبىلىلەر سۇ ۋە ئوت - چۆپ قوغلىشىپ، سۈيى ئەلۋەك، ئوت - چۆپى بولۇق جايلارنى ماكان تۇتۇپ، مال - چارۋا بېقىپ هايات كەچۈرىدىكەن. شۇنداق قەبىلىلەرنىڭ بىرىدە دەقيانۇس ئىسىملىك بىر پادىچى بولغانىكەن. دەقيانۇس شۇ زامانىدىكى بىر قەبىلىنىڭ قۇلى بولۇپ، ئىتائەتمەنلىكى بىلەن ئۆز خوجايىنىنىڭ پادىلىرىنى باقىدىكەن. دەقيانۇس پادا بېقىپ نۇرغۇن يىللارنى ئۆتكۈزۈپتۇ.

بىر كۈنى كۈن پاتارغا يېقىن دەقيانۇس ماللىرىنى هەيدەپ مەهەللىگە كېتىۋاتقانىكەن، پادىلارنىڭ كەينىدە كېتىۋاتقان بىر قوينىڭ ئارقا پۇتى بىر تۆشۈككە كىرىپ قېلىپ، قوي پادىلىرىدىن ئايرىلىپ قاپتۇ. دەقيانۇس بۇ قوينىڭ پۇتىنى تۆشۈكتىن تارتىپ چىقارغانىكەن، قۇم سىيرىلىپ تۆشۈك بارا - بارا چوڭىيىپتۇ. دەقيانۇس بۇ تۆشۈككە قىزىقىپ قاپتۇ. ئۇ قولى بىلەن تۆشۈكنى چوڭلاتقانىكەن، يانتۇ چېپىلغان ئۇزۇن بىر غار كۆز ئالدىدا ئايان بوپتۇ. دەقيانۇس غارغا كىرىپ ئالدىغا قاراپ مېڭىپتۇ ۋە بىر ئىشىككە يېتىپ بېرىپتۇ. ئىشىكنى شۇنداق ئاچقانىكەن، ئەيىۋەنناس، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ئالتۇن - يامبۇلار، كۈمۈش تەڭگىلەر، گۆهەر، ياقۇت، ئۈنچە - مەرۋايىتلارغا تولۇپ كەتكەن چوڭ بىر لەخمىگە كىرىپ قاپتۇ. دەقيانۇس تەڭرىنىڭ بۇ ئىلتىپاتىدىن هەيرانۇ هەس بولۇپ، هوشىنى يوقىتىپتۇ. ئۇ بىر هازادىن كېيىن ئېسىگە كېلىپ، بۇ بايلىقنى قانداق ئېلىش توغرىسىدا ئويلىنىپتۇ ۋە هازىرچە بۇ ئىشنى سىر ساقلاپ پەم بىلەن ئېلىپ كېتىش قارارىغا كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىشىكنى ئەسلىدىكى پېتىچە يېپىپ، ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىنى هىم قىلىپ ئېتىپتۇ ۋە بەلگە قىلىپ بىر تال پۆپۈكلۈك قومۇشنى سانجىپ قويۇپ، قويلىرىنى هەيدەپ كېتىپتۇ.

دەقيانۇس ئۆيىگە بارغاندىن كېيىن، ئاخشىمى يېقىن

ئاغىنىسىدىن تۆتنى چاقىرىپ، كۆرگەنلىرىنى ئۇلارغا ئېيتىپ بېرىپتۇ ۋە بۇ بايلىقنى قانداق ئېلىش، نېمىگە ئىشلىتىشنىڭ پىلانىنى تۈزۈپتۇ. دەقيانۇس ئاغىنىلىرى بىلەن بايلىقنىڭ بىر قىسمىنى قۇللارغا تارقىتىپ بېرىپتۇ، بىر قىسمىغا قورال ـ ياراق ياسىتىپتۇ. ئىشلار پىلان بويىچە جاي ـ جايىدا ئورۇندىلىپ، دەقيانۇس باشچىلىقىدىكى قۇللار ئىسيان كۆتۈرۈپ، قەبىلە باشلىقىنى ئۇرۇق ـ جەمەتى بىلەن قوشۇپ ئۆلتۈرۈپتۇ. قەبىلە باشلىقىنىڭ پۈتۈن مال ـ مۈلكىنى قۇللارغا بۆلۈپ بېرىپ ئۇلارنى ئازاد قىپتۇ. قۇللار دەقيانۇسنىڭ ئىخلاسمەن پۇقرالىرىغا ئايلىنىپتۇ. دەقيانۇس ئۆڭكۈردىكى بارلىق مال ـ دۇنيانى ئېلىپ، ئۆزىگە چوڭ بىر شەھەر سالدۇرۇپتۇ. بۇ شەھەر «دەقيانۇسنىڭ شەھىرى» دەپ ئاتىلىپتۇ. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئەتراپىدىكى قەبىلىلەرمۇ ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىپ تېخىمۇ كۈچىيىپتۇ. ئاخىرىدا يۇرتنى قاپتەك قىلىپ پۈتۈن ئىقلىمغا ئۆزىنى «تەڭرى» دەپ جاكارلاپتۇ.

دەقيانۇس دەۋرىدە يەمەن پادىشاھىنىڭ يەملەيخا، يەكسەلمەينا، ياۋايىيونۇس، ئازارپەتيونۇس، شادىيونۇس ئىسىملىك بەش ئوغلى بولۇپ، ئۇلار تەڭرىنىڭ مەۋجۇت ياكى مەۋجۇت ئەمەسلىكى توغرىسىدا كۈندە دە تالاش قىلىشىدىكەن. ئۇلار دەقيانۇسنىڭ ئۆزىنى «تەڭرى» دەپ جاكارلىغانلىقىنى ئاڭلاپ، تەڭرىنى كۆرۈش ۋە ئۇنى تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن دەقيانۇسنىڭ شەھىرىگە سەپەر قىپتۇ. ئۇلار ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ، مىڭ بىر جەبىر ـ جاپالارنى تارتىپ، ئاخىر دەقيانۇسنىڭ شەھىرىگە يېتىپ كەپتۇ ۋە بۇ شەھەرنى تەپسىلىي كۆزىتىپتۇ. دەقيانۇس ھەرقايسى يۇرتلاردىكى قەبىلە باشلىقلىرى ۋە بايلارنى چاقىرىپ كېچىسى تاڭ ئاتقۇچە قىمار ئوينايدىكەن، كۈندۈزى ئۇخلايدىكەن. قىزىقارلىق يېرى شۇكى، دەقيانۇس قىمار ئوينايدىغان سارايىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئون ئىككىدىن يىگىرمە تۆت دانە مۈشۈكنى سەپراس تىزىپ، تىك ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، مۈشۈكلەرنىڭ بېشىغا ياندۇرۇلغان چىراغلارنى قويۇپ قويىدىكەن. مۈشۈكلەر تاڭ

ئاتقۇچە بېشىدىكى چىراغنى كۆتۈرۈپ تىك ئۇلتۇرىدىكەن. دەقىيانۇس بولسا باشقىلار بىلەن چىراغ يورۇقىدا قىمار ئوينايدىكەن. دەقىيانۇس بۇ كارامىتى ئارقىلىق باشقىلارغا ئۆزىنى ئىنسانلار ۋە بارلىق مەخلۇقات ـ مەۋجۇداتلارنىڭ تەڭرىسى دەپ ئىشەندۈرىدىكەن.

يەمەن پادىشاھىنىڭ شاھزادىلىرى دەقىيانۇسنىڭ بۇ كارامىتىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇنى سىناپ بېقىش قارارىغا كەپتۇ. ئەگەر دەقىيانۇس شاھزادىلەرنىڭ سىنىقىدىن ئۆتسە، ئۇنى تەڭرى دەپ ئېتىراپ قىلماقچى بولۇشۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن شاھزادىلەر يەمەندىن كەلگەن بايلار سىياقىدا ياسىنىپ، دەقىيانۇسنىڭ ھۇزۇرىدا قىمارغا قاتنىشىشنى ئىلتىماس قىلىپتۇ. دەقىيانۇس ئۇلارنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل كۆرۈپ، شاھ ئوردىسىغا تەكلىپ قىپتۇ. دەقىيانۇسنىڭ سارىيىدا قىمار باشلىنىپتۇ. شاھزادىلەر ئوردىغا كىرىشتىن ئىلگىرى ھەربىرى بىرنەچچىدىن چاشقاننى تۇتۇپ يەڭلىرىگە يوشۇرۇۋالغانىكەن. ئوردىدا قىمار تازا قىزىغان پەيتتە شاھزادىلەر چاشقانلارنى قويۇۋېتىپتۇ. چاشقانلار تەرەپ ـ تەرەپكە قېچىشىپتۇ. بېشىغا ياندۇرۇلغان چىراغ قويۇپ ئۆگىتىلگەن مۇشۇكلەر چاشقاننى كۆرۈش بىلەن خۇيى تۇتۇپ، بېشىدىكى چىراغلارنى ئۆرۈگىنىچە چاشقانلارغا ئېتىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆينىڭ ئىچى قاراڭغۇ بولۇپ قىمار بۇزۇلۇپتۇ. مات بولغان دەقىيانۇس دەرغەزەپكە كەپتۇ. شاھزادىلەر بولسا پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئوردىدىن چىقىپتۇ ۋە دەقىيانۇسنى ئازدۇرۇش ئۈچۈن شەرققە قاراپ قېچىپتۇ، قېچىپ ئاخىر دەقىيانۇس شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى تۇيۇق دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا ئۇلىشىپتۇ. دەريا بويىدا ئولتۇرۇپ يۈز ـ كۆزلىرىنى يۇيۇشۇپ قورساقلىرىنى تويغۇزۇپتۇ ۋە قەيەرگە قېچىشنى مەسلىھەتلىشىپتۇ. شاھزادىلەر بىردەك: «باشقا يەرگە ماڭساق تۇتۇلۇپ قالىمىز، دەريانى بويلاپ تاغ ئېغىزى تەرەپكە ماڭغىنىمىز تۈزۈك» دەپ قارار قىلىشىپتۇ. ئۇلار شۇ يەردە تاڭ ئاتقۇزۇپ، ئەتىسى تاغ ئېغىزىغا قاراپ يول ئاپتۇ

(كېيىنكى دەۋرلەردە شاھزادىلەر مەسلىھەت قىلىشقان ئاشۇ يەرنى كىشىلەر ئۇلۇغلاپ «مەشەت غوجام» دەپ ئاتىلىدىغان بىر مازار بىنا قىلغانىكەن. بۇ يەر ئەسلىدە شاھزادىلەر مەسلىھەت قىلىشىپ بىر كېچە قونغانلىقى ئۈچۈن «مەسلىھەت غوجام» دەپ ئاتالغانىكەن. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تۈيۇق دىيارىدىكى ئادەملەرنىڭ تىل شىۋىسىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن «مەشەت غوجام» دەپ ئاتىلىدىغان بولغانىكەن. تۈيۇق يېزىسىدىكى شا كەنت تەۋەسىدە ھېلىمۇ «مەشەت غوجام» دەپ ئاتىلىدىغان يەر بار).

شاھزادىلەر قاچقاندىن كېيىن دەقيانۇسنىڭ چاپارمەنلىرى ئۇلارنى قوغلاپتۇ. ئۇلار شاھزادىلەر غەربكە قاراپ قاچقان بولۇشى مۇمكىن، دەپ قاراپ كۆنپېتىشنى ئىزدەپتۇ، ئەمما كېچىچە ئىزدەپمۇ تاپالماپتۇ. ئەتىسى يەرگە يورۇق چۈشكەندە چاپارمەنلەر شاھزادىلەرنىڭ شەرققە ماڭغان ئىزىنى تېپىپ تۈيۇققا قاراپ يورۇش قىپتۇ.

شاھزادىلەر تاغ ئېغىزىغا قاراپ كېتىۋاتقاندا، يولدا دەقيانۇسنىڭ پادىسىنى باقىدىغان پادىچى قۇل كەشپۇتەت يۇنۇس ئۇچراپتۇ. پادىچى ئۇلاردىن قەيەرگە سەپەر قىلغانلىقىنى سوراپتۇ. شاھزادىلەر: «تەڭرىنى ئىزدەپ ماڭدۇق» دەپ جاۋاب بېرىشىپتۇ. پادىچى شاھزادىلەرگە: «مەن يول باشلىغاچ سىلەرگە ھەمراھ بولۇپ، تەڭرىنى بىللە ئىزدىگەن بولسام» دەپتۇ. شاھزادىلەر پادىچىنىڭ تەلىپىنى ماقۇل كۆرۈپتۇ. پادىچى ماللارنى تاشلىۋېتىپ شاھزادىلەرگە يول باشلاپ مېڭىپتۇ. ئويلىمىغاندا ئۇلارنىڭ كەينىدىن پادىچىنىڭ ئىتى قىتمىرمۇ بىللە ئەگىشىپ مېڭىپتۇ. شاھزادىلەر: «ئەگەر ئىتنى ئېلىۋالساق، قاۋاپ قويسا تۇتۇلۇپ قالىمىز. شۇڭا ئىتنى ھەيدىۋېتەيلى» دەپتۇ. پادىچى ئىتنى قوغلاپتۇ، لېكىن ئىت داۋاملىق ئەگىشىپ مېڭىۋېرىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئاچچىقى كېلىپ ئىتنىڭ بىر پۇتىنى ئۇرۇپ سۇندۇرۇۋېتىپتۇ. شۇنداقتىمۇ ئىت ئۈچ پۇتلاپ دىڭگوسلاپ مېڭىپ ئۇلارغا ئەگىشىپتۇ. ئۇلارنىڭ تېخىمۇ ئاچچىقى كېلىپ، ئىتنىڭ تۆتىلا پۇتىنى سۇندۇرۇۋېتىپتۇ، لېكىن ئىت دومىلاپ ئۇلارغا

ئەگىشىپتۇ. بۇنى كۆرگەن پادىچى ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولغىنىكەن، ئىت دەرھال زۇۋانغا كېلىپ: «ئى ئىنسانلار، سىلەر تەڭرىنى ئىزدەپ كېتىۋاتىسىلەر، مېنىمۇ تەڭرى ياراتقان، شۇڭا مەنمۇ سىلەر بىلەن تەڭرىنى ئىزدەپ بارسام بۇنىڭ نېمە يامىنى؟» دەپ كۆزلىرىدىن مۆلدۈرلەپ ياش تۆكۈپتۇ. ئۇلار ئىتنىڭ ئىلتىجاسىدىن تەسىرلىنىپ، ئىتنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ مېڭىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ساھابىلەر — ئالتە ئادەم، بىر ئىت تۇيۇق ئېغىزىغا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار تۇيۇق ئېغىزىغا يېتىپ كەلگەندە، دەقيانۇسنىڭ چاپارمەنلىرى ئۇلارنى قوغلاپ كەپتۇ. شۇ چاغدا بىر كارامەت يۈز بېرىپتۇ. تۇيۇق ئېغىزىنىڭ غەربىي يان باغرىدا بىر ئۆڭكۈر نامايان بولۇپتۇ. ساھابىلەر ئىتنى ئەگەشتۈرۈپ ئۆڭكۈرگە كىرىپ ئۆزلىرىنى دالدىغا ئاپتۇ. ساھابىلەرنى قوغلاپ كەلگەنلەر تاغ ئېغىزىنىڭ ئىچىدە تەرەپ — تەرەپنى ئىزدەپتۇ. ئۇلار ھېلىقى ئۆڭكۈرنىڭ يېنىغا كەلگەنىكەن، ئادەمزاتنىڭ ئىزى كۆرۈنمەپتۇ. ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىغا بولسا ئۆمۈچۈكلەر تور تارتىپ، كۆك كەپتەرلەر ئۇۋا ياساپ، ساھابىلەرنى ئۆڭكۈرگە يوشۇرۇپتۇ. دەقيانۇسنىڭ چاپارمەنلىرى تاغ ئېغىزىنى شۇنچە ئاختۇرۇپمۇ ئۇلارنى تاپالمىغاندىن كېيىن، غولىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى چوققىغا ئۆي ياساپ ساھابىلەرنى كېچە — كۈندۈز كۆزىتىپتۇ. كېيىن نەغمە — ناۋا قىلىساق شاھزادىلەر ئويۇن — تاماشاغا قىزىقىپ چىقىشى مۇمكىن، دەپ قىرىق بىر كېچە — كۈندۈز مەشرەپ — مېلىس ئۆتكۈزۈپتۇ. بىراق، ساھابىلەرنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەپتۇ. دەقيانۇسنىڭ چاپارمەنلىرى ئۈمىدسىزلىنىپ قايتىپ كېتىپتۇ.

ئالتە نەپەر ساھابە ۋە قىتمىر دەپ ئاتىلىدىغان ئىت ئۆڭكۈرگە يوشۇرۇنغاندىن كېيىن، بەخىرامان ئۇخلاپتۇ. ئۇلارنىڭ ئۇيقۇسى قېنىپ، قورسىقى ئېچىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپتۇ ۋە يەيدىغان نەرسە ئەكېلىش ئۈچۈن كىچىك بىر بازارغا بېرىپتۇ. ئەمما ناۋايلار ئۇلارنىڭ قولىدىكى يارماقنى كۆرۈپ كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ ۋە: «بۇ يارماقلار دەقيانۇسنىڭ زامانىدىكى يارماق ئىكەن، بۇ

يارماقلار ئۆتمەس بولغىلى ئۈچ يۈز توققۇز يىل بولدى» دەپتۇ. ساھابىلەر بۇنىڭغا ئىشەنگۈسى كەلمەي سورۇشتۇرسە، دەقىيانۇسنىڭ ئۆلگىنىگە ئۈچ يۈز يىلدىن ئاشقانىكەن. ئەمما ساھابىلەرگە پەقەت بىر كېچە - كۈندۈز ئۇخلىغاندەك تۇيۇلۇپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئامالسىزلىقتىن ئازراق يەيدىغان نەرسە تېپىپ غارغا قايتىپ كېتىپتۇ. ساھابىلەرنىڭ تەڭرىنى سېغىنىپ تارتقان جەبىر - جاپالىرى تەڭرىنى تەسىرلەندۈرۈپتۇ. تەڭرى غار ئىچىدىن غايىۋانە يول بېرىپ، ئۇلارنى ئامان - ئېسەن يەمەنگە يەتكۈزۈپ قويۇپتۇ. يەنە بىر رىۋايەتتە ساھابىلەر ھېلىمۇ غاردا ئۇيقۇدا ياتقۇدەك، دېيىلگەن...

— بۇ راستمىدۇ؟ — دەپ ھەيرانلىق بىلەن سورىدى قاھار.

— راست - يالغىنىنى بىلمىدىم. شۇڭا ژۇرنالدىمۇ بۇنى رىۋايەت دەپتۇغۇ.

شۇ چاغدا ھويلىغا چىرايى ھېمىت نەنسەنچىنىڭ چىرايىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىرسى سالام بىلەن كىرىپ كەلدى. قاھار ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇ كىشى بىلەن كۆرۈشۈپ تىنچ - ئامانلىق سوراشتى. زەۋەرگۈل بولسا ئېچىلىپ كۈلگىنىچە ئۇ كىشىنىڭ ئالدىغا باردى:

— يوقاپلا كەتتىڭغۇ ھۇسەن ئاكا، پاتىگۈلنى ئالغاچ كەلسەڭ بولمامدۇ؟

— كېلەر يىلى ئۆي سالىدىغان بولغاندىكىن، ياغاچ - تاش تەييارلاپ قويااي دەپ ئالدىراش بولۇپ قالدىم. پاتىگۈل سېنى كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى، دەپ ئاغرىنىپ قالدى.

قاھار ئۇلارنىڭ قىزغىن ئەھۋالىغا قاراپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى. قاھار ئۆيگە كىرىپ رادىئونى ئېچىپ قويدى. بىراق دىققىتى ھويلىغا مەركەزلىشىپ قېلىپ، رادىئودا نېمە دېيىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالماي قالدى. ئۇ ھويلىدا بولۇۋاتقان گەپلەردىن شۇنى بىلدىكى، كەلگەن ھۇسەن ئىسىملىك كىشى ھېمىت نەنسەنچىنىڭ ئىنىسى ئىكەن. ئۇلار ئىككىسى ئۆي ئىچىنىڭ پارڭىنى قىلىشقاندىن كېيىن خوشلاشتى.

— مەن ماڭاي، زەۋەرگۈل، ئاتاڭغا كەلگىنىمنى دەپ قوي.
— ماقۇل، پاتىگۈل بىر كىلىپ كەتسۇن.
— ھە راست، قىزىم، ئاكام داۋالاۋاتقان يىگىت شۇمۇ؟
— ھەئە.
— كىيسەل كۆرپىسى دەۋاتاتتى، راۋۇرۇس يىگىتكەنغۇ ئۇ.
زەۋەرگۈل جىم تۇرۇۋالدى.
— خوش، قىزىم.
زەۋەرگۈل پاتىگۈلنى سىغىنغانلىقىنى ھىس قىلغان شۇ كۈندىن نەچچە كۈن ئۆتۈپ، پاتىگۈل بۇ مەھەللىدە پەيدا بولدى.
ھويلىنىڭ ئىشىكى تولۇق ئىچىلغۇچە كىرگۈچىنىڭ ئاۋازى ھويلىغا كىرىپ بولدى.
— ۋاي - ۋۇي زەۋەر، ئۆيدىن چىقماي ئولتۇرۇۋىرىپ سىسىپ كەتمە يەنە.
زەۋەرگۈل بىشىنى كۆتۈرمەيلا ئۇنىڭ پاتىگۈل ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدى. پاتىگۈل زەۋەرگۈلنىڭ گەپ قىلىشىنى كۈتمەيلا ئۇنىڭ يىنىغا كەلگۈچە يەنە چاقىلداپ سۆزلەپ كەتتى:
— كۈندە مەھەللىدە كەكلىكتەك لىكىلداپ يۈرۈيدىغان ئادەم يوقاپلا كەتتىڭغۇ. كۈن نۇرىنى كۆرمەي چىرايىڭدىن كىتىپ قالما يەنە. شۇنداق بولسىغۇ تازا خۇش بولاتتىم.
— يائاللا، نىمانداق زەھىرىڭنى سانجىيسەن؟ گەپلىرىڭ نىمانداق سىسىق؟ يا سىنى ئۆمەر تاشلىۋەتتىمۇ؟ مۇشۇنداق كاپىلدىساڭ، تاشلىۋەتسىمۇ بولغۇدەك.
ئىككى دوست ئىغىزلىرىدا شۇنداق دىيىشكەن بىلەن مەھكەم قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. ئۇلارنىڭ تۇرۇق - ھالىدىن بىر - بىرىنى نەقەدەر سىغىنىشقانلىقى چىقىپ تۇراتتى.
پاتىگۈل زەۋەرگۈلنى قويۇۋىتىپ ئۇستۈپىشىغا سەپسالدى.
— نىمە، ۋاقىت بىر يەرگە بارسىمۇ ئەسكى تامدەك تۇرىسەنغۇ؟ ماڭ، ئۆزۈڭنى تۈزەشتۈر.
شۇندىلا زەۋەرگۈل ئاغزىنى تۈتۈپ كۈلۈۋەتتى:

— ۋاي ئاللا، رازىيىنىڭ تويىنى راستلا ئۆنتۈپتىمەن.
— ئېسىڭنى كىم ئوغرىلىۋالدى، ئانداق؟ ماڭ، چاققان بول. بۇنداق سۆۋىمىغان تامدەك بارساڭ، سادىق توينى تاشلاپ ئۆيىگە قېچىپ كەتمىسۇن يەنە.
بۇ گەپنى ئاڭلاپ زەۋەرگۈلنىڭ چىرايى تۇرۇلدى:
— شۇنىڭ ئىسمىنى چىقارمىغىنە، پاتەم.
ئۆيدە تۇرۇپ ئۇلارنىڭ سۆزىگە زەن سېلىۋاتقان قاھار: «سادىق دېگەن كىمكىنە؟ قارىغاندا زەۋەرگۈل ئۇنى ياقتۇرمايدىكەن» دەپ ئويلىدى.
ئىككى قىز مەھەللىگە چىقتى. يولنىڭ ئىككى تەرىپى پوتونلەي ئۆزمە دەرىخى بولۇپ، يوپۇرماقلىرى سارغىيىشقا باشلىغانىدى. توپا - شېغىللىق مەھەللە يولىدا قىزلارنىڭ ئۆيدىن چىققاندا پارقىراپ تۇرغان ئاياغلىرىغا بىردەمدىلا بىر قات توپا قوندى.
— تۇغقىنىڭلار ياخشى بولۇپ قالدىمۇ؟ — دەپ سورىدى زەۋەرگۈلدىن يول بويىدىكى ئۈزمە كۆتىكىدە ئولتۇرغان قوشنىسى مەڭنىساخان.
— ياخشى بولۇپ كەتتى. ھازىر مېڭىپ يۈرۈيدۇ.
— يا يوقلاپ كىرەلمىدۇق. ياخشى بولۇپ كەتكەن بولسا، ئۆيگە چاقىرىۋالارمىز.
— رەھمەت، ئۆزۈڭغا بارماي ساقىيىپ قالار، — دېدى زەۋەرگۈل خۇش بولۇپ.
شۇنىڭ بىلەن ئىككى قىز ئوتتۇرىسىدىكى گەپ تەبىئىيلا قاھارغا مەركەزلىشىپ قالدى.
— تۇغقان دەيسىلەر، قانداق تۇغقان ئۇ؟ — سورىدى پاتىگۈل.
— ۋايتاڭ، مەنمۇ ئۇقمايمەن. ئاتاممۇ دېمىدى.
— بۇنداق دېسەم خاپا بولما، ئاڭلىسام ئۇنىڭ ئۆپكە كېسىلىنى يۇقىدۇ دەيدىغۇ؟
— يۇقىدىغان - يۇقمايدىغانلىقىنى ئۇقمايمەن. ئەمما ئاتام بىلەن ئىككىمىزگە يۇقمىدىغۇ. بىراق، تەلىيىگە ساقىيىپ كەتتى جۇمۇ.

— يۇقمىدى دەپ، تونۇش كېسەلمۇ ـ يە، ئۇ؟
ئىككى قىز كۈلۈپ كېتىشتى.

— قارا پاتىگۈل، مەنمۇ ئۇ بالىنى بۇرۇن بىمار دەپلا ئانچە ئېرەنشىمىگەنىدىم. كېيىن كىيىملەرنى كىيگۈزۈۋېدۇق، تۈزۈكلا يىگىتكەن.

— ئادەم سەتى ئەمەس، كىيىم سەتى دېگەن شۇ ـ دە.

— كېيىن ئاتام ساتىراشنى ئەكېلىپ چېچىنى ياسىتىۋىدى، چاچ دېگەن شۇ بالىدىكەن. ساتىراشمۇ ئۇنىڭ چېچىنى ماختاپلا كەتتى.

بۇ گەپ پاتىگۈلنى قىزىقتۇرۇپ قويدى. ئەمما ئۇ يەنىلا شەيتانلىق قىلدى:

— گەپنى مۇنداق ئەگىتكىچە، «چىرايلىق يىگىتكەن» دېسەڭلا بولمىدىمۇ.

— ماڭە قېلىن،— زەۋەرگۈل پاتىگۈلنى ئىتتىردى.

— سەن ھەيران قالىدىغان ئىشنى ئەمدى دەيمەن پاتىگۈل،— دېدى زەۋەرگۈل بارغانچە قىزىشىپ سۆزلەپ،— نەچچە كۈن بۇرۇن بىر خەنزۇ كېلىۋىدى، گېپىنى ئۇقالمايلا قالدىم. شۇنداق جىلە بولۇپ تۇرسام قاھار چىقىپلا...

— ياقىسىدىن ئالدىمۇ؟

— تولا جاۋۇلدىماي تۇرە،— زەۋەرگۈل ئۇنىڭغا ئالايدى،— ياقىسىدىن ئالامدۇ، ئۇ خەنزۇ بىلەن خۇددى خەنزۇلاردەكلا سۆزلىشىپ كەتتى. ئاندىن دېيىشكەنلىرىنى ماڭا دەپ بەردى.

بۇ گەپ بىلەن پاتىگۈل جاۋۇلداپ كېتىشنىڭ ئورنىغا ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قالدى.

— ئۇنداق ئەمەستۇ؟— سورىدى پاتىگۈل ئويلىنىپ قېلىپ.

— باشتا مەنمۇ ھەيران قېلىپ ئىشەنمىگەنىدىم. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۇ خەنزۇچە مەكتەپتە ئوقۇپتىكەن. بۇنى ئاڭلاپ ئاندىن ئىشەندىم.

— ھە،— دېدى پاتىگۈل بېشىنى لىڭشىتىپ،— ئۇ يىگىت خەنزۇچە بىلسە، قاملاشقان بولسا، بىر بېرىپ كۆرۈپ باقايچۇ.

پاتىگۈلنىڭ تەلەپپۇزى يەنە ئۇلارنى كۈلدۈردى.

«يەنە بىر قانچە ۋاقىت داۋالانسا، قويۇپ كەتسىمۇ بولىدۇ» دەپ ئويلىغان ھېمىت نەنسەنچى ھويلىغا كىرىپلا قاھارنى چاقىردى:
— قاھار، بۇ ياققا چىققىنە.
قاھار خۇددى نورمال ئادەملەردەك تېز قەدەملەر بىلەن چىقتى. ھېمىت نەنسەنچى قاھارنىڭ راۋۇرۇس ھەرىكىتى، پۇتىنىڭ رۇسلۇقى ۋە قەدەم ئېلىشىنىڭ چاققانلىقىغا قاراپ رازىمەنلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى.
— سەن بۇ يەرگە كەلگىلى خېلى ۋاقىت بولۇپ قالدى. ھازىر ئەھۋالىڭمۇ خېلىلا ئوبدان. شۇڭا سېنى مەھەللىنى ئايلاندۇرۇپ كېلەي.
قاھارنىڭمۇ نەچچە كۈندىن بۇيانقى ئارزۇسى شۇ بولغاچقا تارتىنمايلا ھېمىت نەنسەنچىگە ئەگەشتى.
ئۇلار ئۈژمىلىك يول بىلەن ئاستا مېڭىشتى.
— مۇشۇ ئۈژمىلىك يول بىلەن شىمالغا ماڭساڭ تۇيۇق غوجامغا بارغىلى بولىدۇ،— ھېمىت نەنسەنچى چۈشەندۈرۈپ ماڭدى،— بۇ ئۆستەڭگە ئەللىك يىل بولاي دەپ قالدى،— ھېمىت نەنسەنچى يول بويىدىكى ئادەتتىكىدىن كەڭرەك لاي ئېرىقنى كۆرسەتتى،— كېلەر يىلى تاش ئۆستەڭگە ئۆزگەرتىلىدۇ...
ئۇلار پاراڭلىشىپ كېتىۋاتقاندا كىشىلەر ئۇلارغا ھەيرانلىق بىلەن قارىشاتتى. ئەھۋالنى بىلىدىغانلار بولسا يېنىدىكىلەرگە بىر نېمىلەرنى دەپ كۇسۇلدايتتى. ئەمما ھېمىت نەنسەنچى ئۇلارغا قاراپ ئادەتتىكىدەك سالام قىلىپ قويۇپ يولىغا مېڭىۋەردى.
ئۇلار ئاق مەسچىتنىڭ ئالدىدا توختاشتى. بۇ قاراماي يېپىتىلغان چوڭ يول بويىغا سېلىنغان مەسچىت بولۇپ، شەكلى كۆركەم، مۇنارلىرى ئېگىز بولغاچقا خېلى ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى.
— بۇ مەسچىتنىڭ سېلىنغىنىغا ئۇزۇن بولمىغان بىلەن تاغ ئاستىدا داڭقى بار،— دېدى ھېمىت نەنسەنچى.
— تاغ ئاستى؟— چۈشەنمەي سورىدى قاھار.
— تاغ ئاستى تۇيۇق، لۈكچۈن، دالانكارىز، دىغارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەرلەر ئىدىقۇت تېغىنىڭ جەنۇب تەرىپىدە

بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان. مەسچىتنىڭ ئالدىدىكى بۇ يولدا لۈكچۈن، دالانكارىز ۋە دىغارنىڭ تۇرپانغا بارىدىغان ئاپتوبۇسلىرى قاتنايدۇ،— ھېمىت نەنسەنچى سەپەرخۇمار ئادەملەرگە خاس قىزغىنلىق بىلەن چۈشەندۈرۈپ كەتتى،— ئاپتوبۇسلار تۇرپانغا بېرىپ - كەلگۈچە مەسچىت ئالدىدا توختاپ ماڭىدىغان بولغاچقا بۇ مەسچىتنى نۇرغۇن ئادەملەر بىلىپ كەتكەن. شۇڭا، بىركىم قويمىغان بولسىمۇ «ئاق مەسچىت» دېگەن نام سىڭىپ قالغان.

ھېمىت نەنسەنچىنىڭ سۆزىنى قىزىقىپ ئاڭلاۋاتقان قاھارنىڭ خىيالى ئاستا - ئاستا باشقا ياققا كېتىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ چىرايىغا پەرىشانلىق تېپىپ چىقتى. شۇڭا ئۇ ھېمىت نەنسەنچى گەپتىن توختىشى بىلەنلا سورىدى:

— تۇيۇقتىن تۇرپانغا نەچچە كىلومېتىر كېلىدۇ؟

— ئەللىك كىلومېتىرچە چىقىدۇ،— دەپ ئويلانمايلا جاۋاب بەردى ھېمىت نەنسەنچى، ئاندىن قوشۇپ قويدى،— ئەمما قاتناش بەك قولايسىز. تۇيۇقنىڭ ئۆزىدىن تۇرپانغا قاتنايدىغان ئاپتوبۇس يوق. كارىزدىن يا لۈكچۈن، دالانكارىزدىن كەلگەن ئاپتوبۇسلارغا چىقىدىغان گەپ. بۇ ئاپتوبۇسلار بەك ئەتىگەن — ناماز بامداتتىن يانغاندىلا كېلىدۇ. ئەگەر توشۇپ كەتسىغۇ ئامال يوقلا.

بۇنى ئاڭلىغان قاھار تۇرالمايلا قالدى. ئەمما ئۇ يەنە بىرەر سوئال سورىسىلا ئىچىدىكىنى ھېمىت نەنسەنچىگە بىلدۈرۈپ قويۇشى ئېنىق ئىدى. شۇ ۋاقىتتا مەسچىتتىن چىقىپ كەلگەن ئىمام ئۇنىڭ سوئال سورىشىغا ئىمكان بەرمىدى. ئۇلار ئەھۋاللاشتى.

— ھېمىتاخۇن، بالا شىپا تېپىپتىمۇ، نېمە؟

— خۇداغا شۈكۈر، شىپا تېپىپ قالدى. خۇدايىم تىنچلىقنى بەرسە، نەچچە كۈنگىچە ساقىيىپلا كېتىدۇ.

— ساقىيىپ قالغان بولسا، توي - تۆكۈنلەرگىمۇ ئېلىپ بارسىلا. جامائەت بىلەنمۇ تونۇشسۇن.

— بولىدۇ، ئۇبدان.

ئىمام ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ كېتىپ قالدى.

— يوٌر بالام، سىنى دوٌقباغدىكى تەكلىككە ئاپىرىپ كېلەي.

قاھار ھېممەت نەنسەنچىگە ئەگىشىپ ماڭغان بولسىمۇ، لېكىن «توٌرپاندىكىلەر قانداق توٌروۋاتقاندۇ؟» دېگەن خىيالدىن بىردەممۇ نېرى بولالمىدى. ھېممەت نەنسەنچىنىڭ قاتتىناش ھەققىدىكى سۆزلىرى قاھارنى ئاشۇنداق خىياللارغا سېلىپ قويغانىدى...

ئۇلار ئايلىنىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ قاھارنىڭ خىيالى توٌرپاندىن نېرى كېلەلمىدى. ئۆيىنى، ئاپىسىنى، قەھرلىك داۋۇتنى، مېھىر - شەپقەتلىك كىشىلەرنى ئەسلىدى. دەرەخلىكتە ئۆتكەن كۇنلىرى كۆز ئالدىدىن شۇ قەدەر روشەن ئۆتۈشكە باشلىدى. ئۇ ۋاقىتتىكى ئېغىر كۇنلەر، ئېغىر خىياللار، تۇيۇقسا كەلگەندىن كېيىن چۈشىگە كىرگەن ئۆزى ياتقان ھېلىقى قەدىناس سېمونت تاختاي، كۇن بويى ئۇنىڭ نالىسىگە جور بولۇپ چىقىدىغان دەرەخ يوپۇرماقلىرىنىڭ شىلدىرلىشى...

ئىشىكنىڭ ئېچىلىشى ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلدى. ئۆيگە زەۋەرگۇل بىرنەچچە قۇر كىيىمنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. كىيىملەر دەزماللانغان بولۇپ، قىر - قىرىغا كەلتۈرۈلۈپ قاتلانغانىدى. بۇنىڭدىن قاھارنىڭ يۈرىكىگە ئىسسىق بىر ئېقىم تارىغاندەك بولدى.

— كىيىملىرىڭىزنى ۋاقتىدا يۆتكەپ تۇرۇڭ. كىر بولۇپ قالسا مەن يۇيۇپ بېرىمەن.

زەۋەرگۇل شۇنداق دېگىنىچە چىقىپ كەتتى. كىيىملەرگە قاراپ ئۇللىق ھېسلارغا چۆمۈلگەن قاھار بايىقى ئېغىر خىياللىرىدىن قۇتۇلغاندەك بولدى.

شۇنىڭدىن كېيىن قاھار مەھەللە - كويلارغا چىقىپ بىردەم - يېرىمدەم ئايلىنىپ كىرىدىغان، بەزىدە بولسا كىشىلەر بىلەن مۇڭدىشىدىغان بولدى. بۇ مەھەللىنىڭ كىشىلىرى ئۇنىڭغا يېقىپ قالغانىدى. ئۇ كىشىلەر قاھارغا ياخشى گەپلەرنى قىلاتتى، ئۇنىڭ تېنىگە پايدا قىلىدىغان يەرلىك يېمەكلىكلەرنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەنلىرىگە ياكى كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىغا بىرلەشتۈرۈپ سۆزلەپ تەۋسىيە قىلاتتى، بەزىدە ئۇنى قارتا ئويناشقا

چاقىرىۋالاتتى. بولۇپمۇ قاھار مەھەللىدىكى ئوسمان «پىدىگەن» (تېرىسى قارا بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان)، ساخاۋەتلىك ھەبىبۇللا ھاجىم، ئابلىكىم «پىڭكۇ» (مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا نامرات قارىلىپ، خەنزۇچە شۇنداق ئاتىلىپ قالغان)، كىشىلەرگە دوستانە مۇئامىلە قىلىشقا ئامراق بولغاچقا «دوستۇم» دەپ لەقەم ئالغان ساتتار «دوستۇم» دېگەن كىشىلەرنى ياقتۇرۇپ قالدى. ئۇلار ھەقىقەتەن ئاق كۆڭۈل كىشىلەر ئىدى.

بىر كۈنى قاھار ئىشىك ئالدىدا ئوسمان «پىدىگەن» بىلەن ئۇنىڭ كېلەر يىلى يازدا سالماقچى بولغان ئۆيىنىڭ قورۇلمىسى ھەققىدە سۆزلىشىۋاتقاندا، مەھەللىنىڭ يۇقىرىسىدىن زەۋەرگۈل بىر ژۇرنالنى كۆتۈرگەنچە كەلدى ۋە قولىدىكى ژۇرنالنى ئىشارە قىلىپ قويۇپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئىشارەتنى چۈشەنگەن قاھار يەنە بىرەردەم پاراڭلاشقاندىن كېيىن ئوسمان «پىدىگەن» بىلەن خوشلاشتى.

قاھار ئۆيگە كىرگەندە زەۋەرگۈل كونىراق بىر ژۇرنالنى تۇتۇپ تۇراتتى. زەۋەرگۈل قاھارنى كۆرۈپلا ژۇرنالنى ۋاراقلاشقا باشلىدى.

— نېمە ئىزدەۋاتىسىز؟ — سورىدى قاھار.

— بىر رومان بار ئىكەن، — دېدى زەۋەرگۈل ئىزدەشنى داۋام قىلىپ، — قارىغاندا تەسىرلىك رومانەك قىلىدۇ.

— نېمە ژۇرنال بۇ؟

— «دۇنيا ئەدەبىياتى»نىڭ كونا سانى. بۇنىڭدا كەرىمە نادىر دېگەن يازغۇچىنىڭ «ئۆكسۈش» دېگەن رومانى بار ئىكەن. بۇ چوقۇم كاتتا رومان.

— ئوقۇماي تۇرۇپ قانداق بىلىسىز؟

— مەن بۇ يازغۇچىنىڭ ئىككى ئەسىرىنى ئوقۇغان. بىرسى «سامان يولى»، يەنە بىرى... يەنە بىرى... يادىمغا ئالالمايۋاتىمەن.

زەۋەرگۈل ئاخىر ئىزدىگەن ئەسەرنى تاپتى:

— ھە، مانا. «ئۆكسۈش». بۇ ماۋزۇلا ئادەمنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلىدىكەن.

قاھار بويىنىنى سوزۇپ زەۋەرگۈل كۆرسەتكەن بەتكە قارىدى.

— هوي، بۇ ئايال غەلىتىلا كىيىنىۋاپتۇغۇ؟
— ھە، بۇ تۈركىيىلىك يازغۇچى.
— مۇنداق دەڭ، سىز بۇ يازغۇچىنىڭ ئەسەرلىرىنى پىششىق ئوقۇغان ئوخشىمامسىز؟
— ھەئە،— دېدى زەۋەرگۈل قىزغىنلىق بىلەن،— بايا دېدىمغۇ... ھە، ئېسىمگە كەلدى، يەنە بىر ئەسىرىنىڭ ئىسمى «ئۇيقۇسىز كېچىلەر»، توغرا، شۇنداق. مەن بۇ كىتابنى ئۈچ قېتىم ئوقۇپ چىقتىم. كەرىمە دېگەن بۇ ئايالنىڭ ئەسەرلىرى بەك تەسىرلىك، ئوقۇۋېتىپ نەچچە قېتىم كۆز يېشى قىلغىنىمنى بىلمەيمەن.
— قانداق ئەسەرنى ئوقۇسا ئادەمنى يىغلىتىدىكەنتاڭ،— دېدى قاھار ساددىلىق بىلەن،— مەن كىتاب ئوقۇپ يىغلاپ باقمىدىم. بىر قېتىم تەيۋەننىڭ «ئاق يېغىن» دېگەن رومانىنى ئوقۇپ كۆڭلۈم بەك يېرىم بولغان. ئەمما مەنغۇ سىزگە ئوخشاش كۆپ كىتاب ئوقۇپ باقمىدىم.
— «ئاق يېغىن»؟ مەن ئاڭلاپ باقماپتىمەن،— دېدى زەۋەرگۈل ئويلىنىپ قېلىپ.
— بەلكىم ئۇيغۇرچىسى يوق بولۇشى مۇمكىن. مەن خەنزۇچىسىنى ئوقۇغان.
— مۇنداق دەڭ، ئەگەر ئۇيغۇرچىسى چىقسا چوقۇم ئوقۇيمەن. بولمىسا، ماڭا خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىپ ئوقۇپ بېرىڭ، جۇمۇ.
سەممىي ۋە يېقىنلىق بىلەن ئېيتىلغان بۇ سۆز قاھارنىڭ يۈرىكىنى ئويىنىتىۋەتتى. زەۋەرگۈلمۇ ئۆزىنىڭ بۇ گېپىدىن ئۇيۇلۇپ لېۋىنى چىڭگىدە چىشلىدى ۋە پىسسىڭگىدە كۈلۈپ قويدى.
— باشقا ئىش بولمىسا ئوقۇيلىمۇ؟— دېدى زەۋەرگۈل ئوتتۇرىدىكى يۈرەكلەرنى جىغىلدىتىدىغان جىملىقنى بۇزۇپ.
— بولىدۇ،— دېدى قاھار ۋە ئورۇندۇقلارنى رەتلەپ ئورۇننى تەق قىلدى.
زەۋەرگۈل يېقىملىق ئاۋازى بىلەن رومانىنى ئوقۇشقا باشلىدى. روماندا پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى ھېسسىياتى تەسىرلىك جۇملىلەر

بىلەن ئىنچىكە تەسۋىرلەنگەنىدى. تەسىرلىك تەسۋىرلەر، زەۋەرگۈلنىڭ يېقىملىق ۋە قايناق ئاۋازى، بىر ـ بىرىگە بولغان يېقىنچىلىق ھېسسىياتى ئويغىنىۋاتقان ئىككى جىنسنىڭ بىرگە ئوقۇشى بۇ مۇھىتنى قىزغىنلىققا تولدۇرغانىدى. ئۇلار رومان ۋەقەلىكىگە مەپتۇن بولۇپلا كەتتى. تەسۋىرلەر ئىچىگە چۆكۈپ كەتكەن زەۋەرگۈلنىڭ كۆز جىيەكلىرىدە ياش لىغىرلاپ قالغان بولسا، قاھار مۇڭغا چۆككەنچە ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە ئېگىكىنى تىرەپ ئولتۇرۇپ قالغانىدى...

ئۇلار ئىككى سائەتتەك ئوقۇغاندىن كېيىن زەۋەرگۈل ژۇرنالنى ياپتى ۋە كۆزىنى سۈرتتى.

— قالغىنىنى ئەتە ئوقۇيلى، قاراڭغۇ چۈشۈپ قاپتۇ،— دېدى زەۋەرگۈل شۇ تاپتىكى ھېسسىياتىنى يوشۇرۇپ.

— باشقىچىلا بولۇپ قالدىمغۇ،— دېدى قاھار ئېغىر «ئۇھ» تارتىپ،— پاك ھېسسىيات دېگەن زور كۈچ ئىكەن.

— شۇنى دەيمەن، مۇھەببەتنىڭ ھېچبىر چېگرىسى يوق ئىكەن. سۆيگۈدە ۋاپادارلىق، سادىقلىق بولسا، بۇنداق مۇھەببەت مەڭگۈلۈك بولىدىكەن.

ئۇلار شۇ گەپلەرنى دېيىشكەن بىلەن بىردەم بىرى بىرىنىڭ كۆزىگە قارىسا، بىرسى كۆزىنى ئەپقېچىپ، بىردەم يەنە بىرى يەنە بىرىنىڭ كۆزىگە قارىسا يەنە بىرسى كۆزىنى ئەپقېچىپ تۇرۇپ كېتىشتى. ئاخىر زەۋەرگۈل بۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن زەۋەرگۈل:

— كەچلىك چاي تەييار قىلاي،— دەپ ئاشخانا ئۆيگە ماڭدى. قاھارمۇ ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

«ئۆكسۈش» ناملىق رومان ۋە بايا زەۋەرگۈل بىلەن ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن سۆيگۈ ـ مۇھەببەت ھەققىدىكى گەپلەر قاھارنىڭ زۆھرە ھەققىدىكى ئازابلىق ئەسلىمىلىرىنى قوزغاپ قويغانىدى.

قاھار ئۆيگە كىرىپ ئولتۇرۇپ مۇڭغا پېتىپ قالدى. «ئۆكسۈش» رومانىدىكى سۆيگۈ ھەققىدىكى تەسىرلىك بايانلار ئۇنىڭ يۈرەك يارىسىنى قوزغاپ قويغانىدى. ھايات ھەلەكچىلىكى

بىلەن بولۇپ، قاھار ئۇنداق خىياللارنى قىلمىغىلى نى زامان بولغان ـ ھە؟ ئەينى ۋاقىتتا زۆھرەدىن ئايرىلىسا ياشىيالمايدىغاندەك مۇشكۇل ھالغا دۇچار بولۇپ، ئۆزىنى قويارغا يەر تاپالماي قالغان، گېلىدىن گىياھ چاغلىق نەرسە ئۆتمىگەن، ھاراقنى بولۇشىغا ئىچىپ، ئۆزىنى كۆز ئالدىدىكى رېئاللىقتىن قاچۇرماقچى بولغان، ھەتتا ئۆلۈپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلغانىدى. كېيىنچۇ؟ ئۇ خىل ھېسسىيات ۋە ئازابلار ئاستا ـ ئاستا ئۇنتۇلدى. ئەزرائىل بىلەن «دوست» تارتىشىپ يۈرگەندە ــ دەرەخلىكتە جان تالىشىپ ياتقانلاردا بولسا زۆھرە ئەمەس، بەلكى «سۆيگۈ» ئاتلىق يۈرەك تونىلاڭچىسىمۇ ئۇنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمىغانىدى. كېيىنلەردە ئۆزىنىڭ ئايرىلىش ئازابىغا قالغان كۆڭلىرىنى ئەسلىسە، ئادەم نېمە ئۈچۈن شۇ چاغدا ئاشۇنداق يۈرەك ئاغرىقى تارتىپ قالىدىغانلىقىنى چۈشىنەلمەي قالىدۇ. يا مۇھەببەت دېگەنمۇ باشقا نەرسىلەرگە ئوخشاشلا ۋاقىتلىق نەرسىمىكىن؟ ياكى راھمانىنىڭ، ياق، ئابدۇراھمانىنىڭ «مۇھەببەت دېگەنگە ئۇنچىلىك قىلىشقا ئەرزىمەيدۇ» دېگەن گەپلىرى توغرىمىكىن؟ مانا قاھار ــ قەيسەر كېسەللىكتىن قۇتۇلۇپ، پۈتى يەر دەسسىۋىدى، ئۇنىڭدىكى نازۇك سېزىملەر قايتا پەيدا بولدى. قارىغاندا ئۇزۇن ۋاقىتتىن بۇيان ئۇ سېزىملەر قاھارنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئۆچمەپتۇ، بەلكى ئۇنىڭ يۈرەك چوڭقۇرلۇقىدا ئۇخلاپ يېتىپتۇ. ئەمدى ئۇنىڭ جىسمى ۋە روھى ئەمىن تاپقاندا قايتا ئويغىنىپتۇ.

زۆھرە ئۇنىڭ نېمىسىنى ياخشى كۆردىكىن؟ ئۆزىنىمۇ؟ ياق، ياق... قارىغاندا زۆھرەنىڭ ياخشى كۆرۈشى ئۇنىڭ ھەممە تەرىپىگە باغلىق بولسا كېرەك. بولمىسا، نېمىشقا ئۇنى تاشلاپ كېتىدۇ؟ قاھارنىڭ ئۆيدە ئەتىۋارسىزلىقى ئۈچۈنمۇ! ئۇنداقتا زۆھرە قاھارنىڭ ئائىلىسىنى، ئاتا ـ ئانىسىنى، ئۇنىڭ ئىناۋىتىنى، نام ـ ئابرۇيىنى، شان ـ شۆھرىتىنى ياخشى كۆرگەنىكەن ـ دە. توۋا، توۋا، جاھاندا پەقەت شۇ كىشىنىلا ياخشى كۆرىدىغان مۇھەببەتمۇ بارمىدۇ؟ قارا جەمئىيەتكە، قىزغىن ئاشىق ـ مەشۇق

بولۇشۇۋاتقانلار بىرى پۇلدىن ئايرىلسا، بىرىنىڭ ئاتىسى ياكى ئاپىسى قوشۇلمىسا، بىرىنىڭ ئىناۋىتى تۆكۈلسە، بىرى قەرزگە بوغۇلسا، بىرى تۇرمىگە كىرسە، بىرى تەلەپ قىلغان تويلۇقنى تەل قىلالمىسا، بىرى ئاتا ـ ئانىسىنى ئۇنداقچى ـ مۇنداقچى دېسە، بىرى خىزمەت ئورنىدىن ئايرىلىپ قالسا ئايرىلىپ كېتىشكەن، ھەتتا بەزىلەر ئادا ـ جۇدا بولۇشقان. بۇ قانداقمۇ مۇھەببەت بولسۇن؟ «مەڭگۈلۈك مۇھەببەت» دېگەن كىنودىكى «دۇنيادا ھەممە نەرسە كېتىدۇ قۇرۇپ، پاك مۇھەببەت قالىدۇ مەڭگۈلۈك بولۇپ» دېگەن ناخشا قەدىمكى زاماندىكى غېرىب ـ سەنەمدەك ئاشىق ـ مەشۇقلارغا ياكى كەلگۈسىدىكى ئاشىق ـ مەشۇقلارغا قارىتا ئېيتىلغانمىكىن؟

زۆھرە ئۇنى تاشلاپ كەتتى. ئىككىلىك خەت بىلەنلا ئارىنى ئۈچۈق قىلىپ، ئەتىسىلا باشقا يىگىت بىلەن قولتۇقلىشىپ يۈردى. ئارقىدىن توي قىلدى. ھازىر بالىسىنى يېتىلەپ يۈرىدىغاندۇ؟

قاھار سۆيگۈ ۋە زۆھرە توغرىسىدا شۇنچىلىك خىياللارنى قىلدى. ئەمما يۈرىكى «پىژ» قىلىپمۇ قويمىدى. ئەلەممۇ تارتمىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار بىر ـ بىرىنى قانداق ياخشى كۆرۈشۈپ ئۆتكەن بولغىيدى؟ ئاشۇ چاغدا ئايرىلىپ كەتسە، ئۆلۈپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلۇۋىدى، مانا ئەزرائىلنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ يەنىلا ھايات ياشاپ تۇرمامدۇ؟

قاھار چۈشىنىكسىز كۈلۈپ قويدى. ئاندىن زەۋەرگۈلنىڭ ئاسانلا تەسىرلىنىدىغانلىقى يادىغا كەلدى. قاھار بىلدى، رومانىنىڭ بەزى يەرلىرىدە ئۇ قىز ئۆزىنى باسالمىدى، كۆز ياشلىرىنى توختىتالمىدى. مېھرى ئىسسىق بۇ قىزنىڭ كۆز يېشى قاھارنىڭ يۈرىكىنى يۇيۇپ ئۆتكەندەك بولدى. قاھار زەۋەرگۈلنى ئويلىغانچە ئولتۇرۇپ كەتتى. قىزنىڭ ئىشچانلىقى، ئۇياتچانلىقى، مۇئامىلىدىكى ئىللىقلىقى، قىزغىنلىقى، كۆڭلى يۇمشاقلىقى قاھارنىڭ كۆز ئالدىدا بىرمۇ بىر گەۋدىلىنىشكە باشلىدى...

«نېمە بولدۇم مەن؟» قاھار ئۆزىگە كېلىپ، زەۋەرگۈل ھەققىدە كۆپ ئويلاپ كەتكىنىگە ھەيران قالدى.

زەۋەرگۈل ژۇرنالنى تۇتقىنىچە ھۇجرىسىدا ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭدىكى ھاياجان تېخىچىلا بېسىلمىغانىدى. روماندىكى مۇھەببەت تەسۋىرلىرى ئىپادىلىگەن نازۇك تۇيغۇلار ئۇنىڭ ياشلىق سېزىملىرىنى تاتلىق غىدىقلاپ ئۆتكەنىدى. دېمىسىمۇ ئەمدىلا يىگىرمە ياشقا ئۇلاشقان قىزچاقنىڭ ياشلىق سەزگۈلىرى چاپچىماي، چاقنىماي، مۇھەببەت تېمىسىدىكى ئەسەر، كىنو، رەسىم، ناخشىلار بىلەن ئۇچراشقاندا غىدىقلانماي تۇرالىسۇنمۇ؟ دەرۋەقە، نۇرغۇن قىز - يىگىتلەرگە ئوخشاش زەۋەرگۈلمۇ ئۆزىنىڭ مۇھەببەت ئىشىدا «ۋاپادارلىقىنىڭ»، «مەڭگۈلۈكىنىڭ» بولۇشىنى ئارزۇ قىلدى ۋە چوقۇم شۇنداق بولىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئۇنىڭغا كۆز تىكىپ، گەپ تاشلاپ، ھەتتا خەت يېزىپ، ئارىغا ئادەم قويۇپ يۈرگەنلەر بولسىمۇ، ئەمما زەۋەرگۈلگە ئۇنىڭ نەزىرىدىكى ئاق ئاتلىق شاھزادە ئەمەس، بەلكى كۆك ئاتلىق شاھزادىمۇ ئۇچرىمايۋاتاتتى. ساۋاقداشلىق مۇناسىۋەتتىكى كالتە - كۆسەي گەپلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇنىڭ يىگىتلەر بىلەن ئۇ - بۇ توغرىسىدا ئېچىلىپ - يېيىلىپ سۆزلىشىپ باققىنى يوق. مانا ئەمدىلىكتە قاھار بىلەن ئاشۇنداق پاراڭلىشىۋاتىدۇ. تېخى قىزغىنلىق بىلەن، كۆڭلى تارتىپ تۇرۇپ پاراڭلىشىۋاتىدۇ. قاھار يادىغا يېتىشى بىلەن زەۋەرگۈل ئۆزىنى تىڭشاپ قالدى. «بىر بىمارغا مۇئامىلە قىلىۋاتىمەن» دېگەن تەبىئىي تۇيغۇدا يۈرگەن زەۋەرگۈل قاچانلاردىن قاھارغا دوستانە مۇئامىلە قىلىدىغان، ھەتتا قاھار بىلەن پاراڭلاشقۇسى كېلىدىغان بولۇپ قالدىكىن؟ قاھارنىڭ مۇلايىملىقى، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىپ تۇرىدىغانلىقى، ئېغىر - بېسىقلىقى، ئادەمگە ئىللىقلىق تۇيغۇسى بېغىشلايدىغان يۇمشاق تەلەپپۇزى... زەۋەرگۈل شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈۋېتىپ، ھېلىقى ساتىراشنىڭ «چاچ دېگەن مۇشۇ ئاداشقا يارىشىدىكەن» دېگەن سۆزى ۋە قاھارنىڭ ھېلىقى خەنزۇ كىشى بىلەن قىلىشقان

راۋان سۆھبىتى يادىغا كەلدى. شۇلارنى ئويلاۋاتقان زەۋەرگۇل قىزلىق نومۇسىنىڭ نوقۇشى بىلەن ئۇيۇلۇپ قىزىرىپ كەتتى ۋە ئۆزىچە پىسىڭىدە كۇلۇپ قويدى. شۇ چاغدا ھويلا ئىشىكىنىڭ ئېچىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— نەدىسەن زەۋەر؟ «دېرىزەڭنى ئېچىۋەت، شامال كىرسۇن ئۆيۈڭگە.»

چاقچىقى بىلەن ھويلىغا كىرگەن پاتىگۇل ئۆرۈكنىڭ قۇرۇغان يوپۇرمىقىنى پىرقىرىتىپ ئويناپ تۇرغان قاھارنى كۆرۈپ سۆزدىن چىپپىدە توختىدى، تېز قەدەملەر بىلەن كېلىۋاتقان ئايىغىمۇ جايىغا مىخلاندى. ئىككىسى باش لىڭشىتىپ سالاملاشتى. قاھار بۇ قىزنىڭ شۇنچىۋالا ئوچۇق - يورۇقلۇقىغا ھەيران قالدى. پاتىگۇل بولسا ئىتتىك نەزىرى بىلەن قاھارنى سىنچىلاشقا ئۈلگۈردى.

پاتىگۇلنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، زەۋەرگۇل ئۆيدىن چىقتى. زەۋەرگۇل ئۆيدىن چىققۇچە «قىشتا دېرىزە ئېچىپ ئولتۇرىدىغانغا مەن پاتەم ئەمەس» دېمەكچى بولغانىدى، ئەمما ھويلىدا تۇرغان قاھارنى كۆرۈپ گېپىنى يۇتۇۋەتتى.

— بۇ بىر نەۋرە دوستۇم پاتىگۇل،— ئۇلارنى تونۇشتۇردى زەۋەرگۇل،— پاتىگۇل، بۇ تۇرپاندىن كەلگەن تۇغقىنىمىز قاھار.

ئۇلار «تىنچلىقمۇ؟» دېيىشكەندىن كېيىن، زەۋەرگۇل پاتىگۇلنى ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا باشلىدى. پاتىگۇل ھۇجرىغا كىرىپلا ئېچىقلىق ژۇرنالنى ئېلىپ ئەسەرنىڭ ماۋزۇسىنى ئوقۇدى.

— قانداق، بۇ ئەسەر بولامدىكەن؟ مۇھەببەت تەسۋىرلەنگەن ئوخشىمامدۇ؟

— مۇھەببەت تەسۋىرلىنىدىكەن. ئوقۇپ بولمىدىم. بۈگۈن ئوقۇشنى باشلىدۇق تېخى.

— «باشلىدۇق»،— ھەيران بولۇپ ئۈنىگە قارىدى پاتىگۇل،— كىم بىلەن ئوقۇدۇڭ؟

ئويلىماي شۇ گەپنى دەپ سالغىنىدىن زەۋەرگۇل

ئوڭـايسىزلانـدى، ئەمما چـاندۇرمـىـدى ۋە ئـادەتتىـكـى تەلەپپـۇزدا ئېيتتى:
— قاھار بىلەن بىللە ئوقۇدۇق.
— نېمىدەپ ئەمدى؟ — دەپ سورىدى پاتىگۇل گەپ كوچىلاپ.
— مەن ساڭا دېگەنـغۇ، قاھار خـەنزۇچە ئوقـۇغان. شۇڭا مـەن ئوقۇپ بەردىم شۇ.
— هەي، هـەي، نېمە قـەستەنـگـە تەمكـىـن سۆزلەيـسـەن؟ — پاتىگۇل زەۋەرگۇلنىڭ كۆزىگە كىرىۋالدى، — سەندە بىر گەپ بار جۇمۇ؟
— مېنىـڭدە نېمـە گـەپ بولمـاقـچىـدى، — دېـدى زەۋەرگـۇل ئۆزىنـىڭ شۇ گەپـنى خاتا قـىلىپ سـالغانلىـقىنـى تۇيۇپ. ئەمـدى پاتىگۇلنىڭ ئىلمەك گەپلىرىگە چىدىسا بولىدۇ.
— ماڭا قارىغىنە، ئـۇنى ياقتـۇرۇپ قالمـىغانسـەن؟ — دېـدى پاتىگۇل كۆزلىرىنى ئوينىتىپ.
— سېنىڭ دەيدىغان گېپىڭ شۇلىمۇ، — دېدى زەۋەرگۇل خاپـا بولغاندەك بولۇپ. ئەمما ئۇ كـۆڭلىـنىڭ خۇش بولۇپ قالغانلىقىنـى سەزدى.
— تولا ياڭزا كۆرسەتمىگىنە. چىرايىڭنى تۇرۇۋالغىنىڭ بىلەن يەنە شۇنداق گەپنى خالاۋاتقانسەن.
— تويـۇڭلارنى قاچـان قىلىـدىغان بولـدۇڭلار؟ — دەپ گـەپنـى چـورتلا بۇرىـۋەتـتى زەۋەرگـۇل. بـۇ گـەپ بىـلـەن پـاتـىگـۇل سـەل پەسكويغا چۈشكەندەك بولدى.
— هەي، — دېدى ئۇ «ئـۇھ» تارتىپ، — هـەممـىـڭلار تويـىـنىـڭ گېپىنى قىلىدىكەنسىلەر. ئالدىراپ نېمە كەپتۇ. يەنە بىرەر يىلدەك مۇھەببەتلىشىپ يۈرۈۋالسام كۆڭلۈم ئۇنىمىغۇدەك.
— تويغـا پۈتۈشكـىنىڭـلار مۇھەببـىتـىڭـلارنىڭ سـىـناقتـىـن ئۆتكىنىغۇ. شۇ بولمىدىمۇ؟
— سەن ئوچاق بېشى بىلەن سۈپۈرگـىگە يارالغـان قىز، شۇڭـا مۇھەببەتلىششىنىڭ تاتلىقلىقىنى بىلمەيسەن ـ دە؟

پاتىگۈلنىڭ شەيتانلىق قىلىپ دېگەن بۇ گېپى بىلەن ئۇلار قانغۇچە كۈلۈشتى.

— راستىنى ئېيتسام، بۇ قاھار ھەقىقەتەن كېلىشكەن يىگىتكەن. كىيىم، چاچ دېگەنلىرىڭ ئۇنىڭ تۇرقىغا شۇنداق يارىشىپتۇ. شەھەرلىك دېگەن يەنىلا شەھەرلىك - دە.

زەۋەرگۈل يەنە بىر گەپ چىقمىسۇن، دەپ سۆزلىمەي جىم ئولتۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن پاراڭ تەبىئىيلا كىيىم - كېچەك ئۈستىگە يۆتكىلىپ كەتتى.

سىرتنى ئايلىنىپ قايتىپ كەلگەن قاھار ئىشىك ئالدىغا كېلىشى بىلەن ھېمىت نەنسەنچىمۇ تۆۋەن مەھەللە تەرەپتىن كېلىپ قالدى.

— ئايلىنىپ كەلدىم، ھېمىت ئاكا، — دېدى قاھار.

— بىر ئوبدانلا بولۇپ قاپسەن، — دېدى ھېمىت نەنسەنچى ھويلىغا كىرىۋېتىپ، — ئەمما دورا ئىچىشنى توختاتما. «ياخشى بولۇپ قالدىمغۇ» دەپ دورىنى تاشلىما. بۇنىڭغا ھەرگىز ئېرىنمە.

— ياخشى بولۇپ قالغاندىكىن، بۇنداق بىكار يۈرگۈچە ئېتىز ئىشلىرى بولسا قىلسام بولاتتى، — دېدى قاھار ئىچ پۇشۇقىنى ئېيتىپ.

— ئالدىرىما، سەللىمازا ساقايساڭ، سەن قىلىدىغان ئىشلار جىق.

قاھار بۇ گەپكە ئۇلاپ يۇرتىغا بېرىپ كېلىدىغان ئويىنى دېمەكچىدى. ئەمما ھېمىت نەنسەنچى ئالدىراپ دورىپۇرۇشلۇق ئۆيىگە ماڭدى:

— ساي مەھەللىسىدىكى ھاسان «پولدۇر»نىڭ ئۆتى ئاغرىپ بولالمايۋېتىپتۇ، شۇنىڭغا شەربەت ياساپ بېرەي.

شۇنىڭ بىلەن قاھارنىڭ گېپى ئىچىدە قالدى. «بۇمۇ بولغىنى، بۇ ھەقتە ياخشىراق ئويلىنىپ باقاي، — دەپ ئويلىدى قاھار، — ئۇياقتىن ساقىيىپلا، بۇياقتىن يۇرتقا بارىمەن دېسەم، ئۇلار قانداق

ئويلاپ قالىدۇ؟ ئادەم قاتارى كۆرۈپ ئىززىتىمنى قىلمۇاتسا، شۇنچە ئەجىر قىلىپ ساقايتىپ قويسا، ئەمدى قويۇپ... توغرا، ئالدىرىماي، ئۇلارنىڭ ماڭا قىلغىنىغا ئازراق بولسىمۇ جاۋاب قايتۇرۇپ، ئاندىن بۇ ھەقتە ئېغىز ئاچاي...»

داۋالىنىش، ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلار، تۈگىمەس خىياللار ۋە مەنزىلى ئېنىق ئەمەس ئارزۇلار بىلەن يەنە بىر يىل ئۆتۈپ، 1993 ـ يىلىنىڭ 11 ـ ئېيىمۇ ئاخىرلىشىپ، قىش ئۆزىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. تەكلەر كۆمۈلۈپ، دەرەخ يوپۇرماقلىرى غازاڭغا ئايلىنىپ كەتكەن بولغاچقا، مال ـ ۋارانلارنىڭ يېشىل ئوزۇقلۇقلىرى تۈگەپ قالغانىدى. تۆيۈقلۇقلار مۇشۇنى كۆزدە تۇتۇپ، بوش يەرلەرگە ئاق قوناق تېرىپ، كۈزلۈكى بېشىنى ئوزۇۋالغاندىن كېيىن غولىنى ئۆگزىگە دۆۋىلىۋېلىپ، قىشلىقى جادۇدا ئۇششاق توغراپ مال ـ ۋارانلىرىغا بېرەتتى. ئاق قوناق تېرىغۇدەك يېرى يوقلار بولسا، تۆيۈقنىڭ پەنجەن قاتارلىق كەنتلىرىدىن ياكى قارىغۇجا يېزىسى، لۈكچۈن بازىرىدىكى دېھقانلارنىڭ ئېتىزلىرىدىن بېشى ئوزۇۋېلىنغان ئاق قوناق غولىنى سېتىۋېلىشقا مەجبۇر بولاتتى.

بۈگۈن قاھار ھېمىت نەنسەنچىگە ياردەملىشىپ ئۆگزىدە ئاق قوناق غولىنى جادۇدا توغراۋاتاتتى. ھېمىت نەنسەنچى قاھار تولا تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالغاچقا ھەمدە ئۇنىڭ ئانچە ـ مۇنچە ھەرىكەت قىلىشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى كۆزدە تۇتۇپ مۇشۇنداق يېنىكرەك ئىشلارغا ياردەملەشتۇرۇۋاتاتتى.

ــ تۆيۈقتا قىشتا مال باقماق تەس،ــ دەپ قاقشىدى ھېمىت نەنسەنچى،ــ بۇ يەردە تەكتىن باشقا نەرسە بولمىغاندىكىن، قىشلىقى تەكلەر كۆمۈلۈپ كەتسە، قوي باقىدىغان ئېتىزمۇ قالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن قىشلىقى ئادەمنىڭ قورسىقى تويماق، مالنىڭ قورسىقىمۇ بىر مەسىلە بولۇپ قالىدۇ.

ــ بولمىسا، يازلىقى كۆپرەك مال بېقىپ، قىش كىرىشىگە سېتىۋەتسەڭلەر بولمامدۇ؟ــ دېدى قاھار ئاددىيلا قىلىپ.

— سىلەر شەھەرلىكلەر بىلمەيسىلەر، بىز دېھقان خەق باشتا شوڭداق دەپ مال بوردايمىز، قوزىلاپ سانى جىقلىغاندىكىنلا يەنە كۆپەيتكىمىز كېلىپ، سېتىشنى ئويلىمايدىكەنمىز. سىلەر بۇ چاغقىچە بىرەر قوي بېقىپ باقمىغانسىلەر؟

— باققان، لېكىن ئۆزۈن باقمىغان،— دېدى قاھار دۇدۇقلاپ.

— بىلىمەن،— دېدى ھېمىت نەنسەنچى كۈلۈپ،— قۇربان ھېيتتا قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈنلا بىرنەچچە كۈن باقىسىلەر.

شۇنىڭ بىلەن قاھارنىڭ كۆز ئالدىغا قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن كىچىككىنە ھويلىسىدىكى كارىۋاتنىڭ پۇتىغا باغلاپ قويغان قوي كەلدى. قاھارنىڭ خىيالى يەنە يۇرتىغا كېتىپ قالدى. «ئۇنى - بۇنى دەپ يەنە بىرمۇنچە ۋاقىت ئۆتتى. ھەي، چاقىرالىق بىرەر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتۇپ ھېمىت ئاكاملارغا بىر جاۋاب قايتۇرۇۋېتىپ، يۇرتقا بېرىپ كەلسەم بولاتتى...»

ئۇنىڭ خىيالىنىڭ ئاخىرى چىقماي تۇرۇپ تۇۋەندىن زەۋەرگۈلنىڭ توۋلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ئاتا، ئابدۇل شوجى كەپتۇ!

— كەنتنىڭ شوجىسى كىرگەن ئوخشايدۇ، چۈشۈپ چىقاي، سەن ئارام ئالغاچ تۇر،— ھېمىت نەنسەنچى شۇنداق دەپ كىيىملىرىنى قېقىشتۇرغانچە تۆۋەنگە ماڭدى.

— مۇنداق ئىشتى،— دېدى ئابدۇل شوجى ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپلا. ئۇنىڭ تۇرقىدىن بىر خىل جىددىيلىك چىقىپ تۇراتتى،— ئىچكىرىدىن بىر خەت چىقىپتىكەن، ئوقۇيالماي... بىزنىڭ باللار سىېنىڭ تۇغقىنىڭنى خەنزۇچىنى خەنزۇلاردەكلا سۆزلەيدىكەن دېيىدى...

لىللا ئىش قىلىدىغان، كۆڭلى يۇمشاق، ئەمما ناھەق ئىشلارغا كەلگەندە ھېچنېمىدىن يانمايدىغان بۇ شوجى شۇ تاپتا تىت - تىت بولغىنىدىن توختىماي ئالدى - ئارقىسىغا ماڭاتتى.

ئەھۋالنى چۈشەنگەن ھېمىت نەنسەنچى قىزىنى بۇيرۇدى:

— ماڭ قىزىم، قاھارنى چىقىرىپ چۈش.

زەۋەرگۈل ئۈگزىگە چىققاندا قاھار قوناق شېخىنى چايناپ

ئۇلتۇراتتى. قىش كىرگەنچە قوناقنىڭ غولىغا تەم كىرىپ، سۇلۇق، تاتلىق بولۇپ قالاتتى. بۇنى چايناشقان ئادەمگە ئۇنىڭ سۈيى بەك خۇشياقاتتى. يېزىلىقلار قوناق غولىنى توغرىغاندا توختىماي قوناق شېخى چاينايتتى. بۇنى قاھارمۇ ئۆگىنىۋالغانىدى.

— كاتتا تەرجىماننىڭ قوناق شېخى چايناپ ئولتۇرغىنىغا نېمە دەي،— زەۋەرگۈل چاقچاق قىلدى،— ئابدۇل شۇجىنىڭ سىزگە تەرجىمە قىلدۇرىدىغان نەرسىسى بار ئىكەن.

قاھار تۆۋەنگە چۈشتى.

قاھار ئابدۇل شۇجىنىڭ قولىدىكى خەتنى تېزلا ئوقۇپ چىقتى.

— بۇ لەنجۇدىن كەلگەن خەت ئىكەن،— دېدى قاھار چۈشەندۈرۈپ،— لەنجۇ شەھىرىدە مېۋە - چېۋە سودىسى قىلىدىغان «ھەسەن - ھۈسەن» دەيدىغان بىر شىركەت بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ مەقسىتى سىلەر بىلەن قورۇق ئۈزۈم سودىسىدا ھەمكارلىشىش ئىكەن.

بۇنى ئاڭلىغان ئابدۇل شۇجى «ھە، ھە» دېگىنىچە باش لىڭشىتتى.

— خەتتە دېيىشىچە، بۇرۇن سىلەر كۆرۈشۈپ، بۇ ھەقتە سۆزلىشىپتىكەنسىلەر.

— راست، راست،— دېدى ئابدۇل شۇجى خۇشال بولۇپ،— يازدا پىچانغا بىر يىغىنغا چىققاندا، دېھقانچىلىق ئىدارىسىدىكى ئەلى جۇيجاڭ بىر خەنزۇنى تونۇشتۇرۇۋىدى، ئەلى جۇيجاڭنىڭ تەرجىمە قىلىپ بېرىشى بىلەن بىردەم پاراڭلاشقان. ئۇ خەنزۇ كەنتىنىڭ ئىسمىنى يېزىۋالغانىدى. يالغانمىكىن دەپ، ئۇنتۇپلا كېتىپتىكەنمەن.

— ئابدۇل شۇجى، بۇ بەك مۇھىم ئىش ئىكەن. خەتتە قوشۇلساڭلار دەرھال جاۋاب خەت يېزىڭلار ياكى تېلېگراممىا بېرىۋېتىڭلار، دەپتۇ. ئەگەر قوشۇلساڭلار ئادەم ۋە مەبلەغ چىقارتىدىكەن.

— قوشۇلمامدىغان،— دېدى ئابدۇل شۇجى خۇشاللىقىدا

قىلىدىغان قىلىق تاپالماي،ــ ئۇنداقتا، دەرھال جاۋاب خەت يازايلى، سەن ياز، ئۇكام.

ــ مېنىڭچە، خەت يازغاندىن تېلېگراما نەچچە ھەسسە تېز،ــ دېدى قاھار چۈشەندۈرۈپ.

ــ ئۇنى نەدىن بېرىدۇ؟ــ بۇنى ئاۋارىچىلىك دەپ بىلگەن ئابدۇل شۇجى قاپىقىنى تۈردى.

ــ پوچتىخانىغا بارسىڭىز بەش مىنۇتنىڭ ئىشى،ــ دېدى ئوڭايسىزلىنىپ قالغان قاھار.

ــ ئۇكام ھېي،ــ دېدى ئابدۇل شۇجى مېڭىشقا تەييارلىنىپ،ــ سەن بۇ يەردە ئۈزۈنغىچە بارمۇ؟ يا ئەتە ـ ئۆگۈن كېتەمسەن؟

قاھار بىر نەرسە دېيەلمەي ھېمىت نەنسەنچىگە قارىدى.

ــ ئۈزۈنغىچە بار،ــ دېدى ھېمىت نەنسەنچى ئالدىراپ. بۇنى ئاڭلىغان قاھار ئېغىر تىنىپ قويدى.

ــ ئۇنداق بولسا، بەلەن بولغۇدەك،ــ دېدى ئابدۇل شۇجى دەرھاللا خۇشاللىقىنى ئىپادىلەپ،ــ ئاشۇ سودىگەرلەر كەلسە، سەن ئارىدا تۇرۇپ بېرە. بولمىسا ئادەم گاچىلا بولۇپ قالىدىكەن. غەم قىلما، ئىش ھەققىڭنى سەن رازى بولغۇدەك بېرىمەن. مەھەللىدىغۇ ئوقۇغانلار بار، مۇئەللىملەرمۇ بار. بىراق، خەنزۇلار بىلەن ئىككى ئېغىز پاراڭلىشا ـ پاراڭلاشمايلا تۆ ـ تۆتلىگەن، لۇغەتكە يۈگۈرگەن.

قاھار بۇ تەكلىپكە «يا ھە، يا ياق» دەپ بولغۇچە ئابدۇل شۇجى ھويلىدىن چىقىپ كەتتى.

ــ بۇمۇ بولغىنى،ــ دېدى ھېمىت نەنسەنچى ئۆگزىگە مېڭىپ،ــ سېنىڭمۇ كۆڭلۈڭدىكىدەك ئىش بولىدىغان بولدى.

«بۇ ئىش نەدە تۇرۇپتۇ،ــ دەپ ئويلىدى قاھار،ــ بۇ ئىش ئەمەلگە ئاشامدۇ؟ ئەمەلگە ئاشسىمۇ ئۇلار بۇ يەرگە قاچان كېلىدۇ؟ شۇ چاغقىچە بۇ يەردە تۇرۇپ كېتەرمەنمۇ؟ يەنە كېلىپ شۇجىنىڭ قاچان چاقىرىشىغا قاراپ تۇرسام بولماس...» قاھار بېشىنى كۆتۈرۈپ چۆچۈپ كەتتى. چۈنكى، زەۋەرگۈل ئۇنىڭغا سوئال نەزىرى بىلەن تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى.

ــ راستلا كېتىپ قالماسسىز؟ ــ سورىدى زەۋەرگۈل مۆكچلۈك كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ.

ــ ئاتىڭىز دېدىڭىز، مېنى ئۆزۈن تۇرىدۇ دەپ، ــ دېدى قاھار ئوكايسىزلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ــ سىزمۇ بىلىسىز، مەن نەگىمۇ بارارمەن ئەمدى؟

ئەمما، زەۋەرگۈل بېشىنى سالغانچە ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

# تۆتىنچى باب

زەۋەرگۈل يىغىمىدىن بۇيان راستىمىنلا ئۆزىنى تىڭشايدىغان بولۇپ قالغانىدى. نېمىشقىدۇر ئىختىيارى ئۆزىدە ئەمەس. ھۆجرىسىدىن بۇرۇنقىدەك يۈگۈرۈپ چىقالمايدۇ. ئىشىك تۆۋىگە بېرىپ قويۇپ ئىختىيارسىز ئەينەككە قارايدۇ. ئىككى قېتىم چىقسا ئىككى قېتىم، ئون قېتىم چىقسا ئون قېتىم قارايدۇ. ھەتتا بەزىدە كىيىمىنى يۆتكەپ چىققۇسى كېلىدۇ. يېڭىدىن كىيىنىپ، ئانچە - مۇنچە گىرىم قىلىپ قالغانلىرىدا بولسا، قاھارنىڭ ئالدىغا بارغۇسى كېلىدۇ - يۇ، تارتىنىدۇ. يەر تېگىدىن بېقىپ، قاھارنىڭ چىرايىغا سەپسالىدۇ. قاھارنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ قالغىنىنى كۆرسە يۈرەكلىرى ئويناپ كېتىدۇ. بەزىدە تېخى پاتىگۈلنىڭ ئۆيىگە بېرىپ يېزىدا بولىدىغان دۈشەنبە بازاردىن كىيىم ئېلىش - ئالماسلىقنى مەسلىھەتلىشىدۇ. كىيىمنىڭ گېپىنى قىلىپ كىرىشىپلا قالىدىغان دوستلىرىنىڭ ئۈستىدىن «لاتا ساراڭلىرى» دەپ كۈلىدىغان دوستىدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەرگە پاتىگۈل بەزىدە ھەيران بولسا، بەزىدە مەنىلىك كۈلۈپ قويىدۇ. بەزىدە بولسا: «ھەي، زەۋەر، مەن بىلىۋالدىم. ئىچىڭدە بىر جىن بار. قاراپ باقسام ئەركەك جىندەك قىلىدۇ» دەپ تېرىكتۈرىدۇ. بۇنداق چاغدا زەۋەرگۈل خاپا بولغاندەك قىلىسىمۇ، لېكىن پاتىگۈلنىڭ شۇنداق گەپلىرىنىڭ داۋاملىشىشىنى ئارزۇ قىلىپ قالىدۇ.

قاھار بولسا «يۇرتقا بارسام بولاتتى» دەپ يۇرتىنى بىلەن بۇ يەرگە تارتىشقۇسى كېلىپلا تۇراتتى. بولۇپمۇ، ھامىنى بۇ يەردىن يۇرتىغا ياكى باشقا يەرگە كېتىدىغىنىنى ئويلىسا كۆڭلى يېرىم بولىدىغان، كىمگىدۇر يۈرەك باغرى چىدىمايۋاتقاندەك سېزىدىغان،

بۇ يەردىن كېتىپلا قالسا قىممەتلىك نەرسىسىدىن ئايرىلىپ قالىدىغاندەك تۇيۇلىدىغان، نېمىگىدۇر ئىچى تىتىلدايدىغان بولۇپ قالغانىدى. پەقەت زەۋەرگۈل بىلەن پاراڭلاشسا، ئۇنىڭدىكى بۇ خىل تۇيغۇلار يوقايتتى.

توي - تۆكۈن جىقلاپ، ئۆي ۋە ئېتىمىزدىكى ئۇششاق - چۈششەك ئىشلار كۆپىيىپ كېتىپ، ئۇلارنىڭ «ئۆكسۈش» رومانىنى ئىككىنچى قېتىم ئوقۇشىدا ئىلگىرىلەش بولمايۋاتاتتى. زەۋەرگۈلنىڭ بولسا، ئەمدى يالغۇز ئوقۇغۇسى كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. بۇرۇنلاردا بولىدىغان بولسا، ئىككى ئاخشامدىلا ئوقۇپ بولاتتى. بىراق ئۇلار ئىككىسىنىلا خۇشال قىلغان ئىش قاھارنىڭ خېلىلا خەت ئوقۇيالايدىغان بولۇپ قالغىنى ئىدى.

ئۇلارنىڭ قولى بوشاپ قالغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە قاھار زەۋەرگۈلنىڭ ھۆجرىسىنىڭ ئىشىكىنى چەكتى. بۇ قاھارنىڭ تۇنجى قېتىم زەۋەرگۈلنىڭ ھۆجرىسىغا كىرىشى ئىدى. شۇڭا ئۇ ئىشىكنى چېكىپ قويۇپ سەل ئوڭايسىزلانغاندەك بولدى. ئىشىكنى ئاچقان زەۋەرگۈل بولسا قاھارنى كۆرۈپ ھودۇقۇپ كەتتى.

— قېنى، ئۆيگە كىرىڭ، — دېدى زەۋەرگۈل. قاھار ئەسلىي ئارقىسىغا داجىماقچى ئىدى، ئەمما ئىختىيارى ئەمەسلا ئۆيگە كىردى.

— ھېلىقى رومانىنىڭ ئايىغىنى ئوقۇۋەتسەك بولاتتى، — دېدى قاھار ئۆرە تۇرۇپلا. بۇ چاغدا زەۋەرگۈل ئۆزىنى ئوڭشىۋالغانىدى.

— ئولتۇرۇپ ئوقامىز، — دېدى زەۋەرگۈل ئاردىكى ئوڭايسىزلىقنى تۈگەتمەكچى بولۇپ. قاھارمۇ دەرھاللا قىزنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشەندى:

— رومانىنى ئوقۇۋېتىپ يىغلاپ سالسىڭىز، دەرھال چىقىپ قولىياغلىق ئېلىپ كىرىش ئۈچۈن ئۆرە تۇرۇپ قاپتىمەن.

زەۋەرگۈل تۇمشۇقىنى نازلىق ئۈچلاپ كىتابنى قولىغا ئالدى:

— باشلىدۇق ئەمىسە.

ئىككىسىنىڭ ھېسسىياتى چالغىپ تۇرغاچقا، كىتاب ئوقۇش

دەسلەپتە تازا يۈرۈشۈپ كەتمىدى. زەۋەرگۈل ھەدېسە خەتلەرنى خاتا ئوقۇپ، خاتا ئوقۇغانچە ھودۇقۇپ، كىتاب ئوقۇشنىڭ مەززىسى بولمىدى. بىراق قاھار چاندۇرماي ئولتۇرغاچقا، زەۋەرگۈلنىڭ كىتاب ئوقۇشى ئاستا ـ ئاستا ئىزىغا چۈشتى. مانا نالەنىڭ كۆز ياشلىرى كىتابنىڭ قۇرلىرى ئارىسىدا ئېقىپ يۈرمەكتە، مانا كەناننىڭ ئازابلىق يۈرىكى ۋاراقلاردا نامايان بولماقتا، ئۇلارنىڭ نالىلىرى ئۆي ئىچىدە ئۇچۇپ يۈرمەكتە...

زەۋەرگۈل كۆزىدىكى ياشنى ئاستا سۈرتۈۋېتىپ، كىتابنىڭ داۋامىنى ئوقۇشقا باشلىدى. قاھار بولسا دىققىتى رومانىنىڭ مەزمۇنىدا، قۇلىقى زەۋەرگۈلنىڭ ئاۋازىدا، كۆزى زەۋەرگۈلگە تىكىلىپ ئولتۇرۇپ قالغانىدى. شۇ چاغدا قاھار ئۆزىنىڭ سېھىرلىك بىر تورغا چىرمىلىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ نېمانچە جەلپ قىلارلىق، نېمانچە شېرىن تور ـ ھە!

زەۋەرگۈل تەسىرلىك ئاۋازى بىلەن كىتابنى ئوقۇماقتا:

«ئۆيلىنىش ئۈچۈن كۆزلىرىمنى يۇمدۇم. نالەنىڭ ئىسمىنىڭ ئاتىلىشى چىرايلىق بولسىمۇ، مەنىسى ياخشى ئەمەس ئىدى. يەنى نالە قىلغۇچى، ئىڭرىغۇچى. شۇڭا مەن شۇ مەنىگە زىت ئىسىم ئىزدەشكە باشلىدىم.

— تاپتىم، — دېدىم مەن، — خەندان بولسۇن!

رازىمەنلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى نالەن.

— ناھايىتى ياخشى ئىسىم بولدى. مەنمۇ قوشۇلدۇم... بۇ ئىسىمنى نەدىن تاپتىڭ، دېگىنە؟

— قانداق تاپماقچى؟ نالەن يىغلاتقاننى خەندان كۈلدۈرىدۇ...

بۇ گەپ ئاغزىمدىن شۇنداقلا چىقىپ كەتكەنىدى. نالەن ماڭا غەلىتىلا قاراپ قويدى:

— شۇنداق بولۇشى مۇمكىن. قىزىم چوڭ بولغاندا ساڭا ئەپ بېرىمەن...

بۇ چاقچاق مېنى خاپا قىلدى. ئۇنى چاچلىرى ئاقارغان، بەللىرى مۈكچەيگەن ھالدا قېينانا ھالىتىدە كۆز ئالدىمغا

كەلتۇردۇم. تەقدىر نېمىدېگەن يامان ـ ھە! نېمە بولسا بولسۇن، نالەن ئىسمىلىك خوتۇنىنىڭ قىزى بىلەن توي قىلالمايتتىم، بۇنى خىيال قىلىشىمۇ ساراڭلىق بولاتتى.

نالەن ئىچىمنىڭ سىقىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلگەن بولسا كېرەك، گەپنى باشقا ياققا بۇرىۋەتتى.

ئۆيگە قايتقىنىمدا قاراڭغۇ چۈشكەنىدى. ھۇجرامغا كىرىپ ئوچۇق پەنجىرىنىڭ ئالدىدا ئولتۇردۇم. ئاسماندا يۇلتۇزلار پارقىرايتتى، يىراقتا ئىستانبۇل سۈس تۇمان ئاستىدا ئۇيقۇغا ھازىرلانغاندەك قىلاتتى.

قىزىپ كەتكەن ئىچىمنى سوۋۇتماقچى بولغاندەك نەم ھاۋادىن تولدۇرۇپ نەپەس ئالدىم. كۆزلىرىمدىن سەۋەبسىز ياشلار تۆكۈلەتتى، كۆڭلىكىمنىڭ ئالدى ھۆل بولۇپ كەتتى.

نالەنگە ئاچچىقىم كېلەتتى. بۇ ئاچچىق بەزىدە شۇنچىلىك كۈچىيىپ كېتەتتىكى، بارماقلىرىم بىلەن ئۇنى بوغۇۋەتكۈم كېلەتتى. ئۇ چاغدا بارلىق گۈزەللىكلەردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ھېلىقى يېشىل كۆزلەر كۆزلىرىمگە تىكىلگەن پېتى يۇمۇلاتتى، سىقىلغان بارماقلىرىمنىڭ ئارىسىدا جان ئۈزۈۋاتقان بېشى ماڭا يالۋۇرغان چاغدا، چىرايلىق، ئاپئاق، رەتلىك چىشلىرى ئاخىرقى قېتىم مېنىڭ ئىسمىمنى پىچىرلىغان چاغدا، ئاندىن مەن بەختلىك بولاتتىم.

شۇ ئويلارنى ئويلاۋېتىپ، شۇ دەھشەتلىك ئىشنى قىلىۋاتقاندەك بارماقلىرىمنى پۈككەنىدىم، قۇلاقلىرىمدا ئۇنىڭ، «مېنى ئايا، كەنان»، دېگەن ئاۋازى جاراڭلىغاندەك بولدى.

بېشىمنى پەنجىرىنىڭ رامىغا تىرىدىم. بۇ يامان ئىشلاردىن ئۆزۈمنى يىراقلاشتۇرماقچى بولۇپ، كۆزۈمنى يۇمۇۋالدىم. ئۆكسۈشلىرىمنىڭ ئارىسىدا خۇددى جۆيلۈۋاتقاندەك «نالەن! سەنسىز ياشىيالمايمەن، نالەن... !»، دېگەن سۆزلەرنى تەكرارلايتتىم.»

كىتاب ئوقۇلۇپ شۇ يەرگە كەلگەندە، ئۆينىڭ ئىشكى تۇيۇقسىز ئېچىلدى. ئۇلار چۆچۈپ كېتىشتى. ئىشكتىن بېشىنى تىقىپ

قاھارنى كۆرگەن پاتىگۈل تىلىنى چىقىرىپ قويۇپ، قاھار بىلەن سالاملاشتى، ئاندىن زەۋەرگۈلگە قاراپ: «بۇياققا چىقە» دېدى. زەۋەرگۈل دوستىنىڭ بىمەھەل كەلگىنىدىن نارازى بولۇپ، ئۆيدىن چىقتى.

— نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى زەۋەرگۈل سۇسلا.

— شېرىن سۆھبەتىڭلارنى بۇزۇپ قويغىنىمغا ئاچچىقىڭ كېلىۋاتامدۇ؟

— نەدىكى شېرىن سۆھبەت ئىكەن ئۇ؟ «ئۆكسۇش» دېگەن رومانىنى ئوقۇۋاتقان.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى پاتىگۈل ئارقىغا قىلىۋالغان قولىنى سۇنۇپ، — مانا ساڭا شېرىن سۆھبەت.

ئەمما، زەۋەرگۈل دوستىنىڭ قولىدىكى پۇكلەكلىك قەغەزنى ئالدىراپ ئالمىدى. ئۇ پاتىگۈلگە سوئال نەزىرى بىلەن تىكىلىپ قارىۋەتكەندىن كېيىن سورىدى:

— كىمنىڭ خېتى؟

پاتىگۈل دوستىنىڭ مىجەزىنى بىلگەچكە چاقچاق قىلسا بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ بىردىنلا ئۆزىنى ئاقلاشقا چۈشتى:

— نەچچە قېتىم بولدى، سادىق «خېتىمنى ئاپىرىپ بەر» دەپ قىستاپ تۇرۇۋالغىلى. مەنمۇ قېچىپ يۈرگەنىدىم. بۈگۈن «ساۋاقداش تۇرۇپ، دوست تۇرۇپ بىر پارچە خەتنى ئاپىرىپ بېرىشكە يارىمىدىڭ» دەپ بېشىمنى ئاغرىتىپلا كەتتى. شۇڭا... ئەلچىگە ئۆلۈم يوق، ماڭا خاپا بولساڭ بولمايدۇ.

زەۋەرگۈل گەپنى كېسىپلا ئېيتتى:

— بولدى، ئالمايمەن.

— بۇ ئۆزۈڭنىڭ ئىشى، لېكىن، — پاتىگۈل خېلى ئىككىلىنىپ ئېچىدىكىنى ئېيتتى، — لېكىن، زەۋەرگۈل، سادىق بىزگە ئايان، چىراي - تۇرقى بولىدىغان، قول ئىلكىدىمۇ بار يىگىت. قاراپ باقە، سودىسى شۇنداق يۈرۈشۈپ كەتتى. بىر قارىساڭ ئۈرۈمچىدە، بىر قارىساڭ ئىچكىرىدە، يەنە بىر قارىساڭ يەنە بىر يەردە...

زەۋەرگۈل ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى:

— ئۇنداق بولسا، ئۆزۈڭلا ماقۇل دەۋەتمەمسەن.
— ماڭە سارالڭ...
ئىككىسى كۈلۈشۈپ كەتتى.
— مەنمۇ زورلىمايمەن، بىراق ياخشىراق ئويلىشىپ باقارسەن.
پاتىگۈل شۇنداق دەپ ئۆي ئىچىنى ئىشارەت قىلىپ سىرلىق كۈلۈپ قويدى ۋە سىرتقا ماڭدى. بۇنىڭدىن بىر نەرسىنى تۇيغان زەۋەرگۈل ۋارقىرىدى:
— خەتنى ئالدى، دەپ ئوچۇق ئېيت. «خەتنى ئالدى، ئويلىشىپ باقىدىغان بولدى» دەپ يالغان خەۋەر بېرىدىغان بولساڭ...
— شۇنداق دەيدىغانلىقىمنى ئۆزۈڭ ئوبدان بىلىسەنغۇ.
پاتىگۈل شۇنداق دەپ ۋىلىقلاپ كۈلگىنىچە كېتىپ قالدى.
— بېشىڭنى يەيدىغان...
«سادىق» دېگەن ئىسمىنى ئاڭلاپ قاھارنىڭ ئىچى تارلىقى كەلدى. «زەۋەرگۈلنىڭ جاۋابى ئېنىق بولغاندىكىن يەنە خەت يېزىپ نېمە قىلىدۇ؟ پاتىگۈلمۇ قىزىقلا قىز ئىكەن. دوستىنىڭ سادىقنى ياقتۇرمايدىغانلىقىنى بىلگەندىكىن، ئۇنىڭ خېتىنى تۇشۇغىنى نېمىسى؟» دېگەننىمۇ ئويلىدى. قاھار ئېغىر ئويغا پاتتى. ئويلىغانچە ئۇنىڭ يۈرىكى نېمىشقىدۇر ئېچىشاتتى، بىئارام بولاتتى. «سادىق دېگەن كېلىشكەن بالىكەن، پۇلى بار ئىكەن. سودىسىنىڭ يۈرۈشكىنىگە قارىغاندا يول تاپقان سودىگەر ئوخشايدۇ. شۇنداق تۇرۇپ زەۋەرگۈل نېمىشقا ئۇنىڭغا ماقۇل دېمىگەندۇ؟ بۇنىڭدا نېمە سەۋەب باردۇ؟ پەيتىنى تېپىپ بۇ ھەقتە گەپ كوچىلاپ باقسام بولغۇدەك.»
بۇ چاغدا زەۋەرگۈل پاتىگۈلنىڭ بىمەزگىل ۋاقىتتا كېلىپ، ئۆزى خالىمايدىغان ئىشتىن ئۇچۇر بېرىپ، كۆڭلىنى پاراكەندە قىلغىنىدىن خاپا بولۇپ ھويلىدا تۇرۇپ قالغانىدى. ھويلىغا قاھار چىقتى. بۇنى كۆرگەن زەۋەرگۈل ئۆزىدىكى بىئاراملىقنى تۇگىتىشكە تىرىشتى.
— پاتىگۈل نېمىشقا كەپتۇ؟ — دەپ سورىدى قاھار.

— يوقلا بىر ئىش ئىكەن،— دېدى زەۋەرگۈل ئۆيگە مېڭىپ،— يۈرۈڭ، رومانىنىڭ ئاخىرىنى ئوقۇۋېتەيلى.

ئۇلار ئۆيگە كىردى. زەۋەرگۈل رومانىنى ئوقۇشقا باشلىدى. بىراق، ئەمدى رومان قاھارغا ئۇنداق تەسىرلىك بىلىنمىگىلى تۇردى. ۋەقەلىككىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرەلمىدى. ھەدېسە خىيالىغا «سادىق» دېگەن ئىسىم كېلىۋېلىپ ئۇنىڭ دىققىتىنى بۆلدى.

ئۆيىدە ئارام ئېلىپ ياتقان قاھار يەنە شۇ ئازابلىغۇچى خىيالدىن قۇتۇلالمىدى: «سادىق بىلەن زەۋەرگۈل ساۋاقداشمىدۇ؟ بىللە چوڭ بولغانمىدۇ؟ يا زەۋەرگۈل خىجىل بولۇپ ھازىرچە ماقۇل دېگەن جاۋابنى بەرمەي تۇرغاندىمۇ؟ سادىق كۆڭلىنى بىلدۈرۈپلا تۇرسا، بىرقانچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن... ياق، ياق! زەۋەرگۈلنىڭ ئىپادىسىدىن قارىغاندا ئۇ سادىقنى ياقتۇرمايدىكەن. زەۋەرگۈلگە سادىقنىڭ نەرى ياقمايدىغاندۇ؟ ناۋادا سادىق ئوتتۇرىغا يۈزلۈك ئادەملەرنى قويۇپ تۇرۇۋالسا، زەۋەرگۈل نېمە دەر؟ ھېمىت ئاكام نېمە دەر؟...»

قاھار ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزە ئالدىغا كەلدى. سىرتتىن سوغۇقنىڭ شەپىسى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۆرۈكنىڭ قۇرۇپ كەتكەن يوپۇرماقلىرى سوغۇق ھاۋا ئېقىمىدا لەيلەپ يەرگە چۈشۈۋاتاتتى. قاھارنىڭ قەلبىدىكى بارغانچە كۈچىيىۋاتقان سوغۇق ئېقىممۇ، ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئىچى تارلىقتەك يامان تۇيغۇلارنى ھەر يان ئۇچۇرۇۋاتاتتى. تۇرۇپلا بۇنىڭغا قاھارنىڭ كۈلگۈسى كەلدى. «نېمە بولدۇم مەن؟— دەپ ئويلىدى قاھار يەنە،— سادىق زەۋەرگۈلگە تەلەپ قويسا مەن نېمانچە چىدىماسلىق قىلىپ كېتىمەن؟ مېنىڭ ئۇلارنىڭ ئىشىغا ئارىلاشقۇدەك، باھا بەرگۈدەك قانچىلىك سالاھىيىتىم بار؟ سادىق تەلەپ قويسا، نېمىشقا زەۋەرگۈلگە ئىگىدارچىلىق قىلماقچى بولىمەن؟ سادىققا يامان نەزەردە قارايمەن؟ سادىق ماڭا نېمە قىلىپ قويغان؟ ھەتتا بىز كۆرۈشۈپمۇ باقمىغان تۇرساق؟ شۇنداق تۇرۇپ مەن نېمە ئۈچۈن خەقنى ئەيىبلەپ كېتىمەن؟... مەن زادى نېمە بولۇۋاتىمەن؟»

قاھار ھەقىقەتەن چۈشىنىكسىز ۋە مۇرەككەپ تۇيغۇلار

ئىلكىدە قالغانىدى. بۇ ھەقتىكى خىياللىرىنىڭ ئاخىرىنى چىقىرالمايتتى. چۈنكى بۇ خىياللىرى داۋاملىشىپ «ئۇنداقتا، زەۋەرگۈل سېنىڭ نېمەڭ؟» دېگەن سوئالغا كەلگەندە، ئۇنىڭ خىيالى ئاستىلاپ، تەپەككۇرى گاللىشىپ قالاتتى. دېمىسىمۇ، زەۋەرگۈل ئۇنىڭ نېمىسى؟ بۇ ھەقتىكى جاۋاب قۇياشتەك روشەنكى، ئۇنىڭ شاپائەتچىسى، ھاياتلىقىغا قايتا ئىرىشتۈرگۈچىسى! قاھار بۇ خىل رېئاللىقنى ئەقىل ئوچاقلىرىدا تاۋلاپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن نېمىشقىدۇر ھېسسىيات گۈلزارلىقى ئۆزگىچە بىر گۈلنى پورەكلىتىپ ئېچىلدۇرۇشنى ئىستەيتتى. ئەمما قاھار بۇنى ئېتىراپ قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايۋاتاتتى.

قاھار ئۆزىنى ئەنە شۇنداق كونترول قىلالماي يۈرگەچكە، كىتاب ئوقۇشقا پەقەت ھەپىسلىسى بولماي قالدى. زەۋەرگۈل بىر قېتىم ئۇنىڭ بۇ خىل پوزىتسىيىسىنى كۆرگەندىن كېيىن خېلى كۆڭلەرگىچە كىتاب ئوقۇش ھەققىدە ئېغىز ئاچمىدى.

شۇ كۈنى زەۋەرگۈل «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ بىر سانىنى كۆتۈرۈپ كەلدى.

— ئاتاقلىق يازغۇچى سەئىد ئەھمەدنىڭ «قىزىل ئالما» دەيدىغان كاتتا بىر ھېكايىسى بار ئىكەن. شۇنى ئوقۇۋېتەمدۇق؟

— سەئىد ئەھمەد؟ — دېدى قاھار خۇددى شۇنداقراق بىر ئىسىمنى بىلىدىغاندەك. ئەمما قاھار خىيالى جايىدا بولمىغاچقا سوراش ئۈچۈنلا سوراپ قويغانىدى. ئەمما دەسلەپتە زەۋەرگۈل بۇنى سېزەلمەي قالدى.

— ھېلىقى «كېلىنلەر قوزغىلىڭى» دېگەن درامىنى يازغانچۇ.

قاھار بۇنى ئېسىگە ئالغاندەك بولدى:

— ھە، مەن ئاڭلىغان، لېكىن كۆرمىگەن. تۇرپان كىنو - تىياتىرخانىسىدا ئورۇندىغان.

— ھە، شۇ يازغۇچىنىڭ تەسىرلىك ھېكايىسى ئىكەن.

— نېمە بولدۇمكىن، ھازىر بېشىم ئاغرىپ تۇرىدۇ. كېيىن ئوقۇساق قانداق؟ — دېدى قاھار سۇس تەلەپپۇزدا. بۇنى ئاڭلىغان

زەۋەرگــۇل ھەيران قــالدى. چۈنــكــى زەۋەرگۇل ئۆنــىــڭ قىزغىــن مۇئامىلىسىگە كۆنۈپ قالغانىدى. شۇڭا زەۋەرگۇل سەۋەبىنى سوراپ باقماقچــى بولــدى ــ يۇ، قــاھاردىكى پــەرىشانلــىققا قاراپ بىقىــپ «بەلكىم مىجەزى يوق بولۇپ قالغاندۇ؟» دەپ ئويلاپ:

ــ ياخشىراق دەم ئېلىڭ بولمىسا. مەن ھېلى سىــزگە قايناق سۇ ئەكىرىپ بېرەي،ــ دەپ چىقىــپ كەتتى. شۇنىڭدىــن كېيىــن بىر نەچچە كۈنگىچە زەۋەرگۇل قاھارنىڭ كەيپىــياتىنــى كۆزىتىــپ يۈردى. قــاھاردا ئــۆزگــىــرىــش يــوق. شــۇنــىــڭ بــىــلــەن قــاھــار پەرىشانلىقتا، زەۋەرگۇل ھەيــرانلىقــتا كىتــاب ئوقۇش تاشــلىنىــپ قالدى.

قاھارنى تولا ساقلاپ بولماي، ئاخىر زەۋەرگۇل «قىــزىــل ئالمــا» دېگەن ھېكايىنى ئۆزى ئوقۇپ بولغان بولسا كېرەك، بىر كۈنى ئــۇ «كىتاب ئالماشتۇرۇپ كېلەي» دەپ ئۆيدىن چىقىپ كــەتتى. مۇشــۇ كۈنلەردە ھېمىت نەنسەنچى قوشنا كەنتتىكى كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ ئۆز ئۆيلىرىدىلا شەربەت ياساپ بېرىۋاتقان بولغاچقا، ئەتىگەندە بىر چىقىپ كەتسە، كەچتە بىــراقلا كېــلەتتى. شــۇڭا ئەگەر زەۋەرگــۇل بىــرەر ئىش ــ كۈش سەۋەبى بىلەن سىرتقا چــىقىپ كــەتسە، ئۆيــدە قاھار يالغۇز قالىدىغان بولۇپ قــالدى. بۇنــىڭ بىلەن يــەنە ئۇنــىڭ دېمى سىقىــلاتتى، يۈرــىكىنى بــىر نەرسە ســىقىۋاتــقاندەك بولــۇپ، ئولتۇرالماي قالاتتى. بۇرۇنغۇ ئۇ ئۆزىنىڭ كېسەل ئــازابى بىلــەن، ئاغرىــق دەردى بــىلەن يــۈرۈپــتىكــەن. مــانا ئەمــدى جــىسمــى ئــارام تېپىۋىدى، ئــىچكى دۇنــياسى ئارام بــەرمىگــىلى تۇردى. بۇرۇنــلاردا پەرھىزلىرى، شەرتلىرى كۆپ ھېمىت نەنسەنچىمــۇ ھازىر «ئەمــدى سەن كۆڭــلۈڭنى ئــازادە تۇتۇپ، كۈن بــويى خۇشــال يــۈرەلىسەڭــلا تېخىمۇ شــىپا تېپــىپ كېتــىسەن. بۇنــىڭغا ئــىچىڭ پــۇشمىســۇن. ۋاقتى كەلگەندە، مەن بولدى دەيمەن، ئەتىسىدىن باشلاپ كەتمەننــى قولــۇڭغا ئالــىسەن» دەپ ئۇنــىڭغا جــىقمۇ شــەربەت ياســمايدىغــان بولۇپ قالدى.

باشتا يۈرتقا بېرىپ كېلىشنى ھېــمىت نەنــسەنچىــگە دېيــىش ئۇنــىڭغا بــىر غەم بولــغــان بولــسا، مــانا ئــەمــدى قــاھار ئــۆزىــمۇ

چۈشەنمەيدىغان، توغرىسى چۈشىنىشتىن قورقىدىغان غەلىتە دەرد ئىچىدە قالدى.

قاھار مەشىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ يەنە شۇنداق خىياللارغا غەرق بولدى. ئۇ قولىدىكى چۈقچىلىغۇچ بىلەن ئوتى سۇسلاپ قالغان مەشىنىڭ قارىداپ قالغان گىرۋىكىگە يېنىك ـ يېنىك ئۇراتتى. شۇ ئولتۇرۇشىدا ئۇنىڭ ھاياتىدىكى نۇرغۇن كەچمىشلەر ئارىلىشىپ كەتكەندەك بولدى. ئەگەر شۇ ۋاقىتتا ئىشىك ئېچىلمىغان بولسا، ئۇنىڭ خىيالى نەگە بېرىپ، نەدە توختايدىكىن؟ ئازابلىق ئۆتمۈشى ئۇنىڭ يۈرىكىنى قانچىلىك جىجايدىكىن؟

ئۆيگە ساتىراش كىرىپ ئۇنىڭ خىيالى بۆلۈندى. قاھار ئورنىدىن تۇرغۇچە، ساتىراش گەپ قىلىپ ئۈلگۈردى:

— بارمۇسىز بۇ جاھاندا؟ ساتىراشخانامغا بىرەر قېتىم بېرىپ قويامدىكىن دېسەم، قارىغىزمۇ يوق. ئۆزۈمموغۇ ھۈنەر پىششىقلايمەن، دەپ پىچاندا بىرەر يىلدەك تۇرۇپ قالدىم.

— سالامەتلىكىم تولۇق ئەسلىگە كېلىپ بولماي...، — دېدى قاھار ساتىراشنىڭ زىيادە قىزغىنلىقىدىن ھودۇقۇپ. ئۇنىڭ ئۈستىگە قاھار ساتىراشنىڭ ئۇ چاغدىكى گېپىنى راست دەپمۇ بىلىپ كەتمىگەنىدى.

ئەمما، ساتىراش ئۇنىڭ سۆزى بىلەن كارى بولماي، يەنە ئۆز گېپى بىلەن بولدى:

— چېچىڭىز ئۆسۈپ قاپتۇ، لېكىنزە، ئۆزۈن چاچمۇ سىزگە بەك يارىشىدىكەن.

ئۇنىڭ ماختىشىغا قاھار بىرنەرسە دېيەلمەي قالدى. ساتىراش بولسا ئۇنىڭ قولىدىن تارتتى:

— يۈرۈڭ، باشقا ئىشىڭىز بولمىسا، ساتىراشخانامغا بېرىپ پاراڭلىشايلى.

باشتا قاھار بۇ تەكلىپكە قارشى چىقىپ، تارتىنماقچىمۇ بولدى. لېكىن ئۆيدە سىقىلىپ ئولتۇرۇشتىن بۇنى خوپ كۆردى. «بۇ يەردە خىيالغا يەم بولۇپ ئولتۇرغاندىن، بېرىپ كۆرۈپ باقاي.

كىم بىلىدۇ، مەن قىلغۇدەك بىرەر ئىش چىقىپ قالامدۇ تېخى؟...»

قاھار شۇ ئوينىڭ تۇرتكىسى بىلەن ساتىراشقا ئەگەشتى. ئۇنىڭ ساتىراشخانىسى ئاق مەسچىتنىڭ يېنىدا ئىكەن.

ساتىراشخانا يېزىغا خاس ئاددىيلا بېزەلگەن. قارىغاندا، بۇ ساتىراشنىڭ ئاساسلىق دەسمايىسى بىر نەچچە تارغاق، ئىككى قايچا، بىر چاچ ئېلىش ماشىنىسى بولسا كېرەك. لېكىن ئاددىيلىقىغا باقماي، ساتىراشخانا قىزىپ كەتكەندى. ئىككى ياش بالا ھەدەپ تالىشىۋاتاتتى. ئوتتۇرا ياشلىق بىرەيلەن موخۇركىسىدىن قويۇق ئىس چىقارغىنىچە، ئۇلارغا قاراپ كۈلەتتى.

— ھەي پەتتار «بەتتام»،— دېدى ئورۇقراقى،— چېچىڭنى ئۇزۇن قىلىۋالساڭ، تېخىمۇ بەتتاملىشىپ كەتمەمسەن؟

— سەنچۇ، ھە؟— دەيتتى يەنە بىرى،— چېچىڭنى ئۇنچىلىك كالتە قىلىۋالساڭ، خەق تېقىمىغا ئۇرۇپ كۈلەر. سېنى بىكارغا شاكىر «شېكەر» دېمەيدۇ. بىلىپ دەيدىغۇ شۇ.

— بولدى تالاشماڭلار،— دېدى ساتىراش ئۇلارنىڭ تالىشىشىدىن بىزار بولغاندەك،— نەۋاخ سىلەر تالاشقىلى. چاچ دېگەننى بىرسى مۇنداق ياساپتۇ، مەنمۇ شۇنداق ياسايمەن دەپ ياسىساقلا بولمايدۇ. ھەر ئىشتا ئەھۋالىمىزغا قارايمىز.

ساتىراش بېرىپ ئورۇندۇقنى سۈرتتى.

— بۇلار،— دېدى ساتىراش ئۇلارنى تونۇشتۇرۇپ،— پەتتار «بەتتام» بىلەن شاكىر «شېكەر». ئىككىسى يېقىن دوست. ئەمما چاچ ياسىتىشتا كېلىشەلمەي، خېلى بولدى تالاشقىلى. بىرسى ئۇزۇن دېسە، يەنە بىرى قىسقا دېگەن...

— ياراشقىنىچە ياساتسا بولمامدۇ،— دېدى قاھار سۆز قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ. راستىنى ئېيتقاندا، بۇ ئىشتىن ئۇنىڭ كۈلگۈسى كېلىۋاتاتتى.

— گەپ شۇ يەردە،— دېدى ساتىراش رەسمىي كۈلۈپ،— چاتاق يېرى، ئىككىسى ئوخشاش ياساتماقچى.

ئەمدى قاھار بۇنىڭغا بىرنىمە دېيەلمەي قالدى.
— ئولتۇرۇڭە، — دېدى ساتىراش ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ، — مەن بۇلارغا يارىشىدىغان چاچنى كۆرسىتىپ قوياي.
بۇ گەپ قاھارغا سەل بىئەپ بىلىندى - يۇ، لېكىن يەنە ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. ھەقىقەتەنمۇ ئۇنىڭ چېچى ئۆسۈپ قالغان بولۇپ، ئالدىرىدىغان ۋاقتىدىن ئېشىپ كەتكەنىدى.
— قاراڭلار، — دېدى ساتىراش قاھارنىڭ چېچىنى چىرايلىق قىلىپ تاراۋېتىپ، — ئۇزۇن چاچ دېگەن مۇنداق ياراشسا بولىدۇ.
ئەمدى قاراپ تۇرۇڭلار.
ساتىراش شۇنداق دەپ قايچىسىنى ئەپچىللىك بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈشكە باشلىدى. ساتىراشنىڭ قولى ئىشتا بولغان بىلەن ئاغزى سۆزدىن توختىماس ئەمەس ئىدى. ساتىراشخانىغا يېڭىدىن كىرگەنلەر بىلەن كارىمۇ بولماي سۆزلەۋەردى:
— بۇنداق چاچ دېگەننى مۇنداق ياسىسىمۇ بولىدۇ، چېكە قىسمىنى بەكرەك ئويۇۋۆتسىمۇ يارىشىدۇ. كەينى تەرىپىنى تەكشىلىۋەتسە ئازادە، پاكىز كۆرسىتىدۇ. ئوتتۇرىدىن بۆلۈپ تارىۋالسا ياش كۆرسىتىدۇ. بۇ ئاغىنىمىزغا قايسىسى بولسا يارىشىۋېرىدۇ. ھە، ئەمدى ئۆزىڭىز تاللاڭ، ئوتتۇرىدىن بۆلىمەنمۇ، ئوڭغىمۇ؟ ياكى سولغىمۇ؟
— ئوڭ تەرەپكە تارايمەن.
— بۇنىڭدا بەك سالاپەتلىك كۆرۈنىسىز - دە. قاراڭلار، بىر تەرەپكە تاراپلا قويۇۋېدىم، بۇ ئاغىنىمىزنىڭ چېچى يەنە بىر پاسونغا كىردى. قاراڭلار، قاراڭلار، مەن چاچ ياسىمايۋاتىمەن، چاچ ئۆزىنى ئۆزى ياساۋاتىدۇ.
ساتىراش شۇنداق كاسىلداپ يۈرۈپ قاھارنىڭ چېچىنى ياساپ بولدى. ساتىراش قاھارنىڭ بوينىدىكى، يۈزىدىكى چاچلارنى لۆڭگە بىلەن قېقىپ چۈشۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ چېچىنى يەنە بىر تاراپ، قاھارنىڭ قولىغا كىچىك ئەينەكنى تۇتقۇزۇپ قويدى. قاھار ئەينەككە قاراپ تۇرۇۋىدى، گاراڭ - گۇرۇڭلار ئارىسىدىن ئېنىق بىر ئاۋاز ئاڭلاندى:

— چاچ شۇنچىۋالا يارىشىدىغان كىم ئاغىنە بۇ؟
— ھېمىت ئاكامنىڭ تۇرپاندىن كەلگەن تۇغقىنى، — دەپ چۈشەنچە بەردى ساتىراش. ئۇ ئاۋاز يەنە ئاڭلاندى:
— ھە، مۇشۇ ئاداش شۇمۇ.
قاھار خىجىل بولۇپ بېشىنى كۆتۈرەلمىدى. ئاڭغىچە يەنە بىر نىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:
— سادىق ئاداش، پۇلۇڭ جىق بولغاندىكىن، مۇنۇ چاچ يارىشىدىغان ئاداشنىڭ كېسىۋەتكەن چاچلىرىنى سېتىۋالامسەن - يە؟
ساتىراشخانىدا كۈلكە كۆتۈرۈلدى. ئەمما بۇ گەپ قاھارغا قىزىق بىلىنمىدى. بەلكى «سادىق» دېگەن ئىسىمنى ئاڭلاپ يۈرىكى «قارتتىدە» قىلىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئىچكى كۈچىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن بېشىنى كۆتۈردى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پۈزۈر كىيىنگەن، قولىدا سۈزگۈچلۈك تاماكىنى ئويناپ تۇرغان بىرسى تۇراتتى. ئەمما بايا چاقچاقتا دېيىلگەندەك ئۇ ئاداشنىڭ چاچلىرى تولىمۇ شالاڭ ئىدى. شۇ تاپتا سادىقنى قاھارغا تىكىلىپ قاراۋاتىدۇ، دېگەندىن قاھارنىڭ چېچىغا يەۋەتكۇدەك قاراۋاتىدۇ، دېگەن تۈزۈك ئىدى.
شۇ ھالدا بىر ھازاغىچە تۇرۇپ كەتكەن سادىق بىر چاغدا قاھارنىڭ كۆزىگە مەغسىتمەسلىك نەزىرى بىلەن تىكىلىپ بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن كۈلۈپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. ساتىراشخانىدىكىلەردىن بىرنەچچىسى ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭدى.
پەتتار «بەتتام» بىلەن شاكىر «شېكەر» بولسا ئەتە كېلەيلى، دېيىشىپ بىر - بىرىنى تارتىشىپ چىقىپ كېتىشتى. شۇنىڭ بىلەن ساتىراشخانىدا ئۇلار ئىككىسىلا قالدى.
— سادىق دېگەن كىم ئۇ؟ ھەممىسىلا ۋاي دەيدىكەنغۇ؟ — دېدى قاھار ىىجەزىگە ماس كەلمىگەن ھالدا ئالدىراپ سوراپ. ئەمما تولا ۋاتىلدايدىغان ساتىراشقا قاھاردىكى بۇ يېڭىلىق غەلىتە بىلىندى.
— سىز تېخى تونۇمامسىز؟ يېشى كىچىك بولغان بىلەن سودىدا تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ بىراقلا كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن بەگزادە.

— نېمە سودا قىلىدۇ؟ — قاھار ئەمدى ئۇنىڭ ھېلىقى «سادىق» ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ، ئۆزىنى تۇتالمىغان ھالدا سورىدى.

— ئاساسەن ئىچكىرىگە ئۇزۇم تارتىدۇ. لەنجۇ دېگەن يەردە ئۇزۇمنى بەك يەيدىغان ئوخشايدۇ. نەچچە ماشىنا ئۇزۇم بىلەن كىرىپ كەتسە، بىر ئايغا قالماي، سومكىلاپ پۇل كۆتۈرۈپ چىقىدۇ. شۇڭا، كۆردىڭىزغۇ، ئاغىنىلىرى كۆپ. پۇلىنىغۇ ساناپ ئولتۇرماي خەجلەيدۇ. يېقىن ئۇچ ئاغىنىسىغا بىردىن موتسىكلىت ئاچىقىپتۇ. دېگەنبىلەن پۇل دېگەننى تېپىۋەتتى دېسە، — ساتىراش شۇنداق دەپ قاھارغا يېقىن سۈرۈلدى، — ئۇنىڭ پۇللىرىغۇ بەرىبىر زەۋەرگۈلنىڭ.

قاھار سەگەكلەشتى:

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

— سىز راستىنلا ئۇقمايدىكەنسىز، — دېدى ساتىراش كۈلۈپ، — سىزنىڭ بىر نەۋرە تۇغقىنىڭىز مۇشۇ سادىق بىلەن پۈتۈشۈپ قالىدىغاندەك تۇرىدۇ. شۇنىڭغا دېگىنىم.

قاھار بۇنى ئاڭلاپ يېنىك تىندى ۋە ئاغزىدا «ھە» دەپ قويغىنى بىلەن ئىچىدە: «ئەپقاچتى گەپلەر كوچىغا چىقىپ بوپتۇ - دە» دەپ ئويلىدى. شۇنىڭ بىلەن گەپنى ئۆز مەقسىتىگە بۇرىدى.

— مەن بۇ يەردە خېلى تۇرۇپ قالىدىغان ئوخشايمەن. لېكىن ماڭا ھېمىت ئاكاملارنىڭ ئۆيىدە بىكار يەپ يېتىش بىر ئىش بولىدى. پۈتۈن - سۈرۈك بىر ئوغۇل بالا تۇرۇپ... ئۇنىڭ ئۇستىگە ھازىر ئەھۋالىمىز ياخشى بولۇپ قالغاندىكىن، بىرەر ئىش بولسا قىلايمىكىن، دېگەن.

قاھار بۇ گەپنى ساتىراشنى نېمىدەپ قالار دەپ ئەنسىرەپ دېگەنىدى. بىراق، ساتىراش ئۇنچىلىك ئويلاپ ئولتۇرمىدى.

— بۇ گېپىڭىزمۇ توغرا. سىزگە مۇۋاپىق كېلىدىغان نېمە ئىش باردۇ؟ ھە راست، ئاڭلىسام ئابدۇل شوجى سىزنى كەنتتە ئىشلىسۇن دەپتىكەنغۇ؟

«ھوي، يېزا دېگەندە ھېچ ئىش سىر ئەمەسمۇ، نېمە؟» قاھار

ھەيران قالدى. يېزىدا ئىش ـ ئەمەلنىڭ، گەپ ـ سۆزنىڭ قانچىلىك تېز تارقىلىدىغانلىقىنى قاھار بىلمەي قالغانىدى. دەرۋەقە، قاھارنىڭ خەنزۇچىنى قانچىلىك بىلىدىغانلىقى، چاچ ئالىدىغان خەنزۇ بىلەن قىلىشقان سۆھبىتى، ئابدۇل شوجىنى قانچىلىك قايىل قىلىۋەتكەنلىكى قاتارلىقلارنىڭ كىشىلەرگە ئايان بولۇپ بولغانلىقىنى قاھار قانداقمۇ ئويلاپ يېتەلىسۇن؟ چۈنكى، ئۇنىڭ بىلىدىغىنى، قوشنىسى يىغلىسا «ئەڭ ياخشىسى ئاربلاشما» دەپ قۇلاق يوپۇرۇۋالىدىغان شەھەر كىشىلىرى تۇرسا. ھەتتا قاھار شۇ تاپتا ئىش ئىزدەپ ئېيتقان بۇ سۆزىنىڭ ئەتىلا قانات ـ قۇيرۇق چىقىرىدىغانلىقىنىمۇ ئويلاپ يېتەلمىدى.

— ئۇ ئىش قاچان راستقا ئايلانغۇچە بىكار يۈرمەمسەن؟

بۇ گەپ بىلەن ساتىراش خىيالغىچە ئويلىنىپ تۇرۇپ كەتتى.

— ھە راست،— دېدى ئۇ بىر چاغدا،— مىجىت «چىڭ»نىڭ جۇۋازخانىسىغا ئادەم لازىم، دەپ ئاڭلىۋىدىم. مەھەللىدىكى ياش باللار بېرىدىغان ھەقنى ئاز كۆرۈپ ئىشلىگىلى ئۇنىمايۋاتقاندەك قىلغان.

— مەن بېرىدىغان ھەق بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايمەن.

— ئۇنداق بولسا بېرىپ بېقىڭ،— دېدى ساتىراش قاھارنىڭ قەتئىيلىكىنى كۆرۈپ،— ئاق مەسچىت ئالدىدىن جەنۇبقا بۇرۇلۇپ، ئەللىك مېتىردەك ماڭسىڭىز، چىرىغى يېنىق تۇرغان ھويلا شۇ. بارسىڭىز توكتا ماڭىدىغان ماشىنىنىڭ ۋاڭىلدىغان ئاۋازىمۇ ئاڭلىنىدۇ.

قاھار رەھمەت ئېيتىپ ساتىراشخانىدىن چىقتى. قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەنىدى. ھاۋا سوغۇق بولغاچقىمۇ، سىرتتا ئادەم كۆرۈنمەيتتى. قاھار قاراڭغۇغا كۆزىنى كۆندۈرۈۋالغاندىن كېيىن ساتىراش دېگەن بويىچە مېڭىپ كەتتى. دېگەندەك، ئۇ بىر ئاز ماڭمايلا چىراغ يورۇقىنىمۇ كۆردى، توكتا مېڭىۋاتقان ياغ چىقىرىش ماشىنىسىنىڭ ئاۋازىنىمۇ ئاڭلىدى.

قاھار جۇۋازخانىغا كىرگەندە، ئوتتۇرا ياشلاردىكى بىر ئادەم تەرلەپ ـ پىشىپ زاۋۇتنىڭ سۆكىنىگە چىگىت تۆكۈۋاتاتتى. ئون

نەچچە ياشلاردىكى بىر ئوغۇل بالا ئۇنىڭغا ياردەملىشىۋاتاتتى. ئۇ كىشىنىڭ قولى ئىشتىن بوشىغاندا، قاھار بېرىپ ئەھۋاللاشتى. ئەمما بۇ كىشى قاھارنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بېشىنى چايقىدى.

— ئۇكام، ھازىر چىگىت ئاخىرلىشىپ قالدى. شۇڭا ئىشمۇ ئۇنچە بېسىق ئەمەس. بىر ئاي بۇرۇن كەلگەن بولسىڭىز، سىزنى گەپ قىلدۇرمايلا...

قاھار ئۇ يەردىن ئۈمىدسىزلىنىپ قايتىپ چىقتى. ئەمدى نەگە بارىدۇ؟ ئەسلىي ئۇ ساتىراشتىن ئۈمىد كۈتكەنىدى. كۆردى، ئۇمۇ يوق گەپ ئىكەن.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆيگە قاراپ ماڭدى. بىردىنلا سومكىلاپ پۇل كۆتۈرۈپ يۈگۈرۈپ يۈرگەن سادىق كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ، ئەلەم بىلەن لېۋىنى چىشلىدى. سادىق تەييار پۇلنىمۇ يىغىپ بولالمايدىكەن، قاھار بولسا موچەنگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئىش ئىزدەپ ئىشىكلەردە دوقۇرۇپ يۈرىدۇ. ئۇنىڭ كۆرگۈلۈكى يەنە بار ئوخشىمامدۇ؟

ئەتىسى ناشتىدىن كېيىن، ھېمىت نەنسەنچىنىڭ ئاڭلىمىغىلى ئۇزۇن بولغان «چەكلەش بۇيرۇقى» يەنە ئېلان قىلىندى:

— ھازىر كۈندىن ـ كۈنگە سوغۇق بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. شۇڭا تولا تالاغا چىقما. بولمىسا، بۇ سوغۇق ئاغرىقىڭنى قايتا قوزغاپ قويمىسۇن يەنە.

ئەمما، نېمىشقىدۇر بۇ چەكلەش بۇيرۇقىغا بۇرۇنقىغا ئوخشاش مېھرىبانلىق، ئامراقلىق سىڭمىگەن. بۇنىڭغا قاھار ھەيران بولدى، تېڭىرقىدى. ھېمىت نەنسەنچى شۇنداق دەپ قايىقىنىمۇ ئاچماي چىقىپ كەتتى. ھويلىدا ئۇنىڭ ھارۋىسىنى تەييارلاۋاتقانلىقى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. زەۋەرگۈل ئاتىسىغا ياردەملەشكىلى چىقىپ كەتتى. قاھار سوئالغا چۆكۈپ ئولتۇرۇپ قالدى.

ھېمىت نەنسەنچى ھارۋىسىغا بېسىلغان دورا ـ دەرمەكلەردىن ئەتراپقا تۈرلۈك پۇراقلارنى تارقىتىپ مېڭىپ كەتتى.

زەۋەرگۈل قايتىپ كىردى، ئەمما قاھار ئۇنىڭدىن «ھېممىت ئاكامغا نېمە بوپتۇ؟» دەپ سورىيالمىدى. زەۋەرگۈلمۇ بۇ ھەقتە ئېغىز ئاچمىدى.

— نېمە بولدى سىزگە؟ — دەپ ئۇدۇللا سورىدى زەۋەرگۈل، — مۇشۇ كۈنلەردە بېشىڭىزنى خىيالدىن كۆتۈرەلمەيدىغان، غەمدىن بېرى كېلەلمەيدىغان بولۇپ قالدىڭىزغۇ؟

— ھېچ ئىش يوق، — دېدى قاھار ھودۇقۇپ.

— قارىسام كىتابتىنمۇ زېرىككەندەك تۇرىسىز. يا ئوقۇغان ھېكايىلەردىكى ئىشلاردىن يادىڭىزغا كېلىپ قالغان ئادەملەرنى سېغىنىپ قالدىڭىزمۇ؟

گەرچە، گەپ چاقچاق يوسۇنىدا چىقىۋاتقان بولسىمۇ، زەۋەرگۈلنىڭ گەپ ئېلىۋاتقانلىقى ئېنىقلا ئىدى. شۇڭا قاھارمۇ تارتىنىپ ئولتۇرمىدى.

— مېنىڭ سېغىنىدىغان كىشىممۇ بولسۇن؟

— يوقمۇ؟ — دېدى زەۋەرگۈل قاھارنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ. شۇ پەيتتە قاھار نېمە بولسا زەۋەرگۈلگە سەممىي بولۇش نىيىتىگە كەلدى:

— بۇرۇن بار ئىدى. كېيىن مەن ئۇ قىزنىڭ سېغىنىشقا ئەرزىمەيدىغان قىز ئىكەنلىكىنى بىلدىم.

— كېيىنچۇ؟

— سېغىنمايدىغان بولدۇم. بەلكىم ئۇ قىزمۇ سېغىنمايدىغان بولۇپ قالغاندۇ.

— نېمىشقا ئەمدى؟ — زەۋەرگۈل بۇ سوئالنى سوراشتا ئالدىراپ قالغانلىقىنى بىلىپ لېۋىنى چىشلىدى. ئەمما نېمىشقىدۇر كۆڭلى شۇنداق سوئالنى سوراشقا ئۇندەپلا تۇرىۋاتاتتى.

— مۇشۇنداق ئېغىر ئاغرىپ قالغىنىمدىن كېيىن ئۇ قىز مېنى تاشلاپ كېتىپ قالدى.

قاھار شۇنداق دەپ بولۇپ جىمىپ كەتتى.

— تازا ۋىجدانسىز قىز ئىكەن، — زەۋەرگۈل شۇنداق دەۋېتىپ جىددىيلىكىنىڭ بېسىلغانلىقىنى، يېنىك بولۇپ قالغانلىقىنى

سەزدى. «نېمە بولۇۋاتىمەن؟ — دەپ ئويلىدى زەۋەرگۈل، — باشقا قىزنى ئەيىبلەيمەنۇ، يەنە نېمىگە كۆڭلۈم خۇش؟»

— ھوي، ۋاق بولۇپ كېتىپتۇ، تاماققا تۇتۇش قىلاي، — دېدى زەۋەرگۈل ئېچىلىپ - يېيىلىپ، — نېمە تاماق يېگۈڭىز بار؟ پۈتۈن ھۈنىرىمنى چىقىرىپ، تەمىنى ئاغزىڭىزدىن كەتمەيدىغان قىلىۋېتەيچۇ!

زەۋەرگۈل تاماق تەييارلىقىغا كىرىشتى. قاھار يەنە زۆھرە توغرىسىدا ئويلاپ قالدى. ئەمما بۇ قېتىم يۈرىكى ئۇنچە بەك ئېچىشىپ كەتمىدى. «ھېلىمۇ زۆھرە بىلەن توي قىلمىدىغان ئىش بولۇپ قالماپتۇ، — دەپ ئويلىدى قاھار، — بولمىسا، تويدىن كېيىن مۇشۇنداقراق بىر ئەھۋالغا چۈشۈپ قالسام، بەربىر ۋاپاسىزلىق قىلاركەن.»

تاماق ۋاقتىدىمۇ ھېمىت نەنسەنچى ئارتۇقچە سۆز قىلمىدى. بۇرۇنقى ئادىتى بويىچە ئۇ - بۇ ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپمۇ ئولتۇرمىدى. بۇنىڭدىن قاھارنىڭ يۈرىكى سىقىلدى ھەمدە ھېمىت نەنسەنچىنىڭ ناشتىدىكى سۆزى بىلەن ھازىرقى پوزىتسىيىسى ئوتتۇرىسىدا باغلىنىش باردەكمۇ بىلىندى. «ھېمىت ئاكامغا نېمە بولغاندۇ؟ يا مەن بىرەر ئىشنى خاتا قىلغاندىمەنمۇ؟ ياكى زەۋەرگۈلنىڭ توي ئىشى تازا چېنىغا كەلمەيۋاتامدىكىن؟»

دۇئادىن كېيىن قاھار نېمىنىڭ خاتا بولغانلىقىنى بىلدى.

— بالام، مەن ساڭا نەچچە قېتىم دېدىم. سېنىڭ سالامەتلىكىڭنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەممىدىن مۇھىم. سىرغالى بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ شۇ نىيەتنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ قويۇپتىكەنمەن... ئالدى بىلەن سېنى راۋۇرۇس ساقايتاي... مەن شۇنىڭ ئۇچۇن پالاقلاپ يۈرسەم، سەن نېمە كويدا يۈرىسەن؟ قايسى كۈنىمۇ ساڭا ئېيتتىم، ساقايساڭ، سەن قىلىدىغان نى - نى ئىشلار بار تېخى. ھەي بالام، كىچىكلىك قىپسەن. بۆكۈمدەك كەنتتە ئىزدەپ يۈرۈپسەن. بۇ يەردە شەھەردىكىدەك يۈگۈرۈپ چىقىپ، قانچە ھەق بولسا مەيلى دېسەڭ، چىقىپلا تۇرىدىغان ئىش - ئوقەت يوق. قەيەردە، كىمنىڭكىدە نېمە ئىش بارلىقى ھەممىگە

ئايان. ئۇنىڭ ئۈستىگە بالام، كۆرۈۋاتىسەن، ھال - ئۇقىتىم خېلى ياخشى. شۇنى ئېسىڭدە تۇتقىنىكى، قىزىم بىلەن ئىككىمىزنىڭ مۇشۇ ئىشلارغا قىلچە مىننەت قىلىدىغان يېرىمىز يوق. خۇدايىم شىپالىق بېرىپ، ئورنۇڭدىن تۇرۇپ كەتسەڭلا، ھاردۇقىمىز چىقىپ كېتىدۇ. باشقا ئىشلارنىڭ كارايىتى چاغلىق.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ قاھار خىجىللىقتىن يەرگە كىرىپ كەتكۇدەك بولدى ۋە بۇ ئىشنى باشتا ھېممەت نەنسەنچىگە مەسلىھەت سالمىغىنىغا پۇشايمان قىلدى. زەۋەرگۈل بولسا، نېمە ئىشلىقىنى بىلمەي، ئاتىسىنىڭ گەپلىرىدىن گاڭگىراپلا قالغانىدى. شۇنداقلا ئاتىسىنىڭ قاھارغا بۇنداق گەپ قىلغىنىغا نارازىلىق قىلغۇسى كەلدى.

— نېمە بولدى ئاتا، تاماق ۋاقتىدا شۇنچىۋالا گەپ قىلغۇدەك؟

ھېممەت نەنسەنچى قاھارنىڭ ئىش ئىزدەپ جۇۋازخانىغا بارغان ئىشىنى دەپ بەردى. بۇنى ئاڭلىغان زەۋەرگۈل قاھارغا ھەيرانلىقتىن قاراپلا قالدى.

قاھار باشتا بۇ ئىشتىن خىجىللىق ھېس قىلغان بولسا، ئەمدى بىر ئىشتىن ھەيران قالدىكى، يېزىدا ئانچىكىم ئىشلارمۇ نېمە ئۈچۈن تېز تارىلىدىغاندۇ؟

چۈشلۈك ئارام ئېلىپ ياتقاندا، بۇ ئىش يەنە ئۇنىڭ خىيالىغا كىرىۋالدى. ئەمدى ئۇ خېلى سوغۇق قان بولۇپ قالغانىدى: «مەن راستتىنلا خاتا قىلدىممۇ؟ ئىشلەيمەن دېگىنىمنىڭ نەرى خاتا؟ ياق، مەن بۇ ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنىڭ ياخشى كۆڭلىگە قاراپلا ئولتۇرسام بولمايدۇ. كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە ئىش قىلاي. ئۇلارغا جاۋاب قايتۇرغۇدەكلا يېرى بولسا، ئازراق بولسىمۇ قايتۇرۇپ تۇراي. ئەينى ۋاقىتتا قىلچە قەدرىنى قىلمىغان داۋۇتلار ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلمىدىم؟ شۇنداق تۇرۇپ، ماڭا شۇنچىۋالا ياخشى مۇئامىلە قىلىۋاتقان ھېممەت ئاكاملارنى بېشىمغا ئېلىپ كۆتۈرسەممۇ ئازلىق قىلىدۇ...»

قاھارنىڭ شۇ خىياللىرىنىڭ ئارىسىغا تويۇقسىز سادىق قىستۇرۇلۇپ كىرىپ كەلدى: «شۇنداق، مەن چوقۇم بىر ئىش قىلىشىم كېرەك. ئۇ ھەرقانچە جاپالىق، ھەققى ئاز ئىش بولسىمۇ

مەيلى... ھېممەت ئاكاملار قىلغىنىمنىڭ توغرىلىقىنى ئاخىر چۈشىنىپ قالىدۇ...»

قاھارنىڭ مۇرەككەپ خىيالى بارغانچە ئاددىيلىشىپ ئاخىر يۇرتىغا بارىدىغان ئىشقا بېرىپ توختىدى: «مۇشۇنچىلىك ئىشىمغا نارازى بولۇۋاتقان ئادەمگە ھازىرچە ئۇ ھەقتە ئېغىز ئاچقىلى بولمىغۇدەك.»

توغرا، بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن ياخشى داۋالىنىش كېرەك، سالامەتلىكى ئەسلىگە كېلىشى كېرەك. «بەلكىم بۇنىڭ ئەڭ ياخشى پۇرسىتى ئابدۇل شۇجىنىڭ گېپىگە كىرىپ كەنتكە ياردەملىشىش، — دەپ ئويلىدى قاھار يەنە، — مۇشۇ ھالىمدا ماڭا ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى يەنە نېمىمۇ پۇرسەت بولسۇن.»

كەچقۇرۇنلۇقى پاتىگۈل كېلىپ زەۋەرگۈل ئىككىسى تويغا جابدۇنغىلى تۇردى.

— بۈگۈن توي تازا قىزىيدىغان بولدى. دىيەنزىچىڭلارنى تەييار قىلىپ قويۇپتۇدەك، — دېدى پاتىگۈل خۇشاللىق بىلەن.

— دىيەنزىچىڭنى نەدىن ئەكەپتۇ؟

— دىيەنزىچىڭلا ئەمەس، پەنجەندىكى ھېلىقى ساتتار دېگەن ناخشىچىنىمۇ ئېلىپ كەپتۇدەك.

— ئۇلارنىڭ ئۇنچە چوڭ ھويلىسى بولمىسا؟

— داستىخاننى ئۆيدە سېلىپ، تانسىنى كەنتنىڭ زالىدا قىلغۇدەك.

تانسا بۇ يېزىدىكى ياشلار ئارىسىدا يېڭىدىن ئومۇملاشقان بولۇپ، تويدا ئېلېكترونلۇق رويال چېلىپ، تانسا قىلىش يېڭىدىن پەيدا بولغان، ئەمما ياشلارنىڭلا ئەمەس، ئوتتۇرا ياشلىقلارنىڭمۇ قىزىقىشىنى قوزغىغۇدەك بىر ھادىسە ئىدى. پاتىگۈل بىلەن زەۋەرگۈلنىڭ سۆھبىتى شۇ توغرۇلۇق بولۇۋاتاتتى.

ئۇلار قىزغىن سۆھبەتلەر بىلەن ياسىنىپ بولۇشقاندىن كېيىن رۇخسەت سوراش ئۈچۈن ھېممەت نەنسەنچىنىڭ يېنىغا كىرىشتى.

— گەپ قىلمىسام، ئۆزۈڭلارنى بىلىشمەيدىكەنسىلەر.

ئاتىسىنىڭ دوق قىلىپ دەۋاتقان بۇ گېپىنى ئاڭلىغان

زەۋەرگۈل «ئۇنىمايدىغان بولدى» دېگەن خىيال بىلەن بىردىنلا مەيۈسلىنىپ قالدى. پاتىگۈل بولسا ئاكىسىنى قايىل قىلىدىغان گەپ تېپىش ئۈچۈن جىددىي ئويلاندى.

— ئۆزۈڭلار ئوينىساڭلارلا بولامدۇ؟ — دېدى ھېمىت نەنسەنچى سۆزىنى داۋام قىلىپ، — قاھارنىڭمۇ ئىچى پۇشۇپ بىر يەرگە بېرىپ قالغاندۇ؟ ئۇنىمۇ بىللە ئاپىرىڭلار.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىككى قىز باشتا «ئۇھ» دېيىشتى. كېيىن ھەيران بولۇپ، بىر ھېمىت نەنسەنچىگە، بىر قاھارغا قاراپ قېلىشتى. قاھار بولسا ئالاقزادە بولۇپ كەتتى.

— ياق، ياق، مەن بارمايمەن. بارسام بولمايدۇ...

— راست، قاھارمۇ بىز بىلەن بىللە بارسۇن، — دېدى پاتىگۈل چاققانلىق بىلەن سۆزلەپ، — توي تۇرسا، يەنە كېلىپ بىزگە ھەمراھ بولىدۇ. تازا ياخشى بولغۇدەك. شۇنداق قىلىڭ، قاھار.

قاھار ئىككىلەندى. بۇ ئىشتىن زەۋەرگۈلمۇ خۇش بولدى، شۇڭا ئۇمۇ سالا قىلدى:

— بىز بىلەن بىللە بېرىڭ. بۇ يېزىنىڭ تويلىرىنىمۇ كۆرۈپ قويۇڭ. كۆڭلىڭىزمۇ ئېچىلىپ قالىدۇ.

پاتىگۈل قاھارنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا، ئۇنىڭ ئۇستىۋېشىغا قاراشقا باشلىدى ۋە:

— سىزگە ياسىنىشنىڭمۇ ھاجىتى يوقكەن. مۇشۇ ھالىتىڭىزدە بارسىڭىزمۇ توي ئۈچۈن مەخسۇس ياسانغان يىگىتنىمۇ ئېشىپ چۈشكۈدەكسىز، — دېدى.

ئاخىر قاھار ئۇلارغا خۇشاللىق بىلەن ئەگەشتى. «ھاۋا مۇشۇنداق سوغۇق تۇرسا، ئۇلار قانداقمۇ تانسا ئويۇشتۇرغاندۇ؟» دەپ ئويلىدى قاھار. ھاۋا ھەقىقەتەن سوۋۇپ كەتكەنىدى.

— قېنى ئۇ ئۆمەر دېگىنىڭ؟ — دەپ سورىدى زەۋەرگۈل.

— پىچانغا يىغىنغا كەتكەن. قارىغاندا بۈگۈن كېلەلمەيدۇ. قارىغىنە، مۇشۇ ۋاقىت بولغان تۇرسا.

ئارىنى بىر ئاز جىمجىتلىق بېسىۋىدى، پاتىگۈل بۇنىڭغا چىدىمىدى:

— سىزنى ئاكا دەيمىزمۇ ياكى دوستىمىزمۇ؟

تۇيۇقسىز سورالغان بۇ سوئالدىن قاھار تەمتىرەپ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى.

— سەن دەپ باقە، زەۋەر.

— ماڭە، ساراڭ، نەدىكى يوق گەپلەرنى دەپ،— دېدى زەۋەرگۈل يالغاندىن ئاچچىقلانغان بولۇپ. ئەمەلىيەتتە ئۇ مۇشۇ سوئال ئارقىلىق قاھارنىڭ ئىچىدىكىنى بىلىۋالغىنى ئۈچۈن خۇشال بولدى.

— يېشىمىز ئۇنچە پەرق قىلمىغاندىكىن، دوست بولمايمىزمۇ.

— مەنمۇ شۇنى خالايمەن،— دېدى پاتىگۈل دەرھاللا. ئەمما زەۋەرگۈل جىمىمدە مېڭىۋەردى.

— ھە، گەپ قىلمايسەنغۇ، دوستى بولماي، نېمىسى بولغۇڭ بار؟ ئىچىڭدىكىنى ئېيتە؟— پاتىگۈل زەۋەرگۈل بىلەن چېقىشىشقا باشلىدى،— خىجىل بولۇپ كەتتىڭغۇ. قاھار، بايقاپ يۈرۈڭ جۇمۇ. ھېچنېمىنى سېزەلمەي كېيتەر ئۈچۈپ كەتمىسۇن يەنە.

— يائاللا پاتەم، ھەردائىم ئاغزىمغا كەلدى دەپ دەۋەرسەڭلا بولمايدۇ،— دېدى زەۋەرگۈل تېرىكىپ. ئەمما پاتىگۈلنىڭ چېقىشىشى قاھار بىلەن زەۋەرگۈلنىڭ ھەر ئىككىسىگىلا خۇشياقتى. شۇڭىمۇ ئىككىسى بىر - بىرىگە قارىشىپ قويۇشتى.

پاتىگۈلنىڭ تىنماي ئۇنى - بۇنى دېيىشى، قاھار بىلەن زەۋەرگۈلنىڭ چوڭقۇر خىياللارغا پېتىپ مېڭىشى بىلەن ئۇلار تويغا يېتىپ كېلىشتى.

ئۇلار توي بولغان ئۆينىڭ ئىشىكىگە يېتىپ كېلىشى بىلەنلا خۇددى ئۇلارنى ساقلاپ تۇرغاندەكلا سادىق بىلەن سايىم ئىشىك ئالدىغا چىقتى.

— قارا، سادىق، بىز كۈتكەن پەرىزاتلار يېتىپ كەلدى،— دېدى سايىم خۇشامەتگۈيلۈق بىلەن. سادىق بولسا ئىككى قىزغا ئۇتتەك ئىنتىلىپ تۇرۇپ سالام بەردى. قاھارغا نۆۋەت كەلگەندە بولسا، چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، بېشىنى ئانچىكىم لىڭشىتىپ قويدى. قاھار بۇنىڭدىن بەك ئوڭايسىزلىنىپ كەتتى.

— كۆزۈڭ كورمۇ سايىم سىڭىلىڭ، ھەممىلا ئادەم پەرىزات كۆرۈنۈۋاتامدۇ ساڭا؟ — دېدى سادىق مەسخىرىلىك ئاھاڭدا. گەپنىڭ باشقىچە غەرەزدە بولۇۋاتقانلىقىنى دەرھال چۈشەنگەن پاتىگۈل سادىقنىڭ ئالدىغا باردى:

— تويغا خۇشال بولغىلى كەلدۇق. ئەگەر خاپا قىلىپ قويسىڭىز، ئۆزىڭىزدىن كۆرۈڭ.

سادىق دەرھاللا ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى:

— ياپىرىم، چاقچاق پاتىگۈل. ھە، قېنى توي باشلىناي دەپ قالدى.

— داستىخاندا ئولتۇردۇڭلارمۇ؟ — دەپ سورىدى زەۋەرگۈل.

— ياق، — دېدى سادىق دەرھاللا زەۋەرگۈلنىڭ يېنىغا بېرىپ، — سىلەرنى ساقلاپ تۇرغانىدۇق.

سايىممۇ خۇشامەت قىلىپ ئۈلگۈردى:

— زەۋەرگۈل، سىزنى كۆرمىسە، سادىقنىڭ گېلىدىن تاماقمۇ ئۆتمەيدۇ ھازىر.

زەۋەرگۈل سايىمغا ئالىيىپ قويدى. زەۋەرگۈلنىڭ خاپا بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرىدىمۇ، سادىقمۇ سايىمغا قاراپ قاپىقىنى تۈردى. سايىم دەرھال نېرى كەتتى.

— ئۇنداق بولسا، بىزمۇ قىزلارنىڭ قېشىغا كىرەيلى. سىلەر قاھارنى داستىخانغا باشلاڭلار.

سادىق قىزغىنلىق بىلەن ماقۇل بولۇپ، قاھارنى باشلاپ ماڭدى. ئۇلار پولۇنى ئىشتىھا بىلەن يەپ بولغۇچىمۇ تۇزۇكرەك گەپ قىلمىدى. لېكىن، قاھار شۇنى ھېس قىلدىكى، سايىم سادىقنىڭ قولچۇماقچىسى ئىكەن. سادىقنىڭ چىرايىدىكى ھەربىر خاپىلىق ۋە خۇشاللىق ئىپادىلىرىگە ھەر ۋاقىت دىققەت قىلىپ تۇرىدىكەن، سادىقنىڭ خۇشاللىقىنى ئىزدەيدىكەن، كۆڭلىنى ئاچىدىغان گەپلەرنى قىلىشقا تىرىشىدىكەن. «جان باقتى ئىكەنسەن» دەپ ئويلىدى قاھار.

تاماقتىن كېيىن ئۇلار كىچىك بىر ئۆيگە كىرىشتى. بۇ ئۆيدە ئون نەچچە يىگىت «قېلىنلىق دورىسى» ئىچىشىۋاتاتتى. گۇپپىدە

پۇرىغان هاراق پۇرىقى دەرھاللا قاھارنىڭ بېشىغا چىقتى. ئۇ بۇ پۇراقنى ئۇنتۇپ كەتكىلى نېكەم؟ قاچان پۇرىغان بولغىيدى؟ ئۆيدە بولغان ئوپۇر - توپۇر قاھارنىڭ خىيالىنى بۆلدى. يىگىتلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ سادىققا ھۆرمەت بىلدۈرۈشۈۋاتاتتى.

— قېنى سادىق، تۆرگىلا چىقىۋال، — دېدى سايىم ئۆيدىكىلەر ئېغىز ئاچقۇچە ئالدىراپ. قالغانلارمۇ بۇ گەپكە يارىشا «تۆرگە، تۆرگە چىقىۋال» دېيىشتى. سادىقمۇ تارتىنىشىپ تۇرمايلا يىگىتلەرنىڭ ئالدىدىن گۈرسۈلدىتىپ دەسسەپ تۆرگە چىقىپ ئولتۇردى ۋە:

— بىر مېھمىنىمىز بار، ھە، قاھار، يېنىمغىلا ئۆت، — دېدى. قاھارمۇ سايىمنىڭ زورلىشى بىلەن تۆرگە چىقتى. قاھار جايلىشىپ بولغاندىن كېيىن سادىق ھەيرانلىق ئىچىدە قاراپ تۇرغانلارغا قاراپ ئېيتتى:

— بۇ ئاغىنىمىز زەۋەرگۈللەرنىڭ تۇغقىنى قاھار، ئوينىتىپ ئېلىپ كەلدىم.

— سادىق، چاققان نېمە سەن جۇمۇ، مۇشۇنداق قىلىۋەرسەڭ، زەۋەرگۈلنىڭ ساڭا تەسلىم بولماي نېمە ئامالى؟

يىگىتلەر كۈلۈشتى. سادىقمۇ رازىمەنلىك بىلەن كۈلۈپ بېشىنى لىڭشىتتى. ئەمما قاھار بولسا بۇ گەپتىن ئولتۇرالماي قالدى، خۇددى سادىق ھازىرلا زەۋەرگۈلنى قولتۇقلاپ ئېلىپ ماڭىدىغاندەك بىلىنىپ، يۈرىكى ئېچىشىپ كەتتى.

— قويمامسەن ھارىقىڭنى، — دېدى سادىق مەغرۇرلۇق بىلەن، — يۇراپ ئولتۇرىدىغانغا ئېلىپ كىرمىگەنسىلەر ئۇ بىر نېمەڭلارنى.

— ۋاي، ۋاي، مانا تەييار بولۇپ تۇرغان. ئازمۇ - جىقمۇ بىلەلمەي شۇ.

— قانداق قويغان بولساڭ شۇنداق قوي، — دېدى سادىق، — سىلەر قېلىنلىق دورىسى دەپ ئىچسەڭلار، بىز ئىچمىمىز دەپ ئىچمىمىز.

شۇنىڭ بىلەن ساقىي چاي چىنىسىگە لىق قىلىپ ھاراق قويدى

ۋە سادىققا سۇندى. ئاڭغىچە سايىم سۆيلەپ يۈرۈپ سادىقلارنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن سەۋزە ۋە پىنتۇزىدىن قىلىنغان بىر لېگەن سوغۇق سەي ئەكەلدۈرگۈزدى. سادىق ھاراقنى بىر تىنىقتىلا ئىچىۋەتتى. ساقىي قاھارغا قاراپ ئىككىلەندى:

— مېھمانغا؟

— ئوخشاش قۇي، — دېدى سادىق.

— مەن ئىچسەم بولمايدۇ، سالامەتلىكىم يار بەرمەيدۇ، — دېدى قاھار چۈشەندۈرۈپ.

— راست، بۇ ئاغىنىمىز كېسەل، ئىچەلمەيدۇ، — دېدى سادىق. ئەمما تۇيدۇرماي سايىمغا ئىشارەت قىلىۋەتتى.

— كېسەل مىكروبلىرىنى ئۆلتۈرىدۇ، — دېدى سايىم، — ئۇنىڭ ئۈستىگە سادىقنىڭ ئاغىنىسى ھاراقتىن داجىپ ئولتۇرسا، سادىقنىڭ يۈزىگە سەت. چوپچوڭ يىگىتكە بىر چىنە ھاراق دېگەن نېمىتى؟

— ياق، ياق، ھاراقتىن قورققىنىم يوق، بۆرۈنمۇ قورقمىغان، بىراق مەن ئالدى بىلەن مۇشۇ كېسەلدىن بىر قۇتۇلاي. ئاندىن... شۇڭا مېنى چۈشەنسەڭلار.

— بۆرۈنمۇ ئىچىپتىكەنسىزغۇ مانا.

— شۇ ئەمەسمۇ، ھاراقنى ئىچمىگەنلىكتىن بولغان كېسەل بۇ.

— ھاراق سېغىنغان ئورگانىزملىرىڭىز سىزدىن ئاغرىنىپ يالغاندىن ئاغرىق بولۇۋالدىمۇ تېخى!

— ئاچچىقسۇ ئىچكەندىن مىلىڭ ياخشى دەيمەن.

— زەھەر بولمىغاندىكىن، گالدىن ئۆتۈپ كەتسىلا تۈگەيدىغان ئىشقۇ شۇ...

بىرنىڭ كەينىدىن بىرى بولۇۋاتقان زورلاشلار قاھارنى گاڭگىرىتىپلا قويدى. زورلاش تازا ئەۋجىگە چىققاندا قاھار قانداق قىلىپ ھاراق چىنىسىنى قولىغا ئېلىپ قالغانلىقىنى تۇيمايلا قالدى. باياتىندىن بېرى ھاراقنىڭ قاڭسىق پۇرىقىغا كۆنۈپ قالغاچقىمۇ بۇرنىنىڭ يېنىغىلا كېلىپ قالغان ھاراق ئەمدى ئۇنىڭغا بايىقىدەك سەسكىنىشلىك پۇراپ كەتمىدى. قاھار

قولىدىكى سۆزۆك سۆيۆقلۆقا قاراپ ئۆلتۆرۆپ كەتتى. ئەمما يەنە باشلانغان زورلاشلار ئۆنىڭ شۆ تاپتا قوزغالغان خىيالىغا ئىمكانىيەت بەرمىدى.

— ئىچىۋېتىڭە ئەمدى.

— قولغا ئېلىپ قالغان نەرسىنىمۆ قايتۆرامدۆ؟

— ئاز بولۆپ قالدىمۆ - يە؟

— ھاراقنىڭ ئاچچىقىدىن قورقىسىڭىز، مانا زاكوسكىسىمۆ تەييار، — دېدى بىر مەست سوغۆق سەي ئېلىنغان لېگەننى ئۆنىڭ ئالدىغا سۆرۆپ تۆرۆپ.

— قېنى خوش، ساقلاپ كەتتۆق، ھاراق مۆزلاپ كەتتى، — سۆيلىدى ساقىي بىتاقەت بولۆپ. قاھار ئاخىر ئىچىۋېتىش قارارىغا كەلدى. «بىر چىنە ھاراق ئىچكەنگە ھېچنېمە بولماس...» قاھار ئۆلار تەسەۋۋۆر قىلغاندەك قىيىنىلىپ ئەمەس، بەلكى چىرايىنى ئۆزگەرتىپمۆ قويماي ھاراقنى بىر كۆتۆرۆشتە ئىچىۋەتتى. ئۆلپەتداشلار «ھوي...» دەپ قېلىشتى. سادىقمۆ ئۆنىڭغا لەپپىدە بىر قاراپ قويدى.

ئەمما، دەردىنى قاھار ئۆزى بىلدى. ھاراق ئىچمىگىنىگە ئۆزۆن بولۆپ كەتكەچكە، ھاراق ئۆنىڭ ئىچىنى كۆيدۆرۆۋەتكەندەكلا بىلىندى. ئۆ ھاراقنى قاچان ئىچكەنچە - ھە؟ دوستلىرىنى تۆنجى قېتىم ئۆيىگە زىياپەتكە چاقىرغان ئاخشىمى داۋۆت تەرىپىدىن ئۆيىگە بەند قىلىنغان چاغدا، ئەنۋەر ئاتا ئوقۆتقۆچىلارنى تەربىيىلەش مەركىزىنىڭ ئوقۆغۆچىلىرى بىلەن ئۆلتۆرۆش قىلغان چاغدا، يەنە ئابدۆراھمان بىلەن بىللە ياتقان ياتاقتا. يەنچۆ؟ قاھار ئەسلىيەلمىدى. ئۆ چاغدا دەردتىن، خۆشاللىقتىن، كۆڭۆل خۆشى ئۆچۆن ئىچكەنىدى. ئەمدىچۆ؟ زورلىنىشتىن ئىچتى. بۆنداق ئىچكەن ھاراق ئادەمگە ئېغىر زۆلۆم ئىكەن، خالاس!

ھاراق ئۆز نۆۋىتى بىلەن ئايلىنىشقا باشلىدى. قۆرۆق ھاراق يىگىتلەرنى ئاسانلا قىزىتىۋەتكەنىدى. ئۆبدانلا قىزىۋالغان يىگىتلەر ھەدەپ ھويلىغا بويىنىنى سوزۆپ «ناخشىچىلار تېخى تەييار

بولمىدىمكىن؟ بالدۇرراق باشلاپ ئۇزاق ئويىنىۋالساق بولاتتى»
دېيىشىپ كېتىشتى.

هاراق نۆۋىتى سادىققا كەلگەندە ئۇ ساقىيغا ئېيتتى، ياق،
بۇيرۇق قىلدى:

— ماڭا ئىككىنى قۇيە.

ساقىي «ماقۇل» دەپ بولغۇچە سايىم يەنە بىر چىنىنى تەييار
قىلىشقا ئۈلگۈردى.

— مەن يېڭى تونۇشقان دوستۇم قاھار بىلەن ئىچىمەن ھەم
مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئىككى ئىشنى ئېلان قىلىمەن. بىرى،
قاھار زەۋەرگۈلنىڭ تۇغقىنى، دېمەككى، مېنىڭ دوستۇم. شۇڭا
ئۇنىمۇ ماڭا ئوخشاش كۆرىسىلەر. ئىككىنچىدىن، قاھار بۇ يەرگە
داۋالانغىلى كەلگەن، شۇڭا مېنىڭدىن باشقىڭلار ئۇنىڭغا ئەمدى
هاراق زورلىمايسىلەر.

سادىق هاراق چىنىسىنى قاھارغا سۇندى. قاھار بىر ئاز
تۇرۇۋەتكەندىن كېيىن قولىنى سۇندى. قاھارنى خاپا قىلىپ
قويغىنى سادىقنىڭ چوڭچىلىقى ئەمەس، بەلكى شۇ ئارقىلىق
ئۆزىنى زەۋەرگۈلگە يېقىن كۆرسەتكىنى بولدى. شۇڭا
سورۇندىكىلەرنىڭ سادىقنى زەۋەرگۈلگە چېقىپ قىلغان
چاقچاقلىرىدىن قىزغانغاندەك ھېسسىياتتا كېلىپ قالدى.

ئۇلار چىنىلىرىنى يېنىك ئۇرۇشۇپ ئەمدى ئېغىزلىرىغا ئېلىپ
بېرىشىغا بىر مەست چالۋاقىدى:

— ھەي تۇرپانلىق ئاداش، سېنى كۇنبويى زەۋەرگۈل بىلەن
بىر ئۆيگە كىرىۋېلىپ كىتاب ئوقۇپ يىغلىشىپ كېتىدۇ دەيدىغۇ.

كۇتۇلمىگەن بۇ گەپتىن قاھار خىجىل بولۇپ كەتتى. ئەمما بۇ
گەپ سادىقنىڭ يۈرىكىگە نەشتەر بولۇپ سانجىلدى. شۇنىڭ بىلەن
ئۆزىنى تۇتالماي قالغان سادىق قولىدىكى چىنىنى مەستنىڭ
كەينىدىكى تامغا ئاتتى:

— يوقال، كۆتى بىلەن ئاغزىنىڭ پەرقى يوق گۆي.

قورقۇپ كەتكەن مەست «مەن... مەن نېمە دېدىم...» دەپ
غودۇڭشىغانچە ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

— قۇيە يەنە بىرنى!— دەپ ۋارقىرىدى سادىق.
ئۇلار هاراقلىرىنى ئىچىپ بولۇپ تۇرۇشىغا سىرتتىن بىر يىگىت يۈگۈرۈپ كىردى:
— ناخشىچىلار تەييار بولدى.
بۇ گەپنى ئاڭلىغان يىگىتلەر ئۇپۇر - تۇپۇر بولۇپ كېتىشتى، سادىقلارمۇ ئۆيدىن چىقىشتى.
«سادىقنىڭ زەۋەرگۈلگە خېلى كۆڭلى بار ئىكەن،— دەپ ئويلىدى قاھار ئۆيدىن تانسا بولىدىغان كەنتنىڭ زالىغا كېتىۋېتىپ،— ئەمما زەۋەرگۈل نېمىشقا ئۇنىڭغا ئۇنىمايدىغاندۇ؟ سادىقنىڭ نەرىنى ياقتۇرمايدىكىنە؟ سادىقنىڭ پەيلىدىن قارىغاندا، ئەگەر زەۋەرگۈل ماقۇللا دەۋەتسە، سادىق ئەتىسىلا چاڭ كەلتۈرۈۋەتكۈدەك. ئۇنى شۇنچە چوڭ سۆزلىتىۋاتقىنى پۇلىدۇر شۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ تويى...»
سادىق بىلەن زەۋەرگۈلنىڭ توي قىلىدىغىنىنى خىيال قىلغان قاھار ئاچچىق تولغىنىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن قاھاردا خۇددى سادىق بىلەن ئۇزۇن يىللىق ئۆچمەنلىكى باردەك بىر يامان تۇيغۇ پەيدا بولۇپ، ئارقىسىدىن سايىم بىلەن نېمىنىدۇر غۇدۇرۇشۇپ كېلىۋاتقان سادىققا غەزەپ بىلەن قاراپ قويدى.
دەرۋەقە، قاھار كېتىۋاتقان توپنىڭ خېلى كەينىدە قاراڭغۇلۇق ئىچىدە سادىق بىلەن سايىم كېلىۋاتاتتى. ئۇلار هەدەپ يېقىنلىشىپ ئاۋازلىرىنى بوش چىقىرىشقا تىرىشاتتى.
— كۆردۈڭغۇ، ۋاي دەپ كەتكۈدەك يېرى يوق ئىكەن بۇ كېسەل كۆرپىسىنىڭ،— دېدى سادىق كۆرەڭلىك بىلەن،— بۇنداق ئادەمنى زەۋەرگۈل ھەرگىز ياقتۇرمايدۇ.
— سەل قارىمايلى سادىق،— دېدى سايىم سەگەكلىك بىلەن،— بايا ئۇنىڭغا بەك يۇمشاقلىق قىلىپ كەتتىڭ. باللارغا قويۇپ بەرگەن بولساڭ... ئاڭلىغان گەپلىرىم يالغان ئەمەس، قوشنىلىرىنىڭ دېيىشىچە، ئۇلار ئەتىدىن - كەچكىچە بىللە ئىكەن. بۇنداق چاغدا زەۋەرگۈلنىڭ ئۇششاق تىللىرى چىقىپ كېتەرمىش!
بۇ گەپ بىلەن رەشك ئوتلىرى سادىقنىڭ يۈرىكىنى كۆيدۈرۈپ

كۆل قىلىۋەتكىلى تاس قالدى. ئۇنىڭ چىشلىرى غۇچۇرلىدى، مۇشتى تۈگۈلدى. دېمىسىمۇ راست، زەۋەرگۈلنىڭ پاراڭلاشقۇسى كەلمەيدۇ. ناۋادا ئۇدۇل كېلىپ قالغانلاردا، تويلاردا بىر يەردە بولۇپ قالغانلاردا زەۋەرگۈلنىڭ رەسمىيەتكىلا گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى سادىق بىلىپ تۇرسىمۇ، بۇنىڭغا چىداپ كەلدى، كۆلدى، ئامال بار ئۇنى خاپا قىلماسلىققا تىرىشتى، بىر كۈنلەرگە كەلگەندە كۆلۈپ باقمىدىغىنىغا ئىشەندى. ئەمدى كۆرۈڭ، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە مۇنۇ يالاڭتۆش كېسەل كۆرپىسىگە قىلىپ كەتكەنلىرىنى...

ئويلىغانچە غەزىپى تاشقان سادىق ئالدىدىكى قاھارنىڭ ياقىسىغا ئېسىلغىلى تاس قالدى.

— سادىق، بايا مەستلەرگە قويۇپ بەرگەن بولساڭ، ئۇ ھوشىنى تېپىۋالغان بولاتتى، — دېدى سايىم ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلۈپ.

— ئۇنداق قىلغىنىڭ بىلەن بەرىبىر زەۋەرگۈلنى خاپا قىلىپ قويىدىغان ئىش. سەۋرچان بولايلى. ئۇ بۇ يەردىن كەتسىمۇ ھەممە ئىش پۈتىدۇ.

— بۇنداق ئويلىمايلى، — دېدى سايىم، — ئەگەر ئۇلار ئىككىسى ھە - يە دېيىشىپ قالسا... چاتاق بولىدۇ جۇمۇ.

بۇ گەپتىن سادىق چىرايىنى تۈرۈپ سايىمغا قارىدى. ئەمما قاراڭغۇ بولغاچقا سايىم ئۇنىڭ چىراي ئىپادىسىگە پەرۋا قىلماي سۆزلەۋەردى:

— مېنىڭچە، بۇنىڭغا ۋاقتىدا بىر چارە قىلايلى.

— قانداق چارە؟

— ئۇلارنى ۋاقتىدا ئايرىۋېتىش كېرەك. دېمەكچى، قاھار ئۇلارنىڭ ئۆيىدە تۇرمىسۇن. قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ئىشى تېخى پۈتىدىغان يەرگە بارماپتۇ. مۇشۇ ۋاقىتتا پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ قاھارنى بۇ يەردىن كەتكۈزۈۋەتسەك...

— بەك چوڭقۇر ئويلاپ كېتىپسەن، — دېدى سادىق ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئارتۇقچە دەپ قاراپ، — قاھار دېگەنىنىڭ ۋاي دېگۈدەك نېمىسى بار؟ بۇنى ئەقلى بار ئادەم ئويلايدۇ. بولدى، قاراپ باقمامدۇق.

سايىم ئىچىدە: «كۆرىمىزغۇ» دېدى ـ يۇ، ئارتۇق گەپ قىلماي سادىققا ئەگەشتى.

كەنتنىڭ زالى ئالللىقاچان راسلىنىپ بولغانىدى. زالنىڭ ئىككى تەرىپىگە قويۇلغان ــ مەكتەپتىن ئېلىپ كېلىنگەن ئورۇندۇقلار قىز ـ يىگىتلەرگە لىق تولغان. ناخشىچىلار بولسا ئېلېكترونلۇق روياللى تەقلەپ، ئاۋاز ياڭراتقۇلىرىنى تەڭشەپ بولغانىدى. ناخشىچىلارنىڭ يېنىدا ئويۇن ـ تاماشاغا مەسئۇل ۋە شۇنداق ئىشلارغا ئامراق يىگىتلەر ئۆزئارا پاراڭلاشقاچ زالدىكىلەرگە مەغرۇر قارايتتى. چۈنكى، بۈگۈن ئۇلارنىڭ دېگىنى ھېساب، نېرى ـ بېرى قىلساڭ تانىسىدىن قوغلىنىسەن. شۇنىڭ بىلەن كەنت ئىشخانىسىنىڭ ئالدىدا ناخشا ـ مۇزىكىغا ئىچىڭ ئېچىشىپ قۇلاق سېلىپ، ئاچچىق موخۇركاڭنى چېكىپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولىسەن.

بىر چاغدا تاماشىغا مەسئۇل يىگىتلەر ئېلېكترونلۇق رويال قويۇلغان ئۈستەلنىڭ يېنىغا كىچىك بىر سورۇن راسلىدى: بىرنەچچە چىنە، ئىككى بوتۇلكا ھاراق، بىر چەينەك چاي، بىر تەخسە سوغۇق سەي ۋە بىر تەخسە جىگەر قورۇمىسى تەقلەندى. شۇ ۋاقىتتا مەسئۇل يىگىت كېلىپ سادىقنى تارتىشقىنىغا قارىماي شۇ سورۇنغا ئېلىپ باردى ۋە ناخشىچىلارغا تونۇشتۇردى. ناخشىچىلار سادىققا تەكەللۇپ قىلىپ كەتتى. سادىقمۇ بىر قاپ ئېسىل تاماكىنى «سورۇن»غا تاشلاپ ئۇلارنى خۇشال قىلىۋەتتى. سادىق زالغا، بولۇپمۇ سايىم بىلەن قاھار تۇرغان يەرگە «كۆردۈڭلارمۇ» دېگەندەك قاراپ قويدى.

ئۇلار زالدىكىلەرنىڭ كۆزىنى قىزارتىپ، نەپسىنى تاقىلدىتىپ، ئۆچمەنلىكىنى قوزغاپ بىر ـ ئىككى رومكىدىن ئىچىشكەندىن كېيىن ناخشىنى باشلىدى.

خۇددى مۇشۇنىلا كۈتۈپ تۇرغاندەك، مۇزىكىنىڭ پائۇزى «تىرىڭڭىدە» قىلىپ باشلىنىشى بىلەنلا يىگىتلەر قىزلار تەرەپكە يوپۇرۇلدى، زالغا يېپىتىلغىلى ئۆزۈن بولغان خىشلاردىن توپا ئۆرلەپ چىقتى. بۇنىڭ بىلەن لامپۇچكىدا سۇس يورۇپ تۇرغان زال

تىخىمۇ غۇۋالىشىپ كەتتى. ئەمما يىگىت ـ قىزلار بۇنىڭ بىلەن كارى يوق مەيداندىن ئورۇن ئېلىشىپ، مۇزىكىغا تەڭكەش قىلىپ قەدەم ئېلىشقا باشلىدى. ھېچكىم بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمىدى.

ــ تانسا ئويناشنى بىلەرسىز؟

قۇلاق تۇۋىدىلا ئاڭلانغان بۇ ئاۋاز قاھارنى چۆچۈتۈۋەتتى. ئۇ بۇرۇلۇپ يېنىدا كۆزىگە ئىلتىجا بىلەن تىكىلىپ تۇرغان زەۋەرگۈلنى كۆردى ۋە: «قاچان بۇ يەرگە كېلىۋالغاندۇ؟ بايىلا كەينى رەتتىكى قىزلارنىڭ يېنىغا بېرىۋالغاندەك قىلىۋىدى» دەپ ئويلىدى.

ــ تانسا ئوينىمامسىز؟ ــ دەپ گېپىنى تەكرارلىدى زەۋەرگۈل.

ــ تانسا!

قاھار تانسا ئويناشنى نېمىشقا بىلمىسۇن. ئاشۇ ۋاپاسىز زۆھرە قاھارنىڭ تانسىغا ئۇستىلىقىغا ھەۋەس قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن يېقىن ئۆتكەن ئەمەسمىدى ۋە كېيىن... زەۋەرگۈلنىڭ گېپى بىلەن قاھارنىڭ پۇتىغا جان كىرگەندەك، رىتىم سېزىملىرى ئويغانغاندەك بولدى.

ــ كېلىڭ، ــ دېدى ئۇ كەسكىنلىك بىلەن. بىراق، زەۋەرگۈل ئىككىلىنىپرەك ئۇنىڭغا ئەگەشتى.

ناخشا باشلىنىشى بىلەن تۇنجى قەدەمنى ئالغان قاھار ئۆتكەن كۈنلەرگە قايتقاندەك بولدى. قاھارنىڭ قەدەملىرى يېنىك، سىلىق، خۇددى زەۋەرگۈلنىڭ قەدەم ئېلىشىغا ئۆلچەنگەندەكلا.

ئۇسسۇلۇق دەپ تۇتتۇڭ چاي،
پاختىكارنىڭ ھۆر قىزى.
ھۆسنۇڭ گويا تولۇن ئاي،
كۆزۇڭ تاڭنىڭ يۇلتۇزى.

ناخشا ئەۋجىگە چىقتى. قاھارنىڭ پۇت، بەدەن ھەرىكەتلىرىمۇ

مۇزىكىغا سىڭىشىپلا كەتتى. رەڭگارەڭ چىراغلار ئاستىدا، سىلىق مەيداندا، خام پىۋىنىڭ ھۇزۇرى ۋە كەيپى بىلەن زۆھرە بىلەن ئوينىغان تانسىلار، ھارماس قەدەملەر، قايسىدۇر تانسا مەستانىلىرى بىلەن بەسلەشكەندىكى ئۇنتۇلماس تەسىراتلار...

پەرىمۇ سەن، ھۆرمۇ سەن،
بىلەلمىدىم قاراپمۇ.

ئۇلارنىڭ تانسا ئوينىشى تاماشىغا مەسئۇل يىگىتنىڭ دىققىتىنى تارتقانمۇ ياكى ئۆزلىۈكىدىن شۇنداق بولدىمۇ، ناخشا ئاخىرلىشاي دېگەندە، قاھار بىلەن زەۋەرگۈل ئىككىسىگە تەبىئىيلا كىچىك بوشلۇق ئېچىلغانىدى. بەزىلەر تانسا ئويناۋېتىپ، بوينىنى بۇراپ ئۇلارغا دىققەت قىلىۋاتقان بولسا، يەنە بەزىلەر تانسىدىن توختىغان پېتى ئۇلارغا قاراپلا قېلىشقانىدى.

مەست بولغاندەك قىلىمەن،
چاي تۇتتۇڭمۇ، شاراپمۇ؟
.......

بىرىنچى مەيدان تانسا ئاخىرلاشتى. بايا ئەدەپ ساقلاپ تۇرغان بەزى يىگىتلەر ئەمدى تارتىنماي ئولتۇرمايلا ئۇدۇل ناخشىچىنىڭ يېنىغا بېرىپ رەھمەت ئېيتىپ قىزغىن كۆرۈشتى ۋە بىرەر رومكا ھارىقىغا داخىل بولۇپ قايتىپ كېلىشتى. بۇنداقلارنى ئۇ بەردىكىلەر ھەرقانچە گەپ قىلىپمۇ توسۇپ قالالمىدى. بەزى يىگىتلەر بولسا. ئورۇندۇقلارنىڭ كەينىگە ئۆتۈپلا ئالدىن تەييار قىلىنغان ھاراقلىرىنى چىقىرىشىپ قورۇقتىن ـ قورۇقلا ئوتلاشقا باشلىدى.
شۇ چاغدا قاھارنىڭ يېنىغا تاماشىغا مەسئۇل يىگىت يېتىپ كەلدى.
ــ مۇنداق گەپ ئاغىنە، ناخشىچى ئاغىنىمىز ھازىر ۋالىسقا

چالماقچىكەن. ئۇ ناخشىسىغا زەۋەرگۈل ئىككىمىزلارنىڭ تانسا ئويناپ بېرىشىمىزلارنى سوراۋاتىدۇ. قانداق ئاغىنە؟

قاھار جاۋاب بېرىپ بولغۇچە زەۋەرگۈل ئېغىز ئاچتى:

— بولىدۇ، چاتاق يوق.

باياتىندىن بېرى ئۇلارنىڭ تانسا ئويىنىشىغا ئاچچىقى كېلىپ، مۇزىكا بارغانچە ئۇزۇن بىلىنىپ ئاران تۇرغان سادىق بۇنى كۆرۈپ چىدىمايلا قالدى. ۋالىس مۇزىكىسى باشلىنىپ قاھارلار تانىسىنى باشلىشى بىلەن ئۇ سايىمنى باشلاپ سىرتقا ماڭدى.

— مەن دېدىمغۇ، — دېدى سايىم تەلەپپۇزىدا ئاچچىقلانغانلىقىنى ئىپادىلىگەن بىلەن ئىچىدە: «قانداق، دېگەندەك بولدى» دەپ ئويلاپ، — ئەمدى سەل قارىساق قەتئىي بولمايدۇ. بۇ قاھار دېگەن بارلا بولىدىكەن، زەۋەرگۈلگە بىر نېمە دەپ بولمىغۇدەك.

— راست ئېيتتىڭ، — دېدى سادىق چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، — ئوبدانراق بىر چارە تاپساق بولغۇدەك. قارا بۇ زەۋەرنى، ھە دەپ بەرسەم... خەپ، سېنىمۇ ئالارمەن، شۇ ۋاقىتتا دەردىمنى چىقارمايدىغان بولسام... ھازىرچە چىشىمنى چىشلەپ تۇراي... قانداق قىلىمىز، سايىم؟

سايىم ئويلىنىپ قالدى:

— ھازىرچە كاللامغا بىرەر چارە كەلمەيۋاتىدۇ. ئەتىلىككە ئوبدان ئويلىنىپ باقايلى.

ئىككىسىلا جىم بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ قۇلىقىغا ۋالىس مۇزىكىسى كىردى. سادىقنىڭ كۆز ئالدىغا بىردە قاھار بىلەن زەۋەرگۈلنىڭ بېقىشىپ تانسا ئويناۋاتقىنى كۆرۈنسە، بىردە قاھارنىڭ زەۋەرگۈلنىڭ بېلىدىن قامااللاپ تۇتقان قولى كۆرۈنۈپ ئاچچىقتىن تىترەپ كەتتى.

— يۈر سادىق، ئۇلارنىڭ تانىسىنى بۇزۇۋېتەيلى.

— ساراڭمۇ سەن؟ تويىنى بۇزغانغا تويغۇزىدۇ.

— توكنى ئۈزۈۋېتەيمۇ - يە؟

— مەن زەۋەرگۈل بىلەن تانسا ئويىنماي كېتىمەنمۇ؟ سەن

هازىر بۇلارغا ئاۋارە بولماي، قاھارنى بۇ يۇرتتىن يوقىتىدىغانىنىڭ ئېپىنى قىل.

سادىق زالغا ماڭدى. سوغۇققا چىدىمىغان سايىمۇ ئۇنىڭغا ئەگەشتى. ئۇلار زالغا كىرگەندە قاھار بىلەن زەۋەرگۇل زالدىن چاڭ چىقىرىپ بولۇشىغا پىرقىراۋاتقانىدى. سادىق بۇنى كۆرۈپ زورمۇزور كۇلۇپ قاراپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. تانسا توختىغاندا سادىق دەرھال ئۇلارنىڭ ئالدىغا باردى.

— تانسىنى بەك ئوبدان ئوينايدىكەنسىز، — دېدى سادىق قاھارغا دوستانە تەلەپپۇزدا، — شەھەرلىك يىگىت دېگەن شەھەرلىكچە بولىدۇ - دە. قارىڭە، ھەممىسى سىزگە قاراۋاتىدۇ.

ئەمەلىيەتتە سادىق شۇنداق دەپ ۋاقىت ئۆتكۈزۈپ، مۇزىكىنىڭ باشلىنىشىنى كۇتۇۋاتاتتى. دېگەندەك، مۇزىكا باشلىنىشى بىلەنلا گېپىنى يېرىمىدىن توختىتىپلا زەۋەرگۇلنى تانسىغا تارتتى. ئۇلار مەيدانغا چۈشتى. شۇ چاغدا قاھارنىڭ يېنىغا سايىم پەيدا بولدى:

— يۇرۇڭە، سىرتقا چىقىپ ھاۋا يەپ كىرەيلى. ئەمدى زال تويىغا توشتى.

دېمىسىمۇ، ئاياغلاردىن توپا ئۆرلەپ، زالنىڭ ئىچى دىماغلارنى ئېچىشتۇرىدىغان ئاچچىق چاڭ - توزانغا توشقانىدى. شۇڭا قاھار دەرھاللا ئۇنىڭغا ئەگىشىپ سىرتقا چىقتى.

— تانسىدىمۇ ماڭا ئاشمايدىغان بولۇپ كەتتىڭىز، — دېدى سادىق گەپ باشلاپ، — قايسى ئىشىمدىن كۆڭلىڭىز قالدىكىن - تاڭ؟

— ھاراققا چىلىشىپ ئولتۇرسىڭىز، يېنىڭىزغا يالۋۇرۇپ بارامدىم، — دېدى زەۋەرگۇل سادىقنى تېرىكتۇرمەكچى بولۇپ. لېكىن سادىق بۇ گەپتىن خۇشال بولدى. ئۇ زەۋەرگۇلنى ئۆزىدىن ئاغرىنىپ قالدى، دەپ، ئويلاپ قالغانىدى.

— كەچكىچە ئويناپ تانسا خۇمارىدىن چىقارمىز؟ — دېدى سادىق.

— قاھار بىلەن ئويناپ تانسا خۇمارىم چىقىپ قالدى، — دېدى زەۋەرگۇل قەستەن. بۇنى ئاڭلاپ يەنە سادىقنىڭ جەھلى قاتتى. ئەمما ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشتى.

— زەۋەرگۈل،— دېدى ئۇ،— سىز ھازىرغىچە مېنىڭ تەكلىپىمگە قوشۇلمايۋاتىسىز. قايسى تەرىپىمنىڭ ياقمىغانلىقىنى بىلمەيمەن. لېكىن، ئېسىڭىزدە بولسۇن، مەن سىزنى ساقلايمەن.

— سىزنى ساقلايدۇ دەپ بىر ئۆمۈر توي قىلماي ئۆتمەكچىمۇ؟ توي قىلىپ كەتسەمچۇ؟

— سىز ئاجراشقىچە ساقلايمەن.

— ئاجراشمىسامچۇ؟

— شۇنى خۇدايىمدىن تىلەيمەن.

بۇ گەپتىن زەۋەرگۈل كۈلۈپ كەتتى. ئاندىن ئويلىنىپ قالدى. ئۆزىدىن نۇرغۇن قېتىم سورىغان «نېمىشقا ئۇنىڭ تەكلىپىگە قوشۇلمايمەن؟» دېگەن سوئالنى قويدى. يەنە بۇ قېتىممۇ نېمىشقا سادىقنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلماسلىقىنىڭ سەۋەبىنى تاپالمىدى. شۇنداقلا قوبۇل قىلاي دېسە، قوبۇل قىلىشنىڭمۇ سەۋەبىنى ئويلاپ يېتەلمىدى. «ياكى ئۆزۈمنى دەڭسىيەلمەي، سادىقتەك بىلەن بىرگە بولالماسلىقىمدىن ئەنسىرەۋاتىمەنمۇ؟ ھازىر ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزۈمنى كىچىك بىلەرمەنمۇ؟» ئەمما شۇ ھامان يەنە قاھار يادىغا كېلىپ يۈزى قىزىرىپ كەتتى. «ئەمما ئۇنىڭ بىلەن مۇمكىن بولارمۇ؟» سادىقنىڭ قولىنى چىڭ سىقىشى بىلەن زەۋەرگۈل ئۆزىگە كەلدى:

— سادىق، ئىككىمىز بىر ئۆيدىن ئۆتۈۋاتىمىزغۇ. يەنە بىر مەزگىل ئۆتسۇن، بولامدۇ؟

بۇ گەپتىن سادىق يېنىكلا بولۇپ قالدى ھەم «دېمەك، قاھار كېلىپلا زەۋەرگۈلنىڭ كۆڭلى بۆلۈنۈپ قالغان گەپ. سايىمنىڭ دېگىنى توغرا ئىكەن. بىر ئامالىنى قىلىپ، ئۇنى بۇ يەردىن ھەيدەي. ئاڭغىچە، سايىمنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ قويۇپ، مەن ياخشىچاق بولۇپ يۈرمەيمەنمۇ؟» دېگەن قارارغا كەلدى.

ئۇلار شۇنداق كۆڭۈللۈك پاراڭلار بىلەن يەنە بىر مەيدان تانسا ئوينىغاندىن كېيىن زەۋەرگۈل «سىرتقا چىقىپ كىرەي» دەپ زالدىن چىقتى. ئەمەلىيەتتە زەۋەرگۈل كېيىنكى قېتىم تانسا ئويناۋاتقاندا، قاھارنىڭ يوقلۇقىنى بايقىغانىدى.

دەرۋەقە، سىرتتا قاھار سايىمنىڭ ئايىغى چىقماس پاراڭلىرىنى ئاڭلاشقا مەجبۇر بولۇپ تۇراتتى.

— قاھار، قايتايلى. ئاتام ئەنسىرەپ قالمىسۇن.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ سايىم ئالدىراپ قالدى:

— تانسا... تانسا تۈگىدىمۇ زەۋەرگۈل؟

— مۇشۇ مۇزىكا بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. يۈرۈڭ، قاھار.

ئۇلار مېڭىپ كەتتى. سايىم زالنىڭ ئىشىكى ئالدىدا كۆلۈپ تۇرغان سادىقنى كۆرۈپ، بۇ قېتىمقى تۆھپىسىدىن خۇش بولۇپ ئۇنىڭ يېنىغا باردى.

زەۋەرگۈل قاھارنىڭ يېنىغا كېلىشى بىلەن يەنە ئۆزىنى تىڭشاپ قالدى. دەيدىغان گەپ تاپالماي قىينالدى.

— تانسا تۈگىدىمۇ؟— سورىدى قاھار.

— بۇ يەردە تۈگىگەن بىلەن، ئەمدى توي بولغان ئۆيگە بېرىپ تاڭ ئاتقۇچە ئولتۇرۇش قىلىدۇ.

— نېمىشقا ئەمدى؟ زالدا تۈگىسىلا بولمامدۇ؟

— مەستلەر كۆپىيىپ كەتتى. ئەمدى داۋاملاشسا جېدەل چىقىدۇ. شۇڭا ئۆيگە بېرىپ، يېقىن ئاغىنىلىرىدىن باشقىلارنى كەتكۈزۈۋېتىپ، دەرۋازىنى تاقاپ ئۆزلىرى مەشرەپ قىلىدۇ.

— ئۇنداق قىلغۇچە، تەرتىپنى ئوبدان ساقلىسىلا بولىدىغۇ.

— ئۇنداق قىلغىلى بولمايدىغان چېغى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، كەچلىك مەشرەپتە كۆز تاشلىشىپ يۈرگەنلەر تېپىشىدۇ، تېپىشقانلار قانغۇچە مۇڭدىشىدۇ...

زەۋەرگۈل بۇنچىلىك گەپلەرنى دەۋەتكىنىدىن خىجىل بولۇپ قالدى. ئۇ بۇلارنى مەقسەتلىك دەۋاتامدۇ ياكى مۇنداقلا دېگۈسى كېلىپ قالدىمۇ؟ بۇنى ئۆزىمۇ بىلەلمىدى.

— ئۇنداق بولسا، مەن بىلەن قايتىپ يامان قىپسىز. كۆز تاشلاپ يۈرگەنلەر سىزنى ساقلاپ تاڭ ئاتقۇزىدىغان بولدى - دە.

— خەق كۆز تاشلىغان بىلەن مەن تېخى كۆز تاشلىغۇدەك بولمىدىم.

— كۆز تاشلاشقا يارىغۇدەك ئادەم چىقمىغان ئوخشىمامدۇ؟

ــ ئەمدى چىقىپ قالىدىغان ئوخشايدۇ.

قاھار «كىم؟» دەپ سورىماقچى بولدى ـ يۇ، زەۋەرگۈل باشقا بىرىنىڭ ئىسمىنى چىقىرىپ قويىدىغاندەك بىلىنىپ، ئۇنداق دەپ سوراشقا پېتىنالمىدى. زەۋەرگۈل بولسا، قاھارنىڭ شۇنداق سورىشىنى بەكلا ئۈمىد قىلدى.

ئاڭغىچە ئۇلار ئىشىك تۈۋىگە كېلىپ قالدى.

ــ مەن جىممىدە يېتىۋالاي. ھاراق ئىچىپ بولمايدىغان ئىش قىلىپ قويدۇم.

ئۇلار بىر ـ بىرىنىڭ كۆزلىرىگە قارىشىۋەتكەندىن كېيىن خوشلاشتى.

زەۋەرگۈل پەقەت ئۇخلىيالمىدى. بايىقى سۆھبەتنى ئويلىدى. قاھارنىڭ سورىمىغان، ئۆزى سورىشىنى ئۈمىد قىلغان سوئالىنى يادىغا ئېلىپ، جىم بولۇپ كەتتى. چۈنكى زەۋەرگۈل ئۇ چاغدا، قاھارنىڭ شۇنداق سورىشىنى ئارزۇ قىلغان بىلەن قانداق جاۋاب بېرىشنى پەقەت ئويلاشمىغانىدى. «ناۋادا، قاھار راستتىنلا شۇنداق سوراپ، ھەتتا قىستاپ تۇرۇۋالغان بولسا، نېمە دە بولغىيدىم؟» بۇ سوئال زەۋەرگۈلنى خېلىغىچە قىينىدى. بىردە ئۆزىنى تەسىرلەندۈرۈشكە تىرىشىۋاتقان ۋە زەۋەرگۈل كۆڭۈل گۈلزارلىقىغا ئاللىقاچان كىرگۈزۈپ بولغان، پەقەت گۈلنىڭ خۇشپۇراقلىرىنى پۇراتسىلا ھەممە ئىش روياپقا چىقىدىغان سادىق كۆز ئالدىغا كەلسە، بىردە سىرلىق رەۋىشتە ئۇن ـ تۈنسىز ھالدا كۆڭۈل خانىسىدىن ئورۇن ئېلىپ بولغان قاھار كۆز ئالدىغا كېلەتتى.

بىر چاغدا زەۋەرگۈل ئاستا: «ئېھ ئاللا، ماڭا مېنى ھەقىقىي بەختكە ئېرىشتۈرىدىغان يىگىتنى نېسىپ قىلغايسەن!» دەپ نىدا قىلدى.

# بەشىنچى باب

سادىقنىڭ ياسىداق ئۆيىدە سادىق بىلەن سايىم تاماكا چېكىشىپ ئولتۇراتتى. تورۇسنىڭ يالتىراق بىلەن زىننەتلىنىشىلا ئۆينىڭ ھەشەمەتىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. جېكسوننىڭ تولغىما ناخشىسى قويۇلغان سىنقويغۇ بولسا، ئۇلارنىڭ دىققىتىنى تارتىشقا ئاجىزلىق قىلىۋاتقاندەك، ئۆز ـ ئۆزىگە ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بولمىسا، بۇ سىنقويغۇ دېگەن نەرسە شۇ كۈنلەردە كىشىلەرنىڭ ھەۋەس ۋە ھەسەت كۆزلىرىدىكى بىر ئوت! ئۇنىڭدىكى كىنولارنى كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن پايپېتەك بولۇشقا رازى بولىدىغانلار كۆرمىگ. ئەمما بۇ ئىككى يىگىت بايا تويدىن يانغاندىكى كەيپلىكى بىلەن پىلان تۈزۈپ ئاۋارە ئىدى.

ئاخىرقى تانسىدىن كېيىن سادىق كۆڭلى بىر نەرسىنى تۇيغاندەك بولۇپ، زەۋەرگۈلنىڭ ئارقىسىدىن چىققانىدى. دەرۋەقە، سادىق پەرەز قىلغاندىكىدەك، زەۋەرگۈل بىلەن قاھار كېتىپ قېلىشتى.

ئەمما، سادىقنىڭ كەيپى چاغ ئىدى. زەۋەرگۈلنىڭ بايىقى ئىپادىسى ۋە ئاخىرىدا قىلغان سۆزى سادىقنىڭ يۈرىكىنى يايرىتىۋەتكەنىدى. «بۇنىڭدىنمۇ ياخشى جاۋاب بولامدۇ؟ قىز بالا دېگەننىڭ شۇنچىلىك جاۋاب بېرىپ قويۇشىلا كۇپايە...» سادىق بۇنىڭدىن ھەقىقەتەن شادلاندى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ يېنىغا سايىم پايپاسلاپ يېتىپ كەلدى.

— قانداق، تانسىنى خاتىرجەم ئوينىۋالغانسەن؟ — دېدى سايىم تەمە بىلەن. ئەمما سادىق ئۇنىڭ بۇ گېپىگە پەرۋا قىلمىدى:

— بىز بىلمەي يۈرۈپتۇق. ئەسلىدە زەۋەرگۈلنىڭ ماڭا كۆڭلى بار ئىكەن ئەمەسمۇ.

— ھە،— دېدى سايىم كۆزلىرى چاقناپ،— زەۋەرگۈل ماقۇل بولدىمۇ؟

— ھەي، ساراڭ،— دېدى سادىق جىلە بولۇپ،— قىز بالا چەت ئەل كىنولىرىدىكىدەك «مەنمۇ سىزنى ياخشى كۆرىمەن» دەمدۇ؟ مەن ئۇنىڭ ماڭا قىلغان مۇئامىلىسى بىلەن گېپىدىنلا بىلىۋالدىم.

— ۋاھ، ۋاھ، بۇ بەك بەلەن ئىش بوپتۇ.

— لېكىن، زەۋەرگۈل مەلۇم ئىشتىن ئىككىلىنىۋاتقان ئوخشايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ شۇ ئىككىلىنىشى بولمايدىغان بولسا، ئۇ سۆزسىز ماقۇل دېگۈدەك.

— ئۇنداقتا؟...

— سېنىڭ دېگىنىڭ توغرىكەن،— دېدى سادىق بىردىنلا غەزەپلىنىپ،— ئاشۇ قاھار دېگەن بولمىسىلا، مېنىڭ بۇ ئىشىم ئاسان ئىكەن.

سايىم سادىقنىڭ بۇ ماختىنىشىدىن خۇشال بولۇپ كەتتى.

— توغرا ئېيتتىڭ، بىر ئامالىنى قىلىساق بولاتتى. ئەپچىل بىر چارە بىلەن قاھار دېگەننى يولغا سالىمىز. ئاندىن توي‌ۇڭ...

— توي، توي دەپ كاللاڭ ئېلىشىپ قالدىمۇ؟ قاھارنى توغرىلىغاندىن كېيىن بىر قېتىم شىئەنگە ئۇزۇم تارتىۋېتىمىز. ئاندىن... بىلىۋال، قاپاق باش، ماڭا ئالدى بىلەن پۇل كېرەك، ئاندىن قىز...

— ئۇنداقلا ئەمەستۇ؟ بولۇپمۇ مۇشۇ زەۋەرگۈلگە كەلگەندە...

— دېگىنىڭمۇ راست، بۇ قىزنىڭ نەرى باركىن - تاڭ؟ ئۇنىڭ ئوتىدا قىينىلىپ يۈرگىلى نەۋاخ. ئۆچۈمنىغۇ ئالارمەن بىر كۈنى.

— ئايالىدىنمۇ ئۆچ ئالغان بارمۇ؟— دەپ سورىدى سايىم سادىقنىڭ گېپى غەلىتە بىلىنىپ.

— تولا بۇ يەردە چېشىمغا تەگمەي، ماڭە، ئۆيگە بېرىپ پىلان تۈزىمىز. چۈشتە سالغان گۆش بار، ئىسسىتساقلا بولىدۇ.

— كەچلىك مەشرەپكە بېرىپ... قىزلار...

— ئۇ يەردە قىزلار ئەمەس، پوق بار ساڭا،— دېدى سادىق ئۆي

تەرەپكە قەدەم ئېلىپ، — ھەممىسىنىڭ يىگىتى بار ئىكەن. ئۇلارغا قاراپ شۆلگەي ئېقىتىپ ئولتۇرىمىزمۇ؟

مانا شۇنداق قىلىپ، ئۇلار سادىقنىڭ ياسىداق ئۆيىدە پىلان تۈزۈپ ئولتۇرۇپ قالغانىدى.

سادىق قولىدىكى رومكىنى ئاغزىغا ئېتىپ ھاراقنى گۇپپىلا قىلىپ ئىچىۋېتىپ تۈرۈشىغا ئىشىك چېكىلىپ بىر ئايالنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ئۇكام سادىق، گۆش تەييار بولۇپ قالدى.

سايىم بېرىپ گۆشنى ئەكىردى.

— دەپ باقە، سايىم، قانداق قىلىمىز. ئۇرغۇزىلى دېسەك، ھازىر بۇ ئىش ئاقمايدۇ. ئۆزىمىزگە بالا تېپىۋالىمىز. گەپنى ئوچۇق قىلساق قېتىۋالغۇدەك. زەۋەرگۇلگە بىر نەرسە دەي دېسەم، ئىشنىڭ بۇزۇلۇشىدىن قورقىمەن. پۇل بىلەن جۆندەي دېسەم، ئۇ گۇي پۇلغا ئالدانمىغۇدەك.

— پۇل تاپقۇسى كېلىپ كەتتى بولمىسا...

— سەنمۇ ئويلاپ باقە، سايىم، يەنە قانداق ئامال بار؟

سايىم ئەمدىلا غاجىلىغان ئۇستىخاننى تۇتقانچە ئولتۇرۇپ كەتتى. سادىق كەيپىكتە ھەدەپ ئاھ ئۇراتتى، قاھارنى تىللايتتى، زەۋەرگۇلنى قارغايتتى، ئۇ شۇ تاپتا ھەقىقەتەن تەلۋىلەشكەنىدى.

بىر چاغدا سايىم قولىدىكى گۆشنى قويۇپ بېلىق كۆزى قىلىپ قۇيۇلغان بىر رومكا ھاراقنى بىر كۆتۈرۈشتىلا ئىچىۋەتتى.

— قارا سادىق، ماڭا بىر ئەقىل كېلىۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ سىرلىق كۈلۈپ تۇرۇپ، — بىزدە «زىخمۇ كۆيمەيدىغان، كاۋاپمۇ كۆيمەيدىغان» دەيدىغان گەپ بار. مەن بولسام «زىخمۇ كۆيمەيدىغان، كاۋاپمۇ كۆيمەيدىغان، ئوتمۇ ئۆچمەيدىغان» بىر ئامال تاپتىم.

— ۋاي - ۋۇي، تېز دېگىنە، نېمە مەسىلدايسەن، قانداق ئامال ئۇ؟

ئىككىلا ئادەم بار ئۆيدىنمۇ خۇدۇكسىرىگەن سايىم ئاغزىنى

سادىقنىڭ قولىقىغا چاپلاپ دېگىنىدەك بىر هازا پىچىرلىدى. سادىق سايىمنىڭ ئاغزىدىن كېلىۋاتقان بەتبۇي پۇراقتىن سەسكىنىپ تۇرسىمۇ، گەپ خۇشىيېقىپ بېشىنى لىڭشىتىپ تۇردى.

سايىم سادىقنىڭ يۈز ـ قۇلاقلىرىغا تۇكۇرۇكلىرىنى چاچرىتىپ يۈرۈپ پىلاننى سۆزلەپ بولدى.

ــ ياخشى پىلان ئىكەن، ــ دېدى سادىق. ئاندىن يېنىدىن بەش يۈز يۈەن پۇل چىقىرىپ ئۇنىڭ ئالدىغا تاشلىدى، ــ ئىككى يۈز كوي بىلەن ئىشنى پۈتكۈز، ئۈچ يۈز كوينى ئۆيۈڭگە خەجلە.

پۇلنى ئالمان ـ تالمان يانچۇقىغا سالغان سايىم بايىقى چالا غاجىلانغان سۆڭەكنى يەنە قولىغا ئالدى.

※ ※ ※

پوچتىكەش يېڭىلا ئەكىرىپ بەرگەن گېزىت ـ ژۇرناللاردىكى ماقالە ـ ئەسەرلەرنىڭ ماۋزۇلىرىنى بىر قۇر كۆرۈپ چىققان ئەخمەت زېرىكىپ كەنت كومىتېتىنىڭ هويلىسىغا چىقتى. توپا ئۆچۈپ تۇرغان هويلىغا قاراپ يەنە ئۇنىڭ جەهلى قاتتى: «ئاmانلىق مۇدىرى، دەپ ئادەمنى گوللاپ، قۇرۇق قوروغا يالغۇز تاشلاپ قويغان. ئەمەلىيەتتە كۆزەتچىدىن نېمە پەرقىم بار مېنىڭ؟ ما خەقمۇ بىلىشمەمدىكىن، ماجىرالىشىپ قالسا، خۇددى بۇ يەردە مېنىڭدەك بىر كىشىنىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇغاندەك ئۇدۇل كەنت مۇدىرىنىڭ ئالدىغا بارغان. يا مۇدىر بولغان كىشىمۇ ئەقلىنى جوروپ، بۇ ئىشنى ئەخمەت مۇدىر بېجىرىدۇ، دەپ ماڭا بۇيرۇمىغان. بايا دېدىمغۇ شۇ، مېنى قارانچۇق قىلىشماقچى...» ئادىتى بويىچە بىرمۇنچە غودۇڭشىغان ئەخمەت يانچۇقىغا قولىنى سالدى ۋە قولىغا چىققان قۇرۇق تاماكا قېپىغا قاراپ قويۇپ، ئۇنى مىجىقلاپ يەرگە تاشلىدى. تاماكا دېگەن مۇشۇنداق نېمە. بار بولسا، ئۆزۈڭنى خېلى چەكلەپ تۇرالايسەن، تۈگىگىنىنى بىلدىڭمۇ، بۇ خۇمار دېگەن نېمە ئۆزىنى كۆرسەتكىلى تۇرغان.

ئەخمەت تېخىمۇ تىتىلداپ قالدۇق تاماكا ئىزدەپ ئىشخانىنىڭ ئالدىلىرىغا قاراشتۇرغىلى تۇردى.
— قۇرۇپ قالغان تاماكىنىڭ نېمە ھۇزۇرى بولسۇن؟
ئەخمەت بېشىنى كۆتۈرۈپ قىممەت پۇللۇق تاماكىنى يانچۇقىدىن چىقىرىپ تۇرغان سايىمنى كۆردى. ئەخمەت گەپ قىلماي تاماكىغا قول ئۇزاتتى. ئەمما سايىم بولسا ئويلىمىغان يەردىن تاماكىنى قېپى بىلەنلا ئەخمەتنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى.
— ئىس چىقسىلا ھېساب ئەمەس، — دېدى سايىم گېپىنى ياساشقا تىرىشىپ، — ئاچقان يەرگە بارسا ھېساب.
«ئاخشام بىرەر ئولتۇرۇشتىن بىزەڭلىك قىلىپ ئېلىۋالغانسەن ھەرقاچان» دەپ ئويلىدى ئەخمەت ۋە تاماكىنى ھۇزۇرلىنىپ بىر شورىدى:
— ھەقىقەتەن ئېسىل تاماكا ئىكەن.
— يالغۇز نېمىش قىلىۋاتىسەن؟ — دېدى سايىممۇ بىر تال تاماكا ئېلىپ تۇتاشتۇرۇپ.
— نېمىش قىلاتتىم، ھېچ ئىش يوق، — دېدى ئەخمەت سايىمنىڭ مۇشۇنداق گەپلەرنى قىلىپ ئۆزىنىڭ ئىچىنى ئېچىشتۇرۇۋاتقانلىقىدىن نارازى بولۇپ، — بار دېسەڭ، زېرىكىشلىك شۇ.
— مەنمۇ زېرىكىپ... ھېچ ئىشقا قولۇم بارمايدۇ، — دېدى سايىم ئەخمەتنىڭ كەيپىياتىغا قاراپ بېقىپ، — مۇنداق قىلمىزمۇ - يە، بىرەر ئاشخانىغا كىرىپ ئازراقتىن ئىچىشىپ قويامدۇق؟
بۇ گەپ بىلەن ئەخمەت لەپپىدە قىلىپ سايىمغا قاراپ قويدى.
— ئىشىڭ بولسا، بوپتۇ ئەمىسە. بۇگۇن ئەتىگەن سادىق لاۋبەن «جاپا تارتتىڭ» دەپ ئازراق بىرنېمە بېرىۋىدى...
— ئىچسەك ئىچتۇق. بۇ يەردە نېمە ئىش بار ئىدى؟ ئامانلىق مۇدىرى دەپ كۆزەتچى قىلىپ قويسا، گوللىنىدىغان ئەخمەق ئەمەس مەن. ئىشخانامنى قولۇپلىۋېتەي.

ئۇلار يېزىلىق ھۆكۈمەت ئالدىدىكى بىر قاتار ئاشخانىلارنىڭ بىرىگە كىرىشتى. ئاشخانىدا ئادەم شالاڭ ئىدى.

— كاۋاپ بارمۇ؟ — سورىدى سايىم. ئۇنىڭ دېگىنى ئاشخانا ئىگىسى ئاقارتىپ، كىگىز ۋە پالاس سېلىپ، بىر كىچىكرەك شىرە قويۇپ قويغان كاتلىق كىچىك ئۆي ئىدى. يېزىغا خاس بۇ «ئايرىمخانا»دا ساناقلىقلا ئادەم ئولتۇرالايتتى. چۈنكى، بۇ «ئايرىمخانا»دا ئولتۇرغانلارنىڭ داستىخىنى مول بولۇشى كېرەك ئىدى.

ئادەتتە سادىق بىلەن بىللە كېلىشقەرگەچكە تونۇشلۇق بولۇپ كەتكەن سايىمنى كۆرگەن ئاشخانا خوجايىنى كۆلۈپ تەكەللۇپ قىلدى:

— بار بولمامدىغان، قېنى ئىچكىرىگە كىرىڭلار.

سايىم كاتقا ئورۇنلىشىپلا بۇيرۇدى:

— يېرىم توخۇ، بىر كىلو گۆشنى شورپىسى بىلەن، بىر تەخسە پىنتۇزا — بەسەي قورۇمىسى. ھە راست، ئالدى بىلەن بىردىن لەڭمەن...

— بولدى سايىم، — دەپ توستى ئەخمەت، — ئىككى ئادەمگىمۇ...

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار هاراقنى باشلىۋالدى.

ئىككىسى بىر بوتۇلكا هاراقنى ئىچىپ بولغاندا، سايىم چېكىپ بېقىش ئۈچۈن بولدى قىلىدىغانىنىڭ بېشارىتىنى بېرىۋىدى، كۆتكەندەك، ئەخمەت ئۇنىماي قويدى:

— بولدى دەيسەنغۇ، ئىچكەندىكىن راۋۇرۇس ئىچىلى.

يەنە بىر بوتۇلكا هاراق كەلتۈرۈلدى. سايىم هاراق قۇيۇپ، ئەخمەتنى قورۇمىلارغا زورلىغىنى بىلەن ئەقلى ئۆز خىيالى بىلەن ئىدى.

كەيپ بولۇشقا باشلىغان ئەخمەت بىر چاغدا، كەنت مۇدىرى بىلەن سېكرېتارنىڭ ئۆزىنى قۇرۇق جازىغا ئايلاندۇرۇپ قويغانلىقى ئۈستىدە قاقشاشقا باشلىۋىدى، پۇرسەت كەلدى دەپ بىلگەن سايىم ئېغىز ئاچتى:

— بۇ بولماپتۇ، ئامانلىق ياخشى بولمىسا، خاتىرجەملىك بولمايدۇ، خاتىرجەملىك بولمىسا ئۇلارغا نەدە ھوقۇق!

— توغرا، — دېدى ئەخمەت شىرەگە مۇشتىلاپ، — ئۇلار بۇنى سەنچىلىك بىلگەن بولسىچۇ... خەپ، ماڭىمۇ بىر پۇرسەت كېلە، شۇ چاغدا ئۆزۈمنى بىر كۆرسىتىپ قويمايدىغان بولسام...

— پۇرسەت كېلىدۇ، ئاداش، — دېدى سايىم يەل بېرىپ. ئەخمەت يەنە بىر رومكا ئىچكەندىن كېيىن ئۆز - ئۆزىگە غودۇڭشىدى...

— بىر ئىش بار، مەنغۇ ئۇ ئىشنىڭ سىنىڭ خىزمىتىڭ بىلەن قانچىلىك مۇناسىۋىتى بارلىقىنى ئۇقمايمەن، لېكىن ساڭا پايدىسى باردەك بىلىندى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئەخمەت دەرھال سەگەكلەشتى:

— قېنى، ئاڭلاپ باقاي...

— مۇنداقلا يادىمغا كېلىپ قېلىۋىدى، دېگۈم كەلدى، — دېدى سايىم ئۆزى دېمەكچى بولغان ئىشقا ئانچە قىزىقمىغاندەك قىياپەتتە، — بىرىنچى ئەترەتتىكى ھېمىت نەنسەنچىنى بىلەمسەنغۇ؟ ھېمىت لۈكچەك.

— ھە، ھە...

— يېرىم يىلدەك بولۇپ قالدى، تۇرپاندىكى تۇغقىنىمىز دەپ، قاھار دېگەن بىرسىنى ئەكېلىپ داۋالىدى، لېكىن ساقايسىمۇ ئۇ ئاداش تۇرىۋەردى...

— مەن بۇ ئىشنى ئاڭلىغان، — دېدى ئەخمەت ئويلىنىپ قېلىپ.

— شۇ ئىشنى دېمەكچىدىم. ئەمدى دېگىنىم، سەن بىرەر ئىش قىلىپ، ئۆزۈمنى كۆرسەتسەم دەيسەنغۇ. ئادەمگە بىراقلا چوڭ ئىشلارنىڭ ئۇچرىشى ناتايىن، ئالدى بىلەن كىچىكىدىن باشلايدىغان گەپ.

ئەخمەت يەنىلا چۈشىنەلمەي سايىمغا سوئال نەزىرى بىلەن قارىدى. «مۇشۇنداق دۆتلۈكۈڭدىن ئامانلىق قوغداش مۇدىرى تۇرۇپ

كۆزەتچى بولۇپ قالغان نېمە سەن» دەپ ئويلىغان سايىم مەقسىتىنى ئاشكارىلاشقا مەجبۇر بولدى:

— سەن بىلىسەن، ھېچنېمىسى ئېنىق بولمىغان بىر ئادەمنى ئۆيىدە شۇنداق ئۇزۇن تۇرغۇزۇۋالسا، ئويلاپ باق، سېنىڭ باشقۇرۇشۇڭغا كىرەمدۇ ـ كىرمەمدۇ؟

ئەخمەت «پاققىدە» قىلىپ تىزىغا شاپىلاقلىدى:

— كىرىدۇ، تازا مەن باشقۇرىدىغان ئىش بۇ.

— مەنمۇ شۇنى دەيمىنا.

— چۈشتىن كېيىنلا ساقچىخانىغا بېرىپ ئەھۋالنى ئېيتسام بولغۇدەك. كىم بىلىدۇ، شەھەردە بىرەر ئىش چىقىرىپ قويغان بىر نېمىمۇ؟ ناۋادا شۇنداق بولسا، سايىم، بۇ ماڭا چوڭ تۆھپە بولىدۇ. رەھمەت ساڭا ئاداش...

چۈشتىن كېيىن سايىمدىن ئىشنىڭ جەريانىنى ئاڭلىغان سادىق خۇشاللىقتىن ئاغزىنى يۇمالماي قالدى.

— تازا دۆت نېمىكەن،— دېدى سايىم مەسخىرىلىك قىلىپ.

— ۋاي كالللىسى ئىشلىمەيدىغان،— دېدى سادىق،— ئەگەر ئۇ دۆت بولمىسا، ئۇنىڭ بۆكىگە جىگدە سالالامسەن؟

سايىم بۇنى ئاڭلاپ جىم بولۇپ قالدى.

ئۇلار شۇلارنى دېيىشىۋاتقاندا، ئەخمەت مەستلىكتىن ئوبدانلا يېشىلىپ ساقچىخانىغا كىرىپ كەلدى.

— ھە، كېلىپ قاپسىزغۇ ئەخمەت؟— دېدى ئەكبەر ساقچى.

— سىزگە مەلۇم قىلىدىغان بىر ئىش بار ئىدى،— دېدى ئەخمەت چىرايىغا جىددىي تۈس بېرىپ،— بىزنىڭ كەنتنىڭ بىرىنچى ئەترىتىدە ھېمىت دېگەن بىر ئادەم بار. ئالتە ئاي بولدى، تۇرپاندىن بىر بالىنى داۋالايمەن، دەپ ئەكېلىپ ئۆيىدە بېقىۋاتىدۇ. نەچچە قېتىم بالىنىڭ ئەھۋالىنى مەلۇم قىلىپ قوي دېسەم، ھە دەپ قويۇپلا... مەن شەھەردە بىرەر ئىش چىقىرىپ قويغان بىرسى بولمىسۇن، دەپ ئەنسىرەۋاتىمەن.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئەكبەر ساقچى قولىغا دەپتەر ـ قەلەمنى ئېلىپ خاتىرىلەشكە باشلىدى:

— ئەخمەت، سەگەكلىك بىلەن ئىش قىپسىز. بۇ ئىشنى تەكشۈرۈپ باقساق بولغۇدەك. بولمىسا كېيىن پۇشايمان قىلىدىغان ئىش بولمىسۇن. ئامانلىق ساقلاش مۇدىرى دېگەن سىزدەك بولسا بولىدۇ.

بۇ ماختاشنى ئاڭلىغان ئەخمەت خۇشاللىقتىن يايراپ كەتتى. ئۇنىڭ كەيپلىك كەتمىگەن كاللىسىغا نۇرغۇن ئامەت ۋە مەنپەئەتلەر تولۇپ كەتتى. شۇ خۇشلۇقتا ئەكبەر ساقچىنىڭ تاماكىسىنى ئېلىپ ئەكبەر ساقچىنىڭ ئۆزىگە تەڭلىگىلى تۇردى.

— بولىدۇ، ئالدى بىلەن مەن ئۆزۈم بېرىپ ئەھۋال ئىگىلەپ باقاي، ئاندىن سىز بىلەن ئالاقىلىشىمەن،— دېدى ئەكبەر ساقچى ۋە مېڭىشقا تەييارلاندى.

ھېمىت نەنسەنچى سوغۇقتىن قاقشاپ مەشكە قاقلىنىپ ئولتۇراتتى. قاھارمۇ ئۆز خىيالى بىلەن ئىدى. زەۋەرگۈل بولسا، ئىككى قېتىم كىرىپ مەشتىكى ئوتنى ئوڭشىغان، ئازراق كۆمۈر جىقلاپ قويغان بولدى، ئەمما ئۇزۇن تۇرالمىدى. ھازىر ئەھۋال شۇ: قاھار بىلەن زەۋەرگۈل بۇرۇنقىدەك ئازادە پاراڭلىشالمايدۇ، ھېمىت نەنسەنچى بىلەن بولۇۋاتقان پاراڭغا يەنە بىرى جۇرئەتلىك ئارىلىشالمايدۇ. شۇڭا ھېمىت نەنسەنچىمۇ يا قاھارغا، يا قىزىغا بۇرۇنقىدەك ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن سۆزلىيەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. بۇنىڭغا ئۇ ئۆزىمۇ ھەيران. ئۇ قاھار بىلەن پاراڭلىشىۋېتىپ زەۋەرگۈلگە مۇناسىۋەتلىك گەپنى قوشۇپ قويسا، قاھار دۇدۇقلاپ كېتىدۇ، زەۋەرگۈل بولسا جىملا تۇرۇۋالىدۇ. زەۋەرگۈل بىلەن پاراڭلاشقاندا بولسا، قاھاردا شۇ ھال.

قاھار بىلەن زەۋەرگۈل يالغۇز قالغاندىمۇ بۇرۇنقىدەك چاقچاقلىرى يوق. بەزىدە ئىككى بىسلىق گەپلەرنى قىلىشىپ كۈلۈشۈپ ئولتۇرىدۇ. ئەمما ھېيىقىشىدۇ، تارتىنىشىدۇ. ئۇلارغا ئايانكى، قاھار: «مەن زەۋەرگۈلگە مۇۋاپىق كەلمىگۈدەكمەن» دەپ،

زەۋەرگۈل بولسا: «نېمىشقا سادىقنى ئەمەس، قاھارنى بەكرەك ئويلايدىغاندىمەن» دەپ ئويلايدىغان بولۇپ قالغاندىن بېرى، بۇ ئائىلىدە مۇشۇنداق ھالەت شەكىللەنگەندى.

— ئەمدى ساقلىمايلى، — دېدى ھېمىت نەنسەنچى بىر چاغدا ئېغىز ئېچىپ، — بۇ ئۈزۈمنىڭ باھاسى ئۆرلىسىمۇ بىر - ئىككى موچەن ئۆرلەر شۇ.

— مەيلى ئاتا، — دېدى زەۋەرگۈل، — ساقلىغان بىلەن باھاسى قاچان ئۆرلەيدۇ؟ ۋاقتىدا جانغا ئەسقاتمىغان پۇلنى...

— بوپتۇ ئەمىسە، — دېدى ھېمىت نەنسەنچى قولىنى پۇكۇپ ھېسابلاپ كۆرۈپ، — سەن تۇرۇپ ئۈزۈم ئالىدىغان باللارنى باشلاپ كېلەي...

گەپنىڭ تېگىگە يەتكەن قاھار يەنە خىجىللىق ئىلكىدە قالدى. شۇنىڭ بىلەن «بىرەر ئىش قىلىپ پۇل تاپسام بولاتتى» دېگەن ئىدىيىسى تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى. «ھېمىت ئاكام ھېچقانداق ئىش قىلما دېگىنى بىلەن ماڭا سەت ئەمەسمۇ؟ بولۇپمۇ زەۋەرگۈل مېنى قانداق ئويلاپ قالدۇ؟ — دەپ ئويلىدى قاھار، — بۇ يەردىغۇ قىلغۇدەك تۈزۈك ئىشمۇ يوق ئىكەن. ھەي، ئابدۇل شوجى دېگەن سودىگەرلەر چاققانراق كەلگەن بولسىغۇ، باشقىمۇ يوللار چىقىپ قالاتتى. ئابدۇل شوجى مېنى ئويغاتتى. جىسمانىي ئەمگەك قىلسام بولمىغان بىلەن خەنزۇ تىلىنى بىلىدىغان ئارتۇقچىلىقىم بار ئىكەن ئەمەسمۇ. تۇيۇقلۇقلار ئىچكىرىدىكى خەنزۇ لاۋبەنلەر بىلەن سودا قىلىدىغانلا ئىش بولسا، ئىشىمنىڭ پۈتكىنى شۇ ئەمەسمۇ...»

قاھار بۇ خىيالى بىلەن ئۈمىدلەنگەن بىلەن سادىق يادىغا يېتىپ بىئارام بولۇپ كەتتى. «سادىقنىڭ پۇلى بار، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ پۇل تاپالايدىغان يولى بار... ھەي، — دەپ لېۋىنى چىشلىدى قاھار، — قارىغاندا زەۋەرگۈل سادىقنىڭ بولۇپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ...»

ھېمىت نەنسەنچى بىر نەرسە يادىغا يەتكەندەك قاھارغا قارىدى:

— ئۈزۈمنى ساتىدىغان ۋاقمۇ بولۇپ قالدى. ئەمما بۇنى سەن خاتا چۈشەنمە. سېنى ئۆز كۆرگەچكە ئۆينىڭ ئىشلىرىنى

سېنىڭدىن يوشۇرمىدۇق. باشقىچە خىياللارنى قىلما. مۇشۇ قىشنى ئۆتكۈزۈۋالساڭ مەن سېنىڭدىن خاتىرجەم، ئاندىن...

گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە هويلىدا بىر ئاۋاز ئاڭلاندى:

— هېمىت ئاكام ئۆيدە بارمۇ؟

هېمىت نەنسەنچى گېپىنى توختىتىشقا مەجبۇر بولۇپ، ئورنىدىن تۇرۇپ هويلىغا چىقتى. هويلىدا ئەكبەر ساقچى تۇراتتى. هېمىت نەنسەنچى بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن ئەھۋاللاشتى.

— هېمىت ئاكا، مەن يېزىلىق ساقچىخانىدىكى ئەكبەر بولىمەن،— دېدى ئەكبەر ساقچى ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ. هېمىت نەنسەنچى بېشىنى لىڭشىتتى،— مەن سىلىدىن بىر ئىشنى ئۇقۇپ باققىلى كەلگەن.

— قېنى، ئۆيگە كىرىلى،— دېدى هېمىت نەنسەنچى نېمە گەپلىكىنى ئاڭقىرالماي. ئەمما تۇرۇپلا كۆڭلىدىن: «دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى قالايمىقان كولاپسەن، دەپ گەپ چىقارمۇ؟ لېكىن مەن كولىمىسام، قازاقلارمۇ يايلاق يېرىدىن كولايدىغان تۇرسا...» دېگەن ئوي كەچتى. شۇڭا ئۇ ساقچىنى ئۆيگە باشلىدى.

ئەكبەر ساقچى ئۆيگە بويۇن سوزۇپ قاراپ قويۇپ سورىدى:

— قاهار ئۆيدە بارمۇ نېمە؟

— هەئە،— بۇ گەپتىن هېمىت نەنسەنچى يەنە مەڭدەپ قالدى.

— ئۇنداقتا باشقا ئۆيگە كىرسەك...

هېمىت نەنسەنچى ساقچىنى ئۆزى تۇرۇۋاتقان ئۆيگە باشلىدى.

ئۇلار ئۆيگە كىرىشى بىلەن كۈچلۈك دورا پۇرىقى دىماغلارغا ئۇرۇلدى. بۇ پۇراقلارغا هېمىت نەنسەنچى كۆنۈك بولغاچقا هېچنېمە بولمىدى. لېكىن ئەكبەر ساقچى دەسلەپتە نەپەس ئالالماي قىينىلىپ كەتتى. دېمىسىمۇ ئۆيدە تۈرلۈك دورا - دەرمەكلەر تامغا تۈر - تۈرى بىلەن ئېسىۋېتىلگەن. قازان بېشىغا بولسا پىششىقلاش ئۈچۈن تەييارلانغان دورا ئۆسۈملۈكلىرى پاكىزلىنىپ، توغرىلىپ، يانجىلىپ تەق قىلىپ قويۇلغان. تۈۋىقى هەم يېپىلغان قازاندىكى دورا ئۆسۈملۈكلىرى بولسا، ئوچاقتىكى سۇس ئوتتا پىلىقلاپ قايناۋاتاتتى. ئۆيدىكى كۈچلۈك دورا پۇرىقى

مۇشۇ قازاندىن كېلىۋاتاتتى. بۇ ئالىمانلارغا قاراپ ئەكبەر ساقچى ھەيرانلا قالدى. شۇڭا ئۇ بۇ ھەقتە بىلگۈسى كېلىپ سوئال سورىماقچى بولدى ـ يۇ، كېلىش مەقسىتى ئېسىگە كېلىپ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى:

ــ كېلىش مەقسىتىمنى ئۇچۇقلا دەي: تۇغقانلىرى قاھارنىڭ سىلەرنىڭكىگە كېلىپ تۇرۇۋاتقىنىغا يېرىم يىلدەك بولۇپ قاپتۇ. يا كەنتىنىڭ ئامانلىق ساقلاش مۇدىرىغا مەلۇم قىلىپ قويماپسىلەر، يا بىزگە دەپ قويماپسىلەر، بۇ توغرا بولمىغىنى. شۇنى بىر ئۇقۇپ باقاي دەپ كېلىشىم...

ھېمىت نەنسەنچى مەقسەتنى چۈشەندى. شۇ ھامان ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا دەرەخلىك، ئۇ يەردىكى يېرىم جان ئادەم ۋە ئۇنىڭ ھاياتلىققا تارتىشىپ پىلىلداۋاتقان ئۈمىد شامى چاقماقتەك چېقىن چاقتى. ھېمىت نەنسەنچىنىڭ ھېسسىياتى داۋالغۇدى، ئەقلى سىلكىندى: «بۇ يەردە قورققۇدەك، يوشۇرغۇدەك ئىش يوق. ئەكسىچە سۆزلەيدىغان نەرسىلەر جىق، ھەقىقەتەن جىق! ئاڭلايدىغان قۇلاق بولسىلا...» ھېمىت نەنسەنچى ئۆزىنى بېسىۋېلىپ سۆزلەشكە تىرىشتى.

ــ قاھار توغرۇلۇق سۆزلەيدىغان يەرگىمۇ كېلىپ قالغانىدى. قولۇم ـ قوشنىلار بۇرۇن تولا سوراپ ھازىر كۆنۈپ قالغانىدەك قىلغان بىلەن يەنىلا كۆڭلىدە تۈگۈن بار. مەن سىزگە ئەسلى ئەھۋالنى سۆزلەپ بېرەي. بۇ بالىنىڭ شۇ كۈنلىرى ھەقىقەتەن ئادەمنىڭ ئىچىنى سىيرىيدۇ.

ھېمىت نەنسەنچى سېرغالىدىن ئاڭلىغىنىدىن تارتىپ بىر سۆزلەشكە باشلىۋىدى، ئەكبەر ساقچى «تۇۋا، تۇۋا» دېگىنىچە سوئال سوراپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ تۇردى...

ــ يائاللا، ئادەم دېگەن شۇنداق كۈنلەرنىمۇ كۆرەمدۇ؟!ــ دەۋەتتى ئەكبەر ساقچى ئېغىر خىياللاردىن قايتىپ.

ــ شۇڭا ئۇكام،ــ دېدى ھېمىت نەنسەنچى ئاۋازى تىترەپ،ــ مەن بۇ ئىشنى، يا سىلەرگە، يا باشقىلارغا دېيەلمىدىم.

ئەكبەر ساقچى بېشىنى لىڭشىتتى. ئاندىن سورىدى:

— ساقايسا كېتەمدۇ؟

— بارسا نەگىمۇ بارار؟ ئۆزىنىڭمىغۇ بىر بېرىپ باققۇسى بار. لېكىن سېزىپ تۇرۇپتىمەن، ئۇنىڭ شەھەردە «نەدە يۇردۇڭ؟» دېگۈدەك ئادىمىمۇ يوق. بۇنى ئۆزىمۇ بىلىدۇ، لېكىن نېمىلا بولسۇن يۇرت ـ دە. مېنىڭچە، مۇشۇ يەردە تۇرۇپ قالغىنى ياخشى. ئابدۇل شۇجىنىڭمۇ ئۇنى كەتتىنىڭ ئىچكىرى بىلەن بولغان سودا ئىشىغا ياردەملەشتۈرگۈسى بار ئىكەن. شۇنىڭغا قارىغاندا تۇرۇپ قالىدىغان يېرى كۆپرەك... ئەھۋال شۇ ئۇكام، قالغان ئىشتا ئاغزىڭلارغا قارايمىز.

ئەكبەر ساقچى ئەھۋاللارنى بىر قۇر ئويلىنىۋالدى:

— ئۇنداق يېرى بولسا بوپتۇ. بولمىسا بېرىپ ئالاقە ئەكەلمىسە، بۇ ئىشنى بەلگىلىمە بويىچە بىر تەرەپ قىلماي ئامالىمىز يوق. ئەھۋالى ياخشىلىنىپ، كەتتىكى سودا باشلانغاندا بېرىپ ئىسپات ئېلىپ كەلسىلا بولدى. هازىر بۇنداق دېسەك روھىي زەربە بولغۇدەك. ئۇ چاغدا نېمىلا بولسا هازىرقىدىن ياخشى بولغۇدەك.

— رەھمەت، ئۇكام. ياخشىلىق دېگەننىڭ سەۋەبى بولمايدىكەن. ئېغىر ئاغرىقلىقىدىنمىكىن، مۇشۇ بالىغا مېھرىم چۈشۈپ قاپتىكەن...

ئەكبەر ساقچى ئورنىدىن تۇردى، ئەمما كەسپىي ئادەت تۈپەيلى ئىچىنى تاتىلاپ تۇرغان سوئالنى سورىماي تۇرالمىدى:

— هېمىت ئاكا، كۆڭۈللىرىگە كەلمىسۇن. بىر ئىش بار ئىدى سورىۋېتەي: بۇ قاهارنىڭ شەھەردە سادىر قىلىپ قويۇپ، يوشۇرۇپ يۇرگەن ئىشى يوقتۇ؟

— نېمە دەيسىز ئۇكام، يۇزىگە قونغان چىۋىننى قوغلىيالماي بوزەك بولۇپ ياتقان بالىنىڭ... مانا مەن ئىگە...

ئەكبەر ساقچى هويلىغا چىققاندا يەنە تەكىتلىدى:

— ۋاقتى كەلگەندە ئىسپات ئەكەلدۇرىدىغان ئىشنى ئۇنتۇپ قالمىسىلا!

— بولىدۇ، ئۇكام.

ئەكبەر ساقچى كەتتى. ھېمىت نەنسەنچى: «بۇنداق ئىشنىڭ تېزىملىتىپ قويىدىغان يېرى بارلىقىنى مەن نەدىن بىلەي» دەپ غودۇڭشىپ ئۆيگە ماڭدى. ئۇنىڭغا بۇ ئىش ئۇنچىۋالا مۇھىممۇ بىلىنىپ كەتمىدى. شۇ چاغدا زەۋەرگۇل ئۆيدىن چىقتى. ئارقىدىن قاھارمۇ چىقتى. ئېنىقكى، بۇ ئۆيگە ساقچىنىڭ كېلىشى ئۇلارنىڭ دىققىتىنى تارتقانىدى.

— ساقچى نېمە قىلغىلى كەپتۇ، ئاتا؟— دەپ سورىدى زەۋەرگۇل جىددىيلىشىپ. ھېمىت نەنسەنچى بايا دېگەنىدەك بۇ ئىشنى ئاددىيلا ئويلىغاچقا راست ئەھۋالنى دەۋەتتى.

— بۇ بىرسىنىڭ چېقىمچىلىقى،— دېدى زەۋەرگۇل تېزلا ھۆكۈم چىقىرىپ،— بولمىسا نەچچە ۋاقتىن جىم يۈرۈپ... ئۇلارنىڭ مەقسىتى ئېنىقلا تۇرمامدۇ: قاھارنى بۇ يەردىن ئايرىلىشقا قىستاش. بىز كىمنىڭ مەنپەئىتىگە چېقىلىپ قويغاندىمىز؟

— قويسىنا بۇ گەپنى،— دېدى ھېمىت نەنسەنچى بۇ مۇلاھىزىگە قىزىقماي،— باشقىلارمۇ بىلىدىغان تۇرسا، قولاقتىن - قولاققا يېتىدۇ - دە. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ ئىش ساقچىلارنىڭ خىزمىتىكەن.

— ياق، ئاتا،— دېدى زەۋەرگۇل جاھىللىق بىلەن،— بىرسى دۈشمەنلىك قىلىۋاتىدۇ. قېنى، شۇ كىشى ئاشكارىلانسۇن...

— بولدى، قىزىم،— دېدى ھېمىت نەنسەنچى،— كىشى قىلسا ئۆزىگە. خەقنىڭ گېپى بىلەن كارىمىز بولمىسۇن، ئۆز ئىشىمىزنى قىلايلى. مانا يامانلىق قىلمەن دېگەن بولسىمۇ، ساقچىلار توغرا چۈشەندىغۇ. سەنمۇ قاھار، بۇ ئىشنى خىزمەت دەپ چۈشەن. بولدى، مەن ئۆزۈم سودىگەرلىرىنىڭ قېشىغا بېرىپ باقاي...

زەۋەرگۇل ئاتىسىنىڭ سۆزىگە قايىل بولمىغان ھالدا ئۆيگە ماڭدى. قاھار بولسا زەۋەرگۇلنىڭ سۆزىنى توغرا تاپقان بولسىمۇ، ئارتۇقچە سۆز قىلمىدى. ئەمما ئۇنىڭ خىيالىدىن «سادىق» دېگەن ئىسىم «يالت» قىلىپ كېچىپ ئۆتتى.

— تەييار بولۇپ تۇر، مەن بىردەمدىلا كېلىمەن.
ھېمىت نەنسەنچى شۇنداق دەپ كېتىپ قالدى.
«بىرەر ئىش قىلىپ يۈزۈمنى ئاق قىلسام بولغۇدەك. بولمىسا يەنە نېمە گەپلەر چىقىدۇ؟ — بۇ خىيال ئۇنىڭدا يەنە ئويغاندى، — پۇل تاپاي، يول تاپاي، خەقنىڭ ئالدىدا تىلىمنى ئۇزۇن قىلاي...»
مۇشۇ كۈنلەردە قاھارنىڭ ئۆز كېسەللىكى ھەققىدىكى خىيالغا قارىغاندا مۇشۇنداق خىيالى ھۆكۈمرانلىق ئورۇنغا چىققانىدى.
سادىق پىلاننىڭ سوغا چىلاشقىنىدىن شۇ ئاخشىمىلا خەۋەر تاپتى. بۇنىڭدىن سادىقنىڭ غەزىپى چېكىگە يەتكەن بولسا كېرەك، سايىم شۇمشىيىپلا قالغانىدى. «ھەي، — دەپ ئويلايتتى سايىم، — بۇ ئىش ئەمەلگە ئېشىپ قالغان بولسا، سادىق ھەرگىز قاراپ تۇرماس ئىدى. يېنىمنى خېلىلا تومىلىۋېلارىدىم. مانا ئەمدى... ساقچى دېگەن گەپ تىڭشاپ تۇرغۇچە، ۋەزىپىسىنى گاچچىدە ئىجرا قىلمامدۇ! يا ئەكىبەر ساقچىغا ئۆزۈم دەپ باقايمىكىن؟ ياق، ياق... ئۆزۈمگە ئىش تاپماي. يەنە قانداق چارە باركىن؟»

سادىق پاتىگۈلنىڭ يېنىغا بالا كىرگۈزدى. تاش كۆۋرۈكتىكى قېرى ئۈژمە يېنىدا پاتىگۈلنى ساقلاۋاتقان سادىق تىت - تىت بولۇپ بىردەمدىلا بىر نەچچە تال تاماكا چېكىۋەتتى.
— ياپىر، نېمانداق ئۇزۇندا چىقىسىز؟ — دېدى سادىق پاتىگۈلنى كۆرۈپلا تاقەتسىزلىنىپ.
— ھەقىقەتەن ئاشىق بوپسىز، — دېدى پاتىگۈل چاقچاق قىلىپ، — ئاشىقلارغا بىر مىنۇت بىر يىلدەك بىلىنىدۇ ئەمەسمۇ.
— كۆڭلى توق ئادەملەرگە چاقچاق ياراشقان بىلەن، — دېدى سادىق جىلە بولۇپ، — بىزدەك ئادەملەرنىڭ بۇنداق چاقچاقلاردىن كۆڭلى بۇزۇلىدىكەن.
پاتىگۈل يەنە كۈلۈپ كەتتى.
— راست گەپ قىلىپ بېقىڭە، زادى زەۋەرگۈلنىڭ ماڭا ھە دەيدىغان يېرى بارمىكەن؟

— ئۆزىڭىز بىلەلمىدىڭىزمۇ؟ — دېدى پاتىگۇل سىرلىق قىلىپ.

سادىق يەنە تاماكا تۇتاشتۇردى:

— تۇرۇپلا كۆڭلى باردەك مۇئامىلە قىلىپ كېتىدۇ. يەنە تۇرۇپلا ئىككىلىنىپ قالغاندەك. تۇرۇپلا... ھەي بولدىلا...

— ئويلىغانلىرىڭىز توغرا، — دېدى پاتىگۇل ئەستايىدىللىق بىلەن.

— ئۇنداق بولسا، ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈڭ، مەن ئۇچۇن گەپ قىلىڭ، ۋەدىلەرنى بېرىڭ. راستىنى ئېيتسام پاتىگۇل، مۇشۇ كۈنلەردە بۇ ئىش خىيالىمغا كىرىۋېلىپ قولۇم پەقەت ئىشقا بارمايدىغان بولۇپ قالدى. سودىغىمۇ قىزىقماس بولۇپ قېلىۋاتىمەن. كۆرۈۋاتىسىز، بولمىسا ئىچكىرىگە ئۆزۈم تارتىدىغان ۋاقىت بولۇپ كەتتى. پايدىنىمۇ تازا ئالغىلى بولىدۇ. لېكىن، مۇنداق ئەھۋالدا تاپقان پۇلنىڭ نېمە كېرىكى؟

— سادىق، مەن سىز ئۇچۇن گەپ قىلمىدىم ئەمەس، نۇرغۇن قېتىم گەپ قىلدىم، قىلمىغان گەپلىرىم قالمىدى، — پاتىگۇل سادىقنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ بېقىپ راست گەپنى قىلماقچى بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سادىقنىڭ پاتىگۇللەرنىڭ ئۆزۈمىنى يۇقىرى باھادا ئېلىشى، يىگىتى ئۆمەر بىلەن ئىككىسىنى تۇرپانغا ئاپىرىپ ئوينىتىپ، ئېسىل كىيىملەرنى ئېلىپ بېرىشى زەۋەرگۇل ھەققىدىكى ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلىشى ئۈچۈنغۇ! شۇڭا پاتىگۇل ئۆزى بىلگەنلىرىنى ئېيتىش قارارىغا كەلدى، — سادىق، ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ، ئاچچىقلانغان بىلەن ئىش تاڭاتمايدۇ. مەن بايا سىزگە «ئويلىغانلىرىڭىز توغرا» دېدىم. بۇ سۆزۈمنىڭ ئەلۋەتتە ئاساسى بار. زەۋەرگۇلنىڭ سىزگە كۆڭلى تارتىدىغىنىمۇ راست، ئىككىلىنىپ تۇرۇۋاتقىنىمۇ راست. نېمىشقا مۇنداق بولىدۇ؟ مەن سىزگە بىر گەپنى دەي. ئەمما، مېنى بالاغا تىقماڭ.

— قانداق ئادەملىكىمنى ئوبدان بىلىسىز.

— قاھارنى بىلىدىڭىز. قارىسام، قاھار بۇ ئائىلىدە پەيدا

بولغاندىن باشلاپ زەۋەرگۈلدە ئۆزگىرىش بولغاندەك قىلىدۇ. نەچچە قېتىم بولدى، ئۇلارنىڭ شۇنداق قىزغىن سۆزلىشىۋاتقانلىقىنى، بىرلىكتە بىللە كىتاب ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم.

بۇ گەپ بىلەن رەشك ئوتلىرى سادىقنىڭ غەزەپ ئوتلىرىنى يۇۋلەپ، ئەقلىنى ئازدۇرۇشقا باشلىدى.

— زەۋەرگۈلچۇ؟ بۇ ھەقتە بىرنېمە دېمىدىمۇ؟

— ئۇ دەمدۇ. مەن دېدىم.

— نېمە دېدى؟ — سادىق ئالدىراپلا سورىدى.

— ئوچۇق بىرنېمە دېمىدى. بىراق، ھېس قىلىشىمچە، زەۋەرگۈل قاھارغا يېقىنچىلىق قىلىدىكەن. سىزمۇ ھېلىقى كۈندىكى تويدا كۆردىڭىزغۇ!

سادىق ئەلەم بىلەن لېۋىنى چىڭ چىشلەپ بېشىنى لىڭشىتتى:

— مەن بىلدىم، پاتىگۈل، بۇنىڭ ئامالىنى ئۆزۈم قىلاي. سىزمۇ پەيتى كەلگەندە زەۋەرگۈلگە ئوبدان گەپ قىلىپ قويۇڭ.

— بۇنىڭدىن خاتىرجەم بولۇڭ.

سادىق خىيالغا پاتقانچە يولىغا ماڭدى. «زەۋەرگۈلنى خاپا بولۇپ قالدۇ، دەپ يۈرگىنىم بىلەن لېۋىمنى يالاپ قالغۇدەكمەن. ئۇنىڭدىن كۆرە قاھار دېگەن كەلگۈندى مېنى بىلىپ قويسۇن، مېنى بوش چاغلاپ قاپتۇ - دە!» ئويلىغانچە سادىق دەرغەزەپكە كەلدى: «خەپ، زەۋەر! سەن مېنى ئەخمەق قىلىۋاتىسەن. بىراق، بۇنىڭ سورىقى بار. قېنى، ئالدى بىلەن سېنى ئەل - جامائەت ئالدىدا خوتۇن قىلىۋالاي. ئاندىن سەنمۇ ھېسابىڭنى بېرىسەن!»

ئۇ ئۆيىگە كەلگەندە ئاپىسى ئۇنىڭغا بىر تېلېگراممىنى بەردى. سادىق خۇشياقمىغاندەك قىلىپ تېلېگراممىنى ئوقىدى. ئاپىسى بۇنىڭغا ھەيران قالدى. چۈنكى، بۇرۇنلاردا سادىق بۇنداق تېلېگراممىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتەتتى. تېلېگرامما كەلسە، خۇشاللىقىدىن ھەممەيلەنگە ئوقۇپ بېرەتتى. تېخى سودا ئەھۋالىنى چۈشەندۈرۈپ كېتەتتى. بۈگۈنچۇ؟ سادىقتا ئۇ ھاللارنىڭ بىرسىمۇ يوق. ئاپىسى بۇنىڭدىن ھەيران بولدى ھەم «سودىسىدىن

چاتاق چىققان ئوخشايدۇ» دېگەندەك ئەندىشىگىمۇ چۈشۈپ قالدى. «ئىلاھىم ئۇنداق بولمىغاي، بالامنىڭ ئىشلىرى ئەمدىلا يۈرۈشكەندى. كۆز تەگمىسۇن...»

— نېمە دەپتۇ، بالام؟— ئاپىسى ئېھتىيات بىلەن سورىدى.

— ئالدىغان ئۇزۇمنى ئېلىپ ئون كۈنگىچە يولغا چىقىپ بولۇڭلار دەپتۇ. باشقا گەپ يوق.

سادىق شۇنداق دەپ قولىدىكى تېلېگرامما قەغىزىنى شىرەگە تاشلاپ قويدى.

— ياخشى گەپكەنغۇ،— دېدى ئاپىسى يېنىك تىنىپ.

سادىق گەپ قىلماي چىقىپ كەتتى. ئاپىسى كۆڭلى بىسەرەمجان بولۇپ ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ قالدى.

شۇنىڭدىن كېيىن نەچچە كۈنگىچە سادىق گادىرماچ خىياللار ئىلكىدە گاڭگىراپ يۈردى. زادى قانداق قىلىش كېرەك؟ ئەمدى ھە دەپ بەرسە زەۋەرگۈلنى يالاڭتۆش قاھارغا تاشلاپ بەرسە بولغۇدەك. ياق، بۇ ھاقارەتنى سادىق ھەرگىز كۆتۈرەلمەيدۇ. سادىق قانداق ئادەم ـ ھە! قاھارنىڭ ئەدىپىنى بېرەي دېسە، زەۋەرگۈلنىڭ خاپا بولۇشىدىن قورقىدۇ. ئەمىسە ئۆز گۆشىنى ئۆزى يەپ يۈرگۈلۈكمۇ؟! «ياق، مەن قايسى كۈندىكى قارارىمدىن يانسام ھەرگىز بولمايدۇ. بوشاڭلىق قىلىپ زەۋەرگۈلنى تارتقۇزۇپ قويغاندىن قىلىدىغاننى قىلىپ باقاي...»

سادىق قەتئىي نىيەتكە كەلدى. ئويلىرىمۇ كەسكىن ئىدى: «قولۇمدىكى پۇللا بولىدىكەن، مەن كىمگە نېمە قىلدۇرالمايمەن. مېنىڭ كۈچۈمنى ــ پۇلۇمنىڭ كۈچىنى كۆرۈپ قوي، قاھار!»

سادىق ئۇدۇل بېرىپ سايىمنى تاپتى ۋە يېزىلىق ھۆكۈمەت ئالدىدىكى ھېلىقى «كاڭلىق» ئاشخانىغا باشلىدى.

— ئەمدى قانداق قىلىمىز؟— سورىدى سادىق. ئەمما سايىم بىر نەرسە دېيەلمەي ئولتۇرۇپ قالدى.

— مەن ئەمدى زەۋەرگۈلنى خاپا بولۇپ قالار، دەپ ئالدى ـ ئارقامغا قاراپ ئولتۇرمايمەن. شۇڭا قانداقلا چارە بولسا دەۋەر.

سايىم چۆچۈپ سادىققا قارىدى ۋە سادىقنىڭ راست

سۆزلەۋاتقانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن زەھەرخەندىلىك بىلەن ئېيتتى:

— كۆزدىن يوقلا قىلىۋېتىمىزمۇ - يە؟

سايىم شۇنداق دەپ قولىنى گېلىغا ئاپىرىپ سۈركىدى.

— ھەدېسە شۇنداقلا دەيدىكەنسەن! — دېدى سادىق قايناپ، — ئۇنداق قىلساڭ ھەممىمىز بالاغا قالىمىز. قېچىپ قۇتۇلىدىغان كىنو ئەمەس بۇ كالۋا.

— ئەمىسە بۇرادەرلەر ئۇرسۇن! ئارقىسىغىمۇ قارىماي تۇيۇقتىن كېتىدىغان قىلسۇن.

— مۇنۇ كاللاڭ بەزىدە ھېچنېمىگە ئىشلىمەيدۇ، — دېدى سادىق سايىمنىڭ بېشىغا نوقۇپ، — ئۇ چاغدا ئۇ بىرنېمە تېخىمۇ كەتمەيدۇ. ئۇنىڭ ئىشىنى ئۆزىمىز ئوڭشاپ قويغان بولمايمىزمۇ.

— ئەمىسە...

سايىم بېشىنى قاشلاپ ئولتۇرۇپ كەتتى. سادىقنىڭ كەيپى ئوسال بولغاچقا ھاراقتا بىر ئازمۇ مەيلى تارتماي رومكىنى تۇتقان پېتى ئولتۇرۇپ كەتتى. سايىم بولسا شۇنچە ئىچكۇسى كەلگەن بولسىمۇ، سادىقنىڭ پەيلىنى كۆرۈپ ئالدىدىكى رومكىنى قولىغا ئېلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. پەقەت ھاراقتا تەمەخورلۇق بىلەن دەممۇدەم قاراپ قويۇشقا مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئاغزى ئېچىلغان ھاراق شۇ پېتى تۇرۇۋەردى.

ئۇلار ھېچبىر ئامال تاپالمىغاندىن كېيىن سادىق رومكىنى بىر چەتكە سۈرۈپ قويۇپ، چاي پىيالىسىگە تولدۇرۇپ قۇيىدى - دە، غۇرتۇلدىتىپ ئىچىۋەتتى.

— قانداق قىلساق بولىدىكىن ئۇ گۇينى؟ — سادىق يەنە ھاراق قۇيدى. سايىمنىڭمۇ ئىچكۇسى كېلىپ كەتتى. شۇڭا شۇ تەمەدە كاللىسىمۇ تېز - تېز ئىشلەشكە باشلىدى.

— توغرا، — دېدى سايىم كۆزلىرى چاقناپ، — قاھار ھازىر پۇل تېپىشنىڭ كويىدا يۈرىدۇ. شۇ تەمەدە كەنتتە ئىشلەش ئۈچۈن ئابدۇل شۇجىغا نەچچە قېتىم گەپ قىپتۇدەك. بىز ئۇنىڭ مۇشۇ ئاجىزلىقىدىن پايدىلانساق بولامدۇ؟

بۇ گەپنى ئاڭلىغان سادىقنىڭ چىرايىغا ئاستا ـ ئاستا كۈلكە يۈگۈردى ۋە بېشىنى لىڭشىتتى:

— توغرا دەيسەن، سايىم، بۇ بىز باش قاتۇرىدىغان تەرەپ ئىكەن.

سادىقنىڭ كۈلكىسىنى كۆرگەن سايىم كەينى ـ كەينىدىن ئۈچ رومكا ئىچىۋېتىپ گۆشكە قول سۇندى.

— ئۇنداقتا، بىز ئۇنىڭ بۇ ئاجىزلىقىدىن قانداق پايدىلانساق بولىدۇ؟ — سورىدى سادىق.

— ئۇنىڭ كوكۇلىسىدىن تۇتۇۋالدۇقمۇ، كوكۇلىسىنى قايسى تەرەپكە تارتساق، بېشىنى شۇ ياققا قىلماي ئامالى يوق. شۇڭا ئالدىرىماي ئامالىنى قىلايلى.

— توغرا، توغرا، ئوبدان ئويلىشايلى. ئەمدى بىر پەشۋا بىلەن يوقلا قىلىدىغانلىنىڭ ئېپىنى قىلايلى. بولدى، ھازىر بۇ گەپنى قويۇپ ھاراق ئىچەيلى.

كەچقۇرۇنغا يېقىن ئوبدانلا تەڭشىلىۋالغان بۇ ئىككىسى سادىقنىڭ «جەنۇب» ماركىلىق موتسىكلىتىغا مىنىشىپ مەھەللىگە مېڭىشتى. مەھەللىگە كىرگەندە بىر نەرسە كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان قاھارغا ئۇچراشتى. قاھار ئۇلارغا باش لىڭشىتىپ سالام قىلدى. ئۇلار مۇنداقلا سالام قىلىپ قويۇپ ئۆتۈپ كەتتى. ئەمما بىر ئاز مېڭىپلا سادىقنىڭ قېنى قىزىپ كەتتى. كۆز ئالدىغا قاھار بىلەن زەۋەرگۈلنىڭ چاقچاقلىشىپ، بىر ـ بىرىنى نوقۇشۇۋاتقانلىقى، بىللە كىتاب ئوقۇپ كۈلۈشۈۋاتقىنى كېلىۋېلىپ ئۆزىنى كونترول قىلالماي قالدى. شۇنىڭ بىلەن موتسىكلىتنى كەينىگە قايتۇردى.

— يۈرە، ئاۋۇ مازغا ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ قويايلى، — دېدى سادىق چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ.

— بولىدۇ، مەنمۇ شۇنى ئويلاۋاتقان. ئۇ پۇل تاپماقچى ئەمەسمۇ، — سايىم يەل بەردى.

ئۇلار قاھارنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاشتى. ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن سادىق بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ، چىشىنىڭ ئارىسىدىن «چىرت» قىلىپ تۈكۈرۈۋېتىپ تەبەسسۇم قىياپەتكە كىرىۋالدى:

— ئاداش قاھار، ئاڭلىسام ئىش ئىزدەپ يۈرۈپسەن؟
— ھەئە، بىكار بولغاندىكىن، ئىشلەي دېگەن،— دېدى قاھار باشقىچە ئويلاردا بولماي.
— پۇل تاپقۇڭ كەپتۇ ـ دە؟ ياخشى ئويلاپسەن.
— زەۋەرگۈللەرگە ئېغىرچىلىقىمنى سېلىۋەرسەم بولمايدۇ. شۇڭا ئۇلارغا ئازراق بولسىمۇ ھەمدەم بولاي دەپ...
قاھارنىڭ ئاغزىدىن زەۋەرگۈلنىڭ ئىسمى چىقىشى بىلەن سادىقنىڭ مۇشتى تۈگۈلدى. ئەمما سايىمنىڭ يالغاندىن يۆتىلىپ قويۇشى بىلەن ئۆزىنى تۇتۇۋالدى.
— بىر ئىش بار، قىلامسەن؟
— قىلالارمەنمۇ؟
— قولۇڭدىن كېلىدۇ،— دېدى سادىق مىيىقىدا كۈلۈپ،— ئاسانلا بىر ئىش. مېنىڭچە، سەن ئۇ ئىشنى بىردەمدىلا قىلىۋېتىسەن.
— شۇنداقمۇ؟— قاھارنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى،— بەك ياخشى بولدى، رەھمەت سىزگە ئاداش.
— پۇلىمۇ جىق دېگىنە، مىڭ يۈەن.
— ھە!؟ ئاسان ئىشقا مىڭ يۈەن بېرىدىغان كىم ئىكەن ئۇ؟— دەپ ھەيران بولۇپ سورىدى قاھار.
— مانا مۇشۇ سادىق لاۋبەن!— دەپ سادىقنى كۆرسەتتى سايىم.
بۇنى ئاڭلىغان قاھار خۇشال بولۇپ كەتتى.
— رەھمەت، رەھمەت! ئاغىنىدارچىلىقنى يەتكۈزىدىغان بولدىڭىز.
قاھار، ھەم خۇشال بولدى، ھەم ھاياجانلاندى ۋە: «ياخشى ئادەمگە بىكارلا يامان ئويلاردا بولۇپ كېتىپتىمەن. ئۇلارنىڭ ئارىسىغا قىسىلىپ، زەۋەرگۈل بىلەن يېقىن ئۆتۈپ خاتا قىپتىمەنمۇ قانداق؟» دەپ ئويلىدى. ئاندىن سادىقتىن سورىدى:
— ئۇنداق بولسا، ئۇ ئىشنى دەرھاللا قىلساق بولاتتى.
— بولىدۇ، سەنلا خالىساڭ ھازىرلا قىلىمىز،— دېدى سادىق.
— مەن ئەلۋەتتە خالايمەن ـ دە. قېنى نېمە ئىشتى؟

سادىق يانچۇقىدىن بىر تۇتام پۇلنى چىقاردى:
— مانا پۇلمۇ تەييار. سەن شۇ تاپتا يالىڭاچ بولۇپ مەھەللىنى بىر ئايلىنىپ بەرسەڭ بۇ پۇل سېنىڭ.
— نېمە؟!— قاھارنىڭ كۆزى چەكچىيىپ كەتتى. سايىم بولسا قاقاقلاپ كۈلۈشكە باشلىدى.
— قانداق، ئاسان ئىشمىكەن؟ مۇنداق ھەققى كۆپ، ئۆزى ئاسان ئىش ھەممىلا ئادەمگە ئۇچراۋەرمەيدۇ،— دەپ زاڭلىق قىلىپ كۈلدى سادىق ۋە قولىدىكى پۇلنى شاراقلىتىپ قويدى. ئۆزىنىڭ ئەخمەق قىلىنىۋاتقانلىقىنى بىلگەن قاھار غەزەپتىن تىترەپ كەتتى.
— سەن... سەن!
— نېمىگە خىجىل بولىسەن، بەش مىنۇت غەيرەت قىلساڭ، مىڭ يۈەنگە ئىشلىگەن بولىسەن.
— سادىق لاۋبەن ماڭا شۇنداق دېگەن بولسا، بىردەمدىلا مىڭ يۈەن تېپىۋالاركەنمەن. ھەي، مىڭ يۈەن!— دېدى سايىم تاماقلىرىنى چىكىلدىتىپ.
قاھارنىڭ بارماقلىرى كىرىشتى، لەۋلىرى تىترىدى.
— چاققان بول، كىيىملىرىڭنى سال!
غەزەپ - نەپرىتى ئىچ - ئىچىدىن قايناپ چىقىۋاتقان قاھار ئۆزىنى تەستە بېسىۋېلىپ، سادىققا بىر پەس تىكىلىپ قارىۋەتكەندىن كېيىن شارتلا بۇرۇلۇپ يولىغا راۋان بولدى. ئۇنىڭ كەينىدىن ئۇ ئىككىسىنىڭ ئۇنى مەسخىرە قىلىپ قاقاقلاپ كۈلگەن ئاۋازى خېلىغىچە ئاڭلاندى.
قاھار ئىچ - ئىچىدىن ئۆرتىنىپ كەتتى. «بىردەمدىلا ئۇنى ماختاپ كەتكەن ئەخمەقلىقىمنى! ئۇنى ھۆركىرەتكىنى ئاشۇ سېسىق پۇلىغۇ! بولىدۇ، مەنمۇ پۇل تاپاي، پۇلنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆرۈپ باقاي، ئۇلارغا كۆرسىتىپ قوياي! ھامىنى بىر كۈنى مۇشۇ گەپنى ئۆزۈڭلارغا دېمەيدىغان بولسام...» قاھار ئۆيگە يېتىپ بارغۇچە بۇ گەپنى نەچچە قېتىم تەكرارلىدى.
ئۆيدىمۇ ئىچىدە شۇنىلا تەكرارلاپ ئولتۇردى. بىراق زەۋەرگۈللەرگە ئۆزىنىڭ كەيپىياتىنى پەقەت چاندۇرمىدى.

# ئالتىنچى باب

شۇ ئىش بولۇپ قاھار نەچچە كۈنگىچە پەقەت ئېچىلالمىدى. ئەتىدىن ــ كەچكىچە خىيالغا پېتىپلا يۈردى. ھېمىت نەنسەنچى بىلەن زەۋەرگۈل «ساقچىنىڭ كەلگەن ئىشى ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسەتكەن ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاشتى. لېكىن قاھاردا نېمە خىيال بولماقچى؟ «يالىڭاچ كوچا ئايلىنىش» ئىشىدا ئويغانغان ئوي ئۇنىڭدا ئاجىزلاشماقتا يوق، بەلكى بارغانچە كۈچىيىپ بېرىۋاتاتتى. بۇرۇن ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپلا «دورا قانچىلىك تەسىر قىلغاندۇ؟ تۈنۈگۈنكىدىن ياخشى بولۇپ قالغاندىمەنمۇ؟» دەپ، كېيىنچە «زەۋەرگۈل نېمە قىلىۋاتقاندۇ؟ يېنىغا كىرەيمۇ ياكى ئۇ چىقارمۇ؟ بۈگۈن ئۇنىڭغا قانداقراق گەپلەرنى قىلسام بولار؟» دېگەنلەرنى ئويلىغان بولسا، ھازىر ئۇيقۇدىن ئويغاندىمۇ «زادى نېمە ئىش قىلسام بولار؟ قايسى ئىشنى قىلسام ماڭا ئوڭ كېلەر؟ جىق پۇل تاپقىلى بولار؟» دېگەنىلا ئويلايدىغان بولدى. ئۇنىڭ كۈن بويى خىيال بىلەنلا يۈرۈشى شۇنىڭدىن ئىدى. نۇرغۇن تەرەپلەرنى ئويلىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ تۈزۈكرەك بىرەر ئىشنى ئويلاپ يېتەلمىدى. بۇنىڭدىن ئۇ «نەزەر دائىرەم، كۆرگەن ــ بىلگىنىم بەك ئاز ئىكەن» دەپ ئەپسۇسلاندى.

بۈگۈن ھېمىت نەنسەنچى قاھارنىڭ ئۇ ھالىغا پەقەت تاقەت قىلىپ تۇرالمىدى.

ــ قاھار، بۇنداق قىلساڭ كېسەل ئارقىغا يېنىۋالىدۇ. مەن سېنى ساقايتاي، كۆڭلۈمنى يورۇق قىلاي، دەپ بۇ يەرگە ئەكەلسەم، سەن مۇشۇنداق كەينىڭگە تارتىشىپ تۇرۇۋالساڭ... ئوغۇل بالا دېگەن كەڭ قورساق بولغىنى ياخشى. ئانچىكىم ئىشلارغا بۇنداق خاپىلىق تارتىپ يۈرسەڭ، بۇ جاھاننىڭ ئىشلىرىغا چىدىغىلى

بولامدۇ؟ ئەكبەر ساقچىنىڭ كەلگىنى ئۆز خىزمىتى. شۇڭا ئۇنى ئەيىبلىگىلى، ئۇنىڭدىن خاپا بولۇپ يۈرگىلى بولمايدۇ... بولدى، ئۇ ئىشنى ئىچىڭدىن چىقىرىۋېتىپ، ئۆزۈڭنى بۇرۇنقىدەك خۇشال تۇت.

قاھار ھېمىت نەنسەنچىنىڭ بۇنچىلىك ئاچچىقلانغانلىقىنى ھازىرغىچە كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئەمما ھېمىت نەنسەنچىنىڭ بۇ ئاچچىقلىنىشىمۇ، قاھارغا ئىنتايىن مېھىرلىك بىلىنىدى. دېمىسىمۇ، بۇ گەپلەر ئارىسىغا كۇچلۇك كۆيۈمچانلىق، رەت قىلىپ بولماس يان بېسىش يوشۇرۇنغانىدى. شۇڭا قاھار قانداقمۇ «مەن ئۇ ئىشقا خاپا بولمىدىم. ئۇنىڭ ئۇستىگە مەن بۇرۇن تارتقان خاپىلىقلار ئالدىدا بۇ خاپىلىق قانچىلىكتى؟ مەن ھازىر قانداق قىلسام كۆپرەك پۇل تېپىپ، سىلەرگە جاۋاب قايتۇرۇشنى، ماڭا ھاقارەت قىلغانلارنىڭ ئاغزىنى ئېتىشنى ئويلاۋاتىمەن» دېيەلىسۇن!؟

شۇڭا، قاھار سۇس كۇلۇمسىرەپ بېشىنى لىڭشىتىشقا مەجبۇر بولدى. بۇنى كۆرگەن ھېمىت نەنسەنچى يېنىك تىنىدى ۋە بىر ئاز ئويلىنىپ تۇرۇپ قېلىپ دېدى:

— ھازىر خېلىلا ياخشى بولۇپ قالدىڭ. يىل ئۆرۈلسە، يۇرتۇڭغا بېرىپ كېلىدىغان ئىشنى دېيىشەيلى. ئەگەر خالىساڭ، مەن سېنى ئاپىرىپ كېلىمەن. غەم قىلما، ھارۋا بىلەن ئەمەس، جۇمۇ.

بۇ گەپ بىلەن ئۇلار كۇلۇشتى ۋە ئارىدىكى جىددىي كەيپىيات تۈگىگەن بولدى. شۇنىڭ بىلەن ھېمىت نەنسەنچى ئىشىغا ماڭدى.

بىراق، زەۋەرگۇل كۇلۇپ قويغىنى بىلەن «قاھارنىڭ قورساق كۆپۈكى تېخى چىقمىدى» دەپ ئويلاپ ئۆيدىن چىقتى.

قاھار يەنە ئويغا پاتتى، ھېمىت نەنسەنچىنىڭ سۆزىنى ئويلاپ خىجىل بولدى. «دېمىسىمۇ راست، مەن نېمىشقا ئۆز خىيالىم ئۈچۈن تۇتۇلۇپ، باشقىلارنى، يەنە كېلىپ ماڭا شەپقەت قىلىۋاتقان كىشىلەرنى بىئارام قىلىمەن؟ بولدى، بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ يۈرەي... لېكىن ھەر مىنۇت پۇرسەت كۇتىمەن!»

زەۋەرگۈل ئۆزىنى باسالماي قالغانىدى. قاھارنىڭ مەيۈس ھالى كۆز ئالدىغا كەلسىلا بۇ ئېغىر ـ بېسىق قىزنىڭ ئاچچىقى كېلەتتى. «قاھارغا دۈشمەنلىك قىلىۋاتقان بىرى بار ئىكەن. ئۇنىڭ مەقسىتى قاھارنى بۇ يەردىن كەتكۈزۈۋېتىش ئىكەن. ئەمما قاھارنىڭ بۇ يەردىن كېتىشى ئۇنىڭغا نېمە پايدا ئەكېلەر؟» دەپ ئويلايتتى. ئۇ يول بويى ئويلاپ ئاخىر سادىقنى يادىغا ئالدى. «يا سادىق قاھاردىن ئەنسىرەپ شۇنداق قىلغانمىدۇ؟ بولمىسا ھېلىقى كۈنى تويدا سادىقنىڭ قاھارغا بولغان مۇئامىلىسى ياخشى بولغانىدىغۇ!...» زەۋەرگۈل پاتىگۈلنىڭ ئۆيىگە بارغۇچە نۇرغۇن خىياللارنى قىلدى.

زەۋەرگۈلنىڭ دەرۋازىدىن كىرىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن پاتىگۈلنىڭ تېنىگە تىترەك ئولىشىپ، ساراسىمىگە چۈشتى. ئىككى كۈن بۇرۇنمۇ ئۇ مۇشۇنداق ھالغا دۇچار بولغانىدى.

شۇ كۈنى پاتىگۈل ئۆي ئىشلىرىنى قىلىپ بولۇپ، مەھەللىدىكى بىرەرسىنىڭ قېشىغا كىرىپ ھال ـ مۇڭ قىلىپ چىقماقچى بولۇپ تۇراتتى، بىر بالا كىرىپ ئۆمەرنىڭ چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى.

پاتىگۈل دېگەن يەرگە بېرىپ، ئۆمەر بىلەن سادىقنى كۆردى. شۇنىڭ بىلەن پاتىگۈل «سادىق يەنە زەۋەرگۈلگە خىزمەت ئىشلە، دېسە، نېمىمۇ دەرمەن؟ يا زەۋەرگۈلنىڭ قاھار بىلەن يۇرۇش خىيالى بار ئوخشايدۇ، دەپ گەپنى تۈگىتەي بولمىسا...» دەپ ئويلاپ ئۇلارنىڭ قېشىغا باردى. پاتىگۈل ئۇلار بىلەن ئەھۋاللىشىپ بولۇشىغىلا سادىق ئالدىراپ ئېغىز ئاچتى:

ــ قاراڭ، پاتىگۈل، چوڭ بىر ئۇقۇشماسلىق بولغان ئوخشايدۇ. مۇشۇ سايىم دېگەن كاللىسى ئىشلىمەيدىغانىنى... قاراڭ، ئۇ خۇمسى كەنتنىڭ قوغداش مۇدىرى بىلەن قاھار توغرۇلۇق سۆزلىشىپ، قاھارنىڭ تېگى ـ تەكتى تازا ئېنىق ئەمەس، دەپتىكەن. ئەستا... بۇ قوغداش مۇدىرى بېرىپ ساقچىغا بۇ ئەھۋالنى دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ساقچى زەۋەرگۈللەرنىڭ ئۆيىگە

بېرىپتۇ. باشقىغۇ ئىش بولماپتۇ، لېكىن زەۋەرگۈل مېنى خاتا چۈشىنىپ قالمىسۇن دەيمەن. شۇڭا...

پاتىگۈل ئەھۋالنى بىردىنلا چۈشەندى: «ئۆزۈڭ قاھاردىن ئەنسىرەپ، ئۇنى بۇ يەردىن كەتكۈزۈۋېتىشنىڭ كويىغا چۈشۈپسەن ـ دە! خىيالىڭدا قاھار بۇ يەردىن كەتسە، زەۋەرگۈل ماڭا قالىدۇ، دەپ ئويلاپسەن ـ دە؟ ۋۇ، قاقۋاش سادىق... ئەمما سېنىڭ بۇ بالايىڭغا چېتىلىشنى خالىمايمەن...»

ــ شۇڭا، پاتىگۈل، مۇشۇ ئىشتا ماڭا بىر ياردەم قىلىڭ. زەۋەرگۈل چوقۇم يېنىڭىزغا كېلىپ، بۇ ئىشنى دەيدۇ ھەم مېنىڭدىن كۆرىدۇ. شۇڭا سىز مەن ئۈچۈن گەپ قىلىپ قويسىڭىز. زەۋەرگۈل بىلەن بولغان ئىشىمىز پۈتەيلا دەپ قالغاندا...

پاتىگۈل بايىقى ئويى بويىچە گەپ قىلاي دەپ تۇرغاندا، ئۆمەر ئېغىز ئېچىپ قالدى:

ــ سادىق ئۈچۈن گەپ قىلىپ قويۇڭ ئەمدى. سىز بىلىسىز، نېكەم سادىق زەۋەرگۈلنى قوغلاشقىلى، ئۇلارنىڭ ئىشىمۇ پۈتۈپلا قالغانىدى. سىزمۇ ئاڭلىغانسىز، قايسى كۈنىدىكى تويدا زەۋەرگۈل ياق دېمەپتۇ، ئالدىرىمايلى، دەپتۇ. دېمەك ئىشنىڭ پۈتكىنى شۇ. تەييار بولۇپ قالغان ئىش ئەمدى، سايىمىنىڭ بىر چالۋاقىشى بىلەن توگىسە... مېنىڭچە، زەۋەرگۈل ئەقلىنى تېپىپ، سادىق بىلەن تېزرەك تويىنى قىلىۋالسا بولىدۇ. سادىق ساۋاقدىشىمىز ھەم دوستىمىز. دوستلارغا قولى كەڭ، مەرد، يولى ئوچۇق. مانا قارىڭە، بىزنى يېقىن كۆرگەچكە موتسىكلىتىنى ماڭا سوۋغا قىلىۋەتتى.

شۇندىلا پاتىگۈل ئۆمەر مىنىۋالغان «جەنۇب» ماركىلىق موتسىكلىتقا دىققەت قىلدى، شۇنداقلا مەقسەتنى چۈشىنىپ يەتتى. ئۇ ئۆمەرنىڭ تۇرقىغا قاراپ، ئۇنىڭ ئامالسىز ئەھۋالدا قالغانلىقىنى بىلدى، شۇ تاپتا ئۆمەر موتسىكلىتقا مەھكەم ئولتۇرۇۋالغان بولۇپ، پەقەت چۈشكۈسى يوقتەك قىلاتتى. دېمەك، ئۆمەرنىڭ ئۆزۈندىن بۇيانقى بىر موتسىكلىت ئېلىش

ئارزۇسى مانا ئەمەلگە ئېشىش ئالدىدا تۇرۇپتۇ. پەقەت پاتىگۇل باش لىڭشىتىسىلا بولىدۇ.

— مەن نەچچە كۈنگىچە ئۆزۈم ئېلىپ شىئەنگە ماڭىمەن. شۇڭا موتسىكلىت ئۆيدە تۇپا بېسىپ ياتقاندىن سىلەردەك يېقىن دوستلار پايدىلانسۇن، دېدىم... پاتىگۇل، مېنىڭ ئەنسىرەيدىغىنىم، مەن ئىچكىرىدىن كەلگۈچە ئىشلار ئوڭتەي ـ توڭتەي بولۇپ كەتمىسۇن دەيمەن. لېكىن، بۇ ئىشتا سىزدىن باشقا تايىنىدىغان ئادىمىم يوق...

سادىق ھەقىقەتەن جىددىيلىشىپ كەتكەنىدى.

— شۇنداق بولسۇن، پاتىگۇل ـ ھە؟— دېدى ئۆمەر پاتىگۇلنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ. پاتىگۇل بۇ تىكىلىپ قاراشقا بەرداشلىق بېرەلمىدى:

— سادىق، سىز خاتىرجەم بولۇڭ.

پاتىگۇلنىڭ ئاغزىدىن بۇ گەپ چىقىشى بىلەن سادىق:

— يۇر ئۆمەر، ئىچىپ تەبرىكلىمىسەك بولمايدۇ،— دېدى. ئۆمەر «خوش» دەپلا، موتسىكلىتنى ئوت ئالدۇرۇپ، سادىقنى مىنگەشتۈرۈپ كېتىپ قالدى.

ئەمما، پاتىگۇلنىڭ تېنىگە تىترەك ئولىشىپ، ساراسىمىگە چۈشتى. «ئەمدى زەۋەرگۇلگە نېمە دەرمەن؟ سادىقنىڭ يالغانچىلىقى كېيىنچە چېنىپ قالسا، مەن زەۋەرگۇلنىڭ يۈزىگە قانداق قارىيالايمەن؟ ياق، ياق، مېنىڭچىمۇ زەۋەرگۇل سادىققا تەگسە، بەختىنى تاپىدۇ. شۇڭا ھازىرقى خاتالىقىم ئۇلار توي قىلىپ، زەۋەرگۇل بەختلىك بولغاندا، مەن قىلغان ئەڭ توغرا ئىشقا ئايلىنىدۇ. شۇنداق بولسۇن خۇدايىم...»

نەچچە كۈندىن بۇيان گەرچە پاتىگۇل دېلىغۇل بولۇپ يۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما شۇ خىيالى ئۇنىڭغا تەسەللى بولغانىدى. مانا ئەمدى زەۋەرگۇلنى كۆرۈش بىلەن قورقۇپ كەتتى.

پاتىگۇل زەۋەرگۇل بىلەن چاندۇرماي ئەھۋاللاشتى. دېگەندەك، سۆزنىڭ بېشى شۇ ئىشتىن باشلاندى. قارىغاندا، زەۋەرگۇلنىڭ

ئاچچىقى كەلگەنىدى. بۇنى كۆرگەن پاتىگۇل ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي سادىقنىڭ دىيىغا ئۇسسۇل ئويناپ سالدى:
— ۋاي، زەۋەر، ئاشىقلىقنىڭ دەردىگە چىدىماي قاپسەنمۇ، نېمە؟
— پاتەم، ھازىر چاقچاقتا خۇشۇم يوق!
— بولدى قىلە، ئاددىيلا ئىش ئىكەنغۇ، بۇ ئىشنى مەنمۇ ئاڭلىغان. ساقچىنىڭ خىزمىتى شۇغۇ.
— ساقچىنىڭ خىزمىتى بولغان بولسا مەيلىتى، لېكىن بۇنىڭدا بىرسىنىڭ ئۆچمەنلىكى باردەك قىلىدۇ. سادىق مېنى دەپ شۇنداق دۈشمەنلىك قىلىۋاتامدۇ — يە؟
— كىم سېنى چىرايلىق بولسۇن، دەپتۇ؟ شۇڭا يىگىتلەر تالىشىپ شۇنداق قىلىسىمۇ قىلغاندۇ؟ بۇنىڭدىن خۇش بولماي نېمە خاپىلىق ساڭا.
— قېنى ئېيتە، سادىق پەردە ئارقىسىغا ئۆتۈۋېلىپ قىلغان ئىشتۇ بۇ، شۇنداقمۇ؟
— راست گەپنى دەي، بۇ ھەقتە مەن سادىق بىلەن سۆزلەشتىم. ئۇنىڭ ھېلىقى سايىم دېگەن غالچىسى كەنتنىڭ قوغداش مۇدىرى بىلەن ھاراق ئىچىپ ئولتۇرۇپ قاھار توغرۇلۇق سۆزلىشىپتىكەن. شۇ بىرنېمە بۇ ئىشنى ساقچىغا دېگەن چېغى... بۇ ئىش چىققاندىن كېيىن سادىق سايىمغا بەك ئاچچىقلىنىپ كەتتى.
ئەمما، زەۋەرگۈل ئۇنىڭغا ئىشەنمىگەندەك قاراپ قويدى.
— مەن سادىقنى ئوبدان چۈشىنىمەن. ئۇ بۇنداق نامەردلىكنى قىلمايدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە سەن ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلىۋاتساڭ... مېنىڭچە، بۇ ئۇنچىلىك ئويلىنىپ كەتكۈدەك ئىشمۇ ئەمەس. ھە راست، سەنمۇ بىلگەنسەن، سادىق ئىچكىرىگە ماڭغىلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭغا خوش دەپ قويمىساڭ بولماس.
زەۋەرگۈل بۇنىڭغا ئىنكاس بىلدۈرمەي تۇرىۋەردى. پاتىگۇل ئىشنىڭ ئوڭۇشلۇقلىقانلىقىنى كۆرۈپ گەپنى بۇرىۋەتتى:
— راستىنىڭنى ئېيتە، قاھارغا كۆڭلۈڭ چۈشۈپ قالمىغاندۇ؟

— ئۇقمايمەن،— دېدى زەۋەرگۈل چىرايى ئېچىلىپ.
— ئەگەر، قاھار بولمىغان بولسا، بۇ چاغقىچە سادىققا تېگىپ بولاتتىڭ، شۇنداقمۇ؟
— بەلكىم،— دېدى زەۋەرگۈل يېقىن دوستىدىن كۆڭلىدىكىنى يوشۇرۇپ ئولتۇرماي.
— شۇڭا دەيمەن دوستۇم، سەن سادىققا ماقۇل دېسەڭ بولاتتى. ئەگەر ئۇنى ئۈمىدسىزلەندۇرۇپ قولدىن چىقىرىپ قويساڭ، كېيىن ھەي، دەپ قالىسەن جۇمۇ.
— ھېچ بىلەلمىدىم،— دېدى زەۋەرگۈل ئۇھسىنىپ،— كېيىنچە بىر گەپ بولسۇن.
— قاچان؟
— سادىق ئېچكىرىدىن قايتىپ كەلگەندە.
ئۇلار خوشلاشتى. قايتقۇچە زەۋەرگۈلنىڭ كەلگەندىكى ھالىتىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. بۇنىڭدىن پاتىگۈل يېنىك تىندى.
— ھە راست،— دېدى زەۋەرگۈل ئىشىك ئالدىغا چىققاندا،— سادىققا مەن ئۇچۇن خوش دەپ قوي، ھازىرچە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمەي تۇراي.
زەۋەرگۈل كەتتى. پاتىگۈل ئۇنىڭ كەينىدىن كۈلۈپ قويدى.
زەۋەرگۈل ئۆيىگە قايتقۇچە ئالدىرىمىدى. پاتىگۈلنىڭ گەپلىرىنى ئويلاپ، ئۆزىنى ئوبدان بىر دەڭسىۋالماقچى بولدى. دېمىسىمۇ، ئۇ بۇنداق ئىككى تايىن بولۇپ يۈرۈۋەرسە بولمايدۇ - دە. «يا مەن بىر دەملىك ھېسسىياتنىڭ كەينىگە كىرىپ كەتتىممۇ؟— دەپ ئويلىدى ئۇ،— پاتىگۈل دېگەندەك كېيىن پۇشايمان قىلىدىغان ئىش چىقمىسۇن يەنە. ئۇنداقتا، مەن نېمە ئۈچۈن سادىققا ماقۇل دېمەيمەن؟ توغرا، سادىققا نىسبەتەن كۆڭلۈمدە ئۇنى تازا دۇرۇس ئەمەس، دەپ سانايمەن. لېكىن، زادى ئۇنىڭ قايسى ئىشى دۇرۇس ئەمەس؟ پۇل تېپىشىمۇ؟ بۇنداق دېيىش بىر ئەخمەقلىق. چۈنكى ئەقلى بار، يولى بار، جىگىرى بار ئادەملا شۇنداق قىلالايدۇ. بۇنى ھەممە بىلىدۇ. ھاراق ئىچىشىمۇ؟ ياق. بىز

كىچىك ۋاقىتلاردا خەقتىن يوشۇرۇن بولىدىغان بۇ ئىش ھازىر ئەيىپ سانالمايدىغان بولدى، تېخى تويلاردا رەسىم - قائىدىگە ئايلاندى. ئۇنىڭ توتقان يولىمۇ؟ ئۇ زادى كىمگە نېمە يامانلىق قىلدى؟ ئۇنداقتا مەن نېمە ئۈچۈن قاھارغا يېقىنچىلىق قىلىمەن؟ مەندە ئۇنىڭغا نىسبەتەن بۇنداق تۇيغۇ ئويغاتقان قاھارنىڭ قايسى تەرىپى؟ قانداق ئارتۇقچىلىقى؟ ھەي، بۇنىڭ سەۋەبى يوق ئىكەن. قارىغاندا، ھەقىقىي مۇھەببەت دېگەن مۇشۇنداق بولامدۇ - يە؟ ئەگەر قاھار كەلمىگەن بولسىچۇ؟ سادىققا ماقۇل دەمدىم؟ بەلكىم. پاتىگۈلنىڭ سۆزىنى ياخشىراق ئويلىشىپ باقسام بولىدىغان ئوخشايدۇ. كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرگەن بىلەنغۇ كۆپىنچە پۇشايمان قىلىدىغان ئىش. قېنى، سادىق مۇشۇ قېتىم ئىچكىرىدىن قايتىپ كەلسۇن. ئاڭغىچە، قاھارنىڭ ئىشلىرى قانداق بولۇپ كېتىدۇ...»
زەۋەرگۈلنىڭ يولدا كېلىۋېتىپ قىلغان خىياللىرى بەكلا چىگىشلىشىپ كەتتى. ئاخىر بولماي چىقارغان قارارى يۇقىرىقىدەك بولدى.

سادىقلارنىڭ مېڭىش تەييارلىقى پۈتۈپ قالغانىدى. بىر قانچە يەردىكى قەرزلىرىنى يىغىۋېلىپ، شۇ پۇل بىلەن ئۈزۈم يىغىدىغان ئائىلىلەردىن ئازراق ئۈزۈم ئېلىپ ئامباردىكى ئۈزۈملەرگە قوشسىلا مال تەييار بولاتتى. شۇڭا ئۇلار ئالدى بىلەن ئون مىڭ يۈەن ئېلىشى بار ھامۇت «كوم» دېگەن كىشىنىڭ ئۆيىگە ماڭدى.
ھامۇت ئەسلىي ئۇششاق تىجارەت قىلىدىغان سودىگەر بولۇپ، قىلمىۋاتقان سودىسى بىلەن گەرچە بەك روناق تاپالمىغان بولسىمۇ، تۇرمۇشىنى ياخشى ئېلىپ كېتەلەيتتى. ئەمما تۇرۇپ - تۇرۇپ «قاچانمۇ تۈمەنلەپ پۇل تاپارمىز» دەپ ئارمان قىلىپ كېتەتتى. بىر كۈنى ئۇ تويۇق ئەسھابۇلكەھف مازىرىغا تاۋاپقا كەلگەن توختى ئىسىملىك ئۇرۇمچىلىك بىر سودىگەر بىلەن تونۇشۇپ قالدى. ئۇلار ئازراق سىردىشىپلا چىقىشىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن توختىنىڭ پىلانلىشى بىلەن ئۇلار تويۇقنىڭ ئۈزۈمىنى ئۇرۇمچىگە ئاپىرىپ ساتماقچى بولۇشتى. تويۇقتا ئۈزمە دېگەن

پىشىپ چېچىلىپ ياتسا، مال مەنبەسىدىنمۇ غەم قىلامدۇ؟ توختى تورپانغا بېرىپ كىچىك ئۆزمە سېۋەتتىدىن بەش يۈزنى ئېلىپ كەلدى. تېرىۋالغىنىنى يەپ، تېرىۋېلىشقا ئېرىنگىنى يەردە دەسسىلىپ ياتقان ئۆزمىنىڭ پۇل بولىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان دېھقانلار بىر سېۋەت ئۆزمىنى بىر كويدىن تېرىشىپ بەردى. هامۇت ئورۇمچىگە كېتىپ بىراقلا ئۆزگىرىپ كەلدى: كىيىمىشى ئېسىل، تېخى كىچىك بىر بالىغا «شالى» ماركىلىق ماشىنىنى هەيدىتىپ كەلگىنىچۇ! تۇيۇقلۇقلارنىڭ ئاغزى ئېچىلىپلا قالدى. هامۇتنىڭ دېيىشىچە، توختى دېگەن ئاجايىپ سودىگەر ئىكەن، ئاپارغان ئۆزمىنى بىر كاتتا مېهمانخانىغا ئۆتكۈزۈپتۇدەك. بىر سېۋەتتىنى نەچچىدىن دەڭ؟ يىگىرمە ئىككى كويدىن. بۇنى ئاڭلىغان تۇيۇقلۇقلار هەيران قېلىپ، ئادىتى بويىچە «ياپىر» دەۋېتىشتى. ئەمدى ئۇلارنىڭ پىلانى مۇشۇ ئەتراپىنىڭ ئۆزۈمىنى ئورۇمچىگە يۆتكەش ئىكەن. سودىنىڭ تېز بولۇشى ئۈچۈن توختى هامۇتقا مۇشۇ ماشىنىنى بېرىپتۇدەك. شۇ كۈندىن باشلاپ، هامۇت پىكاپى بىلەن يۈرتنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، ئۆزۈم ئالىدىغانلىقىنى دەپ يۈردى. ئەلۋەتتە، بۇنىڭ ئۈنۈمى بولدى. ئارىدىن ئۆزۈن ئۆتمەي، ئۆزۈملىرىنى تېز قۇرۇتۇش دورىسى بىلەن قۇرۇتقانلار هامۇتنىڭ ئۆيىگە ئۆزۈملىرىنى دۆۋىلىۋەتتى. ئەمما بەزىلەرنى ئەنسىرەتكەن بىرى بۇ نېسى سودا ئىدى. بۇنداق ئەنسىرىگەنلەرگە هامۇت «ئىشەنمىسەڭ نېرى ئاپار، سېنى مەجبۇرلىمىدۇق. نەچچە كۈنلۈك نېسى بولغاچقا، باشقىلاردىن بىر يۈەن ئۆرە ئالدۇقمۇ» دەپ قويۇپ ئولتۇرىۋەردى. شۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم كىشىلەر ئۆزۈملىرىنى ئېلىپ كەلدى. هامۇت ئون كۈننىڭ گېپىنى قىلىپ ئۆزۈملەرنى ئەكەتتى، ئەمما ئون كۈن ئەمەس، ئەللىك كۈن بولغاندا، هامۇت سالپىيىپ قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، توختى دېگەن ئۇنى ئالداپ قېچىپ كېتىپتۇدەك. كىشىلەر تۈرلۈك ۋاستىلەر بىلەن ئۇنى قىستاپ باققان بولسىمۇ، لېكىن هامۇت «توختى مېنى كومىدە قويۇۋەتتى» دەپلا تۇرۇۋالدى. كىشىلەر باشتا ئىشەنمىگەن بىلەن، هامۇتنىڭ ئائىلىسىنىمۇ باقالماي تۇرغىنىنى كۆرۈپ

يۇمشاق ۋاسىتىلەرگە چۈشتى. ھامۇتمۇ «توختىنى تاپسامىلا پۇلۇڭلارنى قايتۇرىمەن» دەپ قەرز سۈيلىگۈچىلەرنى كۆندۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئىسمى ھامۇت «كوم» دەپ ئاتالدى. شۇ قاتاردا سادىقمۇ ئون مىڭ يۈەنلىك ئۆزۈمىنى ئۇنىڭغا بېرىپ قويغانىدى.

بۇنىڭدىن يىگىرمە كۈنلەر بۇرۇن ھامۇت «كوم»نىڭ توختىنى تاپقانلىقى ھەققىدىكى ئۇچۇرنى ئاڭلىغان سادىق ئۇنىڭ ئۆيىگە بارغاندا، ھامۇت «كوم» ئۇنى: «مەن توختىنى تاپتىم، ئەمما تېخى ھېسابلاشمىدىم. سەن غەم قىلما، پۇلنى ئالسامىلا سېنىڭكىنى ئاۋۋال قايتۇرىمەن. ھازىر ساڭا چاقچاق قىلغىلى بولاتتىمۇ! سەن ئىچكىرىگە مېڭىشتىن بۇرۇن...» دەپ يولغا سالغانىدى.

ئۇلار ھامۇت «كوم»نىڭ ئۆيىگە كىرگەندە، ئۇ موخۇركىسىنى قىڭغىر چىشلەپ خىيالغا پېتىپ ئولتۇراتتى. ئۇ شۇنچىلىك خىيالغا چۆككەنىكى، ھەتتا تاماكىسىنىڭ ئوتى ئۆچۈپ، موخۇركىسىنىڭ قەغىزىدىن تۆكۈلۈپ كەتكەنلىكىنىمۇ تۇيماي قالغانىدى.

بۇنى كۆرگەن سادىق ئاچچىقىدا بېشىنى چايقاپ قويدى. چۈنكى ئۇ شۇنى چۈشەندىكى، بۇگۈنكى مېڭىشىمۇ قۇرۇق مېڭىشتىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى.

ھامۇت «كوم» ئۇلارنى كۆرۈپ ئورنىدىن چاچراپ تۇردى.

— ۋاھ، كەل سادىق، سېنى خىيال قىلىپ ئولتۇراتتىم. قاچان ماڭىدىغان بولدۇڭ؟

— بۇ گەپلەرنى قوي،— دېدى سادىق ئاچچىقى بىلەن،— پۇل قانداق بولدى؟ تەييار قىلىپ قويدۇڭمۇ؟

— ئۆيدىكى ھېساب تالاغا توغرا كەلمەي قالدى،— دېدى ھامۇت «كوم».

— سەن ئۆتكەندە نېمە دېگەن؟

— توختى بېرىمەن دېۋىدى، مەنمۇ ساڭا يالغان ئېيتماي شۇنداق دېگەن. جىڭ گەپنى قىلسام، پەقەت ساڭىلا يالغان ئېيتمىدىم. «توختىنى تاپالمىدىم» دېسەممۇ بولىۋېرەتتى،— دېدى

هامۇت «كوم» كۆزلىرىنى ئەپىچىپ،— ئۇنى تاپتىم، ئۇمۇ شۇنچىلىك ۋەدە قىلدى. ئويلاپ باق، ئۇنى ئەمدى ئارتۇقچە قىستاۋەرسەم، يەنە قېچىپ كەتسە، سەن بىلەن مەن قانداق قىلىمەن؟ شۇڭا ئۇ بېرىمەن، دېگەندىكىن، بەرگىچە ئازراق ساقلاپ باقمامدۇق. بۇرۇنمۇ شۇنچە ئۇزۇن ساقلىدۇق.

— بۇنىڭ بىلەن كارىم يوق،— دېدى سادىق قەتئىي تەلەپپۇزدا،— سەن ماڭا پۇلنى بېرىدىغان ئىشنىلا دە. بولمىسا، مېنىڭمۇ سەۋرىم توشتى. مۇنۇ ئۆيۈڭغۇ پۇلۇمغا چىقىش قىلار.

— سەت گەپ قىلما،— دېدى هامۇت «كوم» كولۇپ،— ئۆيۈمنى تارتىۋالساڭ، ئۆيۈڭگە بېرىپ يېتىۋالىمەن.

— قالغىنىنى ئۆزۈڭ بىل،— دېدى سادىق ئورنىدىن تۇرۇپ.

— توختا، نەگە ئالدىرايسەن؟ سېنىڭ گېپىڭ تۈگىگەن بىلەن مېنىڭ تېخى ئەمدى باشلىنىدۇ.

هامۇت «كوم»نىڭ بۇ سۆزى بىلەن سادىق توختاپ ئۇنىڭغا قارىدى ۋە ئۇنىڭ چىرايىدا ئىپادىلىنىۋاتقان خۇپسەنلىكنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ قۇرۇق گەپ قىلمايدىغانلىقىنى بىلدى.

— هە، نېمە گەپ؟

— مەن بىلىمەن،— دېدى هامۇت «كوم» بايىقى بىچارە هالىتىدىن قۇتۇلۇپ، سىرلىق كولۇپ،— سېنىڭ بېشىڭ قېتىۋاتقان بىر ئىش بار.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ سادىق بىلەن سايىم بىر - بىرىگە قارىشىۋالدى.

— بولمامدىغان، سەنلەر بەرمەيۋاتقان پۇل شۇ.

— ياق، سېنىڭ هازىر پۇلدىن مۇهىم بىر ئىشىڭ بار.

ئەمدى سادىق ئۇنىڭ گېپىگە قىزىقتى.

— ئوچۇقراق دەي،— دېدى هامۇت «كوم»،— زەۋەرگۈلنىڭ ئىشى.

زەۋەرگۈلنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاش بىلەن سادىق ئورنىدا ئولتۇردى.

— ئېيتە، بۇ نېمە گەپ؟— سادىقنىڭ تەلەپپۇزىدىن يېلىنىش ئالامىتى ئىپادىلەندى.

— مەن گەپنى ئەگىتمەيمەن، — دېدى ھامۇت «كوم» موخۇركىسىغا ئالدىرىماي ئوت يېقىپ. بۇنىڭدىن سادىق تىتىلداپ كەتتى، — سادىق، مەن بىلىمەن، سەن زەۋەرگۈلنى ئۇنتالمايۋاتىسەن. ئەسلىي ساڭا كەپلا قالغان. قاھار كېلىپ ئىشنى بۇزۇپ قويدى. سەن ئۇ قاھار دېگەننى بۇ يەردىن يوقىتالماي ئاۋارە بولۇۋاتىسەن.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ سادىق چۆچۈپ كەتتى.

— بۇنى كىمدىن ئۇقتۇڭ؟

— كىمدىن ئۇققانلىقىم مۇھىم ئەمەس. مۇھىمى، قاھار بۇ يەردىن يوقالسا، زەۋەرگۈلنى ساڭا ئوڭچە قالدۇرۇش.

سادىق ئىختىيارسىز بېشىنى لىڭشىتتى.

— سېنىڭ... بىرەر ئامالىڭ بارمۇ؟

— بار.

— ئۇنداق بولسا ئېيت!

— ئالدىرىما، سادىق. بايا دېدىمغۇ، سېنى ئويلاپ تۇرغان دەپ. گەپ شۇ، مەن ساڭا بىر ئامال كۆرسىتىمەن، سەن بەش مىڭ كوي قەرزىمنى كۆتۈرۈۋېتىسەن.

سادىق كۆپ ئويلاپ ئولتۇرمىدى:

— بولدى ھېساب.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان سايىم تۇرالماي قالدى: «ھەي، مەن كۆرسەتكەن ئەقىللەر ئىشلەپ قالغان بولسا، بۇ بەش مىڭ كوي مېنىڭ بولاتتى ئەمەسمۇ. تەلىيىمگە مۇنۇ كومنىڭ كۆرسەتكەن ئامالى تايىنى يوق ئامال بولۇپ قالغىيتتى...» سايىم تۇكۇرۇكىنى يۇتۇشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي قۇلىقىنى دىڭ تۇتتى.

— سادىق، توغرا چۈشەن، ئالدى بىلەن بەش مىڭ كويلۇق ھۆججەت ياز!

— ھۆججەتنى ئېلىۋېلىپ كارغا كەلمەيدىغان گەپنى دەپ ئولتۇرساڭچۇ؟

— پىس - پاس گەپ قىلسام، ئىككىمىز بىر مۇشتتىن ئۇرساڭلارمۇ يېتىپ قالمايمەنمۇ.

— بوپتۇ.

سادىق دەرھال بىر ھۆججەت يېزىپ ھامۇت «كوم»نىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. ھامۇت «كوم» ھۆججەتكە ئۇبدان قارىۋەتكەندىن كېيىن دېدى:

— سەن ئىچكىرىگە ماڭغىلى ۋاتىسەن. ھەر قېتىم خەنزۇچە بىلمىگىنىڭدىن قاقشايسەن. قاھار بولسا، بىز ئاڭلىدۇق، خەنزۇچە دېگىنىڭنى سۇيۇۋېتىدىكەن. سەن قاھارغا ئۇبدان گەپ قىلىپ تەرجىمان بولۇپ بەر، دەپ ئىچكىرىگە بىللە ئاپار.

— نېمە؟ — سادىقنىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى، — ئۇنى تېخى ئىچكىرىگە ئاپىرىمەنمۇ؟ ئادەمنى تولا...

— سۆزۈمنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلا، — دېدى ھامۇت «كوم» كۇلۇپ، — سەن ئۇنى شىئەنگە ئاپىرىپ ئوينىتامايسەن. بارغاندىن كېيىن شۇ يەردىكى قۇلاق كەستىلەرنى ئىشقا سېلىپ پۇت - قولىنى چاقتۇرۇۋېتىپ شۇ يەرگە تاشلاپ قويىسەن ياكى ئېپىنى قىلىپ خىروئىنغا ئۆگىتىپ قويىسەن ۋە «تاپالمىدىم» دەپ يۇرتقا قايتىپ كېلىسەن. بۇنداق ئىشنى كىم ئىستەك - سوراق قىلىپ يۈرەتتى.

سادىق ئىچىنى تىڭشاپ ئولتۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن ئورنىدىن تۇردى - دە، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي چىقىپ كەتتى. سايىم ھامۇت «كوم»نىڭ ھۆججەتنى يانچۇقىغا سالغانلىقىغا ئەلەم بىلەن قاراپ قويۇپ سىرتقا ماڭدى ۋە ئىشىكتىن چىقىۋېتىپ: «قارا بۇلارنى، مېنى بار دەپ ئويلاپمۇ قويمىغىنىنى؟ قايسىسىلا بولسا ئازراق كۆڭۈل بىلدۈرۈۋەتسە نېمە بولىدۇ؟ ... بوپتۇ، بۇ ئىشمۇ كۆڭلۈمدە تۇرۇپ تۇرسۇن...» دەپ ئويلىدى.

سادىق يول بويى ئۆيگە يېتىپ ماڭدى: «ئازراقلا قورقۇنچاقلىق قىلمىسام بۇ ئىشنى قىلغىلى بولغۇدەك. ئىچكىرىدە ئۇنداق ئىش دېگەن جىق. پۇل بەرسەم باشقىلار قىلىدىغان بولغاندىكىن، مېنى كىم بىلىدۇ؟... توغرا، قاھارنىڭ پۇلغا موھتاج ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىشنى ئويلىغانىدۇق، بۇ تازا ئۇدۇل كەلگىنى ئەمەسمۇ؟ بىرىنچىدىن، قاھار خۇشال بولۇپ ماڭا ئەگىشىدۇ. ئىككىنچىدىن،

بۇ ئارقىلىق زەۋەرگۈلگىمۇ ياخشى بولۇۋالىمەن. ئەمما... ئەستا! قايسى كۈنى نىمىشقىمۇ ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ يۈرگەن بولغىيدىمەن؟ ئەمدى ئۇ ماڭا ئىشىنەرمۇ؟ قانداق قىلسام بولار؟ توغرا، ھاجەتمەن بولۇپ باراي، كەچۈرۈم سوراي... ناۋادا، ساڭا پۇل تاپىدىغان پۇرسەت يارىتىپ بىرەي دىسەم، ئەلۋەتتە، ئۇ گۇمانلىنىدۇ...»

ئاخىر بىر قارارغا كېلىپ بولغان سادىق توختاپ كەينىگە قارىدى. سايىم خېلى يىراقتا سالپىيىپ كېلىۋاتاتتى.

— سايىم، — دىدى سادىق ئۇنىڭ كۆزىگە مىختەك قادىلىپ، — ئۆتكەندە ناچار كۆمۈر ئېلىپ قاپتىمەن، دەپ قاقشىغاندەك قىلىۋىدىڭ، مە، مۇنۇ پۇلغا ياخشىراق كۆمۈر ئېلىۋال.

سادىق شۇنداق دەپ ئۇنىڭغا بەش يۈز يۈەن پۇل بەردى. بۇنىڭدىن سايىم بىر ياقتىن بەك خۇشال بولۇپ كەتكەن بولسا، يەنە بىر ياقتىن سادىقنىڭ تىكىلىپ قارىشىدىن بەدەنلىرى تىكەنلىشىپ، چوڭقۇر بىر قورقۇنچنى ھېس قىلدى.

كۆڭلى خېلى توختىغان سادىق ئۇدۇل پاتىگۈلنىڭ يېنىغا باردى. چۈنكى، ئەگەر زەۋەرگۈل پاتىگۈلنىڭ گەپلىرىگە ئىشەنمىسە، ئۇ چاغدا سادىقنىڭ پىلانىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ناتايىن بولۇپ قالاتتى.

پاتىگۈلنىڭ كۆز ئالدىدا خۇشال پەيدا بولۇشى سادىقنى يېنىك تىنىدۇردى. دەرۋەقە، پاتىگۈلنىڭ تۇرقىدىن ئىشىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىدىن دالالەت بېرىدىغان خۇشاللىق ئېنىق ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. شۇنداقتىمۇ، سادىق تاقەت قىلىپ تۇرالمىدى:

— قانداق بولدى، پاتىگۈل؟ — دىدى ئۇ ئۆز تەقەززاسىنى باسالماي. پاتىگۈلمۇ گەپ ئەگىتىپ ئولتۇرمىدى.

— زەۋەرگۈل ھەرھالدا ئىشەندى، — دىدى پاتىگۈل، — لېكىن چېنىپ قالمىسۇن دەپ بەك ئەنسىرىدىم.

— رەھمەت، پاتىگۈل، — دىدى سادىق شادلىنىپ، — ئەمدى شۇ... زەۋەرگۈل باشقا... گەپ...

— ھە دەپ بەرسەم ....— دېدى پاتىگۈل خاپا بولغانىدەك،— مۇشۇنداق قانائەت قىلمايدىغان مىجەزىڭىزنىزە...

— ئەمدى شۇ...

پاتىگۈل كۈلدى:

— بولدى، خاتىرجەم بولۇڭ. سىزگە ئىككى ئىشنى يەتكۈزەي. بىرى، ئۇ ماڭا سىز بىلەن خوشلىشىپ قويۇشۇمنى ئېيتتى.

— رەھمەت، پاتىگۈل، ئەمدى خاتىرجەم ماڭىدىغان بولدۇم. مۇشۇ كاتتا خەۋىرىڭىز ئۈچۈن سىزگە ئېسىل ئاياغتىن بىرنى ئالغاچ كېلىمەن.

— راستمۇ؟ ئۇنداقتا ئالدىرىماڭ،— دېدى پاتىگۈل سوۋغاتنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ كۆزلىرى چاقناپ،— مەن زەۋەرگۈل بىلەن جىق سۆزلەشتىم. ئەھۋالدىن قارىغاندا، سىز بۇ قېتىم ئىچكىرىدىن قايتىپ كەلسىڭىز ئىشىڭلار پۈتۈپ قالىدىغان ئوخشايدۇ.

بۇ گەپتىن سادىقنىڭ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى:

— راست دەۋاتامسىز، پاتىگۈل!؟ بولدى گېپىم گەپ، مودا پەلتودىن بىرنى ئالغاچ كېلىپ، يۇرتتىكى قىزلارنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋەتمەيدىغان بولسام...

ساددا قىزلار ـ ھە! شۇ ھامان پاتىگۈل كىنولاردا كۆرگەن ئېسىلزادە خېنىملار كىيىۋالغان ياقىسى ئۆرە، بېزەكلەر تاقالغان، تىزىغىچە يېپىپ تۇرىدىغان، بېلىدىن چىگىۋالىدىغان بەلۋىغى بار، قىزغۇچ رەڭلىك پەلتولارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئەنە، پاتىگۈل شۇ پەلتونى كىيگەنچە ئاق مەسچىتنىڭ ئالدىدىن ئۆتمەكتە، ئارقىسىدىن ئۆمەر قىزىل رەڭلىك «جەنۇب» ماركىلىق موتسىكلىتىنى ئاستا ھەيدەپ گىدەيگىنىچە كەلمەكتە، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قىزلار ھەسەت بىلەن قارىسا، يىگىتلەر ھەۋەس بىلەن قارىماقتا...

— قانداق، خۇش بولدىڭىزمۇ؟

سادىقنىڭ ئاۋازى ئۇنى ئېسىگە كەلتۈردى.

— بۇنى بىلگەن بولسام سىز خۇشال بولىدىغان گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى يىغىپ بۇگۈنلا دەكەنمەن.

— بۇ دېگەن سۆيۈنچە، رەھمىتىم بۇنىڭدىن نوچى.

سادىق ئىشلىرىنىڭ تۇرۇپلا بۇنداق ياخشىلىنىپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدى. مانا شۇنچە ۋاقىتتىن بۇيان ئۇنىڭ ئىچىنى چاشقاندەك غاجاپ كەلگەن ئازاب، كۇنداشلىكلەر نەچچە كۈندىلا تۈگىدى، بېشى قېتىۋاتقان ئىشلار ئۆز يولى بىلەن بىر تەرەپ بولغىلى تۇردى. «مەن دەرھال قاھارنىڭ يېنىغا باراي، تۈمۈرنى قىزىقىدا سوقاي. قارىغاندا، قاھارنى ئىچكىرىگە تاشلىغۇەتسەملا ئىشلىرىم ئوڭۇشلۇق بولىدىغان ئوخشايدۇ...»

سادىق پاتىگۈل بىلەن خوشلاشتى. پاتىگۈل ئۇنىڭ كەينىدىن تاتلىق خىياللار بىلەن قالدى. ئىنساننىڭ قىزىق يېرى شۇ يەردە. پاتىگۈل ساددا، تۈز، ئەمما كەسكىن قىز ئىدى. قاچاندىن باشلاپ سادىق ئۇنىڭغا ئۆنى - بۇنى سوۋغا قىلدى، شۇ كۈندىن باشلاپ پاتىگۈل سادىقنىڭ شۇنداق قىلىشىنى يوللۇقتەك، ھەتتا سادىقنىڭ مەجبۇرىيىتىدەك ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالدى. تېخى بەزىدە سادىق قۇرۇق قول كېلىپ قالسا، پاتىگۈل راست - يالغاندىن قېيىدايدىغان بولۇۋالدى. بىراق، مۇشۇلار بەدىلىگە پاتىگۈل سادىق ئۈچۈن كەتمەن چېپىۋاتقانلىقىنى يادىغا كەلتۈرمەيتتى، بۇنى ئۆزىنى بەزلەش ئۈچۈنمۇ ئەيتاۋۇر، «دوستلارنىڭ بەختى ئۈچۈن» دەۋالدى. بەلكىم، پاتىگۈلنىڭ ئويىمۇ توغرىدۇ؟

سادىق قاھارنى ئىزدەپ بېرىۋىدى، ئابدۇل شۇجىنىڭ شۇ يەردە ئويناۋاتقان ئوغلى ئىلھام ئۇنىڭ ئۇزۇمزارلىقتا كەتكەنلىكىنى ئېيتتى.

دەرۋەقە، قاھار شۇ تاپتا دۆڭباغدىكى ئۇزۇملۇكتە ئىدى. «سانائەتتە داچىڭدىن، يېزا ئىگىلىكىدە داجەيدىن ئۆگىنىش» چاقىرىقى چىقىرىلغان ۋاقىتتا، بۇ يېزىمۇ شۇ چاقىرىققا قىزغىن ئاۋاز قوشۇپ، داجەيدىكى تاغ باغرىغا شۇ يەرنىڭ شارائىتى بويىچە پەلەمپەي شەكلىدە بەرپا قىلىنغان ئېتىزلارغا ئوخشىتىپ، تۈز يەرلەرگە توپا تۆكۈپ ئېگىزلىتىپ، پەلەمپەي شەكلىدىكى ئېتىزلارنى ياسىغانىدى. شۇ چاغدىكى ۋەزىيەت بويىچە، تۈز يەرگە توپا دۆۋىلەپ، قانچىكى ئېگىز، قانچىكى پەلەمپەي سانى كۆپ

ئېتىز ياسىسا شۇ ئىلغار بولغان... ئەمما شۇ ئىشلار ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىنكى رېئاللىق شۇ بولدىكى، داجەيدە ئۇ پەلەمپەي ئېتىزلارنى يامغۇر سۈيىدە سۇغىرىش مەقسەت قىلىنغان بىلەن بۇ يەردىكى پەلەمپەي ئېتىزلارنى سۇغىرىش بىر قىيىنچىلىققا ئايلانغان. شۇ سەۋەبتىن بۇ يەر «دۆڭباغ» دەپ ئاتالغان.

قاھار، ئارمان جىق، قىلىدىغان ئىش يوق ئىچى پۇشۇپ بولماي بۇ يەرگە چىققانىدى. باھاردىن باشلاپ كەچ كۈزگىچە تەبىئەتكە يېشىللىق، ئىنسانلارغا نېمەت ئاتا قىلىپ كەلگەن ئۈزۈم شۆخلىرى ئەمدى توپا ئاستىدا جىمجىت ياتاتتى. ئەلۋەتتە، بۇ جىمجىتلىق كېيىنكى باھاردىكى يېڭى ھاياتلىق ئۈچۈن ئىدى. بەلكىم، قاھارنىڭ ئىچىدىكى غەلىيانلارمۇ يېڭى بىر تۇرمۇش يولىنىڭ تەۋەللۇت بولۇشى ئۈچۈندۇ؟ بەلكىم ئۇنى يېڭىچە بىر ھايات يولى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقاندۇ؟

قاھار شۇ خىياللار بىلەن تۇرغاندا يېنىغا بىرسى كەلگەندەك قىلدى. ئۇ بۇرۇلۇپ يانغا قارىدى ۋە سادىقنى كۆرۈپ چىرايىنى تۈرۈپ ئالدىغا قارىۋالدى.

— قاھار ئاداش، مەن سېنى ئىزدەپ كەلگەن، — دېدى سادىق ئاۋازىنى سىلىق چىقىرىشقا تىرىشىپ، — ساڭا دەيدىغان گېپىم بار ئىدى.

قاھار ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىماسقا سېلىپ، ئالدىغا قارىغىنىچە تۇرىۋەردى.

سادىق ئىچىدە: «سادىق، ئازراق چىشىڭنى چىشلىۋەتسەڭلا، كېيىنكى خۇشاللىق ساڭا نېسىپ بولىدۇ» دەپ ئۆزىگە مەدەت بەردى ۋە يەنە ئېغىز ئاچتى:

— قاھار ئاداش، ھېلىقى كۈنكى ئىشنى كۆڭلۈڭگە ئالمىساڭ. مەن ناماقۇل بولاي.

«ئۇ ئىشنى مەن قانداقمۇ كۆڭلۈمگە ئالماي؟ قانداقمۇ ئۇنتۇپ كېتەي؟ سەندەك پەس ئادەمنىڭ بۇ ياخشى گەپلىرىگە يەنە نېمە شۇملۇقلارنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى كىم بىلىدۇ؟...» شۇلارنى ئويلىغان قاھار نېرى كەتمەكچى بولۇپ قەدىمىنى يۆتكىدى.

— ماڭا ئىشەن، قاھار، — دېدى سادىق ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، — ھەرقانچە ئۆچمەنلىكىڭ، ئاچچىقىڭ بولسىمۇ، ساڭا ھاجەتمەن بولۇپ كەلگەن ئادەمنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ باقساڭ بولاتتى.

قاھار چىرايىنى ئۆزگەرتمىدى، سادىققىمۇ قارىمىدى:

— مەندە نېمىشقا ئۆچمەنلىك بولسۇن؟ قېنى، سۆزۈڭ بولسا دە، مەندەك ئادەمگە نېمىمۇ ھاجىتىڭ چۈشەر؟

— مۇنداق گەپ ئاداش، سەن مېنىڭ ئىچكىرىگە ئۇزۇم يۆتكەۋاتقانلىقىمنى بىلىسەن. شۇغىنىسى، تىل بىلمەسلىكىم سەۋەبىدىن سودىدىكى جىق پۇرسەتلەرنى كەتكۈزۈپ قويۇۋاتىمەن. بىراق، سەن بولساڭ...

سادىقنىڭ بۇ سۆزى قاھارغا دەرھاللا تەسىر كۆرسەتتى. بۇنى سەزگەن سادىق يېنىك تىنىۋالدى:

— ئويلاپ باقسام، بۇ جەھەتتە سېنىڭدىن مۇۋاپىق ئادەم يوق ئىكەن. شۇڭا... نەچچە كۈن بولدى، ئاداش، خىجىل بولۇپ، ساڭا ئېغىز ئاچالماي يۈرگىلى... بولسا، مۇشۇ ئىشتا ماڭا ياردەملىشىپ، ئىشلىرىمنى ئىزىغا سېلىشىپ بەرسەڭ...

قاھار ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى. سادىق بولسا بارغانچە ئۇنۇمى كۆرۈلۈۋاتقان ھۇجۇمىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى:

— سېنى جاپاغا قويىمايمەن. پەقەت مەن بىلەن ئىچكىرىگە بېرىپ تەرجىمانلىق قىلىپ بەرسەڭلا بولىدۇ. بىر تال ئۇزۇم چاغلىق نەرسە كۆتۈرمەيسەن، ھەقنىمۇ ئوبدان بېرىمەن. ئەگەر ياخشىراق پايدا ئالالىسام بېيجىڭغىمۇ بېرىپ ئويناپ كېلىمىز. قانداق، ماڭا ياردەم قىلالارسەنمۇ؟

بۇ گەپلەر قاھارنىڭ خىيالىنى قالايمىقان قىلىۋەتتى. بايىقى ئاچچىق، غەزەپلەرنىڭ ئورنىنى ئاستا ـ ئاستا پۇل ئىگىلەشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئەزەلدىن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ شەپقىتىگە، ئەپۇسىغا ئېرىشىپ كەلگەن بۇ يىگىت شۇ تاپتا ئىختىيارسىز ھالدا يۈرىكىدىكى ئۆچ ـ ئاداۋەت داغلىرىنى يۇيۇۋشقا باشلىدى. «سادىق شۇنچە ياخشى نىيەت بىلەن گەپ

قىلىۋاتسا، مەن مەستلىكتە دېيىلىپ كەتكەن گەپلەر ئۈچۈن غۇم ساقلاپ يۈرسەم...» شۇلارنى ئويلىغان قاھار سادىقنى يۈزلەندى.
بۈنى كۆرگەن سادىق يادلىۋالغان گەپلىرىنىڭ پىلتىسىگە ئوت ياقتى:
— بۇ يەردىن ئالغان ئۈزۈمنىڭ باھاسى ئۇ يەردە نەچچە قاتلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ يەردە نۇرغۇن زاۋۇتلار بار. بۇ يەردىكى ناھايىتى ئەرزان بولغان قارا كىشمىش ئۈزۈم ئۇ زاۋۇتلارنىڭ ناھايىتى ياخشى خام ئەشياسى، باھاسىمۇ يۇقىرى، لېكىن تىل بىلمەسلىكىم سەۋەبى ئۇ زاۋۇتلار بىلەن تازا پۈتۈشۈپ كېتەلمەيۋاتىمەن. ئەگەر ساڭا ئوخشاش بىرسى ماڭا ياردەملىشىدىغان بولسا، مېنىڭچە، ئۇنىڭدىنمۇ چوڭ سودىلارنى پۈتتۈرۈشۈم مۇمكىن. ئەمما ئامال قانچە؟ شۇنداق قىلىپ نەچچە يىل بولدى، شۇنچە جىق تەييار سودا تۇرسا قىلالماي، نۇرغۇن پۇلنى قولدىن چىقىرىپ قويدۇم. ئەگەر سەن بىلەن ھەمكارلىشالىسام، ئۇنچىلىك قىينىلىپ يۈرمەس ئىدىم. سەنمۇ پۇلنىڭ تايىنى يوق ئىشلارنى ئىزدەپ يۈرمەس ئىدىڭ. سەندىن گەپ كېتىدۇ، مەندىن يول، ئەمما ئىككىلىمىز نۇرغۇن پۇلغا ئېرىشىمىز.
سادىقنىڭ بۇ ئېزىقتۇرغۇچى گەپلىرى قاھارنى دەسلەپ مۈرەككەپ خىيالغا، ئاندىن تاتلىق خىيالغا باشلىدى: «توغرا، مەن نېمىشقا ئۆزۈمدە بار بولغان ئارتۇقچىلىقتىن پايدىلانمايمەن؟ بۇرۇنمۇ مۇشۇ ھەقتە ئويلىنىپ، مۇشۇ ئىقتىدارىمدىن پايدىلىنىپ پۇل تېپىشنى ئويلىغانىدىمغۇ؟ ئابدۇل شۇجىنىڭ دەۋاتقىنىمۇ شۇغۇ! سادىقنىڭ قانداق ئادەملىكى بىلەن نېمە كارىم؟ مەن ئۇنىڭ بىلەن ئالدامچىلىق قىلمىغاندىكىن... پۇل تاپسام كۇچۇمگە تايىنىپ ھالال پۇل تاپىمەن، سودىدىكى ئىشنى قىلىپ پۇل تاپسىلا بولىمىدىمۇ، ئۆزى بىلەن نېمە ئىشىم. كىم بىلىدۇ، شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ باشقا بىرەر ئىشقا ئۇلىشىپ قالىمەنمۇ تېخى!؟» قاھار ئاخىر بېشىنى لىڭشىتتى.
بۇنى كۆرگەن سادىق مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

— يول تەييارلىقلىرىدىن غەم قىلما، ئاداش، — دېدى سادىق، — مەن ھەممىنى تەييار قىلىپ قويدۇم. ماڭساقلا بولىدۇ.

— مەن ئويلىنىپ باقاي، — دېدى قاھار يەنىلا ئىككىلىنىپ، — ئەتىگىچە جاۋابىنى بېرەي.

— تېزرەك بولارسەن، ۋاقىت قىستاپ قالدى. ناۋادا بولمىغۇدەك بولسا، باشقا بىرى بىلەن ئالاقىلىشارمەن.

بايا يېلىنىپ - يالۋۇرۇپ كەتكەن سادىق «قىزىقمىساڭ مەيلى» دېگەندەك تەلەپپۇزدا شۇنداق دەپ كېتىپ قالدى.

قاھارنىڭ ئىچىدىن «بار، بار!» دېگەن سادا ياڭراپ، ئۇنى ئالدىرىتىپ قويدى.

※ ※ ※

قاھارنىڭ سادىققا ھەمراھ — تەرجىمانى بولۇپ شىنئەنگە بارماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، زەۋەرگۈل چۆچۈپ كەتتى، ھېمىت نەنسەنچى بولسا ئىچىنى تىڭشاپ ئولتۇرۇپ قالدى.

— نېمە ئەمدى سادىقنىڭ سىزنى ئاپارغۇسى كېلىپ قاپتۇ؟ — دېدى زەۋەرگۈل جىددىي قىلىپ. ئەسلىي ئۇ: «سادىقنىڭ يامان نىيىتى بولمىسۇن يەنە» دەپ ئويلاپ باشقىچە گەپ قىلماقچىدى، ئەمما ئاتىسىدىن خىجىل بولۇپ ئۇنداق دېيەلمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سادىقنىڭ بۇ گېپىدە ئورۇنلۇق تەرەپمۇ بارغۇ!

ئۇلارنىڭ ئىپادىسىنى كۆرگەن قاھار سەل بوشىشىپ قالدى.

— مەن ئازراق بولسىمۇ يۈكۈڭلارنى يېنىكلىتىشنى ئويلىدىم، قارىسام، سادىقنىڭ دېگىنى مەن ئۈچۈن ھېچقانچە جاپاسى يوق ئىشكەن.

ھېمىت نەنسەنچى بېشىنى لىڭشىتتى:

— سادىق دېگەن بىر سودىگەر. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ تېخىمۇ كۆپ پۇل تاپقۇسى كېلىدۇ. مېنىڭچىمۇ، ئىچكىرىدە ئۇنىڭ تىلىدىن قىينالغىنى راست. بەلكىم ئۇنىڭ ئەقلى ئەمدى ئېچىلغاندۇ؟

ئەسلىي بۇرۇنلا شۇنداق قىلىشى زۆرۈر ئىدى. لېكىن، مېنى دە دېسەڭ، سادىق قىلىۋاتقان ئۇزۇم سودىسىنىڭ پايدىسىنى ئاڭلاۋاتىمىز. بىراق، خېيىمخەتىرىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن. شۇڭا بۇ ئىشتا ئۆزۈڭ بىر قارار چىقىرارسەن.

بۇ گەپتىن زەۋەرگۇل ھەيران بولۇپ ئاتىسىغا قارىدى. قاھار بولسا لېۋىنى چىشلەپ بىر پەس تۇرۇۋەتكەندىن كېيىن:

— مەن بىر كۆرۈپ باقاي، ھېمىت ئاكا، مەن كۆپ ئويلاندىم، دېيىشىدىغان زاۋۇتى بىلەن دېيىشىدىغاننى دېيىشىپ بېرىمەن، سودىسىغا قەتئىي ئارىلاشمايمەن. يەنە بىر خىيالىم، مۇشۇ باھانە بىلەن بىرەر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتۇۋالسام ئەجەب ئەمەس. شۇنىڭدا سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردىمۇ يەرگە قاراپ قالمايمەن،— دېدى.

— ئۇنداق ئويلىغان بولساڭ، بوپتۇ بالام،— دېدى ھېمىت نەنسەنچى.

قاھار بېشىنى لىڭشىتتى ۋە زەۋەرگۇلگە قاراپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

— ئاتا، سېنىڭ نېمە دېگىنىڭ بۇ؟— دېدى زەۋەرگۇل نارازى بولۇپ.

— مەن بىلىمەن، قىزىم، ئۇنىڭ بىر ياقتىن تۇرپاندىكى ئۆيىگە قايتقۇسى كېلىدۇ، بىراق باراي دېسە، ئەھۋالى ساڭىمۇ ئايان... بۇ يەردە تۇرۇۋېرەي دېسە، بىزدىن ئوڭايسىزلىنىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئەھۋالى ياخشىلانغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بۇ خىيالى بەك كۈچىيىپ كەتتى. بۇنى مەن سېزىپ تۇردۇم. ئۇنىڭمۇ ئويلىغىنى توغرا. بىكار يەپ يېتىش پۇتۇن ـ سۆرۈك بىر يىگىتنىڭ غۇرۇرىغا تېگىدۇ. ئۇنىڭ جىسمانىي ئەمگەك قىلىپ يۈرۈشىگە قوشۇلمىدىم. بۇ ئىشقا كەلسەك، ئۇنىڭ ئويلىغىنىغىمۇ ئۇيغۇن، جاھان كۆرۈپ كەلسە، ئۇنىڭ سالامەتلىكىگىمۇ ياخشى. ئۇنىڭ خەنزۇچىنى بىلىشىگە ئابدۇل شۇجىمۇ قىزىقتىغۇ. سادىقنىڭ ئويلىغىنىمۇ شۇ. مېنىڭچە، بۇ قاھارغا پايدىلىق.

— كۆڭلۈم پەقەت تارتمايۋاتىدۇ، ئاتا.

— ئەنسىرىمە، قىزىم، قالغان ئىش ئۆزىگە باغلىق. مۇشۇ خىيالى بىلەن بېرىپ يانسا ھېچ ئىش چىقمايدۇ.
— بۇ نېمە دېگىنىڭ ئاتا؟
— سودىغا ئارىلىشىپ قالمىسۇن دەيمىنا. سودىغا پىشمىغان ئادەمگە پايدىدىن باشقا نەرسە كۆرۈنمەيدۇ، ئاخىر قولىدا قەرز ھۆججىتى قالىدۇ.
— ئۇنداق بولسا، قاھارغا تاپىلاپ قوي، ئاتا.
— خاتىرجەم بول، مەن ئويلاپ قويدۇم. قاھار ئەقلى بار بالا.

※ ※ ※

ھەممە تەييارلىقلار پۈتۈپ بولغاندىن كېيىن ئۇلار مېڭىشقا تەييارلاندى. ئۇزۇملەرنىڭ پويىزغا بېسىلىپ بولغانلىق خەۋىرى ئاللىقاچان كېلىپ بولغاچقا، ئۇلار روھلۇق ئىدى.
سادىق بۇ خەۋەردىن يېنىك تىنىپ ماشىنىغا چىقىشقا تەييارلاندى. لېكىن قاھار تېخىچىلا دەككە ـ دۈككىدە ئىدى. شۇ چاغدا زەۋەرگۈللەر ئۇزاتقىلى كەلدى. بۇنى كۆرگەن سادىق باشقىدىنلا جانلىنىپ كەتتى ۋە ماشىنىدىن چۈشتى.
ھېمىت نەنسەنچى قاھارغا قاراپ ئىش قىلىشنى، بولمىسا دەرھال قايتىپ چىقىشنى تاپىلىدى. سادىققا بولسا قاھارنى تىنچ ـ ئامان قايتۇرۇپ چىقىشنى قاتتىق جېكىلىدى. بىراق سادىق ھېمىت نەنسەنچىنىڭ بۇ گەپلىرىگە ئەمەس، بەلكى زەۋەرگۈلنىڭ بىر ئېغىز «خوش» دېگەن سۆزىگە تەشنا ئىدى. بىراق زەۋەرگۈل قاھارنىڭ يېنىدا ئىدى.
— قاھار، ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ،— دېدى زەۋەرگۈل. ئۇنىڭ ئاۋازىدىن ۋە تۇرقىدىن كۆيۈنۈش چىقىپ تۇراتتى. بۇنى كۆرگەن سادىقنىڭ يۈرىكى ئاچچىق ئېچىشىپ كەتتى. «خەپ، ئىچكىرىگىمۇ بارارمىز» دېدى ئۇ ئاچچىقى بىلەن. ئەمما ئويلىمىغان يەردىن زەۋەرگۈل سادىقنىڭ ئالدىغا كەلدى، بۇنىڭدىن سادىق خۇددى سىرى پاش بولۇپ قالغاندەك تەمتىرەپ كەتتى.

— سادىق،— دېدى زەۋەرگۈل ياغلىقىنىڭ ئۇچىنى ئويناپ تۇرۇپ،— ئاق يول بولسۇن، بالدۇرراق قايتىپ چىقىڭلار.
بۇ گەپ سادىقنىڭ يۈرىكىنى ئويىنىتىۋەتتى.
ئۇلار خوشلاشتى. قاھار يېڭىدىن يىراققا سەپەرگە چىققۇچىلاردا بولىدىغان تەلپۈنۈش ۋە گاڭگىراش ئىلكىدە قالدى. سادىق بولسا ماشىنا شەرققە— سىركىپكە بۇرۇلغىچىلا كۆزىنى كەينىدىن ئالالمىدى. كەڭ كەتكەن سايلىق، شىمال تەرىپى ئىدىقۇت تېغىنىڭ شەرقتىكى داۋامى. قاھار تۇرپان شەھىرى ئىچىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ئىدىقۇت تېغىنىڭ بۇ يەرلەرگىچە سوزۇلغىنىنى ۋە ئوخشاشلا تاقىرلىقىنى ئويلاپ باقمىغانىدى. شۇڭا ئۇ تاغقا قاراپ ماڭدى. ئەمما سادىق شېرىن خىياللار قوينىدا ئەللەيلەنمەكتە ئىدى: «ئەسلىي ماڭا كۆڭلى بار ئىكەن ئەمەسمۇ. شۇنچە كۆڭۈل بۆلۈپ گەپ قىلىۋاتسا... تېخى بالدۇر قايتىپ كېلىشىنىڭ گېپىنى قىلىۋاتسا... بۇ ئەلۋەتتە مەيلى بارلىقىنىڭ بېشارىتى - دە! بولدى، بېرىپ سودىنى بولۇشىغا قىلىپ، ئوينايدىغاننى قويۇپ تېزرەك يېنىپ چىقاي. تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقۇپ، مۇھەببەتنىڭ پەيزىنى سۈرەي. ئاھ، زەۋەرگۈل، مېنى بۇنچە قىينىغىچە بالدۇرلا ماقۇل دېگەن بولسىڭىز... قەدرىڭىزنى ئۆتۈلدۈرەي دەپسىز - دە؟ ئەمما...،— سادىق ئۆز خىيالى بىلەن ئولتۇرغان قاھارغا قاراپ قويدى،— ئەمما، ئەمدى ئۇنى قانداق قىلاي؟ يا پۈتۈپ قالغان ئىش بولغاچقا كۆرگۈلۈكنى كۆرسۇنمۇ؟ ياكى... ياكى شۇ سەۋەب بىلەن قاھار قايتىپ بارمىسا، زەۋەرگۈل ئاچچىقىدا توقۇمىنى قارىنىغا ئالارمۇ؟ شۇنداق بولۇپ قالسا، ھەممە ئىش بۇزۇلمامدۇ؟ توختا، ئەمدى زەۋەرگۈل مېنىڭ بولدى، زەۋەرگۈلمۇ مېنى خالىدى. شۇنداق تۇرسا، بۇنىڭدىن ئەنسىرەپ ئۇنداق قىلىپ يۈرگىنىمنىڭ نېمە پايدىسى. ئەمدى ئۇ ماڭا پۈتلاشمىغاندىكىن، ئىش ئۆز يولىدا مېڭىۋەرمەمدۇ؟ ھەي... ھېلىقى قۇيمىچىغا بەش مىڭ يۈەننى بىكارلا بېرىۋېتىپتىمەن. ئۆپكەمنى بېسىپ غەيرەت قىلغان بولسام، ئۆزى پۈتۈپ قالغان ئىش ئىكەندۇق... بوپتۇلا، ئۇ پۇل مۇشۇ خۇشاللىقىمنىڭ

سۆيۈنچىسى بولسۇن...» شۇنىڭ بىلەن سادىقنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى ۋە پۈتۈن دىققىتىنى يولغا تىككەن شوپۇرغا ۋە تاغقا قاراپ چۈشىنىكسىز خىيالغا كەتكەن قاھارغا يېقىنلىق ھېسسىياتى بىلەن قاراپ قويدى. ئىنسان دېگەن قىزىق، مەنپەئەت توقۇنۇشى بولمىسا، ھەممە كىشى يېقىملىق، تىللىسىمۇ يېقىنچىلىق قىلغاندەك تۇيۇلىدۇ. ناۋادا مەنپەئەت توقۇنۇشى بولسا، ئۇ كىشىنىڭ نەپەسلىنىشىمۇ ئادەمنىڭ چىشىنى قېرىشتۇرىدۇ. مانا سادىققا بايىلا ئۆز قولى بىلەن ئۆلۈم يولىغا ئىلىپ كېتىۋاتقان قاھار گۇناھسىز، يولداشتەك بىلىنمەكتە.

ئۇلار شۇ ھالدا مېڭىپ سىركىپ بوستانلىقىغا كىرىپ كەلدى ۋە شىمالغا بۇرۇلۇپ، تاغ جىلغىسىدا ئويناقشىپ ئېقىۋاتقان تاغ ئۆستىڭىنى بويلاپ لەمجىن بازىرىنى نىشانلاپ مېڭىشتى. جىلغىنىڭ ئىككى تەرىپى ئېگىز تاغ، يول بولسا جىلغا ئىچىدىكى ئېقىننى بويلاپ ماڭاتتى. ئېقىندىكى سۇ سۈزۈك، جىلۋىلىك بولۇپ، ئادەمنىڭ دۈم يېتىپ ئىچكۈسىنى كەلتۈرەتتى. ئەگەر ياز بولغان بولسا ئېقىن بويىدىكى تاللار بۈك - باراقسان بولۇپ، سۇ تال ئۇچلىرىنى سۆيۈپ يىپنىڭ ئەللەيلەپ ئاقاتتى. سۇدا لەپەڭشىۋاتقان تاللارنىڭ يىپىدىن ئۆتكەندە كىشى بۇ يەردىكى تېيىز سۇدا يالاڭ ئاياغ بولۇپ يۈگۈرگۈسى، ئاندىن تال ئاستىدىكى سايە جايدا ھۇزۇرلىنىپ ياتقۇسى كېلەتتى. يۇمشاق ئوت ئۆستىدە سوزۇلۇپ ياتساڭ، سۇ پۈتلىرىڭنى يۇمشاق تىلى بىلەن يالاپ تۇرسا، سالقىن شامال ۋۇجۇدۇڭنى يايراتسا...

ئەگەر، كېيىنكى سۆھبەت بولمىغان بولسا، ئېھتىمال، قاھار بۇ گۈزەل مەنزىرىلەرنى بىر ئۆمۈر بىمالال كۆرەلىگەن بولغىيتتى. ئەمما سادىقنىڭ خۇشاللىق ھېسسىياتى بىلەن كۆيۈنۈپ سورىغان سوئالىغا ئۇنىڭ بەرگەن جاۋابى قاھارنىڭ ھاياتىنى باشقا بىر يۆنىلىشكە باشلاپ قويدى.

ماشىنا لەمجىن بوستانلىقىدىكى خەتەرلىك تىك داۋاندىن چىقىۋاتقاندا سادىق غولدىكى قويۇق تېرەكلىككە قاراپ بىر خىل غايىۋى سالقىنلىقنى تەسەۋۋۇر قىلدى. «يازدا تۇيۇق ئوت دېڭىزىغا

ئايلانغاندا بۇ يەر جانغا قانچىلىك ھۇزۇر بېغىشلار ـ ھە؟» ئۇ بۇرۇن بۇ يولدىن قانچە قېتىملاپ ماڭغان بولسىمۇ، بۇ مەنزىرىلەرگە بۇنچىلىك ئىنچىكىلەپ سەپسېلىپ باقمىغان ھەم بۇنچىلىك ئوي ـ تەسەۋۋۇرلاردىمۇ بولمىغانىدى. ئەمدىلىكتە ئۇنىڭدىكى خۇشال تۇيغۇ ئۇنى ھەممە نەرسىگە خۇشاللىق بىلەن قارايدىغان قىلىۋەتكەنىدى. تۇيغۇنىڭ كۈچى قىزىق، ئەگەر سەن يامان تۇيغۇدا بولساڭ، جاھاندا ياخشى نەرسە يوق. ئەگەر سەن ئىزگۇ تۇيغۇلاردا يۈرسەڭ، قاقشال دەرەختىنىمۇ گۈزەللىك ھېس قىلالايسەن. دېمەك، جاھان ئەسكى ئەمەس، ئادەم ئەسكى!

سادىق شۇ خۇشاللىق تۇيغۇلىرىغا چۆمۈلۈپ تۇرۇپ، قاھاردىن تۇنجى قېتىم ھەقىقىي كۆيۈنۈپ سورىدى:

ــ يېتەرلىك نان ئېلىۋالغانسەن؟ ئۇ يەردە پۇل بولغان بىلەن تۇزۇك ئاشخانا يوق. بولۇپمۇ پويىزدا ئىش چاتاق. تەييار چۆپنى ئۇچ ۋاخ يېسەڭلا ئۇنىڭدىنمۇ ھۆ بولىسەن.

ــ ناننى خېلى كۆپ ئېلىۋالدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە تەييار چۆپنىمۇ يەپ ئادەتلەنگەن.

ــ ئۇنداقتا، ئانچە قىينالمىغۇدەكسەن. ئەمما تەييار چۆپ بىلەن مېنىڭ تازا خۇشۇم يوق.

ــ زەۋەرگۈل ئىككى كونسېرۋا قۇتىسىغا گۆش قورۇپ بەرگەن، شۇنى يەڭ بولمىسا.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان سادىق چۆچۈپ ئۇنىڭغا قارىدى. غولىدىكى ئۆستەڭگە قاراپ تۇرغان قاھار سادىقنىڭ قارىشىدىكى چۆچۈشنى، جىددىيلىكنى، ئەندىكىشنى بىلمەي قالدى.

ــ ياخشىغۇ،ــ ئارانلا شۇنداق دېيەلىدى سادىق.

سادىق بىردىنلا جىملاپ كەتتى. توغرىسى، قاھارنىڭ گېپى بىلەن دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.

سادىقنىڭ چىرايى ئۆزگەردى، قاپىقى سىيلىندى. قوپاللىق بىلەن تاماكا ئېلىپ، چاقماقنى قەستەنگە قاتتىق چېقىپ، تاماكىنى ئۇزمەي كۈچەپ شوراشقا باشلىدى.

«قاھارغا گۆش قورۇپ بېرىپتۇ ـ دە، بۇ زەۋەر!ــ سادىقنىڭ

يۈرىكى سىقىلىشقا، ھەسەتتىن پۈچىلىنىشقا باشلىدى، — ماڭا ئاغزىنىڭ ئۈچىدا خوش دەپ قويسۇن، مۇنۇنىڭغا بولسا... تۇۋا، تۇۋا، ئۇنىڭ شۇ ئاددىي بىر ئىبغىز گېپىگە گول بولۇپ يۈرگىنىمنى. خەپ، بىر كۈنى ماڭا خوتۇنمۇ بولارسەن!» سادىق يەر تېگىدىن قاھارغا يەۋېتىدىغاندەك قارىدى. ئاندىن زەۋەرگۈلنىڭ خوشلاشقاندىكى سۆزلىرىنى، قىياپىتىنى ئەسلىدى: «لېكىن، ئۇ ماڭىدىغان ۋاقتىدا ماڭا ئىچىدىكىنى ئېنىق يۇراتتىغۇ. قاھار بەلكىم تۇغقىنى بولغاندىكىن ئاتىسى بۇيرۇغاندۇ؟ ئىككى قوتا گۆش قورۇپ بەرگىنىگە قارىغاندا مېنىمۇ يېسۇن دېگىنىغۇ. توغرا، مېنىمۇ ئويلىغان گەپ...» بۇ خىيال بىلەن سادىق خېلى يېنىك بولۇپ قالدى. بىراق ماشىنا لەمجىنىگە يېتىپ بارغۇچە ئۇنىڭ خىيالى يەنە خېمىغا ياندى: «توختا، مەن بۇ ئىشقا سەل قارىسام بولمىغۇدەك. قاھار دېگەن بۇ بىر نېمە ھامىنى ماڭا يۇتلاشقۇدەك. زەۋەرنىڭمۇ ئۇنىڭغا تارتىشىدىغىنى ئېنىق. شۇنداق تۇرسا، زەۋەر بىلەن توي قىلغىنىم بىلەنمۇ خاتىرجەم يۈرەلەيمەنمۇ؟ بەخت پەيزىنى سۈرەلەيمەنمۇ؟ ياق، بۇ قاھارلا بولىدىكەن، ماڭا كۆڭۈل ئاراملىقى بولمىغۇدەك. شۇڭا ئەنگە بارغۇچە ئويدانراق ئويلىنىپ باقسام بولغۇدەك. بولمىسا، بۇنداق يۈرسەت ئەمدى كېلەمدۇ، يوق؟»

ئەمدى سادىقنىڭ كۆزىگە ئىلىلىق، گۈزەل كۆرۈنىدىغان نەرسىلەرمۇ قالمىدى، ئەمما ئۆزگەرگىنى ئۇنىڭ تۈيغۇسى، خالاس.

# يەتتىنچى باب

ماشىنا پىچان پويىز ئىستانسىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىغاندا، يول بويى قاھارنى ئارامىدا قويمىغان ھاياجان تېخىمۇ كۈچەيدى. ھەربىر قېتىم پويىزنىڭ گۈدۈكى ياڭرىغاندا، قاھارنىڭ قەلبى لەرزىگە كېلەتتى. پويىزلار ئۇ كۆرگەن كىنودىكىگە ۋە شۇ ئاساستىكى تەسەۋۋۇر قىلغىنىغا ئوخشاشمىدۇ؟

بىرمۇنچە رەسمىيەتلەردىن كېيىن پويىز كۈتۈش سۈپىسىغا كەلگەن قاھار داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى: پويىزلار دەممۇدەم ئىستانسىغا كىرەتتى ۋە ئانچە كۆپ توختىمايلا مېڭىپ كېتەتتى. كىشىلەر ئۇ - بۇ ۋاگونلاردىن چۈشەتتى. يېڭى كىشىلەر شۇ ئىشكىلەردىن چىقاتتى. پويىزلار ئۇزۇن، ھەيۋەتلىك، تۆمۈريوللار ئىرماش - چىرماش ئىدى. سوزۇپ - سوزۇپ بېرىلگەن گۈدۈك ئاۋازلىرى قۇلاق - مېڭىنى يەيتتى. ھاڭ - تاڭلىق، ھەيرانلىق ئىچىدە تۇرۇپ قالغان قاھار: «ھەيۋەتلىك، سۈرلۈك ئىكەن، لېكىن ئاۋازى كىنولاردىكىگە ئوخشاش يېقىملىق ئەمەس ئىكەن» دەپ ئويلىدى.

ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشىپ سادىقلارغا قارىدى. سادىقلار ھېچ ئىش بولمىغاندەك، كۆز ئالدىدا پويىز دېگەن ھەيۋەتلىك، سۈرلۈك نەرسە يوقتەك تاماكا چېكىشىپ، پەرۋاسىز ھالدا ئۇياق - بۇياققا قارىشىپ ئۇششاق پاراڭ بىلەن تۇرۇشاتتى.

قاھار ئۆزىدىكى تەمتىرەشنى بىلدۇرمەسلىككە تىرىشىپ ئۇلارنىڭ يېنىغا باردى. ھېس - تۇيغۇسى، قاھارغا بولغان مۇئامىلىسى ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كەتكەن سادىق ئۇنىڭغا سوغۇق نەزەر بىلەن مۇنداقلا قاراپ قويدى. سادىقنىڭ مۇئامىلىسىنىڭ يۆرتتىن ئايرىلغانچە قوپاللىشىپ

كېتىۋاتقانلىقىنى تۇيۇپ تۇرغان قاھار بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمەي قالدى. مانا سەپەر ئالدىدىمۇ سادىقنىڭ مۇئامىلىسى...

قاھار باشقىلارغا قارىدى. سادىق ئۇلارغىمۇ شۇ تەرىزدە قاراپ پاراڭ قىلىۋاتاتتى. بۇنى كۆرگەن قاھار: «چوڭ سودا بىلەن ماڭغاچقا، سودا ئەندىشىسى بىلەن مىجەزى ئۆزگىرىپ قالغاندۇ؟» دەپ ئويلاپ ئۆزىگە تەسەللى بەرگەن بولدى.

ئاخىر ناھايىتىمۇ ئۇزۇن بىر پويىز غەرب تەرەپتىن ۋوگزالغا يۈشۈلدىغىنىچە كىرىپ كەلدى. بۇنى كۆرگەن سادىقلار سەل جانلاندى ۋە تەمتىرەشتى. پويىز توختىشىغىلا ئۇلار ۋاگون نومۇرىغا قاراپ يۈگۈرۈشكە باشلىدى.

— تېز بول، — دېدى سايىم قاھارنى ئالدىرىتىپ، — بۇ پويىز نەچچە مىنۇتلا توختايدۇ. ۋاقتىدا چىقمىساق، پويىزدا ئاۋارىچىلىك بولىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن قاھارمۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ يۈگۈردى. ئۇلار يىگىرمە بىرىنچى ۋاگونغا چىقىشتى. قاھار ۋاگونغا چىقىپ ئەمدىلا دېمىنى ئېلىپ تۇرۇۋىدى، پويىز ئاستا قوزغالدى. پويىز قوزغالغان چاغدىكى ئاستا تاراقلىغان ئاۋاز پويىزنىڭ سۈرئىتىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ ئىتتىكلىدى. پويىزنىڭ شۇ ئاۋازى بىلەن تەڭ قاھارمۇ ھولۇقۇپ كەتتى. سايىم بولسا ھولۇقۇپ نېمە قىلىشىنى بىلمەي جايىدا تۇرۇپ قالغان قاھارغا ۋارقىراپ، ئۆزلىرىگە ئەگىشىپ ئورنىنى تېپىۋېلىشنى ئېيتاتتى. ئۇلار ئورۇنلىرىغا جايلىشىۋالغاندىن كېيىن، سادىق سايىمغا بىر نېمە دەپ شىۋىرلاپ قويۇپ بۇ ۋاگوندىن چىقىپ كەتتى.

قاھار ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ۋاگون ئىچىگە سەپسالدى. تۈرلۈك سالاھىيەتتىكى، تۈرلۈك كىيىمدىكى تۈرلۈك چىرايلار تۈرلۈك قىياپەتتە بۇ ۋاگوننى توشقۇزۇپ ئولتۇرۇشاتتى. ئۇخلاۋاتقانلار، قارتا ئويناۋاتقانلار، ھاراق ئىچىشىۋاتقانلار، كىتاب كۆرۈۋاتقانلار... ھەممىسى ئۆز ئىشى بىلەن، بىر - بىرى بىلەن كارى يوق ئىدى.

ۋاگون ئىچىدىكى قىستاڭچىلىقتىن قاھارنىڭ دېمى سىقىلدى.

بىراق سايىم بولسا ئورنىدا ئولتۇرۇپلا ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇدۇلدىكى كۆزەينەكلىك ياش يىگىتمۇ بېشىنى ئەينەككە تىرىگىنىچە ئۇيقۇغا كەتكەنىدى.

بۇلارغا قاراپ ئولتۇرغان قاھارنى بىردىنلا زېرىكىشلىك، غېرىبلىق باستى. ئۇ بۇرۇن پويىزدا ئولتۇرۇشقا قانچىلىك ئىنتىلگەن ئىدى - ھە؟ پويىزدا سەپەر قىلىدىغان كىشىلەرگە ھەۋەس قىلىپ، ئىچىگە ئوت تۇتىشىپ كەتمىگەنمىدى؟ پويىزدا ئولتۇرۇپ ھۇزۇرلىنىپ سەپەر قىلغان چۈشلىرىچۇ؟ ئۇ ئەمدى بىلدىكى، پويىز سەپىرى بەك زېرىكىشلىك ئىكەن. «شىئەنگە ئۈچ كۈندە بارىمىز دەۋاتىدۇ. شۇنداق بولسا، بۇ ۋاقىتنى قانداقىمۇ ئۆتكۈزەرمەن؟ ھەي، ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن بولسىمۇ، ۋوگزالدىن بىر نەچچە پارچە ژۇرنال ئېلىۋالسام بوپتىكەن...» دەپ ئويلىدى ئۇ.

ئاشۇنداق زېرىكىشلىك خىياللار بىلەن جىم - جىم ئولتۇرۇپ كەتكەن قاھارنىڭ كۆزى ئەمدى ئۇيقۇغا بېرىلىۋىدى، سايىم ئۇنى نوقۇپ ئويغاتتى.

— يۈر، تاماققا بارىمىز.

قاھار كۆزىنى ئېچىپ سىرتنىڭ قاراڭغۇلۇق ئىچىگە پاتقانلىقىنى، ۋاگون چىراغلىرىنىڭ ياندۇرۇپ قويۇلغانلىقىنى كۆردى.

— نەگە كەلدۇق؟ — ئىختىيارسىز سورىدى قاھار.

— شىڭشىڭشياغا، — دېدى سايىم ئورنىدىن تۇرۇپ، — نېمە ئولتۇرىسەن، ماڭ.

قاھار ئۇنىڭغا ئەگەشتى. ئۇلار ۋاگوننىڭ تار يولىدا ئۇنىڭغا - بۇنىڭغا ئۇرۇلۇپ ۋاگوندىن چىقتى. ۋاگون بىلەن ۋاگوننىڭ تۇتاش يېرى ۋەھىمىلىك ئاۋاز چىقىراتتى، ئادەمگە ئەنسىزچىلىك سېلىپ چايقىلاتتى.

شۇ يەرگە قاراپ قالغان قاھار سايىمنىڭ ئاۋازىدىن ئۆزىگە كەلدى:

— مانا ماۋۇ ھاجەتخانا. ماۋۇ تۇتقۇچقا قارا، قىزىل خەت

بولسا، ئادەم بار، تۇتۇق خەت بولسا ئادەم يوق. سەنمۇ ئىچكە كىرگەندىن كېيىن ئىچىدىن ئېتىپ قويىسەن، بولمىسا خەتەرلىك.

قاھار ھاجەتخانىنىڭ ئىشىكىگە بىر قاراپلا سايىم بىلەلمىگەن «ئادەم يوق»، «ئادەم بار» دېگەن خەنزۇچە خەتلەرنى تونىدى.

سايىمنىڭ بايىقى قوپال مۇئامىلىسىدىن خاپا بولۇپ تۇرغان قاھارنىڭ كۆڭلى يورۇپ قالدى. نېمىلا بولسا، سايىم يەنىلا ئۇنى ئويلايدىكەن. بولمىسا، ھاجەتخانا ئىشى دېگەن ھەممىنىڭ بېشىنى قاتۇرىدۇ.

ئۇلار يەنە بىر ۋاگوندىن ئۆتكەندىن كېيىن باشقىچىلا بىر ۋاگونغا كىردى. بۇ يەر پاكىز، تىنچ، يورۇق، ئازادە. كىچىك ـ كىچىك ئۆيلەرنىڭ ئىشىكى ئېتىك ئىدى.

ــ بۇ كارىۋاتلىق ۋاگون،ــ دېدى سايىم ۋە ئالدىدىكى بىر ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئاچتى.

قاھار ئۆيگە كىرىپ سادىق بىلەن ھەمراھىنى، يەنە ناتونۇش ئىككى ئادەمنى كۆردى. ئۇلار پىۋا ئىچىشىپ ئولتۇرۇشاتتى. قاھارنى كۆرۈپ سادىقنىڭ چىرايى تۇتۇلدى.

ــ يېسەڭ مانا نان، تەييار چۆپ،ــ دېدى سايىم نەرسىلەرنى كۆرسىتىپ. ئۆزى بولسا بىر قۇتا پىۋىنى قولىغا ئالدى.

ــ قاھار قورۇق نانغا قارامدۇ،ــ دېدى سادىق مىيىقىدا،ــ ئۇنىڭ يەيدىغان گۆشى بار تۇرسا.

ــ ۋوي، ئاپلا،ــ دېدى قاھار خىجىل بولۇپ،ــ سومكىدا ئۇنتۇپ قاپتىمەن، بېرىپ ئەكېلەي.

ــ چاقچاق قىلىپ قويدۇم،ــ دېدى سادىق زورىغا كۈلۈپ،ــ گۆش دېسەڭ بۇ يەردىمۇ بار.

سادىق يېپىقلىق گېزىتنى ئاچقانىدى، پىشۇرۇلغان قوي گۆشى بىلەن توخۇ كاۋىپى كۆرۈندى. سايىم بىلەن قاھار ئازراقتىن بىر نەرسە يېيىشكەن بولدى.

قاھارغا قاراپ ئولتۇرغان سادىقنىڭ يەنە خۇيى تۇتتى. قاھار ئۇنىڭغا خۇددى قولغا كېلىپلا قالغان ئولجىنى ئەپقېچىشقا تەييار

تۇرغان چىلبۆرىدەك كۆرۈندى. «مۇشۇلا بولىدىكەن، زەۋەرگۈلنىڭ ماڭا نېسىپ بولۇشىغا توسالغۇ بولغۇدەك. مانا زەۋەرگۈل ماڭا ئەمدىلا ياخشى مۇئامىلە قىلىۋېدى، ھەتتا بۇ قېتىم قايتىپ بارسام، ماقۇل بولىدىغانلىقىنىمۇ پۇرتىۋېدى... قارىغاندا، زەۋەرگۈل مۇشۇنى كۆرسىلا ماڭا ئىككىلىنىپ قالىدىغان ئوخشايدۇ. ئەستا، بۇ بىرنېمىنى قانداق قىلسام بولار؟...»
ئويلىغانچە سادىقنىڭ غەزىپى قايناپ تاشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر بوتۇلكا پىۋىنى كۆتۈرۈپ غورتۇلدىتىپ ئىچىشكە باشلىدى...

قاھار ۋاگونىغا قايتىپ كېلىپ سىرتتا تېز - تېز ئارقىدا قېلىۋاتقان گىرىمسەنلىككە قاراپ ئولتۇردى. ۋاگوننىڭ يورۇقى چۈشكەن چەكلىك يەردىن نېرىسى چەكسىز كەتكەن قاراڭغۇلۇق ئىدى. شۇ قاراڭغۇلۇق قاھارنى چەكسىز خىياللار قوينىغا باشلاپ كەتتى: «ئاتام ئۆلۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈنلا مۇشۇنداق ئازابلارنى تارتىمەنمۇ؟ مېنىڭ ھەممە خۇشاللىقىم، بەخت - تەلىيىم ئاتام بىلەنلا بولغىيمىدى؟ نېمىشقا داۋۇت ماڭا شۇنچىۋالا ئۆچمەنلىك قىلىدۇ؟ ئۆگەي ئاتا بولغانلىقى ئۈچۈنلىمۇ؟ جاھاندا سىرلىق ئىشلار نېمانچە جىق. سەن تارتقان ئازاب بىلەن باشقىلارنىڭ مۇناسىۋىتى بولمايدىكەن، باشقىلار تارتقان ئازابلارنى كۆرگەندە، شۇ ئازابلارنى ئۆزۈڭ تارتمىغىنىڭغا شۈكرى قىلىپ يۈرىدىكەنسەن. ئادەملەر نېمانچە قىزىق - ھە! دائىم مەلۇم جەھەتتە ئۆزىدىن تۆۋەن تۇرىدىكى ئادەمنى ئۆزى بىلەن سېلىشتۇرۇپ ئۆز كۆڭلىنى تەسكىن تاپتۇرىدىكەن. مەن سېمونت تاختايدا ياتقاندا مىدىراپ يۈرگەن زابويلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ پۇت - قوللىرىنىڭ ساقلىقىدىن خۇش بولۇشقانىدى. دېمىسىمۇ بايلار نامراتلارغا قاراپ، تۇرمۇشىنى قامدىيالايدىغانلار قورسىقىنىڭ ھۆددىسىدىن ئاران چىقالايدىغانلارغا قاراپ، قورسىقىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغانلار تىلەمچىلەرگە قاراپ ئۆزلىرىنىڭ كۆڭۈللىرىنى تىندۇرۇشىدۇ. مانا مەنمۇ بەزىدە بالىلىرىنى ياغ ئىچىدىكى بۆرەكتەك چوڭ قىلىۋاتقان ئانىلارغا قاراپ ئەمەس، ئانىسىز يېتىم بالىلارغا قاراپ ئاپامنىڭ بولغىنىدىنلا خۇشال بولىمەن. گەرچە مەن

ئانا مېھرىدىن مەھرۇم بولغىلى شۇنچە ئۇزۇن بولغان بولسىمۇ. ھازىر قانداق بولار؟ ئاپام ماڭا قۇچاق ئاچارمۇ؟ ياق، بۇ ئىشتا ئاپام گۇناھكار ئەمەس. ئۇ ھامىنى ماڭا كۆيۈنىدۇ. ماڭا بولغان مېھرى ھەرگىز سۇسلاپ قالغىنى يوق. پەقەت داۋۇتنىڭ كۆزىگە قاراپلا شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولغان. ياق، ياق! ئاپامنى مۇنداق ئاقلىسام بولمىغۇدەك. بىر ئاپا بولغان ئادەم ھەر نېمە بولسا ئېرىنىڭ شۇنچىكى خاھىشىغىلا ئۆز يۈرەك پارىسىنى تاشلىۋەتسە قانداق بولىدۇ؟ بىر ئاماللارنى قىلىپ پەرزەنتىگە كۆيۈنۈشى، مېھرىبانلىق قىلىشى، قوغدىشى كېرەككۇ. بىر ئانا پەيتى كەلگەندە بۇنىمۇ قىلالمىسا، ئۇنى قانداقمۇ... ناۋادا يۇرتقا قايتىپ بارسام ئاپام يەنە شۇنداق مۇئامىلە قىلسىچۇ؟ بىر يىلدىن بۇيان مېنىڭ ئىزدەك - سورىقىمىنىمۇ قىلمىغان ئادەم... مەھەللىدىكىلەر بىر مۇشۇكى يىتۈپ كەتسىمۇ ئۆيمۇئۆي كىرىپ نەچچە كۈن ئىزدەيدۇ. ئاھ، خۇدا! مېنىڭ ئاپام ئاشۇنداق ئاپىمىدۇ؟...»

پويىزنىڭ قاتتىق سىلكىنىشى قاھارنى ئېغىر خىياللار قوينىدىن قايتۇرۇپ كەلدى.

پويىز بىر خىلدا تاقىراقلاپ ماڭماقتا. خىياللار ئۇنىڭدىن قېلىشمىغۇدەك تېز. بۇلارغا سېلىشتۇرغاندا ئادەمنىڭ ئۆمرى نېمانچە ئاستا ئۆتىدۇ - ھە! بىراق خىيال ھەرقانچە ئۇچقۇر بولسىمۇ تۈگەيدۇ، پويىز ھەرقانچە تېز ماڭسىمۇ بەرىبىر بىر بېكەتكە بېرىپ توختايدۇ. ئۆمۈرچۇ؟ ئۆمۈرنىڭ قەدىمى قانچىلىك ئاستا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇمۇ ھامىنى ئاخىرلىشىدۇ. ئەجەبا، قاھارنىڭ ھاياتى مۇشۇنداقلا ئاخىرلىشامدۇ؟ تىنچ، بىر خىللا، تاماق بىلەن تەننى قۇۋۋەتلەندۈرۈپ ھايات تۇرۇشنىڭلا كاپالىتى ئىزدەنگەن، ئاددىي تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدىن نېرى بولالمايدىغان ھايات نەقەدەر زېرىكىشلىك - ھە! «سۇ بويىدا» دېگەن روماندىكىدەك، «شياڭزى تۆگە» ناملىق روماندىكىگە ئوخشاش، «پۇقراچە كىيىنگەن ساقچى» دېگەن تېلېۋىزىيە تىياتىرىدىكىدەك، يەنە «ئۆكسۈش» رومانىدىكىدەك ئادەملەرنىڭ تۇرمۇشىغا

ئوخشايدىغان تۇرمۇش ھاياتلىقتا يوق ئوخشىمامدۇ؟ بۇلسا قاھار بىرەرنى كۆرەرىدى.

«ئۆكسۈش» رومانى، كەنان، نالەن، خەندان... بۇلار ئىسىگە كېلىشى بىلەن قاھارنىڭ كۆز ئالدىدا زەۋەرگۈل ئايان بولدى. «ئۇ نېمە قىلىۋاتىدىكىن؟ مېنى ئويلاۋاتامدىكىن؟ ياكى سادىق...» شۇ ھامان زەۋەرگۈلنىڭ قورۇغان گۆشنى قاھارغا سۇنغاندىكى مېھرىبان قىياپىتى قاھارنىڭ كۆز ئالدىغا كەلدى. «تويۇققا قايتىپ بارسام زەۋەرگۈلگە كۆڭلۈمدىكىنى ئوچۇق دەيمەن...» قاھار قەتئىيەتكە كەلدى.

ۋاگوننىڭ چىرىغى گىرىمسەن يېنىپ تۇراتتى. ئۇدۇل ئورۇندىكى كۆزەينەكلىك ياش يىگىت دېرىزە تەكچىسىگە بېشىنى قويغانچە قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. ئۇ بايا ئوقۇغان كىچىك ژۇرنال بولسا ئوتتۇرىدىكى كىچىك شىرەنىڭ ئۈستىدە قاتلانغان پېتى تۇراتتى.

قاھار ژۇرنالنىڭ مۇقاۋىسىغا كۆز يۈگۈرتتى. بۇ خەنزۇچە «ھېكايىلەر» دېگەن ژۇرنال ئىدى. قاھار ژۇرنالنى ئىختىيارسىز قولىغا ئالدى ۋە ۋاراقلاپ كۆرۈشكە باشلىدى. ژۇرنالدىكى ئەسەرلەر ئۇنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى. ئۇ ليۇ گوفاڭ، چىخوفلارنىڭ ھېكايىلىرىدىكى ۋەقەلىك ئىچىگە كىرىپلا كەتتى.

— سىز خەنزۇچە بىلەمسىز؟

قاھار بۇ ئاۋازدىن چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى. بايىقى كۆزەينەكلىك يىگىت ئۇنىڭغا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ تۇراتتى. قاھار ژۇرنالنى ئۇ يىگىتكە سۇنۇپ بېشىنى لىڭشىتتى.

— ئوقۇۋېرىڭ،— دېدى يىگىت كۈلۈمسىرەپ،— قارىسام ئۇيغۇر ئىكەنسىز. بىراق، بۇ ژۇرنال...

— مەن خەنزۇ مەكتەپتە ئوقۇغان،— دېدى قاھار ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ. خەنزۇ يىگىت قاھارنىڭ تەلەپپۇزىدىن مەمنۇن بولۇپ بېشىنى لىڭشىتتى ۋە سورىدى:

— سىز نەدىن؟

قاھار ئويلىنىپ جاۋاب بەردى:

— پىچاندىن؟
— پىچاندىن؟ پىچان نەدىن؟— خەنزۇ يىگىتنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى.
— پىچان تۇيۇقتىن.
— نېمىدېگەن ياخشى. مەن لەمجىندىن،— خەنزۇ يىگىت هاياجان بىلەن سۆزلەپ كەتتى،— مەن لەمجىندە تۇغۇلغان. ئۇيغۇر باللىرى بىلەن بىرگە ئويناپ چوڭ بولغان. شۇڭا بۇرۇن ئۇيغۇرچىنى ئانچە - مۇنچە بىلەتتىم، كېيىن ئوقۇش ۋە خىزمەت بىلەن بولۇپ ئاساسەن ئۇنتۇپ كەتتىم. بىزنىڭ دادۇيدە بايلامۇ باي، گادايلامۇ باي.
ئۇ پىچان ناھىيىسىدىكى لەمجىنلىكلەرنىڭ «ر» ھەرپىنى «ي» دەپ تەلەپپۇز قىلىدىغان ئادىتى بويىچە «بار»نى «باي» دەپ، ئاخىرقى بىر جۈملىنى ئۇيغۇرچە سۆزلىدى. بۇنىڭدىن ئىككىسىلا كۈلۈشتى.
— شۇڭا، مەن ئۇيغۇرلارنىڭ چىرايىغا قاراپلا ئۇيغۇرلۇقىنى ئاساسەن بىلەلەيمەن. بىراق ئىچكىرىدىكى كۆپىنچە خەنزۇلار بولسا ئۇيغۇرلارنى چەت ئەللىك دەپ ئويلايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ سىزگە ئوخشاش خەنزۇچە سۆزلىيەلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ. ھە راست، سىز ئالىي مەكتەپنى نەدە ئوقۇغان؟
— مەن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيالمىغان،— دېدى قاھار مەيۈسلىنىپ.
— ئىچكىرىنىڭ نەرىگە ماڭدىڭلار؟
— شىئەنگە.
— شىئەنگە؟ نېمە قىلغىلى؟
— سودىغا ماڭدۇق. ئۈزۈم ساتقىلى.
خەنزۇ يىگىتنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى:
— ھوي، ئۆزۈمنى تونۇشتۇرمايلا بىرمۇنچە سۆزلەپ كېتىپتىمەنغۇ. ئىسمىم لىيۇ دامىڭ. شىئەن شەھەرلىك خەلق دوختۇرخانىسىدا ئىشلەيمەن. تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرى.
قاھار ئۆزىنى قىسقىلا تونۇشتۇردى.

— ئۇبدان تونۇشۇپ قالدۇق، — دېدى ليۇ دامىڭ، — شىئەنگە بارغاندا مېنى چوقۇم ئىزدەڭ. قولۇمدىن كېلىدىغانچە ياردەم قىلىمەن، — ئۇ سائىتىگە قاراپ قويۇپ دېدى، — مەن لەنجۇدا چۈشۈپ بىر ساۋاقدىشىم بىلەن كۆرۈشۈپ ماڭماقچى.

ئازدىن كېيىن پويىزنىڭ كانىيىدا لەنجۇ ۋوگزالىغا يېتىپ كەلگەنلىكى خەۋەر قىلىندى. ليۇ دامىڭ خوشلىشىپ چۈشۈپ قالدى. ليۇ دامىڭ بىلەن سۆزلىشىپ قاھارنىڭ كۆڭلى خېلىلا ئېچىلىپ، روھى كۆتۈرۈلۈپ قالدى.

بۇ چاغدا سادىق كارىۋاتتا سوزۇلۇپ ياتاتتى. ئۇنىڭ ئاچچىقىغا بايا ئىچكەن پىۋىنىڭ كەيپى قوشۇلۇپ، سەپەراسىنى ئۆرلىتىپ قويغانىدى. شۇ تاپتا ئاچچىق خىياللارغا ئەسىر بولغان بولۇپ، ماشىنىدا كېلىۋېتىپ قىلغان خىياللىرى ئۇنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇماقتا ئىدى: «مەن بۇ قاھارنى بوش قويۇۋەتسەم ھەرگىز بولمىغۇدەك. ئەگەر يەنە رەھىمدىللىك قىلىپ، ئالدى - ئارقامغا قاراپ يۈرىدىغان بولسام ھامىنى لېۋىمنى چىشلەپ، قان يۇتۇپ قالغۇدەكمەن... ياق، ئامالىم بار تۇرۇپ، شۇنچە يولۇم تۇرۇپ، شۇنچە ئىمكانىيىتىم تۇرۇپ نېمىشقا مۇشۇنداق بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالىدىغان ئادەم مەن بولغۇدەكمەن؟ بۇ ھالغا قاھار قالسۇن. يوتقانغا قاراپ پۇت سۇنمىغىنىمغا تويسۇن. شىئەنگە بارارمىز. ئۇنىڭ سودا قىلغىنىنى، تەرجىمانلىق قىلغىنىنى بىر كۆرەي... خەپ، قاھار، مېنىڭ قانداقلىقىمنى ئەمدى كۆرۈپ قوي. ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ قىلدىڭ...»

※ ※ ※

ئۇلار شىئەن پويىز ئىستانسىسىدىن چىقىشىغىلا مېھمانخانا، تاماقخانا تونۇشتۇرۇپ بىر توپ ئادەم يوپۇرۇلۇپ كەلدى. ئۇ كىشىلەر كېلىپلا ئۇلارنىڭ قولىدىكى سومكىلىرىغا قول ئۇزارتىپ، سادىقلارنىڭ يۈك - تاقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ بەرمەكچى بولۇشتى. بۇنىڭدىن قاھار ھودۇقۇپ نېمە قىلىشنى بىلەلمەي

قالدى. سادىق بىلەن سايىم بولسا خۇددى مۇنداق مەنزىرىگە كۆنۈپ كەتكەندەك، ئۇ كىشىلەرگە پىسەنتمۇ قىلماي ئۇدۇل چوڭ يول تەرەپكە قاراپ ماڭدى. قاھارمۇ ئۇلارغا ئەگەشتى.

سادىق چوڭ يولغا ئۇلىشىپلا بىر تاكسىنى توستى.

— سۇمۇرغ مېھمانخانىسىغا، — دېدى سادىق شوپۇرنىڭ سورىشىنى كۈتمەيلا. ئۇنىڭ تۇرقىدىن شەھەر مەنزىرىسىگە قىزىقمايدىغانلىقى، بەلكى يېتىشقا ئالدىراۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى. قاھار بولسا شەھەرنىڭ كەچكى مەنزىرىسىگە، بولۇپمۇ تۇشمۇتۇشتىن ئۆتۈشۈۋاتقان ماشىنىلار بىلەن مىغ - مىغ ئادەملەر توپىغا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ قالدى. بۇ شەھەرنىڭ مۇشۇنچىلىك قايناقلىقىمۇ تۇرپان شەھىرىنىڭ ئومۇمىي قايناقلىقىدىن ئېشىپ چۈشەتتى.

شۇنداق قىلىپ، تارىخ بەتلىرىگە سەلتەنەتلىك نامى پۈتۈلگەن قەدىمىي پايتەخت شىئەن شەھىرى كىچىككىنە بىر بۇرجىكى بىلەنلا قاھارنى ھەيران قالدۇرۇپ ئۇنىڭغا قۇچاق ئاچتى.

تاكسى ئىككى تەرىپى باراقسان دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان يولنى بويلاپ كېلىپ بىر مېھمانخانىنىڭ ئالدىدا توختىدى. مېھمانخانىنىڭ ئالدىدا ئىككى قاپقارا تاش شىر ئاغزىنى ئېچىپ سۇرلۇك زوڭزىيىپ ئولتۇراتتى.

سادىق ھەر نەرسە بىلەن پەرۋايى پەلەك ھالدا باش مۇلازىمەت ئورنىغا بېرىپ ياتاق رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىشكە باشلىدى. سايىم بولسا بىر چەتتە تاماكا چەككەچ قاھارنىڭ زالدىكى خەنزۇچە بېزەكلەرگە ھەيرانۇھەس بولۇپ قاراپ قالغان ھالىتىنى تاماشا قىلىپ تۇردى.

ئۇلارنىڭ ياتىقى ئالتىنچى قەۋەتتە بولۇپ، لىفت بىلەن چىقماقچى بولدى. بۇنى بىلگەن قاھار قاتتىق ھاياجانغا چۆمۈلدى. ئۇ بۇ نەرسىنى كىنودا كۆرگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە كۆرۈشىنى، لىفتكە چىقىشنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. لىفت قوزغالغاندا ئۇنىڭ يۈرىكى ئەنسىز پۇلاڭلاپ كەتتى ۋە لىفتنىڭ تېمىغا يۆلىنىپ قالدى. سايىم ئۇنىڭغا قاراپ مەسخىرىلىك كۈلۈپ قويدى. بىراق، ئارقىدىنلا لىفتنىڭ تېمىدىكى بىر رەسىمگە تىكىلىپ قاراپ

كەتتى. سادىق ئۇ رەسىمگە ئېرەنشىمىدى. قاھار بولسا ئىنچىكىلىك بىلەن كۆردى.
— نېمە رەسىمدۇ بۇ؟ مېھمانخانىنىڭ ھەممىلا يېرىدە بار ئىكەنغۇ، — دېدى سايىمنىڭ ئىچى پۇشۇپ. ئاڭغىچە لىفت توختىدى.
— بۇنداق رەسىم دېگەن جىق نېمە. نېمىسىگە ھەيران قالىسەن؟ — دېدى سادىق لىفتتىن چىقىۋېتىپ.
— ياق، بۇ ئالاھىدە رەسىم ئىكەن، — دېدى قاھار ھاياجانلىنىپ، — بۇ مېھمانخانىغا زاڭزۇلارنىڭ يېڭى لاماسى كەپتىكەن.
— قايسى؟ — ئالدىراپ سورىدى سايىم.
— ئوتتۇرىدىكى كىچىك بالا شۇ. ئۇ شۇ يىلى ئون ئىككى ياشتا ئىكەن. ئۇ مۇشۇ مېھمانخانىغا چۈشۈپتىكەن. مۇلازىمەتتىن مىننەتدار بولۇپ، مېھمانخانا خوجايىنىغا خادا تەقدىم قىپتۇ. لامانىڭ يېنىدىكى خادا ئېلىۋاتقان ئېگىز بويلۇق كىشى خوجايىن ئىكەن.
— ھە! — قاھارنىڭ چۈشەندۈرۈشىنى ئاڭلاپ سايىم ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى. ئەمما سادىقنىڭ يۈرىكى ئېچىشىپ كەتتى. خۇددى ئۆزىنى قاھاردىن ئاجىزدەك ھېس قىلىپ ساراسىمىگە چۈشتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىچى قىمىلداپ، بوغۇزىغا ئاچچىق بىر يۇتۇم سۈيۇقلۇق يىغىلدى.
سادىقنىڭ ئىچىدىكىنى چۈشىنىپ بولغان سايىم ئۆزىنى دەرھال تۇتىۋېلىپ، قاھارغا ھومىيىپ قويدى. لېكىن ئۇنىڭدا قاھارنىڭ سۆزىنى داۋاملىق ئاڭلىغۇسى باردەك بىر خىل ھالەت پەيدا بولۇپ، يەنە يوقىدى.
— سىلەرنىڭ ياتىقىڭلار 605، مەن 609 ـ ئۆيدە.
سادىق شۇنداق دەپ بىر كارتوچكىنى سايىمغا بېرىپ ياتىقىغا ماڭدى.
ياتاققا كىرىپ قاھار يەنە ھەيران قالدى. ياتاق — ئۇ كىنولاردا كۆرگەن ياتاقنىڭ دەل ئۆزى شۇ! دېرىزىدە قېلىن پەردە، تومپۇچكا

ئۈستىدە تۈرلۈك ئىچىملىك، قەغەز خالتىلىق چاي، نەپىس ئىستاكان، رەڭلىك چوڭ تېلېۋىزور، لۆم ـ لۆم كارىۋات، تېخى تېلېفون! كىچىك شىرەنىڭ ئىككى تەرىپىدە قىزىل سىرلىرى پارقىراپ تۇرغان كاتتا ياغاچ ئورۇندۇق...

قاھار ئەيمىنىپ كېلىپ ئېسىل ۋە قېلىن سېلىنمىلار سېلىنغان كارىۋاتتا ئاۋايلاپ ئولتۇردى. سايىم بولسا كېلىپلا كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلىدى. ئۇ قات ـ قات سېلىنغان يۇمشاق سېلىنمىلار ئىچىگە چۆكۈپلا كەتتى.

— ۋاھ، نېمىدېگەن راھەت! — دېدى سايىم. بۇنىڭ بىلەن قاھارنىڭمۇ ياتقۇسى كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كارىۋاتقا ئاستا يانپاشلىدى. راستىنلا راھەت ئىكەن. دېمىسىمۇ ئۈچ كۈندەك پويىزدا ماڭغان، يەنە كېلىپ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ كەلگەن ئادەمگە مۇنداق تۆشەك، ئەلۋەتتە، شاھنىڭ ھەرەمخانا ھوزۇرىنى بېرىدۇ ـ دە.

قاھارنىڭ پۇتكۇل بەدىنى تازا يايراپ تۇرۇۋىدى، ئىشىك چېكىلدى. سايىم ئېرىنچەكلىك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى.

سادىقنىڭ سوغۇق، خۇشياقمىغاندەك ئاۋازى ئاڭلاندى:

— قوپۇڭلار، تاماق يەپ كېلىمىز.

قاھارنىڭ يەنە بىردەم راھەتلىنىپ ياتقۇسى بولسىمۇ، بىراق «تاماق» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ قورسىقى تارتىشتى. يول بويى گەرچە ئۇ تەييار چۆپ، نان ۋە گۆش يەپ زېرىكمىگەندەك قىلسىمۇ، مانا ئەمدى تاماقنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئۆزىنى تۇتالماي قالدى. قورسىقى بىردىنلا قاتتىق ئېچىپ كەتكەندەك بولۇپ دەرھال ئورنىدىن تۇردى.

ئۇلار تۇرغان مېھمانخانىنىڭ ئالدىدا بىر قاتار ئاشخانىلار بولۇپ، كۆپىنچىسى خەنزۇ ئاشخانىسى ئىدى، بىرەتېرىم خۇيزۇ ئاشخانىسى ئۇچراپ قالاتتى.

— يەنە بۇرۇنقى ئاشخانىغىلا كىرەيلى، — دېدى سادىق.

— مەيلى، يەنىلا بىلگەن يەر ياخشى، — دېدى سايىم دەرھال تەستىقلاپ.

ئۇلار «ما فامىلىلىكلەر ئاشخانىسى» دەپ ۋىۋىسكا ئېسىلغان بىر ئاشخانىغا كىردى.

— نېمە تاماق يەيمىز؟ — دەپ سورىدى سايىم كۆتكۈچى كېلىشىگىلا ئالدىراپ.

— دېسەم - دېمىسەم ياڭرۇ پاۋمونى سېغىنغانسەن، — دېدى سادىق.

— راستتىنى دېسەم پويىزدىن چۈشۈپلا كۆزۈمگە شۇ كۆرۈنۈۋىدى... شۇ تاپتا نەپسىم تاقىلداپ كېتىپ بارىدۇ، — دېدى سايىم.

— ياڭرۇ پاۋمودىن ئۈچنى، — دېدى سادىق.

— قانداق تاماق ئۇ؟ — دەپ سورىدى قاھار چۈشەنمەي. بۇنىڭغا سايىم ئەمدىلا ئېغىز ئۆمەللىۋىدى، سادىق سوغۇققىلا دېدى:

— كۆرگەندە بىلىسەن. بۇ يەرنىڭ لەڭمەن، ساۋمەيەنلىرىدىن مىڭ ياخشى.

ئاشخانىنىڭ ئىچى سەل قالايمىقان ھەم تازىلىقى ناچار بولۇپ، بىر چەتتە باغلام - باغلام پىۋىلار دۆۋىلەپ قويۇلغانىدى. ئاشخانىدىكى كىشىلەر بولسا، يا پىۋا بىلەن، يا ھاراق بىلەن تاماق يەۋاتاتتى. بۇنىڭدىن قاھارنىڭ كۆڭلى سەل باشقىچە بولغانىدەك بولدى.

بىر چاغدا ئۇلارنىڭ تامىقى كەلدى. شۇندىلا قاھار بۇنىڭ قانداق تاماق ئىكەنلىكىنى بىلدى: قوي گۆشى ۋە شورپىسىغا خېمىرنى دادۇر - دادۇردەك يىمىرىپ تاشلىغان بولۇپ، ئالدىنئالا تەييارلانغان بۇ خېمىر پارچىلىرى شورپىدا ئېزىلىپ كەتمەي بىجىرىم تۇراتتى. بۇ تاماققا قاراپلا قاھارنىڭ ئىشتىيى تۇتۇلدى. ئەمما سادىق بىلەن سايىم چىلانغان سامساقنى بىر قولىغا تۇتۇۋېلىپ تاماقنى ئىشتىھا بىلەن يېيىشكە باشلىدى. ئۇلارغا قاراپ بېقىپ قاھارمۇ قوشۇقنى قولىغا ئالدى، بىراق ئۆزىنى خېلى زورلاپمۇ خېمىرنى زادىلا يېيەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ گۆشلىرىنى يېيىش بىلەنلا كۇپايىلەندى.

— بۇ دېگەن شىئەننىڭ داڭلىق تامىقى. بۇنداق قىلساڭ ئاچ

قالسەن، — دېدى سادىق ھۇزۇرلىنىپ چىشىنى كولاۋېتىپ.

— قورسىقىم تازا ئاچماپتىكەن، — دەپ قويدى قاھار يالغاندىن.

لېكىن، ئۇ ئىككىسى قاھارنىڭ قورسىقى بىلەن كارى يوقتەك ئارتۇق گەپ قىلمىدى.

ياتاققا چىققاندا قاھار: «بۈگۈن ئاچ قورساق يېتىپ قالىدىغان بولدۇم» دەپ ئويلاپ تۇرۇۋىدى، سادىق:

— سايىم، ياتاقتا چىقە، ساڭا گەپ بار، — دەپ سايىمنى چاقىرىپ ئەكەتتى. بۇنى كۆرگەن قاھار ياتاقتا بىردەم ئولتۇرۇپ بېقىپ: «ئوخشىمىسىمۇ مەيلى، ساۋمىيەندىن بىر تەخسە يەپ كىرمىسەم زادى بولمىغۇدەك» دەپ بايىقى ئاشخانىغا قاراپ ماڭدى.

— ئىشلار ئۆزگىرىدىغاندەك تۇرىدۇ، — دېدى سادىق ياتاقنىڭ ئىشىكىنى مەھكەم يېپىپ.

— قانداق؟ بىز ئالاقىلەشكەن لاۋبەنلەر يېنىۋاپتۇمۇ؟ — سورىدى سايىم سەل چۆچۈپ. بۇرۇن نەچچە قېتىم مۇشۇنداق ئەھۋالدا قېلىپ، قانچىلىك جاپا تارتقانلىقى سايىمنىڭ ئېسىدە بولغاچقا، ئۇ بىردىنلا غەمگە پاتتى.

— ياق، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن سودىنى باشلىساق بولىدۇ.

— بازارنى كۆزەتكەچ، قاھارغا ئىش ئۆگىتىمىزمۇ؟

— ئۇنىڭغا ئۆگەتكۇدەك نېمە ئىش بار؟

— ئۇنداق بولسا ئۇنى بۇ يەرگە بىكارلا ئەكەلگەن بولمايمىزمۇ؟

سادىق جاۋاب بېرىشنىڭ ئورنىغا سايىمغا ئۇزاق تىكىلىپ قارىدى. بۇ قاراشتىن بىر شۇملۇقنى سەزگەن سايىمنىڭ تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى.

— قاھار بىزگە ياردەملىشىپ ئۇزۇمنى كوچىدا بىر - ئىككى كۈن پارچە ساتسۇن. سەن ھازىرلا چىقىپ ماجەن «چولاق» بىلەن خالىق «قوڭچى»نى چاقىرىپ كەل.

ئىشىكتىن چىقىۋېتىپ ھامۇت «كوم»نىڭ كۆرسەتكەن

ئەقلىنى يادىغا ئالغان سايىم سادىقنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ بولدى.

ماجەن «چولاق» بىلەن خالىق «قوڭچى» شىئەن شەھىرى كونا شەھەر رايونىنىڭ كىچىك زومىگەرلىرى بولۇپ، مەخسۇس شىنجاڭدىن كەلگەن سودىگەرلەرنى قاقتى ـ سوقتى قىلىدىغان، شىنجاڭلىق ئوقۇغۇچىلارنى بوزەك قىلىپ جان باقىدىغان ئۇششۇقلار ئىدى. بەزىدە بىر باغلام پۇل بىلەن بىر ۋاخ تاماق بەدىلىگە ياللىغۇچى كۆرسىتىپ قويغان ئادەمنىڭ ئاغزى ـ بۇرنىنى قان قىلىشتىنمۇ يانمايتتى. خالىق «قوڭچى» تۇيۇق ياڭخىلىق بولۇپ، سادىق بىلەن ئىككىسى «ئېلىشىپ تېپىشقانلار»دىن ئىدى. 1985 ـ يىللاردا تۇيۇق يېزىسىدىكى ياشلار ئارىسىدا شۇنداق بىر يامان ئادەت شەكىللەنگەنىدى: ھېيت ـ بايراملاردا تۇيۇق كەنتى بىلەن ياڭخى كەنتىدىكى ئەمدىلا يىگىتلىك دەۋرىگە قەدەم قويغان ياشلار ئىككى كەنت ئوتتۇرىسىدىكى چەمەكلىك دېگەن يەرگە يىغىلىشىپ، مۇشتلىشىش قىلاتتى. ئىككى مەھەللىدىكى ياش باللار ھېيت ـ بايرام يېقىنلاشقاندا «مانا، كۈتكەن ھېيتمۇ كېلىپ قالدى» دەپ خۇشال بولۇشىنىڭ ئورنىغا «تازا ئۇرۇشۇۋالىدىغان كۈن كېلىپ قالدى» دەپ يايراپ كېتىشەتتى. ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن مۇشتلىشىدىغانلىقى ھەققىدە ئېنىقراق بىر سەۋەبنى ئۇلار ئويلاپمۇ باقمايتتى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ باشقا كۈنلەردە بىر ـ بىرى بىلەن كارى بولمايتتى، ھەتتا بەزىلىرى دوست تارتىشىپ ئۆتتۈشەتتى. پەقەت ھېيت ـ بايرام كۈنىلا مۇشتلىشاتتى. ئون نەچچە ياشلىق باللار ۋارقىراپ ئۇلارغا كۈچ بەرسە، ئالتە ـ يەتتە ياشلىق باللار بىر چەتتە قورقۇنچ ۋە قىزىقىش ئىچىدە ئۇلارنىڭ مۇشتلىشىشىنى تاماشا قىلاتتى. ئۇلار قاتتىق مۇشتلىشاتتى. بولۇپمۇ مەست بولۇپ قالغانلىرى بىر ـ بىرىنىڭ باش ـ كۆزىنى يېرىشمىغۇچە بولدى قىلىشمايتتى. ئۇلار ئىككىسى بىر قېتىملىق يەككە مۇشتلىشىشتىن كېيىن يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالغانىدى. كېيىن خالىق «قوڭچى» تۇرپان شەھىرىنىڭ سىڭگىم

يېزىسىدىكى بىرى بىلەن بىرلىشىپ، مەھەللىسىدىكى كىشىلەرنىڭ ئۆزۈمىنى نېسىگە يىغىپ شىئەنگە ئاپىرىپ ساتماقچى بولغاندا، بىر خۇيزۇ قاسساپقا قويۇلۇپ كەتكەنىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇ يۇرتىغا قايتالماي شىئەندە تۇرۇپ قالغان ۋە بۇ جەرياندا ماجەن «چولاق» بىلەن چىقىشىپ قېلىپ ئۇنىڭ ئادىمى بولۇپ قالغانىدى. كېيىنچە ئۇنىڭغا نېمە ئۈچۈندۇر «قوڭچى» دېگەن لەقەم سىڭىپ قالغانىدى. بۇنىڭدىن ئىككى يىل بۇرۇن خالىق «قوڭچى» ماجەن «چولاق»نى ئويناتقاچ «تەييار ئولجا» ئىزدەپ يوشۇرۇن ھالدا تۇرپانغا كەلگەندە، سادىق ئۇلارنى راسا ئوينىتىپ كۆڭلىنى ئۇتۇۋالغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن سادىقنىڭ شىئەندىكى ئىشلىرى «يۈرۈشۈپ» كېتىۋاتاتتى.

سايىم ماجەن «چولاق» بىلەن خالىق «قوڭچى»نى سادىقنىڭ ياتىقىغا باشلاپ كەلگەندىن كېيىن سادىقنىڭ ئىشارىتى بىلەن ياتىقىغا قايتىپ چىقتى.

ئۇ ياتاققا كىرگەندە قاھار تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى. سايىم ئۇنىڭغا بىر ھازا تىكىلىپ قاراپ تۇرغاندىن كېيىن: «ھەي، بىچارە، ئەتىدىن باشلاپ نېمە كۈنلەرنى كۆرەرسەن؟» دەپ ئويلىدى. تۇرۇپ ئۇنىڭ قاھارغا ئىچى ئاغرىپ قالدى. بىراق يەنە: «ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىغان بىلەن بالاسىغا مەن قالماي يەنە. ئۇلارنىڭ قولىغا قېلىشتىن خۇدايىم ساقلىسۇن» دەپ ئويلاپ يۇيۇنۇش ئۈچۈن ياتىقىنىڭ مۇنچىسىغا كىردى.

ئەتىسى ناشتىدىن كېيىن سادىق قاھارنى ياتىقىغا چاقىردى.

— ئاداش، — دېدى سادىق ياسالمىلىق بىلەن يېقىنچىلىق قىلىپ، — پىلانىمىزدا سەل ئۆزگىرىش بولىدىغان ئوخشايدۇ. بىز دېيىشكەن لاۋبەنلەر لەنجۇدىكى سودىسىنى تۈگىتەلمەي نەچچە كۈن ھايال بولىدىغان ئوخشايدۇ. بىز ئۇلارغا قاراپ تۇرۇۋەرسەك، سودىنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتمىسۇن. شۇڭا ھەممىمىز ئۇلارنى ساقلىغاچ ئۆزۈملەرنى پارچە سېتىپ تۇرىدىغان بولدۇق.

— بۇ، بۇ...، — بۇنداق گەپنى كۈتمىگەن قاھار ھولۇقۇپ كەتتى.

— نېمىدىن ئەنسىرەيسەن، — دېدى سادىق ئۆزىنى تەمكىن

تۇتۇشقا تىرىشىپ، — سەن خەنزۇچىنى ئوبدان بىلىدىغان بولغاندىكەن، بۇ ئىش ساڭا ئاسان چۈشىدۇ. سايىم بىلەن ئىككىمىزگە جاپا بولىدىغان بولدى. ئىككىمىز خەنزۇچىنى تۈزۈك بىلمىسەك. ھەي... بۇنىڭغا نېمە ئامال.

قاھار بىر پەس ئويلىنىپ تۇرۇۋېتىپ كەيدىن كېيىن بېشىنى لىڭشىتتى:

— بولىدۇ، ئەمما قانداق سودا قىلىمەن؟

— بۇ ئاسان، — دېدى سادىق كۈلۈپ، — نەچچە خالتا ئۈزۈم، تارازا بىلەن سېنى بازار بولىدىغان يەرگە ئاپىرىپ قويىمىز. سەن ئۈزۈمنى بولۇشىغا ماختاپ سېتىۋەرسەڭلا بولىدۇ.

— باھاسىچۇ؟ — ئامالسىز سورىدى قاھار.

— باھاسى ئون ئىككى كويدىن بولىدۇ، مۇقىم. يەنە بىر ئىش، كىلولاپ ساتمايسەن، جىڭ بويىچە ساتىسەن، بۇ يەرنىڭ ئادىتى شۇ. باشقىچە ئويلاپ قالما، بۇ يەردە بىكارغا ئىش قىلمايسەن. ھەر جىڭدىن بىر كوي سېنىڭ.

بۇنى ئاڭلىغان قاھاردا رازىمەنلىك تۇيغۇسى پەيدا بولدى: «بۇ يەردە خەقنى ساقلاپ بىكار ياتقاندىن كۆرە ئازراق بولسىمۇ پۇل تېپىۋالسام ياخشى ئەمەسمۇ...»

— بولىدۇ. بىراق مەن بۇ يەرنى پىششىق بىلمىسەم.

— بۇنىڭدىن غەم قىلما، بىز سېنى ئەتىگىنى ئاپىرىپ كەچلىكى ئالغىلى بارىمىز. چۈشلۈكى پىچىنە ياكى قاتلىما يەيدىغان ئىش. بۇغۇ ۋاقىتلىق جاپا، — سادىق شۇنداق دەپ يانچۇقىدىن بىر خەرىتىنى چىقاردى، — بۇ شەھەرنىڭ خەرىتىسى. ھەر ھالدا ئېلىۋال.

— نەگە بارىمەن؟ — سورىدى قاھار نېمىشقىدۇر تۇرۇپلا كۆڭلى تارتىمىغان ھالدا.

— مەن سايىم بىلەن قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ يېنىدىكى بازارغا بارىمەن. سەن بۇ يەرگە ھەم سودىغا يېڭىچە بولغاندىكىن بازارنىڭ ئاۋات يېرىگە بار. سېنى قوڭغۇراق راۋىقى يېنىدىكى بازارغا ئاپىرىپ قويايلى. ئۇ يەردە ئادەم كۆپ، سودىمۇ ئوبدان بولىدۇ.

قاھار سادىقنىڭ ئۆزىگە كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ سەل خاتىرجەم بولدى ۋە «سادىق يەنىلا ماڭا كۆيۈنىدىكەن» دەپ ئويلىدى.

كىچىك كوزۇپىلۇق ماشىنا قاھارنى قوڭغۇراق راۋىقىنىڭ يېنىدىكىلا بازارغا ئېلىپ كەلدى. خەنزۇ شوپۇر كوزۇپىتكى تۆت خالتا ئۇزۇمنى ناھايىتى تېزلىك بىلەن چۈشۈرۈۋېتىپ، قاھارغا بىر ئېغىز گەپمۇ قىلماي كېتىپ قالدى. قاھار تەخسىلىك تارازىنى تۇتقانچە قايناۋاتقان بازارغا قارىغىنىچە تۇرۇپ كەتتى. ئۆز ئىشى بىلەن ئالدىراپ يۈرۈشۈۋاتقان شۇنچە كۆپ ئادەملەرنىڭ بىرەرسىنىڭمۇ ئۇنىڭ بىلەن كارى يوق، ھەتتا ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمايتتى...

قاھار بايا سادىقنىڭ: «بازارنىڭ چېتىدىرەك تۇر، بولمىسا باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتالمايسەن» دەپ تاپىلىغىنىنى يادىغا ئېلىپ، خالتىلارنى بازارنىڭ چېتىگىرەك — ئادەم شالاڭ يەرگە يۆتكىدى.

بازار ئاۋات، كىشىلەر ئالدىراش، ئەتراپنى ئېگىز بىنالار ئوراپ تۇرىدۇ، يىراقلاردىن تېخىمۇ ئېگىز بىنالار كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئەنە شۇ تۆت كوچىنىڭ مەركىزىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرغىنى داڭلىق قوڭغۇراق راۋىقى. بۇ راۋاقنىڭ ئەڭ ئۈستىدىكى يوغان مىس قوڭغۇراق ۋە ئۇ ئېسىلغان راۋاقنىڭ چوققىسىلا ئۆزىنىڭ قەدىمىيلىكىنى ساقلاپ قالغان بولۇپ، قالغان قىسىملىرىنىڭ كېيىن بىرەر قۇر رېمونت قىلىنغىنى ئېنىق بىلىنىپ تۇراتتى.

قاھار بۇ مەنزىرىلەرگە بىر ھازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، بىر خالتىنىڭ ئاغزىنى ئاچتى. خالتىنىڭ يېنىغا تارازىنى ئورۇنلاشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئۆزىنى تۇختىتىۋېلىپ، ئۆزىگە پىچىرلاپ مەدەت بەردى ۋە جۈرئەتلىك بولۇشقا تىرىشىپ، سادىقنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە بوش ئاۋازدا توۋلىدى:

— ئۈزۈم، ئۈزۈم! شىنجاڭنىڭ داڭلىق مەھسۇلاتى، تۇرپان ئۈزۈمى!

دەرۋەقە، ئالدىراپ يۈرۈشكەن كىشىلەرنىڭ ئىچىدىكى بىر

نەچچىسى قەدەملىرىنى ئاستىلىتىپ ئۇنىڭغا قاراپ قويۇشتى. بۇنىڭدىن قاھار تېخىمۇ غەيرەتلەندى:

— ئۇزۇم ساتىمەن، ئۇزۇم! تۇرپاننىڭ ئۇزۇمى!

ئەمدى كىشىلەر ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇزۇمنى سىقىمىلاپ كۆرۈشكە باشلىدى.

— تېتىپ باق، ھەقىقىي تۇرپاننىڭ ئۇزۇمى، — دېدى قاھار ئۇزۇمگە سىنچىلاپ قاراۋاتقان بىر خەنزۇغا. ئۇ كىشى ئۇزۇمدىن نەچچە تالنى ئېلىپ پۈۋلىۋېتىپ يەپ بېقىپ، بېشىنى لىڭشىتتى.

— ھەقىقەتەن تەملىككەن. نەچچە پۇلدىن ساتىسىز؟

— جىڭى ئون ئىككى كوي.

— ماڭا ئىككى جىڭ بېرىڭ.

بۇ قاھارنىڭ تۇنجى قېتىم سودا قىلىشى ھەم بۇ تۇنجى خېرىدارى بولغاچقا ھودۇقۇپ، ئىككى جىڭ ئۇزۇمنى جىڭلاپ بەرمىگىمۇ تەسكە چۈشتى.

بىر ياقتىن كۆپرەك پۇل تېپىش خۇشلۇقى، يەنە بىر ياقتىن ئۇمىدسىزلىك ۋە بۇ يەرگە كەلگىنىگە بولغان پۇشايمان بىلەن تۇرغان قاھار بىرىنچى سودىسىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولغىنىدىن تولىمۇ خۇشال بولۇپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تېخىمۇ جۇرئەتلىنىپ ۋارقىراشقا باشلىدى:

— تۇرپان ئۇزۇمى! قۇرۇتۇلغان تۇرپان ئۇزۇمى!

شۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ نەزىرى ئۇنىڭغا چۈشتى بولغاي، بىرمۇنچە كىشى ئۇنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىشتى ۋە «ئۆرۈك ئۆرۈكنى كۆرۈپ ئالا بوپتۇ» دېگەندەك بىر - بىرىگە قاراپ بېقىپ ئېلىشقا باشلىدى...

چۈش بولار - بولمايلا قاھار ئۈچ خالتا ئۇزۇمنى سېتىپ بولدى. يېنىدىكى ئۈچ قۇرۇق خالتىغا ۋە قولىدىكى بىر تۇتام پۇلغا قاراپ تۇرۇپ قالغان قاھار: «ئۇزۇم دېگەننى مۇشۇ يەرگە ئەكېلىپلا ساتىدىغان ئىشكەن ئەمەسمۇ. سودىمۇ تېز، باھاسىمۇ ئۆرە. تۇيۇقتا دېھقانلارغا نېمە ئۇۋالچىلىق - ھە؟ يىل بويى جاپا تارتىپ ئىشلىسۇن، يىل ئاخىرىدا قولىغا قالىدىغىنى چاغلىقلا

نەرسە. بۇ يەردىچۇ؟ باھا نەچچە ھەسسە قاتلىنىدىكەن. سادىقلارنىڭ جان ـ جەھلى بىلەن ئۇزۇملەرنى ئىچكىرىگە يۆتكىشى بىكار ئەمەسكەن ـ دە! مانا، چۈشكە قالماي نەچچە يۈز كىلوگرام ئۈزۈمنى سېتىۋەتتىم. چۈشتە ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ يەنە نەچچە خالتا ئەكەلسەم بولغۇدەك... ناۋادا مۇشۇ بويىچە سودا قىلىدىغان بولسام، قايتقۇچە خېلى پۇللۇق بولۇپ قالغۇدەكمەن» دەپ ئويلىدى. ئاندىن ئۇ ئەتىگەن ئېلىۋالغان قاتلىمىنى يېيىشكە باشلىدى. شۇ ۋاقىتتا ئۇ زەۋەرگۈل قورۇپ بەرگەن گۆشنى ئېلىۋالمىغىنىغا پۇشايمان قىلىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن زەۋەرگۈللەر يادىغا يەتتى. «يا قايتىپ بارغاندا ھېممەت ئاكامغا بۇ ئەھۋالنى دەپ باقايمىكىن؟ ئۇنىڭ سودا قىلىشقا ئېپى بولغاندىكىن، جاپا تارتىپمۇ قالماسمىز. بۇ يەردىغۇ نىمە جاپا بار. يۆتكەش، توشۇش قولايلىق ئىكەن. بىر ئاز پۇلنىڭ مېھرىدىن كەچسەك ئۈزۈمنى ئۆزىلا كېلىدۇ دېسىمۇ ئارتۇق كەتمىگۈدەك. نېمىلا بولسا بىر مەسلىھەت سېلىپ باقسام بولغۇدەك. پۇل دېگەننى مۇشۇنداق تاپىدىغان ئىش بولسا... ھەي، تۈيۈقتىكى دېھقانلار بۇنى ھەرگىزمۇ ئويلاپ يېتەلمەيدۇ ـ دە» دەپ ئويلىدى قاھار قاتلىمىنى ئىشتىھا بىلەن يەۋېتىپ.

چۈش بولۇپ قالغان بولغاچقا، بازاردا ئادەم شالاڭلاپ قالغانىدى. باشقا تىجارەت قىلىۋاتقان كىشىلەرمۇ دۇكانلىرىنىڭ ئالدىلىرىغىلا زوڭزىيىپ تاماق يېيىشمەكتە ئىدى. قاھار: «ھەي، سادىق بىر كېلىپ باققان بولسا بەك ياخشى بولاتتى» دەپ ئويلاپ تۇرۇۋىدى، بىر يىگىت ئۇنىڭ ئالدىغىلا كېلىپ توختىدى. قاھار: «سادىق كەلدىمۇ ـ يە» دەپ خۇشال بولۇپ كەتتى. ئەمما يىگىتتىن قاھار تونۇمايدىغان ئۈچ كىشى ئالدىرىماي چۈشتى. ئۇلار ئەتراپقا بىر قۇر قارىۋېتىپ قاھارنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇلارنىڭ ئالدىدىراق كەلگىنى بىر كىنىشكىنى چىقىرىپ مۇنداقلا كۆرسىتىپ قويۇپ يانچۇقىغا سالدى ۋە:

— بىز بازار باشقۇرۇشتىمىز، — دېدى كۆرەڭ تەلەپپۇزدا. قاھار

بېشىنى لىڭشىتتى ۋە بۇ كىشىنىڭ كۆرسەتكۈچ بارمىقىنىڭ يوقلۇقىغا دىققەت قىلدى.

ئۇ كىشى يەردىكى بىر خالتا ئۈزۈمگە كۆرسەتكۈچ بارمىقى يوق قولىنى چېنىدى:

— بۇ ئۈزۈم سېنىڭمۇ؟

— ھەئە، — دېدى قاھار ئەندىشە بىلەن.

— سەن بىزنىڭ رۇخسىتىمىزسىز ئۈزۈم سېتىپسەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بەلگىلەنگەن جايدا ساتماپسەن. خالىغان يەردە يايما ئاچساڭ، بۇ گۈزەل شەھەر مەينەتچىلىككە پاتامدۇ! يۈر، ئىدارىگە بارىمىز.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان قاھار ئۆزىنى پالاكەت باسىدىغانلىقىنى تۇيۇپ قورقۇپ كەتتى:

— بۇ، بۇ... مەن...

— قورقما، — دېدى چولاق كىشى، — قورقما، سەن شىنجاڭدىن كەلگەن ئوخشايسەن. شىئەن شەھىرىمىز سىلەردەك سودىگەرلەرگە موھتاج. بىرىپ رەسمىيەت ئۆتەپ قويساڭلا بولىدۇ. ساڭا كەڭچىلىك قىلىمىز. ھە، تېز بول. ئۈزۈمۈڭنى ماشىنىغا سال.

بۇ گەپلەردىن كۆڭلى سەل ئەمىن تاپقان قاھار بىر خالتا ئۈزۈمنى ماشىنىنىڭ كەينى ساندۇقىغا سالدى ۋە ئۇلار بىلەن ماشىنىغا چىقتى. ماشىنا ئورنىدىن تېز قوزغىلىپ تۆت كوچىدىكى قوڭغۇراق راۋىقىنى ئەگىپ ئۆتتى - دە، جەنۇبقا قاراپ ماڭدى.

ماشىنا ئازراق مېڭىشىغا چولاق كىشى شوپۇرنىڭ يېنىغا قويۇلغان ئىككى قۇتا ئىچىملىكتىن بىرىنى ئېلىپ ئىچتى ۋە:

— سەن ئۇيغۇر بولغىنىڭ بىلەن خەنزۇچىنى ئوبدان سۆزلەيدىكەنسەن، — دېدى. ئاندىن يەنە بىر قۇتا ئىچىملىكنى ئېلىپ ئۇنىڭغا سۇندى، — ئۇسساپمۇ قالغانسەن.

گەپ - سۆز ۋە ھەرىكەت، مۇئامىلىلەردىكى تەبىئىيلىكتىن كەيپىياتى نورماللاشقان قاھار كۆڭلى سۆيۈنۈپ ئىچىملىكنى قولىغا ئالدى. دېمىسىمۇ ئەتىگەندىن تولا ۋارقىراپ ۋە قۇرۇق

قاتلىمىنى يەپ ئۇ خېلىلا ئۇسسىغانىدى. ئىچىملىكنى هۇزۇرلىنىپ ئوتلاۋاتقان قاهار: «بۇ ياخشى كىشىلەركەن. سەل تۇرۇپ ئىش تۈگىگەندە ئازراقتىن ئۇزۇم بېرىپ كۆڭلۈمنى بىلدۈرۈۋالسام بولغۇدەك» دەپ ئويلىدى. ئەمما ئارىدىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇنىڭ بېشى ئاغرىغاندەك بولۇپ، كۆزى ئىختىيارسىز يۇمۇلۇپ كەتتى. ئاندىن ماشىنىنىڭ ئەگىگىنىنى خىرە بىلگەندەك بولدى...

※ ※ ※

شىئەن شەھىرىنىڭ ئاۋات يېرىگە جايلاشقان ھەيۋەتلىك «باۋ يىلىك مېھمانسارىيى»نىڭ ئېسىل ياتىقىدا تىت ـ تىتلىق، جىددىيچىلىك ھۆكۈم سۈرگەنىدى. تاماكىنى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرىنى ئۇلاپ چېكىپ، جايىدا ئولتۇرالماي قالغان سادىق دەممۇدەم سائەتكە قارايتتى. سايىم بولسا، كىچىك شىرە ئۈستىدىكى يوغان شاپتۇللارنى تاللاپ ئېلىپ، ئېرىنچەكلىك بىلەن پوستىنى سويۇپ ئولتۇراتتى. كارىدوردا بىراۋلارنىڭ ئاۋازى ئاڭلانسىلا، سادىق تاماكىسىنى تۇتقانچە ئىشىككە تىكىلىپ قارايتتى. ئاۋاز ئىشىك ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتكەندە بولسا، تاماكىسىنى يەنە كۈچەپ شورايتتى.

ئاخىر ئىشىك چېكىلدى. سادىق يۈگۈرۈپ دېگۈدەك بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى. ئىشىكتىن ماجەن «چولاق» بىلەن خالىق «قوڭچى» مەغرۇر ھالدا كىرىپ كەلدى.

— قانداق بولدى؟ — ئالدىراپ سورىدى سادىق.

— دېيىشكىنىمىز بويىچە بولىدىغان بولدى، — دېدى ماجەن «چولاق» يەرگە «چىرتىدە» تۈكۈرۈپ، — سىز بىلەن دېيىشكەن ئىش قاچان پۈتمەي قالغان؟ خاتىرجەم بولۇڭ.

ئاڭغىچە سايىم يۈگۈرۈپ قوپۇپ ئۇ ئىككىسىگە تاماكا تۇتۇپ ئولگۈردى.

— ئۇ ئۆلۈپ ـ تارتىپ قالمىغاندۇ؟ — سەل قورقۇپ سورىدى سادىق.

— ئۇنى ئۆلتۈرىدىغانغا بېشىمىز ئونمۇ بىزنىڭ، — دېدى ماجەن «چولاق» سادىققا ئالىيىپ، — بارار جايىغا ئاپىرىپ قويدۇق.

— قېچىپ چىقىپ، ئىشنى بۇزىدىغان ئىش بولماس يەنە.

— سۇن ۋۇكوڭدەك كارامىتى بولسىمۇ چىقالمايدۇ، غەم قىلماڭ، ئۇ شۇ يەردە بىر ئايغىچە ياتىدۇ. ئاندىن تازا چېكەرمەن بولۇپ چىقىدۇ.

— شۇنداق بولسا، ئۇنىڭغا شىنجاڭدا نېمە بار، — دېدى خالىق «قوڭچى» سوغۇق كۈلۈپ، — ئامالىنىڭ يوقىدا بىزگە قوشۇلۇپ كېتەمدۇ تېخى...

— يوق يەپسەن، — دېدى ماجەن «چولاق» زەردە بىلەن، — ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن ئىشىمىز يوق. ھە، سادىق لاۋبەن، ئەمدى ئۇزۇملىرىڭىزنى ۋاقتىدا قولدىن چىقىرىڭ.

— ماقۇل، رەھمەت!

سادىق شۇنداق دېگىنىچە سومكىسىدىن بىر باغلام پۇلنى ئېلىپ ماجەن «چولاق»قا ئۇزاتتى.

— خوش، ئىش بولسا ئىزدەرسىلەر.

ئۇلار شۇنداق دېگىنىچە تېزلا خوشلىشىپ ياتاقتىن چىقىپ كەتتى.

— ئۇھ...، — سادىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ قالدى ۋە بىر تال تاماكا ئېلىپ ھوزۇرلىنىپ چېكىشكە باشلىدى.

— بۇ ئىشىمىزمۇ پۈتتى، يۈر، جاڭ لوبەن بىلەن ئۇزۇمنىڭ باھاسىنى پۈتۈشۈپ كېلىمىز.

# سەككىزىنچى باب

سەل ئېسىگە كەلگەن قاھار دەسلەپ بېشىنىڭ زىڭىلداپ ئاغرىۋاتقانلىقىنى سەزدى. كۆزىنى ئېچىشقا تىرىشسىمۇ پەقەت ئاچالمىدى. ئىككى قاپىقى خۇددى بىر ـ بىرىگە تىكىپ قويۇلغاندەك ھېچ ئاجراي دېمەيتتى. ئۇ شۇ ھالدا بىر ھازا ياتقاندىن كېيىن بۇرنىغا پۇرىغان سېسىق پۇراقتىن سەگىگەندەك بولدى. دېمىسىمۇ ناھايىتىمۇ كۈچلۈك بىر خىل بەتبۇي پۇراق ئۇنىڭ دىمىغىنى ئېچىشتۇرۇۋاتاتتى. بۇ پۇراق ئىچىدە چىرىگەن، بىخسىغان نەرسىلەرنىڭ، ئىسسىق ھاۋادا ئۇزاق تۇرۇپ قالغان نىجاسەتنىڭ پۇرىقى باردەك ئىدى. ئۇ ئىختىيارسىز بۇرنىنى ئېتىۋالدى.

شۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ قۇلىقىغا بىر ئادەمنىڭ يۆتەلگەن زەئىپ ئاۋازى ئاڭلاندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كۈچىنى يىغىپ ئۈرە بولدى ۋە ئەستە كۆزىنى ئاچتى. ئەتراپ خىرە ئىدى. قاھار شۇنچە قاراپمۇ بايا يۆتەلگەن ئادەمنى كۆرەلمىدى. شۇ چاغدا چاقماق چېقىلىپ، شامنىڭ خىرە يورۇقى ئۆيىنى يورۇتتى. ئاندىن تاماكىنىڭ ئاچچىق پۇرىقى بۇ يەرنى بىر ئالدى. قاھار چاقماق يورۇقىغا ۋە كېيىن يورۇغان شام يورۇقىغا قاراپ يۆتەلگەن ئادەمنىڭ ئوڭ يېنىدا ئىكەنلىكىنى بىلدى.

ــ سىز كىم؟ بۇ قەيەر؟ ــ ئالدىراپ سورىدى قاھار. بىراق ئۇ كىشى جاۋاب بەرمىدى. بىر نەرسىنى يەملىگەن قاھار بايىقى سوئالىنى خەنزۇچە سورىدى. ئەمما ئۇ كىشى يەنىلا ئۈن چىقارمىدى. تاماكىسىنى كۈچەپ شوراپ، كالتە ـ كالتە يۆتىلىپ ئولتۇرىۋەردى.

بۇنىڭ بىلەن قاھارنى قورقۇنچ باستى. ئۇ سىلاشتۇرۇپ سوغۇق

تامغا يۆلەندى ۋە خۇددى قاراڭغۇلۇقتىن يەنە بىر ئادەم چىقىپ ئۆزىگە پىچاق تىقمىدىغاندەك تۇيۇلۇپ ئەتراپقا ئالاق - جالاق بولۇپ قارىدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزى ئۆيىنىڭ خىرەلىكىگە خېلى كۆنۈپ قالغانىدى. قاھار كۆردىكى، بۇ ناھايىتىمۇ مەينەت ۋە قالايمىقان بىر ئۆي ئىكەن. ئىشىكى مەھكەم ئېتىلگەن، دېرىزىسى يوق بولۇپ، پەقەت ئۆينىڭ ئېگىز يېرىدىكى پىيالىدەك ئىككى تۆشۈكتىن نۇر چۈشۈپ، ھاۋا ئالمىشىپ تۇراتتى. ئىشىك يېنىدا بىر جاۋۇر، بىر چېلەك، چېلەكنىڭ نېرىسىدا پارچە - پۇرات قەغەز، كىتاب - ژۇرناللار چېچىلىپ ياتاتتى. ئۆينىڭ نىجاسەت پۇرىقى كېلىپ تۇرغان بۇلۇڭىغا ئىككى قەغەز ساندۇق تىكلەپ قويۇلغان. ئىشىك تۈۋىگە بولسا ئەستىرى يىرتىلىپ، پاختىلىرى ساڭگىلاپ قالغان، ئۈستىنى بىر قەۋەت توپا باسقان ئەسكى يوتقان - كۆرپە بولۇشىغا تاشلاپ قويۇلغانىدى...

«ئىش چاتاق» دەپ ئويلىغان قاھار ئورنىدىن تېزلىك بىلەن تۇرۇپ ئىشىككە باردى ۋە ئىشىكنى كۈچەپ تارتتى، بىراق ئىشىك مىدىراپمۇ قويمىدى. بۇنىڭدىن جەھلى تۇتقان قاھار ئىشىكنى ئىككى قوللاپ تۇتۇپ تارتىپ، تېپىشكە ۋە: «ئىشىكنى ئاچ! ئىشىكنى ئاچ! مەن سىلەرگە نېمە قىلدىم؟» دەپ ۋارقىراشقا باشلىدى. ئەمما ئىشىك سىرتىدا ھېچبىر سادا يوق. بۇنىڭدىن تېخىمۇ چوڭقۇر ۋەھىمە ھېس قىلغان قاھار جان - جەھلى بىلەن ۋارقىراشقا، ئىشىكنى مۇشتلاشقا باشلىدى... قاھار ئاخىر ئۈمىدسىزلىنىپ، ھالسىزلىنىپ ئىشىك يېنىدا ئولتۇرۇپ قالدى.

— ئۇنداق قىلغىنىڭنىڭ پايدىسى يوق.

ساپ ئۇيغۇرچە تەلەپپۇز بىلەن ئېيتىلغان ئۇيغۇرچە گەپنى ئاڭلىغان قاھار چۆچۈپ كەينىگە قارىدى. باياتىندىن بېرى ئۈن - تىنسىز ئولتۇرغان ھېلىقى كىشى ئۇنىڭغا يەر تېگىدىن قاراپ تۇراتتى.

— سىز... سىز...، — قاھار ئۆملەپ دېگۈدەك ئۇ كىشىنىڭ يېنىغا باردى. ئەمما ئۇ كىشى ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمىدى.

— سىز كىم؟ — دەپ سورىدى قاھار كۆزىگە ياش ئېلىپ.

— ئارتۇقچە ئاۋارە بولما، سەن ھازىر تۇرمىدە،— دېدى ئۇ كىشى پەرۋاسىزلا.
— تۇرمىدە؟ — چۆچۈپ كەتتى قاھار.
— ھەئە، بىراق ھۆكۈمەتنىڭ تۇرمىسىدە ئەمەس، يامان كىشىلەرنىڭ تۇرمىسىدە.
شۇندىلا قاھار تولۇق ئەسلىگە كەلگەندەك بولدى. «ھېلىقى بازار باشقۇرۇشنىڭ ئادەملىرى ئەسلىدە...» قاھار شۇ ھامان چولاق كىشى بەرگەن ئېچىملىكنى يادىغا ئالدى. «مەن ئۇلارغا نېمە يامانلىق قىلدىم؟ ئارىمىزدا يا بىرەر ئۆچمەنلىك بولمىسا، نېمىشقا ئۇلار؟...»
— ئۇلار نېمىشقا مېنى تۇتىدۇ؟ — ئىلتىجا قىلدى قاھار يىغانلىق ئاۋازى بىلەن. لېكىن ئۇ كىشى كۆزىنى يۇمۇپ ياتقانچە ئۇنىڭ گېپىگە ئېرەن قىلمىدى.
— دەۋا، ئاكا، بۇ قەيەر؟ سىز كىم؟
ئۇ كىشى جىملا يېتىۋەردى. ئەمما قاھار ئۆزىنى باسالمىدى:
— بىزنى كىم تۇتتى؟ بىزنى نېمە قىلماقچى؟
ئەمدى ئۇ كىشى بىرەر ئېغىز بىرنېمە دېمەكتە يوق، بەلكى تەتۈر قاراپ يېتىۋالدى. بۇنىڭغا قاراپ قاھار لەسسىدە بولۇپ قالدى. «نېمىلا بولسا، مەن نېمە بولغىنىمنى، بۇ يەرگە نېمە ئۈچۈن ئېلىپ كېلىنگىنىمنى بىلىۋالسام بولاتتى.»
ئەتراپ جىمجىت. بايا ئويغۇرلۇقى بىلەن ئۇنى، ھەم ھەيرانلىقتا، ھەم خۇشاللىقتا نائىل قىلغان كىشى بولسا بىپەرۋا ھالدا ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. قاھار بېشىنى چاڭگاللاپ ئولتۇرۇپ قالدى. خىياللىرى قالايمىقان ئىدى، ئىشلارنى بىر - بىرىگە باغلاپ ئويلاپ باقاي دېمۇ ھېچ ئويلىيالمايۋاتاتتى، بىر ئىشنى ئويلىسا، ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتسىز يەنە بىر ئىش خىيالىغا ئارىلىشىۋېلىپ بېشى ئاغرىپ كەتتى. ئۇ شۇ ھالدا خېلىغىچە قىينالغاندىن كېيىن قىڭغىيىپ يېتىپ قالدى. يېتىپ تۇرۇپ بەزى ئىشلار يادىغا يەتكەندەك بولدى، چۈشمۇ كۆرگەندەك تۇيغۇدا بولدى، ئۇخلىغاندەكمۇ قىلدى...
بىر چاغدا ئىشىك ئېچىلغاندەك تاراقلىغان ئاۋازنىڭ

تەسىرىدىن سەگەكلىشىپ بېشىنى كۆتۈرگەن قاھار كۆچلۈك نۇردىن كۆزىنى ئاچالماي قالدى. ئەمما بۇ نۇر ئىشىكنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىن كىرگەنىدى. يەنە بىر تاراقلاشتىن كېيىن ئۇ نۇر يەنە يوقىدى ــ بىر نەرسە يېپىلىپ ئۇ نۇرنى توسۇۋالدى. قاھار ئاستا ھېلىقى كىشىگە قارىدى. ئۇ كىشى ھېچ ئىش بولمىغاندەك بەخىرامان ياتاتتى. قاھار ئۇنىڭغا بىرنېمە دېمەكچى بولدى - يۇ، بىراق ئۇنىڭ بەربىر جاۋاب بەرمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ، بۇ خىيالىدىن يالتايدى.

قاھار ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىك تۇۋىگە باردى ۋە ئىشىك تۇۋىگە قويۇلغان بىر بوتۇلكا مىنېرال سۇ، ئىككى ھورنان، ئازراق ياڭيۇ قورۇمىسىنى كۆردى. ئۇ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، ئىشىكنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە ئادەتتىكى دېرىزە كۆزنىكىدەك چوڭلۇقتىكى «ئىشىك»نى كۆردى، ئۇ بۇ «ئىشىك»نى تارتىپ كۆرۈۋىدى، مىدىرلىمىدى، بۇ «ئىشىك»كە گىرەچە بېكىتىلىپ، قۇلۇپ بىلەن مەھكەم سولىۋېتىلگەنىدى. قاھار كىنولاردا كۆرگەن تۈرمىلەردە تاماق سۇنىدىغان بۇنداق «ئىشىك»لەر كامېر ئىشىكىنىڭ ئۈستىدە بولسا، بۇ يەردە ئىشىكنىڭ ئاستىدا ئىدى. قارا بۇلارنىڭ ئۇستاتلىقىنى!

قورسىقىغا چۈشتە يېرىم قاتلىما يېگەن قاھارنىڭ ئاچلىقتىن ئۈچەيلىرى تارتىشقا باشلىغانىدى. شۇڭا ئۇ تاماقنى كۆرۈپ نېرى - بېرىسىنى ئويلاپ ئولتۇرماي قاچىنى قولىغا ئالدى، ئۇ بىر تال ھورناننى تېزلىك بىلەن ئاغزىغا ئاپىرىپ قويۇپ، يەنە توختاپ قالدى. ئاندىن ھېلىقى كىشىنىڭ يېنىغا باردى.

ــ قوپۇڭ، ئاكا، تاماق يەۋېلىڭ،ــ دېدى قاھار ئۇ كىشىگە. ئۇ كىشى مىدىراپمۇ قويمىدى.

ــ تاماق يەۋېلىڭ، ئاكا،ــ دېدى قاھار يەنە، بىراق يەنە ئىنكاس يوق. قاھار ئەندىشە قىلىپ ئۇ كىشىنىڭ يۈزىگە قارىۋىدى، ئۇ كىشى يېنىك نەپەس ئېلىۋاتاتتى.

ــ ھوي ئاكا، قوپۇڭ!ــ دەپ نوقىدى قاھار تاقەت قىلالماي.

ئاخىر ئۇ كىشى پۇشۇلداپ ئورنىدىن تۇردى ۋە قاھارغا سىنچىلاپ قارىدى.

— تاماق يەڭ، ئاكا، — دېدى قاھار قاچىنى ئۇنىڭغا سۇنۇپ. بۇنى كۆرگەن ئۇ كىشى قاھارغا ھەيران بولۇپ قاراپ قالدى.

— نېمە بولدىڭىز؟ ئاغرىپ قالمىغانسىز؟ زورلاپ بولسىمۇ ئازراق يەپ بېقىڭ.

قاھار مىنېرال سۇ بوتۇلكىسىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، ھورنانىنى يېرىمىدىن پارچىلاپ پايپېتەك بولۇپ كەتتى. ئۇ كىشى قاھارنىڭ قىزغىنلىقىغا قاراپ، شۆلگەي ئېقىپ قالغان لېۋىنى چىشلەپ قويدى، خىرەلەشكەن كۆزى چاقنىغاندەك بولدى.

— نەرىڭىز ئاغرىۋاتىدۇ؟ — يەنە سورىدى قاھار. ئۇ كىشى بېشىنى چايقاپ قويۇپ يېتىۋالدى. ئامالسىز قالغان قاھار ھورنانىنى ئىشتىھا بىلەن يېيىشكە باشلىدى. بىر چاغدا ئۇ كىشىنىڭ ئېغىر «ئۇھ» تارتقان ئاۋازى ئاڭلاندى...

قورسىقى تويۇپ، راھەتلىنىپ، خېلى ھاردۇقى چىقىپ قالغان قاھار ئۆزى تۇرۇۋاتقان بۇ يەرنىڭ قەيەرلىكىنى پەرەز قىلىپ باقتى، ئەمما ئويلاپ يېتەلمىدى. مۇنۇ كىشىغۇ بۇ يەرنى «شەخسىي تۇرمە» دېدى. بىراق قاھار بۇ يەرنىڭ قانداقسىگە شەخسىي تۇرمە بولىدىغانلىقىنى ئەقلىگە پەقەت سىغدۇرالمىدى. ئۇنداقتا، بۇ زادى قانداق ئىش؟ بۇ زادى قەيەر؟

شۇ چاغدا ھېلىقى كىشىنىڭ ئاجىز ۋە زەئىپ ئىڭرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇنى ئاڭلىغان قاھار ئۇ كىشىنىڭ ھەقىقەتەن ئاغرىپ قالغانلىقىنى جەزم قىلدى.

— ئاكا، نەرىڭىز ئاغرىۋاتىدۇ؟ — سورىدى قاھار. ئەمما ئۇ كىشى بايىقىدەك ئىڭرىشى بىلەن جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن قاھار ئۇ كىشىنىڭ بېشىنى تۇتۇپ باقتى. ئوت! ئۇ كىشىنىڭ بەدىنى قىزىپ كەتكەنىدى. بۇنىڭدىن ساراسىمىگە چۈشكەن قاھار ئۇ كىشىنىڭ ياستۇقىنىڭ يېنىدىكى تەر پۇراپ كەتكەن مەينەت لۆڭگىنى ئېلىپ، چېلەكتىكى ئىلمان سۇدا ھۆل قىلىپ ئەكېلىپ ئۇ كىشىنىڭ پېشانىسىگە قويدى.

لۆڭگە ئۇ كىشىگە خۇشياقتىمۇ، جىممىدە بولۇپ كەتتى. بىراق، ئۇزۇن ئۆتمەي ئورنىدىن تۇرۇپ لۆڭگىنى ئېلىۋەتتى ۋە:
— بۇنىڭ پايدىسى يوق، — دېدى ۋە بىرنى ئەسنىۋەتكەندىن كېيىن بۇرنىدىن ئاققان ماڭقىسىنى لۆڭگە بىلەن بېسىپ - بېسىپ ئېرتتى، ئاندىن يەنە يېتىۋالدى.
ۋاقىت قاھارنىڭ ئىچىنى سىقىپ ئاستا - ئاستا ئۆتۈپ بىر چاغدا ھېلىقى ئىككى پىيالىدەك تۆشۈكتىن چۈشۈۋاتقان نۇرمۇ ئۆچتى، ئۆي ئىچى قاراڭغۇلۇققا پاتتى ۋە مۇزلاشقا باشلىدى. ياندا ھېلىقى كىشىنىڭ زەئىپ نەپەس ئېلىشى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. قاھار بولسا يەنىلا بوگوڭكى ئىشلارغا ئىشەنگۈسى كەلمەي بېشىنى چاڭگاللاپ ئولتۇردى. بۇنداق بىلمەسلىك، بۇرۇقتۇرمىلىق، ئىچى سىقىلىش، تىت - تىتلىق، يالغۇزسىراش ئادەمنى بەك ھاردۇرۇۋېتىدىكەن. بىر چاغدا قاھار ئاستا بىر يانغا قىڭغىيىپ ئۇخلاپ قالدى...

※ ※ ※

سوغۇق دەستىدىن ئويغىنىپ كەتكەن قاھار بىلەكلىرىنى ئۇۋۇلاپ ئۆزىنى ئىسسىتىشقا تىرىشتى. ئەمما بۇ ھەرىكەت كار قىلمىدى. شۇنىڭ بىلەن قاھار ھېلىقى جۇلۇقى چىقىپ كەتكەن يوتقان - كۆرپىگە قاراپ قويدى. ئەمدى ئۇنىڭ كۆزىگە يوتقان - كۆرپىنىڭ كونىلىقى، مەينەتلىكى ئەمەس، بەلكى ئىسسىقلىقى كۆرۈندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاستا بېرىپ يوتقان - كۆرپىنى ئېلىپ كەلدى ۋە بىر قۇر قېقىشتۇرۇپ تازىلىغاندىن كېيىن يىرگەنگەندەك بولۇپ يوتقاننىڭ ئىچىگە كىردى. سەل ئۆتۈپ بەدىنى ئىسسىۋىدى، ئىختىيارسىز ھالدا يوتقانغا چىڭ چۈمكەلدى. شۇنىڭ بىلەن قاھارنىڭ يوتقاننىڭ تۆگەشكەن ھالى بىلەن كارى بولغۇدەك رەپتارى قالمىدى.
ئۇ ھۇزۇرلىنىپ كۆزى ئەمدى ئۇيقۇغا ئىلىنىۋىدى، ھېلىقى «ئىشىك» تاراقلاپ ئېچىلدى. قاھار ئورنىدىن ئىتتىك تۇردى.

— شوۋىگورۇچ لاۋتېنىڭ، موما سەينى يىگىت يېسۇن.
گەپ توگىشى بىلەن «ئىشىك» تاراقىدە يېپىلدى. قاھار ئىشىك تۈۋىگە بىرىپ ئۇزاق تۇرۇپ كەتتى. ئاندىن: «بۇنداق ئۇرۇنۇشۇم ئورۇنسىز ئىكەن. مۇنۇ ئادەمنىڭ شۇنچە خاتىرجەم تۇرغىنىدىن قارىغاندا، ئىشنىڭ تېگىنى بىلىدۇ. شۇ ئادەمنى ئىغىز ئاچتۇراي... بۇ زادى نېمە قىلىدىغان ئادەمدۇ؟ نېمىشقا رازىمەنلىك بىلەن بۇ يەردە ياتىدىغاندۇ؟ پەيلىدىن قارىغاندا ئۇنىڭ بۇ يەردىن چىقىپ كەتكۇسى يوق ئىكەن. بولمىسا ئەقىل - ھوشى جايىدا... بىراق نېمانچە غەلىتىدۇ؟» دېگەنلەرنى ئويلاپ جايىغا قايتىپ كەلدى.
بۇ چاغدا ئۆي ئىچى خېلى يورۇپ قالغانىدى.
— ئاكا، ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ، تاماق يەڭ.
ئۇ كىشى ئىڭراپ قويۇپ بىر ئۆرۈلدى ۋە يەنە يېتىۋەردى. قاھار بىرىپ چېلەكتىكى نەچچە كۈن بولۇپ كەتكەنلىكى بىلىنىپ تۇرغان سۇدا يۈز - كۆزىنى يۇيدى. ئۇ كىشى تېخىچە ئۇخلاۋاتاتتى. جاۋغىيىدا شۆلگەي قېتىپ قالغان، پېشانىسى بولسا كىر - قاسماق بولۇپ كەتكەنىدى. «قارىغاندا بۇ ئادەمدە ئىغىر كېسەللىك بار ئوخشايدۇ» شۇنداق ئويلىغان قاھار لۆڭگىنى ھۆل قىلىپ ئەكېلىپ، ئۇ كىشىنىڭ يۈزىنى سۈرتۈشكە باشلىدى. ئاخىر ئۇ كىشى ئورنىدىن تۇردى ۋە قاھارغا قاراپ ئىغىر تىنىۋەتكەندىن كېيىن شوۋىگورۇچ قاچىسىغا قول ئۇزاتتى. قاھار دەرھال ئۆز نامىغا سۇنۇلغان تاماقنى ئۇنىڭغا سۇندى:
— ئاكا، ئاغرىپ قاپسىز، ماغدۇرسىزلىنىپ كېتىپسىز. شوۋىگورۇچتە قانچىلىك قۇۋۋەت بولماقچى؟ مەڭ، ئۇن تامىقى بىلەن كۆكتات قورۇمىسىدا قۇۋۋەت كۆپ.
ئۇ كىشى بېشىنى تۆۋەن قىلىپ تۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، بىلىكىنى قاتتىق قاشلىۋېتىپ شوۋىگورۇچنى شالاپلىتىپ ئىچىۋەتتى. «بۇ زادى نېمە ئادەم؟ نېمىشقا بۇنداق بولۇۋالىدۇ؟» قاھار شۇنداق خىياللار ئىلكىدە تاماقنى يەپ تۈگەتتى.
قاچىلارنى يىغىشتۇرۇۋاتقان قاھار شامغا دىققەت قىلىپ قالدى. شام ئاخشامقىدىن جىق يېرىملاپ كەتكەنىدى. «ئەجەبا، بۇ

كىشى يېرىم كېچىدە شام ياندۇرۇپ ئولتۇرغاندىمۇ؟ ئۇنداقتا، يېرىم كېچىدە ئۇخلىماي نېمە ئىش قىلغاندۇ؟» بۇنداق سوئال ئەمدى بارغانچە كۆپىيىپ كېتىۋاتاتتى.

ئۇ كىشى يەنە تاماكا چېكىشكە باشلىدى.

خىيال بىلەن ئولتۇرغان قاھارنىڭ تەرىتى قىستىدى. ئۇ خېلى قىسىپ ئولتۇرۇپ بېقىپ غەيرەت قىلالمىغاندىن كېيىن بېرىپ يەنە ئىشىكنى ئۇرۇشقا باشلىدى. ئەمما سىرتتا ھېچبىر ئىنكاس يوق. شۇنىڭ بىلەن ئۇ: «تەرەت قىلىمەن، چوڭ تەرەت قىلىمەن» دەپ ۋارقىرىدى. بىراق، ئۇنىڭ شۇنچە ۋارقىرىغىنىغا تۇشلۇق بىرەرىمۇ كېلىپ قويمىدى.

— ۋارقىرىما! ھاجەتخانا ئەنە.

قاھار كەينىگە بۇرۇلدى. ھېلىقى كىشى ئۇنىڭغا قەغەز ساندۇق تىزىپ قويۇلغان ئۆينىڭ بۇلۇڭىنى كۆرسەتتى. قاھار تەئەججۈپ ئىلكىدە بېرىپ كۆردىكى، قەغەز ساندۇقنىڭ كەينىدىكى يەر ئازراق ئويۇلۇپ بىر چېلەك قويۇپ قويۇلغانىكەن، ئۆيدىكى ئاساسلىق سېسىقچىلىق شۇ ئىكەن. بۇنى كۆرۈپ قاھارنىڭ ئىچى ئېلىشىپ كەتتى ۋە ئىختىيارسىز كەينىگە داجىدى. شۇنىڭ تەسىرى بىلەن تەرىتىمۇ قېچىپ كەتكەندەك بولدى. ئۇ جايىغا بېرىپ بۇرنىنى ئەتكەنچە ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ كىشى بولسا بۇرنىغا ھېچنېمە پۇرىمايۋاتقاندەك بەھۇزۇر تاماكا چېكىپ ئولتۇرىۋەردى.

«توۋا، ئادەم دېگەن مۇشۇنداقمۇ خورلانغان بارمۇ؟ بۇ كىشى مۇشۇنداق يەردە شۈكرى قىلىپ ياشاۋېتىپتۇ. قارىغاندا، بۇنىڭدا چوقۇم بىر گەپ بار» قاھار شۇلارنى ئويلاپ تۇرۇۋېدى، ئۇ كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ «ھاجەتخانا»غا باردى ۋە ئۆرە تۇرۇپلا كوركىرىتىپ قويۇۋەتتى. سۈيدۈكنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاش بىلەن تەڭ قاھارنىڭ تەرىتى باشقىدىنلا قىستاپ كەتتى. ئۇ پەقەت تاقەت قىلالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇمۇ «ھاجەتخانا» بىكار بولۇشى بىلەنلا ئۆزىنى ئاتتى.

ئىشنى تۈگەتكەن قاھار قەتئىيەتكە كېلىپ، ئۇ كىشىنىڭ يېنىدا ئولتۇردى.

— ئاكا، سىز زادى كىم؟ نېمىشقا مۇشۇنداق يەردە ياشايسىز؟ سىزنى نېمىشقا بۇ يەرگە سولاپ قويىدۇ؟ سىزنى نېمىشقا داۋالىمايدۇ؟ ئۇلارنىڭ مەقسىتى نېمە؟

ئۇ كىشى جىمىدە يېتىۋەردى. قاھار قايتا - قايتا سوراپمۇ ئۇ كىشىنى بىر ئېغىز زۇۋان سۈردۈرەلمىدى.

شۇنىڭ بىلەن قاھار بىر تالاي سوئاللار تورىدا چىرمىلىپ ئولتۇرۇپ قالدى. بىر چاغدا بىر ئىش ئۇنىڭ يادىغا يەتتى: «بايا تاماق سۇنغان كىشى نېمە دېدى؟ لاۋتې؟ بۇ كىشىنىڭ ئىسمى نېمىدۇر؟ ئېنىقكى بۇ كىشى ئۇيغۇر. ئەمما ئۇنىڭ ئىسمىچۇ؟ تې؟ تېيىپ، تېلىۋالدى، تىلەك...زادى نېمىدۇر؟» قاھار خىياللار ئىلكىدە گاراڭ بولۇپ ئولتۇرغاندا، ئۇ كىشى ئورنىدىن تۇردى. قاھار ئۇ كىشىنىڭ ئۆزى كۆرگەندىن بۇيانقى بۇ تۇنجى ھەرىكىتىنى كۆرۈپ يېنىك تىنىدى. ئۇ كىشى بىرىپ «ھاجەتخانا»دىكى چېلەكنى ئېلىپ ئىشىك تۈۋىگە باردى. بۇنى كۆرۈپ قاھار سەل جىددىيلەشتى.

ئۇ كىشى يوغان ئالىقانلىرى بىلەن ئىشىكنى ئۇچنى ئۇردى ۋە ۋارقىرىدى:

— ئىشىكنى ئېچىڭلار، مەن لاۋتې!

دەرۋەقە، ئازراق ئۆتۈپ ئىشىك ئېچىلدى ۋە لاۋتې چىقىپ كېتىشىگىلا يەنە تاقالدى. بۇنى كۆرگەن قاھار خۇددى ئەمدى لاۋتې قايتىپ كەلمەيدىغاندەك، شۇنىڭ بىلەن بۇ قاراڭغۇ زۇلمەتتە ئۆزى يالغۇز قالىدىغاندەك بىلىنىپ، يۈگۈرۈپ بېرىپ ئىشىككە ئۆزىنى ئاتتى ۋە ئىشىكنى مۇشتلاپ ۋارقىراشقا باشلىدى:

— ئىشىكنى ئېچىڭلار، ئىشىكنى ئاچ!...

بىر چاغدا ئىشىك ئالدىدا گۇدۇڭلىغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ ئىشىك ئېچىلدى ۋە لاۋتې چېلەكنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. لاۋتې كىرىپ بولۇپ ئىشىك يېپىلىش ئارىلىقىدا قاھار ئۆزىنى ئىشىككە ئۇردى. بۇ زەربىدىن ئىشىك ئېچىلىپ كەتكىلى تاس قالدى. شۇ قىسقا دەقىقىلەردە قاھار ئىشىكنى قوروقداپ تۇرغان كىشىنى كۆرۈپ ئۈلگۈردى، ئۇ بېشىغا ئاق دوپپا كىيگەن، چاشقان

بۇرۇت، يۈزلىرى قارىداپ كەتكەن بىر خوپىزۇ كىشى ئىدى.
قاھار «مېنى چىقىرىۋەت!» دەپ ۋارقىراپ ئۇ كىشى بىلەن تىركەشتى ۋە جان ـ جەھلى بىلەن ئىتتىرىپ ئىشىكتىن چىقاي دەپلا قالدى. شۇ ھالدا ئۇ ئىشىك ئالدىنى كۆرۈپ ئۇلگۇردى: ئەسكى ـ تۇسكى نەرسىلەر، كېرەكسىز ئاشخانا جابدۇقلىرى تاشلانغان، ئۇستى قاڭالتىر بىلەن يېپىلغان ۋەيرانە كىچىك ھويلا. بىر تەرەپتە بىر تۆمۈر ئىشىك، ئۇ ئىشىك قىيا ئوچۇق بولغاچقا، ئۇنىڭ سىرتىدىكى تۈرلۈك ئاۋازلار چالا ـ پۇچۇق ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بۇنى كۆرۈپ قەلبى ئۈمىدكە تولغان قاھار قارا يۈزلۈك كىشىگە مۇشتىنى ئىشلىتىشكە تەييارلاندى. ئەمما شۇ ۋاقىتتا بېشىغا تەگكەن كالتەك زەربىسىدىن كەينىگە ئۇچۇپ چۈشتى...
ئۇ كۆزىنى ئاچقاندا، يەنە بۇرۇنقى ھالەت: ۋەيرانە ئۆي، سىرلىق ۋە سوغۇق ئادەم لاۋتې، نىجاسەت پۇرىقى، ئۇنىڭ ئىلاجسىز تەقدىر ـ قىسمىتى. قاھار ئاغرىۋاتقان بېشىنى سىلىغىنىچە لاۋتېنىڭ يېنىغا باردى:
— ئاكا، بۇنىڭدىن كېيىن تەرەتنى مەن تۆكەي. سىز دېگەن ئاغرىق تۇرسىڭىز.
ئەمما، لاۋتې بېشىنى چايقاپ يەنە تاماكا تۇتاشتۇردى. قاھار يەنە خىيال بىلەن ئۇخلاپ قالدى...
ئىشىكنىڭ تاراقلىشى بىلەن ئۇ يەنە كۆزىنى ئاچتى. يەنە ھېلىقى تونۇش تەلەپپۇز:
— گاڭپەن يىگىتنىڭ، قاتلىما لاۋتېنىڭ.
لاۋتې يەنە پەرۋاسىز. قاھار بېرىپ تاماقنى ئېلىپ كەلدى. ئاڭغىچە ئورنىدىن تۇرۇۋالغان لاۋتې قۇرۇق قاتلىمىغا قولىنى ئۇزاتتى.
— ئاكا، مۇنۇ گاڭپەننى سىز يەڭ، دۇفۇ قورۇمىسىكەن، سىزگە قۇۋۋەت بولىدۇ.
بىراق لاۋتې كۆلگەندەك بىر خىل چىراي ئىپادىسىنى چىقىرىپ قويۇپ قاتلىمىنى يەۋەردى.

ئەتىسى قاھار شامنىڭ كۆيۈپ تۈگەپ كەتكەنلىكىگە دىققەت قىلدى، بۇ ئۇنىڭغا يەنە بىر سىر بولۇپ قالدى.

ۋاقچە ياتقان لاۋتىپ تولىمۇ ئىشتىھاسىزلىق بىلەن ناشتا قىلدى. ئۇ سالامەتلىك ئەھۋالى ھەققىدىكى قاھارنىڭ سوئاللىرىنى جاۋابسىز قويۇپ تاماكىسىنى چېكىشكە چۈشتى. ئاندىن ئۈيقۇسىنى باشلىدى.

بۇنى كۆرگەن قاھار «ھاجەتخانا» چېلىكىنى ئېلىپ ئىشىك تۈۋىگە كەلدى. ئىشىكنى ئۇچىنى ئۇردى. بىراق سىرت جىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇ:

— ئىشىكنى ئاچ، مەن لاۋتىپ! — دەپ ۋارقىرىدى. دەرۋەقە، ئىشىك ئالدىدا شەپە پەيدا بولدى. ئىشىك ئېچىلدى، لېكىن ئىشىكنى ئاچقۇچى قاھارنى كۆرۈپلا ئىشىكنى ئېتىۋالماقچى بولدى. قاھارمۇ ئىشىكنى ئېچىشقا ئۇرۇندى ۋە ۋارقىرىدى:

— كېسەل ئادەمنى نېمىشقا قىينايسىلەر؟ نېمىشقا ئۇنى دوختۇرغا كۆرسەتمەيسىلەر؟ ئۇ شۇ ھالەتتە ھاجەتخانا تازىلىسا قانداق...

ئەمما، قاھار يەنە كالتەك زەربىسىدىن كەينىگە ئۇچۇپ چۈشۈپ، گېپىنىڭ داۋامىنى دېيەلمىدى.

ئۇ ئېسىگە كەلگەندە لاۋتىپ ئۇنىڭغا قاراپ تۇرغانىكەن. ئۇ ئورنىدا ياتقانلىقىغا قاراپ، لاۋتېپنىڭ ياتقۇزۇپ قويغانلىقىنى بىلدى. دېمەك، ئۇ يەنىلا ياخشى ئادەم ئىكەن. بۇنىڭدىن قاھار سۆيۈنۈپ قالدى. قاھارنىڭ كۆزىنى ئاچقانلىقىنى كۆرگەن لاۋتىپ بېرىپ ئورنىدا ياتتى، بىردەمدىلا ئۇنىڭ پۈشۈلدىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

قاھار ئاخىر تەن بەردى، بېشىغا كەلگەننى كۆرمىسە بولمايدىغانلىقىنى بىلدى. بەلكىم، بۇ ئىشلارنىڭ سەۋەبىنى بىلىپمۇ قالار.

قاھار شۇندىلا خېلى تەمكىن بولۇپ قالدى. بەربىر كۆرىدىغاننى كۆرىدىغان ئىش ئىكەنغۇ. قاھار ئەمدى سۆيۈملۈك بولۇپ قالغان يوتقانغا يۆگىنىپ جىمىمدە ئولتۇرۇپ خىيالغا

كەتتى. مېھىرگە تەشنا بولۇپ ئۆتكەن ئىچىنىشلىق بالىلىق دەۋرى، سەرسانلىقتا، خورلۇقتا ئۆتكەن ياشلىق دەۋرى، ئۆلۈم يۇرىقى گۈپۈلدەپ تۇرغان ئاخىرقى دەقىقىلەر، ھاياتلىق شامىنى يۇۋۇلەپ قايتا يېلىنجاتقان قەدىردان تۇيۇق... بۇلار ئۇنىڭ خىيال ماشىنىسىدىن بىر - بىرلەپ چۇشۇرۇلدى. يەنە ئۇ لېۋىنى چىڭ چىشلەپ ئولتۇرۇپ ئۆزىنىڭ مېھىر ۋە لەنەت تېشى ئارىسىدا تۇرۇپ قالغان ئاپىسى سارەم، ھاياتىغا مىختەك قادالغان ئۆگەي ئاتىسى داۋۇت، پەرزەنت تۇرۇپ بىر پەرزەنتنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنمەيدىغان، ھاكاۋۇر سەلىمە (ئۇنىڭ ئىككى كويلۇق پۇللارنى قەيسەرنىڭ كۆز ئالدىدا يېيىپ كۆز - كۆز قىلىپ كۆرەڭلەپ كەتكىنىنى قەيسەر — قاھار قانداقمۇ ئۇنتۇيالىسۇن!)، ھەرھالدا مېھىر دەرياسىدىن سۇ ئوتلاپ تۇرغان گۈلشەن، ھەر ۋاقىت ئادىمىيلىك پەزىلەتنى ۋۇجۇدىدا پەرۋىش قىلىپ تۇرۇشقا ئادەتلەنگەن رېھىم شەپقەت، ئانىلارنىڭ ئۇلۇغلىقى ئىبادەتخان، ئىنسانىي مېھىر - مۇھەببەت، كۆيۈنۈشنىڭ مەڭگۈلۈك قانۇنىيەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەرگەن ھېممەت ئاكا، ھاياتنىڭ، قەلبنىڭ، ياشلىقنىڭ گۈزەللىكىنى ھېس قىلدۇرغان زەۋەرگۈل، ياخشى - يامان نىيىتى بىلەن جاھان كۆرسىتىپ ئۇنىڭ كۆزىنى ئاچقان سادىق، يەنە ئۇ ئىسمىنى ئۇنتۇغان، لېكىن چىرايى ئېسىدە نۇرغۇن كىشىلەرنى يادىغا كەلتۈردى. بىر ئويلىسا ھايات نېمىدېگەن ئۇزۇن - ھە! نېمىشقا نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ بىر ئادەمنىڭ ھاياتى بىلەن شۇنچىۋالا باغلىنىشلىقى بولىدۇ؟ نېمىشقا بىر ئادەم ھەربىر ئىشتا باشقىلارنى ئويلىمىسا بولمايدۇ؟ نېمىشقا بىر ئادەم بولمىسىمۇ ھايات ئۆز يولىدا داۋام قىلىپ كېتىۋېرىدۇ؟

قاھارنىڭ كۆزىگە ياش كەلدى. ئۇنىڭغا ئۇزۇن بوپتىكەن، بۇنداق ئۇزۇندىن - ئۇزۇن خىيالغا چۆمۈلۈپ باقمىغىلى. ئۇ ئۇنىسىز پەرياد چەكتى. ئۆزىنىڭ ھازىرقى قىسمىتى يادىغا يەتتى: «ھەي، مەن ئەينى ۋاقىتتا سەرسان بولۇپ يۈرگەن ۋاقىتلىرىمدا، كىنوخانىنىڭ ئالدىدىكى دەرەخلىكتە ئۆلۈمنىڭ چاڭگىلىدا چىۋىنگە بوزەك بولۇپ يۈرگەن ۋاقىتلىرىمدا ئادەمنىڭ بېشىغا

ھەرقانچە بولسىمۇ مۇشۇنچىلىكلا ئىغىر كۈن كېلەر دەپ ئويلىغاندىم. مانا يەنە كۆرۈۋاتىمەن. بۇ دۇنيادا ئادەم قانچىلىك ياشىيالىسا، شۇنچىلىك كۆرىدىغاننى كۆرىدىكەن. ھۇزۇرنىمۇ، كۈلپەتنىمۇ...» ئارقىدىن قاھار ئاپىسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى: داۋۇتنىڭ ئالدىدا تىل قىسىنچىلىقى بار دەك ئىلاجسىز ھالدا تۇرغان سارەم... «ئاھ ئاپا، سەن زادى نېمە بولغانسەن؟ ئاشۇ داۋۇت ماڭا ئۆگەي ئاتا بولغاندىن باشلاپ باشقىچىلا ئادەمگە ئايلىنىپ قالدىڭ. بىلىمەن، ئاپا، مېھرىڭ ماڭا تارتىشقان بىلەن، داۋۇتقا تىك قارىيالمىدىڭ، ئاخىرىغىچە قان يۇتۇپ ئۆتتۈڭ. يا تاش يۈرەك ئانىلاردەك مېنىڭدىن كۆڭلۈڭ سوۋۇپ كەتكەنمىدى؟ ياكى سەن مېنى بالاڭ قاتارىدىن چىقىرىۋەتكەنمىدىڭ؟...» ئاچچىق خىياللار ئاخىر قاباھەتلىك چۈشكە قوشۇلۇپ كەتتى...

ئەنە شۇ ھالەتتە يەنە بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى. ئەمدى قاھارمۇ شۈكلىشىپ قالدى.

※ ※ ※

سومكا، چامادانلار تەييار بولدى. پويىز يەنە بىر سائەتتىن كېيىن ماڭىدۇ.

— گەپ شۇنداق بولسۇن، سايىم، — دېدى سادىق ياتاق ئىچىگە بىر قۇر قاراشتۇرۇپ، — ساڭا نەچچە دېدىم، بىز يۇرتقا ۋاقتىدا بارماي، ئۇ يەر – بۇ يەردە ئويناپ يۈرسەك ئىش بۇزۇلمىسۇن. ئالدى بىلەن قايتايلى، ئىشلار بېسىقىپ ئىزىغا چۈشكەندە، ئويۇننى شۇ چاغدا ئويناىمىز. مەن ساڭا ئىشەندىم، سەنمۇ ماڭا ئىشەن. مە، خىراجەت قىل.

سادىق شۇنداق دەپ سايىمغا ئون مىڭ يۈەن بەردى. «تازا بەرسە بەش مىڭ كوي بېرەر» دەپ ئويلىغان سايىم پۇلنىڭ سانىنى بىلىپ ھاياجانلىنىپ كەتتى، پۇل تۇتقان قولى تىترىدى، بوغۇزىدا تاتلىق سۇيۇقلۇق پەيدا بولدى.

— رەھمەت، سادىق، سەن ماڭا شۇنچىلىك ياخشىلىق قىلىۋاتساڭ، ئىشەنگەن يېرىڭدە تۇرمىسام...

قاتتىق ھاياجانلىنىپ كەتكەن سايىم قىلارغا گەپ تاپالماي قالدى.

— ئۇنداق بولسا، سېنىڭدىن خاتىرجەم بولدۇم. بۇ يەردىكى ئىشلار مۇشۇ يەردە قالسۇن. يۇرتتىكى گەپلەر بىز دېيىشىۋالغان بويىچە بولسۇن. ئارتۇق گەپ بېشىمىزغا بالا.

— سەن نېمە دېسەڭ شۇ، سادىق.

— بۇنىڭدىن كېيىنمۇ قاراپ تۇرمايمەن، مەن قانداق راھەت كۆرسەم سەنمۇ شۇ.

— رەھمەت، سادىق.

سايىم قولىدىكى پۇلغا بىر قارىۋېتىپ: «خەقنىڭ تۇرمۇشىنى دېسەم، مېنىڭ تۇرمۇشۇمغا كىم ئىگە بولىدۇ؟ كىم ئۇن كويى چاغلىق پۇلنى خەجلىۋال دەپ ئالدىمغا تاشلىيالايدۇ؟ ئۆتكەندە رىشىت قاسساپقا ئۇن بەش كويلۇق گۆش نېسى بولۇپ قېلىۋىدى، تاس قالدىغۇ ئاق مەسچىت ئالدىدا مېنى ئىزاغا قويغىلى. شۇ چاغدىمۇ ھېچكىم ھاي، دەپ ئوتتۇرىغا چۈشمىدى. كېيىن يەنە مۇشۇ سادىق ئۇ ھارام يەيدىغان قاسساپنىڭ ياقىسىنى ئېلىپ، مېنىڭ ھەرقانداق ھېسابىتىمنى ئۆزى بىلەن قىلىشنى ئېيتىپ نوخولىسىنى ئېلىپ قويمىدىمۇ. شۇنداق، شۇنداق، خەقنى يىغلاتمىغان بىلەن ئۆزۈڭ يىغلايدىغان گەپكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە سادىق ماڭا شۇنچىلىك قىلىۋاتسا...» دېگەنلەرنى ئويلىدى ۋە پۇلنى تەييار چۆپ قاچىلانغان سومكىسىنىڭ تېگىگە سالدى...

بىر سائەتتىن كېيىن شىئەندىن غەربكە ماڭغان تېز پويىز بۇ قەدىمىي پايتەختتە ناتىۋان بىر يۈرەكنى قالدۇرۇپ، رەزىللىك قېنى بىلەن سۇغىرىلغان ئىككى يۈرەكنى شىنجاڭغا ئېلىپ ماڭدى.

# توققۇزىنچى باب

بىر كۈنى ئەتىگىنى لاۋتې ئورنىدىن پەقەت تۇرالمىدى، ئۇ ھەدەپ يۆت ـ قوللىرىنى تۇتۇپ، ھەتتا يۆتىلىشقىمۇ مۇشتلاپ ۋايجانلاپ، ئىڭراپ بولالماي قالدى. بۇنى كۆرگەن قاھار: «كېسەللىكتىن يۆت ـ قولى ئاغرىۋاتقان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭ يۆت ـ قولىنى تۇتۇشقا باشلىدى. قاھار ئۇنىڭ ئۇچىسىنى تۇتقاچ «ئاكا، نېمە بولدىڭىز؟ كۆزىڭىزنى ئېچىڭ، ئادەم چاقىرايمۇ؟» دېدى. لاۋتې بولسا كۆزىنىمۇ ئاچماي «ئاھ» ئۇرۇپ يېتىۋەردى. قاھار ئۇنىڭ ئۇچىسىنى يېرىم سائەتتەك تۇتقاندىن كېيىن، لاۋتې تۇيۇقسىز ئورنىدىن تۇردى.

— بولدى، ئاۋارە بولما، ئۇكام، — دېدى ئۇ قاھارنىڭ قوللىرىنى چىڭ سىقىپ، — ساڭا رەھمەت، خۇدايىم بەختىڭنى بېرىدىغان بالىكەنسەن.

قاھار لاۋتېنىڭ چىن يۈرىكىدىن شۇنداق دەۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپلا قالدى. لاۋتې بولسا ئۇنىڭ قولىنى چىڭگىدە تۇتۇۋالغانىدى. لاۋتې شۇ ھالەتتە لېۋىنى چىشلەپ تۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ قولىنى قويۇۋېتىپ ئالدىدىكى تاماقنى قاھارغا بېرىپ، ئۆزى قاھارنىڭ ئالدىدىكى قاچىنى قولىغا ئالدى:

— بۇنىڭدىن كېيىن تاماقلارنى ئالماشتۇرۇپ يەيلى.

— شۇنداق قىلايلى، ئاكا، — دېدى قاھار خۇشال بولۇپ، — بەك ئاجىزلاپ كېتىپسىز، ئازراق بولسىمۇ قۇۋۋەت تولۇقلىمىسىڭىز بولمايدۇ.

— ياق، ئۇنىڭ ئۇچۇن ئەمەس. سەۋەبىنى سورىماي، گېپىمگە كىر. كېيىن ئوبدان چۈشەندۈرۈپ قويىمەن.

قاھار بېشىنى لىڭشىتتى.

تاماقنى ئىشتىيى تۇتۇلۇپ كەتكەن ئادەملەردەك ناھايىتى تەستە يەپ تۈگەتكەن لاۋتې مىنېرال سۇ بوتۇلكىسىنى قولىغا ئالدى:

— خاپا بولمىساڭ، ئۇكام، تەتۈر قاراپ تۇرساڭ، مەن... كىيىمىنى ئالماشتۇرۇۋالغان بولسام...

قاھار كەينىگە ئۆرۈلدى. لاۋتېنىڭ پۈشۈلدىغىنىدىن باشقا ئاۋاز ئاڭلانمىدى، بىر چاغدا ئۇ جىممىدە بولۇپ كەتتى. قاھار ھەيران بولۇپ كەينىگە بۇرۇلدى. لاۋتې بېشىنى تامغا تىرەپ، كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ، تىنچ، خاتىرجەم ھالەتتە تۇراتتى. قاھار ئۇنىڭ بۇنداق ھالىتىنى كەم ئۇچرىتاتتى. ئەمما قاھار لاۋتېنىڭ يەنىلا شۇ كىيىملەر بىلەن تۇرغىنىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى.

— ئاكا، كىيىمىڭىز...

لاۋتې بىر نەرسىدىن ھوزۇرلانغان ھالەتتە بىرنەچچە مىنۇت تۇردى. قاھار سوئالىنى يەنە تەكرارلىدى:

— ئاكا، كىيگەدەك كىيىمىڭىز قالماپتۇمۇ؟

— بۇنى سورىما، ئۇكام،— دېدى لاۋتې تولا تاماكا چەككەنلىكتىن سارغىيىپ كەتكەن بارمىقىنى ئاغزىغا ئاپىرىپ ئېغىر ئەسنەپ،— سەل تۇرۇپ ھەممىنى بىلىسەن، سورىغان سوئاللىرىڭنىڭ ھەممىسىگە جاۋاب تېپىلىدۇ.

قاھار ھاياجانلاندى. راستلا شۇ سوئاللارنىڭ ھەممىسىگە جاۋاب چىقارمۇ؟ سىرلار يېشىلەرمۇ؟

لاۋتې يەنە تاماكا تۇتاشتۇرۇپ، قاتتىق شورىدى. بىر ھازاغىچە كالتە يۆتىلىپ، ئاغزىدىن ئاققان شالىنى سۈرتۈۋەتكەندىن كېيىن بارغانچە مۇكچىيىپ كېتىۋاتقان گەۋدىسىنى رۇسلاشقا تىرىشىپ سۆزىنى باشلىدى:

— ئۇكام، مەن سېنىڭ ئىش - ئەمەلىڭگە قاراپ باقسام، جەمئىيەتتە ئېقىپ يۈرگەن ئازغۇن ياشلارغا ئوخشىمايدىكەنسەن. سۆزلىرىڭدىن سەممىيلىكىڭنى كۆرۈپ يەتتىم. ساختا قىياپەتلىك ئادەملەر ھامىنى بىر يېرىدىن چاندۇرۇپ قويىدۇ. مەسىلەن: بىر قىلىقىدىن، بىر قېتىملىق قارىشىدىن، ھەتتا بىر

نەپەس ئېلىشىدىن... مەن سېنىڭ كىملىكىڭنى بىلمەيمەن. مۆرىتى كەلسە، خالىساڭ دەپ بېرەرسەن.

— ئىسمىم قاھار، — دەرھال گەپ قىستۇردى قاھار. لاۋتىپ بولسا «گەپ قىستۇرما» دەپ بېشىنى چايقىدى.

— لېكىن ئۇكام، سەن ماڭا ئىللىق بىلىندىڭ. مېھرىڭ ئىسسىق بالىكەنسەن. ماڭا كۆيۈندۈڭ، مېھرىبانلىق قىلدىڭ. مەن ئادەملەردىن بۇنداق مېھرىبانلىقنى كۆرمىگىلى بىر يىلدەك بولۇپ قالدى. مۆرىتى كېلىپ قالغاندا، ئويلاپ قويغانلىرىمنى دەپ ئۆتەي: ئادەمگە پۇل بولمىسىمۇ، ئېسىل تاماق، شاھانە كىيىم بولمىسىمۇ بولىدىكەن، لېكىن مېھرىبانلىق، ئىللىقلىق بولمىسا بولمايدىكەن، ئۇ نەرسىلەر ئادەمگە خۇددى ھاۋادەك زۆرۈر ئىكەن.

قەيسەر بىردىنلا مېھرىبانلىققا، ئىللىقلىققا شۇنچىكى تەشنا بولغان كۆڭۈللىرىنى ئەسكە ئالدى. ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرى ئازاب - ئوقۇبەت بۇلۇتلىرىدىن تامچىغان ياشقا تولدى.

— ئادەم ھەقىقىي مېھرگە ئېرىشىش بىلەن ئۆزىنىڭ ئىنسانلىقىنى بىلىپ تۇرىدىكەن. راست گەپ قىلسام، بۇرۇقتۇرمىلىق، دەرد - ئەلەم دەستىدىن ئادەملەردىن رايىم يېنىپلا كېتىپتىكەن. شۇڭا بىر نىجىس بىلەن كۆڭلۇمنى خۇش قىلىپ، بىر كۆڭلەرگە كەلگەندە، ھېچكىمگە كۆرۈنمەي جىمىدىلا ئۆلۈپ كېتىشنى ئويلىغانىدىم. بىراق، سېنىڭ ماڭا بالامدەكلا كۆيۈنۈشلىرىڭ توڭلاپ كەتكەن ۋۇجۇدۇمنى ئىللىتتى. ساڭا مېھرىم چۈشۈپ قاپتۇ، ئۇكام. بۇرۇنقى ۋاقىتلىرىم بولغان بولسا، ئاكا - ئۇكا بولۇپ ئۆتكەن بولساق، ساڭا قولۇمدىن كېلىشىچە ھىممەت قىلىۋالغان بولسام...ئاھ خۇدا، مەن قانداق ئادەم ئىدىم - ھە... ! ئۇكام، مەن بىلىۋاتىمەن، سېنىڭ ئىچىڭ پۇشتى، مېنىڭ كىملىكىمنى بىلگۈڭ كەلدى. مەن ئەمدى ئۆزۈم ھەققىدە ساڭا سۆزلەپ بېرەي. مەن ھەرگىزمۇ سەن كۆرۈۋاتقاندەك ئەبگار، پوق يېگەن ئادەم ئەمەس ئىدىم. ئەمدى ساڭا سۆزلەيمەن. شەرمەندىلەرچە ئۆلۈپ كەتسەممۇ، مېنىڭ تۇرمۇشۇمنى

ئەسلەيدىغان ئادەم بولسۇن. ئەمما... بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇكام، سەن چوڭ ئامەتكە ئېرىشىسەن.
ئۇ كىشى ئالدىراپ تاماكا چەكتى.
— ئۇكام قاھار، مېنىڭ ئىسمىم تۆمۈر.
قاھار شۇندىلا ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن «لاۋتې» دەپ ئاتالغانلىقىنى بىلدى.
— سەن بىلەن بىر ناھىيىدىن، دىغار يېزىسىدىن. ئائىلىمىز دىغار يېزىسىنىڭ دىغار مەھەللىسىدە. مەن دىغار يېزىلىق دوختۇرخانىنىڭ باشلىقى ئىدىم. دىغار يېزىسىنىڭ كەنتلىرى تارقاق، خىلۋەت، قومۇلۇق بىلەن بوستانلىق ئارىلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، بىراق دوختۇرخانىمىز جايلاشقان كارىزكۆل تەۋەسى ئادەملەر بىر قەدەر مەركەزلەشكەن، چۆلتاغ رايونىغا بارىدىغان يول بويىغا جايلاشقان ئاۋات جاي، ئۇ يەرنىڭ ئىستىقبالى زور، بولۇپمۇ چۆلتاغدىكى تاش بايلىقلىرى كېيىنچە كەڭ كۆلەمدە ئېچىلىشى مۇمكىن. شۇڭا مەن ئۆزۈمدىن بۇيان پۇل غەملەپ، شۇ يول بويىغا رېستوران بىلەن ياتاق بىرلەشتۈرۈلگەن ئۈچ قەۋەتلىك بىر بىنا سالماقچىدىم. بىراق، شۇم نىيەتلەر، رەزىل خۇمسىلار ھەممە پىلانىمنى بەربات قىلدى...
تۆمۈر دوختۇر سۆزىنى داۋام قىلالماي يۈزىنى چاڭگاللىغىنىچە ئولتۇرۇپ كەتتى.
— گېپىم قېيىپ كەتتى، ئۇكام. مەن شاڭخەي تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن، مەخسۇس دورىگەرلىكتە ئوقۇغان. مەن ئەسلىي ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا تەقسىم قىلىنغان بولسامۇ، ئۆزۈم تەلەپ قىلىپ يېزىغا كەتتىم. نېمە ئۈچۈن؟ ساڭا دېسەم، ئۇكام، دىغارنىڭ ياۋا ئالقىتىنىڭ دورىلىق قىممىتى ئىنتايىن يۇقىرى، ئالقات جىگەرنى ئاسرايدۇ، قان بېسىمىنى، قان شېكىرىنى تۆۋەنلىتىدۇ، قان تومۇرنى يۇمشىتىدۇ، قاندىكى خولېستېرول، تىرىگلېتسىرىدنى چۈشۈرىدۇ. جىگەرنى ماي قاپلاش ۋە دىئابېت بىمارلىرىنى مەلۇم دەرىجىدە داۋالاش رولىنى ئوينايدۇ. كلىنىكىلىق تەجرىبىلەردە يەنە ئالقاتنىڭ سوزۇلما خاراكتېرلىك

بۆرەك زەئىپلىششىنى داۋالايدىغانلىقى ئىسپاتلانغان. ئۇنىڭدىن باشقا ئالقاتنى دائىم يەپ بەرسە، چىرايىنى گۈزەللەشتۈرىدۇ. چۈنكى، ئالقات تېرىنىڭ ئوكسىگېن قوبۇل قىلىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ، ئاقارتىش رولىنى ئوينايدۇ. گەرچە ئالقات كۆپ جايلاردا ئۆستۈرۈلسىمۇ، لېكىن نىڭشيا، شىنجاڭ، گەنسۇ، چىڭخەيلەردىن چىقىدىغان ئالقاتلارنىڭ سۈپىتى ھەممىدىن ياخشى. بۇنىڭ ئىچىدە نىڭشيانىڭ جۇڭنىڭ ناھىيىسىدىن چىقىدىغان ئالقات ئەلا سۈپەتلىك ئالقات ھېسابلىنىدۇ. مېنىڭچە، دىغارنىڭ ياۋا ئالقىتىنىڭ سۈپىتى ھەممىدىن ياخشى. ئۇ يەرنىڭ ئالقىتىنى باشقا يەرنىڭ ئالقاتلىرى بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. ئەگەر تەتقىقات ۋە ئىقتىساد يېتەرلىك بولىدىغان بولسا، ئۇ ئالقاتتىن نى - نى ئېسىل دورىلارنى ياسىغىلى بولىدۇ... شۇنداق قىلىپ، دىغار يېزىلىق دوختۇرخانىغا خىزمەتكە چۈشتۈم. نەچچە يىل ئۆتۈپ دوختۇرخانىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقىمۇ بولدۇم. ئوغۇت سودىسى بىلەن بېيىپ ياسىن «ئۇرىيە» دەپ لەقەم ئالغان بىر سودىگەرنىڭ رىسالەت ئىسىملىك قىزى بىلەن توي قىلدىم. تويدىن كېيىن رىسالەتنى دوختۇرخانىغا تازىلىق ئىشچىسى قىلىپ ئورۇنلاشتۇردۇم. ئەمەلىيەتتە، خادىملار ئۆز بۆلۈملىرىنىڭ تازىلىقىنى قىلسا، رىسالەت ئىككى - ئۈچ كۈندە بىر كېلىپ ئىشخانامنى تازىلاپ قوياتتى. مەن دەسلەپتە دوختۇرخانىنىڭ شارائىتىنى ياخشىلاپ، ئىقتىسادىي كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا كۆچىدىم. دوختۇرخانىنىڭ خىزمىتى ئىزىغا چۈشكەندىن كېيىن ئالقات ئۈستىدىكى تەتقىقاتىمنى باشلىدىم. ئىككى يىل ئۆتۈپ بىر ئوغۇللۇق بولدۇق، بالىلىق بولۇش ئائىلىمىزگە ئالەمچە شادلىق بېغىشلىدى. خىزمەتتىكى نەتىجىلىرىم كۆرۈنەرلىك بولغاچقا، بالام ئۈچ ياشقا كىرگەندە دوختۇرخانىنىڭ باشلىقى بولدۇم، بالام بەش ياشقا كىرگەندە بېيجىڭغا بىرىپ دورىگەرلىك كەسپى بويىچە بىر يىل بىلىم ئاشۇرۇپ كەلدىم. بېيجىڭغا بېرىشىم خىزمەتتىكى ئىلگىرىلىشىم بولغان بىلەن ئائىلىمىزدىكى چېكىنىش بولغانىكەن. بېيجىڭدىن قايتىپ كېلىپ، ئالقات ئۈستىدىكى

دەسلەپكى تەتقىقاتىمدىن جىددىي خۇلاسە يېزىۋاتقان كۈنلەردە، ناھىيىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئىدارە ـ ئورۇنلاردا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىقتىسادىي تەپتىشلىك نۆۋىتى دوختۇرخانىمىزغا يېتىپ كەلدى. دوختۇرخانىنىڭ ئىقتىسادىنى باشقۇرۇشتا تىل قىسىنچىلىقىم بولمىغاچقا، خاتىرجەم ئىدىم. تەپتىشلەر خىزمىتىنى تۈگەتكەندىن كېيىن مېنى ئايرىم ئىشخانىغا چاقىرىشتى. خۇلاسىنى ئاڭلارمەن، دەپ ئۇلارنىڭ يېنىغا خاتىرجەم كىرىۋەردىم.

ــ مەسىلە چىقتى،ــ دېدى تەپتىش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى. بۇنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتىم ۋە: «بوغالتىردىكى مەسىلىمۇ ياكى كاسسىرنىڭ ھېساباتى كەم چىقىپتىمۇ؟» دەپ ئويلاپ جىددىيلىشىپ سورىدىم:

ــ ھېساباتتىكى پۇل كەم چىقتىمۇ؟

ــ ھەئە.

ــ كاسسىر خېلى ئەستايىدىل، مەسئۇلىيەتچان بالا ئىدى. قانداق قىلىپ... بۇ جەھەتتە ئۇنىڭغا ئىشىنەتتىم...

ــ مەسىلە سىزدىن چىقتى،ــ دېدى گۇرۇپپا باشلىقى كۆزۈمگە مىختەك قادىلىپ. بۇنى ئاڭلاپ قۇلىقىمغا ئىشەنمەي قالدىم. قانداقسىگە...

ــ بۇ...چىقىم جىق بولۇپ كېتىپتۇمۇ؟

ــ تۆمۈر يۈەنجاڭ، ئىشلىتىۋالغان پۇلنى قايتۇرماپسىز!

ــ ئىشلىتىۋالغان؟

ــ شۇنداق، دوختۇرخانىنىڭ يۈز مىڭ يۈەن پۇلىنى ئىشلىتىۋېلىپ قايتۇرماپسىز، ۋاقتىمۇ ئۆزىراپ كېتىپتۇ.

گۇرۇپپا باشلىقى شۇنداق دەپ بىرنەچچە ۋاراق قەغەزنى ئالدىمغا قويدى. قارىسام بۇ ئۈچ ۋاراق قەغەز قەرز ھۆججىتى ئىكەن. جەمئىي يۈز مىڭ يۈەن. ھەربىر ھۆججەتنىڭ تېگىدە شەخسىي تامغام بېسىلىق. پېشانەمدىن بۇژۇلداپ تەر چىقىپ كەتكەن بولسىمۇ، دەررۇ ئېتىراز بىلدۈردۈم:

ــ بۇ تۆھمەت! مۇنداق ئىش قەتئىي يوق!

— شەخسىي تامغىڭىزچۇ؟
— ئوخشىتىپ ئويدۇرۇۋالسا بولىدىغۇ.
— تامغىڭىزنىڭ ئاستىغا ئوبدانراق قاراپ بېقىڭ.
مەن بىر قاراپلا «رىسالەت» دېگەن ئىمزانى كۆردۈم، جىددىيچىلىكتە بايا دىققەت قىلمىغانىكەنمەن، بۇنىڭدىن سەل يېنىك بولۇپ قالدىم.
— ئوبدان بولدى، رىسالەتنى چاقىرىڭلار.
رىسالەت ئىشخانىغا كىردى. ئۇنىڭ بەدىنىدە تىترەك، بېشىنى يەردىن ئالالمايتتى. بۇ ھالنى كۆرۈپ يۈرىكىم «جىغغىدە» قىلىپ قالدى.
— ئېيتىڭە، رىسالەت، بۇ پۇللارنى تۆمۈر يۈەنجاڭ ئالغانمۇ؟ — سورىدى گۇرۇپپا باشلىقى. مەن رىسالەتكە تىكىلدىم. مەن ئۇنىڭ «مەن بۇنداق ئىمزانى قويمىغان» دېيىشىنى قانچىلىك ئارزۇ قىلمەن ـ ھە! بىراق، ئۇ باش كۆتۈرمەي بوش ئاۋازدا دېدى:
— ئالغان.
ئۇ شۇنچە بوش ئاۋازدا دېگەن بولسىمۇ، قۇلاق تۈۋىمدە بومبا پارتلىغاندەك بولدى.
— سىز نەق مەيداندا بارمۇ؟
— بار، شۇڭا ئىمزا قويغان.
بۇ جاۋابتىن ئەقىل ـ ھوشۇمنى يوقىتتىم. ئۇلار نېمە دېدى، يەنە نېمىلەرنى دەلىللىدى، ھېچنېمىنى ئۇقمايمەن. ئېسىمگە كەلسەم، ئىشخانىدا ھاڭۋېقىپ ئولتۇرۇپتىمەن.
تۆمۈر دوختۇر ئالدىراپ تاماكا تۇتاشتۇردى ۋە تەشنالىق بىلەن شوراشقا باشلىدى. قاھار ئىشنىڭ ئاخىرىنى بىلىشكە تەقەززا بولۇپ كەتتى. تۆمۈر دوختۇر ئۆزىنى تىڭشاپ خېلىغىچە تاماكا چېكىپ ئولتۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلدى:
— شۇنداق قىلىپ رىسالەت بەرگەن گۇۋاھلىق سۆزى بىلەن مەن خىيانەتچى بولۇپ قالدىم. ئۇستۇمدىن چىقىرىلغان قاراردا دېيىلىشىچە، ھۆججەت يازغىنىم ئۇچۇن قىلمىشىم خېلىلا يېنىك ئىكەن. شۇنداق قىلىپ كەچچىلىككە ئېرىشىپ، ئۇ پۇلنى

تۆلەيدىغان، ئەمىلىمدىن قالدۇرۇلىدىغان بولدۇم. سەن بىلمەيسەن، ئۇكام، بىز خېلىلا ھاللىق ئائىلە. بۇنى كېيىن دەپ بېرىمەن. شۇڭا پۇلنى دەرھاللا تۆلىۋەتتىم. بۇ پۇل باشتا دېگەندەك بىنا سېلىشقا تەييارلانغان پۇلنىڭ يېرىمى ئىدى. شۇ كۈنلەردە بىنا سېلىنىدىغان يەرنىڭ يەر خېتىنى ئېلىش ئۈچۈن يول مېڭىۋاتاتتىم. شۇڭا مېنىڭ بۇ ئىشىمنى كىشىلەر بىلىپ كەتكەندى. شۇنىڭ بىلەن بېشىمغا كەلگەن كەلگۈلۈك بەزىلەرگە بولۇپ بەردى.

— شۇنداقراق بىر ئويۇن بولمىسا، بىنا سېلىش ئوينىشىدىغان ئىشمۇ؟

— تازا يىغىپتىكەن - دە!

— بوپتۇ، دوختۇرخانىغا پۇل يىغىپ بېرىپتۇ. بولمىسا، ئۇششاق - چۈششەك يەرلەرگە خەجلىنىپ تۈگەيتتى.

— قارىقويۇق يەۋەرگەن بىلەن گالدا تۇرۇپ قالىدىغان گەپ ئاشۇنداق.

— توۋا، كاتتا دوختۇر دەپ يۈرسەك...

جەمئىيەتتە ئېقىپ يۈرگەن گەپلەر كۆپ ئىدى. بۇلارغا لېۋىمنى چىشلەپ غەيرەت قىلدىم. ئەمما، رىسالەتنىڭ ئالدى - ئارقىغا قارىماي، ھېچكىمنىڭ گېپىنى يېمەي مەندىن ئاجرىششى ماڭا بەك ئەلەم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن كاللامغا ئىككى سوئال شىنىدەك مىخلاندى: بۇ ھۆججەتنى كىم تەييارلىدى؟ رىسالەت نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلىدۇ؟ بۇلار ماڭا قاپقاراڭغۇ ئىدى... ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇزۇن ئۆتمەي جەمئىيەتتە «دوختۇرخانىنىڭ بوغالتىرى رىشىت بىلەن رىسالەتنىڭ مۇناسىۋىتى بار ئىكەن» دېگەن گەپ پۇر كەتتى، بۇنى ئاڭلاپ بېشىمدا چاقماق چاقتى، گاڭگىراپلا قالدىم. تۇرۇپ جاھاننىڭ قىزىقچىلىقىغا كۈلگۈم كەلدى، ئاچچىق كۈلدۈم. ئۆزۈڭ كۆرۈۋاتىسەن، ئۇكام، مەن گەۋدىلىك، كېلىشكەن ئادەم تۇرسام، يەنە كېلىپ كەسىپداشلىرىم ھەۋەس قىلغۇدەك دوختۇر تۇرسام... رىسالەت يۈرتىنىڭمۇ تايىنى يوق، ئەتىدىن - كەچكىچە پۇشۇلداپ يۈرىدىغان رىشىتنىڭ نەرىنىمۇ ياقتۇرۇپ

قالغاندۇ؟ ئىلگىرى ناھىيىلىك سۇ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئەھەت «پۇچۇق» مالىيە ئىدارىسىدە ئىشلەيدىغان، سۇمبۇل چاچلىرى بىلەن ئايالى ئارىسىدا ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان ئايالىنى قويۇۋېتىپ، خىزمەت ئورنى يوق، يۈزىنى دانىخورەك بېسىپ كەتكەن بىرىنى خوتۇنلۇققا ئېلىۋىدى، ياقىمىزنى چىشلەپ قالغاندۇق. ئادەم بۇزۇلغاندا ھېسسىياتى بىلەن ئەقلىمۇ تەڭ بۇزۇلۇپ، پوقنىمۇ ھۇزۇرلىنىپ يەيدىغان بولۇپ قالىدىغان ئوخشايدۇ. مانا، رىسالەتمۇ... تووۋا، تووۋا...

نومۇستىن ئۆرتەندىم، بېشىمنى كۆتۈرەلمەي قالدىم.

مەن شۇنچە سورۇشتۇرۇپمۇ بۇ ئىشلارنىڭ سىرىنى بىلەلمىدىم. «نېمىلا بولسام بىلىپ باقاي» دەپ رىسالەت بىلەن سۆزلىشىشكە شۇنچە ئۇرۇنساممۇ، ئۇ مەن بىلەن كۆرۈشۈشكە ئۇنىماي تۇرۇۋالدى. لېكىن، ئۇكام، ئەقىلسىزلىقىمغا نېمە دېگۈلۈك؟ ئۆزۈمنى كەچۈرەلمەيمەن. بالا ماڭا قالغانىدى. مەن شۇ ئىشلار بىلەن خۇدۇمنى يوقىتىپ، ساراڭدەك ھاڭۋېقىپ يۈرۈپ، ئوغلۇمنى يادىمدىن چىقىرىپ قويۇپتىمەن، ئۇنىڭ بىلەن كارىم بولماپتۇ. بىچارە بالام نومۇسسىز گەپ ــ سۆز، خورلۇق ئازابلىرىنى كۆتۈرەلمەي، ئىككىلىك خەتمۇ قالدۇرماي، چاشقان دورىسى يەپ ئۆلۈۋالسا بولىدۇ، ئۇنىڭ كۆپۈك قايناپ تۇرغان ئوماق جاۋغىيى ھازىرمۇ كۆز ئالدىمدا تۇرۇپتۇ.

تۆمۈر دوختۇر غال ــ غال تىترىگىنىچە قولىدىكى تاماكىنىڭ چوغىنى يىمىردى. قاھارمۇ بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى.

ــ بىز چوڭلارنىڭ جازاسىنى بىر سەبىي تارتتى. ئۇ بەختىيارلىق ئىچىدە چوڭ بولغان بالا ئىدى. ئاچلىقنىڭ، كىيىمى يوقلۇقنىڭ، كىيىمى يىلىڭلىقنىڭ، پۇلسىزلىقنىڭ تەمىنى تېتىپ باقمىغانىدى. ئەمما، بىچارە بالام ئۆلۈمنىڭ تەمىنى بىمەزگىل تېتىدى. ئاپىسى دېگەن نىجىس ئۆزىنى يوشۇرۇپ يۈرگەندە، مەن ئەقىلسىز، ھاڭۋاقتى ئۇسەك گەپلەرنىڭ كەينىدىن ئىشەكتەك چېپىپ يۈرگەندە، بىچارە بالامنىڭ يۈرىكى ئۇششۇپ، غورۇرى سۇنۇپ، سەبىي دۇنياسى گۇمران بوپتۇ ئەمەسمۇ...ئاھ، خۇدا...

ئىككىسى ئۇنسىز ياش تۆكۈشۈپ ئولتۇرۇپ قېلىشتى. تۆمۈر دوختۇر يەنە تاماكا تۇتاشتۇردى.

— مەن بۇ دەردلەرگە چىدىماي، رۇخسەت سوراپ مەھەللەمگە — دىغار كەنتىگە كەتتىم. ئاتام، ئاپام، ئىككى ئاكام بۇرۇنلا ئۆلۈپ كەتكەن بولغاچقا، ئۇ يەردە نەۋرە تۇغقانلارلا بار ئىدى. ئۇلارنىڭ بەرگەن تەسەللىلىرى ماڭا كار قىلسۇنمۇ؟ ئۇلار شۇنچىكى كۆيۈنۈپ تەسەللى بېرىدۇ، مەن يالغاندىن بېشىمنى لىڭشىتىپ ئولتۇرىمەن، ئەمما يۈرىكىم چاك ـ چاك يېرىلىدۇ، ئىچىم پىغانغا توشىدۇ. كىچىككىنە بوستانلىقتىن باشقا ئەتراپىنىڭ ھەممىسى قۇملۇق، مەن ئامال بار تۇغقانلاردىن قېچىپ شۇ قۇملۇققا چىقىپ سائەت ـ سائەتلەپ ياتىمەن. تۈگىمەس خىيال مېنى ئازابلايدۇ، قۇۋۋىتىمنى خورىتىدۇ. ئويلايمەن، ئويلايمەن، بۇ ئىشلارنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولۇپ كەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى ئويلايمەن، ئىزدەيمەن. بىراق، ھېچبىر يىپ ئۇچى شۇنچىكى خىياللىرىمنىڭ بىرسىگىمۇ ئىلىنىشىپ چىقمايدۇ. نېمە ئۈچۈن؟ زادى نېمە ئۈچۈن؟

ئەنە شۇنداق ئېغىر ھالدا خىيالغا يەم بولۇپ، قۇمدا ئېغىناپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بوۋام بىلەن بىر نەۋرە چوڭ ئانىمىز مېنى ئۆيىگە چاقىرتىپتۇ. بارارغا پەقەت رايىم يوق، لېكىن بارماي دېسەم جەمەتىمىز ئىچىدە تەۋەررۈك بولۇپ قالغان ئادەم. ئاخىر بوينۇمدىن باغلىغاندەك بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە باردىم. يېشى توقساندىن ئاشقان بولسىمۇ، شۇنچە تىمەن تۇرغان بۇ مومايى كىشىنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرەتتى. مومايىنى كۆرۈپ كۆڭلۈم تەسكىن تاپقاندەك بولدى. چۈنكى مومايىنىڭ نۇرلۇق چېھرىنى كۆرۈش بىلەن «بۇ موماي نۇرغۇن ئىسسىق ـ سوغۇقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ يەنە ياشاپ كېلىۋاتىدۇ. ھايات بىر بولسا مانا مۇشۇنداق ئۇزۇن، قانداق ياشاش ئەركى ئۆز قولۇڭدا» دېگەنلەر خىيالىمدىن كەچتى. شۇنىڭ بىلەن مەن سەۋرچان بولۇش قارارىغا كەلدىم. ئەمما بۇ موماي مەن ئويلىغاندەك ۋەز ـ نەسىھەتلەر بىلەن كوتۇلداپ كەتمىدى. ۋەھالەنكى، تۇنجى ئېغىز گېپى بىلەنلا مېنىڭ ئوي ـ پىكىرلىرىمنى جانلاندۇرىۋەتتى.

— ساڭا كىمنىڭ دۈشمەنلىك قىلغانلىقىنى بىلەمسەن؟ — دېدى موماي ناھايىتى تەمكىنلىك بىلەن. مەن بىر نەرسىنى تۇيۇپ سەگەكلەشتىم.

— ساڭا، ئاشۇ رىشىت بەتنىيەتلىك قىلدى.

مومايىنىڭ كەسكىن سۆزى ماڭا كۈچلۈك تەسىر قىلدى. مومايىنىڭ ئەقىل ـ ھوشى ناھايىتى جايىدا ئىكەن. مەن سەۋەبىنى سوراپ بولغۇچە گەپنىڭ ئۇچۇقىنى قىلىۋەتتى:

— سىلەر ئۇقمايسىلەر، رىشىتلارنىڭ جەمەتى بىلەن بىزنىڭ جەمەت ئوتتۇرىسىدا ئاتام زاماندىن قېپقالغان ئۆچ ـ ئاداۋەت بار. بۇنى سەن دوختۇرخانىغا دوختۇر بولغىلى كەلگەندىلا دەپ قويايمىكىن، دېگەنىدىم. لېكىن قاراپ بېقىپ ئۇزۇن يىللار بولۇپ كەتكەن ئىشلار بولغاندىكىن ھەر ئىككى تەرەپنىڭ بالىلىرى ئۇقماس، شۇنداق بولسا، كونا ئاداۋەت ئۇرۇقىنى قايتا تېرىپ يۈرمەي دەپتىمەن. پەممىچە، رىشىت شۇ سەۋەبتىن بەتنىيەتلىك قىلدى.

مەن تاقەتسىزلەندىم:

— قانداق ئاداۋەت؟

— مەن ساڭا دەپ بېرەي. لېكىن راست ـ يالغىنىنى ئۆزۈڭ ئايرىۋالارسەن. «ياپونلار ئەل بوپتۇ» دېگەن گەپ چىققان يىللىرى رىشىتلارنىڭ جەمەتىدىن بىر قىزنى بىز تەرەپتىكى بىر يىگىتكە ئېلىپ بەردۇق. ئەمما توي ئاخشىمى قىز «ساڭا تەگكۈم يوق ئىدى» دېگەنلىكى ئۈچۈن ئەتىسى تالاق قىلىۋېتىلدى. ئۇلار بۇ ئىشنى جەمەتىمىزنىڭ ئابرۇيىنى چۈشۈرۈۋەتتى، دەپ ئادەم باشلاپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى جەمەت ئارىسىدا قاتتىق جېدەل ـ ماجىرا چىقىپ ئادا ـ جۇدا بولۇشتۇق. نەتىجىدە، ئۇلارنىڭ جەمەتىدىكى ئاقساقاللار ھامىنى بىر كۈنى قىساس ئېلىشنى بالىلىرىغا ۋەسىيەت قىلىپ، جامائەت ئالدىدا جاكارلىغانىدى. مېنىڭ پەممىچە، بولغان ئىش شۇ. ئەمما بالام، ئايالىڭ نېمىدەپ بۇ نىجاسەتكە مىلىشىپ يۈرىدۇ، بۇنى بىلمىدىم.

بۇنىڭ بىلەن ھەر ھالدا كاللامدىكى تۇمانلار تارقىغاندەك

بولدى. دەرھال كارىزكۆلگە قايتىپ، ئاستىرتتىن رىشتىنىڭ يېقىن ئاغىنىلىرىدىن تىڭ ـ تىڭلاشقا باشلىدىم. شۇ كۈنلەرنىڭ بىر كېچىسى يېزىلىق مەدەنىيەت پونكىتىدا ئىشلەيدىغان، ئانچە ـ مۇنچە خەۋەر يېزىپ يۈرىدىغان ياش بىر يىگىت مېنى ئىزدەپ كېلىپ قالدى. مۇشۇ ئىش يۈز بېرىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ جىنسىي ئاجىزلىق كېسىلىنى داۋالاپ خېلى بىر يەرگە ئاپىرىپ قويغانىدىم، مۇشۇ ئىشلار سەۋەبلىك داۋالاشمۇ توختاپ قالغانىدى. مەن ئۇنى شۇ ئىش بىلەن كەلگەن ئوخشايدۇ، دەپ يولغا سالماقچى بولدۇم. بىراق ئۇ ماڭا مۇناسىۋەتلىك ئىش بىلەن كەپتۇ:

— سىز بولغان ئىشلارنى بەك ئىچىڭىزگە ئېلىپ كەتتىڭىز. مەن باشتىلا سىزگە دەي دېگەن، لېكىن ئۆزىڭىزنى ئوڭشىۋېلىشىڭىزنى كۈتتۈم. مەن سىزدىن كۆپ مىننەتدار، شۇڭا مەنمۇ سىزگە جاۋاب قايتۇرمىسام بولماس. بىر كۈنى مەست بولۇپ قالغان رىشىت مېنى تۇتۇۋالدى. سىز مېنى ھاراقتىن قاتتىق پەرھىز قىلىشىمنى تاپىلىغان بولغاچقا، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشقا تىرىشتىم. لېكىن قارىسام ئۇ سىزنىڭ يامان گېپىڭىزنى قىلغىلى تۇردى. شۇنىڭ بىلەن سەگەكلىشىپ، «بىر رومكا ھاراقتا ھېچنېمە بولماس» دەپ ھارىقىدىن بىر رومكا ئىچىشىپ بېرىپ گېپىنى تىڭشىدىم. ئۇ بۇرۇن جەمەتىڭىزلەر بىلەن بولغان ئۆچ ـ ئاداۋەتنىڭ جەريانىنى سۆزلىدى. بۇنى سىزمۇ ئاڭلىغانسىز؟

— ئاڭلىغان.

— ئۇ شۇلارنى يېزىپ قويۇشۇمنى، يېقىندا ئۇ ئىشنىڭ نەتىجىسى چىقىدىغانلىقىنى، شۇنىڭدا بۇنىڭ ناھايىتى ياخشى بىر ئەسەر بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ گېپىگە زەن سالسام، ئايالىڭىزنىڭمۇ گېپى بار. بىراق مەن ھەرقانچە بولۇپ كەتسىمۇ، رىسالەت ھەددىمنى ئەقلى بىلەن ئىش قىلىدۇ، دەپ ئانچە ئېرەنشىپ كەتمەپتىمەن. ئەمدى قارىسام... دوختۇر، شۇ گەپلەرنى سىزگە ۋاقتىدا يەتكۈزمىگىنىمنى كەچۈرۈڭ.

— ساڭا كۆپ رەھمەت. بۇ ئىشتا سېنىڭدە ئەيىب يوق.

ئۇ كەتتى. كۆڭلۈمدىكى تۇمانلارنى خېلىلا تارقىتىۋېتىپ

كەتتى. مەن رىشتتىنىڭ بىزدىن ئۈچ ئالغانلىقىغا رەسمىي ئىشەندىم ۋە ئۇنىڭدىن يىرگەندىم. نى زامانلاردىكى ئۈچ - ئاداۋەتلەرنى مۇشۇ كەمگىچە سۆرەپ كېلىپ، بىۋاستە مۇناسىۋىتى بولمىغان بىگۇناھ كىشىلەرنى دەرد ـ ئەلەمگە مۇپتىلا قىلىپ، گۇناھسىز بىر پاك سەبىينىڭ بېشىغا چىققان بولسا... لەنەت سىلەرگە! ئۇنداقتا، رىسالەت دېگەن قانجۇقچۇ؟

مەن تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ ئەھۋال ئۇقۇشتۇم. ئاڭغىچە بەزى ئىشلار ئۆزىدىن مەلۇم بولغىلى تۇردى. بۇ ۋاپاسىز ئادەملەر دەستىدە قايىسى سىر سىر پېتى قالالىغان؟ ئاخىر ھەممە ئىشنى ئۇقتۇم. جەمەتىنىڭ ئۈچىنى ئېلىش ئۇچۇن رىشىت ئۇزۇندىن بۇيان پۇرسەت كۈتۈپ كەپتۇ. ئاخىر مەن بېيجىڭغا كەتكەن ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ رىسالەتكە يېقىنچىلىق قىپتۇ، ئۇنىڭغا كۆيۈنۈپتۇ. يا رىسالەتنىڭ ئەقىدىسى ئەزەلدىنلا پۇچەكمۇ، يا مەن ئۇزۇندىن خىزمەت بىلەن بولۇپ كېتىپ ئۇنىڭغا يېتەرلىك كۆيۈنەلمىدىممۇ ۋە ياكى بېيجىڭغا بىر كەتكەنچە شۇنچە ئۇزاق تۇرۇۋالغىنىمنىڭ تەسىرى بولدىمۇ، رىسالەت ئاخىر رىشىتقا بۇزۇلۇپتۇ. خېلى بۇرۇنلا ئايالى بىلەن ئاجرىشىپ كەتكەن رىشىت رىسالەت خالىسا، ئۇنى ئەمرىگە ئالماقچىمۇ بوپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ياسىن «ئۇرىيە» ــ سابىق قېيناتام ئوغۇت سودىسىدا ئېغىر زىيان تارتىپ، رىشىتقا ئەللىك مىڭ يۈەن قەرز بولۇپ قالغانىكەن. ئەگەر رىسالەت خالىسا رىشىت ئۇ پۇلنىمۇ سورۇشتۇرمەيدىغان بوپتۇ. بۇ گەپ ياسىن «ئۇرىيە»گە خۇشياققانمۇ، قىزىنىڭ مەسلىھەتى قوشۇلغانمۇ، ئىشقىلىپ ياسىن «ئۇرىيە» قىزىنىڭ ئىشلىرىغا ئارتۇقچە بىر نېمە دېمەپتۇ. ئاقىۋەت ئائىلىمىز نابۇت بولدى. مەن بىلدىم: رىشىت ئەقىل كۆرسەتكەن، ھۆججەتنىمۇ ئۇ يازغان، رىسالەت شەخسىي تامغامنى باسقان، تېگىگە ئىمزاسىنى قويغان. بۇنداق قىلماق ئۇلارغا نەقەدەر ئاسان - ھە! بۇ ھەقىقەتلىكى قۇياشتەك روشەن بولغان ئىش بولسىمۇ، ئەمما پەقەت مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇم بولغاچقا، ئېنىق ئادەم، ماددىي پاكىت بولمىغاچقا، ئاچچىق يۇتۇپ قالدىم، خالاس. شۇنىڭ بىلەن

خىزمەتتىن، خىزمەتداشلاردىن، مەھەللىدىكى كىشىلەردىن رايىم ياندى. بىنانىڭ ئىشىنىمۇ تاشلىدىم. شۇ كۈنلەردە مەھەللىدە ئۆزۈمچىلىك قىلىدىغان بىرى مەن بىلەن شېرىكلىشىپ سودا قىلىدىغان ئىشنى مەسلىھەت قىلىپ كەپتۇ. «ئۆزۈمنى نەگە ئاپىرىپ ساتىمىز؟» دېسەم، ئىچكىرىنىڭ گېپىنى قىلدى. «بۇ يەردە دەرد يۇتۇپ يۈرگەندىن پۇل تاپقاچ يۇرت كۆرەي» دېدىم.

شۇنىڭ بىلەن نەق - نېسى قىلىپ يۈز توننىدەك ئۆزۈمنى شىئەنگە ئەكەلدۇق. كېلىپلا تونۇشۇمنىڭ سودا ئالاقىسى بار بىر خەنزۇ سودىگەر بىلەن ئالاقىلاشتۇق. ئۇنىڭ بىلەن سودا قىلىشقان بولساق، يەتمىش مىڭ كويدەك پايدا بولاتتى. مەيلى دەپ تۇرساق لاۋبەي دېگەن تۇڭگان بىر يۈز ئوتتۇز مىڭ كوي پايدىسىغا سوراپ كېلىپ قالدى. خۇشاللىقتا بېرىۋېتىپتۇق. ئۇ تۇڭگان ياتاقنى ۋە تاماقنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بەردى. بىز تۇرۇۋاتقان بۇ يەر بىر ئاشخانا، ئاشخانا شۇ تۇڭگاننىڭ، ۋېۋىسكىسىغىمۇ «لاۋبەيجيا ئاشخانىسى» دەپ يېزىلغان. چوڭ ئاشخانىسى بار بولغاندىكىن، دەپ خاتىرجەم بولۇپ، بىكىرىغا ياتاقتا يېتىپ، ئۈچ ۋاخلىق خالىغانچە تاماق يەپ، چىن شىخۇاڭ قەبرىلىرىدە، شىئەن ۋەقەسىدە جياڭ جېشى قۇيرۇقىنى خادا قىلىپ قاچقان خۇاچىڭ ئارىشاڭلىرىدا سەيلە قىلىپ يۈرۈپتىمىز. بىر ھەپتە ئۆتۈپ بارساق «بىرىگە ئون بەش كۈنلۈك مۆھلەت بىلەن سېتىۋەتتىم» دەپ ئولتۇرىدۇ. بوپتۇ دەپ ئاشخانىسىنىڭ ئايرىمخانىسىدا يەپ - ئىچىپ يۈردۇق. ئارىدىن ئون كۈندەك ئۆتكەندە، داڭلىق ساياھەت ئورنى بولغان خۇاشەن تېغىغا بېرىپ بىر ئاخشام قونۇپ كەلمەكچى بولدۇق. پىلانىمىزدا، كېچىسى تاغ چوققىسىغا چىقىپ قۇياشنىڭ كۆتۈرۈلۈشىنى كۆرمەكچى ئىدۇق، بۇ يەرگە ساياھەتكە كېلىشتىكى ئاساسلىق مەقسەتمۇ شۇ ئىكەن. قولىمىزدىكى خۇاشەن تېغىنىڭ ھەيۋەتلىك، گۈزەل مەنزىرىلىرى چۈشۈرۈلگەن، ئادەمنىڭ كۆزلىرىنى ئالا - چەكمەن قىلىدىغان رەڭلىك تەشۋىقات ۋەرەقلىرىگە قاراپ ھاياجانلىنىپتۇق. لېكىن شۇ كۈنى كەچقۇرۇنلا خۇاشەن تېغىدىن قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدۇق. چۈنكى، كۈن ئولتۇرارغا يېقىن

شۇ يەردىكى بىر خۇيزۇ ئاشخانىسىغا كىرگەنىدۇق، بىراق يېگەن تاماق پەقەت تېتىمىدى. ياتاقتا قايتىپ چىقىپ پەقەت خاتىرجەم بولالمىدىم. ئىچىمنى مۇشۇك تاتىلىغاندەك بولۇپ، تىتىلداپ كەتتىم. بىرنەرسىگە كۆڭلۈم تارتىپلا تۇراتتى. كىرىمەن - چىقىمەن، ھەمراھىم بولسا توختىماي تاماكا چېكىدۇ، ھېلىدىن - ھېلىغا «ئۇھ» تارتىپ مەيدىسىنى تاتىلايدۇ.

— بىر نەرسە يېگۈم كېلىپ بولالمايۋاتىمەن، — دېدىم ئاخىر بولماي.

— مەنمۇ شۇ، ئىچىم قىمىلداپ كېتىۋاتىدۇ. تاماكا خۇمارىمىكىن دېسەم، ئۇمۇ ئەمەسكەن. نېمە بولۇۋاتقاندىمەن؟

شۇ ھامان «لاۋبەيجيا ئاشخانىسى»دىن گۇمانلاندىم.

— مېنىڭچە، — دېدىم بىر شۇملۇقتىن شۇبھىلىنىپ، — بىز دەرھال شىئەن شەھىرىگە قايتىپ، لاۋبەي تۇڭگاننىڭ ئاشخانىسىدا تاماق يەيلى.

— نېمىشقا؟

— تاماق يەپ بولۇپ دەپ بېرەي. بۇ يەردە بەربىر ئۇخلىيالمايمىز. تاغقا چىقىشىمىزمۇ مۇمكىن ئەمەس.

شۇنىڭ بىلەن بىز دەرھال بىر ماشىنىنى كىرا قىلىپ قايتتۇق. بىزگە تونۇش بولۇپ كەتكەن ئاشپەز — خوجايىنىنىڭ ئىنىسى نېمىشقا قايتىپ كەلگەنلىكىمىزنى سوراپمۇ قويماي، سىرلىق كۈلۈپ قويۇپ تاماققا تۇتۇش قىلدى. بۇنىڭ بىلەن كۆڭلۈمدىكى گۇمان تېخىمۇ كۈچەيدى. بىر چاغدا ئۇ تاماقنى ئېلىپ چىقتى. ھەمراھىم تاماققا ئۆزىنى ئاتتى. مېنىڭمۇ نەپسىم شۇنچىكى تاقىلداپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن تاماقنىڭ تەمىنى تېتىپ يېيىشكە تىرىشتىم. تاماق بىزگە شۇنداق تېتىپ كەتتى، يېگەنچە ھۇزۇرلاندۇق، بەدىنىمىزدىكى بايىقى بىئارامچىلىقلارمۇ يوقىدى... ئەبلەخ!!

تۆمۈر دوختۇرنىڭ مۇشتلىرى تۈگۈلدى، غەزەپتىن كۆزلىرى چەكچەيدى، ئاندىن جىممىدە بولۇپ كەتتى. قاھارمۇ «ئۆزىنى بىسىۋالسۇن» دەپ ئارتۇق سۆز قىستۇرماي ئولتۇردى. بىر چاغدا

تۆمۈر دوختۇر چىپىلداپ تەرلەشكە باشلىدى. ئارقىدىن ئۇ قاتتىق بىئارام بولۇپ مەيدىسىنى تاتىلاپ قىزارتىۋەتتى.

— ئۇكام، ھازىر مەن نېمە بولۇپ كەتسەم مەيلى، توسۇما، مېنى تۇتما. گېپىمنى ئېسىڭدە تۇت. بولمىسا قاتتىق رەنجىپ قالىمەن. ئۆزۈڭمۇ پۇشايمان قىلىپ قالىسەن.

تۆمۈر دوختۇر شۇ سۆزلەرنى قىلىپ بولغۇچە كۆز قارىچۇقلىرى چوڭلاپ، قاتتىق ئەسنەشكە، زۇكام بولۇپ قالغان ئادەملەردەك بۇرنىدىن سۇ ئېقىشقا باشلىدى. قاھار تۆمۈر دوختۇردىكى بۇ تۇيۇقسىز ئۆزگىرىشكە ھەيران قالدى، چۆچىدى. چاقچاقمۇ ـ يە؟ دەپمۇ ئويلاپ قالدى.

بىر چاغدا تۆمۈر دوختۇر ئېغىر ھاسىراپ، لېۋىنى چىشلىدى، بېشىغا مۇشتلاشقا باشلىدى. ئاندىن خۇددى بەدىنىدىكى مەلۇم نەرسىنى چوقۇم ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولغاندەك، بېشى بىلەن تامغا ئۇسكىلى، دۈمبىسىنى گۈپۈلدىتىپ تامغا ئۇرغىلى تۇردى. شۇ تاپتا تۆمۈر دوختۇر قاتتىق ئەسەبىيلەشكەنىدى. بۇنىڭغا قاراپ قاھار قورقۇپ كەتتى. ئۇ بېرىپ تۆمۈر دوختۇرنى تۇتۇۋالماقچى بولدى ـ يۇ، ئۇنىڭ بايىقى تاپىلىشىنى ئويلاپ بولدى قىلدى. ئىچىدىكى قىينىغۇچى كۈچتىن قۇتۇلالمايۋاتقاندەك ھالغا دۇچار بولغان تۆمۈر دوختۇر ئەمدى يەردە دومىلاشقا، قوللىرىنى چىشلەشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ساراڭلاردەك بۇ تۇرقىنى كۆرگەن قاھار قورققىنىدىن ئىشىك تۈۋىگە بېرىۋالدى. ئۆزىنى يەرگە ئۇرۇپ، دومىلاپ، قوللىرىنى چىشلەپ ھارغان تۆمۈر دوختۇر يۈزىنى يەرگە چاپلاپ، كاسىسىنى ئېگىز قىلىپ «نىجىس! جالاپنىڭ بالىسى!...» دەپ ۋارقىراشقا باشلىدى.

بۇنى كۆرۈپ تاقەت قىلالمىغان قاھار ئىشىكنى ئۇرۇپ ۋارقىراشقا باشلىدى:

— ئىشىكنى ئېچىڭلار! ئىشىكنى ئېچىڭلار!

بېشىغا پاقىدە تەگكەن يېرىملاشقان مىنېرال سۇ بوتۇلكىسىدىن چۆچۈگەن قاھار، بۇ «ئاگاھلاندۇرۇش»نىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ دەرھال تۆمۈر دوختۇرنىڭ قېشىغا باردى.

ئەسەبىيلىكى چىكىگە يەتكەن تۆمۈر دوختۇر بىر چاغدا يىرتىلىپ مازلىرى كۆرۈنۈپ قالغان ياستۇقنى بىر چەتكە چۆرۈۋەتتى ۋە ياستۇقنىڭ ئاستىدىن بىر سۇلياۋ خالتىنى ئېلىپ ئالدىغا تاشلىدى. خالتىدا پال - پۇل قەغەز، شىپىرىس، كىچىك بولاق، رېزىنكە بوغقۇچ، بىرتىۋا، قوشۇق قاتارلىق نەرسىلەر بار ئىدى. تۆمۈر دوختۇر بىر شىپىرىس ۋە كىچىك بىر بولاقچىنى ئالدى. ئاندىن مىنېرال سۇ بوتۇلكىسىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، بوتۇلكىنىڭ ئېغىزىغا تۇشقۇدەك قىلىپ سۇ قۇيدى. ئاندىن بولاقچىنى ئېچىپ ئىچىدىكى ئاق نەرسىنى بوتۇلكىنىڭ ئېغىزىغا تۆكۈپ ئىلەشتۇردى.

قاهار كۆزلىرى چەكچەيگەن هالدا ئۇ كىشىنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىغا قاراپلا قالدى. ئۇ كىشى بوتۇلكا ئېغىزىدىكى ئەبجەش سۇيۇقلۇقنى شىپىرىسقا ئىچۈردى ۋە يېڭنىنى قايرىپ، رېزىنكە بوغقۇچ بىلەن بىلىكىنى بوغۇپ جەينىكىنىڭ ئىچ تەرىپىگە ئوكۇل قىلىپ ئۇردى. ئوكۇل سۇيۇقلۇقىنىڭ تومۇرغا مېڭىشىغا ئەگىشىپ، تۆمۈر دوختۇر ئاستا - ئاستا تىنچلاندى. شىپىرىستىكى سۇيۇقلۇق تۈگىگەندىن كېيىن كۆزىنى يۇمغانچە تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى. قېنىپ - قېنىپ نەپەس ئېلىشىدىن، خۇنۇك چىرايىدىن ئېپادىلىنىپ تۇرغان رازىمەنلىكتىن ئۇنىڭ هوزۇرلىنىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. دېمىسىمۇ تۆمۈر دوختۇر شۇ تاپتا خۇشبۇي هاۋالىق باغدا لەرزان پەرۋاز قىلىۋاتقاندەك، قىپقىزىل، خۇش پۇراقلىق ئالمىنى غاراسلىتىپ يەۋاتقاندەك، گۈزەل نازىنىن بىلەن بىللە بولۇپ تازا يۇخادىن چىققاندەك هوزۇرغا چۆمۈلگەنىدى.

تۆمۈر دوختۇر شۇ هالەتتە نەچچە مىنۇت تۇرغاندىن كېيىن كۆزىنى ئاچتى، بۇ كۆزلەردىكى هاياتلىق شامى ئاجىز پىلىلداپ تۇراتتى.

— ئۇكام، مېنىڭ نېمە قىلغىنىمنى بىلدىڭمۇ؟ — تۇساتتىن سورىدى تۆمۈر دوختۇر. ئۇنىڭ ئېغىز ئاچقىنىغا قاهار خۇش بولدى.

— مەن... بىلەلمىدىم، — دېدى قاھار. تۆمۈر دوختۇر بۇنى ئاڭلاپ ناھايىتى ئېچىنىشلىق كۈلدى:

— ئىش كۆرمىگەن بالا ئىكەنلىكىڭنى بىلگەنىدىم. بىلەمسەن؟ مەن ئالۋاستىنىڭ دوستى! خىروئىننىڭ دىلكىشى!

قاھار تېخىچىلا ھاڭۋېقىپ تۇراتتى.

— خىروئىننىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسەن؟

«خىروئىن؟» بۇ مۇدھىش ئاتالغۇنى ئاڭلىغان قاھار سەسكىنىپ كەتتى. ئۇ بۇ نىجىس نەرسىنى «قەھرىمان ئۆكۈنمەيدۇ» ناملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرىدىن ۋە شياڭگاڭ، ئامېرىكىنىڭ سىنئالغۇ فىلىملىرىدىن كۆرۈپ بىلگەنىدى. قاھار دەرھال، خىروئىننى چەككۈچىلەرنىڭ غورۇرسىزلىقىنى، ئىنسانىي پەزىلەتلەرنى قانداق دەپسەندە قىلىدىغانلىقىنى، لالما ئىتتىن بەتتەر خارلىنىشقا رازى بولۇپ يۈرىدىغانلىقىنى، ھايا دېگەنلەرنى بىر ياققا قايرىۋېتىپ، ھايۋاندىن پەرقسىز ياشايدىغانلىقىنى، بىر قېتىملىق ھوزۇر ئۈچۈن قاتىللىق قىلىشتىنمۇ باش تارتمايدىغانلىقىنى يادىغا ئالدى. ئۇلارنىڭ خۇمارى تۇتقاندا، ئىنسان قېلىپىدىن چىقىپ، شەرمەندىلەرچە، نومۇسسىزلارچە قىلىقلارنى قىلغىلى تۇرسا... تۇفى، لەنەت!

تۆمۈر دوختۇرنىڭ بايىقى ئاھ - پەرياد ئۇرۇشلىرى كىنولاردىكى ئاشۇ كۆرۈنۈشلەرنىڭ نەق ئۆزىغۇ!

قاھارنىڭ ھېسسىياتىنى بىلىپ يەتكەن تۆمۈر دوختۇر:

— ئۇكام قاھار، مېنىڭدىن نەپرەتلەنمە، مەن ئۆزۈمگە تولا نەپرەتلىنىپ، لەنەت ئوقۇپ، نەپرەتلىنىدىغان يېرىممۇ قالمىدى... سۆزۈمنىڭ داۋامىنى ئاڭلا، — دېدى.

قاھار باشتا ئۆزى شۇنداق ھەۋەسلەنگەن، كېيىنكى كەچۈرمىشلىرىدىن ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلغان بۇ كىشىگە ئەمدى نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى.

— گېپىمنى ئۇلاي، بىز كېچىدە خۇاشەن تېغىدىن قايتىپ كېلىپ لاۋبەيجيا ئاشخانىسىدا تاماق يېگەندىن كېيىن ئارام تېپىپ قالدۇق. شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ گۇمانىم يېشىلدى. دورىگەرلىكتە

شۇنچە يىل ئوقۇغان مېنىڭدەك بىر دوختۇر بۇنى بىلمىسەم قانداق بولىدۇ. ئۇلار بىزنىڭ تامىقىمىزغا خىروئىن ئارىلاشتۇرغان گەپ. شۇنىڭ بىلەن ھەمراھىمنى بۇ ئىشتىن خەۋەردار قىلىپ، غەزىپىمىزنى باسالماي لاۋبەنىنىڭ ئىنىسىنىڭ ياقىسىدىن ئالدۇق.

— بىزگە نېمىشقا دۈشمەنلىك قىلىسەن؟

— مەن نېمە قىلدىم؟ سىلەرگە ياخشى تاماقلارنى ئېتىپ بەردىم شۇ.

— نېمىشقا تاماققا خىروئىن ئارىلاشتۇرىسەن؟

— نېمە ئۇ خىروئىن دېگەن؟ مەن ئۇنداق نېمىنى كۆرمىدىم.

— ماڭ، ئاكاڭنى چاقىر.

غەزەپتىن يېرىلىپ كېتەي دېگەنىدۇق.

لاۋبەي كېلىپ بولغان ئەھۋالنى ئۇقتى ۋە دەررۇ چىرايىنى تۈرۈپ:

— پۇلۇڭلارنىڭ ۋاقتى ئازراق كەينىگە سۈرۈلگەنگە بىزگە ئۇنداق تۆھمەت چاپلىساڭلار قانداق بولىدۇ؟ بولدى، پۇلۇڭلارنى ئەتە چۈشتىن كېيىن ئېلىپ يولۇڭلارغا مېڭىڭلار، — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن خۇشال ھالدا ياتاققا قايتىپ كەلدۇق.

— يوق گەپنى قىلىپ تاس قالدىڭ، پۇلنى يوق قىلغىلى، — دېدى ھەمراھىم تاپا قىلىپ.

— قانداق يوق گەپ قىپتىمەن؟

— خىروئىن دېگەننى چېكىپ خۇمار بولىدىغان تۇرسا. «يەپ» دېگەننى نەدىن تاپتىڭ؟

— بىلمىگەندىكىن گېپىمگە كىر، — دېدىم ئۇنىڭ ئورۇنسىز تالىشىۋاتقانلىقىدىن ئاچچىقىم كېلىپ، — ھازىر ھەممە نەرسە تەرەققىي قىلىپ، خىروئىن چېكىشلا بىر ئىزدا توختاپ قالغىنى يوق. خىروئىنمۇ چېكىشتىن تەرەققىي قىلىپ، ھازىر كىشىلەر ئۇنى ئىچىدىغان، يەيدىغان بولدى. ھازىر مەن ئويلاۋاتىمەن، ئەتە پۇلنى ئېلىشىمىز بىر گەپ، مۇشۇ خىروئىنغا خۇمار بولۇپ قالمىغانلا بولساق شۇنىڭغا شۈكرى.

— ئۇنداق بولمىغاندۇ؟ — ئاۋايلاپ سورىدى ھەمراھىم. ئۇمۇ

خۇاشەن تېغىدىكى ئەھۋالنى يادىغا ئالغان بولسا كېرەك، ئەمدى پەسكويغا چۈشكەندى.
— ئىشقىلىپ، شۇنداق گۇمانىم بار. ئەگەر خۇمار بولۇپ قالغان بولساق، تۈگەشكىنىمىز شۇ.
— ئاغزىڭنى ئۇشۇتمە. ھېلىمۇ ئىسپاتلانمىغان ئىشنى دەپ ئىشىمىزنى بۇزغىلى تاس قالدىڭ.
مەن ئىچىمدە: «خۇدايىم، تەلىيىمىزگە ئۇ نىجىسقا يولۇقۇپ قالمىغايمىز» دەپ تىلەپ ئارتۇق گەپ قىلمىدىم.
تاڭغا يېقىن «ئاھ» ئۇرغان ئاۋازدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم. چىراغنى يېقىپ قارىسام، ھەمراھىم كارىۋىتىدا تۈگۈلۈپ يېتىپ قاپتۇ، ياستۇقنى چىڭگىدە چىشلىۋاپتۇ.
— نېمە بولدۇڭ؟ — دەپ سورىدىم.
— تاغدىكىدەك بولۇپ، پەقەت چىدىيالمايۋاتىمەن، — دېدى ئۇ ئارانلا. بۇنى ئاڭلاپ يۈرىكىم «جىغغىدە» قىلىپ قالدى. ئاندىن ئۆزۈمنى تىڭشاپ قالدىم. ئارىدىن يېرىم سائەت ئۆتمەي مەندىمۇ تاغدىكىدەك ئەھۋال يۈز بېرىشكە باشلىدى. مەن ئاخىر قورقۇنچلۇق بىر رېئاللىقنى جەزملەشتۇردۇم: «بىز تۈگىشىپتىمىز!»
— بىز خۇمار بولۇپ قاپتىمىز، — دېدىم ئۇنىڭغا يىغلىغۇدەك بولۇپ.
— نېمە!؟ — ئۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى.
— بىز ئەمدى تۈگەشتۇق، — دېدىم گەپنى ئوچۇق قىلىپ.
— مەن ئىشەنمەيمەن، بىردەم غەيرەت قىلساق ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئەمدى ئۇ ئاشخانىدا تاماق يېمەيلى.
ئۇنىڭ ئاۋازىدىن قەتئىيلىكى چىقىپ تۇراتتى. لېكىن مەن بېشىمنى چايقىدىم. مەن بىلىمەن، بۇ ئۇنداق ئاسان غەيرەت قىلغىلى بولىدىغان، ئوڭاي قۇتۇلغىلى بولىدىغان خۇمار ئەمەس. مەن قىينىلىشقا باشلىدىم، غەيرەت قىلىشقا تىرىشتىم. ئەمما تومۇرلىرىمدا مىڭلىغان چۈمۈلىلەر مېڭىۋاتقاندەك، يۈرىكىمنى مۈشۈك تاتىلاۋاتقاندەك، تېرەمگە قىچىشقاق چىقىپ قىچىشىشى

بېسىلمايۋاتقاندەك ئازابلىنىپ كەتتىم. مەن دورىگەرلىك ساھەسىدىكى بىر تېببىي خادىم بولۇش سۈپىتىم بىلەن بۇنىڭ خۇمار ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇردۇم. ئەمما، سەن ھەرقانچە دوختۇر بولساڭمۇ بۇ ئالۋاستى ئىرادەڭنى سۇندۇرۇپ تاشلايدىكەن. مەن بەرداشلىق بېرەلمىدىم. ئاقۋەتنى بىلىپ تۇرۇپ مۇشۇ بىر قېتىم شۇ ئاشخانىدا «تاماق يېيىش»نى شۇنچىلىك خالاپ كەتتىم. ئاخىر ئورنۇمدىن تۇردۇم:

— يۈر، لاۋبەيجياغا بېرىپ باقايلى.

ھەمراھىم خۇددى شۇنىلا كۈتۈپ تۇرغاندەك ئورنىدىن چاچراپ تۇردى:

— چاققانراق بولايلى.

«ئارقاڭغا قايت! يولۇڭ خاتا، ئارقاڭغا قايت!» دېگەن بىر سادا قۇلاق تۈۋىمدە ياڭراپ تۇرسىمۇ، بايا «غەيرەت قىلمىمەن» دەپ مەيدىسىگە ئۇرغان ھەمراھىمنىڭ كەينىدىن سوكۇلداپ كېتىپ بارىمەن.

لاۋبەيجيانىڭ ئەتىگەنلىك سودىسى باشلىنىپ كەتكەنىدى.

ئاشپەز خۇمسى بىزنىڭ ھالىمىزنى كۆرۈپ «ئىشىم ئالدىراش» دەپ بىز بىلەن كارى بولمىدى. بىز بولساق بولالمىغلى تۇردۇق.

— تېز بول، بىزنىڭ تامىقىمىزنى بەر، — دەپ ئۇنىڭ ياقىسىغا ئېسىلغۇدەك بولدۇق.

— تاماقتا خىروئىن بار، — دېدى ئۇ خۇپسەنلىك بىلەن.

— بىزگە شۇنداق تاماق كېرەك، — دېدى ھەمراھىم.

— ماقۇل، ئولتۇرۇپ تۇرۇڭلار، — دېدى ئۇ بىزنى ھېلىقى ئايرىمخانىغا باشلاپ.

ئۇ چىقىپ كەتتى. «تاماق»نىڭ تەييار بولىدىغىنىنى ئاڭلاپ، ئىچىمىزدىكى غەليانلار سەل بېسىلغاندەك بولدى.

بىر چاغدا ئايرىمخانىغا لاۋ لاۋبەن كىرىپ كەلدى، ئەبلەخنىڭ چىرايىدا سىرلىق كۈلكە، ئۇ شىرەگە بىر خالتىنى قويدى. قارىساق خالتىدا بىر كىچىك قوشۇق، چاقماق، بىرنەچچە كىچىك بولاق بار ئىكەن.

— خوماردىن چىقىدىغان بولغاندىكىن، راۋۇرۇسلا چىقىڭلار، — دېدى ئۇ.

— بۇنى قانداق...، — دېدى ھەمراھىم. لاۋ لاۋبەن كىچىك بولاقتىكى ئاق نەرسىنى — خىروئىننى قوشۇققا تۆكۈپ، قوشۇقنىڭ تەكتىگە چاقماق بىلەن ئوت ياقتى.

— چاققان سۈمۈر، — دېدى ئۇ. ھەمراھىم قوشۇقتىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان سۈس ئاق ئىسنى سۈمۈرۈشكە باشلىدى.

— كۈچەپ سۈمۈر، — دېدى لاۋ لاۋبەن. ھەمراھىم شۇنداق قىلدى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى چىرايىدىن ھوزۇرلىنىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. بۇنىڭغا قاراپ مەنمۇ چىدىيالماي قالدىم...

خومارىمىز بېسىلغاندىن كېيىن لاۋ لاۋبەن بىزگە دېدى:

— تونۇگۈن مەن سىلەرگە بۈگۈن چۈشتىن كېيىن يولغا سالىمەن دېگەن. بىراق، ئۆيدىكى ھېساب تالاغا توغرا كەلمەپتۇ، دېگەندەك، مېنىڭدىن ئۇزۇمنى ئالغان ئەبلەخ بۈگۈن شاڭخەيگە كېتىپتۇ. شۇڭا يا ئۇ كەلگۈچە ساقلاڭلار، يا مەن توقسەن مىڭ يۈەندەك پۇل تەييار قىلدىم، شۇنى ئېلىپ قايتىپ تۇرۇڭلار.

بۇنى ئاڭلاپ ھەمراھىم چىچاڭشىپ كەتتى:

— شۇنچە جىق پۇلدىن...

بۇنى كۆرۈپ لاۋ لاۋبەننىڭ چىرايى تۇرۇلدى:

— ھېلىمۇ مەن لەۋزىمدە تۇرۇپ ئازراق بولسىمۇ بېرەي دەۋاتىمەن. بولمىسا، ئۇ ئەبلەختىن مەن بىر تىيىنىمۇ ئالغىنىم يوق. بايىقى ئىككى تەكلىپىمنى ئويلاپ بېقىڭلار.

ئۇ شۇنداق دەپ چىقىپ كەتتى.

— ئەستا، ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ — دېدى ھەمراھىم. مەن بايىلا ئالدانغانلىقىمىزنى تۇيۇپ نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئويلىغانىدىم. كەتسەك ئۇ ھەرگىز ئارقىمىزدىن پۇلنى ئەۋەتىپ بەرمەيدۇ، بەلكىم يەنە قانچە قېتىملار كېلىشىمىز مۇمكىن. بۇ يەرگە كېلىشتە مەن يۈز مىڭ يۈەن، ھەمراھىم ئەللىك مىڭ يۈەن چىقىرىپ، قالغان ئۇزۇمنى نېسىگە ئالغانىدۇق. ئۇ يەردە باش كۆتۈرەلمەي يۈرسەك، بولۇپمۇ مەن ئۇچۇن قەتئىي بولمايدۇ. دەرد

ئۈستىگە دەرد بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالۋاستىنىڭ چاڭگىلىغا چۈشتۇق. ئەمدى قۇتۇلمىقىمىز تەس. بەلكى مەڭگۇ قۇتۇلالماسلىقىمىز ۋە مۇشۇنىڭ بىلەن ۋەيران بولۇشىمىز مۇمكىن. خىروئىننىڭ قولىدا ۋەيران بولغانلارنى ئاڭلاپ تۇرۇۋاتىمىز. ھېلىغۇ بىرەر يۈز مىڭ كوي ئىكەن، نەچچە مىليونلاپ پۇلى بار بايلارنىڭمۇ كۆلى كۆككە سورۇلۇپ كېتىۋاتامدۇ. ئىش شۇ بىر ئادەم بىلەنلا تۈگىسە مەيلىغۇ، ئاقىۋەتتە بۇنىڭ ھالاكىتىگە پۈتۈن جەمەتنى سۆرەپ كىرىدىغان ئىش. مەن بۇنى ھەرگىزمۇ خالىمايمەن. ئۇنىڭدىن كۆرە مۇشۇ يەردە تۇرۇپ پۇلنى كۈتكىنىم، نېمىلا بولسام مۇشۇ يەردە بولغىنىم ياخشى.

شۇنىڭ بىلەن بۇ خىيالىمنى ھەمراھىمغا ئېيتتىم، ئەمما ھەمراھىم «قولغا كەلگەن پۇل ئەۋزەل» دەپ، شۇ پۇلنى ئېلىپ قايتماقچى بولدى. شۇنچە چۈشەندۈرسەممۇ ئۇ سۆزۈمگە پەقەت كىرمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ماڭا بەش مىڭ يۈەن قالدۇرۇپ، قالغان پۇلنى ئېلىپ قايتىپ تۇرىدىغان بولدى.

— ئۆزۈڭگە ئوتتۇز مىڭنى ئېلىپ قالساڭمۇ، قالغان پۇلنى كىشىلەرگە ئاز - ئازدىن بولسىمۇ تارقىتىپ ئۇلارنىڭ ئاغزىنى ئېتىپ تۇر، — دېدىم.

بىز لاۋبەنگە ئويلىغانلىرىمىزنى ئېيتتۇق. ئۇ: «ماقۇل» دېدى. مەن شەرتىمنى ئوتتۇرىغا قويدۇم:

— پۇل كەلگۈچە ياتاق، تاماق سېنىڭدىن بولىدۇ، بىخەتەرلىكىمگە مەسئۇل بولىسەن، سىرىمنى ئاشكارىلىمايسەن، ياخشى مۇئامىلىدە بولىسەن.

— ماقۇل، — دېدى ئۇ خۇشاللىق بىلەن، ئاندىن ئىچىدىكى شۇملۇقنى يوشۇرۇشقا تىرىشىپ سورىدى، — ئەگەر چەككۈڭ كېلىپ قالسا، ئۇنى قانداق قىلىمىز؟

— نەچچە پۇل ئۇ بىر نېمەڭ؟

— بىر بولىقى ئىككى يۈز ئوتتۇز يۈەن.

— نېمە؟ شۇنچە قىممەتمۇ؟

— تېخى شىنجاڭدا تۆت يۈز يۈەنگە بارىدۇ.

ئولتۇرۇپ قالدىم ۋە ھەمراھىمغا قارىدىم. ئۇ بېشىنى لىڭشىتتى.

— ئەگەر، چەككۈم كېلىپ قالسا ئۆزۈمنىڭ پۇلىغا چېكىپ تۇرارمەن،— دېدىم ئاخىر. لاۋ لاۋبەن بۇنىڭغا دەرھاللا قوشۇلدى.

— ھەر ئېھتىمالغا قارشى مەنمۇ نەچچە بولاق ئېلىۋالاي،— دېدى ھەمراھىم،— ئون بولاق ئېلىۋالاي.

لاۋ لاۋبەن يانچۇقىدىن قولىنى چىقارمايلا سانىغاندەك قىلىپ، ئاخىر ئون كىچىك بولاقنى ئېلىپ ئۇنىڭغا بەردى، ئاندىن قولىدىكى كىچىك سومكىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ ئازراق پۇلنى ساناپ ئېلىۋالدى:

— ئون بولاقنىڭ پۇلى ئىككى مىڭ ئۈچ يۈز يۈەننى ئېلىۋالدىم. توقسەن مىڭ يۈەندىن قالغىنى مانا.

ئۇ سومكىنى ھەمراھىمغا بەردى. ئىش مەن دېگەن بويىچە بولدى. ھەمراھىم مەن بىلەن خوشلاشتى. مەن سالام ئېيتقۇدەك، يوللۇق تۇتقۇدەك ئادىمىم بولمىغاچقا، ئارتۇقچە ئويلاپ ئولتۇرمىدىم. ئۇ ئىشىكتىن چىقىدىغان چاغدا لاۋ لاۋبەن ئۇنى توختىتىۋالدى:

— توختا ئاخۇن، ئۇ ئون بولاق ساڭا يەتمەيدۇ. ئۇ چاغدا قولدا پۇل بولسىلا بولمايدۇ. مەن ساڭا قولىدا مال بار بىرسىنى تونۇشتۇرۇپ قوياي.

— بولدى، مەن مۇشۇنىڭ بىلەن بۇ نىجىستىن قۇتۇلىمەن.

لاۋ لاۋبەن خىرىلداپ كۈلۈپ كەتتى ۋە بىر قەغەزنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا بەردى:

— شۇنداق بولسىمۇ، بۇنى ئېلىۋال. پىچان ناھىيىسىنىڭ دۆڭبازار خۇيزۇ يېزىسىدا بىر تونۇشۇم بار. ئالاقىلىشىش ئۇسۇلى قەغەزدە بار.

ھەمراھىم قەغەزنى خۇشياقماسلىق بىلەن ئالدى، ئەمما مەن بىلىپ تۇراتتىم. قۇتۇلىمەن دېگىنى ھەمراھىمنىڭ خام خىيالى ئىدى. گەرچە بۇ خاتا ئىش بولسىمۇ، ئەمما لاۋ لاۋبەن توغرا

قىلغانىدى. ئەگەر ھەمراھىمنىڭ ئېلىۋالغىنى تۇگمەندە — تېخىمۇ خۇمار بولغاندا چېكىدىغىنى بولمىسا، يا ئۆزىنىڭ ھاياتىنى نابۇت قىلىدۇ، يا باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلىدۇ، يا ساقچىلارنىڭ قولىغا چۈشىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن ھەمراھىم كەتتى. مەن يىگانە قالدىم.

# ئونىنچى باب

قاھار كۆز ئالدىدىكى بۇ ئەبگار ئادەمگە قاراپ تۇرۇپلا قالدى. ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇغان، بىلىمى، ئەقلى، پۇلى، ئىستىقبالى بار بىر دوختۇر خىروئىنىدىن ئىبارەت ئالۋاستى چاڭگىلىدا نابۇت بولسا... قاھارنىڭ تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى. تۆمۈر دوختۇرنىڭ گېپى راست بولسا كېرەك: سەن كاتتا دوختۇر بول، پىداكار ساقچى بول، چىدامىلىق ئەزىمەت بول، دۇنيا چېمپىيونى بول، قىزلار جېنىنى سېلىپ بېرىدىغان چولپان بول ياكى دۇنيادا ياشاۋاتقىنىڭنى ئۆزۈڭدىن باشقا ئادەم بىلمەيدىغان ئۇنتۇلغان ئاددىي بىر ئادەم بول، بۇ ئالۋاستىنىڭ قولى تېگىپ كەتتىمۇ، بولدى، تۈگەشكىنىڭ، ۋەيران بولغىنىڭ، ئادىمىيلىكتىن قالغىنىڭ شۇ! ئاھ، بۇ نېمىدېگەن قاباھەت!

شۇڭا، قاھار ئالدىراپ سورىدى:

— ئۇنىڭ خۇمارىدىن زادى قۇتۇلغىلى بولماسمۇ؟

تۆمۈر دوختۇر ئىستېھزا ئارىلاش كۈلۈپ بېشىنى چايقىدى. ئاندىن بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇۋېلىپ ئالدىرىماي سۆزلىدى:

— نۇرغۇن ئادەم تاشلىۋەتكىلى بولىدۇ، دەپ ئويلايدۇ. مۇۋاپىق شەرت ـ شارائىت، ئىلمىي داۋالاش، قەتئىي ئىرادە، پسىخىكا جەھەتتە كۈچلۈك چىدامچانلىق، باشقىلارنىڭ چۈشىنىشى ۋە قوللىشى بولسا تاشلىغىلى بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ ئالۋاستىنىڭ قولىدىن قۇتۇلغانلارمۇ خېلى بار. بىراق بەك تەس. بولۇپمۇ زەھەر تاشلىغاندىن كېيىن قايتا تېپىۋېلىش بەك ئېغىر. ئەڭ خەتەرلىكى مۇشۇ.

قاھار كۆز ئالدىدىكى بۇ رېئاللىقنى پەقەت ئېتىراپ قىلالمايۋاتاتتى. چەككۈسى كەلگەندە، چىشىنى چىشلەپ، باشقا

ئاچچىق ـ چۈچۈك يېمەكلىكلەرنى يېسە ياكى ئۆزىنى بىر ئۆيگە سولىۋالسا بولامدۇ؟

قاھار بۇ ئويىنى تۆمۈر دوختۇرغا دېۋىدى، ئۇ كەسكىنلا رەت قىلدى:

— قەتئىي بۇنداق ئويدا بولما. مۇشۇنداق ئوي بىلەن ئۆزىنى سىناپ قويۇپ ئاخىر ئۆزىنى نابۇت قىلىۋالىدىغانلارمۇ بولغان.

— خىروئىن چېكىشنى داۋالايدىغان دوختۇرخانىلار يوقمۇ؟ — سورىدى قاھار.

— بار، مەخسۇس ئاشۇنداق كىشىلەرنى داۋالايدىغان مەجبۇرىي زەھەرسىزلەندۈرۈش ئورۇنلىرى بار. خىروئىن چەككۈچىلەر ئۇ يەرنى «ئاق ساراي» دەپ ئاتايدۇ. خىروئىن چەككۈچىلەر ئۇ يەردە ئىلمىي داۋالاشنى قوبۇل قىلىدۇ. كىرگەنلەر ئاساسەن خىروئىننى تاشلايدۇ. بىراق بايا دېگىنىمدەك جەمئىيەتكە چىققاندىن كېيىن ئاسانلا قايتا تېپىۋالىدۇ.

— خىروئىن تاشلىتىدىغان دورا يوقمۇ؟

— گەرچە مېتادون، بوبرىنورفىن، فۇكاڭ تابلېتكىسى قاتارلىق زەھەر تاشلىتىدىغان دورىلار بولسىمۇ، لېكىن ھازىرقى پەن ـ تېخنىكا سەۋىيىسىدە زەھەر خۇمارىنى تېزلا يوقىتالايدىغان، ئىنتايىن بىخەتەر، ئالاھىدە ئۈنۈملۈك دورا تېخى تەتقىق قىلىپ چىقىلمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر زەھەر تاشلاتقۇزۇش ساھەسىدە يەنە مۇنداق نامۇۋاپىق ئەھۋالمۇ بار: يەنى، زەھەر تاشلاتقۇزۇش تەتقىقاتى زەھەرلىك چېكىملىك دەرىجىسىنىڭ ئۆسۈشىدىن، تۈرلىرىنىڭ كۆپىيىشىدىن كېيىن قېلىۋاتىدۇ.

بۇنى ئاڭلىغان قاھار قورقۇپ كەتتى ۋە ئىختىيارسىز سورىدى:

— خىروئىننىڭ خۇمارىدىن قۇتۇلمىسا چوقۇم ئۆلىدىكەن ـ دە؟

تۆمۈر دوختۇر قاھارغا خېلى ئۇزۇن تىكىلىپ قارىدى:

— شەرمەندە بولۇپ ئۆلىسەن. بەڭگىلەردە خىروئىن پەيدا قىلغان خۇشاللىق ھۇزۇرى ئۇزۇن داۋاملاشمايدۇ، چۈنكى ئۇ خۇشاللىق ساختا. ئادەم ئورگانىزمىدا كۈچلۈك ماسلىشىش ئىقتىدارى بولىدۇ. خىروئىننى چەككەندە، قانچە كۆپ

«ھوزورلىنىش» تۇيغۇسى پەيدا بولغىنى، ئەمەلىيەتتە نىرۋىنىڭ شۇ قەدەر ئېغىر پالەچ بولغىنى. بۇنى ئۇلار چۈشەنمەيدۇ. ئەمما ھامان بىر كۈنى ئورگانىزم زەھەرنى يەكلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئادەمنىڭ يۈرەك سوقۇشى تېزلىشىدۇ، تېرىككەك بولىدۇ، قان بېسىمى ئۆرلەيدۇ، قورسىقى مۇجۇپ ئاغرىيدۇ، ئىچى سۈرىدۇ، شوك بولۇپ قالىدۇ، ئاخىرىدا ئۆلىدۇ. ئەگەر زەھەرنى كۆپ چېكىۋېلىپ ياكى تاسادىپىي قېتىپ قالمىسا، بۇ جەريانغا ئادەتتە سەككىز يىلدىن ئون يىلغىچە ۋاقىت كېتىدۇ. بۇنى يۈز مىڭلىغان بەڭگىلەر جېنىنى سېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئىسپاتلىغان. خاتالىق نىسبىتى نۆل!

قاھار رەسمىي قورقتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا خىروئىن چېكىۋاتقانلار ۋە كېپەنلىرىنى سۆرەپ يۈرگەن ئىسكىلىتلار كېلىۋېلىپ تېنىنى شۈركۈنۈپ كەتتى. شۇنداقلا، ئۇ شۇنداق بىلىملىك تۆمۈر دوختۇر بىلەن كۆز ئالدىدىكى شەرمەندىلەرچە ئۆلۈمنى كۆتۈپ ياتقان مۇنۇ بەڭگىنى تەسەۋۋۇرىدا پەقەت بىرلەشتۈرەلمىدى.

ئارىنى جىمجىتلىق باستى. تۆمۈر دوختۇر شۇ تاپتا خېلى يېنىكلەپ قالغاندەك ئىدى. جىمجىتلىق سەللا ئۇزىراپ كېتىۋىدى، تۆمۈر دوختۇرنى ئەسنەك باسقىلى تۇردى.

— خىروئىننىڭ خۇمارىغا پەقەتلا بەرداشلىق بەرگىلى بولماسمۇ؟

تۆمۈر دوختۇر ئارتۇق گەپ قىلماي كۆرپىسىنىڭ ئاستىغا قاراشتۇردى ۋە كونىراپ كەتكەن «قانۇن ۋە جەمئىيەت» دېگەن بىر ژۇرنالنى ئېلىپ ئۇنىڭغا سۇندى:

— بۇنىڭدا بىر ناخشا چولپىنى ھەققىدە يېزىلغان بىر ماقالە بار. ئۆزۈڭ كۆرۈپ باق.

دەمبۇدەم ئەسنەۋاتقان تۆمۈر دوختۇر تولىمۇ ئېرىنچەكلىك بىلەن تاماكا ئېلىپ تۇتاشتۇردى. ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ سەھنىلىرىدە بىر مەزگىل دەستە ـ دەستە گۈللەرگە پۈركىنىپ شۆھرەت تاجىنى كىيگەن بۇ ئايال ناخشا چولپىنى ھەسرەت ۋە

پۇشايمان ئىلكىدە ئۆزى ھەققىدە مۇنداق بايان قىلغان: «زەھەرلىك چېكىملىكنىڭ خۇمارى خۇددى غايەت زور قارا كۆلەڭگىگە ئوخشايدۇ. ئۇ قارا كۆلەڭگە ئاستا ـ ئاستا يېقىنلىشىدۇ. ئەمدىلا خۇمار تۇتقان چاغ بۇ قارا كۆلەڭگىنىڭ ساڭا يېقىنلاپ كېلىپ قالغىنى. خۇمارنىڭ كۈچىيىشى بولسا خۇددى ئۇ قارا كۆلەڭگىنىڭ ساڭا يېقىنلاپ كېلىش سۈرئىتىنىڭ تېزلىشىشىگە ئوخشايدۇ. خۇمار تۇتمىغاندا ھاۋا ئوچۇق بولۇپ، قۇياش نۇر چېچىپ تۇرىدۇ. خۇمار تۇتقان ھامان قارا كۆلەڭگە ساڭا ھۇجۇم قىلىدۇ. سەن بۇ قارا كۆلەڭگىنىڭ ئىچىگە دوملاپ چۈشىسەڭ، بارلىق يورۇقلۇق كۆز ئالدىڭدىن غايىب بولىدۇ. پۈتۈن بەدەن سوۋۇپ، ئارقىدىنلا ئاجايىپ قىچىشىپ، ئاندىن ئاغرىيدۇ. بۇ چاغدىكى ئاغرىقنى نورمال كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇر قىلىشى قىيىن بولۇپ، ئۇستىخىنىڭنى بىرسى چىشلەۋاتقاندەك، ئۇستىخان يېرىلىپ كېتىۋاتقاندەك، ئۇستىخىنىدىن گۆش ۋە تېرە ئاجراپ كېتىۋاتقاندەك بولىدۇ. چىشلارمۇ يېرىلىپ، ئۆتكۈر ئەسۋاب بىلەن مېڭىگە سانجىۋاتقاندەك، مېڭە پارتلاپ كېتىدىغاندەك قاتتىق ئاغرىيدۇ. پۈتۈن ئەزالىرىڭنى كۈچلۈك بىر نەرسە تارتىۋاتقاندەك بولىدۇ. قان چىقسا خۇددى ھېلىقى ئاغرىق ئازابى يەڭگىللەيدىغاندەك بىلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. بىر زەھەرلىك چېكىملىك چەككۈچى خۇمارى تۇتقان چاغدىكى ئازابنى تۈگىتىش ئۈچۈن ھەرقانداق ئىشتىن باش تارتمايدۇ. ئار ـ نومۇس، ئەدەپ ـ ئەخلاق، قانۇن دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى ۋۇجۇدۇڭدىن غايىب بولىدۇ. بۇ ھايات ـ ماماتلىق ئوتتۇرىسىدىكى قورقۇنچلۇق چۈشتىن ئىبارەت...»

بۇنى ئوقۇپ قاھارنىڭ پۈتۈن بەدىنى تىترەپ، روھىي دۇنياسى قاتتىق لەرزىگە كەلدى: «خىرويىن، خىرويىن، سەن ئىنسانلار ئۈچۈن قاباھەتلىك بالايىئاپەت ئىكەنسەنغۇ!»

— بۇ نىجىس نېمىدىن چىقىدۇ؟

— كۆكنار دەيدىغان چىرايلىق گۈلدىن.

— نېمە؟ گۈلدىن؟!

تۆمۈر دوختۇر جاۋاب ئورنىغا بېشىنى لىڭشىتتى.

شۇنداق، گۇل ـ گىياھلار ئىنسانلارغا خۇش پۇراق ۋە گۈزەللىك تۇيغۇسى ئاتا قىلىدۇ، لېكىن بارلىق گۇل ـ گىياھلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۇنداق بولۇشى ناتايىن. ئەپيۇنگۇل (كۆكنار) ئەسلىي ئاجايىپ چىرايلىق گۇل، لېكىن ئۇنىڭغا رەزىللىك ۋە شەرمەندىلەرچە ئۆلۈم يوشۇرۇنغان بولىدۇ. ئەپيۇنگۇل توزۇغاندىن كېيىن قالغان كۆك قاپاقتەك غوزىسىنى پىچاقتا ئاستا تىلغاندا زەھەرلىك شەربەت ئېقىپ تۇگەپ، پوستى قورۇلۇپ سارغىيىپ خۇددى ئالۋاستىنىڭ ئىسكىلىتىغا ئوخشاپ ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ. ئەمما ئىنسانىيەتكە بالايىئاپەت ئۇرۇقىنى چېچىۋېتىدۇ، بۇ بالايىئاپەت ئۇنىڭ شىرنىسىدىن ياسالغان ئەپيۇن، خىروئىندىن ئىبارەت زەھەرلىك چېكىملىكتۇر.

قاھار تۆمۈر دوختۇرنىڭ چۈشكۈن ھالىتىگە قارىغانچە تاقەت قىلالماي، باياتىندىن بېرى پەيدا بولۇپ ئۆزىنى قىيناۋاتقان، لېكىن تۆمۈر دوختۇرغا دېيەلمەيۋاتقان گېپىنى دەۋەتتى:

— بۇلارنى سىز شۇنچە ئوبدان بىلىدىكەنسىز، يەنە كېلىپ ئۇستا دوختۇر ئىكەنسىز. شۇنداق تۇرۇپ بۇ نىجىستىن قۇتۇلماقتا يوق، بۇ يەردە ئۆلۈمنى كۈتۈپ يېتىپسىز. سىلەر دوختۇرلار مۇشۇنداق ھالدا تۇرساڭلار، بىلمەي چېكىۋاتقانلارنى نېمىمۇ دېگىلى بولسۇن!

قاھار گەرچە بۇ گەپلەرنى شۇنچىلىك قاتتىق تەلەپپۇز بىلەن دېگەن بولسىمۇ، لېكىن تۆمۈر دوختۇرغا ھېچبىر تەسىر قىلغاندەك ئەمەس ئىدى.

— ھەمراھىم شىنجاڭغا كەتكەندىن كېيىن پۇلنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ياتتىم، — دەپ ئۈزۈلۈپ قالغان ھېكايىسىنىڭ داۋامىنى سۆزلەشكە باشلىدى تۆمۈر دوختۇر، — باشتا كۈندە بىر قېتىم چېكىپ يۈردۈم. كېيىنچە كۈندە ئىككى بولاق چەكمىسەم چىدىيالمايدىغان بولۇپ قالدىم. تاماق بولسا لاۋ لاۋبەنىنىڭ ئاشخانىسىدا. بىراق ئۈكام، بۇ نەرسىگە كىرىشىپ قالغاندىن بۇيان تاماق تېتامدۇ؟ تاماق يېگۈڭمۇ كەلمەيدىغان بولۇپ قالىدىكەنسەن. بەزىدە بىر ھورنان ياكى يېرىم قاتلىما بىلەنلا بىر كۈننى

ئۆتكۈزۈۋېتىمەن. چېكىمەن، ياتىمەن، تۈگىمەس خىياللار قوينىغا شۇڭغۇيمەن، سىرتقا چىققۇممۇ، ئۇ يەر ـ بۇ يەرلەرگە بېرىپ كۆرۈپ كەلگۈممۇ كەلمەيدۇ، كۈن بويى ئۇخلايمەن. لاۋ لاۋبەن ئۇ ـ بۇ باھانىلەر بىلەن ۋاقتىنى كەينىگە سۈرۈۋەردى. مەنمۇ بۇنىڭ بىر ھىيلە ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالدىم. ئېتىشىپ باقتىم. ئۇ تۇغقاننىڭ گېپى تاتلىق، شېرىن ـ شېكەر گەپلەر بىلەن كۆڭلۈمنى ئۇتتى، ئاندىن مېنى گوللاپ خىروئىن چەكتۈرۈپ ئىرادەمنى سۇندۇردى. سوتقا ئېيتاي دېسەم ھەممىدىن قۇرۇق قېلىشتىن قورقتۇم، ئۇنىڭ ئۈستىگە چېكىمۋاتقىنىمنى قانۇن ئورۇنلىرى بىلسە... شۇنىڭ بىلەن كەلمىگەن ئۇزۇمنىڭ پۇلىغا خالىغانچە چېكىمەن، ئۇمۇ غىڭ قىلماي بېرىدۇ، دەپتىرىگە يېزىپ قويىدۇ. بىلىپ تۇرىمەن، مەن ئۇنىڭ ئىنتايىن مۇھىم، مۇقىم ۋە پۇلدار خېرىدارىغا ئايلىنىپ قېلىۋاتىمەن. ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتمەي يانچۇقۇممۇ، روھىي دۇنيايىممۇ قۇرۇقدالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا ئەھۋالنى ئېيتتىم. ئۇ يەنە شۇ خىرىلداق كۈلكىسى بىلەن كۈلۈپ ماقۇل بولۇپ، مېنى بۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى. كېيىن ئۇنىڭدىن تومۇرغا ئوكۇل قىلىشنى ئۆگەندىم. بىر يىل بولاي دېدى، ھالىم بولسا مۇشۇ. شۇ كەتكەنچە ھەمراھىمدىن بىرەر ئۇچۇر يوق. ھازىر ئۇنىڭ ھالى نېچۇك؟ قانچە پۇللۇق چېكىپ بولدۇم؟ ئۇ تۇغقان قانداق ھېسابلاۋاتىدۇ؟ جاھاندا نېمە ئىش بولۇۋاتىدۇ؟ ئۇقمايمەن. بەلكىم، بۇ پەس تۇغقان مېنىڭ ئۆلۈمۈمنى كۈتۈۋاتقان بولسا كېرەك. دېمىسىمىغۇ، ئاز قالدىم. سەن بۇ يەرگە يېڭى قامالغاندا بىلمىدىڭ. كۆرۈۋاتىسەن، كۈندۈزى ئاساسەن ئۇخلايمەن، ئاخشىمى ياتالمايمەن، ئوكۇل قىلىمەن، تاتلىق خىياللارنى قىلىپ خىيال سۈرۈپ ياتىمەن.

قاھار شامىنىڭ نېمىشقا خوراپ كېتىدىغانلىقىنى، نېمىشقا نامەلۇم ئادەملەرنىڭ بۇ يەرگە مىنېرال سۈنى ئۆكسۈتمەيدىغانلىقىنى بىلىپ يەتتى.

— بىلدىڭمۇ، ئۇكام، بۇ نىجىسنىڭ دوختۇر بىلەنمۇ كارى يوق

ئىكەن،ــ تۇرۇپلا تۆمۈر دوختۇرنىڭ ئۇيقۇسى ئېچىلغاندەك بولۇپ، سەل جانلىنىپ تامغا يۆلىنىپ ئولتۇردى. قاھار ئۇنىڭغا نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالدى. نېمىمۇ دېيەلىسۇن؟

ئارىنى جىمجىتلىق باستى.

ــ سەن ئۆزۈڭچۇ؟ نېمە غوۋغالار بىلەن بۇ يەردە يۈرۈيسەن؟ــ تۇيۇقسىز سورىدى تۆمۈر دوختۇر.

بۇ گەپ بىلەن قاھار ئېسىگە كەلگەندەك بولدى. توۋا، تۆمۈر دوختۇرنىڭ رىيازەتلىك كەچمىشلىرىنى ئاڭلاپ ئۇ ئۆزىنىڭ نە هالدا ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپلا كېتىپتۇ ئەمەسمۇ!

شۇ هامان قاھار كۈچلۈك خورلۇق تۇيغۇسى ئىچىدە قالدى. شۇنىڭ بىلەن قاھار تۇيۇقتىن بۇ يەرگە كېلىش جەريانىنى ۋە بولغان ئىشلارنى قىسقىچە قىلىپ سۆزلەپ بەردى.

ــ بىرسىنىڭ ساڭا يامان نىيىتى بار ئىكەن، شۇ ساڭا قەست قىپتۇ،ــ دېدى تۆمۈر دوختۇر.

ــ مەن بۇ يەردە ھېچكىمنى تونۇمىسام، كىم بىلەن ئۆچ - ئاداۋىتىم بولسۇن؟

ــ ئۇنداق بولسا، بىللە كەلگەن ھەمراھلىرىڭ ساڭا قەست قىپتۇ.

ــ ھەمراھلىرىم؟ــ قاھار شۇندىلا ئويلاپ قالدى: «ئۇلار شۇ تاپتا نېمە قىلىۋاتقاندۇ؟ مېنى ئىزدەۋاتقاندىمۇ؟...»

ــ ئۇلار بىلەن سودىدا شېرىكمىدىڭ؟ــ سورىدى تۆمۈر دوختۇر.

ــ ياق، مەن تەرجىمان بولۇپ كەلگەن.

ــ يا ئارىدا بۇرۇن قىلىشقان ئېلىم - بېرىم بارمىدى؟

ــ ياق.

بۇنى ئاڭلىغان تۆمۈر دوختۇر ئويلىنىپ قالدى. ئاندىن دېدى:

ــ ئۇنداق بولسا... يا ئاراڭلاردا قىز بالا توغرۇلۇق ئىش بارمۇ؟

قاھارنىڭ يادىغا دەرھال زەۋەرگۈل كەلدى. بىردىنلا قاھارنىڭ قەلبى ئىللىقلىققا تولدى. نەچچە كۈندىن ئۆز ھەلەكچىلىكى بىلەن

بولۇپ ئۇلارنى يادىغىمۇ ئالماپتۇ. شۇ تاپتا زەۋەرگۈل نېمە ئىش قىلىۋاتقاندۇ؟ كىتاب ئوقۇۋاتقاندىمۇ؟ ھېمىت ئاكىچۇ؟ ئەتىيازنىڭ تەييارلىق ئىشلىرى بىلەن پالاقلاپ يۈرگەندىمۇ؟ يا خاتىرجەم بولالماي قالغان ئۇ ئاق كۆڭۈل ئادەم بۇ ياقتىن كېلىدىغان خەۋەرنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ پاراكەندە بولۇپ يۈرگەندىمۇ؟
تۆمۈر دوختۇرنىڭ قاتتىق يۆتىلى بىلەن قاھار ئۆزىگە كەلدى ۋە:
— تازا ئېنىق بولمىسىمۇ، شۇنداقراق ئىش بار، — دېدى مۇجمەل قىلىپ. چۈنكى ئۇ سادىقنىڭ زەۋەرگۈلنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلگەن بىلەن، ئۆزى بىلەن زەۋەرگۈل ئوتتۇرىسىدىكى ئىشقا ئوچۇق بىر نەرسە دېيەلمەيتتى.
— ئۇنداقتا، مېنىڭ پەرىزىمچە، ئۇلار شۇ نۇقتىدىن ساڭا زىيانكەشلىك قىلماقچى بولۇپتۇ. ئۇلارنىڭ سېنى بۇ يەرگە ئېلىپ كەلگىنىدىن ئۇلارنىڭ مەقسىتىنى بىلدىم. بۇنداق ئىشنى بۇرۇنمۇ كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانىدىم. بۇلارنىڭ قولىدا ماڭا ئوخشاش شور پېشانە بولۇپ قالغانلار جىق. ئۇلارمۇ ساڭا مۇشۇ لاۋ تۇڭگاننىڭ قولى ئارقىلىق زىيانكەشلىك قىلماقچى. تامىقىڭغا ساپ خىروئىن ئارىلاشتۇرۇلغان. سەن ئاستا - ئاستا خۇمار بولىسەن، ئاخىر ئۆز - ئۆزۈڭنى ھالاك قىلىسەن.
بۇنى ئاڭلاپ قاھارنىڭ ئىچى ئېلىشىپ كەتتى:
— بولمىسا تامىقىمنى سىز يەپ...
— باشتا دېدىم، سەن يامان ئىشلارنى قىلىپ، بۇلار بىلەن يامانلىشىپ قالغانلارغا ئوخشىمايدىكەنسەن. ئىش ئۇقمايدىغانلىقىڭ چىقىپلا تۇرۇپتۇ. ئۇكام، مەن دېگەن تۈگەشكەن ئادەم. ئۇ تاماقنى يېسەم - يېمىسەم بەرىبىر. شۇڭا سېنى بولسىمۇ قوغداپ قالغۇم كەلدى. سەن بۇ دەردلەرگە مۇپتىلا بولما.
— مەن... مەن... خۇمار بولۇپ قالمىغاندىمەن؟ — قاھارنىڭ ئاغزىغا گەپمۇ كەلمەي قالدى.
— ياق تېخى، — دېدى تۆمۈر دوختۇر، — شۇڭا مەن ۋاقتىدا تامىقىڭنى تارتىۋالدىم.

شۇ تاپتا تۆمۈر دوختۇر قاھارغا پەرىشتىدەكلا كۆرۈنۈپ كەتتى. ئادەم دېگەن ئاق كۆڭۈل بولسا، مۇشۇنچىلىك بولار. ئەگەر تۆمۈر دوختۇرنىڭ بۇ جاسارىتى، ئاق كۆڭۈللۈكى بولمايدىغان بولسا...

— رەھمەت ئاكا، — دېدى قاھار كۆزلىرىگە مىننەتدارلىق يىغىسى قاپلىنىپ.

تۆمۈر دوختۇر كۈلۈپلا قويدى. قاھار تېخىچىلا ئۆزىنى باسالمايۋاتاتتى:

— ئاكا، جاھاندا كۆكنار دېگەن گۈل شۇنچىۋالا جىقمۇ؟ ئۇنداق گۈللۈككە ئوت قويۇۋەتسىلا بولمامدۇ؟

— ئۇكام، مېنىڭ ئۇيقۇم كېلىۋاتىدۇ. بايىقى ژۇرنالدا ئۇنداق گەپلەر جىق. ئۆزۈڭ ئوقۇۋالارسەن.

تۆمۈر دوختۇر شۇنداق دەپ بىردەمدىلا قاتتىق ئۇيقۇغا كەتتى. گەرچە، تۆمۈر دوختۇر شۇنچە ئېنىق گەپ قىلغان بولسىمۇ، بىراق ئۆز جېنىنىڭ غېمىدە قالغان قاھار ھېلىقى ژۇرنالنى ئالدىراپ ۋاراقلاپ «خىروئىن ۋە ئىنسانلار پاجىئەسى» دېگەن ماقالىنى ئوقۇشقا باشلىدى:

ئەپيۇن گرىك تىلىدىكى «opium» دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسىدىن ئۆزلەشكەن بولۇپ، كۆپىنچە تېببىي دورىگەرلىك ساھەسىدە ئىشلىتىلىدۇ. ئەپيۇننىڭ يەنە باشقا «چوڭ تاماكا»، «قارا تاماكا»، «ئەجنەبى توپىسى»، «999» دېگەندەك كۆپ خىل ناملىرى بار. ئەپيۇن ئاساسەن ئەپيۇنگۈل (كۆكنار) غوزىسىدىن ئايرىپ ئېلىنىدۇ. ئەپيۇنگۈل سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئادەتتە بىر يېرىم مېتىر ئەتراپىدا ئۆسىدۇ. ئۇنىڭ ياپرىقى ئۇزۇن ۋە سوقىچاق. ياپراق سىرتى ھەرىسىمان، ياپرىقى غولىغا مەھكەم يېپىشقان. ياز كۈنلىرىنىڭ باشلىنىشى بىلەنلا چىرايلىق ئېچىلىدۇ. ئۇنىڭ گۈلى تۆت تال گۈل ياپراقچىسىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، قىزىل، سۆسۈن ياكى ئاق رەڭلىك ئېچىلىدۇ. گۈلى تولىمۇ رەڭدار. گۈلى تۈزۈپ كەتكەندىن كېيىن قالغان كۆك غوزىسى خۇددى كىچىك پانۇسقا ئوخشاپ كېتىدۇ. مۇشۇ غوزىنى پىچاقتا ئاستا تىلغاندا

ئەپيۇنگۈلنىڭ ئاق رەڭلىك شىرنىسى ئېقىپ چىقىدۇ. ھەربىر تۈپ ئەپيۇنگۈلنىڭ غوزىسىنى ئەتىگەندە ۋە كەچتە ئىككى قېتىم پىچاق بىلەن قىيپاش تىلسا ئون بەش كۈنلەردىن كېيىن غوزىنىڭ ھەممە يېرى تىلىنىپ زەھەرلىك شىرنە ئېقىپ تۈگەپ پوستى قورۇلۇپ خۇددى ئىسكىلىتقا ئوخشاپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەپيۇنگۈل گۈل بولۇش ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ. غوزىدىن ئېقىپ چىققان شىرنىسى سەل تۇرغۇزۇلۇپ قېتىشقاندىن كېيىن قىرىپ ئېلىۋېلىنىپ سالقىن جايدا قۇرۇتۇلسا، ئۇ قوڭۇر قارامتۇل يېلىمسىمان ماددىغا ئايلىنىدۇ. مانا بۇ خام ئەپيۇن بولىدۇ. يەنى «پىششىق ئەپيۇن» ۋە زەھەر پادىشاھى «خىروئىن» ياساشنىڭ خام ئەشياسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

خىروئىن — ئاق رەڭلىك، كرىستالسىمان پاراشوك بولۇپ، ئۇنىڭ ساپلىقى يۇقىرى، زەھەرلەش كۈچى ۋە خۇمارى ئىنتايىن كۈچلۈك زەھەرلىك بۇيۇم. ئۇنىڭ ئاق رەڭگە قاراپ بەزىلەر «ئاق ئۇن» دەپمۇ ئاتايدۇ. رەڭگى ئاقۇچ كۈل رەڭلىرىمۇ بار. خىروئىننىڭ قىزىل رەڭلىك سۇيۇقلۇقىمۇ بولۇپ، ئۇنى بەزىلەر «قىزىل نازىنىن» دەپمۇ ئاتىشىدۇ. ماتېرىياللاردا يېزىلىشىچە، خىروئىننى تۇنجى بولۇپ، 1874 - يىلى ئەنگلىيىنىڭ پايتەختى لوندوندىكى بۇۋى مەريەم دوختۇرخانىسىدا خىمىيۋى ئۇسۇل بىلەن بىرىكتۈرۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا باشلىغان. ئەينى ۋاقىتتا ئەپيۇنگۈل غوزىسىدىن ئۇنىڭ زەھەرلىك شىرنىسىنى يىغىپ ئېلىپ، شاماللىق سايە جايدا قۇرۇتقاندىن كېيىن دەسلەپكى يىرىك ئەپيۇننى ياساپ چىققان. بۇ خىل يىرىك ئەپيۇننى سۇدا ئېرىتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ جەۋھىرىنى ئېلىپ مورفىن ياسىغان. ئاندىن مورفىنغا سىركە كىسلاتاسى قوشۇپ ئوخشاشمىغان خىمىيۋى ئۇسۇل بىلەن بىر تەرەپ قىلىش ئارقىلىق يىرىك خىروئىننى ئىشلەپ چىقىپ، ئۇنى «ئىككى ئاتسېتىللىق مورفىن» دەپ ئاتىغان. ئۇنى تېخىمۇ ساپلاشتۇرۇپ ئاخىر ئاق رەڭلىك خىروئىن جەۋھىرىنى ئىشلەپ چىققان. ئەينى ۋاقىتتا ئىت ئۈستىدە تەجرىبە ئېلىپ بارغاندا ئىتتا دەرھال ھوشىدىن كېتىش، قورقۇش، بىئارام بولۇش ۋە ھېرىپ - چارچىغاندەك بىر قىسىم قورقۇنچلۇق ئالامەتلەر كۆرۈلگەن. ئون نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن گېرمانىيە خىمىكلىرى بۇ خىل بىرىكمە ماددىنىڭ مورفىنغا قارىغاندا ئاغرىق توختىتىش تەسىرى ئالتە - سەككىز ھەسسە يۇقىرى بولۇپ، كانايچە ياللۇغى، زىققا، ئۆپكە تۇبېركۇليوزى قاتارلىق

كېسەللىكلەرگە ئالاھىدە ئۈنۈم بېرىدىغانلىقىنى تەشۋىق قىلغان. كېيىن كىشىلەر بۇنىڭ ئاغرىق توختىتىش ئۈنۈمىدىن باشقا يەنە خىيالىي تۇيغۇ پەيدا قىلىش رولىنىڭ تېخىمۇ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا يەنە روھلاندۇرۇش رولىنىڭ بارلىقىنى بايقىغان. 1897 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى گېرمانىيىنىڭ تېببىي دورا ۋە خىمىيە سانائىتى كارخانىسى بايېر شىركىتىنىڭ لابورانتى فىلكىس خوپمان تۇنجى قېتىم دى ئاتسېتىل مورفىن (ئىككى ئاتسېتىللىق مورفىن) نى بىرىكتۈرۈپ چىققان. شۇ ۋاقىتتىكى بايېر شىركىتىنىڭ رەھبەرلىرى: «بۇ قالتىس كەشپىيات بولدى، ئۇنى مورفىن قاتارلىق ناركوز بۇيۇملىرى ئورنىدا ئىشلەتكىلى بولىدۇ» دەپ قارىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇزاق ئۆتمەيلا كلىنىكىلىق سىناقلاردىن ئۆتكۈزۈلمەي دى ئاتسېتىل مورفىن ئىشلەپچىقىرىلىپ دەرھال بازارغا سېلىنغان. بايېر شىركىتى بۇ مەھسۇلاتنى «خىروئىن» دەپ ئاتىغان. خىروئىن بۇ شىركەتكە كۆپ بايلىق كەلتۈرگەن. بايېر شىركىتى خىروئىنغا پاتېنت ھوقۇقى ئىلتىماس قىلمىغاچقا، كۆپ پايدىنىڭ تۈرتكىسىدە دۇنيادىكى باشقا داڭلىق تېببىي دورا شىركەتلىرىمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن شۇ خىل مەھسۇلاتلارنى بازارغا سالغان. 1946 ـ يىلى فىلكىس خوپمان غېرىبلىق ئىچىدە شۋېتسارىيىدە ئۆلگەن. بايېر شىركىتى ئۇنىڭغا ھېچقانداق تەزىيەنامە ئېلان قىلمىغان. ئۇنىڭدىن بىرەر ئەۋلادمۇ قالمىغان. بىراق، ئىنسانىيەتكە تۈگىمەس گۈمرانلىق قالغان.

خىروئىن ياۋروپادا خىمىيىۋى بىرىكتۈرۈش ئۇسۇلى بىلەن ئىشلەپچىقىرىلىشقا باشلاپ ياۋروپادىن ئامېرىكىغا، ئاندىن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالغان. ئەينى ۋاقىتتا ئاز ساندىكى دوختۇرلار: «خىروئىن سىناقتىن ئۆتكۈزۈلمىگەن. ئۇ ئادەمنى زەھەرلىشى ھەم خۇمار قىلىشى مۇمكىن» دېگەن قاراشتا بولغان. بۇنىڭغا قارىتا بايېر شىركىتى قاتارلىقلار پىسەنت قىلماي زور كۈچ بىلەن خىروئىن بازىرىنى ئاچقان. ئەمما كىشىنى ئەجەبلەندۈرىدىغىنى شۇكى، خىروئىندىن ئىبارەت بۇ مەھسۇلات 20 ـ ئەسىرنىڭ دەسلىپىدە ياۋروپادا كەڭ كۆلەملىك خۇمار قىلىش كېسەللىكىنى كەلتۈرۈپ چىقارمىغان. چۈنكى شۇ ۋاقىتتىكى ئادەملەر ئۇنى چېكىش، ئوكۇل قىلىشنى بىلمىگەن بولۇشى مۇمكىن. ئادەتتە ئاغرىقلارغا بىر قېتىمدا بىرنەچچە مىللىگراملا بېرىلگەن بولۇپ،

بۇ ھازىرقى زامانىدىكى زەھەر چەككۈچىلەر بىر قېتىمدا ئوكۇل قىلىپ سالىدىغان مىقدارنىڭ ئوندىن بىرىگىمۇ يەتمىگەن. خىروئىننى كاپ ئەتكەندە، ئۇ ناھايىتى ئۇزاقتىراق نىرۋىنى غىدىقلايدۇ. شۇڭا خىروئىننى كاپ ئەتكەن ئاغرىقلارنى بىردەمدىلا قاتتىق روھلاندۇرۇۋەتمەيدۇ. پەقەت ئاغرىق ئارام بەرگەندەك ھېس قىلىدۇ. شۇڭا كىشىلەر ئۇنى ئۇزاق مۇددەت مىقدارىنى ئاشۇرۇپ ئىشلەتمىگەن بولۇشى مۇمكىن. بىراق خىروئىن بازىرىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ مورفىن چەككۈچىلەر نەزىرىنى بۇ يېڭى مەھسۇلاتقا تىككەن. 1910 - يىلىدىن كېيىن ئامېرىكىدا زور تۈركۈمدىكى خىروئىن بەڭگىلىرى پەيدا بولغان. بۇ ئەھۋالغا قارىتا ئامېرىكا ھۆكۈمىتى نازارەت قىلىش، تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى كۈچەيتىپ، دوختۇرلارنىڭ رېتسېپ يېزىش ھوقۇقىغا چەك قويغان. شۇنىڭ بىلەن خىروئىن سودىسى ئوچۇق - ئاشكارىلىقتىن مەخپىي ھالەتكە ئۆتكەن، خىروئىننىڭ باھاسىمۇ ئۆرلىگەن. ئۇنىڭ شەخسلەرگە ۋە جەمئىيەتكە كەلتۈرگەن بالايىئاپەتتى كىشىلەرنىڭ دەسلەپكى تەسەۋۋۇرىدىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ كەتكەن. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن 1912 - يىلى گوللاندىيىنىڭ گائاگا شەھىرىدە چاقىرىلغان ئەپيۇن توغرىسىدىكى خەلقئارالىق يىغىنغا قاتناشقان بارلىق ۋەكىللەر بىردەك «ئەپيۇن، مورفىن، خىروئىن قاتارلىقلارنى توسۇش، سېتىشنى تىزگىنلەش، زەھەرنى مەنئى قىلىش قارارى»نى چىقارغان. بۇ كېلىشىمنىڭ كۈچ كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە، ئامېرىكا پارلامېنتى خىروئىن قاتارلىق زەھەر ئىشلەپچىقىرىشنى ۋە سېتىشنى مەنئى قىلغان. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى خىروئىننى دورا قامۇسىدىن چۈرتلا چىقىرىپ تاشلىغان. بايېر شىركىتى قاتارلىق شىركەتلەرمۇ خىروئىن ئىشلەپچىقىرىشنى توختاتقان. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى دورىخانىلاردىمۇ خىروئىن سېتىش مەنئى قىلىنغان.

ئەپسۇسكى، خىروئىننىڭ قورقۇنچلۇق سايىسى بۇنىڭلىق بىلەنلا يوقالمىدى. ئەپيۇن ئائىلىسىدىكى بۇ «زەھەر جەۋھىرى»نىڭ ئۆنۈمى يۇقىرى، ئىشلىتىش مىقدارى ئاز، زەھىرى كۈچلۈك، ئېلىپ - سېتىش ۋە ئەتكەسچىلىك قىلىشقا ئاسان بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ھازىر ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغان زەھەر بولۇپ قالدى. ئۇ يېقىنقى يىگىرمە نەچچە يىلدىن بۇيان قاتناشنىڭ تېز تەرەققىي

قىلىشى، خىمىيىۋى بىرىكتۈرۈش تېخنىكىسىنىڭ كۈنسايىن كامالەتكە يېتىشى بىلەن خىروئىننىڭ ساپلىق دەرىجىسى بارغانسېرى يۇقىرى ئۆرلەپ تېخىمۇ كۆپلىگەن زەھەر خۇمار بەڭگىلەرنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان نەرسىسىگە ئايلىنىپ، دۇنيانىڭ ھەممە بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغىچە تارقالدى.

ئۇنداقتا، شۇنچىۋالا كۆپ زەھەر نەدىن كېلىدۇ؟

ھازىر دۇنياغا تارقىلىۋاتقان ھەرخىل زەھەرلىك چېكىملىكنىڭ ئاساسلىق كېلىش مەنبەلىرى «ئالتۇن ئۈچبۇرجەك»، «ئالتۇن ھىلال ئاي»، «ئاق ئۈچبۇرجەك» ۋە «قارا ئۈچبۇرجەك» قاتارلىق تۆت ئورۇندىن ئىبارەت. بۇ زەھەرلىك چېكىملىك مەنبەلىرى جۇغراپىيىلىك ئورنىدىن قارىغاندا ھەممىسى دېگۈدەك ئۈچ دۆلەت چېگرىلىنىدىغان، باشقۇرۇش قىيىن بولغان جايغا جايلاشقان. زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىلىرى بۇ رايونلاردىكى غايەت زور پايدىنى دەپ زامانىۋى قورallar بىلەن قوراللانغان. بۇ زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچى ئۇنسۇرلىرىغا نەچچە قېتىملاپ غايەت زور ھەربىي كۈچ بىلەن زەربە بېرىلگەن بولسىمۇ، لېكىن جېنىدىن كەچكەن بۇ ئۇنسۇرلار تەلۋىلىكىدىن يانغىنى يوق.

بۇلارنىڭ ئىچىدە «ئالتۇن ئۈچبۇرجەك» ۋە «ئالتۇن ھىلال ئاي» كەڭ كۆلەمدە خىروئىن ۋە ئەپيۇن ئىشلەپچىقىرىدىغان ئەجەللىك ئورۇنلاردۇر.

**ئالتۇن ئۈچبۇرجەك:** «ئالتۇن ئۈچبۇرجەك» تايلاند، بىرما، لائوستىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەت چېگرىلىنىدىغان جايغا جايلاشقان ئۈچبۇرجەك شەكىللىك يەر بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمى تەخمىنەن بىر يۈز ئەللىك بەش مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن بىر يۈز توقسەن مىڭ كۋادرات كىلومېتىرغىچە كېلىدۇ. بۇ يەر دۇنيا بويىچە ئەككى چوڭ ئەپيۇن ئىشلەپچىقىرىلىدىغان رايوننىڭ بىرى. بۇ يەرگە كۆپ مىللەت ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئاھالىسى تەخمىنەن بىر مىليون. بۇ يەر ئۇزۇن يىللىق، دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئەپيۇن تۇرىدىكى زەھەرلىك چېكىملىك ئىشلەپچىقىرىلىدىغان رايونغا ئايلىنىپ قالغان. خەلقئارا زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى تەكشۈرۈش تەشكىلاتىنىڭ مۆلچەرىگە قارىغاندا، «ئالتۇن ئۈچبۇرجەك» ئامېرىكا زەھەرلىك چېكىملىك ئىستېمال بازىرىنىڭ يىگىرمە بەش پىرسەنتىنى، ياۋروپا زەھەرلىك چېكىملىك ئىستېمال بازىرىنىڭ

سەكسەن پىرسەنتىنى تەمىنلەيدىكەن. بۇ يەردە ئىشلەپچىقىرىلغان زەھەرلىك چېكىملىك پۈتۈن دۇنيادىكى ئەپيۇن ۋە خىروئىننىڭ يەتمىش پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدىكەن. بۇ يەرنى دەسلەپتە 1949 ـ يىلى گومىنداڭ ئارمىيىسىدىن قالغان لو مەنشىڭ ئىگىلەپ، كەڭ دائىرىدە ئەپيۇن ئىشلەپچىقىرىپ، ئۆز ئالدىغا يەرلىك پادىشاھ بولۇۋېلىپ كاتتا بايلىققا ئېرىشكەن. كېيىن ئۇنىڭ ئورنىنى كونسا ئىگىلەپ، بۇ يەرنى خەلقئارالىق زەھەرلىك چېكىملىك ئىشلەش مەركىزىگە ئايلاندۇرۇۋالغان. بۇ زەھەرلىك چېكىملىك مەركىزىگە تايلاند ۋە بېرما قوشۇنلىرى نەچچە قېتىم چوڭ ھەربىي كۈچ بىلەن زەربە بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش ئازايماقتا يوق، بەلكى يىلدىن ـ يىلغا كۆپەيمەكتە. يەنە بۇ يەردە لىن مىڭشىن، يەن شاۋمىڭ، پىڭ جاشىن قاتارلىقلارنىڭ زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىلىك گۇرۇھلىرى بار. ئەپيۇن، خىروئىن قاتارلىق زەھەرلىك چېكىملىكلەر ئەنئەنىۋى يوللار بىلەن تايلاند، ھىندىستان، مالايشىيا، بېنگال ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېنلار ئارقىلىق ياۋروپا، ئامېرىكا قىتئەلىرىگە توشۇلىدۇ.

بۇ يەرنىڭ تۆپرىقى مۇنبەت، ھاۋاسى ئەپيۇنگۈل تېرىشقا تازا باب كېلىدۇ. يېقىنقى نەچچە يىلدىن بۇيان، ئۇدا بىر نەچچە يىل ئەپيۇندىن مول ھوسۇل ئېلىنىدى. 1950 ـ يىللاردىن باشلاپ ئەپيۇنگۈل تېرىپ ئەپيۇن ئىشلەش شىددەت بىلەن تەرەققىي قىلىپ، 1960 ـ يىللارغا كەلگەندە ئەپيۇن ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى نەچچە توننىدىن ئىككى يۈز توننىغا يەتكەن. 1980 ـ يىللارنىڭ بېشىدا يىللىق ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى يەتمىش توننىغا يەتكەن. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان بۇ رايوندىكى ئەپيۇنگۈل تېرىش يەر كۆلىمى ئاتمىش ئالتە مىڭ گېكتاردىن ئېشىپ كەتكەن بولۇپ، يىللىق ئەپيۇن ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى ئىككى مىڭ سەككىز يۈز توننىغا يېتىپ، دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئەپيۇن ۋە خىروئىن ئىشلەپچىقىرىدىغان بازىغا ئايلانغان. «ئالتۇن ئۈچبۇرجەك»تىكى ئەپيۇننىڭ باھاسى تۆۋەن، ساپلىقى يۇقىرى بولغاچقا، بۇ يەر خەلقئارالىق زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىلىرىنىڭ ئالتۇن كانىغا ئايلىنىپ قالغان. بۇ يەردە ئىشلەپچىقىرىلىدىغان ئەپيۇن ۋە خىروئىن مەملىكىتىمىزنىڭ يۈننەن، گۇاڭشى، گۇاڭدۇڭ قاتارلىق ئۆلكىلىرى ئارقىلىق چەت ئەللەرگە ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە توشۇلىدۇ.

دېمەك، «ئالتۇن ئۈچبۇرجەك» مەملىكىتىمىزدىكى خىروئىننىڭ مۇھىم كېلىش مەنبەسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچى گۇرۇھلىرى بۇ يەردىن غايەت زور پايدىغا ئېرىشىدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن «ئالتۇن ئۈچبۇرجەك» دەپ ئاتالغان.

**ئالتۇن ھىلال ئاي:** «ئالتۇن ھىلال ئاي» پاكىستان، ئافغانىستان ۋە ئىراندىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەت چېگرىلىنىدىغان جايغا جايلاشقان بولۇپ، يەر شەكلى ھىلال ئايغا ئوخشاپ كېتىدۇ. بۇ ئۈچ دۆلەتنىڭ ئۈچ مىڭ كىلومېتىرغا سوزۇلغان چېگرا لىنىيىسى بار. بۇ يەر تارىختىن بۇيان ئەپيۇن ئىشلەپچىرىلىدىغان رايونلارنىڭ يەنە بىرى.

«ئالتۇن ھىلال ئاي»دىكى ئىشلەپچىقىرىلغان زەھەرلىك چېكىملىك ئاساسلىقى تاجىكىستان، ئۆزبېكىستان، تۈركمەنىستان قاتارلىق دۆلەتلەر ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا دۆلەتلەرگە توشۇلۇپ، ئاندىن ياۋروپا ۋە شىنجاڭغا تارقالماقتا. «ئالتۇن ھىلال ئاي»دىكى پاكىستان بىلەن ئافغانىستان بىز بىلەن چېگرىداش دۆلەت. بۇلاردىن بىزگە زەھەرلىك چېكىملىك سىڭىپ كىرىش يوللىرى كۆپ. ئەگەر زەھەرلىك چېكىملىكنى چەكلەش، زەھەرلىك چېكىملىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى چېگرا ئورۇنلاردىمۇ چىڭ تۇتۇلمىسا، تېخىمۇ ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. 1970 ـ يىللاردا «ئالتۇن ئۈچبۇرجەك» تىكى ئەپيۇنگۈل ھوسۇلى كېمىيىپ كېتىپ، نەتىجىدە يىللىق ئىشلەپچىقىرىلىدىغان ئەپيۇن ۋە خىروئىننىڭ باھاسىمۇ تېزلا ئۆرلەپ كەتكەن. «ئالتۇن ھىلال ئاي»دىكى ئەپيۇنگۈل تېرىغۇچىلار مانا مۇشۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئەپيۇنگۈل تېرىش يەر كۆلىمىنى تېزلا كۆپەيتىپ، ئىشلەپچىقىرىلىدىغان ئەپيۇن مىقدارىنى كۆپەيتكەن.

يېقىنقى ئون نەچچە يىلدىن بۇيان «ئالتۇن ھىلال ئاي»دىكى زەھەرلىك چېكىملىك ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى — تېرىش، ئۆستۈرۈش، ئۆز جايىدا پىششىقلاپ ئىشلەش شىددەت بىلەن تەرەققىي قىلىپ ئەپيۇننىڭ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى ئۈچ مىڭ توننىدىن تۆت مىڭ توننىغىچە بولغان ھالەتنى ساقلاپ كەلمەكتە. ئەپيۇن تېرىش كۆلىمى بولسا بىر يۈز ئون مىڭ گېكتارغا يەتكەن. «ئالتۇن ھىلال ئاي» ھازىر «ئالتۇن ئۈچبۇرجەك»نىڭ ئورنىنى ئېلىپ، دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئەپيۇن تۇرىدىكى زەھەرلىك چېكىملىك

ئىشلەپچىقىرىش بازىسىغا ئايلىنىپ قالدى. ئاينىڭ شەكلى مۇسۇلمان دۆلەتلىرىنىڭ بەلگىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ رايون «ئالتۇن ھىلال ئاي» دەپ ئاتالغان[1]...

قاھار بۇ ئۇزۇن ماقالىنى مۇشۇنچە ئوقۇپ بولدى قىلدى. ئۆزى چارچاپمۇ قالدى. تۆمۈر دوختۇرنىڭ ئادەمنىڭ يۈرىكىنى سىقىدىغان ھېكايىسى، ئالەمنى بالايىئاپەت بېسىپ كېتىدىغاندەك تۇيغۇ بېرىدىغان بۇ ماقالە، ئۆزىنىڭ قاپقاراڭغۇ تەقدىرى ئۇنى شوك قىلىپ قويدى. ئۇ چۈشىنىكسىز گەپلەر بىلەن جۆيلۈپ ياتقان تۆمۈر دوختۇرنىڭ يېنىغا يانپاشلىدى. ئەگەر ئۇنىڭ ئەقلىنى، ھېسسىياتىنى بىردەم ـ بىردەم ئوۋتەي ـ توۋتەي قىلىپ ئۆز كەچمىشلىرىنى سۆزلەۋاتقان مۇنۇ ئادەم بولمىغان بولسا، قاھارنىڭ ئەتىسى نېمە بولۇپ كېتەر؟ ئۇ ئەۋلىيا ئەمەس، ياغاچ ئادەممۇ ئەمەس. ئۇنىڭدا ئورگانىزم بارغۇ، بولدى، ئۇمۇ خۇمار بولىدۇ، ئادەملەردىن، قۇياشتىن قاچىدۇ، تاشلاندۇق، مەينەت يەرلەرگە يۈگۈرەيدۇ، ئاغزىدىن شۆلگەي، بۇرنىدىن ماڭقىسىنى ئېقىتىپ لالما ئىتتەك سوكۇلداپ يۈرىدۇ، بىرسىنىڭ ئاغزىغا، بىرسىنىڭ قولىغا، بىرسىنىڭ كۆزىگە، بىرسىنىڭ يانچۇقىغا قاراپ قۇلچىلىق قىلىدۇ، بىچارىلەرچە يەردە دومىلايدۇ، ئەسەبىيلەرچە بېشىنى تامغا ئۇرىدۇ، ئاخىر پوق ـ سۈيدۈكىگە چىلىشىپ شەرمەندىلەرچە ئۆلىدۇ!

قاھارنىڭ نەپسى قىسىلدى، ھېلىلا بىرسى كېلىپ ئاشۇنداق قىسمەت ساقلاپ تۇرغان يەرگە ئۇنى مەجبۇرىي ئاپىرىپ تاشلايدىغاندەك كەينىگە سىلجىپ دۈمبىسىنى تامغا چىڭ چاپلىدى، قاراڭغۇلۇق ئىچىگە ئىلتىجا بىلەن تىكىلدى، بىرسى قۇلىقىغا زەھەرخەندىلىك بىلەن «ئەمدى سەن تۇگەشتىڭ» دەۋاتقاندەك ئىككى قۇلىقىنى چىڭگىدە ئېتىۋالدى. «زادى نېمە گۇناھىم ئۈچۈن ئاشۇ قارا كۈنلەرنى كۆرۈشكە مەجبۇرلىنىدىغاندىمەن؟...»

---

① بۇ ئۇچۇرلار شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى نەشر قىلغان «خىرو-ئىن، ئەيدىز ۋە ئىنسانلار پاجىئەسى» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى.

ئۇنىڭ يادىغا سادىق ۋە تۆمۈر دوختۇرنىڭ سادىق ھەققىدىكى
سۆزلىرى كەلدى. «ماڭا راستىنلا سادىق دۇشمەنلىك قىلغاندىمۇ؟
زەۋەرگۈل ئۇچۇنمۇ؟ ئەگەر سادىق شۇنىڭ ئۇچۇن ماڭا
زىيانكەشلىك قىلغان بولسا، ئۇ نېمانچە پەسكەش ئادەم. مېنى
بۇنداق نابۇت قىلىمەن دېگۈچە، گەپنى ئوچۇق قىلىپ، قىزنىڭ
تاللىشىغا قويۇپ بەرسە بولىدۇغۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە زەۋەرگۈل
ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا پالان ـ پۇستان دېگەن گەپمۇ بولمىغان
تۇرسا، پەقەت يېقىن ئۆتكەن يېرىمىزلا بار شۇ. شۇنىڭغا
مۇشۇنچىلىك يامانلىق قىلىش كېتەمدۇ؟ ئەگەر زەۋەرگۈلنىڭ
راستىنلا ماڭا كۆڭلى بولسا، مەن ئۆلگەن بىلەنلا سادىققا مەيلىنى
بېرەرمۇ؟ سادىق نېمىشقا بۇلارنى ئويلىمايدۇ؟ ئۇ نېمىشقا
شۇنچىلىك يېنىكلىك بىلەن مېنى ئۆلۈم يولىغا ئىتتىرىدۇ؟ بىر
ئادەمنىڭ ھاياتى ئۇنىڭ ئۇچۇن بىر كىلو ئۈزۈمدەكلا شۇنچە
ئاددىي نەرسىمىدۇ؟ ئۇلار بىر ئادەمنى بىۋاقىت ھالاكەت يولىغا
باشلىغاندا، ئۇنىڭ قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى، ئاقىۋىتىنىڭ قانداق
بولىدىغانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ قانچىلىك گۇناھكار
بولىدىغانلىقىنى، ھامىنى سورىقى بولۇپ، جازاسىنى
تارتىدىغانلىقىنى ئويلىمامدىغاندۇ؟ ھېچبولمىسا، شۇ ئۆلۈم
ئىشىنى پىلانلىغاندا يۈرىكىدە ئازراق بولسىمۇ قورقۇنچ پەيدا
بولمامدىغاندۇ؟ ئەگەر ساق ـ سالامەت قايتالىسام، بۇ ئىشنى راست
سادىق قىلغان بولسا، ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن يۈزمۇيۈز تۇرۇش
پۇرسىتىگە ئېرىشەلىسەم بۇلارنى ئېنىق سورايمەن. ياق، ئۇنىڭ
بىلەن چوقۇم يۈزلىشىمەن. بىر ئادەمنى ئۆلۈمگە دۇچار قىلغاندا
قانداق تۇيغۇدا بولىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىشىم كېرەك... ئەگەر
بۇ يەردە تۆمۈر دوختۇردەك ھالغا دۇچار بولسامچۇ؟ ھازىرغۇ ئۇ
مېنىڭ تامىقىمنى يەپ مېنى قوغداۋاتىدۇ. ناۋادا، ئۆزى دېگەندەك
ئۆلۈپ كەتسىچۇ؟ مېنىڭ ئۇ زەھەرلىك تاماقنى يېمەي نېمە
ئامالىم؟ يېسەم ئاقىۋىتىم شۇ، يېمىسەم قاچالايمەنمۇ؟ قارىغاندا...
مېنىڭ قىسمىتىممۇ شۇ ئوخشايدۇ. شۇنداق بولغاندىكىن، قېنى
بۇ خىروئىن دېگەن قانداق نېمىكىن، بىر تېتىپ باقاي. ھەرقانچە

ئازاب بولسىمۇ، مەن تۇرپاندا كىنوخانا ئالدىدا تارتقان ئازابلارچىلىك ئەمەستۇ؟ مۇشۇنچىلىك جاھان ئىكەنغۇ... ياق، ياق! قاراپ تۇرۇپ ئالدىراپ ئۆزۈمنى نابۇت قىلماي. ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار. ئۇنىڭ ئۇستىگە مەن ياخشىلىقىغا جاۋاب قايتۇرىدىغان ئادەملەر تۇرسا. نابۇت بولسامۇ ئۆز ـ ئۆزۈمنى نابۇت قىلماي. قېنى، ئۇلار قانداق قىلىدىكىن، كۆرۈپ باقاي. بولمىسا، مۇشۇ يەردە ئۆلۈپ كېتەرمەن. ئەسلىمىغۇ ئاشۇ دەرەخلىكتە ئۆلۈپ كەتمەكچىدىم. ئۆلۈمۈم كەينىگە سۈرۈلۈپتۇ شۇ...»

قاھار ئاشۇ خىياللار بىلەن ئۇخلاپ قالدى. ئۇ تاڭ ئاتقۇچە سادىقنى چەكسىز كەتكەن كۆك شېغىللىق تۈيۈق سېيىدا قوغلاپ ـ پلا چۈش كۆرۈپ چىقتى. قوپقاندا ئۇنىڭ قاپاقلىرى ئىششىپ كەتكەن، بېشى ناھايىتى ئېغىر ئىدى.

تۆمۈر دوختۇر ئۇنىڭ تۇرقىغا قاراپ ئارتۇق گەپ قىلمىدى ۋە تاماكىسىغا ئوت ياقتى. بىردەم ئۆزىنى تىڭشاپ ئولتۇرۇپ كەتكەن قاھار ئۆزىنى تۇگىشىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلدى. ئۆيىنىڭ ئىچىنى ئەمدى ئۆلۈم بۇرۇقتۇرمىلىقى قاپلىغاندەك بولۇپ، تولىمۇ سۆرۈنلىشىپ كەتتى.

شۇ ۋاقىتتا «ئىشىك» تاراقلاپ ئېچىلىپ تونۇش ئاۋاز ئاڭلاندى:

ــ شوۋىگورۇچ لاۋتېنىڭ، موما سەي يىگىتىنىڭ.

ئەمدى بۇ ئاۋاز قاھارغا «زەھەر قاھارنىڭ» دېگەندەك ئاڭلىنىپ بەدىنى تىكەنلىشىپ كەتتى. قاھار ئىشىك تۈۋىگە بېرىپ، كۆڭلى خالىمىغان ھالدا تاماقلارنى ئېلىپ جايىغا كەلدى. ئۇنىڭغا شۇ تاپتا ئىككى ھورنان ئىككى بازغان بولۇپ، ئىككى چېكىسىگە تەڭ تېگىپ، مېڭە قېتىقىنى چىقىرىۋېتىدىغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى.

تۆمۈر دوختۇر ئارتۇق گەپ قىلماي، قاھارنىڭ چىنىسىنى قولىغا ئالدى. بىردىنلا قاھاردا تۆمۈر دوختۇرغا ئۆزىنىڭ زەھىرىنى بېرىۋاتقاندەك تۇيغۇ پەيدا بولدى ـ دە، دەرھال چىنىنى تارتىۋالدى.

ــ ياق، ياق...سىزمۇ يېمەڭ،ــ دېيەلىدى ئۇ ئارانلا.

— تاماقنى يېمىسەڭ، ئۇلار بىز توسۇپ قالالمايدىغان ۋەھشىي ئۇسۇلنى قوللىنىشى مۇمكىن، — دېدى تۆمۈر دوختۇر بۇنىڭغا ئاللىقاچان تەييارلىنىپ قويغاندەك تەمكىنلىك بىلەن، — مەن ئاخشاملا دېمەكچىدىم، ھاردۇق يېتىپ قالدى. ئۇلار شۇ تاپتا سېنى بۇ تاماقنى يەپ قىلتاقا چۈشتى دەپ ئويلاپ، سەندىن خاتىرجەم. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ مۆلچەر قىلغان ۋاقتىغا بارمىغۇچە، سېنى بۇ يەردىن چىقارمايدۇ. شۇڭا سېنىڭمۇ يالغاندىن ئۇلارنىڭ ئويلىغان يېرىدىن چىقىشىڭغا توغرا كېلىدۇ.

قاھار ئۇنىڭغا چۈشەنمەسلىك نەزىرى بىلەن قارىدى.

— يالغاندىن خۇمار بولۇپ قالغان قىياپەتكە كىرىۋالىسەن. مەن ساڭا دېدىم، مەن ئاللىقاچان تۆگەشكەن ئادەم. نېمىلا يېگىنىم ياكى يېمىگىنىم بىلەن بەرىبىر. ئەمما سېنىڭدەك گۇناھسىز ئادەمنى قۇتقۇزۇپ قالمىسام بولمايدۇ. بۇنىڭ بەدىلىگە ۋاقتى كەلگەندە مېنىڭ بىر نەچچە تەلىپىمنى ئورۇنداپ بەرسەڭ بولىدۇ. تەلىپىمنى ۋاقتى كەلگەندە دەيمەن. سەن ئاق كۆڭۈل بالا، ۋەدەڭدە تۇرىسەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ سەن ئورۇنداپ بولالمايدىغان تەلەپمۇ ئەمەس.

قاھار: «بەلكىم، تۇغقانلىرىغا ئۇنىڭ بۇ يەردىكى ئەھۋالىنى يەتكۈزۈپ قويىدىغان ئىشتۇ» دەپ ئويلاپ بېشىنى لىڭشىتتى.

تۆمۈر دوختۇر ئىشتىنىنىڭ ئۈستىگە چۈشكەن تاماكا چوغىنى قېقىش ئۈچۈن سۆزدىن توختىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ كىيىمىدە بۇنداق تۆشۈك كۆپ ئىدى. تاماكا چەككەندە خىيالى بىر يەردە تۇرمىغاچقا شۇنداقمۇ، تۆمۈر دوختۇر تاماكا چوغىنىڭ كىيىملىرىگە چۈشۈپ كۆيدۈرۈپ قويۇۋاتقانلىقىنى كۆپىنچە چاغلاردا تۇيماي قالاتتى.

تۆمۈر دوختۇر سۆزىنى داۋام قىلدى:

— مېنىڭ پىلانىم مۇنداق ئۇكام: سەن قىينالساڭمۇ مېنىڭ تامىقىمنى يېگىن. كېيىن خۇمار بولغان قىياپەتكە كىرىۋالىسەن. ئۆتكەندە مېنى كۆردۈڭغۇ، ئاشۇنداق ۋارقىرايسەن، دومىلايسەن، قىسقىسى، ئويۇن كۆرسىتىسەن. ئۇلارنىڭ كۈتكىنىمۇ شۇ. ئۇلار سېنىڭ خۇمار بولۇپ قالغىنىڭغا ئىشەنگەندىن كېيىن سېنى

قويۇۋېتىدۇ. سەن بۇ يەردىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن بىر ئامال قىلىپ شىنجاڭغا قايت. بولمىسا، سېزىلىپ قالساڭ، ئادەمگە تەلەي دېگەن نەرسە كېلىۋەرمەيدۇ. ئېسىڭدە تۇت، بۇ يەردىن چىققاندىن كېيىن شىنجاڭدىن كەلگەن ئۇيغۇر بولسىمۇ، ئامال بار راست ئەھۋالىڭنى ئېيتما. پەقەت بولالمىغىنىڭدا شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپلەرگە بار. ئۇ يەردىكى شىنجاڭدىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلار ھەرھالدا ساڭا ياردەم قىلىدۇ.

قاھارغا قاراڭغۇ ئۆيدىن قۇياش كۆتۈرۈلگەندەك بولدى. ئىنسان شۇنداق ئىكەن: ھاياتلىق ئۈمىدى ئۈزۈلگەندە، ئادەم ھەممىدىن كېچىپ، ھەرقانچە تەھدىتلەردىنمۇ قورقۇپ قالمايدىكەن، ھەممىگە پەرۋاسىز قارايدىكەن. ئەگەر ھاياتلىقتىن ئازراق بولسىمۇ ئۈمىد تۇغۇلىدىمۇ، بولىدى، ئادەم قەيسەر، ئىنتىلىشچان، شۇنداقلا ئېھتىياتچان بولۇپ كېتىدىكەن. شۇڭىمۇ، ئاخشامدىن بۇيان شۈكلىشىپ، ئۆلۈمنى ئويلاپ ۋەھىمە بېسىپ، ھەتتا ھەممىدىن ۋاز كېچىپ كەتكەن قاھار شۇ تاپتا ئۆزىنىڭ ھاياتقا نەقەدەر تارتىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. «شوۋىگۈرۈچ ئىچسەم نېمە بوپتۇ؟ قورسىقىمغا شۇمۇ يوق ئاچ - توق يۈرگەنلەردىن مىڭ ياخشىغۇ! ئۇنىڭ ئۈستىگە ھايات قالدىغان ئىش بولسا، ئۇنچىلىك ئاچ قېلىش نېمىتى!» شۇلارنى ئويلاپ ئۆلگۈرگەن قاھار ئۆزىنى يېنىك سېزىپ، تۆمۈر دوختۇرغا ئۈمىد بىلەن باقتى:

— تۆمۈر ئاكا، سىزگە كۆپ رەھمەت. ئەگەر سىز بولمىغان بولسىڭىز مەن قانداقمۇ قىلاردىم؟ سىزنى ئۆمۈرۋايەت ئۇنتۇمايمەن، سىزنىڭ قانداق تەلىپىڭىز بولسىمۇ ئورۇندايمەن. ئەگەر ھازىرچە قولۇمدىن كەلمىسە، بىر ئۆمۈر تىرىشىپ، تەلىپىڭىزنى ئورۇندايمەن. ماڭا ئىشىنىڭ ئاكا، مەن ھەرگىز سىزگە يۈز كېلەلمەيدىغان ئىشنى قىلمايمەن. سىزگە قەسەم قىلىپ بېرىمەن...

قاھار سۆزلىگەنچە ھاياجانلىنىپ كەتتى. تۆمۈر دوختۇر بولسا يەنە شۇ تەمكىنلىكى بىلەن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى:

— بولدى، قەسەم قىلمىساڭمۇ بولىدۇ، ئۇكام. مەن ساڭا ئىشەنگەچكە مۇشۇنداق قىلىۋاتىمەن. يەنە دەي، ئىپسىڭدە تۇت، مېنىڭ نېمە بولۇشۇم بىلەن كارىڭ بولمىسۇن، ئاچلىقتىن، يالغۇزلۇقتىن ھەرقانچە قىينالساڭمۇ غەيرەت قىل، بۇلارغا ھەرگىز چاندۇرما.

قاھارنىڭ كۆزلىرىگە ياش كەلدى. ئۇ تۆمۈر دوختۇرنىڭ يىڭنە ئىزى قاپلىغان قولىنى چىڭ تۇتۇپ مىننەتدارلىقىنى بىلدۈردى. تۆمۈر دوختۇر قولىنى تارتىۋېلىپ يەنە تاماكا تۇتاشتۇردى.

— ئۇكام، ساڭا يەنە بىر گەپنى دەپ قوياي. مەن جېنىمنى ئېلىشقا بارغانچە قىستاپ كېلىۋاتقان زەھەرنى تومۇرۇمغا ئۇرغاندىن كېيىن بەزىدە قېتىپ قېلىشىم مۇمكىن. ناۋادا شۇنداق بولۇپ قالسام ئاغزىمغا پۈۋلەپ نەپەس ئالدۇرغىن ياكى بولمىسا يۈرىكىم ئۇستىگە مۇشتلىساڭمۇ بولىدۇ، بولمىسا شۇ قېتىپ قالغانچە مەڭگۈ قېتىپ قالماي دەپ قورقىمەن. راستلا شۇنداق بولۇپ قالسام، قورقمايلا شۇنداق قىل،— دېدى تۆمۈر دوختۇر ھېچقاچان كۆرۈلمىگەن جىددىي تەلەپپۇز بىلەن. ئاندىن ئۇ بىر ھازا تۇرۇۋېتىپ قوشۇپ قويدى،— نېمىلا دېگەنبىلەن يەنىلا جان تاتلىق ئىكەن، ئۇكام. ئىمكانىبار بۇ ھاياتقا تارتىشىدىغان ئىش ئىكەن.

توغرا، ھايات ھاياتى ئاخىرلىشىۋاتقانلار ئۈچۈن تېخىمۇ تاتلىق. ھاراقنىڭ ئۆمۈرگە ئىككى ئىككەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ئىچىمىز. ھاراق بىرمۇنچە كېسەللىكنى تېنىمىزگە چاپلىغاندىلا ئالدىراپ داۋالىنىشقا چۈشىمىز. مانا بۇ ھاياتقا تارتىشقىنىمىز.

قاھار ئولتۇرۇپلا قالدى. مانا، نەچچە ۋاقتىن ئۆلۈمگە پىسەنت قىلماي پاراڭ قىلىپ ئولتۇرغان تۆمۈر دوختۇرمۇ شۇ تاپتا ھاياتنىڭ غېمىنى قىلىۋاتىدۇ. بۇنىڭغا قاراپ قاھار ئۆزىگە ئۆزى پىچىرلىدى: «تۆمۈر دوختۇرنىڭ گېپىنى ئاڭلايمەن، ئۇ قىل دېگەننى قىلىپ، بۇ يەردىن تىنچ - ئامان چىقىپ، شىنجاڭغا قايتىمەن. شىنجاڭغا سالامەت كېتىپلىۋالسام، قالغان ئىشلار شۇ چاغدا بىر گەپ بولار...»

# ئون بىرىنچى باب

شىئەندىن سادىق بىلەن سايىمىنىڭلا قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان زەۋەرگۈل تەئەججۈپتىن تۇرۇپلا قالدى. ھېمىت نەنسەنچى بولسا ساقىلىنى تۇتاملاپ خەپلەپ ئولتۇرالماي كەتتى:

— شۇ بىچارە بالىنى خۇدايىم ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن.

زەۋەرگۈل قولىدىكى قاھار ئۇچۇن كەشتىلەۋاتقان قولياغلىقنى نەچچە رەت مىجىقلىدى.

— نېمە بولغاندۇ ئۇ بالىغا؟ — ھېمىت نەنسەنچى تەكرار - تەكرار ئۆزىگە سوئال قوياتتى.

— سودىسى ئوبدان بولغان بولسا، سادىقلار يەنە ئۇزۇم ئالغىلى چىقتىمۇ - يە؟ — دېدى زەۋەرگۈل ئېھتىيات بىلەن.

ئېغىر تىنىپ بېشىنى چايقىغان ھېمىت نەنسەنچى پاختىلىق چاپىنىنى كىيدى:

— مەن بىرىپ ئۇقۇشۇپ باقاي.

ھېمىت نەنسەنچى ئۆزىنى باسالماي ئۇدۇل سادىقنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. زەۋەرگۈل بولسا ياغلىقنى كۆكسىگە باسقانچە قالدى.

زەۋەرگۈل بۇنداق بولارىنى پەقەت ئويلىمىغانىدى. ئۇ قاھار كەتكەندىن باشلاپ كۈن ساناپ ئولتۇردى. گەرچە ئۇ سادىقتا ئۆزىمۇ چۈشىنىپ بولمايدىغان جاۋابنى بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن سادىقنى چىن كۆڭلىدىن ئەسلىيەلمەيۋاتاتتى. سادىقنى ئويلىسىلا ئارقىسىدىن ئۇلىشىپلا قاھار خىيالىغا كىرىۋالاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا قاھار بىلەن بىللە كىتاب ئوقۇغانلىرىنى ئەسلەپ كېتەتتى. بەزىدە پاتىگۇل كېلىپ چۇڭقۇلداپ سادىق ۋە توي توغرۇلۇق گەپ قىلسا، زەۋەرگۈل دەسلەپ بېشىنى لىڭشىتىپ ئاڭلايتتى. ئاخىرىغا بېرىپ پاتىگۇل توينىڭ ھەشەمىتى ھەققىدە

كۆپۈپ سۆزلىسە، زەۋەرگۈل: «شۇ تاپتا قاھار نېمە ئىش قىلىۋاتقاندۇ؟» دەپ ئويلاپ قالاتتى. مانا پاتىگۈلنىڭ دەۋتى بىلەن سادىققا تەييارلاۋاتقان قولياغلىققا ئۇ ئۆزىمۇ تۇيمايلا ياغلىقتىكى ئەمدىلا كەشتىلەپ بولغان ئىككى غۇنچىنىڭ يېنىغا «ك» ھەرپىنى كەشتىلەپ قويدى. بۇ ئەلۋەتتە قاھار ئىككىسى كۆزلىرى ياش ھالدا يانمۇيان ئولتۇرۇپ ئوقۇغان «ئۆكسۈش» رومانىدىكى كەناننىڭ ئىسمىنىڭ باش ھەرپى. شۇنداق بولغاچقا زەۋەرگۈل سادىققا ۋەدە بەرگەندەك قىلغان بىلەن كىمگە كۆڭۈل بېرىشىنى ھېچ بىلەلمىدى...

زەۋەرگۈل مانا مۇشۇنداق مۇرەككەپ ھېسسىياتلار ئىلكىدە قىينىلىپ كۈنلەرنى توشقۇزۇۋېدى، ئۇنىڭ يۈرىكىنى زېدە قىلىپ قاھار كەلمەپتۇ.

ھېمىت نەنسەنچى سادىقنىڭ ئۆيىگە بارغاندا، سادىق كۆپۈپ سۆزلەپ، ئۇزۇمنى نېسى بەرگەن كىشىلەرگە پۇلنى بىرقانچە كۈندىن كېيىن بېرىش توغرۇلۇق ئەھۋال چۈشەندۈرۈۋاتاتتى. شۇ سەۋەبتىن ئۆي ئىچى ۋاراڭ – چۇرۇڭغا تولغانىدى. سايىم بولسا بىر چەتتە ھۆججەت يېزىپ، سادىقنىڭ شەخسىي تامغىسىنى بېسىش بىلەن ئالدىراش ئىدى.

سادىق قاپىقى سېلىنغان ھالدا قايناپ سۆزلەۋېتىپ ئىشىك تۈۋىدە ئۆزىگە مىختەك تىكىلىپ تۇرغان ھېمىت نەنسەنچىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى:

— ھېمىت ئاكا، سىزنىڭ نېمىگە كەلگىنىڭىزنى بىلىمەن. كۆرۈۋاتىسەن، ھازىر مەن ئالدىراش. ئۇنىڭ ئۈستىگە سەن بىلەن ئوبدان سۆزلەشمىسەم بولمايدۇ. شۇڭا ئىشىم بېسىققاندا ئۆيۈڭلەرگە باراي.

كەچقۇرۇن پاتىگۈل ئايىغىنى تاقىلدىتىپ زەۋەرگۈللەرنىڭ ھويلىسىدا پەيدا بولدى.

— ۋاي، زەۋەر، بىردەملىككە سادىق سىلەرنىڭ ئۆيگە كەلگۈدەك. ساڭا نېمىلەرنى ئەكەلگەندۇ ئۇ بايۋەچچە؟ — پاتىگۈل ھەدەپ تولىيىنىڭ ئېگىز، ئىنچىكە پاشنىسىنى يەرگە ئۇرۇپ

قوياتتى،— دەپ بىرىنى دىسەم، دىگىلى ئۇنىمىدى. قارىغاندا، خىلىلا ئىپسىل كىيىم.

زەۋەرگۈل مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى ۋە بارغانچە ياسانچۇق بولۇپ كېتىۋاتقان دوستىنىڭ توپلىيىغا قاراپ دىدى:

— توپلىيىڭ بەك چىرايلىق ئىكەن. بىراق سەن توپلەي ئالدىدا چىنىپ قاپسەن.

— چىدىماس،— دىدى پاتىگۈل يالغاندىن. شۇ تاپتا ئۇ زەۋەرگۈلنىڭ ئۆزىنى ئەمەس، توپلىيىنى ماختىغىنىدىن رازى بولۇپ، خۇشال بولۇۋاتاتتى. شۇنداق، ياسانچۇقلار ئۆزى بىلەن — گۈلدەك چىرايى، بىلىمى، ئەخلاق - پەزىلىتى بىلەن ئەمەس، بەلكى كىيگەن كىيىمى بىلەن ماختىنىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ نەزىرىدە كىيگەن كىيىمىنىڭ بىر تال تۈگمىسىنىڭ ساڭگىلاپ قېلىشى ياكى قولياغلىقى بىلەن كىيىم رەڭگىنىڭ ياراشماسلىقىمۇ گۈزەللىكنىڭ تۈگىگىنى.

پاتىگۈل بىردەم قولىدىكى سائەتكە، بىردەم توپلىيىغا قارىغىلى تۇردى. زەۋەرگۈل بولسا سادىقنى نىمە سوۋغا ئەكىلىدىكىن، دەپ ئەمەس، بەلكى قاھار ھەققىدە قانداق خەۋەر ئەكىلىدىكىن دەپ تاقەتسىزلىنىپ ساقلاشقا باشلىدى.

— سادىقنىڭ كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى،— دىدى پاتىگۈل تىتىلداپ،— ھىمىت ئاكام بىر يەرگە چىقىپ تۇرسا بولاتتى. بولمىسا بىزگە ئەپسىز.

— تولا ياغلىمىلىق قىلما،— دىدى زەۋەرگۈل جىلە بولۇپ،— چىقىپ تۇرۇش توغرا كەلسە سەن چىقىپ تۇرساڭ بولىدۇ.

پاتىگۈل خاپا بولۇپ دومسايدى.

ئاڭغىچە سادىق كىچىك سومكىسىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ، بىر قارا سومكىنى كۆتۈرگەن سايىمىنى ئەگەشتۈرۈپ كىرىپ كەلدى.

— تىنچلىقمۇ زەۋەرگۈل؟ ئوبدان تۇردىڭىزمۇ؟— سادىق خۇشاللىق بىلەن سورىدى.

— ئوبدان قايتىپ كەپسىلەر،— دىدى زەۋەرگۈل سادىققا يەر

تېگىدىن قاراپ. سادىق بىلەن سايىم ھەقىقەتەن پۇزۇر كىيىنىۋالغانىدى. سايىمنىڭ تۇرقىدىن كۆرەڭلىكى چىقىپ تۇراتتى.

ئاڭغىچە ھېمىت نەنسەنچى ھويلىغا چىقتى. قىسقىلا ئەھۋاللىشىشتىن كېيىن ئۇلار ئۆيگە كىردى. ئوتتۇرىدىكى يوچۇنلا كەيپىياتتىن مەڭدەپ قالغان پاتىگۇلمۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ ئۆيگە كىردى.

— ھېمىت ئاكا، گەپنىڭ ئۆزىنى دېمىگۇچە، باشقا گەپكە ئورۇن يوق ئوخشايدۇ، — دېدى سادىق سىلىق - سىپايە بولۇشقا تىرىشىپ، — ھەرقاچان قاھارنىڭ دېرىكىنى ئالالماي ئىچىڭلار پۇشۇپ قالغاندۇ؟ شۇنداق بولغاندىكىن، مەنمۇ گەپنى ئۇدۇللا قىلاي. شىئەنگە بارساق بىز دېيىشكەن سودىگەرلەر لەنجۇدا ئىكەن. ئۇلار كەلگۇچە قاراپ تۇرمايلى، دەپ بازار تەكشۇرسەك، ئۇزۇمنىڭ پارچە باھاسى يۇقىرى ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ سودىگەرلەر كەلگۇچە ئۇزۇمنى بىر نەچچە كۇن پارچە سېتىپ تۇرىدىغان بولدۇق. پارچە سېتىش جاپا بولىدىغان بولغاندىكىن، ساتقۇچىغا جىڭ بېشىدا ئىككى كويدىن ئايرىيدىغان بولدۇق. بۇنى ئاڭلاپ، قاھار مەنمۇ ئازراق پۇل تاپاي، دەپ بۇ ئىشقا ئارىلاشتى. مەن، ھېمىت ئاكام سېنى سودىغا ئارىلاشتۇرما دېگەن دېسەممۇ ئۇنىماي تۇرۇۋالدى.

— ھېچبولمىسا مەن بىللە چىقاي دېسەم، مېنىمۇ ئۆزۇڭ ئايرىم قىل دەپ ئۇنىمىدى، — دەپ گەپ قىستۇردى سايىم.

— شۇنىڭ بىلەن بىز ئويلىشىپ ئۇنى ئۇزۇمگە قارايدىغان، قايسىمىز سېتىپ بولساق، ئەۋەتكەن ماشىنا بىلەن ئۇزۇم ئاپىرىپ بېرىدىغان ئىشقا ئورۇنلاشتۇردۇق. بېرىدىغان ھەق جىڭ بېشىغا بىر كويدىن بولدى.

— ئىشلەمچىلەر ماشىنىغا بېسىپ بېرىدۇ. ئۇ ماشىنىدا ئولتۇرۇپ ئەكېلىدۇ. ئۆزىمىز چۇشۇرۇۋالىمىز. سادىق ئۇنى ھەقىقەتەن ئايىدى، — دەپ يەنە گەپ قىستۇردى سايىم.

— راستىنى دېسەم، سېنىڭ گېپىڭنى ئاڭلىدىم، ھېمىت

ئاكا،ــ دېدى سادىق سۆزىنى داۋام قىلىپ،ــ سېنىڭ تاپىلىغىنىڭ بويىچە ئۇنى سودىغا ئارىلاشتۇرماي دېدىمغۇ. شۇنداق قىلىپ ئىككى كۈن ئۇزۇم ساتتۇق. سودىمىز ئويلىغىنىمىزدىنمۇ ياخشى بولدى. ھەممىمىز خۇشال بولدۇق. ئەمما ئۈچىنچى كۈنى چۈشتىن كېيىن ئەۋەتكەن ماشىنا ئامبارنى ئېتىككەن، دەپ كەلدى. ئىككى قېتىم ئەۋەتسەكمۇ شۇنداق. بولماي بارساق، ئامبار راستىنلا قۇلۇپلاقلىق. قاھارنى بازارغا كەتتىمۇ ـ يە، دەپ ساقلىدۇق. كەچكىچە يوق. بولماي ئامبارنىڭ ئىگىسىنى تاپساق... نېمىسىنى دەي، ھېمىت ئاكا، قاھار ئامباردىكى ئوتتۇز بەش توننا ئۈزۈمنى بازاردىكى توپ باھادىنمۇ بىر يۈەن تۆۋەننىگە سېتىۋېتىپ كېتىپتۇ. ئىشەنمىدۇق، ساقچى چاقىردۇق. شۇ يەردىكى ئىشلەمچىلەرمۇ گۇۋاھلىق بەردى. شۇنىڭ بىلەن تەرەپ ـ تەرەپتىن ئىزدىدۇق، نەچچە كۈن ئىزدىدۇق، ئۇ يوق. ئامالسىز قالغان ئۈزۈملەرنى سېتىۋېتىپ، قاھارنى ئىزدەشنى تونۇش ـ بىلىشلەرگە ھاۋالە قىلىپ قويۇپ قايتىپ چىقتۇق. ئۆزۈڭ بىلىسەن، ئوتتۇز بەش توننا ئۈزۈم دېگەن... تونۇگۈنكى سەن ئۆيدە كۆرگەن جېدەل شۇ. شۇنچە كۆپ ئۈزۈم شامالغا ئۇچۇپ كەتسە، ئەلۋەتتە مەن ھەممىسىنىڭ پۇلىنى بىراقلا بېرەلمەيمەن ـ دە، شۇڭا ئۇلارغا بىر ھەپتىلىك مۆھلەت بىلەن ھۆججەت يېزىپ بېرىپ تۇردۇم. بولغان ئەھۋال مانا شۇ.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ھېمىت نەنسەنچى، زەۋەرگۈللا ئەمەس، ھەتتا پاتىگۈلمۇ ھاڭ ـ تاڭ قالدى. پەيتى كەلسە گەپ قىستۇراي دەپ تۇرغان سايىمۇ سادىقنىڭ شۇنچە تەبىئىي، شۇنچە راۋان، شۇنچە سەمىمىي سۆزلىگىنىگە قاراپ ئىشىنىپ قالغىلى تاسلا قالدى.

ــ ئۇ ھەتتا نەرسە ـ كېرەكلىرىنىمۇ تاشلاپ كېتىپتۇ،ــ دېدى سادىق. شۇندىلا سايىم ئۆزىگە كېلىپ، باياتىندىن بېرى پاتىگۈل «قانداق ئېسىل سوۋغات باردۇ؟» دەپ تەلمۈرۈپ تۇرغان قارا سومكىنى كارىۋات ئۈستىگە قويدى.

ھېمىت نەنسەنچى ئۆزى بەرگەن سومكىنى تونىدى. سومكىدىن

ئۇلارغا تونۇش بولغان كىيىم ـ كېچەك، تەييار چۆپ قاتارلىق نەرسىلەر چىقتى. سايىم ئاخىرىدا بىر قۇتا قورۇلغان گۆشنى ئېلىۋىدى، زەۋەرگۇلنىڭ يۈرىكى «قارتتىدە» قىلىپ قالدى.

— ھېيىت ئاكا، مەن ساڭا يۈز كېلەلمەيمەن، ئالدىڭدا خىجىل،— دېدى سادىق تۆۋەنچىلىك بىلەن،— بىراق، تارتقان زىيانىنىڭ دەردىنى تارتماي ئامالىم يوق. شۇنىڭدىن بولسىمۇ مېنىڭ كۆڭلۈمنى چۈشىنىپ قېلىڭلار.

ئۇنىڭ گەپدانلىقىغا سايىم ھەيرانلا قالدى.

— بولدى، ئۇكام،— دېدى ھېيىت نەنسەنچى يۈرىكى قاتتىق ئاغرىپ، ئاندىن ئەلەم بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى،— بىز سېنىڭ ئالدىڭدا خىجىل. ھازىرچە توغرا چۈشىنىپ تۇر.

— ئويلىشىپ بېقىڭلار، بۇنى باشقىلارغا ئۇقتۇرىمىزمۇ ياكى يۇرتىغا كەتتى، دەپ قويىمىزمۇ؟ ئىختىيارىڭلار،— دېدى سادىق ۋە خوشلىشىپ كەينىگە ياندى. ئۇلارنى پاتىگۇل بىلەن زەۋەرگۇل ئۇزىتىپ چىقتى.

— زەۋەرگۇل، ئۇ ئىش ئايرىم. مەن سىزگە ئازراق بىر نەرسە ئالغاچ كەلگەنىدىم، كەچتە پاتىگۇلدىن ئەۋەتىپ بېرىمەن.

— رەھمەت،— زەۋەرگۇلنىڭ ئاۋازى بوشلا چىقتى.

— ئەستا، نېمە ئىش بولغىنى بۇ ئەمدى؟— دېدى پاتىگۇل ئۆيگە قايتىپ كىرگەندىن كېيىن جىلە بولۇپ.

— قاھار راستتىنلا شۇنداق قىلغاندىمۇ؟— دېدى ھېيىت نەنسەنچى. ئۇ شۇ گەپنىڭ كەينىدىن ئۇلىشىپلا بوغۇزىغا كېلىپ قالغان «بۇلار ئۆزلىرى قاھارغا بىرەر چاتاق سالمىغاندۇ ـ ھە؟» دېگەن گەپنى دېيەلمىدى.

— مېنىڭ، ھېچ ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ،— دېدى زەۋەرگۇلمۇ روھسىزلا.

كەيپىياتقا قاراپ بېقىپ پاتىگۇل ئورنىدىن تۇردى:

— كەچتە كېلەي.

ئاتا ـ بالا ئىككىسى ئەلەملىك ھېسسىيات قاينىمىدا ئەلەڭلەپ قالدى.

— ئاتا، قاھار راستتىنلا شۇنداق قىلغانىدىمۇ؟ ئۇ شۇنداقمۇ قىلارمۇ؟— يەنە سورىدى زەۋەرگۈل.

— قىزىم، مەنمۇ ئىشىنەلمەيۋاتىمەن. ئۇ ئۇنداق بالا ئەمەستى. نېمە قىلىپ بۇ بالا ـ قازا ئوتتۇرىغا چىقتى ئەمدى.

— ئادەم دېگەننىڭغۇ بىر نەرسە دەپ بولمايدۇ. قاھار ھەدېسە پۇل تېپىشنىڭ غېمىدە قالغانىدى يا...

— ئالدىراپ بىر نەرسە دېسەك بولمايدۇ، قىزىم.

— ئۇغۇ شۇ. نېمىلا بولسا، بىر خەۋىرى بولغان بولسا...

— قىزىم، يا بۇلار ئۆزلىرى قاھارغا بىرەر زەرەر يەتكۈزۈپ...

— بۇنى مەنمۇ ئويلىغان، ئاتا. بىراق، ئۇلار بۇ ئىشنى يۇرتقا دېيىش ياكى دېمەسلىكنى ئىختىيارىمىزغا قويۇۋاتسا، ئۇلاردا گەپ بولسا ئالدىراپ مۇنداق دەمدۇ؟

— بۇ يەرىمۇ راست. بوپتۇ، ھازىرچە قاھارنى يۇرتىغا كەتتى، دەپ تۇرايلى. بەرىبىر يېشەلمەيدىغان سىر يوق. ماڭ، چاققان بېرىپ پاتەمگە دەپ قوي، بولمىسا جاۋىلداپ بىر كەلتۈرمىسۇن بىكار.

گەپ شۇنداق بولغان بىلەن زەۋەرگۈل ئەلەم ۋە غەزەپتىن ئۆزىنى باسالماي قالدى.

مەغرۇر كېتىۋاتقان سادىقنىڭ كەينىدىن سوكۇلداپ كېلىۋاتقان سايىم ئۇنىڭغا يېتىشىۋېلىپ ئېغىز ئاچتى:

— گەپ دېگەنگە ئۇستا بولۇپ كېتىپسەن، سادىق، تاس قالدىم مەنمۇ ئىشىنىپ قالغىلى.

— سەنمۇ ئۆگەن. بولمىسا، بېشىمىزغا بالا بولىدۇ.

— بولىدۇ، بولىدۇ،— دېدى سايىم «بۇ سادىقتىن ھەزەر ئەيلىسەم بولغۇدەك» دەپ ئويلاپ. ئاندىن ئۆزىنىڭ ئەندىشىسىنى دېدى،— بايا سەن قورقمايلا «يۇرتقا دېيىش ـ دېمەسلىك ئىختىيارىڭلار» دېدىڭغۇ. بۇ ئىش يۇرتقا يېيىلسا، بىرەر چاتىقى چىقمىسۇن يەنە، مەسىلەن، ساقچىلار ئارىلىشىپ...

— بۇنىڭدىن غەم قىلما،— دېدى سادىق كۆرەڭلىك بىلەن كۈلۈپ،— ئۇلاردا ئۇنچىلىك ئەقىل يوق، ئەكسىچە ئۇلار بۇ ئىش

يۇرتقا يېپىلسا، شۇنداق بىر سىنى ئۆيىدە تۇرغۇزغان سەۋەبلىك باشقىلارنىڭ ئۆزلىرىنى ئەيىبلىشىدىن قورقىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە قاھارنى ساقچىلارمۇ تەكشۈرۈپ باردى ئەمەسمۇ. مۇھىمى، بۇ گەپ بىلەن ئۇلار بىزدىن گۇمانلانمايدۇ.

سادىق شېرىن تۇيغۇلارغا چۆمۈلۈپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. سايىمنىڭ بولسا تېنى شۈركۈندى: «ياپىر، سادىق مەن ئويلىغاندىنمۇ قورقۇنچلۇق، ھىيلە ـ مىكىرلىك ئىكەن ئەمەسمۇ. ئەمدى ئۇنىڭ ھەممە سىرلىرىنى بىلىپ تۇرمىسام، ھامىنى مېنىمۇ بوش قويمىغۇدەك...»

※ ※ ※

ئېنىقسىز چۈشلەر تۇپەيلى قىينىلىپ ئۇخلاۋاتقان قاھار تاڭغا يېقىن سۈس ئىڭراشتىن تەستە ئويغاندى. ئۆي ئىچى شام يورۇقىدا خىرە يورۇپ تۇراتتى. قاھارنىڭ كاللىسىدا «تۆمۈر دوختۇر ئوكۇل قىلىۋاتامدۇ، نېمە؟» دېگەن ئوي پەيدا بولدى ۋە ئالدىرىماي ئورنىدىن تۇردى. ئەمما تۆمۈر دوختۇر ئوڭدىسىغا يېتىپ بەخىرامان ئۇخلاۋاتاتتى. قاھار «خامۇشلۇقتا شامنى ئۆچۈرۈشنى ئۇنتۇپ قالغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ، بېرىپ شامنى ئۆچۈرۈۋەتمەكچى بولدى. بىراق، تۆمۈر دوختۇرنىڭ تولىمۇ تىنچ ياتقىنىنى كۆرۈپ سەل باشقىچە بولدى. دەرۋەقە، قاھار يېقىن بېرىپ قارىۋىدى، تۆمۈر دوختۇر نەپەسمۇ ئالماي يېتىپتۇ. قاھار شۇ ھامان تۆمۈر دوختۇرنىڭ «قېتىپ قېلىش» ھەققىدىكى سۆزىنى يادىغا ئالدى ۋە ئۇنى چاقىردى، ئۇ جىم. قاھار ئۇنى قاتتىقراق نوقىدى. ئۇ يەنىلا جىم. بۇنىڭدىن قاھار جىددىيلىشىپ قالدى. ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشىپ، ئالدى بىلەن تۆمۈر دوختۇرنىڭ بۇرنىنى ئېتىۋېلىپ، ئاغزىغا بىر نەچچە قېتىم قاتتىق پۈۋلىدى. ئاندىن مۇشتىنى چىڭ تۈگۈپ، ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ نەق ئۈستىنى نىشانلاپ قاتتىق ئىككى قېتىم مۇشتلىدى. دېگەندەك، تۆمۈر دوختۇر خارتىلداپ نەپەس ئېلىپ

مىدىرلىدى. قاھار ئىغىر ھاسىرىغىنىنچە جايىدا جىممىدە ئولتۇرۇپ قالدى.

ئاستا - ئاستا ئېسىگە كەلگەن تۆمۈر دوختۇر بىر ياندا ئۆڭسۈلى ئۆچكەن ھالدا ئولتۇرغان قاھارغا قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

ئىككىسى ئەنە شۇ ھالەتتە ئولتۇرۇپ تاڭ ئاتقۇزۇۋەتتى. قاھار تۆمۈر دوختۇرنىڭ مۇنداق ئۇزۇن خىيال سۈرگىنىنى كۆرمىگەنىدى.

ئۇلار ناشتىدا تاماقلىرىنى «ئالماشتۇرۇپ» يېيىشكەندىن كېيىن تۆمۈر دوختۇر ئالدى بىلەن ئېغىز ئاچتى:

— مەن كۆپ ئويلاندىم. ئەمدى ساڭا ئەڭ مۇھىم مەخپىيەتلىكىمنى دەيدىغان ۋاقىت كەپتۇ.

قاھار «يەنە نېمە مەخپىيەتلىكى باردۇ؟» دەپ ھەيران قالدى.

— مەن ساڭا بۇرۇنلا دېگەن، — دېدى تۆمۈر دوختۇر تاماكىسىغا ئوت يېقىۋالغاندىن كېيىن، — ساڭا ئامەت ئەكېلىدىغانلىقىمنى ئېيتقانىدىم. شۇنداقلا ئەينى ۋاقىتتا مېنىڭدە نۇرغۇن پۇلنىڭ بارلىقىنىمۇ بىلدىڭ. شۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئەمدى ساڭا سۆزلەپ بەرمىسەم بولمىغۇدەك. سەن ئالدى بىلەن ھېكايەمنى ئاڭلا، ئاندىن ساڭا تەلەپلىرىمنى دەيمەن.

بۇ گەپكە قاھار تېخىمۇ ھەيران قالدى. «ئەمدى ماڭا نېمىمۇ ئامەت كېلەر؟ بۇ دوختۇر نېمە ئامەتنى دەۋاتقاندۇ؟» قاھار چۈشىنىكسىزلىك ئىچىدە تۆمۈر دوختۇرنىڭ سۆزلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇردى.

— مەن ساڭا ئالتۇن ھەققىدىكى ھېكايىنى سۆزلەپ بېرەي، باشتىن سۆزلەي، — تۆمۈر دوختۇر شۇنداق دەپ مال - دۇنيا ھەققىدىكى سىرلىق ھېكايىسىنى باشلىدى، — بىز ئۈچ بالا ئىدۇق. مەن كىچىكى. ئائىلىمىزنىڭ ئىقتىسادى دېگەندەك ياخشى بولمىسىمۇ، ھەر ھالدا كۆڭۈللۈك ياشايتتۇق. مەن ئون ياشقا كىرگەن يىلى ئاپام يوشۇرۇن يۈرەك كېسىلى بىلەن تۈگەپ كەتتى. كېيىن بىزگە ئۇچرىغان ئالتۇن بىلەن يۈز بەرگەن مەدەنىيەت ئىنقىلابى بولمىغان بولسا، بىزمۇ باشقا ئائىلىلەرگە

ئوخشاش كۆننىڭ سىرىقىنى كۆرگىنىمىزگە خۇش بولۇپ، بۇ جاھانغا ئۆزىمىزدىن باشقىلار ئەسلىمەيدىغان ئىزلارنى قالدۇرۇپ، ئادەتتىكىچىلا ياشاپ ئۆتكەن بولاتتۇقمىكىن دەيمەن؟ مەن ئۇن ئالتە ياشقا كىرگەن يىلىغۇ دەيمەن. بىز ئۈچ ئوغۇل ئاتامىنىڭ باشچىلىقىدا مەھەللىنىڭ سىرتىدىكى قۇملۇقتا يانتاق چېپىۋاتاتتۇق. كۈن كەچ بولاي دېگەندە، ناھايىتى ھارغىن چىراي بىر كىشى كېلىپ قالدى. ئۇنىڭ تۇرقىدىن بۇ يۇرتلۇق ئەمەسلىكى، ھېرىپ ھالىدىن كەتكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. ھەممىمىز بۇ يوچۇن ئادەمگە ھەيران بولۇپ قاراپ تۇردۇق. ئۇ ئادەم ئۇياق - بۇياققا قارىۋەتكەندىن كېيىن ئۇدۇل بىزنىڭ يېنىمىزغا كېلىپ بىز بىلەن سالاملاشتى. ئاندىن قىيىنلىپ تۇرۇپ سورىدى:

— مۇشۇ ئەتراپتا ئۆزمىلىك دەيدىغان قەبرىستانلىق بارمۇ؟

بىز ئاتىمىزغا قارىدۇق. ئاتام: «ئۆزمىلىك، ئۆزمىلىك» دەپ خىلىغىچە تۇرۇپ كەتتى.

— ھەئە، ئۆزمىلىك دېگەن قەبرىستانلىق، — دېدى يولۇچى ئاتامنىڭ ئاغزىغا ئۈمىد بىلەن تىكىلىپ.

ئاتام تۇيۇقسىز جانلاندى ۋە تىترەك ئاۋازدا:

— بار، — دېدى، ئاندىن ئۇ كىشىگە سىنچىلاپ قاراپ، — قانداق، ئۇ قەبرىستانلىقتا بىرەر ئۇرۇق - تۇغقان دەپنە قىلىنغانمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ھەئە، — دېدى ئۇ كىشى ئالدىراپ، ئاندىن بىر نەرسىدىن ئېھتىيات قىلىۋاتقاندەك تەمكىن قىياپەتكە قايتتى، — مەن كۈچانىڭ ئوچا دېگەن يېرىدىن كەلدىم. بوۋام ھاشىم «تۆگە» دېگەن ئادەم ئەسلى مۇشۇ دىغارلىق بولۇپ، كېيىن يېغىلىقتا قوشۇلۇپ، ئاقسۇغا بېرىپ، ئاخىر كۈچادا تۇرۇپ قاپتىكەن. بوۋامنىڭ دېيىشىچە، بىزنىڭ چوڭ بوۋىمىزنىڭ قەبرىسى مۇشۇ يەردىكى ئۆزمىلىك دېگەن قەبرىستانلىقتا ئىكەن، بوۋام ئۇ قەبرىنى چوقۇم يوقلاشنى ۋەسىيەت قىلغانىدى. ئۆزۈندىن بۇيان جان بېقىشنىڭ ھەلەكچىلىكىدە كەلگۈدەك پۇرسەت بولمىدى. جاھاننىڭ كارى

ئىزىغا چۈشكەندىن كېيىن تەۋەككۇل دەپ بۇ ياققا ماڭدىم.

ئاتام ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ كەتتى. ئاندىن:

— هاشىم «تۆگە»؟ — دەپ ئويلىنىپ تۇرۇپ قېلىپ دېدى،— ئايرىلغىلى شۇنچە ئۇزۇن بوپتۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە سىز بۇ ياقلارغا كېلىپ باقماپسىز. چوڭ بوۋىڭىزنىڭ قەبرىسىنى تاپالارسىزمۇ؟

— ئەمدى قەبرىستانلىقنى تاپقاندىكىن تاپارمەن،— دېدى خېلى يېنىك بولۇپ قالغان يولۇچى،— بايا سىلى دېگەندەك بۇ تەرەپلەرنى ئۇقمىغاندىكىن، مۇشۇ قەبرىستانلىقنى ئىزدەپ تاپقۇچىمۇ خېلى هەرەج تارتتىم، شۇ سەۋەبتىن مۇشۇ هالغا چۈشۈپ قالدىم. ئېسىمدە بوۋامنىڭ «لۈكچۈن تەرەپتە... ئۆزىمىلىك قەبرىستانلىق...» دېگەن گەپلىرى قاپتىكەن. شۇ بويىچە ئىزدەپ...

نېمىشقىدۇر ئاتام يولۇچىنىڭ گېپىنى بۆلدى:

— ئۇ يەرلەردىكى قەبرىلەرگە ئۇزۇن زامانلار بولۇپ كەتتى. قەبرىلەرمۇ كونىراپ ئۇپراپ بىر يەرگە باردى. شۇڭا دېگىنىم، چوڭ بوۋىڭىزنىڭ قەبرىسىنى...

— بىلىمەن، بىلىمەن،— دېدى يولۇچى،— شۇ ئۆزىمە بولسا ياكى ئورنى بولسىلا تاپالايمەن. بوۋامنىڭ دېيىشىچە، چوڭ بوۋامنىڭ قەبرىسى شۇ ئۆزىمىنىڭ قورۇپ كەتكەن تەرىپىنىڭ ئۇدۇلىدىكى قەبرىلەرنىڭ ئوتتۇرىدا ئىكەن.

بۇنى ئاڭلىغان ئاتام «هە...» دەپ بېشىنى لىڭشىتىپ، خۇددى ئۆزىدىن گەپ كۈتۈۋاتقان يولۇچىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك تۇرۇپ كەتتى. ئاندىن بىر كۆرۈپمۇ باقمىغان يۇمشاق تەلەپپۇز بىلەن:

— بەك ئوبدان بوپتۇ. تارتقان جاپالىرىڭىزغا تۇشلۇق ئىش بوپتۇ. مۇشۇ قوم دۆۋىسىدىن هالقىپ شىمالغا قاراپ ئون كىلومېتىر دەك ماڭسىڭىز قەبرىستانلىققا يېتىپ بارسىز،— دېدى، ئاندىن كۈنگە قاراپ قويۇپ قوشۇپ قويدى،— كۈننىڭ ئەتىگىنىدە تېپىۋېلىڭ. بولمىسا قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكۈدەك.

يولۇچى رەهمەتلەرنى ئېيتىپ يولغا ماڭدى. ئۇنىڭ قارىسى يىتۇشى بىلەنلا چوڭ ئاكام سورىدى:

— ئاتا، بۇ دىغاردا نەدە ئۆزمىلىك دەيدىغان قەبرىستانلىق بار؟
— ئۆزمىلىك دېگىنى بۇرۇنقى ئىسمى، ھازىر قۇمقاچار دېيىلىدۇ.
قۇمقاچار قەبرىستانلىقىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ ھەممىمىز چۆچۈپ كەتتۇق. چۈنكى بۇ قەبرىستانلىق ئاتام بايا يولۇچىغا كۆرسىتىپ قويغان تەرەپتە ئەمەس. ھازىر يولۇچى كەتكەن يەر يۇرمۇڭدىكى قەبرىستانلىق بولۇپ، ئۇ شىمال تەرەپتە ئىدى. ئاتام دەۋاتقان قەبرىستانلىق بولسا ئۇنىڭ ئەكسىچە جەنۇب تەرەپتە — دىغار كەنتىنىڭ ئاخىرلاشقان يېرىدىكى تاشلاندۇق قەبرىستانلىق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ يەردە ئۇنداق يوغان ئۆزمىمۇ يوقتەك قىلغان.
ئىككىنچى ئاكام مۇشۇ ئىشنى سورىدى:
— ئاتا، ئۇ يەردە نەدە ئۆزمە بار؟
— ئۇنتۇپ قالدىڭلارمۇ؟ — دېدى ئاتام بىر نەرسىگە ئالدىرىغاندەك سۆزلەپ، — 1961 - يىلىدىكى چوڭ بوراندا قومۇرۇلۇپ كەتتى.
ئەمما، مېنىڭ ئويلاۋاتقىنىم باشقا ئىش ئىدى:
— ئاتا، ئەمىسە ئۇ كىشىگە باشقا قەبرىستانلىقنى كۆرسىتىپ قويدۇڭغۇ؟
— گەپنى ئاز قىلىڭلار، — دېدى ئاتام ئىشەكنى ھارۋىغا قېتىپ، — قالغان يانتاقنى شۇ قەبرىستانلىققا بېرىپ چاپىمىز.
— ھازىرلا قاراڭغۇ چۈشىدۇ، ئاتا، — دېدى چوڭ ئاكام، — ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ يەردىكى يانتاق شالاڭ تۇرسا، ئىش ئاۋۇمايدۇ.
— مەن دېگەندىكىن، شۇ يەرگە بارىمىز، — دېدى ئاتام زەردە قىلىپ. ئاتامنىڭ پەيلىگە قاراپ، چاپقان ئازغىنە يانتاقنى ھارۋىغا بېسىپ، ھارۋىنىڭ كەينىدىن ئەگەشتۇق. ئاتامنىڭ قەدەملىرى تېز ئىدى، قۇمدا ھارۋىنى ئاران تارتىپ كېتىۋاتقان ئىشەكنى تېز مېڭىشقا مەجبۇرلاپ، ھەدەپ تاياقلايتتى.
بىز ئۈچ ئوغۇلنىڭ ئۇ يەرگە بارغۇمىز يوق ئىدى. شۇڭا بوينىمىزنى باغلىغاندەك ماڭدۇق، قەدەملىرىمىز ئاستا، نارازى

بولۇپ، ھەدەپ ئاتامغا ھومىيىپ قارايتتۇق. ئەھۋالىمىزنى بىلىپ ئولگورگەن ئاتام چوڭ قوم دۆۋىسىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتكەندىن كېيىن ھارۋىنى توختاتتى. بۇ يەر پىنھان ھەم بۇ قوم دۆۋىسىدىن چىقىپ ئازراقلا ماڭساق قۇمقاچار ـ ئۆزىمىلىك دېگەن قەبرىستانلىققا باراتتۇق.

ــ سىلەر بولمىساڭلار ئۇ ئىشنى قىلالمايمەن، ــ دېدى ئاتام بىزنى ئەتراپىغا يىغىپ. ئۇنىڭ ئەنسىز ھالدا ئەتراپقا قارىشىدىن ناھايىتى مۇھىم بىر ئىشنى بىزگە ئۇقتۇرماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇردۇق، ــ بالىلىرىم، مەن ھازىر سىلەرگە بىر زور بايلىقنىڭ سىرىنى سۆزلەپ بەرمەكچى. باشتىلا دەپ قوياي، بۇ سىرنى مەھكەم ساقلاڭلار، ھەرقانداق ۋاقىتتا ھېچكىمگە تىنماڭلار. بولمىسا ئالتۇن دېگەن باشقا بالا. ئۇنىڭ بالاسى نۇرغۇن ئادەمنى ۋەيران قىلىدۇ، ئاخىرىدا ئالتۇن ئۆزى قالىدۇ.

ئالتۇننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ھەممىمىز جانلىنىپ كەتتۇق.

ــ مەن ئۆزۈم ئاڭلىغان بىر ئىشنىڭ راست ـ يالغانلىقىغا ئىشەنچ قىلالماي يۈرگىلى ئۇزۇن بولغانىدى. قارىغاندا، مەن ئاڭلىغان ئۇ ئىش راست ئوخشايدۇ. سىلەر بىلىسىلەر، مەن 1948 ـ يىلى «قۇتراتقۇلۇق قىلغان» دېگەن بەتنام بىلەن گومىنداڭنىڭ پىچاندىكى تۈرمىسىگە قامالدىم. مەن ياتقان كامېردا نىياز «قويچى» دەيدىغان، يېشى ئەللىكتىن ئاشقان دالانكارىزلىق بىر قويچى بار ئىكەن. ئۇمۇ قوي بېقىۋاتقان يېرىدىن تۇتۇپ كېلىنگەنىكەن. نېمە گۇناھى بارلىقى ئېنىق ئەمەس. ئۇ چاغلاردا بۇنداق ئىشلارنىڭ ئىزدەك ـ سورىقى يوق ئىدى. مانا قويۇپ بېرەر، ئەنە قويۇپ بېرەر دەپ بىرەر يىلدەك يېتىپ كەتتۇق. ئۇ قويچىنىڭ بەدىنى ئەسلىدىنلا ئاجىز بولغاچقا، تۈرمىدىكى ناچار شارائىت تۇپەيلى ھالىدىن كېتىپلا قالدى. ئۇ بىچارىنىڭ گېلىدىن تاماق ئۆتمەيدىغان بولۇپ قالغاندا، ئۇ ماڭا بىر سىرنى دەپ بەردى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، دىغاردا ھاشىم «تۆگە» دەيدىغان بىر كارۋانچى ئادەم ئۆتكەن بولۇپ، كارۋان تارتىش جەريانىدا ئۆزىمۇ سودا قىلىپ نۇرغۇن مال ـ دۇنيا توپلىغانىكەن. 1933 ـ يىلى پۈتۈن

لۇكچۇن دىيارىغا «مەخسۇت مۇھىتىلار خوجىنىياز پالۋاننى چاقىرىپ كەپتۇ. ئارقىسىدىن شىڭ دۇبەن قوغلاپ كېلىۋېتىپتۇ. قاتتىق يېغىلىق بولغۇدەك. ئۇزۇڭنى جايلا» دېگەن خەۋەر يۇر كېتىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ھاشىم «تۆگە»: «مەن كۆپ جايلاردا كۆرگەن. يېڭىلگەن قوشۇن ھەر تەرەپكە پىتىراپ كېتىدۇ، ناۋادا يېڭىلگەن قوشۇننىڭ بىرەر تارمىقى دىغار تەرەپكە كېلىپ قالسا، جان ئاچچىقىدا ھېچنېمىمىزنى قويماي بۇلاپ كېتىدۇ. بۇ يەردە بۇنى كۈتۈپ تۇرغاندىن بىر ئامالىنى قىلاي. ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، خوجىنىياز پالۋانغا يېتىدىغان ئادەم يوق» دەپ ئويلاپ ھەربىرى ئون سەرلىك يۇز تال زىخچا ئالتۇننى ئۆزىملىك قەبرىستانلىقىغا يوشۇرۇپ قويۇپ، ئائىلىسى بىلەن لۇكچۇنگە كېلىپ، خوجىنىياز پالۋاننىڭ قوشۇنىغا قوشۇلۇپتۇ. لۇكچۇندە خوجىنىياز پالۋان شىڭ دۇبەنگە يېڭىلىپ تۇرپانغا چېكىنگەندە، ھاشىم «تۆگە»مۇ شۇلارغا قوشۇلۇپ كەتكەنىكەن. ھاشىم «تۆگە» بۇ مەسلىھەتنى قىلغاندا نىياز «قويچى» مۇشۇ قوم دۆۋىسىنىڭ كەينىدە قوي باققاچ ئارام ئېلىۋاتقانىكەن، شۇڭا ئۇ ھەممىنى ئاڭلاپتۇ. كېيىن ھاشىم «تۆگە» قايتىپ كەلدىمۇ، يوق، ئۇقمايدىكەن. بۇ قويچىمۇ جاھان تىنچىغاندا بېرىپ ئۇ ئالتۇنلارنى ئىزدەپ باقماقچىكەن، لېكىن جاھان تىنچىماقتا يوق، ئۆزىمۇ ھەپسىگە كىرىپ قالسا بولىدۇ. ئۇنىڭ پەرىزىچە ئۇ ئالتۇنلار شۇ قەبرىستانلىقتا ھازىرمۇ بارمىش. مەن ئۇنىڭ سۆزىگە تازا ئىشىنىپ كېتەلمىگەچكە، ھاشىم «تۆگە»نىڭ ئۇ ئالتۇنلارنى قەبرىستانلىقنىڭ قەيىرىگە يوشۇرغانلىقىنى سورىماپتىمەن. كېيىن ئۇ قويچى ئۆلۈپ كەتتى. مەنمۇ قويۇپ بېرىلدىم. تۈرمىدىن چىقسام جاھان باشقىچە ــ ئازاد بوپتىمىز. مەنمۇ يۇرتقا قايتىپ كېلىپ دېھقانچىلىقىمنى قىلدىم. كېيىنكى جاھاندارچىلىقىمىز سىلەرگە ئايان. گەرچە مەن ئۇ قويچىنىڭ گېپىگە تازا ئىشىنىپ كەتمىسەممۇ، بىراق ئارىلاپ ـ ئارىلاپ شۇ ئىشنى ئەسلەپ قالىمەن. بىزدە بايلىق ھېكايىسى ئازمۇ؟ شۇڭا بۇمۇ شۇنداقراق بىر ھېكايىدۇر، دەپ يۇرۇۋەرگەنىدىم. بايىقى يولۇچىنىڭ سۆزى

دەرھال شۇ ئىشلارنى ئېسىمگە سالدى، ئۇ ئىشنىڭ راستلىقىغا ئىشەندۈردى، ئويلاپ بېقىڭلار، بۇ ئىش راست بولمىسا، ئۇ يولۇچى شۇنچە يىراق يەردىن شۇنچە جاپالارنى تارتىپ بۇ يەرگە كېلەمدۇ؟ ئۇنىڭ سۆزلىرى قويچىنىڭ سۆزلەپ بەرگەنلىرى بىلەن ئۇدۇلمۇئۇدۇل تۇرامدۇ؟

بۇ ھېكايىنى ئاڭلاپ تۇرۇپلا قالدۇق. شۇنچىۋالا كۆپ ئالتۇننىڭ گېپى بىزنى سېھىرلەپلا قويغانىدى.

— ئۇ ئالتۇنلار ھازىرمۇ شۇ يەردە بارمىكەن؟ — ھاياجانلىنىپ سورىدى چوڭ ئاكام. بىزمۇ ئاتامنىڭ ئاغزىغا قاراپ دېمىمىزنى ئالالماي قالدۇق.

— بايىقى يولۇچىنىڭ گېپىدىن قارىغاندا چوقۇم بار، — دېدى ئاتام زور ئىشەنچ ۋە كەسكىنلىك بىلەن. كۆتكىنىمىزدەك بېرىلگەن بۇ جاۋابتىن خۇشال بولۇپ كەتتۇق.

— ئىزدەيلى، ئاتا، — دېدۇق ئۈچىمىز تەڭلا.

— مەنمۇ شۇ ئويدا. ئەگەر يولۇچىنى يولغا سېلىپ قويمىساق، بىز ئۇ ئالتۇنلارنى قانداق ئىزدەيمىز؟ — ئاتام ھەممىمىزگە كۆچلۈك نەزىرى بىلەن قاراپ سوئال قويدى. ئالتۇن دېگەن نەرسە ھەقىقەتەن ئادەمنىڭ ھېسسىياتىنىمۇ، ئەقلىنىمۇ ئازدۇرىدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە قولىمىزنىڭ قىسلىقى تۈپەيلىدىن داۋالىتالماي ۋاقىتسىز ئۆلۈپ كەتكەن ئاپىمىز ۋە غورىگىل تۇرمۇشىمىز كۆز ئالدىمىزغا كېلىۋالغان چېغى.

چوڭ ئاكام ئورنىدىن تۇرۇپ ھارۋىنى ھەيدىدى ۋە بىزگە خۇشاللىق بىلەن بۇيرۇق قىلدى:

— ماڭايلى، ئۇكىلىرىم، بىزنىڭمۇ كۈننىڭ سىرىقىنى كۆرىدىغان ۋاقتىمىز كەپتۇ.

بىز ئۇ قەبرىستانلىقتا بېرىپ، ئەتراپىدىن ئازراقتىن يانتاق چېپىشىمىز بىلەن قاراڭغۇ چۈشۈپ قالدى. ئۇنىڭسىزمۇ بۇ ئەتراپتا يۈرىدىغان ئادەم يوق ئىدى. بىز يانتاق چېپىۋاتقاندا ئاتام قەبرىستانلىقنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، خېلى دىققەت بىلەن ھېلىقى قەبرىنىڭ ئورنىنى مۆلچەرلىدى.

قاراڭغۇ چۈشتى. بىز ئاتامنىڭ چاقىرىشىنى كۈتۈپ بەك تەقەززا بولۇپ كەتتۇق. بىر چاغدا ئاتام چاقىردى. بىز كەتمەنلەرنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ يېنىغا باردۇق. ئاتامنىڭ تاپقىنى قەبرىلەر ئىچىدە ھېچكىمنىڭ نەزىرى چۈشمەيدىغان ئاددىيلا بىر قەبرە ئىكەن.

— كولاڭلار، — دېدى ئاتام جىددىي قىلىپ، — بۇ راست قەبرە ئەمەس، بەلكى ئالتۇنلارنى كۆمۈش ئۈچۈنلا يالغاندىن ياسالغان قەبرە.

بىزنى ئالتۇن ۋەسۋەسىسى ھەرقانچە ئازدۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، قەبرىنى كولاش ئىشى بىزنى سەل قورقۇتۇپ قويغانىدى. ئاتامنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بىز خاتىرجەم بولدۇق ۋە بىزگە قايتىدىن جان كىردى. تېزلىك بىلەن تىنىماي كولىدۇق. دېگەندەك ئىككى مېتىر دەك كولىۋىدۇق، گۆر ئەمەس، بەلكى بىر ياغاچ ساندۇق كۆرۈندى. بۇنى كۆرۈپ قاتتىق ھاياجانلاندۇق. ئاتامنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ساندۇقنى ئاپىرىپ ھارۋىدىكى يانتاقنىڭ ئاستىغا يوشۇردۇق. ئاندىن يەنە كولىدۇق. كولاپ باشقا نەرسىنىڭ چىقمىشىغا ئىشەنچ قالمىغاندىن كېيىن يالتايدۇق. ئاتام بىزنى قەبرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە بۇيرىدى. قەبرە ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن ئاتام دەرەخ شېخىنى ئەكېلىپ ئىزلارنى سۈپۈردى. ئاندىن قۇم ئەكېلىپ قەبرىنىڭ ئۈستىگە، ئاياغ ئىزلىرىمىزغا سەپتى. ئۇنىڭسىزمۇ كۈندۈزى قىزىغان بىلەن كېچىسى شامال ئۆكسۈمەيدىغان بۇ يۇرتتا بۇگۈن كېچە قۇم ئۇچۇپ، بۇ ئىزلارنىڭ ھېچنېمىسىنى قويمايتتى.

بىز دەرھال ئۆيگە قايتتۇق. ئىشىك — دېرىزىنى مەھكەم تاقاپ ساندۇقنى ئاچتۇق، ساندۇقنىڭ ئىچىگە قۇم توشقان بولۇپ، قۇم ئىچىدە بىر تېرە خالتا كۆزگە روشەن چېلىقىپ تۇراتتى. بۇنى كۆرۈپ تىنىقلىرىمىز توختاپ قالغاندەك بولۇپ قالدى. خالتا ھەقىقەتەن ئېغىرمۇ ياكى ئاتام جىددىيلىشىپ ئۆزىنى يوقىتىپ قويدىمۇ، ئاتام خالتىنى پەقەت كۆتۈرەلمىدى. ئاخىر بولماي چوڭ ئاكام ياردەملىشىپ خالتىنى ساندۇقتىن چىقاردى.

ئاتام تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن «بىسمىللاھىررەھمانىر -رەھىم» دەپ خالتىنىڭ ئاغزىنى ئاچتى. شۇ ھامان ئۆي ئىچىدىن قۇياش كۆتۈرۈلگەندەك بولدى. خالتا ئىچىدە بارماق قولدەك توملۇقتىكى ساپسېرىق چوكا ئالتۇنلار جىلۋە قىلىپ تۇراتتى. ئالتۇنلارنى كۆرۈپ ھەممىمىز تەڭلا قول سېلىپ بىرەر تالدىن ئېلىشتۇق ۋە سىنچىلاپ، ئۆرۈپ - چۆرۈپ قاراشقا باشلىدۇق. ئاتام بولسا تېخىچىلا ھاڭۋېقىپ ئولتۇراتتى. ئاتامنىڭ شۇنچىۋالا كۆپ ئالتۇن ئالدىدا خۇدىنى يوقىتىپ قويۇشى، بىزنىڭ ئالتۇنلارنى يەۋالغۇدەك قىلىپ كېتىشلىرىمىز ھازىرغىچە كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ.

... ئاخىر ھەممىمىزدىكى ھاياجان - ئەسەبلەر بېسىلدى.

— بۇ ئالتۇنلارنى قانداق قىلىمىز؟ — دەپ سورىدى چوڭ ئاكام.

— نېمىنى قانداق قىلىسەن؟ — دېدى ئاتام زەردە بىلەن، ئاندىن ھەممىمىزنىڭ قولىدىكى ئالتۇنلارنى يىغىپ يەنە خالتىغا سالدى، — سىلەرگە بايا دېدىمغۇ. بۇ ئالتۇن دېگەن بالا - قازا نەرسە. ئەگەر ئۆزىمىزنى بېسىۋېلىپ، يولىدا ئىش قىلمىساق ئىش تېپىپ بېرىدۇ. ھەتتا ھەممىمىزنىڭ بېشىغا چىقىشى مۇمكىن. شۇڭا بىرىنچىدىن، بۇ ئىشنى ھېچكىمگە تىنماڭلار. ئالتۇن دېگەننىڭ مېھرى، ئېزىقتۇرۇشى كۈچلۈك. ئۇ ھەر يېقىن دوستىنىمۇ رەقىبكە، دۈشمەنگە ئايلاندۇرىدۇ. ئىككىنچىدىن، بۇ ئالتۇنلارنى ھازىرچە ئىشلەتمەيلى. چۈنكى ھازىر جايىدا ئىشلەتكىلىمۇ بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەتە - ئۆگۈن ھېلىقى يولۇچى كېلىپ بۇنىڭ ئىزدەك - سورىقىنى قىلماي قالمايدۇ. شۇڭا، ئالتۇنلارنى ھازىرچە بىرەر يەرگە يوشۇرۇپ قويۇپ، پۇرسىتى كەلگەندە ئىشلىتەيلى.

ئاتامنىڭ بۇ سۆزىنى ھەممەيلەن توغرا تاپتۇق. شۇنىڭ بىلەن نەگە يوشۇرۇش توغرۇلۇق تالاش - تارتىشقا چۈشتۇق. بىرىمىز ئۆگزىگە دېدۇق، بىرىمىز تۇرخۇنغا دېدۇق. بىراق ئاتام «ھەممىسى كونا ئۇسۇللار، ئۇنداق قىلىشنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ»

دەپ قوشۇلمىدى. ئاخىر كىچىك ئاكام «سۇلتان قارا ساقال»نىڭ مازىرىغا يوشۇرۇش تەكلىپىنى بەردى. بۇنىڭغا ھەممەيلەن قوشۇلدۇق.

«سۇلتان قارا ساقال»نىڭ مازىرى يول بويىدىكى قۇملۇقنىڭ چېتىگە جايلاشقان بولۇپ، يىراقتىنلا كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. گەرچە بۇ مازارغا كېلىپ تاۋاپ قىلىدىغانلار كۆپ بولمىسىمۇ، شەيخى بار ئىدى، لېكىن بۇ شەيخ يېقىندىن بۇيان داۋالغۇپ تۇرغان ۋەزىيەت تۈپەيلى قورقۇپ، مازار گۈمبىزىنىڭ ئىشىكىنى قۇلۇپلاپ ئۆيىگە بېرىپ يېتىۋالغانىدى. مۇشۇلارنى ئويلاپ شۇ يەرنى مۇۋاپىق كۆردۇق. يېرىم كېچە بولغاندا بىز «سۇلتان قارا ساقال»نىڭ مازىرىغا باردۇق. ئىشىكنىڭ تۇمشۇقىنى قومۇرۇپ گۈمبەزنىڭ ئىچىگە كىردۇق. بىز ئالدىن پىلانلىغان بويىچە گۈمبەزنىڭ شەرق تېمىدىكى چىراغ يېقىپ ياغ پۇرىتىدىغان ئويۇقنىڭ تېگىنى نىشانلاپ بىر مېتىردىن ئارتۇق چوڭقۇرلۇقتا ئورەك كولىدۇق ۋە تېرە خالتىنى ئورەككە سېلىپ كۆمۈۋەتتۇق...

— مېنىڭ پەرىزىمچە، ئۇ يولۇچى يەنە كېلىدۇ. ئەگەر ئۇ يولۇچى كېلىپ، بەزىبىر ئىشلارنى سۈرۈشتۈرگۈدەك بولۇپ قالسا، ئۇنى قەتئىي كۆرمىگەن بولۇۋېلىڭلار. بولمىسا ھازىرقى ھالدا بىزگە جىق پېشكەللىك ئېلىپ كېلىدۇ. بۇنى چوقۇم ئېسىڭلاردا مەھكەم تۇتۇڭلار، — دېدى ئاتام قايتا - قايتا جېكىلەپ. ئاندىن ئاتام ئۇ كۈنى كىيگەن كىيىملەرنى پەقەت كىيمەسلىكنى تاپىلىدى. ھەتتا پەيتىنى تېپىپ كۆيدۈرۈۋېتىشنى ئېيتتى. بۇ ناھايىتى چۈشىنىشلىككى، ھېلىقى يولۇچىنىڭ بىزنى تونۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئىدى.

دېگەندەك، ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندە ھېلىقى يولۇچى مەھەللىدە پەيدا بولدى. بىز ئۇنىڭ بىلەن كارىمىز يوق ئىشىمىزنى قىلىۋەردۇق. ئۇ يولۇچى كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرۇپ، ھەر بىر ئۆيدىكى ئادەملەرگە سەپسېلىپ قاراشقا باشلىدى ۋە بىزنى يادىغا ئېلىشقا تىرىشتى. ئېنىقكى، ئۇ بىزنى ئىزدەۋاتاتتى. بەك سوراپ تۇرۇۋالغانلارغا بولسا «تۇغقانلارنى

ئىزدەۋاتىمەن، ئەمما ئىسمى ئېسىمدە يوق، چىرايى تونۇش» دەيتتى. ئۇ بىزنىڭ ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ بىزگە خېلى سەپسالدى. بىزمۇ ئاتامنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە ئۇنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغاندەك نەزەردە ئادەتتىكىچىلا قاراپ قويۇپ ئىشىمىز بىلەن بەند بولدۇق. ئۇ بىزنى خېلى كۆزەتتى. بىزمۇ ناھايىتى تەمكىن، تەبىئىي بولدۇق، ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ ھودۇقمىدىغان ئىشنى قىلمىدۇق. ئۇ بىزنىڭ پەرۋاسىزلىقىمىزنى كۆرۈپ مەڭدەپ قالدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ كۈنى بۇ يولۇچى ھېرىپ - چارچاش ۋە ئالتۇننىڭ كويىدا، ئۆزى ئىزدەۋاتقان قەبرىستانلىقنىڭ ئۇچۇرى بولغانلىقىنىڭ خۇشاللىقىدا بولۇپ بىزگە تازا سەپسالمىغان چېغى، بىزنى تونۇيالمىدى...

شۇنىڭ بىلەن ئۇ يولۇچى مەھەللىدىن يىتتى. بۇنىڭدىن ئەمدى «ئۇھ» دەپ تۇرۇۋېدۇق، ئون نەچچە كۈن ئۆتۈپ مەھەللىدە ئۇ يولۇچى بىلەن بىرگە ئۈچ ساقچى پەيدا بولدى. ئارقىدىن ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىدىن مەخسۇس ماشىنا بىلەن يەنە ئۈچ ساقچى كەلدى. كىشىلەر نېمە ئىشلىقىنى بىلمەي ھەيرانلىقتا يۈرگەن بولسىمۇ، بۇنىڭدىكى سىر بىزگە ئايان ئىدى. كېيىن بۇ ساقچىلار ھېلىقى قەبرىستانلىقتا تەكشۈرۈش - قېزىش ئېلىپ باردى. بىر نەچچە كۈندە قەبرىستانلىقتىن قايتىپ كىرىپ، مەھەللىدە ھېچ ئىش قىلماي جىممىدە ياتتى. كېيىن كەنت باشلىقىدىن بىلسەك، ساقچىلار يېقىنقى ئون نەچچە كۈندە مەھەللىدىكى ئائىلىلەر ئىچىدە تۇرمۇشىدا تۇيۇقسىز ياخشىلىنىش بولغان ئائىلىنى تەكشۈرۈپتۇ. بىراق بۇنداق ئائىلە چىقماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ساقچىلار قايتىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يولۇچىمۇ قايتا كۆرۈنمىدى. بىزمۇ ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمايۋاتقان گۈمبەزنىڭ بىر ئوبدان تۇرغىنىغا قاراپ «ئۇھ» دېدۇق.

بۇرۇن بۇ گۈمبەز ئادەتتە خىيالىمىزغا كىرىپ چىقمايتتى. ئەمدىلىكتە كۈندە ئاخشىمى بىرىمىز گۈمبەزنى كۆزىتىدىغان بولدۇق. ئەمما بۇ «كۆزەتچىلىك» ئىشىمىزمۇ ئۇزۇنغا بارمىدى.

كېيىنكى يىلى باشلانغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» بىزنى ئۆنداق كۆزەتچىلىكتىن ئازاد قىلدى. بىراق ئائىلىمىزگە بالا بولدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەي «تۆت كونا»نى يوقىتىش باشلاندى. ئۇ مازارمۇ كونا ھېسابلىنىپ، مازارغا ھۇجۇم قىلىندى. بۇنى ئاڭلاپ قاتتىق ئۇمىدسىزلەندۇق. ئەگەر گۇمبەز چېقىلىپ تۈزلىنىۋېتىلىدىغان بولسا، ئۇ ئالتۇنلار «مانا مەن» دەپ ئوتتۇرىغا چىقاتتى. بۇنىڭدىن ئاتامنىڭ پۇت ـ قولىدا جان قالمىدى، گېلىدىن غىزا ئۆتمىدى. بىراق بۇ «ھۇجۇم» ئېگىزلىككە جايلاشقان بۇ مازارنىڭ گۇمبىزىگە چىقىش ئۈچۈن ياسالغان ياغاچ تارتىمىسىنىڭ ياغاچلىرىنى قومۇرۇپ ئاپىرىپ، يېقىندىن ياسىلىۋاتقان پىچەن ـ كۇرەش مەيدانىنى ياساش بىلەن كۇپايىلەندى. شۇنىڭ بىلەن بۇ مازارغا بارىدىغانلارنىڭ ئايىغىمۇ ئۈزۈلدى. شەيخ بولغىنى ئۈچۈن سازايى قىلىنىپ، بىھۇدە ئەلەم چەككەن شەيخمۇ ساقال ـ بۇرۇتلىرى چۇشۇرۇلۇپ ئېتىزغا ھەيدەلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ مازارنىڭ ئىشىكى قۇلۇپلاقلىق پېتى قالدى. بۇنىڭدىن ھەرھالدا خاتىرجەم بولدۇق.

ئىشلار ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كەتكەن، جاھان بىر كۈنى ئۇنداق، بىر كۈنى مۇنداق رەڭدە ئىدى. كىشىلەرنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان كۈلپەتلەرنىڭ تېگىگە يېتىپ ئۈلگۈرگىلى بولمايتتى، دىشۋارچىلىقلارنى ئاڭلاپ تۈگەتكىلى بولمايتتى.

جاھاننىڭ ئىشلىرى تازا «قىزىغان»دا مەھەللىگە بىر توپ خەلق ئەسكەرلىرى كېلىپ ئورۇنلاشتى. ئۇلارنىڭ باشلىقىنى كۆرۈپ داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدۇق.

ئۇ ـــ ھېلىقى يولۇچى ئىدى. بىراق ھازىر ئۇنىڭ تۇرقىدا، سالاپىتىدە بۇرۇنقىدىن ئاسمان ـ زېمىن پەرق بار ئىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئىلتىجا، ئۆتۈنۈشنىڭ ئورنىغا سۇر، ھەيۋە ئالماشقان، ھېرىپ ـ ئېچىپ ھالىدىن كەتكەن گەۋدىسىنىڭ ئورنىغا گىدەيگەن، كۆرەڭ گەۋدە ئالماشقان، بۇرۇنقى كۈلكىگە مەجبۇرلىنىپ تۇرىدىغان قاپاقلار چىڭ تۇرۇك، سىلىق ـ سىپايە

تەلەپپۇزنىڭ ئورنىغا قوپال تەلەپپۇزلۇق بۇيرۇق ئالماشقان. بۇنىڭغا ھەيرانلا قالدۇق. لېكىن تېگىنى سۈرۈشتۈرۈشكە ھەددىمىز مۇ؟

يامان يېرى، ئەينى ۋاقىتتا بىز ئويلىغاندەك، ئۇ بىزنى تونۇيالماي قالغان گەپ يوق ئىكەن. ئۇ بىزنى تونۇپتۇ، ئوبدان تونۇپتۇ. ئامال قىلالماپتۇ، پۇرسەت كۈتۈپتۇ.

ئەمدى پۇرسەت كەپتۇ. ئۇ دەسلەپتىلا «ئەينى ۋاقىتتا گومىنداڭ تۈرمىسىدىن سەۋەبسىزلا قويۇپ بېرىلگەن. بۇنىڭدا بىر گەپ بار، ئېنىقلايمىز» دېمەكلىك بىلەن ئاتامنى تۇتۇپ، كەنتنىڭ ماخوسىغا ياسالغان ۋاقىتلىق «تۈرمە»گە سولىدى. ئارقىدىن كېسەلچان بولۇپ قالغان چوڭ ئاكامنى سولىدى. مېنىڭمۇ يۈرىكىم سۇ ئىدى. لېكىن قولاق تۈۋىمدە ئاتامنىڭ «ھەرقانچە بەدەل تۆلىسەكمۇ ئۇ ئالتۇنلارنى بەرمەڭلار» دېگەن سۆزى جاراڭلايتتى. ئۆز تەقدىرىمدىن غەم يەپ يۈرگەن كۈنلەردە «جىنايىتىدىن قورقۇپ ئۆلۈۋالدى» دەپ ئاتامنىڭ قىيىن - قىستاق دەستىدىن ساق يېرى قالمىغان جەستىنى بىزگە تاشلاپ بەردى. مەن بۇنىڭ نېمە قىيىن - قىستاق ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرسامۇ سورىغىنى قىلالمىدىم. ئاتام ئۇچۇن ئاققان ياش كۆزلەردىن قۇرۇماي تۇرۇپلا كېسەلچان ئاكام «تۈرمە»دىكى قىيناش ۋە ناچار شارائىتنىڭ كاساپىتىدىن ۋاقىتسىز ئۆلۈپ كەتتى. ناھىيىدىن كەلگەن ھەربىي دوختۇر ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى «ئېغىر كېسەللىكتىن» دەپ بېكىتتى. ئاتام بىلەن ئاكامنىڭ ئۆلۈمىگە چىدىمىغان كىچىك ئاكام ئېسىلىپ ئۆلۈۋالدى. يولۇچى — لۇكچۇن ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بۇ ئۆلۈملەردىن قورقتىمۇ، ئەتىمالىم، ماڭا چېقىلمىدى. شۇنداق قىلىپ مەن ساق قالدىم. لېكىن شۇ ئالتۇنلار خىيالىمغا يەتسىلا مېنى قورقۇنچ باسىدىغان، تېنىم شۈركۈنۈدىغان بولۇپ قالدىم...

ئاشۇنداق ئېغىر روھىي بېسىمغا بەرداشلىق بېرىپ ياشاشقا مەجبۇر بولدۇم. ھەتتا ئاشۇنداق ياشاشقا كۆنۈپمۇ قالدىم دېسەم بولىدۇ. ئاخىر قاراڭغۇ كۈنلەرمۇ ئاخىرلاشتى. ئوقۇشقا بارغۇچە

كۆرگەن كۆنلىرىمگە ئىشەنگۈم كەلمىدى. ئوقۇشنىڭ يېرىمىغا بارغاندىلا يېڭىچە بىر دەۋردە ياشاۋاتقانلىقىمغا ھەقىقىي ئىشەندىم. ئوقۇش پۈتتۈرۈپ دىغار دوختۇرخانىسىغا خىزمەتكە چۈشكەندىن كېيىن ھېلىقى ئالتۇنلاردىن بەش تالنى ئۈرۈمچىگە ئېلىپ چىقىپ ئىككى يۈزمىڭ يۈەنگە يېقىن پۇلغا ساتتىم. مەن بىنا سېلىشقا ئىشلەتمەكچى بولغان، كېيىن ھېلىقى بۆھتانغا تۆلىگەن، ئۈزۈم سودىسىغا ئىشلەتكەن پۇل ئاشۇ شۇ. ئۇكام قاھار، قالغان ئىشلارنى باشتا ساڭا دەپ بولدۇم. مەندە قالغان ئاخىرقى سىر مۇشۇ. قالدى گەپلەرنىڭ ساڭا كېرىكى يوق.

قاھار بۇ ئالتۇن ھېكايىسىنى ئاڭلاپ خۇددى بىر چۆچەك ئاڭلاۋاتقاندەك تاتلىق تەمەدە، ئەمما ئىشەنمەسلىك تۇيغۇسىدا ئولتۇرۇپ قالدى. كۆزىگە پارقىراپ تۇرغان ساپسېرىق زىخچە ئالتۇنلار كۆرۈنگەندەك بولدى. تۆمۈر دوختۇر ئۇنىڭدىكى تۇيغۇلارنى دەرھاللا چۈشەندى:

— بۇلار راست، ئۇكام، گېپىمگە ئىشەن. ئۇ ئالتۇنلارنى كۆرگەندە، قولۇڭغا ئالغاندا راستلىقىغا ئىشىنىسەن.

قاھار بۇ گەپتىن چۆچۈدى:

— نېمە؟ ئۇ ئالتۇنلارنى مەن...

تۆمۈر دوختۇر يېقىمسىز كۈلدى:

— شۇنداق، شۇ ئالتۇنلارنى ساڭا قالدۇرماقچى. ھازىر پۇل ئۆزىنىڭ كۈچىنى كۆرسىتىۋاتقان دەۋر، يولمۇ كەڭرى. پۇل يولۇڭنىمۇ، ئەقلىڭنىمۇ ئاچىدۇ. سەندە قورقۇمسىز يۈرەك، ئەقىل-پاراسەت بولسىلا بولىدى.

قاھار تامغا چىڭ يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئادەم دېگەن قىزىق. قاھار شۇ تاپتا ئۆزىنىڭ بۇ يەردە قانداق قىسمەتلەر چاڭگىلىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئەتىكى تەقدىرىنىڭ نېمە بولىدىغانلىقىنى بىلمەي تۇرۇپلا شۇ ئالتۇنلارنىڭ ھۇزۇرىغا چۆمۈلۈشكە باشلىدى. ئاندىن ئۇ بىر نەرسىنى ئويلاپ ئۆزىگە كەلدى:

— ئۆنداقتا... ئۆنداقتا سىز نېمىشقا ئەينى ۋاقىتتا پىچانغا قايتىپ شۇ ئالتۇنلارنى سېتىپ نورمال ياشىمايسىز؟

— مەن ئويلىغان، — دېدى تۆمۈر دوختۇر ئېغىر «ئۇھ» تارتىپ، — مەن بۇنى كۆپ ئويلىدىم. ھەمراھىمغا بۇنى دېگىلى بولاتتىمۇ؟ ئاخىرىدا شۇنداق قارارغا كەلدىم، ئۇكام. ئەگەر مەن بۇ تۆڭگاننىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىمىغان بولسام، ساۋاق ئالغان بولاي، دەپ يۇرتۇمغا كېتەتتىم. ئەمما، ئۆزۈڭ بىلىسەن، ئۇ چاغدا بىز ئىبلىسنىڭ قولىغا چۈشۈپ بولغان، ئۇنىڭدىن قۇتۇلماقنىڭ تەسلىكىنىمۇ ساڭا دېدىم. ئەگەر مەن شۇ ھالەتتە يۇرتقا كېتىدىغان بولسام، نەچچە يىلغا قالماي ئۇ ئالتۇنلارنى ئىسقا — ئالۋاستىنىڭ ئىسكىلىتىغا تېگىشىپ بولىمەن. ناۋادا، شۇنداق قىلسام ئاتامنىڭ، ئىككى ئاكامنىڭ تۆلىگەن بەدىلىگە يۈز كېلەلەيمەنمۇ؟ مەن ھەرقانچە يۈزسىز، ئەقىلسىز بولساممۇ بۇنى ئويلىغۇچىلىكىم بار. شۇڭا مەن بىمەزگىل ھالدا ئۆلۈمگە قاراپ كېتىۋاتقان بولساممۇ، ئۇ ئالتۇنلارنى مۇۋاپىق بىرسىگە بېرىپ، مۇشۇ بىر يىلدىن بۇيان ئويلاپ قويغان ئارزۇلىرىمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈمىدىدە ياشاپ كەلدىم. ئاللا، ئاخىر مېنى ساڭا ئۇچراشتۇردى. مېنىڭ ئۈمىدىم، ئۇكام، سەن شۇ ئالتۇنلارنى تېپىپ، جايىدا بىر تەرەپ قىلىپ ئارزۇلىرىمنى ئەمەلگە ئاشۇر.

قاھار تۆمۈر دوختۇرغا تىكىلىپ قارىدى. قاھار بۇ خۇنۇك چىرايدىن، بارغانچە ھاياتلىق نۇرى ئۆچۈۋاتقان كۆزلەردىن، تېخى ئۆچمىگەنلىكى سېزىلىپ تۇرۇۋاتقان ئىنسانىي ھېسسىياتتىن بۇ گەپلەرنىڭ يالغان ئەمەسلىكىنى بىلدى. شۇڭا ئۇ بېشىنى لىڭشىتتى.

قاھارنىڭ سەمىمىي ئىپادىسىنى كۆرگەندىن كېيىن تۆمۈر دوختۇر «سۇلتان قارا ساقال»نىڭ مازىرىغا بارىدىغان يولنى، ئالتۇننىڭ ئورنىنى تەپسىلىي دەپ بەرگەندىن كېيىن تاپىلىدى:

— ئېسىڭدە تۇت، ئۇكام، بارغۇچە، ئالتۇننى ئىزدىگۈچە، ئالتۇننى ئېلىپ يانغۇچە ھېچكىمگە چاندۇرما، ھېچكىمنىڭ گۇمانىنى قوزغىما، ھېچكىمنى ھەمراھ قىلما، بۇ ئىشنى قاچانلا

بولسا ھېچكىمگە تىنما. بولمىسا ئۆزۈڭنى بالاغا تىقىسەن. يەنە بىر ئىش، ئۇ ئالتۇنلارنى بازارنى ئوبدان ئۇقۇشۇپ، ئىشەنچلىك ئادەملەرگە سات، ھەممىسىنى بىراقلا بىر ئادەمگە ساتما، بولمىسا خەقنىڭ نىيىتى بۇزۇلىدۇ. ياخشىسى ئۇرۇمچىگە ئاپىرىپ سات. بۇ ئالتۇنلار ساڭا بالا بولمىسۇن، ئامەت ئېلىپ كەلسۇن.

قاھار تۆمۈر دوختۇرنىڭ بۇ ئىش ئۇستىدە ھەقىقەتەن ئۇزۇن باش قاتۇرغانلىقىنى، ئەتراپلىق ئويلانغانلىقىنى، تۈزگەن پىلانىنىڭ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

شۇلارنى دەپ بولغان تۆمۈر دوختۇر خۇددى گېپى تۈگىگەندەك، شۇنىڭ بىلەن خاتىرجەم بولۇپ قالغاندەك بېشىنى تامغا تىرەپ كۆزىنى يۇمۇپ يېنىك تىنىدى ۋە خېلىغىچە جىمىپ كەتتى. قاھار خېلىغىچە ساقلاپ بېقىپ ئىچى پۇشتى. ئاندىن ئۇنى نوقىدى:

— تۆمۈر ئاكا، مەن سىزگە قىلىپ بېرىدىغان نېمە ئىشلار بار؟

تۆمۈر دوختۇر كۆزىنى ئاچتى ۋە ئەستە ئېسىگە كەلگەندەك:

— تېخى دېمىدىممۇ؟ — دەپ سورىدى. قاھار بېشىنى لىڭشىتتى ۋە «بايا دېگەنلىرى يالغانمۇ - يە؟» دەپمۇ ئويلاپ قالدى.

— ئەمما ئۇكام، ماڭا ۋەدە بەرمىسەڭ بولمايدۇ. ئۇ ئالتۇنلارنى پۇلغا ئايلاندۇرۇپ بولساڭ، ئالدى بىلەن قىلىدىغان ئىشىڭ، قەرزلىرىمنى تۆلەيسەن. ھېلىمۇ كىشىلەر مېنى قارغاپ بىر يەرگە بارغاندۇ؟

تۆمۈر دوختۇر شۇنداق دەپ يېنىدىن كونىراپ كەتكەن بىر خاتىرىنى چىقاردى:

— بۇنىڭدا بىز ئۇزۇم ئالغان كىشىلەرنىڭ ئىسمى، ئالغان ئۇزۇم ۋە بېرىدىغان پۇل تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن. ئۇلارنىڭ قولىدا ھۆججەتمۇ بار، ناۋادا، ھۆججەتنى ساقلىيالمىغان بولسا، ئىسمى ئۇدۇل كېلىپ ئۇزۇمى بىلەن پۇلىنىڭ سانىنى توغرا دەپ بېرەلىسە بېرىۋەت.

قاھار تۆمۈر دوختۇرنىڭ بۇ سەممىمىيلىكىدىن، ئاق كۆڭۈللۈكىدىن ھەقىقەتەن تەسىرلەندى.

— ھەمراھىمنى ئىزدەپ باق، ئۇنىڭ ئىسمىنى ئەمدى دەپ بېرەي. ئۇنىڭ ئىسمى ئالىم، دىغار كارىزكۆلىدىن. كارىزكۆللۈكلەر ئۇنى ئالىم «نان يېمەس» دېيىشىدۇ، بۇ ئۇنىڭ لەقىمى. ئۇنىڭ ئەھۋالى ھازىر قانداقتۇ؟ ئۇنى تېپىپ كۆرۈپ باق. ئەمەلىي ئەھۋالغا قارىتا بىر ئىش قىلارسەن. ئامال بار ياردەم قىلىپ قوي. ئاندىن يېتىم - يېسىر، ئىگە - چاقىسىزلارغا چوقۇم ياردەم قىل. ئاتام بىلەن ئوغلۇم — مېنىڭ ئۇۋالىمغا كەتكەن ئوغلۇمنىڭ روھى خۇش بولۇپ قالسۇن.

ئوغلىنى تىلغا ئېلىش بىلەن تۆمۈر دوختۇرنىڭ كۆزىدىن ياش سىرغىدى. قاھارنىڭمۇ كۆڭلى بۇزۇلدى. «مۇشۇنداق ئاق كۆڭۈل ئادەممۇ نېمىشقا مۇشۇنچىۋالا دەرد - ئەلەم تارتىدىغاندۇ؟» دەپ ئازابلاندى ۋە ئۇنىڭ ئارزۇلىرىنى مەيلى ئالتۇنلارنى تاپالىسۇن ياكى تاپالمىسۇن چوقۇم ئورۇنداشقا ئۆزىگە ۋەدە بەردى. ئاندىن يادىغا يەتكەن بىر ئىشنى ئېنىقلىۋېلىش ئۈچۈن ئېھتىيات بىلەن سورىدى:

— ھېلىقى رىشىت...

— ھە، رىشىت بىلەن رىسالەتنى دەمسەن،— دېدى تۆمۈر دوختۇر پەرۋاسىز ھالدا،— كارىڭ بولمىسۇن، ئۇلارنىڭ جازاسىنى خۇدايىم بېرەر.

تۆمۈر دوختۇر سۆزدىن توختاپ تاماكا تۇتاشتۇردى. ئالتۇننىڭ قىزىقتۇرۇشلىرى، تۆمۈر دوختۇرنىڭ تەلەپ - ئارزۇلىرىدىن كېيىن ئاستا - ئاستا ئۆزىگە كەلگەن قاھار ئۆزىنىڭ ھازىرقى رېئاللىقىنى ئويلاپ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇ تېخىچە بۇ يەردە تۇرسا، چىقىپ كېتىش - كېتەلمەسلىكى ئېنىق بولمىسا... قاھار بۇلارنى ئويلاپ ئۈمىدسىزلىنىپ لەسسىدە بولۇپ قالدى.

تاماكىسىنى چېكىپ بولغان تۆمۈر دوختۇر كۈچىنىپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— مېنىڭ كۆڭلۈم ئاز قالدى، ئۇكام. ناۋادا، شۇ كۆن كېلىپ قالسا ساڭا تەس بولىدۇ. ئۇلار بەرگەن تاماقنى يېمەي ئامالىڭ يوق. ئۇلارنىڭ مەقسىتى ئېنىق، سەن قاچان خىرۇئىنغا خۇمار بولمىغۇچە سېنى بۇ يەردىن چىقارمايدۇ.

«خۇمار» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ قاھارنىڭ تېنى تىكەنلەشتى. ناۋادا، راستلا تۆمۈر دوختۇرغا بىرەر ئىش بولۇپ قالسا... قاھار بەك قورقۇپ كەتتى.

— ئۇكام، تاماق يېمىسەڭ بولمايدۇ، يەي دېسەڭ ئاقىۋىتىڭ مېنىڭكىگە ئوخشاش. شۇڭا ئۇكام، مەن مۇنداق ئويلىدىم: ناۋادا ماڭا بىرەر ئىش بولۇپ قالسا، بىر - ئىككى كۈننى ئۆتكۈزۈپ خۇمارغا چىدىمىغاندەك ۋارقىرا، بولسا مەن ساڭا كۆرسىتىپ قويغاندەك، ماڭا ئوخشاش بولۇۋال. ئۇلار سېنىڭ ھەقىقىي خۇمار بولغىنىڭنى بىلگەندىن كېيىن چوقۇم قويۇپ بېرىدۇ. لېكىن ئۇكام، ئېسىڭدە بولسۇن، شۇ ئىككى كۈن ھورناننى ھەرگىز يېمە، قورۇمىنىلا يە. قورسىقىڭ ھەرقانچە ئېچىپ كەتسىمۇ ھورناننى ياكى ئۇن - گۈرۈچ تامىقىنى يېمە. خىرۇئىن تاماقتا بولسىمۇ، لېكىن قورۇمىدا يوق. غەيرەت قىلىپ بىر نەچچە كۈننى ئۆتكۈزۈۋالساڭ، قالغىنىغا ئۆزۈڭ بىر ئامال قىلالايسەن.

— ماقۇل ئاكا، دېگىنىڭىزدەك قىلىمەن،— دېدى قاھار قايتىدىن ئۈمىد ۋە غەيرەتكە تولۇپ،— ھەرقانچە ئاچ قالسامۇ چىدايمەن.

تۆمۈر دوختۇر بېشىنى لىڭشىتتى:

— سەن ئەتىدىن باشلاپ يالغاندىن «تاماقنى كېچىكتۈرۈۋەتتىڭلار» دەپ ۋارقىراپ تۇرۇۋال. ئۇلار سېنىڭ خۇمار بولۇشقا باشلىغىنىڭنى بىلسۇن، ئىشەنسۇن.

قاھار ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشەندى.

# ئون ئىككىنچى باب

ئەتىسى بىرسىنىڭ نوقۇشىدىن قاھار چۆچۈپ ئويغاندى. تاڭ يېڭىلا يورۇغاندەك ئىدى. ئۇنىڭ بېشىدا تۆمۈر دوختۇر ئېغىر - ئېغىر تىنىپ ئولتۇراتتى. نەپەس ئېلىشىمۇ ناھايىتى زەئىپ ئىدى.

تاماقنىڭ بېرىلىشىگە خېلى ۋاقىت بار ئىدى. تۆمۈر دوختۇر ئادەتتە تاماقنى بېشىغا ئەكەلگەندىن كېيىن ئاندىن ئىنجىقلاپ، ئېرىنچەكلىك بىلەن ئورنىدىن تۇراتتى.

قاھار بۇنىڭغا ھەيران قالدى. قاھار بۇ يەرگە قامالغان بىر ئايغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان تۆمۈر دوختۇر تۇنجى قېتىم قاھاردىن بۇرۇن ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنى چاقىرىشى ئىدى.

— قوپ، ئۇكام، — دېدى تۆمۈر دوختۇر جىددىي قىلىپ، — ئۆزۈڭنى سىناپ باق، راستتەكلا ئىش قىل.

بۇنى ئاڭلىغان قاھار چاچراپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ئىشىك تۈۋىگە باردى ۋە پارلاپ تۇرغان قوياشنى، نۇر چېچىپ تۇرغان ئالتۇنلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ئۆزىگە مەدەت بەردى. ئۇ ئالدى بىلەن بار كۈچىنى قولىغا يىغىپ ئىشىكنى قاتتىق ئۇردى:

— قورسىقىم ئېچىپ كەتتى، نېمىشقا تاماق بەرمەيسىلەر!؟

سىرت جىم، بىرەرسىنىڭ ئاياغ تىۋىشىمۇ ئاڭلانمىدى. تۆمۈر دوختۇر ئىشارەت قىلدى. قاھار ئىشىكنى تېخىمۇ قاتتىقراق ئۇرۇپ، تېخىمۇ قاتتىق ئاۋازدا ۋارقىرىدى:

— تاماق بېرىڭلار، نېمىشقا ۋاقتىدا تاماق بەرمەيسىلەر؟

سىرتتا يەنىلا شەپە بولمىدى. تۆمۈر دوختۇر يەنە ۋارقىراشقا ئىشارەت قىلدى. بۇ چاغدا قاھارغا خېلىلا جان كىرىپ قالغانىدى.

— نېمىلا بولسا تاماق بېرىڭلار! مەن چىدالمايۋاتىمەن، قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتتى!!

شۇ چاغدىلا سىرتتىن گۇدۇڭلاشقان ئاۋاز ئاڭلاندى. بىر ئازدىن كېيىن كامېرىنىڭ «ئىشىكى» ئېچىلىپ تاماق سۇنۇلدى. قاھار ئىنتايىن تەبىئىي ۋە چاققان ھەرىكەت بىلەن تاماقنى ئېلىۋالدى.

تۆمۈر دوختۇر ئۇنىڭغا قاراپ رازىمەنلىك بىلەن باش لىڭشىتتى.

قاھار تاماققا قارىدى. ئىسسىق ۋە ئاپئاق ھورنان ھەقىقەتەن ئادەمنىڭ ئىشتىھاسىنى قوزغايتتى، بىراق بۇ ئاپئاق ھورنانلار قاھارغا خۇددى بىر كاللەك خىرۇئىنىدەك كۆرۈنۈپ ئۇنى سەسكەندۈرۈۋەتتى.

تۆمۈر دوختۇر ئۇنى چاقىردى:

— بۇياققا كەل، ئۇنداق تۇرۇۋالساڭ چاندۇرۇپ قويىسەن. بىلىۋال، بۇ تۇڭگان سەن ئويلىغاندىنمۇ ئەقىللىق.

قاھار ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى. تۆمۈر دوختۇر قاچىدىكى ھورناننى قولىغا ئالدى:

— قارا، بۇنىڭدىن كىممۇ گۇمانلانسۇن؟ ئاپئاق، ئىسسىق، يۇمشاق، بىراق بۇ ئاقلىق ئىچىگە بالا - قازا، شۇملۇق يوشۇرۇنغان. ئىنتايىن پەسكەش ئادەملەرلا مۇشۇنداق شۇملۇقلارنى، بەتنىيەتلىكلەرنى ئويلاپ تاپىدۇ. بۇ تۇڭگاننىڭ يەنە بىر ساماۋەر شورپىخانىسى بار، سودىسى بەك ئاققان ئاشخانا. ئەمما ئۇ ساماۋەرگە قۇيىدىغان شورپىغا ئەپيۇن غوزىكىنى سالىدۇ، ئۇ كىشىنى خىرۇئىنغا ئوخشاش خۇمار قىلمىسىمۇ، لېكىن ئادەم ئۇنىڭغا ئۆگىنىپ قالىدۇ. شۇڭا بەزىدە ۋاقىت ئۇزىراپ قالسا، بارماي ئىلاجىڭ يوق. شۇنداق چاغدا بېرىپ غىزالانساڭ، ھۇزۇرلىنىپ يەپ، تازا راھەتلەنگەندەك بولىسەن. بىر ھېسابتىغۇ ئۇمۇ خۇمار. مۇشۇنداق پەس تۇڭگان بۇ، ئۇكام.

قاھارنىڭ روھى لەرزىگە كەلدى. بىگۇناھ ئادەملەر نورمال تۇرمۇش ئۈچۈن، نورمال ھاياتلىقى ئۈچۈن يەۋاتقان تاماقىمۇ ھىيلە قىلسا... توۋا، توۋا... ئۇنداقتا، ئادەملەر ئۆزلىرى مىڭ بىر

جاپادا تاپقان پۇلغا بالايىئاپەت سېتىۋالغان بولمامدۇ؟ توۋا خۇدايىم، جاھاندا بۇنىڭدىنمۇ ئۆتەر رەزىللىك، پەشكەشلىك بارمىدۇ؟!

قاھار تەستە ئۆزىنى باستى:

— ئەسكى ئادەم دېگەن جاھاننىڭ ھەممىلا يېرىدە بار ئىكەن. مەن تۇرپاندا بەزىلەرنىڭ سامسىنىڭ قىيمىسىغا ئېشەك گۆشى ئارىلاشتۇرۇپ ساتقىنىنى ئاڭلىغان.

— ئۇكام، تاماقتا خىروئىن ئارىلاشتۇرۇش تاماقتا ئېشەك گۆشى ئارىلاشتۇرغاندىنمۇ يامان.

ئۇلارنىڭ سۆھبىتى شۇ يەرگە كەلگەندە كامېرنىڭ «ئىشكى» ئېچىلىپ تۆمۈر دوختۇرنىڭ تامىقى سۇنۇلدى.

شۇنىڭدىن كېيىن قاھار كۆندە ۋارقىرايدىغان، ئىشكنى تېپىپ مۇشتلايدىغان، ھەتتا سىرتتىكىلەرنى تىللايدىغان بولدى. بارا - بارا ئۇ راستتىنلا ۋارقىراپ كېتىدىغان بولدى. بۇنداق چاغدا سىرتتىكى ئاياغ تىۋىشى ئىشىك تۈۋىدە بىر پەس تۇرۇۋېتىپ ئاندىن تاماق سۇنۇلىدىغان بولدى، كېيىنچە بېرىپ تاماق كەينىگە سۇرۇلۇشكە باشلىدى. بۇنداق چاغدا قاھار ۋارقىراشنى تازا قاملاشتۇراتتى.

— ئەمدى ئۇلار ئىشىنىپتۇ. قارىغاندا، ئۇكام، تەلىيىمىز بولسا، سەن بالدۇر چىقىپ كېتىدىغان ئوخشايسەن. ناۋادا، بۇ يەردىن چىقساڭ ھېچكىمگە دوقۇرۇشماي، ئۇدۇل شىنجاڭغا كېتىدىغاننىڭ ئامالىنى قىل. مېنىڭدە ئېشىپ - تېشىپ قالغىنى مۇشۇ ئىكەن. بىر نەچچە ۋاخلىق تاماق يەسەن.

تۆمۈر دوختۇر شۇنداق دەپ يېنىدىن ئەللىك يۈەندەك پۇلنى چىقىرىپ قاھارغا سۇندى، قاھار تارتىنىپ تۇرمايلا ئالدى. ئەمدى ئۇنىڭ تۆمۈر دوختۇرنىڭ شاپائىتىنى، ياردىمىنى قوبۇل قىلماقتىن باشقا ئامالى قالمىغانىدى.

— پۇل بىلەن تىزىملىكنى ئوبدان جايلاشتۇرۇۋال، بولمىسا بۇلار سېنى قويۇپ بەرگۈچە پىيازنى سويغاندەك يالىڭاچلىۋېتىدۇ.

شىئەننىڭ ئاۋات تۆت كوچىسىدىن بۇ يەرگە كەلگەندە يېنىنىڭ

پۈتۈنلەي قۇرۇقدالغانلىقىنى يادىغا ئالغان قاھار بېشىنى لىڭشىتتى.

كۈندۈزى ئازراقلا ئاراملىق بولسا ئۇخلاپ ئادەتلىنىپ قالغان تۆمۈر دوختۇر تاماكىسىنى چېكىپ يېتىپلا ئۇخلاپ قالدى. قاھار ئۇنىڭ قولىدىكى تاماكىنى ئېلىپ ئوتىنى ئۆچۈردى. ئاندىن ئۆزىمۇ ئۇنىڭ يېنىغا يانپاشلىدى.

تۆمۈر دوختۇر خۇددى ھېچبىر غېمى يوقتەك بىردەمدىلا قاتتىق ئۇيقۇغا كەتتى.

قاھار ئاجايىپ قىسمەتلەر بېشىدا قايناۋاتقان تۆمۈر دوختۇرنىڭ خاتىرجەم ئۇخلىشىغا قاراپ يېتىپ ئاستا ئۇيقۇغا كەتتى. قاھارنىڭ ئېنىق، تەرتىپلىك چۈش كۆرمىگىنىگە ئۇزۇن بولغانىدى. ئەلەملىك خىياللارغا، ئازابلىق كەچمىشلەرنىڭ ئەسلىمىلىرىگە غەرق بولۇپ يېتىپ ئۇخلاپ قالغانلىرىدا ئاساسەن جۆيلۈپ چىقاتتى، ئەمما قانداق چۈش كۆرۈپ جۆيلىگىنىنى يادىغا ئالالمايتتى. بۈگۈن بولسا ناھايىتى ئوچۇق ۋە باش - ئاخىرى باغلىنىشلىق چۈش كۆردى:

«ئۇ تۈيۈقتىكى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئالدىدىكى ئۈژمىلىكتە ئويناۋاتقۇدەك. ئۇ يەردە يۈز يىللىق قېرى ئۈژمىلەر بار ئىدى، بۇ ئۈژمىلەرنىڭ قوۋزاقلىرىنىڭ يېرىقلىرى شۇنچە چوڭ، يىلتىزلىرى بولسا ھەر تەرەپكە چاڭگال سېلىپ چوقچىيىپ تۇراتتى، يوغان شاخلىرىنىڭ تۈتاشقان جايلىرى كىچىك باللار ياتقۇدەك تەكشىلىك ھاسىل قىلغانىدى. قاھارلار شۇ ئۈژمىلەرگە تېز يامىشىپ چىقىشتا مۇسابىقىلىشىۋېتىپتۇدەك. باللار ھەرقانچە تىرىشسىمۇ دەرەخنىڭ ئۇستىگە چىقالمىغۇدەك. ھەرقانچە تىرماشسىمۇ دەرەخنىڭ يېرىمىدىن سىيرىلىپ كەتكۇدەك. ئاخىر قاھار دەرەخنىڭ ئۇستىگە چىقىپتۇدەك. قاھار دەرەخ ئۇستىدە ئۇ شاختىن بۇ شاخقا يۆتكىلىپ يۈرۈپ، ئۈژمە مەي باغلاپ پىشقان شاخلارنى سىلكىپ، پەستىكى باللارغا ئۈژمە قېقىپ بېرىۋاتقۇدەك. پەستىكى باللار بۇنىڭغا قانائەت قىلماي ‹ئۇ شاخنى سىلكى، بۇ شاخنى سىلكى› دەپ چۇرقىرىشىۋاتقاندا، ئۇ يەرگە بىر ساقچى

ماشىنىسى كېلىپ توختاپتۇدەك، ماشىنىدىن غەلىتىلا فورما كىيگەن ساقچىلار چۈشۈپتۇ.
— قەيسەر دېگەن قايسى بالا؟ — دەپ سوراپتۇ بىر ساقچى.
— ئارىمىزدا قەيسەر دېگەن بالا يوق، — دەپتۇ بىر بالا.
— بار، — دەپتۇ ساقچى، — بۇرۇنقى ئىسمى قەيسەر، ھازىرقى ئىسمى قاھار.
— مەن شۇ، — دەپتۇ قاھار ھەيران بولۇپ.
— سەن كىنوخانىنىڭ ئالدىدىكى سېمونت تاختايدا ئىككى كۈن ئاز يېتىپسەن. ماڭ، بېرىپ شۇ ئىككى كۈننى تولۇقلاپ كەل.
— مەن بارمايمەن، — دەپتۇ قاھار يىغلامسىراپ.
— بارمىساڭ بولمايدۇ، بۇ دېگەن بۇيرۇق، — دەپتۇ ساقچى.
— مەن بارمايمەن، قورقىمەن، — دەپتۇ قاھار ئۆزىمە ئۈستىدىن چۈشكىلى ئۇنىماي.
شۇنىڭ بىلەن ساقچىلار ئۆزىمىگە يامىشىپ چىقىپتۇ. قاھار ئۆزىمىنىڭ ئېگىز يېرىگە قېچىپتۇ. ساقچىلارمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن يامىشىپتۇ. ئاخىر قاھارغا قاچىدىغان يەر قالماپتۇ. ئۇ ئامالسىز ئۆزىنى يەرگە ئېتىپتۇ. ئەمما ئۆيلىمىغان يەردىن ساقچى ماشىنىسىنىڭ ئالدىغا چۈشۈپتۇ. ساقچىلار ئۇنى تۇتۇپ مەجبۇرىي ساقچى ماشىنىسىغا يالاپ چىقىرىپتۇ. قاھار تېپىچەكلەپ يىغلاپتۇ. ئۇ يىغلاۋېتىپ قارىسا قولىدىكى كويزا چوڭلا تۇرغۇدەك. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قولىنى كويزىدىن چىقىرىۋالماقچى بوپتۇ. شۇ چاغدا ماشىنا ئىچىدە بىر ئىسكىلىت پەيدا بولۇپ:
— سەن قولۇڭنى كويزىدىن چىقىرىۋالساڭ بولمايدۇ، بولمىسا قولۇڭ ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ، — دەپ ئۇنى قورقۇتۇپتۇ. قاھار بۇنى ئاڭلاپ قورقۇپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ...»
قاھار ۋارقىرىغان پېتى ئويغىنىپ كەتتى، ئۇ چىپىلداپ تەرلەپ كەتكەنىدى. قاھار «ئۇھ» دەپ قولىنى سىلاپ قويدى.
بۇ چاغدا تاڭ يورۇيلا دەپ قالغانىدى. قاھار دېرىزىدىكى خىرە يورۇقتا قاراپ قويۇپ، تۆمۈر دوختۇرنى ئىنتىزار بولۇپ ساقلاشقا باشلىدى. ئۇ بايا

ئېسىگە كېلىپلا «تۆمۈر دوختۇرنى چۆچۈتۈۋەتتىمىكىن» دەپ ئەنسىرىگەنىدى، ئەمما تۆمۈر دوختۇر جىممىدە ياتاتتى. قاھار خاتىرجەم بولۇپ يەنە ياتتى. بىراق تۆمۈر دوختۇرنىڭ خېلى ئۇزۇنغىچە نەپەسمۇ ئالماي يېتىشىدىن كۆڭلىگە گۇمان چۈشتى.

قاھار ئورنىدىن تۇرۇپ شامنى ياندۇردى. تۆمۈر دوختۇر ھەقىقەتەن تىنچ ياتاتتى. قاھار قولىنى ئۇنىڭ بۇرنىغا ئاپىرىپ چۆچۈپ كەتتى. تۆمۈر دوختۇرنىڭ پەقەت تىنىقى يوق ئىدى. شۇ ھامان قاھارنىڭ كۆڭلىدىن «قېتىپ قاپتۇ» دېگەن مۇدھىش خىيال لىپ قىلىپ ئۆتتى. دەرۋەقە، تۆمۈر دوختۇرنىڭ كۆكرىكى كۆپۈپ كۆتۈرۈلۈپ چىققان بولۇپ، قولى ئىككى ياندا ياغاچتەك قېتىپ، تاشلانغان پېتى مىدىرلىماي تۇراتتى. قاھار دەرھال ئۇنىڭ ئاغزىغا پۈۋلىدى، قايتا ـ قايتا پۈۋلىدى، مەيدىسىگە مۇشتلىدى، ھەتتا تىزلاپمۇ باقتى. بىراق تۆمۈر دوختۇردىن ھېچبىر سادا چىقمىدى، تىنىقىمۇ كەلمىدى...

يېرىم سائەتتەك ھەپىلىشىپ باققان قاھار ئاخىر تەقدىرگە تەن بەردى ۋە ھۆكرەك ئېتىپ يىغلىۋەتتى.

بۇ ئاق كۆڭۈل ئادەم نۇرغۇن ئىنتىلىشلىرى ۋە ئارزۇلىرىنى مېھرى ئىسسىق ۋە تاتلىق ھاياتلىقتا قالدۇرۇپ ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرغانىدى.

يىغىسى بېسىلغان قاھار ئۆزىنى بېسىۋالدى ۋە تۆمۈر دوختۇرنىڭ تاپىلىغانلىرىنى قايتا بىر يادىدىن ئۆتكۈزۈپ، كۆزىدىكى ئاخىرقى ياشلارنى سۈرتتى. ئۇ ئىشىك تۈۋىگە بېرىپ ئىشىكنى مۇشتلاپ ۋارقىرىدى:

ــ ئادەم بارمۇ؟ لاۋتېي ئۆلدى! ئۇ ئادەم ئۆلدى!!...

ھايال ئۆتمەي ئىشىك تۈۋىدە بىر نەچچە كىشىنىڭ گۈدۈڭشىگان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئاندىن بىرسى تەھدىت ئارىلاش دېدى:

ــ ھايات قالاي دېسەڭ، ئىشىك تۈۋىدىن نېرى تۇر!

قاھار ئۇلارنىڭ ئىشىك ئېچىلسا ئۆزىنىڭ قېچىپ كېتىشكە ئۇرۇنۇشىدىن ئەنسىرەۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ قالدى. «مۇشۇ

پۇرسەتتە قېچىپ كېتەلەرمەنمۇ؟» قاھار ئارقىغا يېنىپ يەنە تۆۋەن چىقارماي ئىشىك تۈۋىگە كېلىپ ئىشىكنىڭ ئېچىلىشىنى كۈتۈشنى ئويلىدى. ئارقىغا بىر قەدەم ئېلىپ قويۇپ ئىككىلەندى. ئارقىدىن تۆمۈر دوختۇرنىڭ جېكىلىگەنلىرىنى يادىغا ئېلىپ: «ئۇلارنىڭ ۋەھشىيلىكىنىمۇ كۆردۈم. بەربىر تەڭ كېلەلمەيمەن. ۋاقىتمۇ كېلىپ قالغاندىكەن، سەۋر قىلاي. بىكار ئىشنى بۇزماي» دەپ ئويلاپ كەينىگە ياندى. ئاڭغىچە ئىشىك ئېچىلىپ، كامېرغا كالتەك، چەيدو كۆتۈرگەن تۆت كىشى كىرىپ كەلدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى كۆزەينەك تاقىۋالغان بولۇپ، ئۆينىڭ قاراڭغۇلۇقىدا ئۇلارنىڭ چىرايىنى ئېنىق پەرقلەندۈرگىلى بولمايتتى.

ئۇلار كىرىپلا ئىككىسى قاھارنى قورۇقداپ تۇردى. قالغان ئىككىسى تۆمۈر دوختۇرنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، گەپمۇ قىلماي جەسەتنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

قورقۇنچلۇق، ئۆلۈم پۇراپ تۇرغان بۇ كىچىككىنە، زۇلمەتلىك ماكاندا قاھار يالغۇزلا قالدى. ئۇ بىر ئىشلارنى خىيال قىلىمەن دەپمۇ خىيال قىلالمىدى. قۇلاق تۈۋىدە پەقەت «تۆمۈر دوختۇر دېگەندەك قىل، تۆمۈر دوختۇر دېگەندەك قىل» دېگەن بىرلا سادا ياڭراپ تۇردى. ئۇ قەتئىيەتكە كەلدى. ھاياتلىقتا بولغان تارتىشىش، تۆمۈر دوختۇرغا بەرگەن ۋەدىسى، جىسمىنى ۋە روھىنى قىيناپ كېلىۋاتقان مۇدھىش مۇھىتتىن قۇتۇلۇش ئىستىكى، ئۆزىگە ياخشىلىق قىلغان ۋە يامانلىق ئەيلىگەن كىشىلەر بىلەن قايتىدىن روبىرو تۇرۇش دەۋىتى ئۇنى قەتئىيەتكە كەلتۈردى، ئۇنىڭغا جاسارەت بېغىشلىدى.

ئۇ كۈچلۈك قەدەملەر بىلەن مېڭىپ كامېرنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلدى. ئۇ ئىشىكنى قاتتىق ــ قاتتىق مۇشتلىدى ۋە ۋارقىرىدى:

ــ ئىشىكنى ئېچىڭلار، ماڭا تاماق بېرىڭلار!

سىرتتا ھېچقانداق شەپە بولمىدى. بىراق قاھار ئۆزىنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازىنى بەتنىيەتلەرنىڭ ئاڭلاۋاتقانلىقىغا ئىشىنىپ تۇردى. شۇڭا ئۇ يەنە ۋارقىرىدى:

ــ تاماق يېگۈم كېلىپ كەتتى. ماڭا تاماق بېرىڭلار! تاماقنى

نېمىشقا بالدۇر بەرمەيسىلەر؟ تاماق يېگۈم كېلىپ چىدىيالمايۋاتىمەن!...

كامىرنىڭ ئىشىكى ئېچىلدى. تاماق ــ بىر ئادەمنىڭ ھاياتىنى نابۇت قىلغۇچى زەھەر كامىر ئىچىگە سۇنۇلدى. قاھار بېرىپ تاماقنى ئالدى ۋە قورۇمىنى ئاز ـ ئازدىن ئېلىپ تەشنالىقى قېنىۋاتقان كىشىگە ئوخشاش ئاۋاز چىقىرىپ ۋە: «ۋاھ، ئەجەب خۇشياقتى» دەپ سۆزلەپ تۇرۇپ يېيىشكە باشلىدى.

سىرتتىكىلەر بىر نېمىلەرنى دەپ گۇدۇڭشىپ يوقالدى.

قاھار ئىككى تال ھورنانىنى ئۇششاق پارچىلاپ ياستۇقنىڭ ئىچىگە تىقىۋەتتى. قورۇمىنى بولسا ھەقىقەتەن ئىشتىھا بىلەن يېدى. گەرچە قورسىقى تازا تويمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ خېلىلا خاتىرجەم بولۇپ قالدى.

ئەتىسى ئۇ تاماقنى «يەپ» بولغاندىن كېيىن ۋارقىرىدى:

ــ بۇگۈن تاماقنى قانداق ئەتتىڭلار؟ بۇرۇنقىدەك ئەمەس ئىكەن، بۇ نېمىدېگەن تەمسىز تاماق. تاماقنى مۇشۇنداقمۇ لاۋزا ئەتكەن بارمۇ؟...

قاھار شۇنداق ۋارقىرىغان بىلەن «ئۇلار بايا كەتكەن تۇرسا، بۇ سۆزلىرىمنى كىم ئاڭلايدۇ؟ ئەستا، ئۇلار بۇ گەپلىرىمنى ئاڭلىسا ئوبدان بولاتتى...» دەپ ئەپسۇسلاندى ۋە بۇنىڭغا بىرەر ئامال تېپىش نىيىتىگە كەلدى.

ئەمما، ئويلىمىغان يەردىن سىرتتا تونۇش بىر ئاۋاز ئاڭلاندى:

ــ قانداق، ئىت يالاقتا ئۆگەندىمۇ؟

قاھار بۇ ئاۋازنىڭ ئىگىسىنى پەرەز قىلدى ۋە تېنى تىكەنلىشىپ كەتتى.

بۇ لاۋ لاۋبەننىڭ ئاۋازى ئىدى. قاھارنىڭ چىشلىرى غەزەپتىن غۇچۇرلىدى: «ھۇ، قانخور ئالۋاستى!...»

ــ يالاپ تويمايۋاتىدۇ، ــ دېدى بىر ئىنچىكە ئاۋاز.

ــ يەنە بەكرەك قاۋىغىچە ساقلاڭلار.

قەلبى غەزەپكە تولغان قاھار بۇ گەپنى ئاڭلاپ يېنىك بولۇپ قالدى، بېسىپ بولغۇسىز بىر خۇشلۇق تومۇر ـ تومۇرلىرىغا

تارىدى. دېمەك، ئۇلار قاھارنىڭ خۇمار بولغىنىنى ئىشىنىپتۇ، قاھارنىڭ ئازاد بولىدىغىنىغا ئاز قاپتۇ. «رەھمەت تۇمۇر ئاكا، ئەگەر بۇ ئالۋاستىلار سىزگە زىيانكەشلىك قىلمىغان بولسا، مۇشۇ ئەقىل ـ پاراسىتىڭىز ۋە پەزىلىتىڭىز بىلەن نى ـ نى ئىشلارنى قىلارسىزكەن...» قاھار بىردىنلا تۇمۇر دوختۇرنىڭ كەچمىشلىرىنى، سۆزلىرىنى، ياخشى ـ يامان تۇرق ـ ھالەتلىرىنى ئېسىگە ئالدى ۋە كۆزىگە ئىختىيارسىز ياش كەلدى.

قاھار ئاشۇنداق ۋارقىراپ، قورۇمىنىلا يەپ ئاچلىقتىن قىينالغان بولسىمۇ، لېكىن ئىرادىسى بارغانچە چىڭىۋاتقان، ئۇمىدى كۈچىيىۋاتقان كۆڭۈلىرىنىڭ بىر چۇشتىن كېيىنلىكى تۇيۇقسىز ئىشىك تۆۋىدە بىر قانچە كىشىنىڭ ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. ئۇلار ئىشىك تۆۋىدە بىر ھازا كۇسۇرلاشتى. ئارقىدىن ئىشىك ئېچىلدى ۋە چېچىنى پاك ـ پاكىز چۇشۇرۇپ تاقىر باش بولۇۋالغان، قارا كۆزەينەك تاقىۋالغان بىرى باشتا كىرىپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى.

ــ تاماكا چەك،ــ دېدى ئۇ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ.

ــ مەن تاماكا چەكمەي،ــ دېدى قاھار يالغاندىن ئەسنەپ. تاقىر باش ئۇنىڭ بۇ يالغان قىياپىتىگە قاراپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى:

ــ ھازىر چەكمىسەڭ كېيىنچە چېكىدىغان بولۇپ قالىسەن،ــ دېدى ئۇ، ئاندىن رەسمىي گەپكە كۆچتى،ــ سېنى نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان بۇ يەردە تۇتۇپ تۇردۇق. بۇنىڭ نېمە ئۇچۇنلۇكىنى بىلىش ئۇچۇن سېنىڭ ئىچىڭ پۇشۇپ كەتكەندۇ؟ ئەمدى بۇنىڭ سىرىنى دەيدىغان پەيت كەلدى. مە، ئۇسسۇزلۇق ئىچ. بۇگۇن سەن بىلەن ئۇ ھەقتە ئوبدانراق پاراڭلىشىپ باقايلى.

تاقىر باش شۇنداق دېگىنىچە قولىدىكى ئىككى بوتۇلكا مىنېرال سۇدىن بىرنى قاھارغا بەردى. قاھار چاندۇرۇپ قويماي دەپ سۇنى دەرھال قولىغا ئالدى.

ــ ئەسلىي ئىش مۇنداق،ــ دېدى تاقىر باش قولىدىكى

مىنېرال سۇدىن ئوتلاپ. قاھارمۇ بىر نەچچە يۇتۇم ئىچتى.
— ئەمەلىيەتتە سەن بىلەن ھېچقانداق ئۆچ – ئاداۋىتىمىز يوق،— تاقىر باش شۇنداق دېگىنىچە سۇنى غورتۇلدىتىپ ئىچىۋاتقان قاھارغا قاراپ تۇردى.
قاھار تۇيۇقسىز بېشى قايغاندەك ھېس قىلدى ۋە تاقىر باشنىڭ ئاخىرقى زەھەرخەندە كۇلكىسىنى غۇۋا كۆرگەندەك بولۇپ ئارقىسىغا ئۇچۇپ چۈشتى ۋە ھېچنېمىنى تۇيماي قالدى.

※ ※ ※

سوغۇق ۋە نەملىكتىن ئەندىككەن قاھار كۆزىنى ئاچتى. ئەتراپ خىرە، تونۇشتەكلا. ئەمما قاھارنىڭ بېشى ئاغرىپ، كۆزى تورلىشىپ ئېنىق كۆرەلمىدى. قۇلىقىغا بولسا ماشىنىلارنىڭ ئاۋازى، ئالدىراش كېتىۋاتقان كىشىلەرنىڭ سۆزلىرى ئاڭلىنىپ تۇردى.
ئۇ شۇ ھالدا خېلى ئولتۇرغاندىن كېيىن ئەسلىگە كەلدى. ئۇ ئەتراپقا قاراپ بىلدىكى، ئۇ ھازىر قوڭغۇراق راۋىقىنىڭ يېنىدىكى بازارنىڭ چېتىدىكى ئىككى تۈپ ناتونۇش دەرەخنىڭ ئاستىدا كىشىلەرنىڭ ئارام ئېلىشى ئۈچۈن قويۇپ قويۇلغان ئورۇندۇقتا ئىكەن.
قاھار توڭلاپ كەتكەن قوللىرىنى بىر – بىرىگە سۈركەپ ئىسسىتقاچ ئەتراپقا تويماسلىق نەزىرى بىلەن قارىدى. ئەنە، بىر تەرەپتە قوڭغۇراق راۋىقى بۇ شەھەرنىڭ قەدىمىي سەلتەنىتىنى نامايان قىلىپ تۇرۇپتۇ، يەنە بىر تەرەپتە بازار قايىنىماقتا، يولدا بولسا ھەرخىل ماشىنىلار تۇرلۇك مۇددىئالاردىكى كىشىلەرنى توشۇپ يۇرمەكتە، يول بويىغىلا تەنزە ئېچىۋالغان بىرى خېرىدار بىلەن شاپتۇلنىڭ باھاسىنى تالاشماقتا...
دېمەك، ھايات يەنىلا ئۆز يولىدا داۋام قىلىۋېتىپتۇ. بىر ئادەمنىڭ يوق بولۇپ كېتىشى ھاياتنى ئىزىدىن چىقىرالمايدىكەن. «مەن بولمىسام جاھان قانداق چۆرگىلەر؟ باشقىلار قانداق ياشار؟

قانداق قىلار؟» دەيدىغانلار ئەگەر ئاشۇنداق قىسمەتنى بېشىدىن كەچۈرسە، ئاندىن بۇ ئويىنىڭ نەقەدەر ئەخمەقلىك ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغان بولاتتى.

ئۇ ئۆزىنىڭ ھەقىقەتەن شىئەن شەھىرىدىكى ئەركىن ئادەمگە ئايلانغانلىقىغا ئىشەنگەندىن كېيىن بولغان ئىشلارنى ئەسلەشكە تىرىشتى. ئالدى بىلەن ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا تاقىر باش كەلدى. ئۇنىڭ مەقسىتى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان، ئەمما قاھارغا خۇشياقمىغان، ئۇنى ئۇمىدلەندۇرگەن گەپلىرى قۇلاق تۈۋىدە ياڭرىغاندەك بولدى. ئاندىن تولىمۇ خۇشىيېقىپ غورتۇلدىتىپ ئىچكەن مىنېرال سۇنى يادىغا ئالدى. شۇنىدىلا قاھار ئەقلىنى تاپتى: «ھە، ئەسلىي ئۇ مېنىڭ بىھوش بولۇشۇمنى ساقلاپ شۇنداق گەپلەرنى قىلىپ ۋاقىت ئۆتكۈزۈپ تۇرۇپتىكەن ـ دە! ھۇ ئەبلەخ!» ئەمما كۆپ ئۆتمەيلا قەلبى ئاچچىققا تولغان قاھار پەسكويغا چۈشتى: «بوپتۇ، نېمىلا بولسا ئۇ دوزاختىن قۇتۇلۇپتىمەن. ئەمدى قانداق قىلسام بولار؟»

شۇنىدىلا قاھار نەچچە كۈندىن بۇيان تويغۇدەك، پۇختىدىن چىققۇدەك تاماق يېمىگەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قورسىقى تېخىمۇ بەك ئېچىپ كورۇلداپ كەتتى. ئادەم قىيىن شارائىتقا دۇچ كەلگەنچە قەيسەرلىشىپ كېتىدىكەن، قىيىن شارائىتتىن قۇتۇلدىمۇ بولدى، ئۇنداق قەيسەرلىكنىڭ ئۇندىن بىرىمۇ قالمايدىكەن.

شۇ تاپتا قورساق غېمىدە قالغان قاھار باشقا نەرسىنى ئويلىماي ئۇيغۇر ئاشخانىسى تېپىش كويىغا چۈشتى. ئەمما، دەرھال بىر نەرسىنى يادىغا ئالغان قاھار ئالدىرىغىنىدىن كوچا ئىكەنلىكىنىمۇ ئۇنتۇپ قولىنى ئىشتاننىڭ ئىچىگە تىقتى: «خۇداغا شۈكۈر» پۇل بىلەن قەغەز جايىدا ئىدى. قاھار پۇلنى قولىغا ئالدى.

كۆڭلى جايىغا چۈشكەن قاھار ئويلاپ بىر ئاشخانىنى يادىغا ئالدى، ئەمما ئۇ ئاشخانىنىڭ ئېنىق ئورنىنى پەرەز قىلالمىدى. «پويىز ئىستانسىسىنى تېپىۋالسام‌لا بارالايمەن» شۇ خىيالغا

كەلگەن قاھار كوچىنى بويلاپ مېڭىۋەردى ھەم ھەربىر كوچىنىڭ كېسىشىش ئېغىزىغا كەلگەندە كېسىشكەن يولنىڭ ئۇ بېشىغا سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى. ئۇ بىر ەرسىدىن پويىز ئىستانسىسىنى سوراپ باقماقچىمۇ بولدى، بىراق بىر خىل ۋەھىمە، قورقۇنچ تۇپەيلى ئېغىز ئاچالمىدى.

ئۇ شۇ ھالدا ئۈچ كوچىنى كېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن يولنىڭ بېشىدا يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان قەدىمىي سېپىلگە قاراپ يېنىك تىن ئالدى. ئۇ مۇشۇ يولنى بويلاپ، سېپىلنى نىشانلاپ مېڭىۋەردى. پويىز ئىستانسىسى ئەنە شۇ سېپىلنىڭ ئارقا تەرىپىدىلا ئىدى. قورساق غېمىدە قالغان قاھار پادىشاھلارنىڭ ھەيۋىتى ۋە كۈچلۈك مۇداپىئەسى، قەدىمدىكى نۇرغۇن قانلىق جەڭلەرنىڭ گۇۋاھچىسى، قانچىلىغان سەركەردىلەرنىڭ ساداقىتى ۋە ساتقىنلىقىغا شاھىت بولغان، تارىخنىڭ بىر مۇستەھكەم ۋارىقىغا ئايلانغان بۇ سېپىلگە مۇنداقلا بىر قاراپ قويۇپ ياندىكى تار كوچىغا قاراپ ماڭدى.

پويىز ئىستانسىسىنىڭ ئاستىدىكى كىچىك كوچىدا ئۇزۇن يىللىق ئاپتوبۇس بېكىتى بولۇپ، شۇ بېكەتنىڭ ئۇدۇلىدىلا «شىنجاڭ ئۇيغۇر تائاملىرى ئاشخانىسى» دەپ ۋىۋىسكا ئېسىلغان بىر ئاشخانا بار ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار مۇشۇ ئاشخانىدا لەڭمەن يېگەندە قاھار بۇ ئاشخانىنى ئېسىدە مەھكەم تۇتۇۋالغانىدى.

ئاشخانىنىڭ ئالدىدىكى كاۋاپدانىدا پىژىلداپ پىشىۋاتقان گۆشنى كۆرۈپلا قاھارنىڭ ئاغزىغا سېرىق سۇ كېلىپ، نەپسى تاقىلداپ كەتتى. كاۋاپنىڭ پۇرىقىچۇ تېخى! قورسىقى ئاچقان ئادەمگە زىرە سېپىلگەن كاۋاپنىڭ پۇرىقى جانغا تېگىشكۈچىلىكى بار ھۇزۇر!

قاھار ئالدىراپ ئاشخانىغا كىردى. ئاشخانىدا بىر نەچچە كىشى باش كۆتۈرمەي تاماق يەۋاتاتتى. ئىككى ئۇيغۇر مۇلازىم يېگىت تاماق توشۇش، شىرە سۈرتۈش بىلەن بەند ئىدى. نېرىدا نېمىشقىدۇر يۈزى قارىداپ كەتكەن ئۇيغۇر ئايال خوجايىن ئورۇندۇقتا پۇتلىرىنى ئالماپ ئولتۇرۇپ، تاماكىسىدىن پۇرۇلدىتىپ ئىس چىقىرىپ، مۇلازىملارغا قوپال ئاۋازدا «چاققان

بولۇشە» دەپ ۋارقىرايتتى. ئادەم سىغىنىپ كەتكەن قاھار ئۆز قېرىنداشلىرىنى كۆرۈپ جانلىنىپ كەتتى ۋە ئەينى ۋاقىتتا سادىقنىڭ ئۇلار بىلەن ناھايىتى قىزغىن ئەھۋاللاشقانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ ئۇلارغا سالام بەرمەكچى بولدى، بىراق ئاغزىنى ئاچقان پېتى تۇرۇپلا قالدى. چۈنكى ئۇلار شۇ قەدەر بىپەرۋا ئىدىكى، خۇددى ئاشخانىغا بىرى كىرمىگەندەك ياكى ئۇلار قاھارنى كۈندە تولا كۆرۈپ بىزار بولۇپ كەتكەندەك قاھارغا قاراپمۇ قويمىدى.

بۇنىڭدىن ئاجايىپ بىر خىل يېتىمسىراشنى، غېرىبسىنىشنى ھېس قىلغان قاھار لەسسىدە بولۇپ، بوش بىر شىرەگە بېرىپ ئولتۇردى. شۇ چاغدا بىر مۇلازىم كېلىپ، تولىمۇ ھېسسىياتسىز، يېقىمسىز ئاۋاز بىلەن نېمە تاماق يەيدىغانلىقىنى خەنزۇچە سورىدى. قاھار ئۇيغۇرچە سۆزلەپ بەش زىخ كاۋاپ، بىر لەڭمەن بۇيرۇتۇۋىدى، ئۇ مۇلازىم ئۇنىڭ ئۇيغۇرچە سۆزلىگىنىگە، ئۇيغۇر ئىكەنلىكىگە ھەيرانمۇ قالماي ئاستا كېتىپ قالدى.

تاماق كەلتۈرۈلدى. قاھار تاماقنى ئىشتىھا بىلەن يېيىشكە باشلىدى. تاماقنى ھۇزۇرلىنىپ چاينىغانچە ئۇنىڭ تومۇرلىرىغا جۇشقۇن قان يۈگۈرگەندەك بولدى.

شۇ چاغدا ئاشخانىغا ئېغىر سومكىلارنى كۆتۈرگەن چوڭ ياشلىق بىر ئادەم بىلەن بىر ئوغۇل بالا كىرىپ كەلدى. بۇلارنى كۆرۈپ قاھار، ھەم ھاياجانلاندى، ھەم ھەيران قالدى. ئۇ ئىككىسى ئۇدۇل تېخىچىلا پېتىنى بۇزماي قېتىپ ئولتۇرغان ئايال خوجايىننىڭ يېنىغا بېرىپ، تولىمۇ تۆۋەنچىلىك بىلەن بىر نەرسىلەرنى دەپ كەتتى. ئايال خوجايىن بولسا يەنە تاماكا تۇتاشتۇرۇپ، ئىسىنى ئاسمانغا پۈۋلىگەنچە بىر خىلدا ئولتۇرۇۋەردى. ئۇلار سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن ئايال خوجايىنغا ئۆتۈنۈش بىلەن تىكىلدى. بىراق ئايال خوجايىن بېشىنى چايقىدى ۋە ئۇلارنى چىقىپ كېتىشكە ئىشارەت قىلدى. قاھار ئايال خوجايىننىڭ بىر ئېغىزمۇ سۆز قىلمىغىنىغا قاراپ: «بۇ ئايال گاچىدەكلا بولۇۋالىدىكىنە؟» دەپ ئويلىدى.

ئۇلار ئامالسىز ھالدا كۆزى قىيماي ئاشخانىدىن چىقىپ كەتتى. شۇ چاغدا ئىچكىرىكى ئۆيدىن پاكار، سېمىز بىرسى مايلاشقان بادامدوپپىسىنى مىجىقلاپ تۇتقىنىچە چىقىپ، ئايال خوجايىندىن خۇشامەتگۇيلۇق بىلەن سورىدى:

— ئاممىنە ئاچا، نېمە دەيدۇ ئۇ كەلگۈندىلەر؟

شۇندىلا ئايال خوجايىن ئېغىز ئاچتى:

— ئۇ خۇمسى «بىز بىر ئائىلە كىشىلىرى ئوقەت بىلەن كەلگەن، بىر ئاخشام قونالغۇ بەرگەن بولساڭ» دەيدۇ. ئايالى بىلەن قىزى بېكەتتە قاپتۇمىش. بۇ خۇمسىلار ئۆزلىرى چېكىپ بولماي بالىلىرىغىمۇ ئۆگىتىپ قويۇپ، يۇرتىدا تۇرالماي قېچىپ كەلگەن گەپ. يالغان ئېيتىپ مەندەك ئاچىسىنى ئوڭدا قويىمەن دەيدا؟

— شۇنداق دەمدۇ تېخى! پوق بار ئۇلارغا بۇ يەردە، — دېدى ئاشپەز تېخىمۇ كۆچۈكلىنىپ، — ئاممىنە ئاچا، ئۇلارغا «ياتە» دەپ لوگۇەنسۇننى كۆرسىتىپ قويساق بوپتىكەن.

بۇنى ئاڭلاپ ئايال خوجايىننىڭ كۆزى چەكچەيدى:

— ھېي، شوۋىچى، ماڭ، بېرىپ كۆرسىتىپ قويۇپ كەل. ياش يىگىتلەرنى كۆرۈپ قوڭاڭ قىچىشىۋاتامدۇ؟

— ئەمدى، ئۇ يەردە ئەرزان ياتاقلار بولغاندىكىن، دەيمىنا، — دەپ ھىجايدى ئاشپەز.

— ئەرزان قوڭ باردۇ؟ — ئايال خوجايىن «چىرت» قىلىپ ئاشپەزنىڭ پۇتىغا تۈكۈردى. ئاشپەز خېرىدار كىرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئىچكىرىگە يۈگۈردى.

بۇنى كۆرگەن قاھار ئايىغى ئۇزۇلمەي كىرىۋاتقان خېرىدارلارغا قاراپ: «كىشىلەرنىڭ بۇنداق ئاشخانىدا قانداقمۇ تاماق يېگۈسى كېلەر؟» دەپ ئويلاپ قالدى. قورسىقى تويغاچقىمۇ ياكى بايىقى تۇيغۇلىرى ئارام بەرمىدىمۇ، ئەمدى قاھارنىڭ بۇ يەردە ئۇزۇن ئولتۇرغۇسى كەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ چىقىپ كەتتى.

قاھار ئاشخانا ئالدىغا چىقىپ تۇرۇپ قالدى: «ئەمدى نېمە قىلىمەن؟ يېنىمدىكى پۇل پويىز بىلىتى ئېلىشقا يېتەمدۇ؟ ئۇنداقتا، قانداق قىلسام پۇلنىڭ ئامالىنى قىلالايمەن؟ نېملا

بولسا بۈگۈن ئاخشام ياتىدىغان يەرنىڭ ئامالىنى قىلاي...» قاھار ئىككىلىنىپ تۇرمايلا كاۋاپ پىشۇرۇۋاتقان ياش يىگىتتىن سورىدى:

ــ ئۇكام، بەك تەس كۈنگە قالدىم. ئەرزانراق ياتاق يوقمۇ؟ شارائىتى ناچار بولسىمۇ مەيلى.

يىگىت ئەنسىزلىك بىلەن ئەتراپىغا قارىۋېتىپ ئىتتىكلا دېدى:

ــ لۈگۈەنسۈنگە بېرىڭ ياكى يېقىنراق دېسىڭىز بالىسۈنگە بېرىڭ، خوجېزەننىڭ يېنىدىلا.

قاھار پويىز بىلەتىنىڭ گېپىنى قىلماقچى بولۇۋىدى، يىگىت بىر نەرسىدىن قورققاندەك بېشىنى سىلكىپ جىمىمىدە تۇرۇۋالدى.

قاھار بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قىلىقلىرىغا ھەيران بولۇپ پويىز ئىستانسىسى تەرەپكە ماڭدى. ئەمما تونۇش دۇكانلار، يېرىم يالىڭاچ دېگۈدەكلا ئالدىغا چىقىپ غىلجىڭلاپ تۇرۇۋالىدىغان سېرىق چاچلىق قىزلار بار تونۇش ساتىراشخانىلار، تار يولدا قىستىلىشىپ كېتىۋاتقان مىنىبۇسلار ئۇچراشقانچە قاھار ئازراق مېڭىپلا توختاپ قالدى. يوشۇرۇن بىر ئۈمىد، ئالدامچى تۇيغۇلارغا ئورالغان ئىشەنچ ئۇنى توختىتىپ قويدى. ئۇنىڭ يۈرىكى سىلكىپ كەتتى: «بەلكىم، ئۇلار مېنى ساقلاۋاتقاندۇ؟ مەن توغرۇلۇق گەپ ـ سۆز قالدۇرۇپ قويغاندۇ؟...»

قاھارنىڭ پۇتلىرى ئىختىيارسىز تونۇش يولنى بويلاپ مېڭىپ، ئۇنى «سۇمۇرغ مېھمانخانىسى»نىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى.

ئۇ باش مۇلازىمەت ئورنىغا بېرىپ، يادىدا قالغان چېسلا بويىچە 605 ـ ۋە 609 ـ نومۇرلۇق ياتاقتا ياتقان كىشىلەرنى سورۇشتۇردى. مۇلازىم قىز قاھارنىڭ ئۇستىۋېشىغا قاراپ قويۇپ ئالدىغا قاراشتۇردى ۋە خۇشياقمىغاندەك جاۋاب بەردى.

قاھار ئۇنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ قالدى. قاھار بىلدىكى، سادىقلار قاھار تۇتۇلۇپ ئەتىسىلا بۇ ياتاقتىن كېتىپ قاپتۇ. «زادى نېمە ئىش بولغاندۇ؟ بۇ يەردە زادى نېمە سىر بار؟» قاھار ئەلەم بىلەن كەينىگە ياندى ۋە پويىز ئىستانسىسىغا قاراپ ماڭدى.

قاھار پويىز ئىستانسىسىدىمۇ ئۇمىدسىزلىك پاتقىقىغا پېتىپ مىغىلداۋاتقان ئادەملەر توپىغا قاراپ تۇرۇپ قالدى. پويىزنىڭ ياڭراق گۇدۇكلىرىمۇ ئۇنىڭغا ئىنتايىن يېقىمسىز ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

شىنجاڭغا بارىدىغان پويىز بېلىتى يۈز كويدىن ئاشىدىكەن، تېخىمۇ چاتاق يېرى، كىملىك بولمىسا بېلەت ئالغىلى بولمايدىكەن!

قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىدى. شىئەننىڭ ئەتىياز پەسلىدىكى نەم، سوغۇق ھاۋاسى ئۈمىدسىز ئادەمنى تېخىمۇ بوزەك قىلىدىكەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە، ھاۋانىڭ پەيلىگە قارىغاندا يامغۇر يېغىش ئېھتىمالى بار ئىدى. ئەمدى ياتىدىغان يەرنىڭ ئامالىنى قىلىش كېرەك!

شۇنىڭ بىلەن قاھار قومۇش سۇپۇرگىسىنى قۇچاقلاپ ئارام ئېلىپ ئولتۇرغان تازىلىق ئىشچىسىدىن سوراپ بالىسۇنگە قاراپ ماڭدى.

# ئون ئۈچىنچى باب

بالىسون ــ سەككىز چاقىرىم كەنتى پويىز ئىستانسىسىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان ئاۋات بازار بولۇپ، ئەرزان پۇللۇق ياتاقلار كۆپ ئىدى.

قاھار يەتتە يۈەنگە بىر ياتاققا ئورۇنلاشتى. سەككىز كارىۋات زىچ ئورۇنلاشتۇرۇلغان بۇ ياتاق ئىپىغىلدەك بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ھەر ھالدا قاھارنىڭ كۆڭلى ئەمىن تېپىپ قالدى. ياتاقنىڭ ئىچى تۈرلۈك بەتبۇي پۇراقلار ئارىلىشىپ كەتكەن بولغاچقىمۇ، نېمىنىڭ پۇرىقى ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئۇ بۇ پۇراقتىن «كامېر»نىڭ ئىچىدىكى پۇراقنى يادىغا ئالغاندەك بولدى. «توۋا، شۇ زۇلمەتتىن، ئۆلۈمنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇپ چىقتىم ـ ھە! رەھمەت، تۆمۈر ئاكا!» قاھار ياتاقنىڭ دېرىزىسىنى ئېچىۋەتتى. ياتاقنىڭ ئىچىگە ساپ ھاۋا بىللە سوغۇقمۇ بېسىپ كىردى.

ئۇ ئەمدى «ئۇھ» دەپ تۇرۇۋېدى، ياتاققا ئىككى خەنزۇ يىگىت بىلەن بىر ئۇيغۇر يىگىت كىرىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ كىيىنىشى غەلىتە ئىدى، چاتاق يېرى، ئۇچىسىلا سۆرۈن تەلەت ئىدى. «چاتاق ئادەملەر بىلەن بىر ياتاقتا يېتىپ قاپتىمەنمۇ، نېمە؟» دەپ ئويلىدى قاھار.

ــ قىشتا بىگگۇر يەيدىغان ئاغىنىمۇ نېمە بۇ؟ ــ دېدى ئۇيغۇر يىگىت قاھارغا ئالىيىپ قاراپ قويۇپ ئانچە راۋان بولمىغان تەلەپپۇز بىلەن. ئاندىن غۇدۇرىغىنىچە بېرىپ دېرىزىنى ئېتىۋەتتى. ئۇلار تاماكا چېكىشىپ تۇرۇۋېدى، ياتاققا يەنە ئىككى خەنزۇ يىگىت بىلەن بىر خەنزۇ قىز كىرىپ كەلدى. ئۇلار قاھارغا

مۇنداقلا بىر قاراپ قويۇشۇپ، ياتاقتىكىلەر بىلەن تاماكا چېكىشتى. قاھار بىر چەتتە ئۇلارغا قاراپ ئولتۇردى.
بىر چاغدا بىرى:
— ئەرشكە چىقمامدۇق،— دېدى.
— شۇنداق قىلساقمۇ قىلايلى. بولمىسا، ماڭا قارىغۇدەكمۇ ھالىڭلار قالمىغۇدەك،— دېدى قىز. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يانلىرىدىن كىچىك بولاق، پارقىراق قەغەز، چاقماقلارنى چىقىرىشتى. بۇلارغا قاراپلا قاھار ئەھۋالنى چۈشەندى. ئۇلار نۆۋەت بىلەن پارقىراق قەغەزدىن كۆتۈرۈلگەن ئىسنى — جان ئالغۇچى ئالۋاستىنى سۈمۈرۈشكە باشلىدى. سۈمۈرگەنلەر جىمىدە تۇرۇپ ھۇزۇرىنى سۈرەتتى.
— ھوي، بۇياققا كەل،— دېدى قىز قاھارغا خۇمارلاشقان كۆزىنى تىكىپ،— سەن مېھمان، بىزنىڭ مېھمانغىمۇ كۆڭلىمىز بار. ئۇنچىلىك پىخسىق ئەمەسقۇ بىز يىگىتلەر؟
— شۇنداق، كېلە ئاداش، سېنى مېھمان قىلغىنىمىز بولۇپ قالسۇن،— دېيىشتى يىگىتلەرمۇ. قاھار قورقۇپ كەتتى.
— ئۇنداقتا، سومكامنى ئاچقىۋالاي، دىجورنىخانىدا قالغان،— دېدى قاھار ۋە دەرھال ياتاقتىن چىقتى.
ئالدىراپ يولغا چىقىۋالغان قاھار «ئۇھ» دېدى. ئەمما نەگە بېرىپ يېتىش كېرەك؟ يامان يېرى، ھازىر قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن قاھار ئامالسىز كەينىگە ياندى.
— ماڭا باشقا ياتاق ئېچىپ بەر. مەن يالغۇز ياتىمەن،— دېدى قاھار ياتاق باشقۇرغۇچىغا تولۇق بىلەن.
— ئايرىم ياتاق يوق، ياتىمەن دېسەڭ، ماڭا ھەمراھ بولۇپ ياندىكى ئۆيدە يات،— دېدى ياتاق باشقۇرغۇچى تېخىمۇ تولۇق بىلەن.
ياندىكى ئۆي قاراڭغۇ، بىر كارىۋات بىلەن ئەسكى - تۈسكى يوتقاندىن باشقا نەرسە يوق نامدىكىلا ئۆي ئىكەن. لېكىن قاھار شۇنىڭغىمۇ رازى بولۇپ يېتىپ قالدى.
ئەسلى قاھار خاتىرجەم يېتىپ شىنجاڭغا قانداق قايتىپ

كېتىشى كېرەكلىكىنى ئوبدانراق ئويلىنىۋالماقچى ئىدى. ئەمما يېتىپلا قاتتىق ئۇيقۇغا كەتتى.

ئۇيقۇسى قاندىمۇ ياكى سوغۇقنىڭ تەسىرىمۇ، ئەتىسى قاھار ئەتىگەندىلا ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ ئويغىنىپلا بۇ يەردىن كېتىش قارارىغا كەلدى. ئۇ ياتاق ئىچىگە قاراپ بىر بۇلۇڭدا بىر توپ ئەسكى - تۈسكىلەرنىڭ يىغىپ قويۇلغانلىقىنى كۆردى. ئۇ ئاخشام قاراڭغۇچىلىقتا بۇ نەرسىلەرگە دىققەت قىلمىغانىدى. قاھار ئۇ نەرسىلەرنى يايدى، بۇ تاشلاندۇق نەرسىلەرنىڭ ئىچىدە تۈرلۈك داغلار قېتىپ قالغان كىرلىك، تاسمىسى ئۈزۈلۈپ كەتكەن لىپتىك، كونىراپ كەتكەن كىيىم دېگەندەك نەرسىلەر بار ئىدى. قاھار ئۇچىسىغا قاراپ قويۇپ كىيىملەرنى مالتىلاشقا باشلىدى. ئەمدى ئۇنىڭ ئۈستىدىكى قىشلىق كىيىملەر ئۇنىڭغا قېلىن كېلىپ قالغانىدى. ئۇ كىيىملەر ئىچىدىن كونا بولسىمۇ بىر قۇر ئەتىيازلىق كىيىمنى تاللاپ كىيىۋالدى. ئاندىن تۆمۈر دوختۇر بەرگەن ھېلىقى ئامانەت — تىزىملىكنى كىيىمنىڭ ئىچ يانچۇقىغا ئوبدان جايلاشتۇرۇپ، ياتاقتىن چىقتى. ئۇنىڭغا ھېچكىم دىققەت قىلمىدى.

ئۇ يولغا چىقىپ ناشتىنى نەدە قىلىشنى ئويلاندى. شىئەن شەھىرىگە ئەمدىلا كېلىشىگە قاراڭغۇ ئۆيگە بەند قىلىنغان قاھار يەنە نەنىمۇ بىلسۇن؟ بىلسىمۇ نەدىنمۇ ئۇيغۇر ئاشخانىسىنى تاپالىسۇن؟ شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئامالسىز يەنە ھېلىقى ئاشخانىغا باردى.

ئۇلار خۇددى قاھارنى تونۇمىغاندەك، تونۇسىمۇ تونۇماسقا سالغاندەك تۈنۈگۈنكىدەك سوغۇق مۇئامىلىسى بىلەن ئۇنىڭغا سۇيۇقئاش قىلىپ بەردى. ئۇ قورسىقىنى توقلىۋالغاندىن كېيىن غۇۋا بىر ئۈمىدنىڭ تۈرتكىسى بىلەن پويىز ئىستانسىسىغا باردى. ئۇ يەردە ئادەملەر يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى بىلەن ئاۋارە ئىدى. قاھار شۇ يەردە تۇرۇپ بىرەر ئۇيغۇرنىڭ ئۇچراپ ئۆزىگە ياردەم قولىنى سۇنۇشىنى كۈتۈپ تۇردى. چۈشلۈكى بىر قاتلىما بىلەن قورسىقىنى گوللىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ چىداپ

ئۆلتۈرۈۋەردى. چۈشتىن كېيىن بولغاندا، سىمىز بىر ئادەم ياش بىر قىز بىلەن چوڭ ئىككى چاماداننى سۆرىگىنىچە بۇ يەردە پەيدا بولدى.

قاھار بىرلا قاراپ ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى بىلدى. خۇشال بولۇپ كەتكەن قاھار دەرھال ئۇلارنىڭ ئالدىغا باردى.

— ئاكا...

ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئۇ ئىككىسى چۆچۈپ كەتتى ۋە قاھارنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئۇستۇېشىغا شۇنداق قاراپلا، ۋابادىن قاچقان ئادەملەردەك قەدەملىرىنى ئىتتىكلىتىپ پويىز ئىستانسىسىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىشتى. قاھار جايىدا تۇرۇپلا قالدى...

قاراڭغۇ چۈشۈپ قېلىۋاتاتتى. قاھار ئۈمىدسىزلەندى. شۇنىڭ بىلەن يەنە ياتاقنىڭ غېمىگە چۈشتى. نەدە يېتىش كېرەك؟ «ئەمدى بالىسۇنگە ھەرگىز بارمايمەن. ئۇنداقتا، نەگە باراي؟ ھە، راست...» قاھار لۇگۇەنسۇننى يادىغا ئالدى. «شۇ يەرگە باراي...»

ئەمدى يۈرىكى خېلىلا توختاپ قالغان قاھار توۋت كوچىغا باردى ۋە قاتناش ساقچىسىدىن لۇگۇەنسۇنگە قانداق بارغىلى بولىدىغانلىقىنى سورىدى. قاتناش ساقچىسى ئۇنىڭ تۇرقىغا قاراپ بىر پەس تۇرۇۋەتكەندىن كېيىن سورىدى:

— چاڭئەن ئۇنىۋېرسىتېتىنى بىلەمسەن؟

— ياق، بىلمەيمەن.

— ئۆلكىلىك مۇزېينىچۇ؟

— ياق.

قاتناش ساقچىسىنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى:

— ئۇنداقتا، ھەربىي دوختۇرخانىنىمۇ بىلمەيدىكەنسەن ـ دە؟

قاتناش ساقچىسى ئۇنىڭ باش چايقىغىنىنى كۆرۈپ ئىتتىكلا دېدى:

— بولدى، ئۇنداق بولسا تاكسىغا ئولتۇرۇپ ھەربىي دوختۇرخانىسىغا ئاپىرىپ قوي دېسەڭلا، شوپۇرلار ئۆزى بىلىدۇ.

قاھارنىڭ تاكسىغا تۆلەيدىغان پۇلغا قورسىقى ئاغرىپ يول

بويىدا تۇرۇپ قالدى. قاراڭغۇ چۈشكىلىۋاتىدۇ، ئەمدى بۇ يەردە تۇرۇۋېرىشكە بولمايتتى. ئامالسىز قالغان قاھار لېۋىنى چىشلەپ تۇرۇپ قولىنى كۆتۈرۈپ بىر تاكسىنى توسىدى.

ماشىنا خېلى ئەگىگەندىن كېيىن ئۇنى لوگوۋنسونگە ئەكېلىپ قويدى. قاھار ئىچى ئاچچىق بولغان ھالدا شوپۇرغا يەتتە كوي پۇلنى تۆتقۇزغاندىن كېيىن «ياتاق» دەپ ئاددىيلا ۋىۋىسكا ئېسىلغان، ئىككى قەۋەتلىك، ئۈچ قەۋەتلىك بىنالارنىڭ بىرىگە كىردى.

بۇ چاغدا ئوبدانلا قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھاۋا تۇتۇلۇپ، سىم - سىم يامغۇر يېغىۋاتقان بولغاچقا سىرتنى تېخىمۇ قاراڭغۇ كۆرسىتەتتى.

ياتاق باشقۇرغۇچى بالىسۇندىكىگە ئوخشاشلا ئۇنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى، قانداق ئادەملىكىنى سۈرۈشتۈرۈپمۇ قويماي، ئالىقانچە ئاق قەغەزگە بەش يۈەنلىك ھۆججەت يېزىپ، ئۈستىگە تامغىسىنى بېسىپ بەردى:

— 207 - ئۆيگە كىرسەڭ بولىدۇ.

قاھار بىر قەۋەت تۇپا قونغان پەلەمپەي تۇتقۇچىنى ئاۋايلاپ تۇتقانچە ئىككىنچى قەۋەتكە چىقتى. ئاددىي قىلىپ سېلىنغان ياتاقلاردىن تۈرلۈك قىيا - چىيا ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى. قاھارنى ھەيران قالدۇرغىنى قۇلاققا دەممۇدەم ئۇيغۇرچە ئاۋازلارنىڭ ئاڭلىنىشى ئىدى. بۇنىڭدىن قاھارنىڭ كۆڭلى خۇشلۇققا چۆمدى: «كىرا پۇلى تۆلىگەنگە تۇشلۇق ئىش بوپتۇ...»

قاھار ئىشىكلەرگە قاراپ يۈرۈپ 207 - نومۇرلۇق ئۆينى تاپتى. ئۆي ئىچىدىن سۆس ئۇيغۇرچە گەپ قىلىشقان ئاۋاز ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بۇنىڭدىن قاتتىق ھاياجانلانغان قاھار ئىشىكنى ئېچىپ ئۆيگە ئىتتىك كىردى. ئۆيدە ئۈچ ئۇيغۇر يىگىت بىلەن بىر ئۇيغۇر قىز بار ئىدى. ئۈچ يىگىت ھەدەپ قولىدىكى پىۋا بوتۇلكىلىرىنى سوقۇشتۇرۇپ ئىچىشىۋاتاتتى. قىز بولسا مەست بولۇپ كەتكەن بولۇپ، پىۋا توشقۇزۇلغان ئىستاكاننىمۇ تۇزۇك تۇتالمايۋاتاتتى.

يىگىتلەر قاھارغا باش لىڭشىتىپ سالاملاشتى. ئارقىدىن ئارىدىن بىرى:

— بىز ھازىرلا كېتىمىز ،— دېدى.

قاھار بىر كارىۋاتقا بېرىپ ئۇلارغا قاراپ ئولتۇردى. بىر چاغدا قىز:

— خوشە، ئىچىشە لاتىلار ،— دېدى ۋارقىراپ. قاھار: «توۋا» دەپ ئۇ قىزغا قارىدى. قىز چېچىنى كەينىگە سىلكىپ:

— مانا مۇنداق ئىچىدۇ،— دەپ ئىستاكاننى ئېگىز كۆتىرىپ ئىچىشكە باشلىدى. قىزنىڭ چىرايىنى كۆرگەن قاھار چۆچۈپ كەتتى ۋە قىزغا سىنچىلاپ قارىدى.

شۇ ھامان ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئىككى يوەنلىك پۇلنى يېيىپ قەيسەرگە كۆز - كۆز قىلىۋاتقان بىشەم سەلىمە كەلدى. ئەجەبا، بۇ قىز شۇ سەلىمەمۇ؟

قاھار تېڭىرقاپ قالدى. قىزغا قايتا - قايتا قارىدى. «دەل شۇ! مەن ئۇنى قانداقمۇ ئۇنتۇپ قالاي، قانداقمۇ خاتا تونۇپ قالاي. ئۆزى شۇ! توۋا، كونىلارنىڭ جاھان تار دېگىنى مۇشۇكەن - دە، ئۇنىڭ بىلەن بۇ يەردە ئۇچرىشىپ قالغىنىمىزنى قارىمامدىغان. بۇ تەقدىرنىڭ نېمە چاقچىقىدۇر؟»

بۇ چاغدا يىگىتلەر پىۋىلىرىنى ئىچىشىپ بولۇپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى ۋە كىيىملىرىنى كىيىشتى. ئاندىن قىزنى يۆلىدى.

— يورۇقلار، ئاغىنىلەر، ئوبدانىراق بىر ياتاققا بارايلى. ئۇ ھەممىمىزنىڭكىنى تېتىپ باقسۇن. بولمىسا ئېچىرقاپ كەتكەن پاقىسى قانماي تۇرمىسۇن يەنە.

— قانداق، سەلىمە؟

— چاتاق يوق، مېڭىشە ھېجىقىزلار!

بۇنى ئاڭلىغان قاھار غايىبتىن پەيدا بولغان بىر كۈچ سەۋەبىدىن ئىختىيارسىز ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

يىگىتلەر سەلىمەنى سۆرەپ مېڭىشتى. قاھار ئۇلارنى توساي دېدى - يۇ، جايىدىن قىمىرلىيالمىدى. يىگىتلەر ئۆزلىرىگە

تاقاشقان قاھارنى نېرى - بېرى ئىتتىرىشىپ سىرتقا ماڭدى. ئىشىك تۈۋىگە كەلگەندە بىرى كەينىگە بۇرۇلدى:

— ياتاق ساڭا ئوڭچە قالدى، جالىپىڭ بولسا، كەڭتاشا ئويناۋال.

قاھار جايىدا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قالدى. نېمىشقىدۇر سەلىمىگە ئىچى ئېچىشتى، بايا ئۇنى تۇتۇپ قالمىغىنىغا، بىر توپ ھاڭگىغا تاشلاپ بەرگىنىگە ئۆكۈندى.

ئۇ جايىغا بېرىپ ئولتۇرۇپ، قورسىقىنىڭ ئېچىۋاتقانلىقىنى بىلدى. دېمىسىمۇ، ئۇ چۈشتە بىر قاتلىما يېگەنچە. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بايا ماشىنىدا كېلىۋېتىپ كۆرۈپ قويغان نېرى كوچىدىكى ئۇيغۇر ئاشخانىسىنى يادىغا ئېلىپ، لەڭمەن يېيىشنى پىلانلاپ ئورنىدىن تۇردى. بىراق، قولىنى چاپىنىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپلا تۇرۇپ قالدى.

پۇل يوق! بايىلا ئىككىنچى قەۋەتكە چىققۇچە يانچۇققا ئوبدان قاتلاپ سالغان پۇل يوق! شۇ ھامان پۇلنى بايىقى يىگىتلەرنىڭ جۆندىۋەتكەنلىكىنى پەملىگەن قاھار يىغلىۋەتكىلى تاس قالدى. قاھار گېلىگە يىغا قاپلاشقان ھالدا ئولتۇرۇپ قالدى. تۇرۇپلا بايا سەلىمىگە ئىچ ئاغرىتقىنىغا، يىگىتلەرنى تۇسۇشتەك خىيالغا كەلگىنىگە كۈلگۈسى كەلدى، كۈلۈپمۇ كەتتى، كۈلۈش بىلەن تەڭ كۆزىدىن ياشمۇ تۆكۈلدى.

قاھار ئەنە شۇ ھالدا كۈلۈپ، يىغلاپ ھاردى، ھالىدىن كېتەي دېدى. «مۇشۇنداق بىر نېمىلەر بىلەن يۈرگەندىكىن، تويە جالاپ، ئۆلە جالاپ!» قاھار قەھرى بىلەن ۋارقىرىدى. قەھر - غەزىپى تېشىپ تۇرغان قاھار قولىنى ئىشتان يانچۇقىغا سېلىپ تۇرۇپلا قالدى. «خۇدايىم قارىغۇنى كۆزىدىن ئايرىغان بىلەن ھاسىدىن ئايرىماپتۇ» دېگىنى راست ئىكەن. قاھار بايا كىرا ئۈچۈن بەرگەن ئون يۈەندىن شوپۇر قايتۇرۇپ بەرگەن ئۈچ يۈەننى ئىشتان يانچۇقىغا سالغانىدى. مانا ئەمدى شۇ پۇل ئامان قاپتۇ!

قاھار يەنە قاتلىما يېيىشكە مەجبۇر بولدى.

قاھار يەنە غەمگە پاتتى. ئەمدى شىنجاڭغا قايتىش مەسىلىسى

ئەمەس، بەلكى ياتاق، قورساق مەسىلىسى مۇھىم بولۇپ قالغانىدى. زادى قانداق قىلىش كېرەك؟ قاھار چوڭقۇر خىياللارغا غەرق بولدى. خىياللىرى ئىچىدىن تۆمۈر دوختۇر نۇرلىنىپ چىقىش بىلەن تەڭ ئۇنىڭ ئۈمىد شاملىرىمۇ قايتىدىن پىلىلداشقا باشلىدى.

«توغرا، ئالىي مەكتەپكە باراي!»

قاھار باشتىلا تۆمۈر دوختۇرنىڭ بۇ گېپىنى بويىچە قىلمىغىنىغا پۇشايمان قىلدى. «رەھمەت تۆمۈر ئاكا، سىز مەن ئۇچۇنلا يارىتىلغان ئادەم ئىكەنسىز. ئەگەر سىز بولمىغان بولسىڭىز مەن قانداقمۇ قىلاربىدىم؟ يەنە قەيەرلەردە سەرسان بولۇپ يۈرەربىدىم؟»

قاھار شۇ قارارغا كېلىپ ئۇخلاپ قالدى. لېكىن كېچىچە ھە ـ دېسە يۇل توغرۇلۇق جۆيلۈپ، بىردەم ـ بىردەم چۆچۈپ ئويغىنىپ پەقەت ياخشى ئۇخلىيالمىدى. تاڭغا يېقىنلا كۆزىگە خاتىرجەمگىنە ئۇيقۇ ئىلىنىدى.

ئۇ ئويغانغاندا خېلىلا ۋاق بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ بېشى لوقۇلداپ ئاغرىيتتى. شۇندىلا ئۇ شۇ ئازغىنە يۇلنىڭ ئوغرىلانغىنىنىڭ ئۆزىگە بەك تەسىر قىلغانلىقىنى بىلدى.

ئۇ ياتاقتىن چىقىپ يەنە قاتلىما نان يېيىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇ كوچىگە قاراپ قويۇپ يولغا چىقتى. يول سوراش كېرەك.

ئەمدى ئۇ يول سوراشنى بىلىۋالغانىدى.

ئۇ ئالدىدىكى چوڭ يولغا چىقتى ۋە موتىسكلىتىغا مىنىپ مېڭىشقا تەييارلىق قىلىۋاتقان قاتناش ساقچىسىنى كۆرۈپ يۈگۈرۈپ ئۇنىڭ يېنىغا باردى. قاتناش ساقچىسى ئۇنىڭ ئالدىراپ كەلگىنىگە ئەجەبلىنىپ قارىدى.

ــ ئۇيغۇر باللار كۆپرەك ئوقۇيدىغان ئالىي مەكتەپ نەدىدۇ؟

قاتناش ساقچىسى ئۇنىڭ ئۈستۈپشىغا قارىدى.

ــ ئۇكام ئىچكىرىگە قېچىپ كەتكەن، شۇنى ئىزدەپ كەلگەنىدىم. بىرەر مەكتەپكە بېرىۋالدىمىكىن دەپ...

قاھار ئۆزىنىڭ قانداقلارچە بۇنداق تېز ھەم قاملاشتۇرۇپ

يالغان ئېيتقىنىغا ھەيران قالدى. قاتناش ساقچىسى ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشەندى بولغاي:

— مۇشۇ چوڭ يولنى بويلاپ مېڭىپ، ئۈچ چوڭ كوچىنى كېسىپ ئۆتۈپ تۆتىنچى كوچىغا كەلگەندە، جەنۇب تەرەپكە قاراپ ئۇدۇل مېڭىۋەرسىڭىز يېتىپ بارىسىز.

قاھار ساقچىغا رەھمەت ئېيتىپ مېڭىپ كەتتى. شۇ تاپتا ئۇ قانات چىقىرىپ ئۇچۇپ كەتسە... «تەلىيىمگە باللار ياردەم قىلىۋەتسە، يۇرتقا چاققانراق بېرىۋالسام... ئاھ، ياشىماق نېمىدېگەن مۇشكۇل!»

ئاخىر ئىككى تەرىپى بوك - باراقسان دەرەخلىك دەرۋازا كۆرۈندى. دەرۋازىغا «غەربىي شىمال سىياسىي - قانۇن ئىنستىتۇتى» دېگەن خەت يېزىلغان چوڭ ۋىۋىسكا ئېسىلغانىدى. دەرۋازىدىن ئوقۇغۇچىلار كىرىپ - چىقىپ يۈرۈشەتتى. قاھار كىمدىن كىمنى، نېمىدەپ سوراشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى. قاھار ئاللىبۇرۇن ھېس قىلىپ يەتتىكى، خالىغان بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئالدىنى توسۇپ «ماڭا ياردەم قىلىڭلار» ياكى «بىرەر ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىنى تونۇشتۇرۇپ قويغان بولسىڭىز» دېيىش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس.

شۇ ۋاقىتتا بىر نەرسە ئۇنىڭ كۆزىگە گۇلدەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆرگىنى چىمەندوپپا ئىدى. شۇنداق، بىر ئوقۇغۇچى چىمەندوپپا كىيىپ دەرۋازىدىن چىقىۋاتاتتى!

قاھار ئىتتىك ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنى قېچىپ كەتمىسۇن، دېگەندەك مەقسىتىنى تېزلا دېدى:

— مەن شىنجاڭغا كەتمەكچىدىم، ماڭا ياردەم قىلىڭلار.

ئۇ ئوقۇغۇچى ئۇنىڭ تۇرقىغا قاراپ گۇمانلانغاندەك تۇرۇپ قالدى. ئاندىن سورىدى:

— سىز قەيەردىن؟

قاھار ئىختىيارسىزلا دېدى:

— مەن تۇرپاندىن.

— تۇرپاندىن؟ — ئۇ ئوقۇغۇچى ئويلانغاچ ئەتراپقا قارىدى ۋە

چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرۈپ بىرىنى چاقىردى،— ھەي، ئەلى ئادۋوكات، سىنى بىر تۇغقىنىڭ ئىزدەپ كەپتۇ.

قاھار بۇ گەپنى ئاڭلاپ چاقچاقتەك بىلىنىپ سەل بوشاشتى.

— ئەلى ئادۋوكاتمۇ تۇرپاندىن. ئۇ سىزنى ئۇمىدسىز قويمايدۇ،— دېدى ئۇ ئوقۇغۇچى. گەپنىڭ ئاخىرى چىققۇچە چاچلىرى سەل بۇدۇر، بۇغداي ئۆڭ، ئوتتۇرا بوي كەلگەن بىر ئوقۇغۇچى بىر قېلىن كىتابنى كۆتۈرگىنىچە ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە قاھار بىلەن ئىككى قوللاپ كۆرۈشتى. بۇ كۆرۈشۈش بىلەن قاھارنىڭ تېنىگە ئىللىق ئېقىم تارىغاندەك بولدى.

— بۇياق تۇرپانلىق ئىكەن. ئەھۋال سوراپ قوي. خوش ئەمىسە، مەن كەتتىم. بۇ مېھمان ساڭا قالدى.

ھېلىقى ئوقۇغۇچى شۇنداق دەپ كېتىپ قالدى.

— تۇرپاندىن كەلدىڭىزمۇ؟— سورىدى ئەلى.

— ھەئە.

— مەن تاماققا ماڭغان، يۈرۈڭ، تاماق يېگەچ پاراڭلىشايلى.

ئەلىنىڭ قىزغىن، سەمىمىي مۇئامىلىسىگە قاراپ، قاھار ئېغىز ئاچالماي قالدى.

— ئالدىمىزدا ۋۇجياخېر — بەش ئائىلىلىك قەبرىستانلىقى بازىرى دەپ بىر بازار بار. ئۇ يەردە ئۇيغۇر ئاشخانىلىرى كۆپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە خالىي پاراڭلاشقىلى بولىدۇ.

بۇ بازاردا ئۇيغۇرلار ھەقىقەتەن كۆپ ئىكەن. ئاشخانا ئالدىغا قويۇلغان كاۋاپدانلار، پولۇ دۇملەنگەن چوڭ قازانلار، دوپپا كىيىپ، مۇرىسىگە لۆڭگە ئارتىۋالغان تاڭجاڭلار قاھارغا تۇرپاندىكى ئاشخانىلارنى ئەسلىتىپ قويدى.

ئۇلار بىر ئاشخانىغا كىرىپ لەڭمەن بۇيرۇشتى. ئەلى ھەقىقەتەن ئوچۇق - يورۇق يىگىت ئىكەن.

— بەلكىم، بۇ يەردە نۇرغۇن ئۇيغۇرلار سىزگە ياخشى تەسىر بەرمىگەن بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭدىن خاپا بولۇپ كەتمەڭ، ئۇلارغىمۇ ئامال يوق. ئارىمىزدىن چىققان بەزى مۇناپىقلار خىروئىن چېكىپ، ئېلىپ - سېتىپ، يانچۇقچىلىق قىلىپ

ھەممىمىزنى يامان ئاتلىق قىلىپ قويدى. يامان يېرى، ئاخىر بېرىپ ئۆزىمىزنىمۇ بىر - بىرىمىزگە ئىشەنمەس قىلىپ قويدى.

قاھار بېشىنى لىڭشىتتى. ئەلىنىڭ يېقىشلىق تەلەپپۇزى، ئورۇنلۇق سۆزلىرى ئۇنى ئۆزىگە رام قىلىۋالدى.

— سىز تۇرپاننىڭ نەرىدىن؟ — سورىدى قاھار ۋەزنى ئېغىر تېمىغا گەپ قوشالماي ئوسال بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن.

— تۇرپان باغرىدىن.

— باغرى!؟

قاھارنىڭ يۈرىكى «پىژ» قىلىپ قالدى. باغرى... باغرى... باغرى ئۇنىڭدا مۇھەببەتلىك ھەم نەپرەتلىك تۇيغۇلارنى ئويغاتقان جاي. زۆھرە باغرىدا ئۇنىڭغا سۆيگۈ ئاتا قىلغان، شېرىن ھېسلارغا چۆمۈلدۈرگەن، يەنە شۇ باغرىدا ئۇنىڭ يۈرىكىنى خۇن قىلغان، ئەتىسىلا كۆزىگە كۆرسەتكەن ۋاپاسىزلىقى بىلەن ئۇنىڭ قەلبىدە ئۆمۈرلۈك جاراھەت قالدۇرغان. بەزى ئادەملەرنىڭ قەلبىدە مۇھەببەت، ئەقىدىسىزلىك، ساداقەتمەنلىك، ۋاپاسىزلىق نېمانچە تېز ئالمىشىدۇ - ھە؟

— سىزچۇ؟ تۇرپاننىڭ قەيىرىدىن؟

ئەلىنىڭ سوئالى ئۇنى مۇرەككەپ خىياللار قوينىدىن تارتىپ چىقتى. بۇ سوئالدىن قاھار مەڭدەپ تۇرۇپ قالدى. قاھار تۇيۇقسىز كەلگەندىن بۇيان نۇرغۇن ئادەملەرگە، ھەتتا تۆمۈر دوختۇرغىمۇ بىزگە مەلۇم بولغان ئېھتىياج ۋە سەۋەبلەر تۈپەيلى ئۆزىنىڭ كىملىكىنى، يۇرتىنى يالغان ئېيتىپ يۈردى. شۇنداقلا يالغان ئېيتقىنىنى ئورۇنلۇق دەپ بىلدى. ئەمدىلىكتىچۇ؟ يەنە ئاشۇنداق يالغان ئېيتىشقا مىدىرلىغان تىلى نېمىشقىدۇر قېتىپ قالدى؟ ئەلىدىكى ئوچۇق - يورۇقلۇق، ئادەمگە خاتىرجەملىك بېغىشلايدىغان ئۇز سۆزلۈك، سىلىق - سىپايە، سەممىي مىجەز قاھارنى ئۆزىگە ئەسىر قىلىۋالغانىدى. بولۇپمۇ يېقىندىن بۇيانقى سوغۇق مۇئامىلىلەر، ئىشەنمەسلىك تۇيغۇلىرى، قىلمىنىۋاتقان دۈشمەنلىكلەر ئالدىدا ئەلى روشەن سېلىشتۇرما بولۇپ، قاھارنى

قاتتىق تەسىرلەندۈرۈۋەتكەنىدى. شۇڭا ئۇنىڭ پەقەت يالغان ئېيتقۇسى كەلمىدى. نېمىشقىدۇر قەلبى ئۇنى راست سۆزلەشكە، ئەلى بىلەن سەمىمىي سىردىشىشقا، كەچۈرمىشلىرىنى ھەقىقىي بايان قىلىپ بېرىشكە دەۋەت قىلىشقا باشلىدى. ئەلى بولسا ئۇنىڭ جىمىپ كەتكەنلىكىگە قاراپ، سۆزلىگۈسى كەلمىسە، قىستىماي دېگەندەك ۋە مۇنداق ئەھۋالغا كۆپ دۇچ كەلگەندەك چېيىنى ئوتلاپ ئولتۇرۇۋەردى.

قاھار ئەلىنىڭ سەمىمىيلىك تۆكۈلۈپ تۇرغان كۆزلىرىگە بىر قارىۋېتىپ ئۆزىگە غەيرەت بەردى:

— مەن تۇرپان لاۋچېڭدىن[1].

ئەلى بېشىنى لىڭشىتتى. قاھارنىڭ يەنە سۆزلىگۈسى كەلدى.

— بەلكىم، سىزمۇ بۇرۇن ئاڭلىغان بولۇشىڭىز مۇمكىن. خەلق كىنوخانىسىنىڭ ئالدىدا كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغان بىر بالا بولىدىغان.

ئەلى ئىتتىكلا بېشىنى كۆتۈردى.

— سىز بىلمەيسىز، ئاشۇ بالا... مەن شۇ...

ئەلى بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەيران قالدى ۋە قاھارغا تىكىلىپ قاراپ كەتتى. ئاندىن ئويلىنىپ قېلىپ:

— مەنغۇ ئۇ بالا ھەققىدە كۆپ ئاڭلىغان بىلەن ئۆزىنى كۆرۈپ باقمىغان،— دېدى. قاھار بىردىنلا ئەمدى ئەلىنى ئىشەندۈرمىسە بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتتى.

— راست ئەلى، مەن ئاشۇ بالا شۇ. مەن سىزگە نېمىلەرنى سۆزلەپ بەرسەم ئىشەنچلىك بولار؟

ئەلى نېمە دېيىشنى بىلمەي ئولتۇرۇپ قالدى. شۇ چاغدا تاماق كېلىپ قالدى. ئەلى كۆلۈپ كەيپىياتنى تەڭشىمەك بولدى:

— ئالدى بىلەن تاماق يەيلى. «نېمىلەرنى سۆزلەيمەن» دەپ تاللاپ ئولتۇرسىڭىز بولمايدۇ. ئەمدى ھەممىنى سۆزلىمەي مېنىڭدىن قۇتۇلالمايسىز.

---

[1] لاۋچېڭ — كوناشەھەر.

يەنە بۇرۇنقى ئوچۇق ـ يورۇقلۇقىغا قايتقان ئەلىنىڭ بۇ گېپى بىلەن ئوتتۇرىدىكى جىددىيچىلىك ئازراق بولسىمۇ پەسەيدى ۋە ئۇلار ئۆز خىياللىرى بىلەن بولغاچ تاماق يېيىشتى. بۇ تاماق كۆڭۈل تىنچ يېيىلگەچكىمۇ قاھارغا بەك تېتىپ كەتتى. شۇنداقلا ئەلگە بولغان مىننەتدارلىق ھېسسىياتى ھەسسىلەپ ئاشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ باياتىندىن بېرى سورىغۇسى كېلىپ كەتكەن سوئالنى بىر خىل يېقىنلىق ۋە ئامراقلىق ھېسسىياتى بىلەن سورىدى:

ــ سىز راستتىنلا ئادۋوكاتمۇ؟

ئەلى كۈلۈپ كەتتى:

ــ ياق، مەنمۇ ئوقۇغۇچى. يەنە تۆت ئايدىن كېيىن مەكتەپ پۈتتۈرىمەن. ئۆزۈم ئادۋوكاتلىققا قىزىقىمەن، ئادۋوكاتلىق خىزمىتىنى ئىشلىگۈم بار. بۇ يەردىمۇ ئۆز ئىچىمىزدىكى بەزى ماجىرالارغا ئارىلىشىپ، ئۇنى ئۆزۈم ئۆگەنگەن قانۇن ماددىلىرىغا سېلىپ بالىلارغا چۈشەندۈرىمەن. شۇڭا ئۇلار مېنى شۇنداق ئاتىۋالغان.

قاھار «باشقىلارنىڭ ھالىغا يېتىدىغان ئادۋوكات بولغۇدەك» دەپ قايىللىق ۋە مەمنۇنلۇق بىلەن باش لىڭشىتتى ۋە ئۇنىڭغا بولغان ئىشەنچى تېخىمۇ كۈچەيدى.

تاماقتىن كېيىن ئەلى كۈتكۈچىنى چاقىردى ۋە:

ــ بىزگە كاۋاپتىن ئون زىخ، پىۋىدىن بىر باغلام، ئاشقىنىنى قايتۇرىمىز، ــ دېدى.

ھايالشىمايلا كۈتكۈچى بالا بىر باغلام پىۋىنى كۆتۈرۈپ كەلدى ۋە:

ــ كاۋاپ ھازىرلا تەييار بولىدۇ، ــ دەپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. ئەلى بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى يەنە بىر بوتۇلكىنىڭ ئاغزىغا تىرەپ، بىرلا كۈچەپ «پاق» قىلىپ ئاۋاز چىقىرىپ بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى ئاچتى ۋە ماركىسى كۆزكەم لايىھەلەنگەن «باۋجى» ماركىلىق پىۋىنى چوڭ ئىككى ئىستاكانغا تولدۇرۇپ قويدى. پىۋىنىڭ ئىككى ئىستاكانغا قۇيۇلغىنىدىن ئەھۋالنى چۈشەنگەن قاھار ئۆزىنىڭ

ئىچمەيدىغانلىقىنى دېمەكچى بولدى ـ يۇ، «ئەلى كۆڭلۇمنى شۇنداق ئاۋۇندۇرۇۋاتسا، ئۇنىڭ ئۇستىگە پىۋا دېگەن ئاق هاراقتەك كەيپ قىلمىسا...» دەپ ئويلاپ ئىستاكاننى قولىغا ئالدى.
ــ ئالدى بىلەن ساق ـ سالامەت كۆرۈشكەنلىكىمىز ئۇچۇن. قېنى خوش، دىدار غەنىيمەت!
ئىككىسى تەڭلا ئىچىۋەتتى. ئەلى هوزۇرلىنىپ كەتتى، ئەمما قاهارغا تولىمۇ بەتتام بىلىندى.
ــ مەن ئاشۇ بالا شۇ، دەڭ،ــ دەپ بايا ئۈزۈلۈپ قالغان سۆھبەتنى ئۇلىماقچى بولدى ئەلى،ــ ئۇ بالىنىڭ ئىسمى نېمىتى؟
ــ قەيسەر...،ــ قاهارنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقتى.
ــ ئۇ بالىنى... نېمە ئىشلار بىلەن بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭىز؟
قاهار ئامال بار هەممىنى سۆزلەش قارارىغا كەلدى. يەنە بىر ئىستاكان پىۋىنى يالغۇزلا كۆتۈرۈۋەتكەن قاهار ئۆزىنىڭ كىنوخانىنىڭ ئالدىدىن قانداق يوقاپ كەتكەنلىكىدىن باشلاپ تۇيۇقتىكى كەچۈرمىشلىرىنى، شىئەنگە كېلىش سەۋەبىنى، شىئەندە قانداق تۇتقۇن قىلىنغانلىقىنى ۋە تۆمۈر دوختۇرنىڭ ئەقىل كۆرسىتىشى بىلەن ئامان قالغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. پەقەت ئالتۇن ئىشىنى ئاتلاپ ئۆتۈپ كەتتى. راستىنى ئېيتقاندا، نېمىشقا ئۇ ئىشنى يوشۇرغىنىنى ئۆزىمۇ بىلەلمىدى.
ئەلى ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەرنى ئاڭلاپ ئىچىنى تىڭشاپ ئولتۇرۇپ كەتتى.
ــ كۆڭلىڭىزگە كەلمىسۇن. بايا ئەسلىدە مەن «ئۇ بالىنى ئۆلۈپ كېتىپتۇ دەپ ئاڭلىغانىدىم» دېمەكچىدىم. ئېسىمدە قېلىشىچە، شۇ ۋاقىتتا سىزنى ئۆلۈپ كېتىپتۇ، جەسىتى ئوغرىلىنىپ كېتىپتۇ دېگەندەك گەپلەر تارقالغانىدى. كېيىن ئۇ گەپلەرمۇ بېسىقتى.
«ئۆلۈك ـ تىرىكلىكىم بىلەن ئۇ ئۆيدىكى كىشىلەرنىڭ نېمە كارى؟» دەپ ئويلىغان قاهار لېۋىنى چىشلەپ قويۇپ جىم ئولتۇردى.

— شىنجاڭغا كېتىمەن دېگىنىڭىز توغرا بوپتۇ. مەن ئەھۋالىڭىزنى چۈشەندىم، سىرىڭىزنىمۇ ساقلايمەن. مېنىڭچە، مۇنداق قىلايلى، بۈگۈن چۈشتىن كېيىن مەن بىر نەچچە بالىلار بىلەن دېيىشىپ ئازراق پۇل يىغىش قىلىپ، پويىز بېلىتى ئېلىپ قويايلى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يولدىمۇ پۇل لازىم بولىدۇ. نەدە يېتىۋاتىسىز؟

قاھارنىڭ تىلى تۇتۇلدى. ئەمما نېمىشقىدۇر «ياتار يېرىم يوق» دېگۈسى كەلمىدى:

— ۋۇجياخېردا.

ئەلى بېشىنى لىڭشىتتى:

— بۈگۈن بىر ئاخشام جاپا تارتىپ تۇرۇڭ. ئەتە مۇشۇ ۋاقىتتا مۇشۇ ئاشخانىدا كۆرۈشەيلى. ھە راست، بېلەتنى نەگە ئالىمەن؟ پىچانغىمۇ، تۇرپانغىمۇ؟

شۇ ھامان قاھارنىڭ قۇلاق تۈۋىدە «ئۆلۈپ كەتتى» دېگەن سادا ياڭرىغاندەك بولدى:

— تۇرپانغا!— دېدى ئۇ.

— بولىدۇ ئەمىسە، ئەتە مۇشۇ ۋاقىتتا كۆرۈشەيلى.

ئەلى ئېشىپ قالغان يەتتە بوتۇلكا پىۋىنى قايتۇرۇۋېتىپ كېتىپ قالدى.

قەلبى چوڭقۇر ئىششەنچكە تولغان قاھار چوڭ يولدا يالغۇز كېتىپ باراتتى. بىراق نەگە بېرىشنى ئۇقمايتتى. نەگىمۇ بارىدۇ؟ شۇندا ئۇ: «ھەي، بايا ئەلىگە راستىنى ئېيتسام بوپتىكەن. بۇ ھالىمدا ئۇنچىلىك قىلىپ ماڭا نېمە كەپتۇ» دەپ پۇشايمان قىلدى. ھەتتا ئۇ ئارقىسىغا يېنىپ ئەلىگە ياتىدىغان يېرىنىڭمۇ يوقلۇقىنى ئېيتماقچى بولدى. ئەمما نېمىشقىدۇر كۆڭلى ئۇنىمىدى. شۇڭا ئۇ ئەتە ئىزدەپ تېپىشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن كوچىدىكى بەلگىلەرگە سەپسالغاچ ئالدىغا قاراپ كېتىۋەردى.

ئۇ ئازراق مېڭىۋىدى، ئىچكەن پىۋىنىڭ تەسىرىمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ ئۇنىڭ بېشى ئاغرىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يول بويىدىكى دەرەخلىككە كىرىپ، بىر ئورۇندۇقتا ئولتۇردى.

ئـولتۇرغانچە ئۇنـىڭ بېشى تـېخـىـمۇ ئاغرىـشـقا، پۇت ـ قـولى سىرقىراشقا، يېنى يەر تارتىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ياتقۇسى كېلىپ كەتتى. بىر ئاز قىڭغىيىۋىدى، شۇنداق خۇشياقتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ «بىردەم بولسىمۇ يېتىۋالاي» دەپ ئويلىدى ـ يۇ، ھېلىقى سېمونت تاختاي تۇيۇقسىز يادىغا يېتىپ چۆچۈدى ۋە «ياق، يېتىپ قالماي، بۇ يەردە يېتىپ قالسام قوپالماي قالماي...» دەپ ئەندىشە قىلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتمەكچى بولدى. لېكىن ئورنىدىن تۇرۇشقا ماغدۇرى يەتمىدى.

ئۇنىڭ بەدىنى ھەقىقەتەن ئاجىزلاپ كەتكەنىدى. روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىكى ھارغىنلىق، زەئىپلىك، چارچاش، بۇرۇنقى كېسەللىرىنىڭ ئاسارىتى... ھەممىسى شۇ تاپتا بىراقلا باستۇرۇپ كەلگەن بولۇپ، خۇددى ئۇنى مۇشۇ يەردە ئەبەدىيلىككە يىقىتماقچى بولغاندەك، ئۇنى قىيناشقا، ئىرادىسىنى سۇندۇرۇشقا باشلىدى. قاھار «يېتىپ قالماي... يېتىپ قالماي...» دەپ لېۋىنى چىڭ چىشلەپ ئورنىدىن تەستە تۇردى.

ھالسىزلانغان قاھار شەھەرنىڭ ئاۋات كوچىلىرىنى بويلاپ ئالدىغا قاراپ مېڭىشقا باشلىدى. ئۇ سېزىپ تۇراتتىكى، بەدىنىنىڭ قۇۋۋىتى ئاجىزلاشقان، پۇتلىرى كۈچسىز، قەدەم ئېلىشى ناھايىتى تەس ئىدى. ئىچ ـ باغرى تارتىشىپ، بوغۇزىغا ئەلەملىك يىغا قاپلىشىپ تۇراتتى. ئۇ ئەنە شۇنداق بىچارە ھالەتتە بولغاچقا، شەھەرنىڭ ئاۋاتلىقى، گۈزەللىكى، يولدا غۇيۇلدىشىپ يۈرگەن پىكاپلارنىڭ ئېسىللىكى قانداقمۇ ئۇنىڭ مەيلىنى، دىققىتىنى تارتالىسۇن!

قاھار شۇ ماڭغانچە دايەنتا (دايەن مۇنارى)نىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. قۇياش قىزىرىپ گۈگۈمنىڭ شەپىسىنى بېرىۋاتقان، ھاۋا نەم سوغۇق بولۇۋاتقان بولسىمۇ بۇ يەردە ساياھەتچىلەر كۆپ ئىدى. ئۇلار قەدىمىي مۇنارنى يىراقتىن تاماشا قىلىشقاندىن كېيىن، ھەيۋەتلىك سېپىل تام بىلەن ئورالغان قەسىر ئىچىگە كىرىپ كېتىشەتتى. ساياھەتچىلەرنىڭ كۆپلۈكىگە قاراپ تېخىمۇ كۆچلۈك ئۈمىد خۇشلۇقىغا چۆمگەن قاھار: «ناۋادا، ئەللەرنىڭ

ئىشى ئەپلەشمەي قالسا، ئۆزۈمنى ئوڭشىۋېلىپ بۇ يەرگە يەنە كەلسەم بولغۇدەك. ھېچ بولمىسا شىنجاڭدىن كەلگەنلەرنى بولسىمۇ ئۇچرىتىپ قالارمەن. شۇلار مېنى يولغا سېلىپ قويار...» دەپ ئويلىدى.

بۇ يەرنىڭ قەدىمىي، ھەيۋەتلىك مەنزىرىسى ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلىۋالغىنى بىلەن ھالسىزلانغان، نېمە قىلىشنى، نەگە بېرىشنى بىلمەي ئىلاجسىز قالغان قاھارغا خۇشياقمىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئېغىرلاشقان قەدىمىنى تەستە يۆتكەپ ئوڭ تەرەپتىكى تار يول بىلەن سېپىلنى بويلاپ تۆۋەنگە قاراپ مېڭىشقا باشلىدى. بۇ تار يولدا ئۇششاق سېتىقچىلار يايمىلىرىنى يېيىۋېلىشقان بولۇپ، يايمىلىرىدا تورلۇك كىچىك بۇت، تەقلىدىي قەدىمىي بۇيۇملار، بامبۇك ياغىچىغا يېزىلغان نوم بېتىكلىرى، ئات ـ ئەسكەر ھەيكەللىرى قاتار تىزىقلىق ئىدى. قاھار شۇلارنى ئارىلاپ كېتىۋېتىپ بىر بۇتخانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدى. بۇتخانىنىڭ قىزىل سىرلانغان قوش قاناتلىق ئىشىكىنىڭ ئۈستىگە «مەرىپەت بۇتخانىسى» دېگەن ئالتۇن يالىتىلغان خەت يېزىلغان ھەيۋەتلىك تاختاي ئورنىتىلغانىدى. تاختايغا مۇنداقلا بىر قاراپ قويغان قاھار ئارقىسىغا يانماقچى بولدى ـ يۇ، داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. بۇتخانىنىڭ ئالدىدا ناھايىتىمۇ ئېگىز بىر بۇت بولۇپ، بۇتنىڭ ئېگىزلىكىدىن بايا قاھار ئۇنىڭغا دىققەت قىلالماي قالغانىدى.

قاھار ئىختىيارسىز كەينىگە بىر قانچە قەدەم چېكىنىپ، بۇتقا ھەيران بولۇپ قارىدى. بۇت تولىمۇ ئېگىز، ھەيۋەتلىك بولۇپ، قارىغان ئادەمنى سۈر باساتتى. ئەمما ھەيۋەتلىكلىكى بىلەن يەنە ئادەمنىڭ قارىغۇسىنى كەلتۈرەتتى. قاھار بۇنىڭدىنمۇ چوڭ بۇتنى «سىرلىق بۇت» دېگەن كىنودا كۆرگەنىدى. تاغنى تىك كېسىپ، ئاندىن شۇ يەرگە ئويۇپ ياسالغان بۇ بۇت شۇنداق چوڭكى، بۇتنىڭ ھەربىر پۇتىنىڭ دۈمبىسى ئۈستىدىلا ئون نەچچە ئادەم ئايلىنىپ يۈرۈشەتتى. بۇ يەردىكى بۇت گەرچە كىنودىكى بۇتتەك چوڭ

بولمىسىمۇ، بىراق نەق مەيداندا كۆرگەچكە، قاھارغا كىنودىكى بۇ تېتىنمۇ ھەيۋەتلىك بىلىندى.

بۇتقا يېنىش ـ يېنىشلاپ قاراپ تۇرغان قاھار بىردىنلا بەدىنىنىڭ بوشىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭغا ھەقىقەتەن ھارغىنلىق يەتكەنىدى. پۇتىغا ئېغىر بىر نەرسىنى ئېسىپ قويغاندەك، كۆزىنىڭ ئىچىگە بىھوش قىلغۇچى بىر نەرسە تىقىلىۋاتقاندەك بىئارام بولاتتى، جايىدىلا پوككىدە يېتىپ ئۇخلىغۇسى كېلەتتى.

قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەنىدى. شەھەرنىڭ رەڭدار چىراغلىرى ياندۇرۇلغان، كەچلىك ھايات جانلانغان. لېكىن قاھار ئۈچۈن بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ ئەھمىيىتى يوق.

ئولتۇرۇۋالغۇدەك يەر بولسىلا بىردەم ئولتۇرۇۋېلىپ كېتىۋاتقان قاھارنىڭ بېشى غوڭۇلدايتتى، خىيالى چاپچىيتتى. ئۇنىڭ قالايمىقانلاشقان نېرۋىسى گادىرماچ خىياللارنى پەيدا قىلاتتى. بۇ خىيالدا كېسەللىك ئىلكىدە نالە قىلىۋاتقان قەيسەر، ھاياتلىققا قايتا رىشتە باغلىغان، ئېشەك تېزىكى پۇراپ تۇرغان ھارۋىدا ياتقاندا يۈز ئاچقان يۇلتۇزلۇق كېچە، جەسىتى ئىسكىلىتقا ئايلىنىپ كېتىۋاتقان تۆمۈر دوختۇر، قەيسەر كىچىكىدە ئاتىسى بىلەن بىللە تورپان مۇنارىنىڭ جامەسىگە ھېيت نامىزىغا بارغاندا، ئۆلىما كىشى گۇناھ ھەققىدە سۆزلىگەندە گۇرۇلدەپ يىغلىغان جامائەت، شىئەن كوچىلىرىدا سەرسان ـ سەرگەردان بولۇپ لەلەڭلەپ يۈرگەن قاھار، زۇلمەتلىك كامېر، بۇزۇقچىلىقنى ئۆزىگە سايىدەك ئەگەشتۈرۈپ يۈرگەن سەلىمە قاتارلىقلار ئارىلىشىپ كەتكەنىدى. قاھار شۇلارنىڭ ئارىسىدا تاسقىلىپ، يانجىلىپ، مىجىلىپ كەتتى...

پەقەت بولالمىغان قاھار بىر ئۆيىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىكى كىچىك سۇپىغا سېلىنغان شال پاخىلىدىن توقۇلغان بورىنى ئىلغا قىلغاندەك بولدى ۋە بورىغا ئۆزىنى ئاتتى...

# ئون تۆتىنچى باب

سوغۇقتىن غال ـ غال تىترىگەن قاھار تەستە كۆزىنى ئاچتى. ھاۋا ھەقىقەتەن سوغۇق ئىدى. «غەيرەت قىلاي، تاڭ ئاتسىلا ھەممە ئىشىم ئوڭشىلىدۇ. توڭلاپ قالمىساملا بولدى، بىر ئامال قىلىپ تاڭ ئاتقۇزۇۋالساملا...» شۇلارنى ئويلىغان قاھار ئۈستىگە ياپقۇدەك بىر نەرسە تېپىش ئۈچۈن چىشلىرى كاسىلدىغىنىچە گىرىمسەنلىككە چۆمگەن ئەتراپقا قاراشتۇردى. ئەمما ئۈستىگە يېپىنغۇدەك بىرەر نەرسە كۆزىگە چېلىقمىدى. شۇنىڭ بىلەن قاھار تېگىدىكى بورىنى يېپىنىماقچى بولدى.

شۇ چاغدا دەرۋازا غارىلداپ ئېچىلىپ بىر گەۋدە دەرۋازا ئالدىغا چىقتى. قاھار ئۇ كىشىگە قاراپ تۇرۇپ قالدى، چىققۇچى بىر ئايال ئىدى.

— سەن كىم؟ بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟

ئايالنىڭ تەلەپپۇزى بەكلا قوپال ئىدى. قاھار ھودۇقتى:

— مەن... مەن... بارار يېرىم يوق.

— ئۇنىڭ بىلەن نېمە ئىشىم، ماڭ، باشقا يەرگە بېرىپ يات!

گەپنىڭ قاتتىقلىقىدىن ئامالسىز قالغان قاھار تەستە ئورنىدىن تۇردى. ئايال قاھارنىڭ ئورنىدىن تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ دەرۋازىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىۋېتىپ غۇدۇرىدى:

— ئۆلۈكىنى ماڭا ئارتىدىغانغا ياتقان ئوخشايدۇ، بۇ تېجىمەل.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان قاھار قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەي قالدى.

ئۇ ئايال ساپ ئۇيغۇرچە گەپ قىلىۋاتاتتى. باياتىندىن بېرى خەنزۇ تىلىدا زەھەردەك گەپلەرنى قىلغان ئايال، ئەمدى ئۇنىڭدىنمۇ ئۆتەر ئۇيغۇر تىلىدا گەپ قىلغان بولسىمۇ قاھارغا ئىللىق ھاۋادەك بىلىندى.

— توختاڭ، مەنمۇ ئۇيغۇر، — دېدى قاھار ئۆزىنى باسالماي.
دەرۋەقە، ئۇ ئايال توختىدى ۋە كەينىگە بۇرۇلدى:
— نەدىن كەلدىڭ؟
— تۇرپان، تۇيۇقتىن، — ئالدىراپ جاۋاب بەردى قاھار. ئايال كەينىگە يېنىپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى:
— تۇيۇق نەدىن؟
— يېڭى مەھەللىدىن.
— نېمە قىلغىلى كەلدىڭ؟
— ئۇزۇم ئەكەلگەن، ئالدىنىپ كەتتىم.
ئايال گەپمۇ قىلماي جايىدا جىممىدە تۇرۇپ كەتتى، تۇرقىدىن بىر نەرسىدىن ئىككىلىنىۋاتقاندەك ئىدى.
— ئۆيگە كىر. راست گەپ قىلدىڭمۇ، كۆرۈپ باقاي.
ئايال ئۇنى قوروغا باشلىغاندىن كېيىن دەرۋازىنى دەرھال تاقىدى. قاھار «بۇ نېمە قىلمىدىغان ئايالدۇ؟ بىر ئۇيغۇر ئايالغا بۇ يەردە نېمە باردۇ؟ بۇنىڭمۇ بىرەر بالاسى بولمىسۇن يەنە؟» دەپ ئويلاپ قورقۇپ تۇرسىمۇ كىرىشكە مەجبۇر بولدى. ئۆيلەرنىڭ چىراغلىرى ياندۇرۇۋېتىلگەن بولۇپ، قورونىڭ چىرىغىمۇ سۇس يېنىپ تۇراتتى.
قورو خېلىلا چوڭ بولۇپ، تېگى سېمونتلانغانىدى، تاملىرى ناھايىتى ئېگىز ئىدى. قورو ئىچىدە بىر نەچچە تۇپ دەرەخ سوغۇقتا مۆكۈلىنىپ تۇراتتى. قورودىكى ئۆيلەرنىڭ خەنزۇ پاسونىدىكى ئۆي ئىكەنلىكىنى بىر قارىماققىلا بىلگىلى بولاتتى.
— ئۆيگە كىر.
ئايال باشلىغان ئۆيگە كىرگەن قاھار داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. ئۆيلەرنىڭ سىرتى خەنزۇ پاسونىدا بولغان بىلەن ئۆي ئىچى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئۇيغۇرچە پاسوندا بېزەلگەنىدى. ئۇچ تامغا گىلەم ئېسىلغان، يەرگىمۇ گىلەم سېلىنغان. شىرە ئۈستىدە قۇرۇق ئۈزۈم، بادام، ياڭاق مېغىزى، ئەنجۈر قېقى توشقۇزۇلغان تەخسىلەر تىزىۋېتىلگەن، دېرىزىگە بولسا كەشتىلەنگەن پەردە ئېسىلغانىدى. ئۆيدە تېلېۋىزور، توڭلاتقۇ ۋە قاھار كۆرۈپ باقمىغان

ئېلېكتىر سايمانلىرى تەل ئىدى. تامغا بولسا گۈمبەز ـ مۇنار مودىلى چۇشۇرۇلگەن مايانىنكلىق چوڭ سائەت ئېسىلغانىدى. قاھار شۇ سائەتكە قاراپ بىلدىكى، تاڭ ئاتىدىغانغا ئاز قالماپتۇ، بەلكى سائەت ئەمدى ئون بوپتۇ. شۇنداق بولغاندا قاھار سۇپىدا ئانچە ئۇزۇن ئۇخلىماپتۇ.

— ئولتۇر، — دېدى ئايال ئۇستىگە يېپىنچاقلىۋالغان مامۇق ئەدىيالنى بىر چەتكە تاشلاپ. قاھار ئولتۇردى ۋە ئايالغا دىققەت بىلەن قارىدى ۋە ھەيران قالدى. قاھار ئويلىغاندەك بۇ چوڭ ياشلىق ئايال بولماستىن، بەلكى ئەمدىلا ئوتتۇز ياشتىن ھالقىغان، كېلىشكەن، بويى زىلۋا چوكان ئىدى.

چوكان قاھارغا بىر پەس قارىۋەتكەندىن كېيىن دېدى:

— سېنى ئۆيگە بېشىم ئىششىپ قېلىپ چاقىرمىدىم، بەلكى ئېرىمنىڭ يۈزىنى دەپ سەن بىلەن ئولتۇرۇپتىمەن.

قاھار بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قارىدى. چوكانمۇ ئۇنىڭ كۆزىگە زەڭ قويۇپ قارىدى. قاھار ئۇنىڭ قارىشىدىن ئەيمىنىپ پەسكە قارىۋالدى.

چوكان سىرتقا قاراپ ۋارقىرىدى:

— زەينەپخاچا، چاي ئەكىرسىلە، — ئاندىن ئۇ يەنە قاھارغا يۈزلەندى، — مەن قۇمۇل قارادۆۋىدىن، ئېرىم بولسا سىلەرنىڭ تۇيۇق سۇبېشىدىن. ئېرىم بىلەن بىر يۇرتلۇقلۇقۇڭنىڭ يۈزىنى قىلدىم.

چوكان شىرەنىڭ ئاستىدىن تاماكا، كۈلدان ئالدى ۋە بىر تال تاماكا ئېلىپ قاھارغا سۇندى.

— مەن ئۆگەنمىگەن، — دېدى قاھار.

— راستلا چەكمەمسەن، — دېدى چوكان.

— چېكىپ ئۆگەنمىگەن، — دېدى قاھار. چوكان ئۇنىڭغا سىنچى كۆزلىرى بىلەن قارىغاندىن كېيىن، تاماكىغا ئوت يېقىپ ئۆزى چېكىشكە باشلىدى.

چوكان يەنە سىرتقا قارىدى:

— تەييار چاينىمۇ ئەكىرەلمەيدىغۇ بۇ خەيىيە.

چوكاننىڭ سەت گەپنى ئېغىزىدىن چىقىرىشى قاھارغا تولىمۇ بىئەپ بىلىندى.

سەلدىن كېيىن بىر ئۇيغۇر موماي مۇكچەيگىنىچە كىرىپ ئۇلارغا چاي قۇيدى، چاي قۇيۇپ بولغان موماي قاھارغا چىنىنى سۇنۇۋېتىپ تېڭىرقىغاندەك، ھەيران قالغاندەك تۇرۇپ قالدى.

ــ ھاڭۋېقىپ تۇرىۋەرمەي، تاماقنى ئىسسىتىپ ئەكىرسىلە، مۇنۇ خەيىمنىڭ قورسىقى ئاچتەك قىلىدۇ.

سەت گەپنى ئاڭلاپ قاھار يەنە باشقىچە بولدى.

ھەيرانلىقى، ھاياجىنى، جىددىيچىلىكى بېسىلغان قاھارنىڭ بەدىنى يەنە ھالسىزلىنىشقا باشلىدى. شۇڭا بۇ چوكان ئۇنىڭ ئۆزلۈكىدىن، تەشەببۇسكارلىق بىلەن گەپ قىلىشىنى كۈتۈۋاتقان بولسىمۇ، قاھارنىڭ گەپ قىلىشقا پەقەت رايى يوق ئىدى.

شۇڭا، قاھار ئۆز ھالى بىلەن لېۋىنى چىشلەپ ئولتۇرغان بولسا، چوكان تاماكىسىنىڭ ئىسىنى تاماكىنىڭ چوغىغا پۈۋلىگىنىچە ئۇنىڭغا كۆزىنىڭ قىرىدا قاراپ ئولتۇردى.

بىر چاغدا زەينەپخان موماي بىر تاۋاق پولۇنى كۆتۈرۈپ كىردى. پولۇنى كۆرگەن قاھارنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى، پولۇنىڭ مەززىلىك پۇرىقى، پارقىراپ تۇرغان گۆرۈچى، ئۈستىگە بېسىلغان ئىككى پارچە ئۇستىخانلىق گۆشى قوشۇلۇپ ئادەمنىڭ ئىشتىھاسىنى قوزغىماي قالمايتتى. بولۇپمۇ، قاھارغا ئوخشاش نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان ئۇبدان تويۇنۇپ باقمىغان، ياخشى تاماقلانمىغان، ماغدۇرسىز ئادەمگە بۇ پولۇ شۇ تاپتا قىشتىكى ئوتتەك، چۆلدىكى بۇلاقتەك كۆرۈنۈپ كەتتى.

ــ ئالدى بىلەن تاماقلىنىۋال، قالغان گەپنى شۇ ۋاقىتتا دېيىشەرمىز، ــ دېدى چوكان تاۋاقنى ئۇنىڭ ئالدىغا سۈرۈپ.

قاھار تاقەت قىلالماي تۇرالمىدى. ئەدەپ - قائىدىنىمۇ، تەكەللۇپنىمۇ ئۇنتۇپ قوشۇقنى قولىغا ئالدى.

ــ رەيھانگۈل، باشقا ئىش بارمۇ؟ ــ دەپ سورىدى زەينەپخان موماي بوش ئاۋازدا.

— بۇ يىگىتكە دەرۋازىنىڭ يېنىدىكى ئۆيگە ئورۇن راسلاپ بەرسىلە بولىدى، باشقا ئىش يوق. بولسا چاقىرىمەن.

قاھار پولۇنى ھەقىقەتەن ئىشتىھا بىلەن يېدى، داستىخانغا چۈشۈپ كەتكەن گۇرۇچلەرنىمۇ دەرھال تېرىپ ئاغزىغا سالدى، مايدا قورۇلۇپ، گۇرۇچكە قوشۇپ دۇملىنىپ پىشۇرۇلغان گۆشنى ئۇستىخانلىرى بىلەنلا قوشۇپ يەۋەتكىلى تاس قالدى.

— بۇ ئىچكىرىنىڭ گۇرۇچى ئەمەس، ئۇرۇمچىدىن مەخسۇس ئەكېلىنگەن مىچۈەننىڭ گۇرۇچى.

شۇ تاپتا قاھار ئۈچۈن نەنىڭ گۇرۇچى بولسا ئوخشاشلا ئىدى.

ئاخىر، قاھار بۇ بىر تاۋاق پولۇنى يەپ بولدى. پولۇنىڭ مايلىرى ئۇنىڭ قورۇقدىلىپ كەتكەن ئۈچەيلىرىگە ھاياتىي كۈچ بېغىشلاپ، قۇۋۋىتى ئۇنى جانلاندۇرۇپ، مېھرى ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇپ ئۇنى ئازادە قىلىپ، ھاردۇقى چىقىپلا كەتكەندەك يېنىكلەپ قالدى.

— بولدى، چىقىپ يات،— دېدى رەيھانگۈل،— قارىسام بەك ھېرىپ كەتكەندەك قىلىسەن. قالغان گەپ بولسا ئەتە دېيىشسەك بولغۇدەك.

قاھار چىنىدىكى سەل ئىلمان بولۇپ قالغان چاينى ئۆرە تۇرۇپلا گۇپۇلدىتىپ ئىچىۋەتكەندىن كېيىن تەرلىرىنى سۈرتكىنىچە سىرتقا ماڭدى.

دەرۋازا تۈۋىدە سىرتقى كۆرۈنۈشى ئاددىيلا بىر ئېغىز ئۆي بولۇپ، چىرىغى ياندۇرۇلغانىدى. قاھارغا بۇ ئۆي ئامباردەك بىلىندى. «ئامبار بولسىمۇ بوپتۇ. بۈگۈن ئاخشام ياتىدىغان ئىسسىق يەر بولسىلا بولدى» قاھار شۇ ئوي بىلەن ئۆيگە كىردى.

قاھار بوسۇغىدىن ئاتلاپلا تۇرۇپ قالدى. بۇ ئامبار ئەمەس، بەلكى ئوبدانلا جابدۇپ قويۇلغان ئۆي بولۇپ، ئۇ ياتقان ھېلىقى ياتاقلاردىن مىڭ ھەسسە ياخشى ئىدى. ئۆي ئازادە، پاكىز، كارىۋاتتىكى يوتقان - كۆرپىلەرمۇ يېڭىدەكلا، ئۆي ئىچىدىن مېڭىگە ھۇزۇر ۋە ئاراملىق بېغىشلىغۇچى سۇس خۇش پۇراق پۇراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە كىچىك بولسىمۇ تېلېۋىزور بار ئىدى.

قاھار كارىۋاتتا يېتىپ راھەتلىنىپ كەتتى. ھەتتا شۇ راھەتنىڭ ئىلكىدە ئەللەيلىنىپ يېتىپ پۈتۈن بەدىنىنىڭ كىر ـ قاسماقلىقىنى، پۇتىنىڭ پۇراپ كەتكەنلىكىنىمۇ يادىدىن چىقاردى. پۈتۈن ۋۇجۇدىغا ئاراملىق تارىغان قاھار «بۇ نېمە ئىش قىلىدىغان ئايالدۇ؟ نېمىشقا ماڭا مۇنچە ياردەم قىلىدۇ؟ ئېرى بىلەن بىر يۇرتلۇق بولغىنىم ئۈچۈنلىمۇ؟ ئېرى كىم؟ بۇلار نېمە ئۈچۈن بۇ يەردە تۇرۇپ قالغان؟ موماي ئۇلارنىڭ نېمىسى؟...» دېگەندەك خىياللارغا بەند بولۇپ ئۇخلاپ قالدى.

شۇ كېچىسى قاھار ھەقىقەتەن راھەتلىنىپ ئۇخلىدى.

ئەتىسى ئۇيقۇسى قېنىپ تولغىنىپ ئويغانغان قاھار سىرتقا چىقىپ چۆچۈپ كەتتى: ئۇ بەكمۇ ۋاقىچە ئۇخلىغانىدى.

ئۇ ئۆينىڭ ئالدىغا قويۇپ قويۇلغان چۆگۈن بىلەن جاۋۇرنى كۆرۈپ بېرىپ يۈزىنى يۇيدى. ئۇ يۈز ـ قولىنى سۈرتۈپ تۇرۇشىغا ئۆيدىن زەينەپخان موماي چىقتى ۋە قاھارغا گۇمانلانغاندەك، شۈبھىلەنگەندەك يەر تېگىدىن بىر ھازا قارىدى، ئاندىن:

ـــ ئۆيگە كىرىپ ناشتا قىلىۋالسىلا،ـــ دېدى.

قاھار ساپ سۈت، قاتلىما ۋە مېغىزلار بىلەن ئىسسىق باسقۇدەك ناشتا قىلدى.

ئۇ ناشتا قىلىپ بولۇشىغا خۇددى قاراپ تۇرغاندەكلا زەينەپخان موماي كىرىپ كەلدى:

ـــ ياندىكى كىچىك ئۆي مۇنچا، ئىسسىق سۇلىرى تەييارلا. يۇيۇنۇۋالسىلا.

شۇندىلا قاھار ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى يادىغا ئالدى ۋە ئەتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ موماي كۆرسىتىپ قويغان ئۆيگە كىردى. مۇنچىنىڭ تام ۋە تېگى چاقچۇق، ئۇدۇلغا چوڭ ئەينەك ئورنىتىلغان، بىر چەتتىكى لۆڭگە ئېسىلغان جازىغا تۇرلۇك يۇيۇنۇش سۇيۇقلۇقلىرى تىزىۋېتىلگەن. شۇنداقلا قاھار كۆرۈپ باقمىغان باشقا نەرسىلەرمۇ بار ئىدى. قاھار ئاستا بېرىپ ئەينەككە قارىدى ۋە قاتتىق چۆچۈپ كەتتى. ئۇنىڭ يۈزىنى تۈك قاپلاپ كەتكەن بولۇپ، بۇرۇتلىرى دىڭگىيىپ كەتكەنىدى. قاھار

كىشىلەرنىڭ ئۆزىدەك مۇشۇنداق بۇرۇت - ساقاللىق كىشىگە ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمىگىنىگە ھەيران قالدى يا ئۇلارغا بۇنداق كۆرۈنۈش ئادەتتىكىلا بىر ئىشمۇ؟ ئەمما... ئەجەبا، پويىز ئىستانسىسىدىكى ھېلىقى ئۇيغۇر ئەر - خوتۇن ئۇنىڭ مۇشۇ ئەپتىدىن قورقۇپ قاچتىمىكىن؟

قاھار دەرھال يۈيۈنۈش سۇيۇقلۇقى تىزىلغان جازىغا قارىدى، ئۇ يەردە ساقال ئالغۇچمۇ تەق قىلىپ قويۇلغانىكەن. قارىغاندا مۇنچا قاھارنىڭ يۈيۈنۈشى ئۈچۈن تەييارلانغاندەك قىلاتتى. قاھار ئۆزىنىڭ نېمىشقا مۇنداق تۇكلۇك بولۇپ كەتكىنىگە ھەيران قالدى. بولمىسا بۇرۇن ئۇنىڭ بۇرۇتى خەت تارتقاندا يوقنىڭ ئورنىدىلا ئىدى.

قاھار ساقال ئالغۇچنى تېزلىكتە قۇراشتۇردى ۋە ساقال - بۇرۇتنى پاكىز قىردى.

مۇنچىنىڭ سۇيى ھەقىقەتەن ئىسسىق ئىدى، سۇنى بېشىغا ئاستا چۇشۇرگەن قاھار ئاجايىپ راھەتلىنىپ كەتتى. ئىسسىق سۇ ئۇنىڭ بەدىنىنى يالاپ تۆۋەنگە ئاققاندا، سوپۇن سۇرۇپ غول - غوللىرىنى ئۇۋۇلىغاندا ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىغا بىر خىل شېرىنلىك يامرىدى. ئۇ سۇ ئىچىدە تۇرۇپ ئىچ - ئىچىدىن پاكىزلىنىپ كەتكەندەك، ئۆزىنى غەم - غۇسسىدىن يىراقتەك، مېڭە تاللىرىدا قېتىپ قالغان دەرد - ئەلەملەر سۇدا ئېرىپ، سوپۇن سۇيى بىلەن بىللە ئېقىپ ئەۋرەز يولىغا كىرىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلدى. بۇ سۇنىڭ خاسىيىتىمىكىن؟ توغرا، سۇنىڭ خاسىيىتى! سۇ مۇۋازىنەتنى ئىنتايىن ياخشى تەڭشەلگەن سۇيۇقلۇق. ئەگەر سۇ قەدىرلەنسە ئىنسانىيەتكە، تەبىئەتكە بەخت ئەكېلىدۇ، ئەگەر قەدىرلەنمىسە ياكى خورلانسا، يا كەلكۈنى بىلەن، يا قۇرغاقچىلىقى بىلەن ئاپەت بولىدۇ.

قاھار مۇشۇنىڭغا ئوخشاش يۈيۈنۈش ھوزۇرىغا ئۇزۇن يىللار ئىلگىرىمۇ بىر قېتىم چۆمۈلگىنىنى غۇۋا ئېسىگە ئالدى. شۇ قېتىممۇ ئۇ مانا مۇشۇنداق ھوزۇرلانغان، مۇشۇنداق تۇيغۇلاردا، خىياللاردا بولغان.

ئۇ يۆيۈنۈپ بولۇپ ئەينەككە قارىدى ۋە ئۆزىنىڭ خېلى ئىسكەتكە كىرىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ مۇنچىدىن چىقتى.

هويلىدا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. ئۇ لۆڭگە بىلەن چېچىنى سۈرتكىنىچە ھېلىقى ئۆيگە ماڭدى. شۇ چاغدا كەينى تەرىپىدىن سۈس بىر ئاۋاز ئاڭلاندى:

— كونا بولسىمۇ بىر قۇر كىيىم تەييارلاپ ئۆيگە قويۇپ قويدۇم، يۆتكىۋالسىلا.

قاھار كەينىگە بۇرۇلۇپ، گېپىنى تۈگىتىپ ئۆيگە كىرىپ كېتىۋاتقان زەينەپخان مومايىنى كۆردى. نېمىشقىدۇر بۇ موماي ئۇنىڭغا سىرلىقلا قارايتتى.

قاھار ئۆيگە كىرىپ قاتلاپ كارىۋات ئۈستىگە قويۇپ قويۇلغان كىيىملەرنى كۆردى. پاكىز يۇيۇلۇپ، دەزمال سىلىنغان بۇ كىيىملەرنى پەقەتلا كونا دېگىلى بولمايتتى. يا بۇلار رەيھانگۇلنىڭ ئېرىنىڭ كىيىملىرىمىكىن؟ قاھار ئالدى بىلەن ھېلىقى تىزىملىكنى ئوبدان جايلاشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن كىيىملىرىنى يۆتكىدى.

كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ، باشقىچىلا تۈس، سالاپەت كىرگەن قاھار ئۆيدە ئولتۇرۇپ ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تىتىلداشقا باشلىدى. ئەمدى ئۇنىڭدا يۇيۇنغاندىكى، كىيىملەرنى يۆتكەپ يېڭىچە سالاپەت كىرگەندىكى تۇيغۇ قالمىغانىدى. چۈنكى ئۇ بالدۇرراق بۇ يەردىن ئايرىلىپ ئەلنىڭ يېنىغا بارمىسا بولمايدۇ. ئەلى ئۇنى يولغا سېلىپ قويىدۇ، ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان راۋان يولغا ئۆزىتىپ قويىدۇ.

ئاخىر بولماي قاھار ھويلىغا چىقتى. بۇ ھويلا كاتتىلىقىنىڭ ئەكسىچە ئاۋاتلىقتىن، خۇشاللىقتىن، قايناقلىقتىن خالىي ئىدى. جىمجىتلىقتا چۆمگەن بۇ ھويلىدا ئېغىر غېرىبلىق ھۆكۈم سۈرۈۋاتقاندەك ئىدى. بۇ ئىش قاھارغا غەلىتە بىلىندى.

قاھار قاتار ئۆيلەرنىڭ بىرىگە، ھەتتا ئۆزى ئاخشام تاماق يېگەن، بايا ناشتا قىلغان ئۆيگىمۇ يالغۇز كىرىشكە پېتىنالماي تۇرۇپ قالدى. دەرۋازىغا قاراپ بېقىپ، جىممىدىلا چىقىپ

كېتىشنىمۇ ئويلىدى. بىراق، مەيلى قانداق ئادەم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۆزىگە ياردەم قىلغان، غەمخورلۇق قىلغان ئادەمگە رەھمەتمۇ ئېيتماي كېتىشنى لايىق كۆرمىدى.

شۇ چاغدا ئۆيدىن زەينەپخان موماي چىقتى. ئۇ قاھارنىڭ يېڭى قىياپىتىنى كۆرۈپ قاراپ تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ تۇرقىدىن يەنىلا گۇمانلىنىش، شۇنداقلا قانداقتۇر بىر ئىشنى كۆچەپ ئېسىگە ئېلىشقا تىرىشىۋاتقاندەك ھالەت ئېنىق ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

قاھار زەينەپخان مومايىنىڭ ئالدىغا باردى.

— ئۇ... نېمە... رەيھانگۇلنى چاقىرىپ بەرسىلە بوپتىكەن.

— رەيھانگۇل بىر ئىش بىلەن ئەتىگەندىلا چىقىپ كەتكەن. كېلىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى،— دېدى زەينەپخان موماي يەنىلا ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قاراپ.

قاھار كۇنگە قاراپ قويۇپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئۇ تېلېۋىزورنى ئېچىپ، ئېلان بېرىۋاتقان قاناللارنى تېز - تېز يۆتكەپ كىنو قانىلى ئىزدەپ تۇرۇۋىدى، دەرۋازا ئالدىدا ماشىنىنىڭ سىگنال ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇنى ئاڭلىغان قاھار يۈگۈرۈپ دېگۈدەك ھويلىغا چىقتى.

ئۇ ھويلىدا تۇرۇپ زەينەپخان مومايىنى چىقىپ دەرۋازىنى ئاچىدۇ دەپ تۇرۇۋىدى، دەرۋازىنى رەيھانگۇل ئۆزى ئېچىپ كىرىپ كەلدى. رەيھانگۇل كىرىپ بولۇپ، دەرۋازىنى بوشلا يېپىۋىدى، «چاراق» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ دەرۋازا قۇلۇپلاندى.

رەيھانگۇل قىممەت باھالىق، يارىشىملىق كىيىملەر بىلەن تولىمۇ چىرايلىق بولۇپ كەتكەنىدى. پەقەت نۇرى قاچقان كۆزلىرىلا گۇزەللىكىگە نۇقسان يەتكۈزۈپ قويغانىدى، كۆڭۈل قويۇپ قىلىنغان گىرىممۇ كۆزىدىكى تەبىئىي ئالامەتلەرنى يوشۇرۇپ قالالمىغانىدى.

رەيھانگۇلمۇ كۆز ئالدىدىكى يېڭىچە سالاپەتتە كىرگەن قاھارغا مەستلىكى كەلگەندەك زوقمەنلىك بىلەن قاراپ قويدى:

— قانداق، ئوبدان ئۇخلاپسەنمۇ؟

— ھەئە، ھاردۇقۇم چىقىپلا قاپتۇ.

— چۈشتە نېمە تاماق يېگۈڭ بار؟ قارىغاندا، شىنجاڭ تاماقلىرىنى تازا سېغىنغان ئوخشايسەن؟

قاھار يەنە كۈنگە قارىدى ۋە دەررۇلا ئېيتتى:

— رەھمەت، رەيھانگۈل، مەن كىملىكىم ياكى تونۇشتۇرۇشلىرىم، ئىقتىسادىم يوق شىنجاڭغا كېتەلمەي تۇرغىلى ئۇزۇن بولدى. ئەلى دېگەن بىر تونۇشۇم بۈگۈن مېنى يولغا سېلىپ قويماقچىدى، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قاپتۇ.

— ئوقۇغۇچىدۇ؟ — دېدى رەيھانگۈل قاپىقىنى تۈرۈپ.

— ھەئە.

— شىنجاڭغا قايتالمايۋاتىمەن دېگەن نېمە گەپ ئەمدى؟ ئۆز يۇرتىغىمۇ كېتەلمەيدىغان ئىش بولامدۇ؟ مانا مەن سېنى يولغا سېلىپ قويىمەن.

— رەھمەت، يەنە سىزنى ئاۋارە قىلسام...

— ئاۋارە قىلىدىغان ئىش يوق. يۇرتقا بېرىپ تۇغقانلارنى يوقلاپ كېلەلمەيۋاتىمەن. ئەمدى بارىمەن دېسەملا بۇ يەردە بىر ئىش چىققان. ماڭا رەھمەتنىڭ ئورنىغا شۇ تۇغقانلىرىمغا ئەۋەتىدىغان سوۋغا - سالاملىرىمنى ئېغىر كۆرمەي ئالغاچ كەتسەڭلا بولدى.

— ۋاي، چاتاق يوق، — دېدى قاھار خۇشاللىق بىلەن، — ئۇنداق بولسا، نەرسە - كېرەكلەرنى تەييارلاپ بېرىڭ...

بۇنى ئاڭلىغان زەينەپخان موماي لېۋىنى چىشلەپ، بېشىنى چايقاپ قويۇپ ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى.

قاھارنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان رەيھانگۈل بىر نەرسىنى ئويلىدى ۋە:

— سەل تۇرۇپ ئۆيگە كىرسەڭ دەيدىغان گەپ بار، — دېدى.

※ ※ ※

ماتېرىيال كۆرگەچ دەممۇدەم سائەتكە قاراپ تۇرغان ئەلى بىر چاغدا ساۋاقدىشى ۋە يۇرتدىشى ئەكرەمنى چاقىرىپ ياتاق بىناسىدىن چىقتى.

— بۇ قېتىممۇ ساۋاقداشلار غەيرەت قىلدى جۇمۇ. ئالامەت ئاق

كۆڭۈل باللار ـ ده،ــ دېدى ۋاسكېتبولچىلاردەك ئېگىز بويلۇق كەلگەن ئەكرەم قاھار ئۈچۈن پۇل ياردەم قىلغان ئوقۇغۇچىلاردىن مىننەتدار بولۇپ.

ــ شۇنى دېمەمسەن،ــ دېدى ئەلى قەدىمىنى تېزلىتىپ،ــ بۇ قېتىم تېخى بىز قاھارنىڭ تەلىپى بىلەن باللارغا ئۇنىڭ راست ئىسمىنى، تۇرپاندىكى ئەھۋالىنى ئاشكارىلىمىدۇق. شۇنداقتىمۇ باللار قالتىس ئىشەنچ قىلدى.

ــ سەن تەشكىللىگەن بۇنداق ياردەم بېرىش ھەرىكەتلىرى مۇشۇ بىرىنچى قېتىملىقى بولمىسا. ئەلۋەتتە، ساڭا ئىشىنىمىز ـ ده، ئاداش.

ئۇلار شۇ گەپلەر بىلەن بەش ئائىلە قەبرىستانلىقى بازىرىغا يېتىپ باردى. ئۇلار ئادىتى بويىچە شاتۇتىغا بىر نەچچە جۈملە گەپ قىلغاندىن كېيىن ئاشخانىغا كىردى. ئەلى ئاشخانا ئىچىگە بىر قۇر قاراپ چىقىپ قاھارنى كۆرمىدى.

ــ كېلەلمىگەن ئوخشايدۇ، بىردەم ساقلايلى.

ئۇلار ئىچكىرىرەك بىر شىرەگە بېرىپ ئولتۇردى.

ــ راست شۇ قەيسەرمىكەن؟ــ سورىدى ئەكرەم.

ــ گەپلىرىگە قاراپ باقسام راستتەك قىلىدۇ.

ــ نېمىشقا ئۇ ئۆزىنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى يوشۇرىدىغاندۇ؟

ــ بۇنى مەنمۇ سورىمىدىم. بەلكىم ئۇ ئاداشىنىڭمۇ ئۆزى ئويلاپ قويغان ئىشى باردۇ؟

ــ راست،ــ دېدى ئەكرەم ئويلىنىپ تۇرۇپ،ــ ئەگەر ئۇ راست گەپ قىلغان بولسا، ئۇزۇندىن پىلان قىلىپ كەلگەن ئىشى بار. گېپىنىڭ بويىچە ئويلاپ باقسام، ئۇ تۇيۇقسىزلا پەيدا بولۇپ، يەنە شۇ كىشىلەرنىڭ ئالدىدا مەغرۇر ياشايدۇ.

ــ مېنىڭچىمۇ شۇنداق، ئۇ يامان نىيەتنى پىلان قىلمىغان. ئەگەر پەۋقۇلئاددە ئىمتىيازغا ئىگە بولسا، مەسىلەن، بايلىققا ئېرىشسە ياكى غوللۇق بىرەر شىركەتتە ئىشلەپ باش كۆتۈرۈپ قالسا، ئۆچ ئېلىشىمۇ مۇمكىن. بۇ ئۇنىڭ پسىخىكا جەھەتتىكى تاۋلىنىشىغا باغلىق.

ــ توغرا، بۇنداق خورلۇق تارتقان ئادەملەر قەيسەر، غەيرەتلىك كېلىدۇ، ئەمما ئاسانلا قىساس يولىغا ماڭىدۇ،ــ دېدى ئەكرەم كەسكىنلىك بىلەن،ــ ئەگەر ئۇ سەن دېگەندەك بىرەر ئىمتىيازغا ئىگە بولغاندا، ئۇنىڭغا ئەقىل ئۆگەتمىدىغان ئادەم بولسا، ئىشى ئوڭغا تارتىپ كېتىدۇ. نېمىلا بولسا، ئالدى بىلەن ئۇنىڭغا ياخشى كۆڭ نېسىپ بولسۇن.

ئۇلار قاھار ھەققىدە سۆھبەتلىشىپ، ۋاقىت دېيىشكەن قەرەلدىن ئۆتۈپ بىرەر سائەتتەك ساقلىغان بولسىمۇ قاھار كەلمىدى.

ــ يا ئۇ كېلىپ مەكتەپنىڭ ئالدىدا ساقلاپ تۇرامدۇ؟ــ دېدى ئەكرەم.

ــ شۇ يەرگە بېرىپ باقايلى.

ئەمما، قاھار مەكتەپنىڭ ئالدىدىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۇلار مەكتەپنىڭ ئالدىدىمۇ خېلى ساقلىدى. ئاڭغىچە ئەلى ھېلىقى ئاشخانىغا بىر قېتىم بېرىپ كەلدى.

ــ نېمە بولغىنىنى پەرەز قىلىپ يېتەلمىدىم،ــ دېدى ئەكرەم سائىتىگە قاراپ قويۇپ،ــ لېكىن ئۇ كېلەلمىگۈدەك.

ــ ھەي، مەن خاتا قىپتىمەن،ــ دېدى ئەلى پۇشايمان قىلىپ،ــ تۇنۇگۈن ئۇنى ياتاققىلا ئەكەتسەم بوپتىكەن. ئۇنىڭغا بىرەر كېلىشمەسلىك بولۇپ قالمىغاندۇ؟ ئەستا، كالتە پەملىكىم...

ــ ئۇنداق دەپ ئۆزۈڭگە گۇناھ ئارتىۋالساڭ بولمايدۇ،ــ دېدى ئەكرەم سالماقلىق بىلەن،ــ بولدى، بىزمۇ قولىمىزدىن كېلىدىغاننى قىلدۇق. يۈر، بېلەتنى ۋاقتىدا قايتۇرۇۋېتەيلى.

※ ※ ※

قاھار رەيھانگۈلنىڭ ئۆيىگە كىردى.

قاھارنىڭ كىرگەنلىكىنى كۆرگەن رەيھانگۈل قورونىڭ دەرۋازىسى ھىم تاقالغان، تاملىرى شۇنچە ئېگىز بولسىمۇ،

نىمىشقىدۇر يەنىلا بىر نەرسىدىن ئەنسىرەۋاتقاندەك قوروغا ۋە قورو تاملىرىغا قاراپ قويۇپ ئاستا، ئەمما جىددىي قىلىپ ئېيتتى:

— مۇنداق ئىش قارا، بۇگۈن شىركەتكە بارغۇچە يولدا ماشىنىنى بىر قانچە يەردە ساقچىلار توستى. ئىككى قاتىل بۇگۈن تاڭ سەھەردە قېچىپ كېتىپتۇ. يول ئېغىزلىرىدا، ئاپتوبۇس بېكەتلىرىدە، پويىز ئىستانسىسلىرىدا، ئايروپورتلاردا ساقچىلار قاتمۇقات تەكشۈرۈۋېتىپتۇ. يېنىدا ئىسپات ـ كىنىشكىلىرى يوقلارنى ۋاقىتلىق تۇتۇپ تۇرغۇدەك. سەن ئۇقمايسەن، شىئەنىنىڭ ساقچىلىرى بەك قاتتىق. پويىز ئىستانسىسىدا تەكشۈرىدىغىنى ئېنىق. شۇنداق بولسا، ئۆزۈڭنىلا ئەمەس، ھېلىقى ئەلى دېگەن ئوقۇغۇچىنىمۇ بالاغا تىقىسەن. مەن بۇنداق ئىشلارنى جىق كۆرگەن.

بۇنى ئاڭلىغان قاھار بوشىشىپ ئولتۇرۇپ قالدى.

— مەن ھازىر دەرۋازىدىن چوڭ كوچىغا چىقساڭلا سىنى تۇتۇپ كەتمىسۇن دەپ ئالدىراپ رۇخسەت سوراپ كەلدىم.

بۇ گەپ بىلەن قاھار رەسمىي بوشاشتى.

— ئەلى ساقلاپ كەتسە...

— بولدى، سەل تۇرۇپ مەن بېرىپ خەۋەر قىلىپ قويۇپ كېلەي. بېلەتنى قايتۇرۇۋەتسە بولىدۇ. بولسا، ئۇلارمۇ ئۆيگە كەلسە، مۇشۇ يەردىلا مۇڭداشىمامسىلەر.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان قاھار «بوپتۇ» دەپ بېشىنى لىڭشىتتى ۋە:

— مېنى قاچان يولغا سېلىپ قويارسىز؟ — دەپ سورىدى.

— قاتتىق تەكشۈرۈش ئون نەچچە كۈن داۋاملىشىدىغان ئوخشايدۇ. قاچان ئاخىرلاشسا، شۇ كۈنىلا ماڭ. مەنمۇ بۇگۈن چۈشتىن كېيىن سوۋغاتلارنى تەييار قىلىپ قويىمەن. بەك كۆپ بولۇپ كەتسە ساڭا جاپا بولۇپ قالارمۇ؟

— چاتاق يوق، ھە راست، ئەلى مېنى ۋوجياخېرىدىكى بىر ئۆيغۇر ئاشخانىسىدا ساقلىماقچى بولغان. ئاشخانىنىڭ ئىشىكىدە بىر شاتۇتى بار ئىكەن.

قاھار گەپنى تۈگىتىپ «ئۆيى»گە كىردى ۋە شىۋاشىنگىر رول ئالغان ئامېرىكىنىڭ بىر كىنوسىنى كۆرۈشكە باشلىدى.
چۈشتىن كېيىن رەيھانگۈل بىر مۈنچە كىيىم ـ كېچەك، ئويۇنچۇق قاتارلىقلارنى كۆتۈرۈپ كەلدى.
ــ مەن ئەلى بىلەن كۆرۈشتۈم. ئۇلارمۇ بىلەتنى ئېلىپ قويغان بىلەن سىنى قانداق يولغا سېلىشنى بىلەلمەي بېشى قېتىپ تۇرۇپتىكەن. سۆزۈمنى ئاڭلاپ بەك خۇش بولدى. يەنە كېلىپ كوچا ـ كويلاردىلا ئەمەس، ئۇ تەرەپتىمۇ ساقچى بەك كۆپ ئىكەن. ئاشخانىلارنىمۇ بىرمۇبىر تەكشۈرۈپ يۈرىدۇ.
«ئەلىگىمۇ ئاۋارىچىلىك تېپىپ بەرگىلى تاس قاپتىمەن» دەپ ئويلىغان قاھار رەيھانگۈلگە مىننەتدارلىق بىلەن قارىدى. رەيھانگۈل شۇ بىر قاراشتىنىلا ھەممىنى چۈشىنىپ بولدى ۋە چىرايىدىكى جىددىيلىكنى دەررۇلا تارقىتىۋېتىپ، يېقىملىق كۈلدى:
ــ ھە، سىزگىمۇ ئاددىي بولسىمۇ ئىككى قۇر كىيىم ئالغاچ كەلگەنىدىم، كىيىپ بېقىڭ، يارامدىكىن،ــ رەيھانگۈل شۇنداق دەپ ئىشىككە ماڭدى، ئاندىن كەينىگە بۇرۇلدى،ــ ھە راست، سۆزلەش ئادىتىم بويىچە «سەن»لەۋېرىپتىمەن، ھازىردىن باشلاپ «سىز»لىۋالغىنىم بولسۇن. يەنە بىر گەپ، بەزىدە سەت گەپ قىلىپ سالسام خاپا بولۇپ كەتمەڭ. ئارام ئېلىڭ، مەن چىقاي.
قاتتىق تەكشۈرۈشنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، قاھارنىڭ شىنجاڭغا قايتىش ھەققىدىكى كۆڭۈل تېنەشلىرىمۇ بېسىلىپ قالدى. «ئۇن كۈن بولسىمۇ قانغۇچە ئارام ئېلىۋالىدىغان بولدۇم. بۇمۇ ياخشى بولدى. بولمىسا ئاخشامقىدەك ماغدۇرسىزلىنىپ يېتىپ قالىدىغان ئىش چىققۇدەك. بۇنداق بولسا بولمايدۇ. مەن قىلىدىغان ئىشلار جىق تۇرسا. تېنىم ساق بولمىسا نېمە قىلالايمەن...» شۇلارنى ئويلىغان قاھار كارىۋاتتا سوزۇلۇپ ياتتى. ئادەم بىردەم بولسىمۇ غەمدىن، تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدىن قۇتۇلسا نېمىدېگەن راھەت ـ ھە!
كەچلىك تاماقتىن كېيىن رەيھانگۈل يەنە چىقىپ كەتتى. بۇنداق چاغدا ئۇنى ئالغىلى دەرۋازا ئالدىغا ماشىنا كېلەتتى.

شىنجاڭغا كېتىش غېمىدىن خالاس بولۇپ، تېلېۋىزور كۆرۈشتىن باشقا ئىشى قالمىغان قاھار ئەمدى رەيھانگۈل توغرۇلۇق ئويلايدىغان بولۇپ قالدى: «بۇ زادى قانداق ئايال؟ تۇغقانلىرىغا سوۋغا ـ سالام ئەۋەتىش ئۈچۈنلا ماڭا ياردەم قىلىۋاتامدىغاندۇ؟ ماڭا ياردەم قىلىشتا زادى نېمە مەقسىتى باردۇ؟...»

ئەمدى ئۇنىڭ كۈنلىرى ئوبدان يەپ ـ ئىچىپ، راھەت يېتىپ، كۈن بويى تېلېۋىزور كۆرۈپ كۈن ساناش بىلەن ئۆتىدىغان بولدى. رەيھانگۈل بولسا كۆپىنچە ئەتىگەن چىقىپ كەتسە بەزىدە چۈشتە، بەزىدە كەچتە كېلەتتى، بەزىدە بولسا كەلمەيمۇ قالاتتى. بەزى كۈنلىرى چۈشكىچە ئۇخلىسا، بەزى ۋاقىتلاردا ئۆزى بولمىسا قولۇپلاقلىقلا تۇرىدىغان، ھەتتا زەينەپخان موماينىڭمۇ كىرگىنىنى كۆرگىلى بولمايدىغان خاس ئۆيىدىكى بىردىنبىر تېلېفوندا بىر كىملەرگە ۋارقىرايتتى، ئاغزىنى بۇزۇپ تىللايتتى. ئۇنىڭ تۇيۇق سۈپىشلىق ئىرى بولسا قاھارنىڭ ئىچىنى پۇشۇرۇپ بىرەر قېتىممۇ كۆرۈنۈپ قويمايتتى. زەينەپخان موماي بولسا كۈن بويى تەرتىپى بەلگىلەنگەن ماشىنا ئادەمدەك مۈكچەيگىنىچە ئائىلە ئىشلىرىنى قىلاتتى، ئارتۇقچە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمايتتى. قاھار گەپ قىلاي دېسىمۇ، ئۇنىڭ گەپ قىلىشىغا ئىمكان بەرمەيتتى.

بىر كۈنى قاھار ئۆيدە تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇراتتى. ھويلىدىن بىرىنىڭ ئىڭرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. قاھار يۈگۈرۈپ چىقىپ زەينەپخان موماينىڭ ھويلىدا مەيدىسىنى تۇتقانچە ياتقانلىقىنى كۆردى. نېرىدا بولسا دورىسى چېچىلغان دورا قۇتىسى تۇراتتى. ئەھۋالنى چۈشەنگەن قاھار دەررۇ بېرىپ قۇتىنى ئېلىپ كەلدى. زەينەپخان موماي دورىدىن ئىككى تالنى ئاغزىغا سالدى. قاھار يۈگۈرۈپ كىرىپ ئاشخانا ئۆيىدىن قايناق سۇ ئېلىپ چىقتى. زەينەپخان موماي دورىنى ئىچىپ ئازدىن كېيىن خېلى تىنچلىنىپ قالدى.

ــ نېمە بولدىلا؟ ــ دەپ سورىدى قاھار زەينەپخان موماينىڭ

ئەھۋالىنىڭ ياخشىلانغانلىقىنى كۆرۈپ، — دوختۇرخانىغا ئاپىرايمۇ - يە؟

قاھارنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلىغان موماي يەنە قاھارغا تىكىلىپ قاراپ كەتتى. قاھار ئۇنى يۆلەپ ئۆينىڭ ئالدىدىكى ئورۇندۇققا ئاپىرىپ ئولتۇرغۇزدى.

— نېمە بولدىلا، چوڭ ئاپا؟

زەينەپخان موماي تۇنجى قېتىم سۆھبەتكە ئېغىز ئاچتى:

— دەم سىقىلىدىغان كېسىلىم بار ئىدى. بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى كېسىلىمنى بەك قوزغايدىغان بولۇپ قالدى. بۈگۈن بەك تۇتتى.

— ئۇنداق بولسا دوختۇرغا كۆرسىتىپ باقايلى. بولمىسا يامىنىغا ئۆرۈلۈپ قالسا، ياشىنىپ قالغاندا تەنلىرىگە ئېغىر كېلىدۇ.

— بولدى، رەيھانگۈل ياخشى دورىلارنى ئەكېلىپ بەرگەن، شۇلارنى ئىچسەم بىردەمدىلا ياخشى بولۇپ كېتىمەن.

— ئۇنداق دېمىسىلە، دورا دېگەن ۋاقىتلىقلا پايدا قىلىدۇ...

ئەمما، زەينەپخان موماي ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى ۋە داۋالاشقا مۇناسىۋەتسىزلا بىر گەپنى سورىدى:

— بالام، سىلى راستىنلا تۇيۇقلۇقمۇ؟

قاھار بۇ گەپتىن ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قالدى ۋە: «بۇ موماي تونۇشمۇ - يە؟» دەپ زەينەپخان مومايغا سىنچىلاپ قارىدى. ئەمما، تونۇيالمىدى. زەينەپخان بولسا، قاھارنىڭ ئۆزى ئويلاۋاتقان بىر ئىشنى دېيىشىنى كۈتۈۋاتقاندەك ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ قارىدى.

— بىر ئىش بارمىدى، چوڭ ئاپا؟

شۇ ۋاقىتتا دەرۋازا ئالدىدا ماشىنىنىڭ سىگنال ئاۋازى ئاڭلاندى. ماشىنىنىڭ سىگنال ئاۋازىنى ئاڭلىغان موماي ئەندىكىپ ئورنىدىن تۇردى ۋە پايپاسلىغىنىچە ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

قاپاقلىرى سېلىنغان رەيھانگۈل دەرۋازىنى جالاقلىتىپ ياپقىنىچە كىرىپ كەلدى ۋە ئۇدۇل ئۆيگە كىرىپ كەتتى، ئازدىن كېيىن ئۇنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

— نېمىشقا ئەۋەتمەيسەن خەيىيە!؟ سەن ئۇ يەردە باستۇرۇپ

يىتىۋالساڭ، ئۇرۇمچىدىكىلەر پوق يەمدۇ؟ تولا مېنى ئالدىمەن دىمە، بولمىسا خان ئاچاڭ ئۆزىنىڭ قانداقلىقىنى ساڭا كۆرسىتىپ قويىدۇ.

قاھار ئۇنىڭ سۆزىنىڭ مەنىسىنى چۈشىنەلمىدى ۋە: «يىمەكلىك ياكى دورا سودىسى ئوخشايدۇ» دەپ پەرەز قىلدى.

ئەنە ـ مانا، ئەتە ـ ئۆگۈن بىلەن ئون ئالتە كۈن بولغاندا، رەيھانگۇل دەرۋازىدىن خۇشال كىرىپ كەلدى ۋە قاھار تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈۋاتقان خەۋەرنى يەتكۈزدى:

ــ تەييار بولۇپ تۇرۇڭ. ئەتە چۈشتىن كېيىن ياكى ئۆگۈنلۈككە ئەتىگەن ماڭىدىغان بولدىڭىز.

قاھار خۇشاللىقتا چۆمدى. بىراق زەينەپخان موماي بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ نېمىشقىدۇر تۇرالماي قالدى. ئۇ ھەدەپ يۆتىلەتتى، قاھارغا گەپ قىلماقچى بولاتتى، قاھارغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ كۆزىگە لىققىدە ياش ئالاتتى، تەكرار ـ تەكرار «ماڭىدىغان بولدىلىمۇ، بالام» دەيتتى.

قاھار: «قىزىقلا موماي ئىكەن. يا يۇرتقا قايتىدىغانلىقىمنى ئاڭلاپ، يۇرتنى سېغىنىپ شۇنداق قىلىۋاتامدىكىن؟ بۇنداق قىلىپ بۇ يەردە تۇرغۇچە كەتسىلا تۈگىمەمدۇ؟» دەپ ئويلاپ ئۆز تەييارلىقى بىلەن بولدى.

كەچلىكى قاھار يۇرتقا بارغاندىن كېيىن قايسى ئىشنى باشتا قىلىش مەسىلىسىنى كۆپ ئويلاندى. «باشتا ئالتۇننى تېپىش كېرەكمۇ؟ تۇرپانغا بېرىپ ئاپىسىنى ئىزدەمدۇ؟ ياكى تۇيۇقتا بېرىپ سادىقلارنى تېپىپ ئەھۋالنى ئېنىقلامدۇ؟ زەۋەرگۈللەر بىلەن دىدارلىشامدۇ؟» قاھار شۇلارنى ئويلاپ بىر قارارغا كېلەلمەي تەستە ئۇخلىدى.

ئەتىسى قاھار سومكىلارنى تەخلەپ ئەتىگەندىلا چىقىپ كەتكەن رەيھانگۇلنى ساقلاپ ئولتۇردى. ئەمما رەيھانگۇل چۈشتىمۇ قايتىپ كەلمىدى.

چۈشتىن كېيىن بولغاندا قاھار تىتىلداپ ئولتۇراتتى، ئەتىگەندىن بۇيان ئۇ ياتقان ئۆيىنىڭ ئالدىغا نەچچە قېتىم كېلىپ كەتكەن زەينەپخان موماي ئۇنى چاقىردى:

ــ بالام، چۈشتىن كېيىن ئاپتاپ ئوبدان بولىۋاتىدۇ، يوتقان ـ كۆرپىلەرنى ئاپتاپقا سېلىۋەتمەكچىدىم. ئاچىقىشىپ بەرگەن بولساڭلا.

ئىچى پۇشۇپ ئولتۇرغان قاھار «شۇنچىغا بولسىمۇ مەلىكە بولۇپ ۋاقىت ئۆتكۈزەي» دەپ ئۆيدىن چىقتى.

ئۇلار يوتقانلارنى ئېلىپ چىقىپ ھويلىدىكى تانىغا يايغاندىمۇ زەينەپخان موماينىڭ گەپ ـ سۆزلىرى، ھەرىكەتلىرى قولاشماي قالدى. بىر چاغدا زەينەپخان موماي يەنە بۇرۇنقى سوئالىنى سورىدى:

ــ سىلىنى رەيھانگۈل يولغا سېلىپ قويىدىغان بولدىمۇ؟ بۈگۈن ماڭامدىلا.

ــ ھەئە، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا يەتكۈزىدىغان گەپ ـ سۆزلىرى بارمۇ؟

ــ ئۆزلەگە دەيدىغان گەپ بار ئىدى...

ئەمما، زەينەپخان موماي سىرتنى تىڭشاپ بىر پەس تۇرۇپ قالدى. دەرۋەقە، بىردەمدىلا دەرۋازا ئالدىدا ماشىنىنىڭ سىگنال ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇنى ئاڭلىغان زەينەپخان موماي تېنەپ قالدى ۋە ئالدىراپ:

ــ يولدا دىققەت قىلسىلا، ــ دەپلا ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

قاھار «زەينەپخان موماي نېمە دېمەكچىدۇ؟» دەپ ئويلاپ تۇرۇۋىدى، رەيھانگۈل غەم باسقان ھالدا كىرىپ كەلدى ۋە قاھارنى كۆرۈپ بوش ئاۋازدا:

ــ ئەتە ئەتىگەن ماڭىدىغان بولدىڭىز، ــ دەپ قويۇپ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. قاھار «ئەتە مېڭىشىم مۇقىم بولغان بولسىلا بولدىغۇ» دەپ ئۆيگە كىردى.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن رەيھانگۈل يېرىم كۈن ئۆيدىن چىقمىدى. شۇنىڭ بىلەن قورونى ناھايىتىمۇ سۈرلۈك جىمجىتلىق باستى، بۇ جىمجىتلىقتا قاھار ئۆيدە يالغۇز ئولتۇرۇپ ئېغىر خىياللارنى سۈرۈش بىلەن جور بولدى. ئۇ ئەتە يولغا چىقىدۇ، يېڭى خىياللار بىلەن، يېڭى پىلانلار بىلەن، يېڭى نىيەتلەر بىلەن يولغا

چىقىدۇ. قاھار تۇرپاندىكى ۋە تۇيۇقتىكى ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى، شۇنداقلا دىغاردىكى تۆمۈر دوختۇرغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى بىرمۇبىر ئويلاپ چىقتى. بىر قارىسالاڭ ئاددىيلا ئىشلار، يەنە بىر قارىسالاڭ تولىمۇ مۇرەككەپ ئىشلار. «مەيلى قانداقلا بولسۇن، ئالدى بىلەن يۇرتقا قايتاي، قالغىنىنى شۇ چاغدا كۆرەرمەن...»

كەچكە يېقىن رەيھانگۈل ئۇنى ئۆيىگە چاقىردى — مېھمانخانا ئۆيگە ئەمەس، بەلكى خاس ئۆيىگە چاقىردى. زامانىۋى بېزەلگەن ئۆينى كۆرۈپ قاھارنىڭ كۆزى ئالا چەكمەن بولۇپ كەتتى. چوڭ دىيۇيملۇق رەڭلىك تېلېۋىزور، فوتو ئاپپارات، تېلېكامېرا، ئېسىل ساپا ۋە گۈللۈك قېلىن ئەينەك شىرە، ئىككى تاق كىشىلىك ساپا ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان كىچىك شىرەدىكى تۇرۇپكىسىغا كەشتىلىك لىنتا چىگىلگەن تېلېفون، تۇرلۇك يېزىقتىكى ماركا چاپلانغان، ھەرخىل بوتۇلكىلىق ھاراقلار تىزىۋېتىلگەن بېزەكلىك ئىچىملىك جازىسى، ئېگىز توڭلاتقۇ بۇ ئۆينىڭ ھەيۋىتىنى، دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈۋەتكەنىدى.

رەيھانگۈل بولسا تولىمۇ چىرايلىق كىيىنىۋالغان بولۇپ، گۈزەل رۇخسارى تېخىمۇ نۇرلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى تۇرقى ئادەمنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلاتتى. قاھارمۇ ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپلا قالدى ۋە بىر ئاز ھاياجانلاندى.

— كېلىڭ، — دېدى رەيھانگۈل يېقىملىق كۈلۈپ.

قاھار كېلىپ ساپادا ئولتۇردى. شىرەگە ئېسىل نازۇ نېمەتلەر تىزىلغانىدى.

— سىز كەلگىلىمۇ يىگىرمە كۈندىن ئېشىپ قالدى. سودا ۋە تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى بىلەن سىزگە ئوبدان قارىيالمىدىم. ئەتە ماڭىمەن دەۋاتىسىز. شۇڭا بۈگۈن سىز بىلەن ئوبدان مۇڭدىشىپ ئۇزىتىپ قوياي دەپ ئويلىدىم.

راستىنى ئېيتقاندا، شۇ تاپتا ئىچى پۇشۇپ، ئادەم سىغىنىپ كەتكەن قاھارنىڭمۇ بۇ سىرلىق ۋە گۈزەل چوكان بىلەن

سىرداشقۇسى كېلىپ قالدى. شۇڭا ئۇ تارتىنىپ تۇرمايلا مەززەلەرگە ئېغىز تەگدى.

رەيھانگۈل ئۇنىڭغا ئۆز قولى بىلەن بىر چىنە چاي تۇتقاندىن كېيىن سىرتقا چىقىپ كېتىپ بىردەمدىلا قايتىپ كىردى.

ئازدىن كېيىن زەينەپخان موماي بىر نەچچە خىل قورۇما بىلەن قوي گۆشىدە قىلىنغان قورداق ۋە توخۇ كاۋاپلىرىنى شىرەگە تىزدى.

— قېنى، تاماققا بېقىڭ، — دېدى رەيھانگۈل چوكىنى قاھارغا بېرىپ. قاھار بىر خىل ئازادە تۇيغۇ ئىچىدە تاماق يېيىشكە باشلىدى.

تاماققا ئانچە - مۇنچە ئېغىز تەگكەن رەيھانگۈل ئىچىملىك جازىسىدىن ماركىسىغا چەت ئەلچە خەت يېزىلغان يۇمىلاق قۇتىلىق هاراقتىن بىرنى ئالدى.

— رەيھانگۈل، مەن هاراق ئىچمەي، ئەسلىمۇ ئىچىپ كەتمەيمەن. هېلىمۇ سىزگە رەھمەت، — دېدى قاھار ئۆزرە ئېيتىپ.

— بۇ يەردە مەن ئىچىپ ئۆگىنىپ قاپتىمەن. مېنى يالغۇز ئىچكۈزۈپ، ئۆزىڭىز قاراپ ئولتۇرىدىغانغا كۆڭلىڭىز ئۇنىماس، — دېدى رەيھانگۈل تولىمۇ سىلىق ۋە شېرىن تەلەپپۇزدا، — ئۈچ رومكىغىچە ھەمراھ بولۇپ بېرىڭ، بولامدۇ؟

گۈزەل جامال، تاتلىق ئۆتۈنۈش، مۇلايىمغىنە قاراش ئالدىدا قاھار ئارتۇقچە بىر نەرسە دېيەلمەي بېشىنى تۆۋەن سالدى. شۇنىڭدىنلا رەيھانگۈل ھەممىنى چۈشىنىپ بولدى ۋە ئىككى رومكىغا لىققلاپ هاراق قۇيدى.

— گەپ قىلماي ئىچەيلى، — دېدى رەيھانگۈل شىۋىرلىغاندەك. ئىككىسى كۆتۈرۈۋەتتى. بۇ هاراق ئاق هاراقتەك ئاچچىق بولمىسىمۇ، قاھارغا بەكلا قىرتاق ۋە بەتتام بىلىندى. رەيھانگۈل يەنە ئىككى رومكا قۇيدى.

— بىلەمسىز، قاھار، — دېدى رەيھانگۈل ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ، — ئادەم بۇ يەردە قانچىلا كاتتا ياشىغان بىلەن يەنىلا غېرىبسىنىپ كېتىدۇ، ئىچىڭىز پۇشىدۇ. شۇڭا ئۇقەتكە

ئۆزىڭىزنى ئورۇپ، بەزىدە ھاراقنى بولۇشىغا ئىچىپ ۋاقتىنى ئۆتكۈزىدىغان ئىش. بولمىسا، ئۆزىڭىزمۇ بىلگەنسىز، بۇ يەردە كۈننى كەچ قىلماق بەك تەس. قېنى، خوش.

ئادەمسىزلىكىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىپ يەتكەن قاھارنىڭ بۇ گۈزەل ئايالغا ئىچى ئاغرىپ قالدى ۋە ھاراقنى بىر كۆتۈرۈشىدىلا ئىچىۋەتتى.

— مېنىڭ شىنجاڭغا شۇنداق كەتكۈم كېلىدۇ. قىلىۋاتقان سودامنىڭ ئاخىرى چىقمايۋاتىدۇ، تاشلاپ كېتەي دېسەم، ئېرىمنىڭ روھىغا يۈز كېلەلمەيمەن...

قاھار چۆچۈپ كەتتى: «مۇشۇ ۋاقىتقىچە ئۇنىڭ ئېرىنى كۆرمىگىنىم شۇنىڭ ئۈچۈن ئىكەن - دە!»

— قېقىلىپ - سوقۇلۇپ، نۇرغۇن جاپا تارتىپ، ئىشلىرىمىز ئەمدى ئىزىغا چۈشكەندە ئېرىم بۇ جاھاننىڭ غوۋغالىرىغا مېنى يالغۇز تاشلاپ قويۇپ كېتىپ قالدى. بىر ئايال كىشى بولسامۇ، چىشىمنى چىشلەپ سودىمىزنى داۋام قىلىپ كېلىۋاتىمەن. لېكىن، قاھار، ياقا يۇرتتا بىر ئايال كىشى ئۈچۈن ئىش قىلماق بەك تەس ئىكەن.

رەيھانگۈل كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا رومكىنى كۆتۈرۈۋەتتى. قاھارنىڭ بۇ گۈزەل ئايالنىڭ بۇنچىۋالا دەرد - ئەلەم تارتىۋاتقانلىقىغا زادىلا ئىشەنگۈسى كەلمىدى. ئاخىر شۇنداق تۇيغۇدا ئۇمۇ رومكىدىكى ھاراقنى ئىچىۋەتتى. ئۈچىنچى رومكا ھاراقنى ئىچىپ ئۇزاق ئۆتمەي قاھارنىڭ قېنى قىزىشقا، تومۇرلىرى لۆمۈلدەشكە، يۈرىكى ئويناقشىشقا باشلىدى. ئۇ ئەمدى ھەدەپ رەيھانگۈلنىڭ سۆزلىشىنى ئۈمىد قىلىپ ئۇنىڭ ئاغزىغا قارايتتى. ئاغزىغا قارىغانچە ئوماققىنە جۈپلىشىپ تۇرغان لەۋلەر ئۇنى سېھىرلەشكە باشلىدى.

رەيھانگۈل تاماكا چىقىرىپ ئوت ياقتى.

— ماڭىمۇ بېرىڭ،— دېدى قاھارمۇ ئىختىيارسىزلا. رەيھانگۈل تەبەسسۇم رەۋىشتە ئۇنىڭغا بىر تال تاماكا تۇتتى ۋە چاقماق چاقتى. قاھار تاماكىسىغا ئوت تۇتاشتۇرۇش ئۈچۈن رەيھانگۈل تەرەپكە

ئېڭىشتى. شۇ ھامان رەيھانگۈلدىن ئايالللارغا خاس پۇراق بىلەن ئەركەكلەرنىڭ نېرۋىسىنى غىدىقلايدىغان بىر خىل ئەتىرنىڭ شىرىن پۇرىقى قاھارنىڭ دىمىغىغا ئۇرۇلۇپ، ئۇنى تاتلىق ھېسلارغا چۆمۈلدۈردى، گېلىگە ئۆزگىچە تەمدىكى سۈيۈقلۇق يىغىلدى.

ئۇلار جىمجىت ئولتۇرۇپ تاماكا چېكىشتى ۋە يەنە بىر رومكىدىن ھاراق ئىچىشتى. شۇ ۋاقىتتا رەيھانگۈل قولىغا تىزگىنەكنى ئېلىپ بىر كونۇپكىنى بېسىۋىدى، ئۆي ئىچىگە ئەكبەر قەھرىمانىنىڭ لىرىك مۇھەببەت ناخشىسى تارىدى. ناخشىنى ئاڭلاش بىلەن قاھارنىڭ تانسا ئوينىغۇسى كەلدى. رەيھانگۈل بۇنى بىلىۋالغاندەك تاماكىسىنى كۈلدانغا بېسىپ ئوتنى ئۆچۈردى ۋە تانسا ئويناش مەقسىتىنى قانداق ئۇقتۇرۇشنى بىلمەي ئولتۇرغان قاھارنىڭ قولىدىن تۇتۇپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى. رەيھانگۈلنىڭ بېلىدىن تىترەپ تۇرۇپ تۇتقان قاھار ئۆزىنى تۇتالماي قالدى ۋە رەيھانگۈلنى ئۆزىگە تارتقىنىچە يېنىك ئايلىنىشقا باشلىدى. قاھارغا ئەگىشىپ ئايلىنىۋاتقان رەيھانگۈل بىر كونۇپكىنى بېسىۋىدى، ئۆيدىكى يورۇق چىراغلار ئۆچۈپ، ئۆي قىزغۇچ نۇر ئىچىگە چۆمدى.

تانسىدىن كېيىن ئۇلار يەنە بىر رومكىدىن ئىچىشتى، يەنە تانسا ئوينىماقچى بولدى. ئەمما، بۇ قېتىم ئۇلار قۇچاقلىشىپ تۇرۇپ قالدى. يۇمشاق بەدەن، شىرىن پۇراق، ئوتلۇق تىنىق، ئەسەبلىرىنى قوزغىۋەتكەن ھاراق... پەقەت ئۆزىنى كونترول قىلالماي قالغان قاھار قانداقلارچە رەيھانگۈلنىڭ لېۋىگە سۆيگىنىنى تۇيماي قالدى. رەيھانگۈلمۇ ئۇنىڭغا چىرماشتى...

كۆزىنى ئاچقان قاھار ئۆزىنىڭ رەيھانگۈلنىڭ تۆشىكىدە ئۇنىڭ بىلەن بىللە قىپيالىڭاچ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. رەيھانگۈل تېخىچىلا شېرىن ئۇيقۇدا ئىدى. يېپىۋالغان ئەدىيال سىيرىلىپ رەيھانگۈلنىڭ بەدىنىنىڭ يېرىمىغا كېلىپ قالغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىر جۈپ كۆكسى ساڭگىلاپ تۇراتتى. قاھار كۆزىنى ئېتىك ئېلىپ قېچىپ بەدىنىنى ئەدىيال بىلەن

ئورنۇالدى. «ئەستا، نېمىشقا مۇنداق قىلىپ قويغاندىمەن؟ ھەممىسى ھاراقنىڭ كاساپىتى...» قاھار پۇشايمان قىلدى. ئۇ پۇشايمان ئىلكىدە بېشىغا بىر قانچىنى مۇشتلىۋەتكەندىن كېيىن رەيھانگۇلنى ئويغاتماقچى بولدى. بىراق، ئۇنىڭ تاتلىق ئۇخلاۋاتقىنىنى كۆرۈپ بولدى قىلدى. ئەمما ئۇنىڭ كۆزى رەيھانگۇلنىڭ سۇزۇك بەدىنىگە چۈشۈشى بىلەن بايىقى پۇشايمانلىق ھېسسىياتى سۇسلاپ، بۇ سۇزۇك، سىلىق بەدەنگە مەستانىلىك بىلەن قارىدى.

شۇ چاغدا رەيھانگۇل كۆزىنى ئاستا ئاچتى. بۇنى كۆرگەن قاھار ھودۇقۇپ كەتتى ۋە نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالدى.

— ئەسلى بۇنداق قىلمىسىڭىز بولاتتى، قاھار، — دېدى رەيھانگۇل ماموق ياستۇققا يۈزىنى يېقىپ.

— مەن... مەن...ئەستا...

— ئۇنداق قىلمايلى دېسەم زورلاپ تۇرۇۋالدىڭىز. كۆچىڭىزمۇ خېلى بار ئىكەن، تەڭ كېلەلمىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەنمۇ ئايال كىشى تۇرسام... ئېرىم چۈشۈمگە كىرگىلى ئۇزۇن بولغان...

بۇنى ئاڭلاپ قاھار تېخىمۇ چۆچۈدى:

— مەن... مەن... مەن زورلىدىممۇ؟

— ئىشەنمەمسىز؟ — رەيھانگۇل ئەدىيالنى بەدىنىگە ئوراپ ئورنىدىن تۇردى ۋە ئاپپاراتلارنى بىر نېمىلەر قىلىپ تېلېۋىزورنى قويدى. تېلېۋىزوردا قانداقتۇر ئارتىسلار ئەمەس، بەلكى ئۇلار ئىككىسى چىقىشقا باشلىدى: ئەنە، قاھار رەيھانگۇلنىڭ بېشىنى ئېلىپ قاچقىنىغا قارىماي مەجبۇرىي سۆيمەكتە... ئەنە، قاھار رەيھانگۇلنىڭ قوللىرىنى قايرىپ دېگۈدەك كىيىمىنى سالدۇردى، ئارقىدىن ئۆزىمۇ كىيىمىنى سالدى، ئىككىسى قىپيالىڭاچ بولدى...

— بولدى، بولدى ئۆچۈرۈڭ!

قاھار كۆزىنى يۇمۇۋالدى ۋە يانغا قارىۋالدى. ئاندىن بىر نەرسە يادىغا يېتىپ شۈبھە بىلەن سورىدى:

— نېمە بۇ ئىشلارنى سۈرەتكە تارتىپ يۈرۈيسىز؟

— مەن سىزگە راستىنى دەي،— دېدى رەيھانگۈل ئۇنى قۇچاقلاپ، يالىڭاچ مۈرىسىگە سۆيۈپ،— دەسلەپ سىزنى ئېرىمنىڭ بىر يۇرتلۇقى ئىكەن دەپلا بىر ئاخشاملىق قونالغۇ بەرمەكچى بولغانىدىم. ئەتىسى ئۆزىڭىزنى تونۇزەشتۇرگەندىن كېيىن قارىسام... خىيالىم سىزدە بولۇپ قالدى. كېيىنچە مۇلايىم، تەمكىنلىكىڭىزنى كۆرۈپ، سىز بىلەن بىللە تۇرسام ئۆزۈمنى بەكمۇ خاتىرجەم ھېس قىلىدىغانلىقىمنى بىلدىم، كۆڭلۈممۇ توق بولىدىغان بولدۇم... ئاخىر سىزنىڭ كېتىدىغان ۋاقتىڭىز بولۇپ قالدى. ئەسلى خىيالىمدا ئاخىرقى كۈنى كۆڭۈللۈك سىرداشساق، مەن ئۇچۇن گۈزەل ئەسلىمە بولۇپ قالار، دەپ سىزگە دېمەيلا تېلېكامېرانىڭ كۇنۇپكىسىنى بېسىپ قويغانىدىم. ئەمما، ئاخىرىدا ئويلىمىغان يەردىن...

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ قاھار ئېغىر تىندى. رەيھانگۈل بولسا ئۇنىڭغا چىڭ چاپلاشقىنىچە چاچلىرىدىن خۇش ھىد تارتىپ تۇرىۋەردى. قاھار خېلىغىچە ئۈچىگە تىنىپ يېتىۋەرگەندىن كېيىن رەيھانگۈل ئۇنىڭ يۈزىنى سىلىدى:

— مەن ئەمدى قانداق قىلىمەن؟ دىلى سۇنۇق ئايالنى بوزەك قىلىۋالدىڭىز؟ ئەمدى مېنى تاشلىۋەتسىڭىز، مېنى تۇگەشتۈرۈۋېتىسىز.

— مەن شىنجاڭغا كەتمىسەم بولمايدۇ،— دېدى قاھار كەسكىنلىك بىلەن.

— مېنىمۇ بىللە ئەكېتىڭ.

— بۇ يەردىكى ئىشلىرىڭىزچۇ؟

— ئۆتكۈزىدىغانىنى ئۆتكۈزۈپ، پۇللىرىمنى يىغىمەن.

— قاچان؟

— ماڭا ئون - يىگىرمە كۈن ۋاقىت بېرىڭ. لېكىن مېنى تاشلىۋېتىمەن دېمەڭ. ئۇنداق قىلسىڭىز سورىقى بار جاھان بۇ. زورلۇق قىلغىنىڭىزنى ئۆزىڭىزمۇ كۆردىڭىز...

قاھار ھەقىقەتەن پۇشايمان قىلدى. بايا ئۇ «رەيھانگۈلمۇ رازى بولغاندىكىن، ياخشى بىر ئەسلىمە بولۇپ قالار. مەن ئۇنى ھەرگىز

ئۆنتۆمايمەن» دەپ ئويلىغانىدى. مانا ئەمدى... رەيھانگۈلنىڭ گېپىنىڭ تېگىدە ئىپادىلىنىپ تۇرغىنى بوش تەھدىت ئەمەس ئىدى. بۇنى چۈشىنىپ يەتكەن قاھار سەل قورقۇپ قالدى. دېمەك، ئۇ شىنجاڭغا بۇگۇنمۇ ماڭالمايدۇ.

بۇنى بىلگەن قاھار ئامالسىزلىقىنى بىلىپ ئەدىيالنى مۇجۇپ تۇتقان قولى ئاچچىقتىن تىترەپ كەتتى. ئۇنىڭغا قاراپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويغان رەيھانگۈل يۇيۇنۇش ئۈچۈن ماڭدى. قاھار رەيھانگۈلنىڭ ئاپئاق ئۇشۇقىدىكى رەسىمنى كۆرۈپ مەڭدەپ قالدى. رەيھانگۈلنىڭ ئۇشۇقى ئۈستىگە قۇيرۇقىنى تىك قىلىپ تۇرغان بىر چايانىنىڭ رەسىمى چېكىلگەنىدى. شۇ ھامان شياڭگاڭ، ئامېرىكا كىنولىرىدىكى بەدىنىگە تۇرلۇك رەسىملەرنى چەكتۈرۈۋالغان ياۋۇز قارانىيەتلەر ۋە قاتىللار ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كەلدى. بۇنىڭدىن بىر شۇملۇقنى سەزگەن قاھار ئەدىيال بىلەن بېشىنى چۈمكەپ يېتىۋالدى.

قاھار بېشىنى چىڭ پۈركىگىنىچە تا رەيھانگۈل «خوش، چۈشتە كۆرۈشەيلى» دەپ ئۇنىڭ ئەدىيال ئىچىدىكى بېشىغا ئامراقلىق بىلەن نوقۇپ قويۇپ چىقىپ كەتكەنگە قەدەر ئۆزىنى مىڭنى تىللاپ چىقتى.

# ئون بەشىنچى باب

تولا خىيال قىلىپ هارغان قاھار تولىمۇ ساددىلىق بىلەن «تەقدىرىمگە مۇشۇنداق پۈتۈلگەن بولسا، بوپتۇ، بۇنىمۇ كۆرۈپ باقاي، بۇرۇن نېمە كۈنلەرنى كۆرمىگەن. بۇمۇ دىلى سۇنۇق ئايال ئىكەن، دېمىسىمۇ بىر ئايالغا يات يەردە تەس. بولمىسا ئۇنىڭ بۇ يەردىكى سودىسىنى شىنجاڭغا بېرىپ قىلارمىز. شۇ جەرياندا مەنمۇ ئىشلىرىمنى قىلىۋالارمەن» دەپ ئويلىدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ چىقىپ يۇيۇندى. ئاندىن ئۆيگە كىرىپ ياتاق مېغىزى يەپ ئولتۇردى. ئۆزىنى بېسىۋالغان، باياتىندىن بېرى جىددىيلىشىپ كېتىپ، ئەمدىلىكتە نېرۋىلىرى سەل بوشاشقان قاھار ئاستا ـ ئاستا ئويلاشقا باشلىدى: «بۇ ئايال بۇ يەردە زادى نېمە سودا قىلىدۇ؟ ئۇنىڭ ماڭا ياردەم قىلىشى ئېرى بىلەن بىر يۇرتلۇق بولغىنىم ئۈچۈنلىمۇ؟ ئۇ نېمە ئۈچۈن مېنىلا ئەمەس، زەينەپخان موماينىمۇ بۇ قوروغا سولاپ قويىدۇ؟ شىئەندىكى ساقچىلار ئىسپاتلىرى يوق دەپلا باشقا ھېچنېمىسىنى سورۇشتە قىلماي ئادەم تۇتامدۇ؟ ئىككى جىنايەتچى قېچىپ كەتسە، چېرايى، مىللىتى ئوخشىمىسىمۇ تۇتۇۋېرەمدۇ؟ قاتتىق تەكشۈرۈش ئاخىرلاشسىمۇ نېمە ئۈچۈن ئۇ يەنىلا دەرۋازىنى سولايدۇ؟ ئاچقۇچنى پەقەت ئۆزىلا تۇتىدۇ؟ ئادەتتە شۇنداق ھاكاۋۇر يۈرىدىغان، كۈندە ماشىنا توشۇيدىغان گۈزەل بىر ئايالنىڭ مەن بىلەن سۆزلەشكىنىنى سورەتكە ئېلىشىنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە تېلېكامېرا نېمە ئۈچۈن كارىۋات ئۈستىنىلا سورەتكە ئالىدۇ؟ ئەمەلىيەتتە بىز ھەقىقىي مۇڭداشقان يەر ساپا تۇرسا؟...» قاھار خىيال تورىغا چىرماشقانچە گۇمانلىق نۇقتىلار كۆپىيىشكە باشلىدى. بۇرۇن ئاددىيلا ئويلىغان نۇقتىلاردىمۇ ئەمدى

گۇمانلىق تەرەپلەر كۆرۈلگىلى تۇردى. بۇنىڭدىن قاھار چۆچۈدى: «بىرەر بالا ـ قازانىڭ پاتقىقىغا پېتىپ قالماي يەنە. نېمىلا بولسا بۇ يەردىن تېزرەك چىقىپ ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۇقاي. نەگە باراي؟ توغرا، ئەلىنى ئىزدەي. ئەگەر رەيھانگۈل ھەقىقەتەن دىلى سۇنۇق ئايال بولسا، ئۇنىڭغا مەسئۇل بولىمەن. ناۋادا... بولدى، ئالدى بىلەن بۇ يەردىن چىقاي...»

قەتئىيەتكە كەلگەن قاھار ئۆيگە كىردى ۋە ئۆزىنىڭ سومكىسىنى ئېلىپ قوروغا چىقتى. ھەيۋەتلىك ۋە ئېسىل بۇ قورو ئەمدى قاھارغا تولىمۇ مۇدھىش، ۋەھىمىلىك بىلىندى.

ئۇ ئالدىراپ بېرىپ دەرۋازىنى ئاچماقچى بولدى. دەرۋازا يەنىلا مەھكەم قۇلۇپلانغان. ئەسلىي مۇشۇلا بۇ يەردە بىر چاتاقنىڭ بارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيتتى، قاھارمۇ دەسلىپىدىلا بۇنى ھېس قىلىپ يېتىشى كېرەك ئىدى. ئادەم دېگەن شۇنداق، ئادەتتە نۇرغۇن نەرسىلەر ئادەمگە ئىنتايىن نورمال، تەبىئىي بىلىنىدۇ. شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بىرەر گۇمانلىق نۇقتا بايقالدىمۇ، بولدى، نۇرغۇن تەرەپلەردە مەسىلە بارلىقى ئاستا ـ ئاستا ئايان بولىدۇ. مانا قاھارغىمۇ دەرۋازىنىڭ قۇلۇپلىنىشى باشتا غەلىتە بىلىنگەن بىلەن بىرەر گۇماننى قوزغىمىغانىدى.

قاھار دەرۋازىنى كۈچىنىڭ بارىچە تارتتى، جالاقلىتىپ مۇرىسى بىلەن ئىتتىردى. بىراق كۆركەم، ھەيۋەتلىك ۋە مۇستەھكەم بۇ دەرۋازا مەزمۇت تۇرىۋەردى.

دەرۋازا ئېچىلمىغانچە ئۆلۈم قارا قولىنى ئۇنىڭغا سۇنۇپ كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ قاھارنىڭ ئەسەبلىرى قوزغىلىپ كەتتى. ئۇ بىرەر نەرسە تېپىپ دەرۋازىنى چاقماقچى بولۇپ كەينىگە بۇرۇلدى ۋە ئۆزىگە قاراپ تۇرغان زەينەپخان مومايىنى كۆرۈپ تۇرۇپ قالدى. شۇ ھامان ئۇ زەينەپخان مومايدىنمۇ گۇمانلاندى: «بۇ موماي نېمىشقا غىڭ قىلماي بۇ يەردە تۇرىدۇ؟ نېمىشقا ھېچقانداق ئىشقا ئارىلاشمايدۇ، پەرۋا قىلمايدۇ؟ بۇ موماي بىلەن رەيھانگۈلنىڭ زادى نېمە مۇناسىۋىتى بار؟ مومايىنىڭ سىرت بىلەن مۇناسىۋىتىنى

ئۇزۇپ ياشىشىدا نېمە سەۋەب بار؟... ئالدى بىلەن دەرۋازىنى ئېچىۋالاي، شۇندا بۇلارنىڭمۇ سورىقى بار...»
قاھار مىت قىلماي ئۆزىگە قاراپ تۇرغان مومايغا ئۆتكۈر نەزىرى بىلەن تىكىلىپ قارىۋەتكەندىن كېيىن ئۇدۇل ئوتۇنخانىغا قاراپ ماڭدى.
ــ بىكار ئاۋارە بولمىسىلا، بۇ قورودىن ھەرگىز چىقىپ كېتەلمەيلا. ناۋادا، بۇ قورودىن چىقىپ كېتىش نېسىپ بولغان تەقدىردىمۇ ئەمدى بۇ شەھەردىن كېتەلمەيلا.
بۇ گەپنى ئاڭلاپ جايىدا تۇرۇپ قالغان قاھار ئىختىيارسىز قورونىڭ تېمىغا قاراپ قويدى. تاملار بەك ئېگىز ئىدى.
ــ تامغا يامىشىمەن دەپمۇ ئاۋارە بولمىسىلا. سىرتتا بۇ قورونى قورۇقداپ تۇرغان بىر نەچچە قۇلاق كەستى بار.
قاھار بۇ گەپتىن لەسسىدە بولۇپ قالدى ۋە زەينەپخان مومايغا ۋارقىرىغاندەك دېدى:
ــ بۇ زادى قانداق قورو؟
ــ ئەسلى سىلى بۇ قوروغا كىرمىسىلە بولاتتى.
ــ دەپ باقسىلىچۇ، بۇ قانداق ئۆي؟ رەيھانگۈل دېگەنلەرنى نېمە سودا قىلىدۇ؟ ئۇ نېمىشقا كۆن بويى دەرۋازىنى تاقاپ قويىدۇ؟ سىلى نېمىشقا مۇشۇنداق يەردە ياشايدىلا؟
زەينەپخان موماي ياشىنىپ، كېسەلچان بولۇپ قالغان بىلەن ناھايىتى تەمكىن ئىدى.
ــ ئالدى بىلەن مەن سوراپ باقاي: سىلى راستىتىنلا تۇيۇقلۇقمۇ؟
ــ بۇنى سوراپ نېمە قىلىلا؟
ــ سىلىنى كۆرگەندىن باشلاپ مۇشۇ سوئالنىلا ئويلاپ كەلدىم. ماڭا راست گەپ قىلسىلا، ئاندىن قالغان گەپنى مەن قىلاي.
قاھار ئۆزىنى بېسىشقا تىرىشىپ، ئۆزىنىڭ قاچىدىغانلىقىنى خوجايىنىغا خەۋەر قىلىشىنىڭ ئورنىغا ئۆزى بىلەن قانداقتۇر بىر مۇھىم مەسىلە ئۈستىدە سۆزلەشمەكچى بولۇۋاتقان بۇ مومايىنىڭ

تۇرقىدىن، ياشاڭغىراپ تۇرغان كۆزلىرىدىن سەمىمىيلىكنى، مېھرىبانلىقنى كۆرگەندەك بولدى. شۇنداق بولسىمۇ، تۇيغۇلىرى ئۇنى قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇۋاتاتتى.

ــ ئەگەر، تۇيۇقلۇق بولمىسام نېمە دېمەكچى؟

ــ ئەگەر، سىلى تۇرپانلىق بولسىلا، ئۆيلىرى خەلق كىنوخانىسىنىڭ يېنىدا بولسا، سىلىنى قەيسەر دەپ بىلەتتىم. سىلى شۇ بالىغا بەك ئوخشايدىكەنلا. بىچارە بالا، دەردتە ئۆلۈپ كەتتى.

موماينىڭ كۆزى ياشلاندى.

بۇ چاغدا قاھارنىڭ يۈرىكى ئالللىقاچان ياشقا لىق تولغانىدى. قاھار مومايغا قارىغىنىچە تۇرۇپلا قالدى: كىنوخانا ئالدى، ئىلىق كوچا، ئۆزى تەلپۈنگەن ئۆي... بۇلارنىڭ ھەممىسى قاھارنىڭ كۆز ئالدىدىن كېيىن ـ كېيىندىن خۇددى چاقماق چاقناندەك ئۆتتى.

قاھار يەنە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشتى:

ــ سىلى...

ــ مەن ئۇلار بىلەن بىر مەھەللىلىك. ئىسمىم زەينەپخان. شۇ بالىنىڭ كىچىككىدە ئۆيىدىن قېچىپ چىقىپ بىزنىڭ ئۆيدە بالىلىرىم بىلەن ئولاش ـ چولاش بىر چىنە سۈيۈقئاش ئىچكىنى ئېسىمدە قاپتىكەن. چۈنكى، شۇ كۈنى ئاخشىمى قەيسەر بىزنىڭ ئۆيدە بەك خۇشال بولۇپ كەتكەنىدى.

شۇ ھامان قاھارنىڭ تىلىغا شۇ ئاخشىمى ھۇزۇرلىنىپ چايناغان چامغۇر تەگكەندەك بولدى. شۇ ئاخشامقى چامغۇر سېلىنغان مەززىلىك سۈيۈقئاشنى، بولۇپمۇ سۈيۈقئاشتىنمۇ ئۆتە دىل ھۇزۇرى بەرگەن مېھرىبانلىقنى قاھار قانداقمۇ ئۇنتۇيالىسۇن! ئەجەبا، شۇ مېھرىبان ئانا مۇشۇمۇ؟

ــ سىلى راستىلا شۇ ئايالمۇ؟

ــ نېمە، سىلىمۇ بۇ ئىشلارنى بىلىدىكەنلا ـ دە؟ ــ زەينەپخان موماي قاھارنىڭ جاۋاب بېرىشىنى كۈتمەيلا ئىبادەتخان ئانا، رېھىم شەپقەتلەرنىڭ قەيسەر ئۈچۈن قىلغان مېھرىبانلىقلىرىنى سۆزلەپ كەتتى. شۇندىلا قاھار زەينەپخان موماينىڭ گەرچە چىرايىنى ئېنىق

ئىسىدە ساقلاپ قالالمىغان بولسىمۇ، يۈرىكىنى ياشناتقان مېھرىبانلىقى ئېسىدىن چىقمىغان ئادەم ئىكەنلىكىگە ئىشەندى.

— ئەگەر، شۇ بالا ئۆلۈپ كەتمىگەن بولسا، سىلىنى شۇ بالىمىكىن دەپ قالاركەنمەن،— دېدى زەينەپخان موماي كۆز يېشىنى سۈرتۈپ.

قاھار لېۋىنى چىشلەپ تۇرۇپ راستىنى ئېيتىش قارارىغا كەلدى:

— چوڭ ئاپا، مەن ئاشۇ بالا شۇ. ئەسلىي ئىسمىم قەيسەر.

— نېمە؟!— موماي چۆچۈپ ئۈنىڭ ئۇستۇۋېشىغا قاراپ كەتتى. قاھار مومايغا سوئال سوراتمايلا ئۆز ئەھۋالىنى ئاددىيلا قىلىپ سۆزلەپ بەردى.

— تۇۋا،— دېدى موماي،— ئادەمنىڭ رىزقى بولسا، نېمىلا كۈننى كۆرگەن بىلەن يەنىلا ياشايدىكەن. شۇ ۋاقىتتا ھەر خىل گەپلەر تارقالغانىدى. رىزقلىرى بولغاچقا مانا كۆز ئالدىمدا چوپچوڭ يىگىت بولۇپ تۇرۇپلا.

قاھار داۋۇت ئائىلىسىنىڭ ۋە ئاپىسىنىڭ ئەھۋالىنى شۇنداق سورىغۇسى كەلدى ـ يۇ، بىراق زەينەپخان مومايىنىڭ ئېزىلىپ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ بولدى قىلدى. چۈنكى، قاھار مومايىنىڭ باشقا بىر دەرد ـ ئەلەم ئۈچۈن كۆز يېشى قىلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇراتتى.

— بالام، ئۆزلە بۇ يەرگە نېمىدەپمۇ كىرگەنلا؟ ئاچ قالسىلىمۇ، سىرتتا قېلىپ توڭلاپ قالىدىغان ئىش بولسىمۇ كىرىدىغان يەر ئەمەستى بۇ. بىلەملا، بۇ رەيھان دېگەن بىر ئالۋاستى، مەلئۇن. ئەمدى ئۇنىڭ چاڭگىلىدىن قانداقمۇ قېچىپ قۇتۇلالا؟

قاھار ئۈنسىز نىدا قىلدى: «ئاھ خۇدا، قارىغاندا يەنە بىر بالاغا مۇپتىلا بوپتىمەن...»

قاھار مومايغا سوئال نەزىرى بىلەن تىكىلدى. زەينەپخان موماي قاھارنىڭ ئۆزىگە تازا ئىشەنچ قىلالمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، يېشىنى سۈرتۈپ ئورۇندۇقتا ئولتۇردى.

— بالام، مۇشۇ يېشىمغا كەلگەندە مەنمۇ شور پېشانە بولۇپ

قالدىم. بىلگەنلىرىمنى ئۆزلەگە دەپ بېرەي،— زەينەپخان موماي قاھارنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرۇپ ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەشكە باشلىدى،— بالىلىرىمنى مىڭ بىر جاپادا بېقىپ چوڭ قىلىپ، قاتارغا قوشۇپ بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئۇلارغا يۈك بولۇپ قالدىم. بىر نەچچە كۈن ئۇ ئوغلۇم باقسا، بىر نەچچە كۈن بۇ قىزىم قاراپ مېنى بېقىش سېلىقىنى ئادا قىلىپ كەلدى. بالىلارغا يۈك بولۇپ ياشاش ئېغىر ئىكەن، بالام. ئوغلۇمنىڭ ئۆيىگە بارسام قازان - قومۇچنىڭ تاراڭشىشىدىن چۆچۈپ يۈرىكىم ئاغرىسا، قىزىمنىڭ ئۆيىگە بارغاندا كۈيئوغۇلنىڭ چىرايىغا قاراپ بىر بۇردا ناننى مىڭ قىينىلىپ يۇتۇپ كۈنلىرىمنى ئۆتكۈزدۈم. شۇ كۈنلەردە بۇيلۇق چىمەنزاردىكى بىر نەۋرە توغقانلارنىڭ ئۆيىگە ئوغلىنىڭ سۈننەت تويىغا باردىم. بۇ پەس رەيھان بىلەن شۇ مەرىكىدە تونۇشتۇم. ئۇنىڭ كىيىملىرى، ئالتۇن جابدۇقلىرى مەرىكىگە بارغان خوتۇنلارنىڭ ئىچىگە ئوت يېقىۋەتكەنىدى. ئۇ ئاشۇ ئۇستۇۋېشى ۋە مۇلايىملىقى، تاتلىق سۆزلۈكى بىلەن كۆڭلىمىزنى ئۇتۇۋېلىۋالدى. ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلىپ تۇرساق، بىر چاغدا ئۇمۇ دەردىنى ئېيتتى:

— ئىچكىرىدە يولغا كۆمۈلۈپ تۇرغان بىلەن بىزگىمۇ تەس يەرلەر بار، ئۇرۇق - توغقان، دوست - بۇرادەرلەر بولمىغاندىكىن غېرىبسىنىدىغان گەپ. ھازىر ماڭا ئېغىر كېلىۋاتقىنى ئىككى ياشقا كىرىپ قالغان ئوغلۇمنى بېقىش، ئېرىم بىلەن ئىككىمىزنىڭ بۇ ئىشقا بېشىمىز قېتىپ تۇرۇپتۇ، يەسلىگە بېرەيلى دېسەك، ئۇيغۇر يەسلىسى يوق، بىرەرسىگە قارىتايلى دېسەك، قارايدىغان ئادەم يوق. بۇ يەرگە ئەكېلىپ قويىلى دېسەك، ئاتا - ئانىنىڭ يۈرىكى چىدىمايدىكەن...

ئۇ يۇندىسىنى ئېقىتىپ ئاشۇنداق گەپلەر بىلەن دادلىدى. بۇنى ئاڭلاپ بەزى خوتۇنلار: «دەردى يوق ئادەم يوق. يولىمىز بولمىسىمۇ، خۇدايىم بىزنى شۇ كۈنگە قويماپتۇ» دەپ كۆڭۈللىرىگە تەسكىن بېرىشتى. ئەھۋالىمىدىن خەۋەردار قوشنام بولسا ماڭا مەن پەقەت ئويلاپ باقمىغان بىر گەپنى قىلدى.

ئۇ قوشنام ماڭا كۆيۈنۈپ:

— قوشنام، بۇ يەردە بىر بۇردا نانغا كېلىن - كۈيئوغۇلغا خار بولۇپ تۇرغاندىن، بېرىپ مۇشۇ قىزىنىڭ بالىسىنى بېقىپ جانىنىڭ راھىتىنى كۆرۈپ، بىر نەچچە يىل تۇرۇپ كەلمەمسەن. بۇنداق باي خېنىملار پۇلنىڭ كۆزىگىمۇ قاراپ تۇرمايدۇ. نەچچە يىلدا خېلى پۇللۇقمۇ بولۇپ قالىسەن. پۇلى بار ئاپىنى قېنى قايسى بالا باقمايدىكىن؟ — دېدى.

بۇنى ئاڭلاپ باشتا «قانداق بولار؟» دېدىم. كېيىن ئىچىمگە جىن كىردى. بۇ گەپ رەيھاننىڭ قۇلىقىغا يېتىپتىكەن، ئۇ كېلىپ ماڭا يېپىشتى. «ئاپامنىڭ ئورنىدا كۆرىمەن، ھېچنېمىدىن قىسىلدۇرمايمەن. يېمەك - ئىچمەك، پۇل - پۇچەك دېگەن ئۆيدە ئېشىپ - تېشىپ تۇرىدۇ. تاماق قىلىدىغان، ئۆينىڭ ئۇششاق - چۇششەك ئىشلىرىنى قىلىدىغان خىزمەتكار بار. سودىدىن بوشىغان ۋاقىتلاردا بېيجىڭ، شاڭخەيلەرگە ئاپىرىپ ئوينىتىمەن. ئامال بار بىرىم يىلدا بىر قېتىم يۇرتقا ئەكېلىمەن... ئەگەر قوشۇلسىلا نەچچە كۈندىن كېيىنلا ئايروپىلاندا ئۇچىمىز...» بۇ ۋەدىلەر مېنى قىزىتىپلا قويدى. بارىدىغىنىمنى شۇ مەرىكىدىلا مۇقىملاشتى. ھەتتا قىزىپ كەتكەن بىر نەچچە خوتۇنلار مېنىڭ بارىدىغانلىقىمنى ئاڭلاپ «بالىسى بىرلىمىكەن» دەپ ئۆزلىرىنىڭمۇ بارغۇسى بارلىقىنى پۇرىتىپ كېتىشتى.

بۇ گەپنى باللىرىمغا يەتكۈزۈۋىدىم، ئۇلار ئارانلا تۇرغانىكەن، باشقىچە گەپ قىلماي «نەدىلا بولساڭ، ساق - سالامەت تۇرساڭلا بولدى، بولسا ئۇلارنىڭ ياخشىراق سودىلىرىغا بىزنى ئىلىنىدۇرۇپ قوي» دېگەندەك گەپلەر بىلەن رازىلىق بەردى. گەرچە ئۇلارنىڭ بۇ قىلىقى كۆڭلۈمگە كەلگەن بولسىمۇ، ئۇلارغا نېمىمۇ دېيەلەيمەن؟ قاپىقىمىزنى تۈرسەك، تېرىكسەك قورقۇپ، چۆچۈپ تۇرىدىغان بالا ۋاقىتلىرى ئۇلارنىڭ يادىدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۈرۈمچىگە چىقىپ ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ ئۇچتۇق. ئايروپىلاندا ئولتۇرۇش بۇرۇن خىيالىمغا كىرىپ چىقسۇنمۇ؟ «توۋا، مۇشۇنداق كۈنلەرمۇ نېسىپ

بولىدىكەن» دەپ شۈكرى قىلىپ كەتتىم ۋە «بالىلىرىمنىڭ ئالدىدا بويۇن قىسىپ تۇرغاندىن شۇ يەردە تۇرغىنىم مىڭ ئەۋزەل ئەمەسمۇ» دەپ ئويلىدىم.

شىئەنگە كەلگەن ۋاقتىمىزدا ئۇنىڭ ئۆيى بىر باغچىنىڭ يېنىدىكى بىنانىڭ ئۇچىنچى قەۋىتىدە ئىدى. ئۆيگە كىرىپ ھەيران قالدىم، ئۆي شۇنداق ئوبدان جابدۇنغان، توڭلاتقۇسىنى ئاچسىڭىز ھەممە نېمە تەييار، خالىغان تاماقنى قىلىپ يەيسىز...

لېكىن، ئۆيدە ئېرى ياكى بالىسى كۆرۈنمەيدۇ. سورىسام، «مەن شىنجاڭغا كەتكەندە، ئېرى پۇشۇپ لەنجۇغا ئويناپ كېتىپتۇ. ئون كۈنلەردىن كېيىن قايتىپ كېلىدۇ» دېدى. ھە دەپ يۇرۇۋەردىم. ئۇنىڭ بىلەن بىللە باغچىلارغا، ئېگىز سودا سارايلىرىغا، چوڭ - چوڭ بۇتلار بار يەرلەرگە باردۇق. شۇنداق قىلىپ ئارىدىن يىگىرمە كۈندەك ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنىمۇ تۇيماي قاپتىمەن. بالىسىنى ئېسىمگە ئېلىپ سورىسام، چىرايىغا ئەنسىزچىلىك يۈگۈرتۈپ:

— بالا قىزىپ قاپتىكەن، ياتاقتا ئاپتۇ. دوختۇرلار بىر ھەپتە ياتمىسا بولمايدۇ، دەپتۇ. ئۇلارنىڭ كېلىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قالغاندىكىن، بۈگۈن بېرىپ بالىغا لازىملىق نەرسىلەرنى ئالايلى، — دېدى. ھە دېدىم. بېرىپ لازىملىق نەرسىلەرنى ئالدۇق. ئەمما يەنە ئون نەچچە كۈن ئۆتسىمۇ، ئېرى ياكى بالىسىنىڭ قارىسىنى كۆرمىدىم. يالغانمىكىن، دېسەم، ماڭا شۇنداق ئوبدان مۇئامىلە قىلىدۇ، ئۇنىڭ شاپائىتىدە بۇ ئۆمرۈمدە كۆرمىگەن راھەتنى كۆرۈۋاتىمەن.

بىر كۈنى ئۇ يىغلاپ ئېقىپ كىرىپتۇ. سورىسام، ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئېرى لەنجۇدا بىرىگە بۇزۇلۇپ بالىسى ۋە بىرمۇنچە پۇلنى ئېلىپ قېچىپ كېتىپتۇ.

— ئەمدى بۇ يەردە سىلىدىن باشقا يېقىن - يورۇقۇم يوق. دىلىم سۇنۇق، ماڭا ھەمراھ بولۇپ بىر مەزگىل تۇرۇپ بەرسىلە. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزلىرىگە ئاپامدەكلا ئۆگىنىپ قاپتىكەنمەن، — دېدى يىغىسىنى ئېقىتىپ.

ئۇنىڭ سۆزىنى ئورۇنلۇق دەپ بىلدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ يەنە ئىككى ئايدەك تۇرۇپ قالدىم.

كېيىنچە مەن ئۇنىڭ سودا قىلمايۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلىپ قالدىم. بەزىدە كۈن ـ كۈنلەپ ئۆيدىن چىقمىساق، بەزىدە نەمۇنە ئايلىناتتۇق. بەزى ۋاقىتلاردا مەن ئۇنىمىساممۇ ئۇ ئورۇنلۇق باھانىلەرنى كۆرسىتىپ ياكى زورلاپ يۇرۇپ مېنى بىللە ئېلىپ ماڭاتتى. ئۇنىڭ سودا قىلماسلىقىنىڭ سەۋەبىنى سورىسام، «قولۇم قىسقا بولۇپ قالدى، بىر سودىگەردىن ئالىدىغان پۇلۇم بار ئىدى. شۇ پۇل كەلسىلا قۇرۇق يەل ـ يېمىش سودىسىنى باشلايمىز» دېدى.

شۇنداق گەپلەر بىلەن مەن شىمىئەنگە كەلگىلىمۇ يېرىم يىلدەك بولۇپ قالدى. مەن بۇنداق تۇرۇۋېرىشكە چىدىماي:

ــ سىڭلىم، ھېلىمۇ ماڭا ئوبدان قارىدىلا. مەن قىلىدىغان ئىشمۇ قالمىدى. شۇڭا، مېنى يولغا سېلىپ قويغان بولسىلا،ــ دېدىم.

ــ ماقۇل، مەن بۇ يەردىن كۆچۈپ كەتمەكچى، كۆچۈپ بولغاندىن كېيىن يېڭى ئۆينى سەرەمجانلاشتۇرۇپ بېرىپ ماڭغان بولسىلا،ــ دەپ يېلىنىپ تۇرۇۋالدى. مەن يەنە ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئىزدەپ ماقۇل بولدۇم.

ئىككى كۈندىن كېيىن مۇشۇ قوروغا كۆچۈپ كىردۇق. ئۆيلەرنى تۈزەشتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن كېتىشنىڭ گېپىنى قىلاي، دەپ تۇرسام قوروغا بىر خەنزۇ ساقچى كىرىپ كەلدى. ئۇلار رەيھانىنىڭ خاس ئۆيىدە خېلى ئۇزۇن گۇدۇڭلاشتى. ساقچى كېتىۋىدى، ئەمدى ئۇنىڭ يېنىغا كىرەي دەپ تۇرسام، ئۇ ئۆزى ئالدىمغا كىرىپ تىزلىنىپ، يۈزىگە كاچاتلاپ كەتتى.

ــ ۋاي، قىزىم، نېمە بولدى سىلىگە؟ــ دەپ ئۇنى يۆلەپ كېتىپتىمەن.

ــ مەن سىلىگە يۈز كېلەلمەيمەن، مەن ئەمدى ئۆزلەنىڭ يۈزلىرىگە قانداقمۇ قارايمەن؟

مەن نېمە بولغىنىنى بىلمەيلا قالدىم.

— ئېرىم پۇلنى ئېلىپ قېچىپ كەتكەندە، باشقىلاردا ئېلىشىم بولغان بىلەن مېنىڭمۇ باشقىلارغا بېرىشىم بار ئىدى. ئۇلار مېنىڭدەك بىر ئاجىز ئايالنى بوزەك قىلىپ، ئېلىشىم بارى پۇلنى كەينىگە سۇردى، ئېلىشى بارى مېنى قىستاپ ھالىمنى قويمىدى. ئاخىر مېنى ئۆزىگە كىچىك خوتۇن بول، دەپ مەجبۇرلىدى. مەن ئۇنىمىدىم.

— ئوبدان قىپسىز، قىزىم. ئۇنداق مەلئۇنلارنىڭ جازاسىنى خۇدايىم بېرىدۇ. بەك بوزەك قىلىپ كەتسە تۇرپانغا كېتەرمىز، دەپتىمەن.

— مەن يوق يەپتىمەن،— دېدى رەيھان چاچلىرىنى يۇلغۇدەك بولۇپ،— مەن شۇ قەرزدىن قۇتۇلۇش كويىدا ئۇرۇمچىلىك ساۋۇت دېگەن بىرسىنىڭ دامىغا چۈشۈپ خىروئىن سېتىپتىمەن. پۇلىنغۇ تاپتىم، قەرزلەرمۇ تۈگىدى...

— خىروئىن؟ ھېلىقى... توۋا بالام، شۇ ئىشنىمۇ قىلدىلىمۇ؟ بالىلىرىمدىن ئاڭلىسام، تۇرپان لوچېڭلىق خېلى تۇزۇكلا بالىلار شۇ قىممەت تاماكىنى چېكىپ تۈگىشىپ كېتىپتۇ. بوپتۇ، ئازماس ئاللا. ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن قىلمىسىلا. پۇللىرىنى جايلاشتۇرۇۋالغان بولسىلا، تۇرپانغا كېتەيلى.

— لېكىن... بىز بالاغا قالدۇق...

ئۇ يەنە ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتى.

— نېمە بولدى؟ يەنە قەرز بارمىدى؟— مەن ئەخمەق قېرى ئۇنىڭ ئۇچۇن سۇ بولۇپ ئېقىپ كېتىپتىمەن.

— بايا كەلگەن ساقچى بىر خەۋەر ئەكەپتۇ، ساقچىلار ئاشۇ تاماكىنى سېتىپ يۈرگەن بىرىنى تۇتۇۋاپتىكەن، ھەممىنى پاش قىپتۇ.

— پاش قىپتۇ؟

— ھەئە. مېنى ھەم... ھەم سىلىنى...

— مېنى؟!— قېرى جېنىم تېنىمدىن چىقىپ كەتكىلى تاسلا قالدى. پۇت - قولۇم بوشاشتى،— مېنى نېمىگە پاش قىلىدۇ؟

— مەن ئۇ خىروئىنلارنى سىلى بىلەن بىللە بېرىپ ساتقان.

— ۋاي، نەلەردە يۈرۈپ ساتتۇق، سىڭلىم؟
— سودا سارايلىرىدا، ساياھەت ئورۇنلىرىدا، يەنە ھېلىقى دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغان بىمارنى يوقلاپ بارغاندا...
بېشىمدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى. مەن تېخى ساياھەت قىلدۇق، بازار ئايلاندۇق، دەپ يۈرۈپتىمەن. تېخى دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغان، رەيھاننىڭ تولۇق مىجەز، ئىككى ئېغىز ئەھۋاللىشىشنىمۇ بىلمەيدىغان «تۇغقىنى»نى نەچچە قېتىپ يوقلاپتىمىز، ئۆزۈممۇ يالغۇز بىر قېتىم بېرىپتىمەن. توۋا خۇدايىم، ئەمدى ماشا چاپلاشقان نېمە پوق بۇ...
— مەن ساقچىلارغا بولغان ئەھۋالنى دەيمەن...
— ھازىر ساقچىلار تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىپ ھەممە يەرگە چاپلاپتۇ. سىلى قانۇننى بىلمەيلا. ئۇ بىر نېمىدىن ئون گرامدىن ئارتۇق ساتتىلىمۇ، ھۆكۈمەت ئاتىدۇ.
— نېمە؟ نېمە؟ ئاتىدۇ! بىز نەچچە گرام ساتتۇق؟
— خېلىلا جىق،— دېدى رەيھان،— سىلىنىڭ ھېلىقى قېتىم دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ بەرگەنلىرىلا ئون بەش گرام چىقىدۇ.
— نېمە؟ ۋاي خۇدايىم...
مەن شۇ كۈنى رەيھاننى مىڭنى تىللىدىم، ئەڭ ئەسكى گەپلەر بىلەن قارغىدىم، چاچلىرىمنى يۇلدۇم... ئاخىر پەسكويغا چۈشتۇم. شۇنىڭدىن كېيىن مەنمۇ قورقۇپ كېتىمەن دېيەلمىدىم، ئۇمۇ كەت دېمىدى.
ئارىدىن ئون نەچچە كۈن ئۆتۈپ ئۇ مېنى مەجبۇرلاپ، ئالداپ قورقۇتۇپ يۈرۈپ باشقىچىلا كىيىندۈردى، چاچلىرىمنى قارىغا بويىدى، يۈز ـ كۆزۈمگە ئۆمۈرۈمدە سۈرۈپ باقمىغان نەرسىلەرنى سۈردى. تەق بولۇپ تۇرۇۋېدۇق، دەرۋازا تۇۋىدە بىر پىكاپ پەيدا بولدى. پىكاپتا يوغان ئىككى ئەر بار ئىكەن. بىز شۇ پىكاپ بىلەن مېھمانخانىلارغا، رېستورانلارغا، شىنجاڭدىن ساياھەتكە كەلگەن ساياھەتچىلەرنىڭ يېنىغا، يېزىلارغا باردۇق. بەزىدە كۆرۈش دەپ كۆرسىتىپ قويغان ئادەم بىلەن كۆرۈشىمەن، بەرگىنى دېگەن نەرسىنى بېرىمەن، ئەكەل دېگەن نەرسىنى ئەكېلىمەن. يامان

سودا قىلىۋاتقىنىمىزنى بىلىپ تۇرسامۇ ياق، دەپ بويۇن تولغىيالمىدىم. ياق دېگەن ھەر بەرنا يىگىتلەرنىمۇ كۆردۈم. ئەمما ھېلىقى كۆتەكتەك مۈز چىراي ئادەملەر ئۇلارنىڭ يۈز ـ كۆزىگە پىچاق سۇركەپ، بارماقلىرىنى چاناپ «ۋاي داد، مەن ناماقۇل» دېگۈزۈۋېتىدۇ. بۇلارغا قاراپ بېقىپ «خۇدايىمنىڭ كۈنى ئۆزۈن» دەپ يۈرۈۋەردىم.

كېيىن كېسەلچان بولۇپ، پۇت ـ قولۇم گاللىشىۋىدى، ئۇلار مېنى ئۆيدە قويۇپ قويىدىغان بولدى. ئەمما، بالام، شۇ كۈندىن باشلاپ بۇ قانجۇق مېنى ئۆيگە سولاپ قويىدى. مۇشۇنداق ياشاۋاتقىلى مانا بىر يىل بولاي دېدى... يا يۇرتتىكىلەر مېنىڭ ئىزدەك ـ سورىقىمنى قىلىپ قويمىدى.

ئەمما، بۇ ساددا موماي رەيھاننىڭ ئۇنىڭ ئۇچۇن يۇرتتىكىلەر بىلەن يالغان خەت ـ ئالاقە قىلىپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھەرگىز ئويلاپ يېتەلمەيتتى.

مومايىنىڭ كەچۈرمىشىنى ئاڭلاپ قاھار بېشىنى چاڭگاللاپ ئولتۇرۇپ قالدى. بەزىدە ئادەملەرنىڭ بېشىغا نېمانچە ئېغىر كۈنلەر كېلىدۇ ـ ھە؟ زەينەپخان موماي ئەسلىي بۇ يېشىدا نەۋرىلىرىنى بېقىپ، نامىزىنى ئۆتەپ، ئوبدان كۈتۈنۈپ ياشىشى كېرەك ئىدى.

ــ زادى قېچىپ كەتكىلى بولمامدۇ، چوڭ ئاپا؟ــ سورىدى قاھار يەنە قوروغا سەپسېلىپ قاراپ.

ــ قاراملىق قىلمىسىلا، بالام. مەن قاچىمىز دېگەنلەرنى جىق كۆرۈپ كەتتىم،ــ دېدى زەينەپخان موماي،ــ مەن كېيىن ھەممە ئىشتىن خەۋەر تاپتىم. ئۇنىڭ بالىسى بارلىقى يالغان ئىكەن. ئېرى بىلەن ئىككىسى ئوقەت قىلىمىز، دەپ ئىچكىرىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، ئاخىر يامان ئادەملەرگە قوشۇلۇپتۇ. چاڭشادا بىر توپ ئادەم چەيدولىشىپ ئېرى ئۆلۈپتۇ. بۇ خوتۇن شۇنىڭدىن كېيىن بۇ يەرگە كېلىپ شۇ تاماكىنى سېتىپ يۈرۈپتۇ. مېنىمۇ شۇ ئىشقا سېلىش ئۇچۇن ئالداپ ئەكەپتۇ. ئۇلارنىڭ گېپىچە كىشىلەر مېنىڭدەك مومايدىن ئانچە گۇمانلانمىسا كەتمىگۈدەك. كېيىن

ئۇلاردىن جىق ئىشلارنى بىلدىم. ھېلىقى كونى قورۇغا كىرگەن ساقچى مۇشۇ ئەتراپتىكى بىر ساقچىخانىنىڭ باشلىقى بولۇپ، رەيھان ئۇنىڭ كىچىك خوتۇنى ئىكەن، بۇ ئىشتا ئىككىسىنىڭ تىلى بىر ئىكەن. ئۇ ساقچى خىزمەت بىلەن بېيجىڭغا كەتكىلى بىر ئايدەك بولۇپ قالغان. بولمىسا بۇ چاغقىچە ئۇنىڭ قانداق ئادەملىكىنى كۆرەتتىلە. مەن ئۇلارنىڭ نۇرغۇن ۋەھشىي ئادەملىرىنى كۆرگەن. قاچمەن دەپ پويىز ئىستانسىسىغا ياكى ئاپتوبۇس بېكىتىگە بېرىپ بولغۇچە ئۇلارنىڭ ئادەملىرىنىڭ قولىغا چۈشىدىلا. قانداق سېزىلىپ قالغانلىرىنى بىلەلمەيلا قالىدىلا. تۇتۇلۇپ قالدىلامۇ، خۇدايىمغا ئامانەت، قىيامەتنى كۆزلىرىگە كۆرسىتىدۇ. ئۇلار قومۇل ئاستانىدىن ئالداپ كەلگەن مۇزىكا چالىدىغان بالا قېچىۋىدى، لەنجۇدا پويىزدىن چۈشۈرۈۋېلىپ، مۇشۇ قورۇغا ئەكېلىپ ئۇرۇپ چالا ئۆلۈك قىلىپ قويدى. ئادەم دېگەن چىڭ نېمىكەن، بىچارە بالا شۇنچە تاياقتىمۇ ئۆلمىدى. مىڭنى توۋا قىلىپ يەنە مۇشۇلار بىلەن بىللە يۈرۈيدۇ. كورلىلىق ئايگۈل دەيدىغان چىرايلىق بىر قىز بار ئىدى، شۇمۇ بۇ يەردىكى خورلۇققا چىدىماي، قېچىپ كەتكەنىدى، ئۇن كۈنگە قالماي ئۇ بىچارىنى توقسۇن بېكەتتىن تۇتۇۋېلىپ قايتۇرۇپ كەپتۇ. ئۇلار ئۇ قىزنى ئۇرمىدى ياكى تىللىمىدى. لېكىن ئۇنىڭ ئوڭ قولىنىڭ ئۈچ بارمىقىنى كېسىۋەتتى. بىچارە قىز شۇ قورققىنىدىن ھازىر غىڭ قىلالماي، ھەممىسىگە خوتۇن بولۇپ يۈرۈيدۇ. شۇڭا بۇ مەلئۇننىڭ «رەيھان چايان» دەپ نامى بار ئىكەن!

قاھارنىڭ كۆز ئالدىغا دەررۇ رەيھانگۈلنىڭ ئوشۇقىغا چېكىلگەن چايانىڭ رەسمى كەلدى. يا ھەيھات! ئۇ گۈل ئەمەس، چايان ئىكەن، نەشتىرى ئۆتكۈرلەشكەن، زەھىرى قىيامىغا يەتكەن چايان ئىكەن! قاھارنىڭ ئىچى شۇركۈنۈپ كەتتى: «مەن سىمونت تاختايدا يېتىپ جاھاننىڭ ئەڭ ئېغىر دەرد ـ ئەلىمى مۇشۇ ئوخشايدۇ، دەپ يۈرۈپتىمەن. ئادەم دېگەن شۇنچىۋالا بالا ـ قازانىمۇ ئويلاپ تاپامدۇ. كىملەر يەنە قانداق قارا كۈنلەرنى كۆرۈۋاتقاندۇ؟»

— شۇڭا بالام، ئالدىراپ ھەرگىز قاچمەن دېمىسىلە، يۇرسەت كۇتۇپ، تازا پەيتىنى كەلتۇرسىلە، ھېلىمۇ ھازىرغىچە كۇنىنىڭ سىرىقىنى كۆرۈپ كەلگەنلىرى خۇدايىمنىڭ سىلىگە يەنە بىر قېتىم بەرگىنى، — دېدى زەينەپخان موماي.

— مېنى ئۇلار نېمىمۇ قىلار؟

— ئەسلىي ئۇلار كۇنىمىڭ دېگەن يەردىن شۇ تاماكىنى ئەكېلىشنى كېلىشكەنىدى. سىلى شۇنىڭ ئۇستىگە كېلىپ قالدىلا. بۇ خوتۇنىنىڭ شىنجاڭدىكى تۇغقانلىرىغا ئاۋۇ سوۋغا — سالاملىرى ئەمەس، سىلى ئاپىرىدىغان شۇ تاماكا لازىم. ئىشقىلىپ ئۇلار بىر ئامالارنى قىلىپ تاماكىنى شۇلارنىڭ ئىچىگە يوشۇرىدۇ. سىلى بۇنى بىلمەي كېتىۋېرىلا. ساقچىغا تۇتۇلۇپ قالسىلا تۇگەشكەنلىرى شۇ. بۇلار بولسا ھېچنېمىنى ئۇقمىغان كىشى بولۇپ يۈرۈۋېرىدۇ.

بۇنى ئاڭلىغان قاھار رەيھاننىڭ زەھەرخەندىلىكىگە، قۇۋلۇقىغا قايىل بولماي تۇرالمىدى.

— ئەمما ئۇلارنىڭ كۇنمىڭدىكى سودىسى ئەپلەشمەي، مال كەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن سىلىمۇ ماڭالماي تۇرۇپ قالدىلا. ئۇلارنىڭ سىلىنىڭ مېڭىش ۋاقتىلىرىنى كەينىگە سۇرۇشىدىكى مەقسىتى شۇ.

— ئەمدىچۇ؟ مېلى كەپتۇمۇ؟ مەن خىروئىننى ئېلىپ شىنجاڭغا بارامدىمەن؟

قاھار خۇددى زەينەپخان موماي ئۇلارنىڭ ئادىمىدەك ۋارقىراپ كەتتى ۋە مومايىنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كەلدى.

— مېلى يەنە كەلمىدى. بۇ تەلەيلىرىمۇ بىلمىدىم. كەلگەن بولسا پويىزدا ياكى يۇرتقا بارغاندا بىر ئامال قىلىپ تاشلىۋەتسىلە ۋە ياكى ساقچىغا مەلۇم قىلىپ، باشلىرىغا كەلگەننى كۆرسىلە بولاتتى. بىراق ئۇلارنىڭ مېلى كەلمىدى، ئەمدى كېلىشى تەس ئوخشايدۇ. شۇڭا سىلىنى مۇشۇ يەردە تۇرۇپ قالدىلا دەۋاتىمەن. چۈنكى، ئۇلار سىلىنى مەلۇم ئىشقا سالمىغىچە قويۇپ بەرمەيدۇ.

— نېمىدەپ كەلمەپتۇ؟

— ئۇلارنىڭ كۆنمىگىدىكى ئادىمى قولغا چۈشۈپ مەلۇم ئادەملەرنى پاش قىلىپ قويغان چېغى. ئەمدى مۇشۇ ئادەملەر تۇتۇلۇپ ياكى قېچىپ قۇتۇلۇپ ۋە ياكى ئۇلار كۆزدىن يىتۇپ ئەھۋال تىنچىمىغىچە بۇ قۇۋ خوتۇن مىدىرلىمايدۇ. سىلىمۇ تۇرۇپ قالدىلا. تېخىمۇ چاتاق يېرى، ئۇنىڭ ئىش بىلەن بېيجىڭغا كەتكەن ساقچى ئېرى مال كەلمىگەندىكىن، ئەھۋال ئۇقۇشقىلى ئۇ يەردىن كۆنمىگىغا مېڭىپتىكەن، ئۈچى بار ئاقچىلار ئۇنى يېرىم يولدىلا بوغۇزلاپ تاشلاپتۇ. دېمىسىمۇ، ئۇ ساقچىلىقىدىن پايدىلىنىپ باشقا ئاق ساتىدىغانلارنى تۇتۇپ رەيھانغا بازار ئېچىپ بېرەتتى. ھەتتا ئۇلاردىن مۇسادىرە قىلغان تاماكىلارنى مۇشۇ رەيھانغا ئەكېلىپ بېرەتتى. شۇنىڭ ئۈچىنى ئالغاندۇ، دېدىم. بۇنداق ئادەملەر ئىنتايىن پەس كېلىدۇ. يېقىن ئادىمىم ئىدى، كۆڭلۈمدىكى ئادىمىم ئىدى، دەپ ئولتۇرمايدۇ. ساقچى باشلىقى ئۆلۈۋىدى، بۇ خوتۇن دەرھال ئۇنى ئۇنتۇپ، تايىنىدىغان يېقىن ئادەم ئىزدەپ تۇرالماي قالدى. ئەتىگىنى ئۇ ساقچىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى كېلىۋىدى، كەچلىكىلا سىلىگە يېقىنچىلىق قىلغىلى تۇردى. سىلىگە بىرەر ھىيلە ئىشلەتمىگەندۇ؟

قاھار «بۇ مومايدىن بەربىر يوشۇرۇپ قالغىلى بولمىغۇدەك، ئۇنىڭ ئۇستىگە مەن راست گەپ قىلمىسام، موماي ماڭا ياردەم قىلالمايدۇ» دەپ ئويلاپ، شۇ كېچىسى بولغان ئىشلارنى ۋە ئۆزىنىڭ گۇمانىنى ئېيتتى.

— بۇ ئۇنىڭ سىلىنى تۇتۇپ قېلىش ئۈچۈن ئىشلەتكەن ھىيلىسى. ئەگەر گەپكە كىرمىسىلە ئۇ شۇنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ سىلىنى سولىتىۋېتىشتىن يانمايدۇ.

— مەنمۇ ئۇنى پاش قىلسامچۇ؟

— نېمە پاكىتلىرى بار؟ ئېنىق پاكىت بولمىسا بولمايدۇ. ئۇلار دېگەن ھەرگىزمۇ ئۆز قولى بىلەن ئېلىپ - ساتمايدۇ. يالغاندىن كىچىك سودىلارنى قىلىپ يۈرىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇلارنىڭ ساقچى تىرەكلىرى بار. رەيھانلار ئۇلارنى پۇل - پۇچەك بىلەن رازى قىلىپ تۇرىدۇ. ساقچىلارمۇ پەيتى كەلگەندە ياردىمىنى

ئايىمايدۇ. بۇلتۇر يازدا رەيھان ئاشۇنداق ساقچىدىن ئۇچىنى ئۆزى پۇل چىقىرىپ شىنجاڭدا يىگىرمە كۈن ساياھەت قىلدۇرۇپ كەلدى. شۇنىڭدىن ئىش ئايان، بالام.

تۇرمۇشنى ئاددىيلا ئويلايدىغان بىر موماينىڭ ئىككى يىلدىلا تۇرمۇشنىڭ مۇرەككەپ تەرەپلىرىنىڭ تېگىگە يېتەلەيدىغان بولۇپ كەتكىنىگە قاھار ھەيران قالدى. شۇنداقلا «بۇ يەردە ئىسسىق ـ سوغۇقنى يەتكۈچە كۆرمىسە، بۇنچىۋالا مۇرەككەپ ئىشنى ئويلاپ كېتەلمەيدۇ» دەپ زەينەپخان مومايغا ھېسداشلىق قىلدى.

ــ مەن... مەن ئەمدى قانداق قىلسام بولار، چوڭ ئاپا؟ ــ قاھار بەكمۇ ئامالسىز قالغانىدى.

ــ غەيرەت قىلسىلا، بالام، ھامىنى بېشىنى يەر بۇ مەلئۇن. ئۇلارنىڭ مېلى قاچان كەلمىگىچە سىلىنى ماڭدۇرمايدۇ، ھېچنېمىمۇ قىلمايدۇ. يالغان بىلمەس بولۇپ يۈرۈۋەرسىلە. ھامىنى بىر پۇرسىتى چىقىدۇ. لېكىنزە، بالام، ھەرگىزمۇ قارامىلىق قىلىپ قاچمىسىلا.

شۇنىڭ بىلەن ئىچى زەرداپقا تولغان قاھار يالغان كۈلكىسى بىلەن رەيھان «چايان»نىڭ چىرايىغا قاراپ بۇ قورودا تۇرۇپ قالدى.

قاھار خۇددى رەيھان «چايان»نىڭ گېپىگە ئىشەنگەندەك، كېتىدىغاننىڭ ياكى سىرتقا چىقىدىغاننىڭ گېپىنى قىلماي ياشاۋەردى. رەيھان «چايان» بولسا سىنچى كۆزلىرى بىلەن ھەر ۋاقىت قاھارنى كۆزىتىپ، خۇشى تۇتۇپ قالسا، خاس ئۆيىگە چاقىرىپ، خۇيى تۇتسا، ئۇنىڭ بىلەن نەچچە كۈنگىچە كارى بولماي يۈرۈۋەردى. ئاخىر رەيھان «چايان» قاھارغا ئىشەندىمۇ، ئارىدىن بىر ئايدەك ۋاقىت ئۆتكەندە ئۇنى ئۆزى بىللە بىللە بىر يەرگە بېرىشنى ئېيتتى. قاھار «ئەمدى ماڭا پۇرسەت چىقىدىغان بولدى» دەپ ئويلاپ يېنىك تىندى.

دەرۋازا ئالدىدىكى پىكاپ ھەقىقەتەن ئېسىل ئىدى. ئۇلار پىكاپقا چىقتى. پىكاپتا بەستلىك كەلگەن ئىككى تاقىر باش چىرايىدىن ۋەھشىيلىك ياغدۇرۇپ قېتىپ ئولتۇرۇشاتتى.

ھەقىقەتەنمۇ ئۇلارنىڭ بەستىدىن كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە ھەيۋە تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئۇلار قاھارغا شۇ ھامان ئۆزىنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ قويىدىغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى.

ئۇلار ئۇدۇل پويىز ئىستانسىسىغا كەلدى. ئۆزىگە تونۇش مەنزىرىنى كۆرگەن قاھار «شۇ تاپتا ماشىنىدىن يۈگۈرۈپ چۈشۈپ ساقچىلارنىڭ يېنىغا بېرىۋالسام، بۇلار مېنى نېمە قىلالايتتى؟ ئاندىن پويىزغا چىقىۋالسام... پويىزدىمۇ ساقچىلار بار تۇرسا... شۇلارغا ئەھۋالنى دەپ باقسام...» دەپ ئويلىدى.

قاھار شۇ خىياللارنى قىلىپ تۇرغاندا شوپۇر سىگنال بەردى. شۇ ھامان ماشىنا يېنىغا ئورۇق بىر خەنزۇ يىگىتتى يۈگۈرۈپ كەلدى ۋە رەيھان «چايان»دىن خۇشامەتگۈيلۈق بىلەن ئەھۋال سورىدى.

ئۇلار ماشىنىدىن چۈشۈپ چەتتىكى بىر ئاشخانىغا قاراپ مېڭىشتى. قاھار «ئۇلار مېنى قاتتىق مۇھاپىزەت قىلىپ ماڭىدۇ» دەپ ئويلىغانىدى. بىراق، ئۇلارنىڭ ئۆزى بىلەن قىلىچە كارى يوقتەك تۇرۇشى قاھارنى ئەنسىرىتىپ قويدى. بۇنىڭدىن «يا يىراقتىن بىزنى كۆزىتىۋاتقان ئادەم بولۇشى مۇمكىن؟» دەپ ئويلىغان قاھار باشقىچە خىياللارنى قىلىشتىن قورقۇپ ئۇلارغا ئەگەشتى.

ئۇلار ئاشخانىنىڭ ئايرىمخانىسىغا كىرىشتى. ئايرىمخانىنىڭ ئىشىكى ئېتىلىشى بىلەن تەڭ بەستلىك تاقىر باشتىن بىرسى يوغان مۇشتىنى بىرلا سىلكىپ ئورۇق يىگىتنىڭ خامىرىغا بىرنى سالدى. ئورۇق يىگىت زەربىگە بەرداشلىق بېرەلمەي ئۆينىڭ بۇلۇڭىغا يىقىلدى، ئۇ يىگىت ئىڭرىغىنىچە بېشىنى كۆتۈرۈۋېدى، قاھار ئۇنىڭ يۈزىنىڭ قانغا بويالغانلىقىنى كۆردى.

— ئېيتە، سەن ھاڭۋاقتى نېمىگە قارىدىڭ؟ — دەپ ۋارقىرىدى تاقىر باش.

— مەن... مەن... ئۇخلىماي دېگۈدەك قاراپ تۇردۇم. ئۇ پويىز ئىستانسىسىغا كەلمىدى، — دېدى ئورۇق يىگىت يۈزىدىكى قاننىمۇ سۈرتۈشكە جۈرئەت قىلالماي.

— كەلمىدى؟ — تاقىر باش ئۆنىڭ يېنىغا دېۋەيلەپ باردى. قورقۇپ كەتكەن ئوروۋق يىگىت تۇگۇلۇپ قالدى، — ئۇنداق بولسا ئۇنى ئاپاڭ ئۇچۇرۇپ لەنجۇ پويىز ئىستانسىسىغا ئاپىرىپ قويدىمۇ؟

ئوروۋق يىگىتنىڭ كۆزى چەكچەيدى:

— نېمە؟ ئۇ خۇمسى هازىر لەنجۇدىمىكەن؟

— لەنجۇدىكى خورازلار ئۇنى لەنجۇدا پويىزدىن چۈشۈرۈۋاپتۇ، هازىر شىئەنگە ئەكېلىنىۋاتىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن ئىككى - بۇرۇن يالاشقان يېرىڭ بولسا، قالغىنىنى ئۆزۈڭ بىل.

— ياق، ياق! ئۇنىڭ بىر تال تاماكىسىنىمۇ كۆرگىنىم يوق.

— ماڭ، يوقال! يەكشەنبە كۈنى كونا جايغا بار. سەن پاكمۇ، ئەمەسمۇ شۇ چاغدا هېسابلىشىمىز.

ئوروۋق يىگىت «ماقۇل، ماقۇل» دېگىنىچە ئايرىمخانىدىن چىقىپ كەتتى.

— خان ئاچا، ئۇنى مۇشۇنداقلا قويۇۋېتىمىزمۇ؟ — سورىدى تاقىر باش بېشىنى رەيهان «چايان»غا سەل ئېگىپ.

— بولدى، كېيىن ئۇنىڭ بىزگە لازىمى بار، — دېدى رەيهان «چايان».

شۇ گەپتىن كېيىن ئۇلار ئاشخانىدىن چىقتى.

— قۇشخانىغا هەيدە، — دەپ بۇيرۇق قىلدى رەيهان «چايان».

ماشىنا مېڭىپ كەتتى. ماشىنىنىڭ ئىچىنى يەنە سۈرلۈك جىملىق قاپلىدى.

— بەلكىم سىز مېنى بىلىپ بولدىڭىز، — دېدى رەيهان «چايان» ئۇيغۇرچە، — ماڭا ئامال يوق. بۇرۇن مەنمۇ باشقىلار تەرىپىدىن خورلانغان. ئاخىر جان بېقىش مېنى مۇشۇنداق قىلىۋەتتى. سىزگە يامان نىيىتىم يوق. كۆڭلۈمگە يېقىپ قاپسىز. ئەمما نەرىڭىزنى ياقتۇرۇپ قالغىنىمنى بىلمەيمەن. بەلكىم ئاق كۆڭۈل، سەمىمىيلىكىڭىزنى ياقتۇرۇپ قالغاندىمەن. ماڭا بۇنداق سەمىمىيلىكنى كۆرۈپ باقمىغىلى نى زامان؟ بۇ گەپلەرنى ئەسلى ياخشىراق پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ دېمەكچىدىم، ئەمما ئويلىمىغان يەردىن مۇشۇنداق غەزەپلىك سەپەر ئۈستىدە بولۇپ قالدى.

ئىشقىلىپ، مېنىڭ كۆڭلۈمنى بىلىپ قالسىڭىزلا بولدى.
بايىلا ئىچ ئاغرىتىش، ھېسداشلىق دېگەنلەردىن ئەسەرمۇ يوق بىر ئايالدىن ئەمدىلىكتە مۇنداق مۇلايىملىقتا تولغان گەپلەرنى ئاڭلاش قاھارغا غەلىتە تۇيۇلدى. «توۋا، قارىسا شۇنداق مۇلايىم، يېقىشلىق، ئادەمنىڭ ئىچىنى كۆيدۈرىدىغان بىر گۈزەل ئايالنىڭ بىردەم ئالۋاستىغا ئايلانسا، بىردەم شېرىن سۆزلۈك پەرىزاتقا ئايلىنىۋالغىنىنى. قاتتىق ئېھتىيات قىلسام بولغۇدەك. بۇنىڭ قولىدىن ھەر بالا كەلگۇدەك...» شۇلارنى ئويلىغان قاھار ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان چاغلاردا ئۇنىڭ سۆزۈك، ھۆزۈرلۇق بەدىنىگە مەستانىلىك، ئامراقلىق بىلەن قاراپ كەتكەنلىرىنى ئېسىگە ئېلىپ يۈزى نومۇستىن ئوت ئېلىپ ياندى. شۇنداق، ئادەمنىڭ ھېسسىياتى ئىدارە قىلىش ئورنىغا ئۆتكەن ۋاقىتتا، گەرچە ۋاقتى قىسقا بولسىمۇ، ئادەم ئۆز ماھىيىتىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. ئەمما بۇنى پەقەت ئەقلى ئۈستۈن ئورۇنغا چىققاندىلا بىلەلەيدۇ. ئاددىي پۇقرامۇ، پادىشاھمۇ شۇنداق. مانا مۇشۇ سەۋەبلىك جاھاننىڭ ئىبرەت ئەينىكىدە قېپقالغان پۇشايمان، ئاچچىق ساۋاقلار خېلى كۆپ. جان قايغۇسىدا قالغان قاھارمۇ بەزىدە ئىشرەت پەيزىگە چۆككەندە، ئۆزىنى مۇشۇ پېتى قويۇپ بېرىش خىيالىغىمۇ كېلىپ قالغانىدى.
ئەمدىچۇ؟ قاھار كۆز ئالدىدىكى زوراۋانلىقنى كۆرۈپ بىردىنلا ئويغانغاندەك بولدى. ئۇ يەنە نېمىلەرنى كۆرەر؟ نېمىلەرگە گۇۋاھ بولار؟ ئۆزىنىڭ بېشىغا يەنە نېمە قارا كۈنلەر كېلەر؟ ئېنىقكى، رەيھان «چايان»نىڭ قاھارنى «ياقتۇرۇپ قېلىشى»مۇ ۋاقىتلىقلا بىر ئىش. مەلۇمكى، چاياننىڭ تەبىئىتى چېقىش!
ماشىنا شەھەردىن چىقىپ، يېزىغا بۇرۇلدى ۋە ئۇزۇن ئۆتمەي بىر قومۇشلۇقنى ئايلىنىپ ئۆتكەندىن كېيىن چوڭ بىر تاشلاندۇق قوروغا يېتىپ كەلدى. بايا ئۇلار دېگەن قۇشخانا مۇشۇ بولۇپ، ھازىر تاشلىنىپ قالغانىدى.
ماشىنا شۇ قۇشخانىنىڭ يېنىدىكى بىر يۇرۇش ئۆيلەرنىڭ قېشىغا كېلىپ توختىدى. تاقىر باشتىن بىرى ماشىنىدىن چۈشۈپ

دەرۋازىنى قاقتى. بىرى شوتىغا ياماشقانمۇ، دەرۋازىنىڭ ئۈستىدىكى يوچۇقتىن ماراپ قارىغاندىن كېيىن دەرھال دەرۋازىنى ئاچتى.

ئۇلارنىڭ ھەممىسى قوروغا كىردى. قاھار قوروغا تۇرلۇك قۇرۇق يەل - يېمىشلەرنىڭ تاغارلاپ تىزىۋېتىلگەنلىكىنى كۆردى، يەل - يېمىشلەر تاغاردىن چېچىلىپ، قورونى بىر ئالغانىدى. قارىغاندا قورو ئىگىسىنىڭ بۇنىڭ بىلەن كارى يوق چېغى. «ھە، بۇ نەرسىلەر رەيھان ‹چايان›نىڭ ئۆزىنى نىقابلايدىغان سودىسى ئىكەن - دە! ھەقىقەتەن قۇۋ ئىكەن» دەپ ئويلىدى قاھار.

ئىشىكنى ئاچقۇچى رەيھان «چايان»غا خۇشامەت قىلىپ ئەھۋال سورىغاچ ئۇلارنى ئۇدۇل بىر ئۆيگە باشلاپ كىردى.

ئۆيدە يەنە ئىككى ئادەم بولۇپ، ئۇلار ئۆيىنىڭ تورۇسىغا قولىدىن ئېسىپ قويۇلغان بىر ئادەمگە ۋەھشىيلەرچە تىكىلىپ تۇراتتى. ئۇلار رەيھان «چايان»نى كۆرۈپ بىر چەتكە ئۆتتى.

— ئۇنى يېشىڭلار، — دېدى رەيھان «چايان». ئېسىلغۇچى باياتىندىن بېرى تازا قىيناقتا چۈشكەن چېغى ئازابلىق ئىڭراپ بېشىنىمۇ كۆتۈرەلمەيۋاتاتتى، شۇڭا قولى يېشىلىشى بىلەن تۇزۇك دەسسىيەلمەي يەرگە يىقىلىپ چۈشتى ۋە ئوڭدىسىغا يېتىپ قالدى. ئۇنىڭ يۈزى قانغا بويالغان بولۇپ، ئىككى كۆزى پاللىداپ تۇراتتى.

تاقىر باش بىرىپ ئۇنىڭ يۈزىگە دەسسىمەكچى بولۇۋىدى، رەيھان «چايان» ئۇنى توسۇۋالدى. بۇنىڭدىن قاھارنىڭ يۈرىكى جايىغا چۈشكەندەك بولدى - يۇ، قاتتىق چۆچۈشتىن ۋارقىرىۋەتكىلى تاسلا قالدى. باشقىلار رەيھان «چايان»نىڭ ئاغزىغا قاراپ قالغان بولغاچقا ئۇنىڭدىكى بۇ روشەن ئالامەتكە ھېچكىم دىققەت قىلمىدى.

قاھار دەرغەزەپكە تولۇپ ئىختىيارسىز ئالدىغا بىر قەدەم چامدىدى.

بۇ ھېلىقى ماجەن «چولاق» ئىدى. «مانا مەن شۇ» دېگەندەك ئۇنىڭ چولاق قولى مەيدىسىگە چىقىپ قالغانىدى.

شۇ قىسقا دەقىقىدە قاھارنىڭ كۆز ئالدىدىن ھېلىقى قاراڭغۇ

ئۆي، تۆمۈر دوختۇرنىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمى، ئۆزىنىڭ گۆر ئاغزىدىن قايتىپ كېلىشى، بۆرىدىن قۇتۇلۇپ، يولۋاسنىڭ چىشى ئارىسىدا تۇرغان شۇ تاپتىكى ھالىتى بىرمۇبىر ئۆتۈپ پۈت ـ قولىغا كۈچ يىغىلدى. ئۇ ھالسىز ياتقان ئادەمنىڭ ياقىسىدىن ئېلىپ «ئېيتە، نېمىشقا ماڭا دۈشمەنلىك قىلىسەن؟ كىم ساڭا بۇيرىدى؟» دەپ سورىماقچى بولدى.

شۇ چاغدا رەيھان «چايان»نىڭ زەھەرلىك ئاۋازى ئاڭلاندى:

ـــ ئۇنىڭ چىرايىنى بۇزۇپ نېمە قىلىسىلەر؟ ئۇنىڭ بۇ چىرايى يەنە بىزگە لازىم بولىدۇ. قاراڭلار، ئۇ بىر بارمىقى يوق تۇرۇپمۇ ياشاۋاتىدۇ، تېخى چولاق تۇرۇپمۇ بىزنى سارااسىمىگە سېلىۋەتتى. قارىغاندا، ئۇنىڭ يەنە بىر بارمىقى بولمىسىمۇ بولۇۋەرگۈدەك.

تاقىر باش خۇددى شۇنىلا كۈتۈپ تۇرغاندەك بېرىپ ماجەن «چولاق»نىڭ قولىنى دەسسىدى ۋە يېنىدىكى پىچىقنى چىقىرىپ ئۇنىڭ ئوتتۇرا بارمىقىنى چورتلا كېسىپ تاشلىدى. يەردە پىلتىڭلاپ تۇرغان بارماقنى كۆرگەن قاھار تېنى شۈركۈنگىنىچە جايىدا تۇرۇپلا قالدى. بۇ ۋەھشىيلىك ئالدىدا ئۇنىڭ بايىقى ئاچچىقلىرىدىن ئەسەرمۇ قالمىدى.

شۇڭا، ئۇ ئىنسانغا خاس تۇيغۇسى تۈپەيلى بۇ قانخور خوتۇنغا بولغان ئۆچمەنلىكىنى بىردەمگىنە ئۇنتۇپ، دەرھال رەيھان «چايان»نىڭ يېنىغا بېرىپ، بولغان ئەھۋالنى ئېيتىپ تازا پۇخادىن چىقماقچى بولدى. ئەمما رەيھان «چايان» كەينىگە بۇرۇلغاچ ماجەن «چولاق»قا دېدى:

ـــ سەن ئون كۈن ئىچىدە ھېلىقى چىركىن ھەمراھىڭنى تېپىپ ئالدىمغا ئەكەل. گۇناھىڭلارنى يۇيىدىغانغا بىر پۇرسەت بېرەي.

ماجەن «چولاق» ئاغرىق دەستىدىن تولغىنىپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، مىڭ تەسلىكتە:

ـــ بولىدۇ، بولىدۇ... ئاچىمىزنىڭ ھىممىتىگە رەھمەت، ـــ دېدى.

چىرايىدىن مۇز يېغىپ تۇرغان رەيھان «چايان» سۆزىنى تۈگىتىپلا كەينىگە ياندى. شۇنىڭ بىلەن قاھارنىڭ گېپىمۇ بوغۇزىدىلا قالدى.

ئۇلار يەنە ماشىنىغا چىقىپ كەلگەن يولى بىلەن كەينىگە يېنىشتى. شۇندىلا ئۆزىگە كەلگەن قاھار بايا رەيھان «چايان» ئارقىلىق ئۆچ ئېلىش خىيالىغا كەلگىنىنى ئويلاپ ئۆزىدىن نومۇس قىلىپ كەتتى.

«شۇ تاپتا ئۇنى چايناپ ـ پۇركۇۋەتكۈم كېلىۋاتسا... مۇشۇنداق بىر زەھەرخەندە ئايال ئارقىلىق قولۇمنى قانغا بويايمەنمۇ؟ باشقا ئىش بىلەن كارىم بولماي جېنىمنى قۇتۇلدۇرىدىغاننىڭ كويىدا بولاي... بىر كۈنى كېلىپ كۆزىگە سەت كۆرۈنسەم، مېنىمۇ بىر ئىشارەت بىلەن... توۋا، بىر ئايال كىشى تۇرۇپ... ئالۋاستى دېگەن مۇشۇنداق بولىدىغان ئوخشايدۇ... مېنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگۈچە بىر ئامالىنى قىلسام بولاتتى. قارىغاندا، بۇ خوتۇننىڭ قولىدىن مۇنداقلا قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمىغۇدەك. زەينەپخان موماي راست ئېيتىپتۇ...»

قاھار رەيھان «چايان»غا ۋەھىمە بىلەن قاراپ قويدى.

ــ مېنى بەك رەھىمسىز ئىكەن دەپ ئويلاپ قالماڭ، ــ دېدى رەيھان «چايان» ئۇنىڭ خىيالىنى بىلىۋالغاندەك، ــ رەھىمسىزلىك قىلىدىغان يەردە رەھىمسىزلىك قىلماي، سەللا دىلى يۇمشاقلىق قىلدىڭىزمۇ بولدى، ئۇلار سىزنى تۈگەشتۈرىمەن دەيدۇ. يېقىندىن بۇيانقى ئىشلىرىمىزنىڭ ئاقماسلىقىدا بۇ چولاق بىلەن ھەمراھىنىڭ دۈشمەنلىكى بار دەپ گۇمانلىنىمىز. دېمىسىمۇ، بىزنى نەس باسقانىڭىياقى چولاق يالغان كېسەل بولۇۋېلىپ، ھەمراھى قېچىپ تۇتۇق بەرمەي يۈرۈيدۇ. بۇنچىلىك ئىشلارنى بىلگۈچىلىكىمىز بولمىسا بۇ يەردە جېنىمىزنى جان ئېتىپ يۈرەلەيتتۇقمۇ؟ شۇڭا ئۇنى ئۇچۇقداپ قويدۇق. ئەمدى كۆرىسىز، ئۇ بىزگە قىلغىنىنى نەچچە ھەسسىلەپ قايتۇرىدۇ.

«نېمىنى كۆرىمەن؟ سېنىڭ رەھىمسىزلىكىڭنىمۇ؟ ئۆزۈمنىڭ شور تەقدىرىنىمۇ؟ ياكى زەينەپخان مومايدەك ئۆلۈمۈمنى

كۆتۈشنىمۇ؟ ياق، مەن بۇنى كۈتۈپ تۇرالمايمەن. شۇنچە ۋاقىتتىن بۇيان ئەزرائىلنىڭ قاتمۇقات چاڭگىلى ئىچىدىمۇ ئامان قالدۇرغان خۇدايىم يەنە بىر چىقىش يولى بېرەر...» قاھار شۇلارنى ئويلاپ يولغا تىكىلىپ ئولتۇرۇۋەردى. بىردەم سىلىق ـ سىپايە قىياپەتكە، بىردەم مەستانە ھالەتكە، بىردەم سىرداش ـ دوستانىلىككە كىرىۋالغان بۇ خوتۇننىڭ بايىقى ياۋۇزلۇقىملا ھەممىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. «ھىيلىسى چىنىپ تۇرسىمۇ يەنە ئۇنىڭ دەۋاتقان گېپىنى. ئۆزىدىن باشقىلارنى ھېچنېمە بىلمەيدۇ، ھېچ نەرسىنىڭ تېگىگە يېتەلمەيدۇ، دەپ ئويلامدىكىنە. مانا ھەممە نېمەڭ ئوپئوچۇق تۇرۇپتۇ. يەنە ھىيلە قىلغۇدەك نېمە بار ساڭا؟!»

ماشىنا سۈرلۈك كەيپىيات ئىچىدە ئىلگىرىلىمەكتە. بۇنىڭدىن قاھارنىڭ دېمى سىقىلىپ كەتتى.

رەيھان «چايان» بولسا يەنە شۇ مۇدھىش چىرايى ۋە تەمكىنلىكى بىلەن ئادەمنى قورقۇنچقا سالاتتى.

ــ باشقا تەلپىم يوق،ــ دېدى رەيھان «چايان» سۈرلۈك جىملىقنى بۇزۇپ،ــ ئىشلىرىم ئىزىغا چۈشكەندە، شىنجاڭغا مەن بىلەن بىللە بېرىشىپ بەرسىڭىزلا بولىدۇ. يا خالىسىڭىز شىنجاڭدا بىللە تىرىكچىلىك قىلارمىز.

«شىنجاڭغا بىللە بېرىشىپ بېرىڭ دېگۈچە، خىروئىننىمنى ئاپىرىپ بەر دېسەڭلا بولمىدىمۇ؟ بىللە ئۆتەرمىز دېيىشىنى تېخى. توۋا، نومۇس قىلماي دەۋاتقان گېپىنى. ماڭا زىيانكەشلىك قىلىۋاتقىنىنى ئۇنتۇپ قالدىمىكىنە. ھۇ نومۇسسىز...» قاھار شۇ خىيال بىلەن رەيھان «چايان»غا ھومىيىپ قاراپ قويدى.

رەيھان «چايان» خۇددى بۇ يەردە باشقىچە، غەلىتە ھېچبىر ئىش يوقتەك سوغۇق تەمكىنلىكى بىلەن ئولتۇراتتى. بۇنىڭغا قاھار ھەيرانلا قالدى. ئىدىيە دېگەن ئەجەب نەرسە، ئۇنى تاڭغىلى، مەجبۇري ۋاستىلەر بىلەن ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ، كونكرېت، ماددىي كېلىش مەنبەئەسىنىمۇ، سەۋەبىنىمۇ چۈشەندۈرمەك تەس. مەسىلەن، بەزىلەر كاۋاپنى مۇچ چاچمىسا يېمەيدۇ، يەنە بەزىلەر بولسا مۇچ چاچسا يېيەلمەيدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇن كىشىلەر

ئۆزلىرى قىلىۋاتقان ئىشنىڭ ماھىيىتىنى ھامىنى ئۆز خاھىشى بويىچە چۈشەندۈرۈپ، توغرا دەپ قارايدۇ. يامان ئىش قىلغانلارمۇ، ياخشى ئىش قىلغانلارمۇ ئوخشاشلا شۇنداق. ئۇلاردىن «نېمىشقا شۇنداق؟» دەپ سورىغاندا بەلكىم ئىككىنچى بىر كىشى قايىل بولغۇدەك جاۋاب چىقماسلىقى، ئەكسىچە چۈشەندۈرگۈچى بولغان شۇ كىشى بولسا ئۆز قارىشىنى ئاجايىپ قايىل قىلارلىق بولدى، دەپ ھېس قىلىشى مۇمكىن. شۇنداق ئىكەن، رەيھان «چايان» ئۆزىنىڭ ئەپت ـ بەشىرىسى ئاللىقاچان ئېچىلىپ قالغان، ئۆزىمۇ ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ئىسپاتلاپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن قىلىۋاتقان ئىشلىرى توغرىدەك، تەبىئىيدەك، ئەزەلدىن شۇنداق بولۇشى كېرەكتەك پىتنى بۇزماي ئولتۇراتتى.

بۇنىڭغا قاراپ غەزەپ تۇيغۇسى ئىلكىدە ئولتۇرغان قاھار تۇرۇپلا رەيھان «چايان»دىن قورقۇپ قالدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ خەنزۇ پاسونىدىكى ياسىداق قورودا قانۇنىنىڭ ھەقىقانىي جازاسى بىلەن ئەمەس، بەلكى بىر زوراۋان قەلبىنىڭ ياۋۇزلۇقى بىلەن نەزەربەند ئاستىدا ياشاۋاتقان ئادەم ئىككى بولدى.

بۇ خىل تۇرمۇشقا كۆنۈپ قالغان زەينەپخان موماي ئەتىدىن ـ كەچكىچە قاھارنى قېچىپ كېتىشكە دەۋەت قىلاتتى، ئەمما قارامىلىق، ئالدىراقسانلىق قىلماسلىققا ئاگاھلاندۇراتتى.

قاھار بولسا بىر ئۆمۈر بالىلىرىنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ، سۆيىدە ئاققان بىر مېھرىبان ئانىنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا مۇشۇنداق ئېغىر، مۇدھىش كۈنگە قالغىنىغا ئۆكۈنۈپ، نۇرغۇن چارە ـ ئامال ئىزدەيتتى. ئۆزى باشتا قېچىپ قۇتۇلۇپ، كېيىن ساقچىلار ئارقىلىق مومايىنى تۇرپانغا ئەكېتىشنى خىيال قىلاتتى. بىراق، كونكرېت، مۇۋاپىق بىر چارە تاپالمايتتى، بۇنىڭدىن تىت ـ تىت بولاتتى.

رەيھان «چايان»نىڭ ھەرىكىتى بارغانچە سىرلىقلىشىپ كەتتى. قاھارغا سىرلىق بىلىنگىنى ئۇنىڭ جىمىپ قالغىنى، يا كۆپىنچە ئۆيدە جىممىدە يېتىپ كېتىشى، يا قوروغا جىممىدە كىرىپ، جىممىدە چىقىپ كېتىشى ئىدى. بۇرۇنقىدەك ئاچچىقلانمايتتى،

تېلېفوندا بىرلىرىگە غەزەپ بىلەن ۋارقىرىمايتتى، بوغۇلۇپ تۇرۇپ بۇيرۇق چۈشۈرمەيتتى، ھېچنېمە بىلەن كارى يوق ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىمايتتى. قاھار بۇنىڭغا ھەيران بولاتتى. ھالبۇكى، ئۇنىڭ ھەيرانلىقىغا زەينەپخان موماي بېشىنى چايقاپ كۈلەتتى:

— جىم يۈرگەندەك قىلغان بىلەن چېقىشقا تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ، بۇ چايان. ئۇنىڭ مىجەزىنى بىلمەمەن. ئۇ چوڭراق بىر ئىش قىلىشتىن بۇرۇن مۆشۈنداق بولۇۋالىدۇ. ئەمما يۈرىكى زەھەرگە چىلانغان ئادەملىرى جىم ياتمايدۇ. ئۇلار ھەممە تەييارلىقلارنى قىلىۋېلىپ پۇرسەت كۈتىدۇ. بەلكىم ساقچىلاردىن ئارقا تىرەك ئىزدەۋاتسا كېرەك.

بۇنى ئاڭلاپ قاھارنى تىترەك باستى.

— تەييارلىقى پۈتسە مېنى شىنجاڭغا ئەۋەتەمدۇ؟ خى... خىروئىن بىلەن قوشۇپ...، — دېدى ئۇ.

— بالام، سېنىڭ بىلەنلا پۈتىدىغان ئىش ئەمەس ئۇ. ئاڭلىسام ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان بىر قىزمۇ ئۇلارنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ بوپتۇ. ئەمدى ئۇ قىزنىڭ قىلمايمەن دەيدىغانغا ھەددى ئەمەس.

بۇنداق پاراڭلار بولغاندا قاھار ۋەھىمىگە چۆكۈپ ئۇخلىيالمىغان بىلەن ۋاقىت ئۆتكەنچە بۇنداق تۇيغۇسى ئاجىزلايتتى ۋە ئىچى پۇشۇپ كېتەتتى. خۇددى شۇنى پايلاپ تۇرغاندەك، بۇنداق ۋاقىتلاردا رەيھان «چايان» تاماقنىڭ ئوبدىنىنى، قۇۋۋەتلىكىنى تەييارلاپ، سىرتىغا چەت ئەل يېزىقلىرى يېزىلغان هاراق بوتۇلكىسىنى شىرەگە تىكلەپ ئۇنى چاقىراتتى. قاھار بوينى باغلانغاندەك كىرىپ، ئەتىسى بوينىنى رەيھان «چايان»نىڭ بويىنىغا باغلىۋالغۇدەك قىلىپ ئۇنىڭ خانىسىدىن كۆزى قىيماي يېنىپ چىقاتتى. ئارقىدىن قاتتىق پۇشايمان قىلاتتى، ئۆزىدىن نەپرەتلىنەتتى، ئۆزىگە قاتتىق ۋەدىلەرنى بېرەتتى. بۇنداق چاغدا زەينەپخان موماي ئۇنى:

— نېملا ئىش بولسا، بۇ يەردىن قۇتۇلۇشنى ئۇنتۇما، — دەپ ئاگاھلاندۇراتتى.

رەيھان «چايان» بەزىدە قاھارنى سىرتقا بىللە ئېلىپ چىقاتتى. ھەرقاچان ھېلىقى تاقىر باشلار ئۇلارنى قورۇقداپ تۇراتتى. شۇڭا قاھار ئۆز ئىختىيارى بويىچە ئەركىن بىر قەدەم ئالالمايتتى. ئۇلار ئاشخانىلارغا باراتتى، سودا سارايلىرىنى ئارىلايتتى، كوچىلارنى ئايلىناتتى، ھەتتا بىر قېتىم رەسىم كۆرگەزمىسىگىمۇ باردى. گەرچە قاھار بۇ ھەرىكەتلەردىن بىرەر گۇمانلىق تەرەپنى ھېس قىلالمىغان بولسىمۇ، لېكىن يامان ئىشلار ئۇچۇن قىلىنىۋاتقان ھەرىكەت ئىكەنلىكىنى كۆڭلى تۇيۇپ تۇراتتى. بەزىدە ئۇ كوچىدا كېتىۋېتىپ «پارتلا» قىلىپ قېچىپ كېتىشنىمۇ ئويلايتتى. بىراق زەينەپخان موماينىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىنى ئېسىگە ئېلىپ ھەمدە ئەتراپىدا ئۆزىنى ئەگىشىپ يۈرگەن كىشىلەر باردەك سېزىپ قېچىشقا پېتىنالمايتتى. رەيھان «چايان» بولسا خۇددى ئۇنىڭ قېچىپ كېتىشىنى ئەسلا ئويلىمىغاندەك ياكى ئۇنىڭ قېچىپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى بىلىدىغاندەك ئىنتايىن خاتىرجەم كۆرۈنەتتى. شۇنىڭ بىلەن قاھار يەنە پەسكويغا چۈشەتتى...

شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ ئاردىن يەنە بىر يىل ئۆتۈپ كەتتى. بۇ بىر يىلدا قاھار خېلى سەۋرچان بولۇپ قالدى، ئۆتكەن ـ كەچكەن ئىشلار ئۈستىدە نۇرغۇن خىياللارنى قىلدى، تۈرلۈك يەكۈنلەرنى چىقاردى، قەتئىيەتلەرنى كۆڭلىگە پۈكتى.

ئاخىرىغا كېلىپ رەيھان «چايان»نىڭ ھەرىكىتىمۇ، سىرتتا يۈرۈشىمۇ، ئۆيگە كەلمەيدىغان ۋاقتىمۇ كۆپىيىشكە باشلىدى.

لېكىن، چاتاق يېرى زەينەپخان موماينىڭ سالامەتلىكى بارغانچە ناچارلاشقىلى تۇردى. ھەدېسە دېمى سىقىلاتتى، مەيدىسىنى بېسىپ ئولتۇرۇپ قالاتتى، كۆزى قاراڭغۇلىشاتتى. بۇنداق ۋاقىتتا قاھار دوختۇرغا ئاپىرىشنىڭ گېپىنى قىلسا زەينەپخان موماي بېشىنى چايقاپ دورىسىنى يەيتتى. ئەمەلىيەتتە، بۇ قاھارنىڭ ياخشى كۆڭلى ئىدى، خالاس. چۈنكى، رەيھان «چايان» رۇخسەت قىلمىغىچە، توغرىسى ئۆزى ئاپارمىغىچە دوختۇرغا بارالمايدىغانلىقىنى ئۇلار ئىككىسىمۇ بىلەتتى.

يېقىندىن بۇيان رەيھان «چايان»نىڭ يېقىملىق بېقىشى، نازى،

يېقىشلىق مۇئامىلىسى، «مېھماندارچىلىقى» كۆپىيىپ قالدى. بۇنىڭدىن قاھارنىڭ كۆڭلىگە قورقۇنچ چۈشتى. «بۇ ئالۋاستىنىڭ قان شورايدىغان ۋاقتى، پۇرسىتى كەلگەن ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدى قاھار ۋەھىمىگە چۈشۈپ. دېمىسىمۇ، رەيھان «چايان» تولىمۇ مۇلايىملىشىپ كەتكەنىدى. كۆن بويى ئىچىلىپ ــ يېيىلىپ يۈرىدىغان، تاماقنىمۇ ئازادە، خۇشال كەيپىيات ئىچىدە يەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. دېمەك، ئالدىمىزدا قاھار قاتارلىقلار قاتىللىق ئوقى بولۇپ، رەيھان «چايان»نىڭ ياسىدىن شىنجاڭغا قاراپ ئېتىلىدۇ. ئوق شۇنداققۇ، نىشانغا تەگسە ئاتقۇچىنىڭ مەرگەنلىكى — تۆھپىسى ھېسابلىنىدۇ، ئەگەر تەگمىسە ئۇ ئوق يېرىم يولدا چۈشۈپ كەتكەن جايىدا ياكى خاتا تېگىپ قالغان يېرىدە ئۇنتۇلىدۇ. ياغا بەرىبىر باشقا بىر ئوق سېلىنىدۇ.

«باشقا كەلگەننى كۆرەرمەن» دېگەن قارارغا كەلدى قاھار.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە زەينەپخان موماي ھويلىدا كىر يېيىۋاتقان يېرىدە يىقىلىپ قالدى. قاھار ئۇنى يۆلەپ ئۆزى بىلىدىغان تەدبىرلەرنى قىلىپ باققان بولسىمۇ، لېكىن زەينەپخان مومايدا ئاجىز تىنىقتىن باشقا ئىنكاس بولمىدى، كۆزلىرى يۇمۇلغان، بەدىنى بوشاشقان... بۇنىڭدىن قورقۇپ كەتكەن قاھار رەيھان «چايان»نىڭ خانىسىغا يۈگۈردى. رەيھان «چايان» ھۇزۇرلىنىپ مۈزىكا تىڭشاپ ئولتۇراتتى.

— ئۇنىڭ بۇ كېسىلى دائىم قوزغىلىپ تۇرىدۇ. دورا ئىچىۋالسىلا ئوڭشىلىپ قالىدۇ، — دېدى رەيھان «چايان» ئېرەنشىمەي.

— بۇنى مەنمۇ بىلىمەن، — دېدى قاھار غەزەپ بىلەن، — لېكىن ھازىر ئەھۋالى بەك ئېغىر، ھوشىدىن كەتكەن ئوخشايدۇ. نېمىلا بولسا دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ باقايلى.

رەيھان «چايان» قاھارنىڭ تۇرقىغا قاراپ ئورنىدىن تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى.

زەينەپخان موماي ھەقىقەتەن ھوشىدىن كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئەھۋالىنىڭ چاتاقلىقىنى پەملىگەن رەيھان «چايان» مومايىنى

دوختۇرخانىغا ئاپىرىشقا قوشۇلدى. ئۇ خانىسىغا كىرىپ كېتىپ تېلېفون ئۇرغاندەك قىلىۋېدى، بىر دەمدىلا دەرۋازا ئالدىدا ماشىنىنىڭ سىگنال ئاۋازى ئاڭلاندى.

تاقىر باشلار يەنە شۇ ھېسسىياتسىز، سوغۇق تەلەتى بىلەن زەينەپخان مومايىنى خۇددى بىر تاغار تاشلاندۇق نەرسىنى كۆتۈرگەندەك قوپال ھەرىكەتلەر بىلەن كۆتۈرۈپ ماشىنىغا سالدى، قاھار بىلەن رەيھانمۇ ماشىنىغا چىقتى.

ماشىنا ئۇلارنى بىر دەمدىلا شىئەن شەھەرلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ باردى. ئاللىبۇرۇن خەۋەر بېرىۋېتىلگەنمۇ، قاھار دوختۇرخانىنىڭ دەرۋازىسىدا، ئامبۇلاتورىيە بىناسىنىڭ پەلەمپىيىدە رەيھان «چايان»نىڭ بىر نەچچە قۇلاق كەستىسىنىڭ ئايلىنىپ يۈرگەنلىكىنى كۆردى. بەلكىم، بىنانىڭ ئىچىدىمۇ بولۇشى مۇمكىن. بۇ «چايان» ھەقىقەتەن ھىيلىگەر ئىكەن. شۇنچە جىددىيچىلىك ئىچىدىمۇ قوغدىنىش تەدبىرلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بوپتۇ.

قاھارنىڭ تېخىمۇ ھەيران قالغىنى شۇ بولدىكى، بىر دوختۇر ئۇلارنى كۈتۈپ تەخ بولۇپ تۇرۇپتۇ. ئەھۋال چۈشىنىشلىك، بۇ يەردە ھەممە ئىش ئالدىنئالا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ بولۇنغان.

دوختۇر زەينەپخان مومايىنى بىر دەمدىلا تەكشۈرۈپ بولدى:

— كېسىلى ئېغىرلىشىپ قاپتۇ. نەچچە كۈن ئوكۇل سالمىساق بولمايدۇ. بولسا ياتاقتا ياتسۇن.

تاقىر باش دوختۇرنى بىر چەتكە تارتىپ بىرنەرسە دېۋىدى، دوختۇر بېشىنى لىڭشىتتى:

— ئۇنداق بولسا ئون كۈنلۈك ئوكۇل يېزىپ بېرەي. ئۆيۈڭلارنىڭ ئەتراپىدا خۇسۇسىي ئامبۇلاتورىيە بولسا، بىرەر سېسترا ئۆيۈڭلەرگە بېرىپلا ئوكۇل قىلىپ قويسىمۇ بولىدۇ. ھازىرچە مۇنۇ دورىنى يەپ تۇرسۇن، ئەمما بۇنىڭدىن كېيىن دوختۇرنىڭ رۇخسىتىسىز يېمىسۇن.

دوختۇر دېگەنلىرىنى بىر قەغەزگە يېزىپ بەردى.

زەينەپخان مومايغا دورا ئىچۈرۈلۈپ ئازدىن كېيىن ئۇ كۆزىنى ئاچتى. بۇنى كۆرۈپ ئۇلار زەينەپخان مومايىنى يۆلەپ بۆلۈمدىن چىقتى. قاھار گەرچە ئۇلارنىڭ زەينەپخان مومايىنى ياتاقتا ياتقۇزمىغىنىغا نارازى بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ بولغان بولغاچقا ئارتۇقچە بىر نەرسە دېيەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئاچچىقىنى يۇتۇۋېتىشكە مەجبۇر بولدى.

ئۇلار ئىككىنچى قەۋەتكە چۈشۈپ، بۆلۈملەرنى بويلاپ دورىخانا تەرەپكە ماڭدى. تاقىر باشلار چىرايىدا سوغۇقلۇق قېتىپ قالغان پېتى ئالدىغا قاراپ مېڭىۋەردى. رەيھان «چايان» بولسا بۇ يەردىن چاققانراق كېتىشكە تاقەتسىزلىنىۋاتقاندەك پات - پات سائەتكە قاراپ قوياتتى. قاھار روھى چۈشكەن ھالدا بۆلۈملەرنىڭ ئىچىگە مەقسەتسىزلا قارىغاچ ئۇلارغا ئەگىشىپ كېتىپ باراتتى. ئىچىدە بولسا: «ئۇلارنىڭ ئاجىز بىر بىمارغا قىلىۋاتقىنى مۇشۇ بولسا، ئۇلاردىن قىلچىلىكمۇ مېھىر - شەپقەت كۈتكىلى بولمىغۇدەك. ئەگەر زەينەپخان موماي ياخشى بولۇپ كەتسە، بىر قېچىپ باقاي. ئۇلارنىڭ قولىدا بۇنداق خارلىنىپ، ئۆلۈمنى كۈتۈپ تۇرغاندىن مىڭ ياخشى» دېگەنلەرنى ئويلايتتى.

ئۇ شۇ ھال ۋە خىيال بىلەن كېتىپ بارغاندا، تۇيۇقسىز بىر بۆلۈم ئىچىدە بىر تونۇش چىراي ئۇنىڭغا لەپپىدە قارىغاندەك قىلدى. ئۇ چىرايمۇ قاھارغا تونۇشتەكلا بىلىندى. ئەمما بۇ يەردە ئۇنىڭ تونۇشى نېمە قىلسۇن؟ ھازىر ئۇنىڭ ھەممە تونۇشلىرى كۆز ئالدىدىكى زەھەرخەندە ئادەملەر تۇرسا!

يادىغا بىر نەرسە يەتكەن قاھارنىڭ قەدىمى توختىدى.

«توغرا، ليۇ دامىڭ،— قاھارنىڭ ئېسىگە كەلدى،— بۇ يەردە — بۇ دوختۇرخانىدا ليۇ دامىڭ بار. بايىقى تونۇش چىراي ئاشۇ ليۇ دوختۇر!»

قاھار ئۆزىنى باسالماي قالدى. ئىچ - ئىچىدىن بىراقلا ئۇرغۇپ چىققان دەۋەت كۈچىدىن ئۇ ئۆزىنى ئاشۇ بۆلۈمگە ئاتتى...

قالغانلار نېمە بولغىنىنى بىلەلمەي بىر - بىرىگە قارىشىپ

نەچچە سېكۇنت تۇرۇپ قېلىشتى. بىراق رەيھان «چايان»نىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى، كۆزلىرى دەھشەتلىك چەكچەيدى.

بۇنىڭ مەنىسىنى چۈشەنگەن تاقىر باشنىڭ بىرى دەرھال قاھار كىرىپ كەتكەن بۆلۈمنىڭ ئالدىغا باردى. ئەمما ئۇ بۆلۈمنىڭ ئىچىگە قاراپ ئىشىك تۈۋىدىلا تۇرۇپ قالدى ۋە رەيھان «چايان»غا سوئال نەزىرى بىلەن قارىدى. رەيھان «چايان»مۇ ئىتتىك قەدەملەر بىلەن ئىشىك تۈۋىگە باردى ۋە بۆلۈمنىڭ ئىچىگە بىرلا قاراپ، ياندىكى بىرىگە ئىشارەت قىلىپ قويۇپ كەينىگە ياندى.

# ئون ئالتىنچى باب

قاھار بۆلۈمدە بىر خەنزۇ دوختۇرنىڭ قولىنى چىڭڭىدە تۇتۇۋالغانىدى. رەيھان «چايان» ئىشىك تۈۋىگە كەلگەندە قاتتىق ھاياجانلىنىپ كەتكەن قاھار قايتا ــ قايتا:

— ليۇ دوختۇر، مېنى تونىدىڭىزمۇ؟ بىز پويىزدا ئۇچراشقان، مەن ھېلىقى قاھار، — دەۋاتاتتى.

ئۇ كىشى قاھار بىلەن پويىزدا ھەمسۆھبەتتە بولغان ھېلىقى ليۇ دامىڭ دېگەن دوختۇر ئىدى.

ليۇ دوختۇر قاھارنى ناھايىتى تەستە يادىغا ئالدى. شۇنىڭ بىلەن ليۇ دوختۇر ئۇنىڭدىن قىزغىنلىق بىلەن ئەھۋال سورىدى.

— ليۇ دوختۇر، مېنىڭ ئوڭ بىقىنىم بەك ئاغرىپ بولمايۋاتىدۇ، — دېدى قاھار ئۇنىڭ ئەھۋال سورىشىنى بۆلۈپ، ليۇ دوختۇر قولىدىكى ماتېرىيالنى قويۇپ ئورنىدىن تۇردى:

— يۈرۈڭ، سىزنى ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىگە ئاپىراي.

— ياق، ياق! مېنى ئۆزىڭىز تەكشۈرمىسىڭىز بولمايدۇ، — دېدى قاھار جىددىيلىشىپ ۋە ئىشىككە قاراپ.

ئۇنىڭ ئەنسىز تۇرقى ۋە جىددىي تەلەپپۇزىدىن بىر نەرسىنى سەزگەن ليۇ دوختۇر ئۇنى ئىچىدىكى خانىگە باشلىدى.

— نېمە ئىش بولدى؟ — دېدى ليۇ دوختۇرمۇ ئالدىراپ.

— ئۆزۈم سودىمىز ئوبدان بولغان، بۇلار بىزنى ئالداپ ئۆزۈملىرىمىزنى ئېلىۋېلىپ پۇلىنى بەرمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇلار خىروئىن ساتىدىكەن. مېنى يوق باھانە بىلەن تۇتۇۋالغىلى بىر يىل بولدى. قېچىپ كېتەي دېسەم ھەممە يەردە ئادەملىرى بار ئىكەن. ئەمدى ئۇلار مېنى خىروئىن سېتىشقا سالماقچى.

— بۇ ئىشلارنى مەن بىلىپ كېتەلمىگۈدەكمەن، — دېدى ليۇ

دوختۇر ئويلىنىپ، ــ مۇنداق بولسۇن، مېنىڭ بىر ساقچى ئاغىنەم بار، شۇ كەلسۇن. ئۇنىڭ مەسلىھەتىنى ئاڭلاپ باقايلى.

ساقچى كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ قاھارنىڭ كۆڭلى جايىغا چۈشكەندەك بولدى.

ليۇ دوختۇر بىرىگە تېلېفون قىلىپ ئەھۋالنى قىسقىچىلا تونۇشتۇردى ۋە ئاخىرىدا:

ــ تېزرەك كەلسەڭ، ــ دەپ تاپىلىدى.

ــ سىز مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ، مەن ئىشىمنى قىلغاچ تۇراي، ــ ليۇ دوختۇر شۇنداق دەپ سىرتقى خانىغا چىقىپ كەتتى.

يالغۇز قالغان قاھار«ھەي، نېمىشقا بۇ دوختۇرنى بالدۇرراق يادىمغا ئالمىغاندىمەن؟ ئۇنى بالدۇرراق ئىزدىگەن بولسام بۇ كەمگىچە قېقىلىپ ـ سوقۇلۇپ يۈرمىگەن، مۇنداق ئېغىر كۈنگىمۇ قالمىغان بولاتتىم. ساقچى تېزرەك كېلىپ بىر ئامالىنى قىلسا بولاتتى...» دەپ ئويلىدى.

ۋاقىت ئۆتمەكتە. قاھارغا بولسا ساقچى كەلسىلا ئۇنى بىخەتەر ھالدا شىنجاڭغا بارىدىغان پويىزغا سېلىپ قويىدىغاندەك بىلىنىپ، ھەدەپ تامدىكى سائەتكە قاراپ بەك تىتىلداپ كەتتى.

ئاشۇنداق تاقەتسىزلىنىپ ئولتۇرغان قاھار تۇيۇقسىز بىر نەرسىنى يادىغا ئېلىپ دېرىزە يېنىغا بېرىپ پەسكە قارىدى.

دەرۋەقە، قاھار ئەندىشە قىلغاندەك بىنا ئالدىدا بىر نەچچە يوچۇن كىشى ئايلىنىپ يۈرەتتى. قاھار بىر قاراپلا بىلدى: رەيھان «چايان» بۇ ئەتراپقا ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغان، ئېنىقكى، ئۇنىڭ ئادەملىرى شۇ تاپتا بىنا ئىچىدىمۇ تەخ بولۇپ تۇرۇپتۇ. «ئۇلار ساقچىنىمۇ چېقىۋالماس» دەپ ئويلىدى قاھار.

بىر چاغدا ليۇ دوختۇر پۇقراچە كىيىنگەن، بەستلىك بىرىنى باشلاپ كىردى.

ــ بۇ ئەلى. شىئەن شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى جىنايى ئىشلار ئەترىتىنىڭ ساقچىسى.

ــ ھە! ــ قاھار ھەيران قالدى.

— توغرا، بۇياق ئۇيغۇر ساقچى،— دېدى ليۇ دوختۇر كۈلۈپ.
— بۇ يەردە تىجارەت ۋە باشقا ئىشلار بىلەن تۇرۇپ قالغان ئۇيغۇرلار كۆپ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ ئەھۋالى مۇرەككەپ بولغاچقا شىنجاڭدىن كەلگەن ئۈچىمىز بۇ يەردە ئىشلەۋاتىمىز. قالغان ئىككىسى خىزمەت بىلەن بېيجىڭغا كەتتى.
بۇنىڭدىن قاھارنىڭ كۆڭلى يورۇپ كەتكەندەك بولدى. ئۇلارنىڭ سۆزى ئەمەلىي ئىشقا كۆچتى.
قاھار بىر قىسىم ئەھۋاللارنى يوشۇرۇپ، ئۇنىڭغىمۇ ليۇ دوختۇرغا دېگەن بويىچە قىسقىچە چۈشەندۈردى.
— شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئادەملىرى مۇشۇ ئەتراپتىلا بار، مەن تونۇپ بېرەلەيمەن،— دېدى قاھار ئالدىراپ. ئەلى ساقچى بېشىنى چايقاپ كۈلدى:
— پاكىت تولۇق بولمىسا بولمايدۇ. بۇنداقلار بەك ھىيلىگەر كېلىدۇ. پاكىتلار تولۇق، تەخ بولغاندا قول سالمىساق، ئۇلار ئاسانلا قۇتۇلۇپ قالىدۇ، ئېغىر جازالىنىشىمۇ بولمايدۇ.
ئەلى ساقچىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قاھار ئۈمىدسىزلىنىپ پەسكويغا چۈشتى. ئەلى ساقچى بولسا بىر ئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، بىر قىسىم سوئاللارنى سوراپ خاتىرىلىۋالدى. ئاندىن:
— بايا ليۇ دوختۇر ماڭا ئېيتتى. ھازىرقى مۇھىم ئىش سىزنى ئۇلارغا بىلىندۇرمەي شىنجاڭغا يولغا سېلىپ قويۇش. بىز ئەتراپلىق رازۋېدكا قىلىپ، پۇرسەت پىشىپ يېتىلگەندە ئۇلارنى بىر تەرەپ قىلىمىز. بۇنىڭغا ۋاقىت كېتىدۇ،— دېدى. قاھار بېشىنى لىڭشىتتى.
— قاھارنى يولغا سېلىپ قويۇشمۇ ئۇنداق ئاسان ئەمەستۇ؟— دېدى ليۇ دوختۇر.
— شۇنداق،— دېدى ئەلى ساقچى،— شۇ تاپتا ئۇنى شىئەن پويىز ئىستانسىسىدىن يولغا سېلىپ قويغىلى بولمايدۇ.
بۇنى ئاڭلىغان قاھار يەنە بوشاشتى.
— ئەھۋالدىن قارىغاندا ئۇلار قارا جەمئىيەت تۈسىنى ئالغان ئوخشايدۇ، شۇڭا ئۇلارنىڭ جىنايەت تورى كەڭ يېيىلغان بولىدۇ،

ھەممە يەردە كۆز ـ قۇلاقلىرى بار. ساددىلىق بىلەن قاچقانلار ئاسانلا ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالىدۇ. ئۇلار ئۇنداقلارغا ھەرگىز رەھىم قىلماي ئۆلتۈرمايدۇ. زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلار ئالدىراپ ساقچىغا مەلۇم قىلالمايدۇ. نېمە ئۈچۈن دېگەندە، ئۇلارنىڭمۇ ئىلگىرى ئۆتكۈزۈپ قويغان جىنايەتلىرى بولىدۇ. ئاساسلىقى زەھەر چېكىش، سېتىش جىنايىتى. شۇڭا، رەيھان «چايان» دېگەندەكلەرنىڭ جىنايى پاكىتلىرىنى تېپىش بەك تەس.

ئاڭلىغانچە قاھارنىڭ بېشى چۈشۈپ كەتتى.

ــ ئۇنداقتا، قۇتۇلۇش يولى يوقمۇ؟ ــ سورىدى لىيۇ دوختۇر.

ــ ھازىرقى ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇل قاھارنى ئۇلارغا تۇيدۇرماي باشقا بىر جايغا ئاپىرىپ شۇ يەردىن يولغا سېلىپ قويۇش، بۇنى قىلغىلى بولىدۇ.

بۇنى ئاڭلىغان قاھارنىڭ كەيپىياتى يەنە ياخشىلاندى. شۇ تاپتا قاھارنىڭ ھالى تېرمومېتىرغا ئوخشاپ قالغانىدى، گويا تېرمومېتىردىكى سىماب تۈۋرۈكى ھاۋا ئىسسىسا ئۆرلەپ، مۇزلىسا دەرھال چۈشكەنگە ئوخشاش.

ــ ئۇنداقتا، قاھارنى نەدىن يولغا سېلىپ قويىمىز؟ ــ سورىدى لىيۇ دوختۇر. لىيۇ دوختۇر قاھارنىڭ بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كۆڭۈل بۆلۈۋاتاتتى. بۇنى قاھار بىلەن ئەلى ساقچى ئىككىسىلا بىلىپ تۇرۇۋاتاتتى. بۇنىڭدىن قاھارنىڭ كۆڭلى سۆيۈندى.

ــ مۇنداق قىلايلى، مەن سەل تۇرۇپ قاھارنى ئىدارىگە ئەكېتەي، سەن يېرىم سائەتلەردىن كېيىن رۇخسەت سوراپ ئىدارىگە بار. ئۇنى كەچقۇرۇن شەنياڭ شەھىرىگە ئاپىرىپ شۇ يەردىن يولغا سېلىپ قويايلى. شۇنداق قىلساق، رەيھان «چايان»نىڭ كۆز ـ قۇلاقلىرى چاتاق سالالمايدۇ، ئىزىمىزغىمۇ چۈشەلمەيدۇ.

ئەلى ساقچىنىڭ بۇ قارارى لىيۇ دوختۇر ۋە قاھارنى بەكلا خۇشال قىلىۋەتتى.

ــ بۇ «چايان»نى چاققانراق تۇتسائىلار بولاتتى، ــ دېدى قاھار ئۆزى ھەققىدىكى گەپ تۈگىگەندىن كېيىن، ــ بايا بۇ يەرگە

ئەكەلگەن زەينەپخان دېگەن موماي ئۇنىڭ قولىدا بەكلا خارلىنىۋاتىدۇ.

— خاتىرجەم بول، مەن خاتىرىلىۋالدىم،— دېدى ئەلى ساقچى ۋە بىرنەگە تېلېفون قىلىپ بۇ يەرگە كېلىشنى ئېيتتى.

ئارىدىن ئون مىنۇتتەك ئۆتۈپ بىر ساقچى ماشىنىسى تېرىگاۋ سىگنالىنى ياڭراتقىنىچە دوختۇرخانا هويلىسىغا كىرىپ كەلدى.

— بىز ماڭايلى. سەن هايال بولما،— دېدى ئەلى ساقچى ئورنىدىن تۇرۇپ.

ئۇلار خوشلاشتى.

ساقچى ماشىنىسى دوختۇرخانىنىڭ هويلىسىدىن چىققاندا قاھار بىرنىنىڭ يۈگۈرۈپ دېگۈدەك چوڭ يولغا چىقىپ كىرا ماشىنىسى توسىۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلدى، ئەمما ساقچى ماشىنىسى دوقمۇشتىن بۇرۇلۇپلا ئۇچقاندەك مېڭىپ كەتتى.

— قورقما، ئەگەشسە ئەگىشىۋەرسۇن،— دېدى ئەلى ساقچى ئۇنىڭ ئىچىدىكىنى بىلىۋالغاندەك.

※ ※ ※

كەچكە يېقىن لىيۇ دوختۇر ئەلى ساقچىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلدى.

— ئىشلىرىمنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدۇم،— دېدى لىيۇ دوختۇر.

— ئۇنداقتا، ماڭايلى،— دېدى ئەلى ساقچى ۋە ئۇلارنى باشلاپ ئارقا ئىشىك بىلەن بىنانىڭ كەينى تەرىپىگە ئۆتتى.

ئۇ يەردە بىر ساقچى پىكاپى بار ئىدى.

— قېنى ماشىنىغا چىقىڭلار،— دېدى ئەلى ساقچى رولدا ئۆزى ئولتۇرۇپ.

ماشىنا دەرۋازىدىن چىققاندا قاھار دەرەخ تۈۋىدىكى تونۇش پىكاپقا يۆلىنىپ تۇرغان تاقىر باشنى كۆردى. تاقىر باش ساقچى

ئىدارىسىنىڭ بىناسىغا مىختەك قادىلىپ تۇراتتى. ئەلۋەتتە، ئۇ قاھارلارنىڭ چىقىپ كەتكىنىنى تۇيماي قالدى.

— قېنى ساقلاپ باقە، قانچىلىك ساقلىيالايدىغىنىڭنى بىر كۆرۈپ باقاي،— دېدى ئەلى ساقچى مىيىقىدا كۈلۈپ. شۇنىڭدىلا قاھار ماشىنىغا نېمە ئۈچۈن بىنانىڭ كەينىدىن چىققىنىنى بىلدى. ئەلى ساقچى ھەقىقەتەن ئەتراپلىق ئويلايدىكەن.

ماشىنا بىردەمدىلا شەھەر ئىچىدىن چىقىپ شەنياڭ شەھىرىگە ئۇچقاندەك مېڭىپ كەتتى.

شەنياڭ شەھىرى شىئەن شەھىرىگە يەتمىش كىلومېتىردەك كېلىدىغان گۈزەل شەھەر ئىدى.

ئۇلار شەھەردىن خېلى ئۇزىغاندىن كېيىنلا قاھار «ئۇھ» دېدى. ئۇ خېلىلا يېنىكلەپ قالغانىدى.

— ئەمدى يەنە بىر ئىش بار،— دېدى ئەلى ساقچى،— قاھار يۇرتىغا بارسا ئۇلار نەچچە ئون كۈنگە قالمايلا ئۇنى تېپىۋالىدۇ.

— ئۇلار شۇ يەرگىمۇ ئىزدەپ بارامدۇ؟— چۆچۈپ سورىدى قاھار.

— بارىدۇ،— دېدى ئەلى ساقچى كېسىپلا،— ئۇلارنى بوش چاغلىساق بولمايدۇ. ئۇلار ھازىر ھەممە تەييارلىقلارنى قىلىپ بولدى، نەچچە كۈنگىچە خەۋىرىڭنى ئالالمىسا، ھېلىقى «چايان» پىچان پويىز ئىستانسىسىغا، ئاپتوبۇس بېكىتىگە ۋە يۇرتۇڭغا ئادەم ئەۋەتىدۇ.

— ئۇنداق بولسا ئۇنى يولغا سېلىپ قويۇپ نېمە قىلىمىز؟— سورىدى لىيۇ دوختۇر ئەلى ساقچىنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى چۈشىنەلمەي.

— شۇڭا سىلەرگە مەسلىھەت سېلىۋاتىمەن،— دېدى ئەلى ساقچى،— قاھار ھازىرچە يۇرتىغا قايتماي، باشقا بىر يەردە بىرەر يىلدەك ۋاقىتنى ئۆتكۈزسۇن. قېچىپ كەتكەنلەرنىڭ مۇشۇنداق قىلغانلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئامان قالغان. بولمىسا ئىش چاتاق. ئۇلار ھەتتا بەزىلەرنى ئۆيىدىن تۇتۇپ قايتۇرۇپ كېلىدۇ. قاھارمۇ باشقا بىر يەردە مەلۇم ۋاقىت پاناھلىنىپ تۇرسا، ئۇلار ئىزدەشتىن

يالتىيىدۇ. ئاڭغىچە بىزمۇ ئۇلارنى قولغا چۈشۈرۈپ بولىمىز. ئېيتقىنە، سەن نەدە تۇرساڭ ئەپلىك؟

بۇنداق ئىشنىڭ بارلىقىنى ئويلىمىغان قاھار لەسسىدە بولۇپ قالدى. باياتىندىن بېرى نورمال بولۇپ قالغان «تېرمومېتىر»نىڭ سىماب تۈۋرۈكى يەنە قالايمىقان ئۆرلەپ ـ چۈشۈشكە باشلىدى.

دېمىسىمۇ، قاھار نەگىمۇ بارالىسۇن؟ رەيھان «چايان»غا تۇيۇقلۇق ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بولغان. تۇرپانغىچۇ؟ ئۇ يەرگە كىمنى دەپ بارىدۇ؟ كىم ئۇنىڭغا پاناھلىق بېرىدۇ؟ ئىبادەتخان ئانا، رېھىم شەپقەتلەر يەنە ئۇنىڭغا قۇچاق ئاچار، ئەمما شۇنىڭلىق بىلەنلا ئۇ يەردە خاتىرجەم ياشىغىلى بولامدۇ؟ ناۋادا، رەيھان «چايان» ئۇ يەرنىمۇ بىلىپ بولغان بولسىچۇ؟ داۋۇتلار چاتاق تاپسىچۇ؟ ئاپىسى ئۇنىڭغا قانچىلىك ئىگە بولالار؟ قاھار ـــ قەيسەر ئاپىسىنى يادىغا ئېلىشى بىلەن دەرھال ھازىرقى ھالىنى ئۇنتىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئازابلىق كەچۈرمىشلەر، ئانا سېغىنىچى، خورلىنىش، باشپاناھسىز تۇرمۇشنى ئەسلەپ، ئازاب ـ ئوقۇبەتلىك خىيالغا ئەسىر بولۇپ تۇرۇۋېدى، ليۇ دوختۇرنىڭ سۆزى ئۇنى رېئاللىققا قايتۇردى:

ـــ مۇنداق بولسا قانداق، ـــ دېدى ليۇ دوختۇر خۇشاللىق بىلەن، ـــ قاھار قۇمۇلدا تۇرسۇن. قۇمۇلدا ئىلگىرى قۇمۇل شەھەرلىك دوختۇرخانىدا كاتىپلىق قىلغان ئابلىز ئۆمەر دەيدىغان بىر ئاغىنەم بار، ئۆزى شائىر. ھازىر «قۇمۇل گېزىتى»گە يۆتكىلىپ كېلىپ شۇ يەردە ئىشلەۋاتىدۇ. ناھايىتى پائالىيەتچان، مۇناسىۋەتكىمۇ ماھىر. ئۇ قاھارغا چوقۇم ياردەم قىلالايدۇ.

ـــ ياخشى گەپ، ـــ دېدى ئەلى ساقچى رولغا يېنىك مۇشتلاپ.

ـــ سىز خاتىرجەم مېڭىۋېرىڭ، مەن ئۇنىڭغا تېلېفون قىلىپ قويىمەن. ئۇ ئالدىڭىزغا چىقىدۇ، ـــ دېدى ليۇ دوختۇرمۇ.

قاھار: «ئۇلاردىن قۇتۇلۇپ، كېيىنكى ئىشلىرىمنى قىلىۋالىدىغانلا ئىش بولسا، مەيلى، قۇمۇلدا تۇرسامىمۇ تۇراي» دەپ ئويلاپ بېشىنى لىڭشىتتى.

— ئۇنداق بولسا، شۇ بويىچە بولسۇن،— دېدى ئەلى ساقچى،— لېكىن شۇ ئېسىڭدە بولسۇن، سەن ئالدىراپ ئۆيۈڭدىكىلەر ۋە دوست - بۇرادەرلىرىڭ بىلەن خەت - ئالاقە قىلما. بۇ بەك خەتەرلىك.

قاھار كۆڭلى يېرىم بولغان ھالدا بېشىنى لىڭشىتتى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئۇنىڭ بىرمۇنچە قەدىردانلىرى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ئاستا - ئاستا يىراقلاپ كەتكەندەك بولدى. بۇ ساقچىلار نېمىدېگەن سەزگۈر ۋە ئەتراپلىق ئويلايدۇ - ھە!

شەنياڭ پويىز ئىستانسىسىدا ليۇ دوختۇر ئۇنىڭ قولىغا بېلەتنى تۇتقۇزغاندىن كېيىن، يەنە ئۈچ يۈز يۈەن پۇلنى ئۇنىڭغا تەڭلىدى:

— ئاز بولسىمۇ تۇرمۇشىڭىزغا ئىشلىتەرسىز.

قاھار، ئەلۋەتتە بۇ ياردەمنى رەت قىلالمايتتى، ئۇ پۇلنى ئالدى.

پويىز قوزغالدى. «مەن سىلەرنىڭ بۇ ياخشىلىقىڭلارنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن» دەپ ئويلىدى قاھار چوڭقۇر مىننەتدارلىق تۇيغۇسى بىلەن. ئۇ ئەينى ۋاقىتتا ئىبادەتخان ئالىدىن، رېھىم شەپقەتتىن، يەنە نۇرغۇن كىشىلەردىن ئەنە شۇنداق مىننەتدار بولغانىدى. شۇنداق، جاھاندا ياخشىلار ياخشى ئەمەللىرى بىلەن ئۇنتۇلمايدۇ، ئەسكىلەر بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار تېخىمۇ ئۇنتۇلمايدۇ.

※ ※ ※

شۇ تاپتا كاتتا قورونى جىمجىتلىق قاپلىغانىدى. رەيھان «چايان»نىڭ نەشتىرى ئۆتكۈرلەشكەن، زەھىرى قىيامىغا يەتكەن، تاقىر باشلارنىڭ قوللىرى قىچىشىپ، غىلاپتىكى پىچاقلىرى تاقەتسىزلىنىپ كەتكەنىدى.

— ئۇنىڭ ھېلىقى دوختۇر بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى باردۇ؟— سورىدى رەيھان «چايان» چىشىنى غۇچۇرلىتىپ.

— پەقەت ئۇقۇشلۇق بولمىدى،— دېدى بىر تاقىر باش.

— ئۇ ھازىرغىچىلا ساقچى ئىدارىسىدىمۇ؟

— ھەئە. ھازىرغىچە ئۇنىڭ چىققىنىنى كۆرمىدىم،— دېدى يەنە بىر تاقىر باش.

— مېنىڭچە، ساقچىلار ئۇنى مەخپىي ھالدا يۆتكىۋەتتى.

بۇنىڭغا باشقىلار ئىپادە بىلدۈرمىدى. رەيھان «چايان»نىڭ بولسا تەپەككۇرى تېزلىشىپ كەتكەنىدى، ھەر تۈرلۈك خىياللارنى قىلاتتى.

— بەلكىم ئۇ بىزنى پاش قىلغان بولۇشى مۇمكىن، — دېدى ئۇ قورقۇۋاتقان ئېھتىماللىقنى ئاشكارىلاپ، — بۇنىڭغىمۇ ئامال قىلغىلى بولىدۇ. ئەڭ ياخشىسى، ھازىردىن باشلاپ ئېھتىيات قىلايلى.

— قانداق قىلىمىز؟

— مۇنۇ مومايىنى ھازىرلا خۇمدان يېنىدىكى ئۆيگە ئاپىرىۋېتىڭلار. قالغان ئادەملەرگە دەڭلار، بەش - ئون كۈنگىچە ئىش تېرىماي جىم يۈرسۇن. سەن ھازىرلا مۇنۇ خوتۇننى بۇ قورودىن يوقات.

بىر تاقىر باش دەرھال سىرتقا ماڭدى.

— سەن ئادەملىرىڭگە ئېيت، بېكەتلەرگە ئوبدان قارىسۇن. ئەگەر ئۇنى بايقىسا بۇرۇنقىدەك بىر تەرەپ قىلسۇن. ئۇنى ئالدىمغا تىرىك ئەكەلسىلا بولىدۇ. ئۆزۈڭ يەنە بىر ئادەمنى ئېلىپ ئەتىلا ئۈرۈمچىگە ئۇچ، ئۇ يەردىن ماشىنا بىلەن پىچانغا بار. پويىز ئىستانسىسىغا بېرىپ ئوبدان كۆزىتىڭلار. تاپالمىساڭلار يۇرتىغا بېرىپ تىڭتىڭلاڭلار، ئەھۋال بولسا ماڭا مەلۇم قىلىڭلار. مەن ساقچىدىكى ئادەملىرىمىز بىلەن ئالاقىلىشىپ باقاي.

يەنە بىر تاقىر باشمۇ چىقىپ كەتتى.

«شۇنچە بېقىپ ئەمدى پايدىسىنى كۆرىدىغان چاغدا... خەپ، قانداقلىقىمنى كۆزۈڭگە بىر كۆرسىتىپ قويمايدىغان بولسام...» رەيھان «چايان» تېرىككىنىدىن ئۆلگۈدەك بولۇپ تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قولىغا ئالدى:

— ۋەي، ۋاڭ ساقچىمۇ؟...

※ ※ ※

ئىككىنچى كۈنى چاشگاھ ۋاقتى بىلەن پويىزنىڭ كانىيىدىن

«بىزنىڭ شىنجاڭ ياخشى جاي» دېگەن ناخشا ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ناخشا ئاڭلانغاندىن كېيىن ئەتراپتىكى كىشىلەر «شىنجاڭ تەۋەسىگە كىرىپتىمىز»، «شىڭشىڭشياغا كەپتىمىز» دېيىشىپ كەتتى. بۇنى ئاڭلىغان قاھار شىنجاڭغا يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلىپ ھاياجانلاندى. يىراقلاردىن كۆرۈنۈپ تۇرغان تاغلار گەرچە شىنجاڭغا كەلگۈچە يول بويىدا كۆرۈنگەن يېشىللىققا پۈركەنگەن، مەنزىرىلىك تاغلارنىڭ ئەكسىچە تاقىر بولسىمۇ قاھارغا ناھايىتى يېقىملىق، ئىسسىق كۆرۈندى. «ياخشى ئادەملەر ھەممە جايدا بار ئىكەن. شۇلارنىڭ ھىممىتى بىلەن قۇمۇلدىكى كۈنلىرىممۇ تېزلا ئۆتۈپ كېتەر» دەپ ئويلىدى ئۇ.

قاھار پويىزدىن چۈشۈپ كۈتۈش زالىغا قەدەم قويدى. زالدا كۈتۈۋالغىلى چىققانلار، ئۇزاتقىلى چىققانلار كۆپ ئىدى. بۇلارنى كۆرۈپ «ئابلىز دېگەن ئادەمنى قانداقمۇ تاپارمەن» دەپ قاھارنىڭ بېشى قاتتى ۋە كىشىلەر توپى ئىچىگە نەزەر تاشلىدى. ئويلىمىغان يەردىن شۇنچە كۆپ كىشىلەر توپى ئىچىدىن «قاھار» دەپ خەت يېزىلغان بىر ۋاراق قەغەز ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتتى.

مەقسەتنى چۈشەنگەندەك بولغان قاھار ئۇدۇل شۇ قەغەزنى كۆتۈرۈۋالغان كىشىنىڭ يېنىغا باردى. قەغەزنى كۆتۈرۈپ تۇرغان ئوتتۇرا بوي، چېچىنى قىسقا قىلىپ ياستىۋالغان، ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەرگە خاس كىيىنىۋالغان، بۇغداي ئۆڭ كىشى كۈلۈمسىرىگىنىچە سورىدى:

— سىز قاھار بولامسىز؟

بۇ ئاۋاز تولىمۇ يۇمشاق ۋە سىلىق ئىدى. بۇ ئاۋازدىن باھارنىڭ ئىللىق شامىلىنى ھېس قىلغان قاھار بېشىنى لىڭشىتتى.

— مەن ئابلىز ئۆمەر، لىيۇ دوختۇرلار ماڭا خەۋەر قىلغان.

قاھار خۇشاللىق بىلەن ئۇنىڭغا قول ئۇزاتتى. ئابلىز ھەقىقەتەن قىزغىن، پاراڭخۇمار ئادەم ئىكەن. ئۇ قۇمۇللۇقلارغا خاس تەلەپپۇز ۋە گەپ قىلىش ئادىتى بويىچە پويىز ئىستانسىسىدىن چىققىچىلا لىيۇ دوختۇر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بىر قۇر سۆزلەپ ئۆتتى.

قۇمۇل پويىز ئىستانسىسى شەھەرنىڭ ئاۋات يېرىدە ئىكەن. قاھار سىرتقا چىقىپلا ئاۋات مەنزىرىنى كۆرۈپ كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالدى. ئابلىز دەرھال بىر تاكسىنى توسىدى:

— قاھارجان، ماشىنىغا چىقسىلاكى.

قاھار ئۇنىڭ سۆزىدىن ھەيران قالغان بولسىمۇ، ھەيرانلىقىنى يوشۇرۇشقا تىرىشىپ ماشىنىغا چىقتى، ماشىنا بىردەمدىلا ئۇلارنى بارار مەنزىلىگە يەتكۈزدى.

قاھار ماشىنىدىن چۈشۈپلا «مەشرەپ رېستورانى» دېگەن خەت يېزىلغان ھەيۋەتلىك ۋىۋىسكىنى كۆردى.

بۇنى كۆرگەن قاھار سەل ئارىسالدى بولۇپ تۇرۇپ قالدى.

— ماڭسىلاكى،— دېدى پەلەمپەيگە چىقىپ بولغان ئابلىز ئۇنى ئالدىرىتىپ. ئۇلار رېستوراننىڭ ئىچىگە كىرىشتى.

ئۇلار ئۇيغۇرچە بېزەلگەن ئايرىمخانىغا كىرگەندىن كېيىن ئابلىز كۈتكۈچى قىزدىن سورىدى:

— ئەمەت كىچىك بارمۇ؟

— يوقلا.

— نەگە كەتتى؟

— پالۋانتۇرغا كەتكەن، چۈشتىن كېيىن كېلىدۇ.

— بىزگە قۇمۇل ياپمىسىدىن بىرنى ئېتىپ بەرسىلە.

ئابلىز تاماكىسىنى چىقىرىپ قاھارغا تەڭلىدى:

— رەھمەت، مەن ئۆگەنمىگەن،— دېدى قاھار. ئابلىز تاماكىسىغا ئوت تۇتاشتۇردى:

— بۇ رېستوراننى ئاچقان مېنىڭ ئاكا ئاغىنەم، بۇ رېستوراننى قوشۇمچە ئاچقان. ئۆزى ئاساسلىقى چىلان سودىسى قىلىدۇ. مىجەزى ناھايىتى ياخشى، ئوچۇق - يورۇق، مەرد، بىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىمىزنى بەك قوللايدۇ. ئۆتكەن يىلى «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى «ئېۋىرغول ئەدەبىيات مۇكاپاتى» تەسىس قىلىۋىدى، خېلى كۆپ پۇل ياردەم قىلدى، ئۇنىڭدىن باشقىمۇ ئۇنىڭ ساخاۋەتلىك ئىشلىرى ناھايىتى كۆپ. «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ ئالدىمىزدىكى سانىدا شۇ كىشى ھەققىدىكى

ئەدەبىي ئاخبارات ئېلان قىلىنىدۇ. ئوقىسىڭىز ئۇ كىشىگە قايىل بولماي قالمايسىز...

قاھار گەرچە ئابلىزنىڭ سۆزلىرىنىڭ ھەممىسىنى چۈشىنىپ كېتەلمىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ بۇ قەدەر قىزغىنلىقىدىن خۇش بولدى ۋە ئۇنىڭ سۆزلىگەندىكى ئەستايىدىللىقىنى ياقتۇرۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ باياتىندىن بېرى ئىچى پۇشۇپ تۇرغان سوئالنى سوراپ سالدى:

— بايا ئەمەت كىچىك دېگەن ئادەمنى سورىۋېدىلا، كۇتكۇچى «يوقلا» دېۋىدى، ئارقىدىنلا «چۈشتىن كېيىن كېلىدۇ» دەيدۇ...

بۇ گەپتىن ئابلىز كۈلۈپ كەتتى:

— ھە، بۇ قۇمۇلنىڭ ئادەت سۆزى. «يوق» دېگەن سۆزنى شۇنداق ئىشلىتىمىز. مېنىڭ ئۇ كىشىنى تونۇشتۇرۇشۇم دوستۇم بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس. ليۇ دوختۇر ماڭا ئەھۋالنى دېگەن. شۇڭا مەن كۆپ ئويلىنىپ سىزنى مۇشۇ يەردە ئىشلىسۇنمىكىن، دەپ ئويلىغانىدىم. قانداق، سىزچە بولۇرمۇ؟

شۇندىلا قاھار بايا ئابلىزنىڭ سۆزىنى ئالدىراپ بۆلۈۋەتكەنلىكىنى بىلىپ خىجىل بولدى.

— مەيلى، ھەرقانداق ئېغىر ئىش بولسىمۇ مەن قىلىشقا رازى، — دېدى قاھار خۇشاللىق بىلەن.

— ئۇنداق ئويلاپ كەتمەڭ، سىزنى ئېغىر ئىشقا سالمايمىز، بارنى تەڭ كۆرىمىز. تېخى سىز بىلەن ئائىلە بولۇپ ئۆتىمىز.

«رەھمەت ئابلىز ئاكا، ماڭا جان باققۇدەك يەر بولسىلا بولاتتى. مېنى شۇنچە ئىززەتلىگىنىڭىزگە رەھمەت!» قاھارنىڭ قەلبىگە ھەقىقەتەن ئىللىق ئېقىم تارىدى. ئۇ مۇشۇنداق ئىللىق مۇئامىلىنى خېلى ۋاقىتتىن بۇيان زارىقىپ كۈتكەنىدى.

ھورى بىلەن تەڭ مەززىلىك پۇرىقى ئايرىمخانىنى بىر ئالغان قۇمۇل ياپمىسى شىرەگە قويۇلغاندا قاھارنىڭ قورسىقى كورۇلداپ ئېچىپ كەتتى. قاھار ئابلىزنى بىردەمدىلا ئۆز كۆرۈپ قالغاچقا ئارتۇقچە تەكەللۇپ قىلىپ تۇرمايلا ياپمىنىڭ نېپىز قىلىپ يېيىلغان چۆپىگە چوكا سالدى. قاھار بۇ تاماقتىن شۇنچىلىك

ھۇزۇرلاندىكى، كېيىن خېلى يىللارغىچە شۇ قېتىمقى قۇمۇل ياپىسىنىڭ تەمىنى ئۇنتۇيالمىدى.

تاماقتىن كېيىن ئابلىز ئۇنى تاكسىغا چىقاردى:

— ئىشقا ئەتىدىن باشلاپ چۈشسىڭىزمۇ بولىدۇ. كەچتە بىرمۇنچە دوستلارنى چاقىرىپ قويغانىدىم. ھازىر خېلى ۋاقىت بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇمۇلنى چۈشەنمىسىڭىز بولمايدۇ. شۇڭا سىزنى شەھەر ئەتراپىدىكى ئالتۇنلۇقنى ئايلاندۇرۇپ كېلەي.

ئۇلار بىردەمدىلا ئالتۇنلۇققا يېتىپ كەلدى. ئابلىز ئۇنى ئايلاندۇرۇپ يۈرۈپ قەبرىلەرنى، قەدىمىي راۋاقلارنى، ئۇزۇن يىللىق دەرەخلەرنى كۆرسەتتى، قۇمۇل ۋاڭلىرىنىڭ تارىخىنى بىر — بىرلەپ چۈشەندۈردى...

ئۇلار كەچكە يېقىن شەھەرگە قايتىپ كەلدى. بۈگۈنكى ساياھەت جەريانىدا قاھارنىڭ ئەندىشىلىرى ئاساسەن تۈگەپ، كۆڭلى ئېچىلىپ قالغانىدى. بۇنىڭدىن ئۇ ئابلىزدىن ھەقىقەتەن مىننەتدار بولدى.

ئۇلار «مەشرەپ رېستورانى»نىڭ ئايرىمخانىسىغا كىرگەندە، ئۇ يەردە ئۇلارنى تۆت كىشى ساقلاپ ئولتۇراتتى. ئولتۇرغانلار ئۇلار بىلەن قىزغىن ئەھۋاللاشتى. قارىغاندا ئابلىز ئۇلارغا قاھار ھەققىدە ئاللىقاچان ئۇچۇر بېرىۋەتكەن چېغى، ھەممىسىلا قاھار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندە بىر ئېغىزدىن «ئۇكام قاھار، جاپا تارتماي كەلگەنسىز» دەپ كۆڭۈل بىلدۈرۈشتى. ئارىدا ئىككىيلەن قاھارنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى تارتتى. قاھار كۆرۈشۈۋېتىپ غەلىتە غېجەك تۇتۇپ تۇرغان بىرىنىڭ ئالدىغا بېرىۋىدى، ئۇ كىشى ئىككى قولىنى ئۇياق — بۇياققا سوزۇپ:

— قېنى بۇ ئاداشنىڭ قولى؟ يا سىز ئادىلجاننىڭ قوشنىقىمۇ؟ — دېدى. قاھار چۈشەنمەي تۇرۇۋىدى، بويى تولىمۇ پاكار، سېمىزگىنە كەلگەن بىرى زىل ئاۋازى بىلەن چاقماقتەك تېزلىك بىلەن جاۋاب قايتۇردى:

— تولا ئادەمنى چىشلەپ تارتمىگە، خەقنىڭ قولى قوينىڭىزدا سەيلە قىلىپ زېرىكتى شۇ تاپتا.

باشقىلار بۇ گەپلەردىن كۈلۈشتى. شۇندىلا قاھار ئەما يىگىت بىلەن پاكار يىگىتنىڭ چاقچاق قىلىشىۋاتقانلىقىنى بىلدى.

ئۇلار جايلىشىپ بولغاندىن كېيىن ئابلىز سورۇندىكىلەرنى قاھارغا تونۇشتۇردى.

— بۇياق، — دېدى ئابلىز تەمكىن، ئېغىر - بېسىق ئولتۇرغان يېشى چوڭراق كىشىنى كۆرسىتىپ، — ئەمەت «كىچىك»، ساخاۋەتچى ئاكا ئاغىنىمىز، مۇشۇ رېستوراننىڭ خوجايىنى.

— بۇ كىشىنىڭ لەقىمى «ئەسرا». ئۇ قۇمۇلدىكى قەدىمىي نەرسىلەر بىلەنلا ھەپىلىشىپ يۈرگەچكە شۇنداق ئاتاپ قويىدۇق. ئۆزى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ھازىر ئاساسلىقى قۇمۇلدىكى تۇرالارنى تەتقىق قىلىۋاتىدۇ.

پاكار يىگىت گەپ قىستۇردى:

— شۇڭا ئۇنى بەزىدە «ئەسرا تۇرا» دەپ قويىمىز. يېڭى نەرسىلەرگە ئۆچ. ئۆيىدىمۇ زامانىۋى نەرسىلەر يوق دېيەرلىك.

«ئەسرا» دېگەن ئورۇق، بۇرۇتلۇق كەلگەن كىشى ھازىر جاۋاب چاقچاق قىلدى:

— شۇڭا ئۆيدىكى ھەممە نەرسىنى تاشلىۋېتىپ، قەدىمىي نەرسىلەرنى ئەكىرەيمىكىن دەۋاتىمەن.

پاكار يىگىت شۇنىلا كۈتۈپ تۇرغاندەك دەررۇ ھۇجۇمغا ئۆتتى:

— تاشلىساڭ تاشلا ئاكا، لېكىن خوتۇنۇڭ بىلەن بالاڭ قالسۇن.

سورۇندا كۈلكە كۆتۈرۈلدى. شۇندا «ئەسرا» پاكار يىگىتنىڭ دامىغا چۈشكىنىنى بىلىپ ئۆزىمۇ كۈلۈپ كەتتى. ئەمما كۈلكە توگىمەيلا ئەما يىگىت چاقچاقنى ئۇلىدى:

— جىم تۇرە ئادىلجان، «ئەسرا»نىڭ خوتۇنىنى نەگە تاشلايدىغانلىقىنى بىلىۋالايلى.

سورۇننىڭ كۈلكىسى تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقتى. كۈلكە سەل بېسىلغاندا ئابلىز تونۇشتۇرۇشنى داۋام قىلدى:

— بۇنىڭ بويىنى پاكار كۆرۈپ بالىمىكىن دېمەڭ...

— يىگىتمەن. پەرىشتىلەر بوي ھەققىدىكى كاتەكچەمنى تولدۇرۇشنى ئۇنتۇپ قاپتۇ.
— ئۆزى قىزىقچى، ناخشىدىمۇ بار. شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا ئىشلەيدۇ.
ئابلىز ئاخىرىدا ئەما يىگىتنى تونۇشتۇردى:
— بۇياقىنىڭ ئىسمى ئىبراھىم، قۇمۇلدا ئىبراھىم «گاڭ» دەيمىز. قولىدىكىسى قۇمۇل غېجىكى. ناخشىدىكى كارامىتىنى ھازىرلا كۆرىسىز.
— پەرىشتىلەر مېنىڭمۇ كۆز كاتەكچەمنى تولدۇرۇشنى ئۇنتۇپ قاپتۇ. ما ئادىلجاننىڭ كەينىگە تىزىلىپ قالغاننىڭ كاساپىتى - دە، بۇ.
— ئىبراھىم «گاڭ»مۇ قۇمۇل شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا.
— شۇ، بىر توپ بوۋاقنىڭ ئىچىدە ئەللەي ئېيتىپ تۇگىشىپ كېتىۋاتىمەن.
ئادىلجان گەپ قوشتى:
— ئەللەي ئېيتىپ ئۇخلىتىپ، پېچىنىسىنى ئۆزۈم يەۋاتىمەن دېگىنە.
يەنە كۇلكە كۆتۈرۈلدى. قاھار ئۇلارنى ياقتۇرۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ غەرەزسىز چاقچىقى، يۇمۇرستىك مىجەزى قاھاردىكى غەم - ئەندىشىلەرنى كۆتۈرۈپلىۋەتتى. ئۇمۇ باشقىلارغا قوشۇلۇپ ئېچىلىپ - يېيىلىپ كۈلدى.
تاماق تارتىلغاندىن كېيىن ھاراق بوتۇلكىسىنىڭ ئاغزى ئېچىلدى. بۇنى كۆرگەن قاھار «ئىچمەيمەن» دېگەن گەپنى قانداق دېيىشنى بىلمەي قالدى. مانا ئابلىز ئىككى رومكىغا تولدۇرۇپ ھاراق قۇيدى. ئېنىقكى، بىرى قاھارنىڭ. ئىچمەي دېسە، شۇنچە كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ مۇھىم ئىشلىرىنى تاشلاپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئولتۇرۇپتۇ. بۇنچىلىك قىلغۇدەك ئۇ قانچىلىك ئادەم ئىدى - ھە!؟ باشقىلار قانداق قىلدى؟ ئادەم قاتارىدا كۆردىمۇ؟ ئۇنىڭمۇ كۇلكە سېزىملىرى بار ئادەم ئىكەنلىكىنى يادىغا ئالدىمۇ؟ ئۇنىڭمۇ ئازابلىنىدىغانلىقىنى،

كۆڭلى يېرىم بولىدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتتىمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ بۇگۈن ئۆزىنى بەكمۇ خاتىرجەم ھېس قىلدى.

قاھار رومكىغا ئىختىيارسىز قول ئۇزاتتى:

— رەھمەت ئابلىز ئاكا، ئاكىلار، مەن بەك خۇشال بولدۇم، بۇنداق ئىچىلىپ - يېيىلىپ ئولتۇرمىغىلى ناھايىتى ئۇزۇن بوپتىكەن. راستىنى دېسەم، كۆلىنى ئۇنتۇپ كەتكىلى تاس قاپتىكەنمەن. باياتىندىن تازا كۆلۈپ يۇخادىن چىققاندەك بولدۇم. ئەمدى ھاراققا كەلسەك، مەن تازا ئىچەلمەيمەن. كەچۈرسەڭلار.

— بۇ تاغقا چىقىدىغان يا ئوت دېڭىزىغا كىرىدىغان ئىش ئەمەس. مۇچ يېگەندەك كۆزنى يۇمۇپ ئىغىزغا قۇيسىلا بولىدۇ، — دېدى ئادىلجان.

— مەن ئىچىپ ئادەتلەنمىگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇنداق يۇرگىنىم بىلەن كىچىكىمدە مېنى كېسەل چېقىۋەتكەن.

— ئۇنداقتا بوپتۇ، — دېدى ئەمەت «كىچىك»، — زورلىمايلى، ئىچكىنىڭىزچە ئىچىڭ.

ھاراق ئايلىنىشقا باشلىدى.

— ئەمدى «گاڭ» بىر مۇڭ قىلىپ بەرسۇن.

ئىبراھىم «گاڭ» غېجەكنى قولىغا ئالدى. باياتىندىن بېرى «كۆزى كۆرمىسە مۇزىكىنى قانداق چالىدىغاندۇ؟ يا بۇمۇ چاقچاقمۇ؟» دەپ ئويلاپ ئولتۇرغان قاھار ئۇنىڭغا سەپسېلىپ قارىدى. ئىبراھىم «گاڭ» غېجەكنىڭ دەستىسىنى قولىنىڭ يېنىغا ئەكېلىپ، كامالچىسىنى تارىغا سۈركەپ تەڭشىدى، ئاندىن بارماقلىرىنى تارلار ئۈستىدە ئەركىن سۈرگىنىچە مۇزىكىسىنى باشلىدى. غېجەكتىن مۇڭلۇق قومۇل ئاھاڭى ياڭراشقا باشلىدى. ئاندىن ناخشا باشلىنىپ كەتتى:

بىز كىرگەن قومۇشلۇققا،
يولۋاسلار كىرەلمەيدۇ.
بىز سۆيگەن سەتەڭلەرنى،
خان - بەگلەر سۆيەلمەيدۇ.

ئۆيىنىڭ ئارقىسى خامان،
پۈر - پۈر ئۈچمىدۇ سامان.
يېڭى يارنىڭ ئوتلىرى،
دوزاخ ئوتىدىن يامان.
......

ئىبراھىم «گاڭ»نىڭ ئاۋازى ھەقىقەتەن سوزۇك، يېقىملىق ئىدى، ئۇ ناخشىنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ ئېيتاتتى، قولىدىكى غېجەكنىڭ كامالچىسى تارلار ئۈستىدە تىلغا كىرگەنچە ئويناقشىيتتى.

قاھار ئۇنىڭغا ھەقىقەتەن قايىل بولدى. ناخشا ئاربىلىقىدىكى رومكا ئايلىنىشتا ئابلىز قاھارغا ئىبراھىم «گاڭ»نىڭ قانچىلىك جەبىر - جاپالارنى باشتىن كەچۈرۈپ مۇشۇنچىلىك سەۋىيىگە يەتكەنلىكىنى قىسقا قىلىپ سۆزلەپ بەردى. بۇنى ئاڭلىغان قاھارنىڭ بۇ تالانت ئىگىسىگە بولغان قايىللىقى تېخىمۇ ئاشتى ۋە قەلبى ئۇمىدكە، غەيرەتكە تولغاندەك بولدى.

— ئەمدى، مۇنۇ كىچىك «گاڭ»نىڭ پارىڭىنى ئاڭلايلى، ئۇنى بۇ يەرگە بۇلماق بەرگىلى ئەكەلمىگەنىدىكىن،— دېدى ئىبراھىم «گاڭ» چېقىشىپ. شۇنىڭ بىلەن سورۇندا يەنە كۈلكە باشلاندى.

— بۇلماقنى ۋاقتىدا بەرمەي توقماق قىلىۋەتتىڭىز ئاكا،— دېدى ئادىلجانمۇ بوش كەلمەي،— قاھارجان، ئۆزىڭىزمۇ كۆردىڭىز، بويۇم پاكار بولغاچقا، كىشىلەر شۇنى تۈتۈۋېلىپ مەن بىلەن چېقىشىدۇ، مەنمۇ بوش كەلمەيمەن.

— سىزنى ئۆزىڭىزنى داڭلاپ ئېلان بېرىڭ دېمىدۇق،— دېدى ئىبراھىم «گاڭ».

— بىر كۈنى،— دېدى ئادىلجان،— بىر باشلىق: «سورۇنۇم بار، ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ بېرىڭ» دەپ سورۇنغا ئاپاردى. قايتىدىغان چاغدا ماشىنىسىدا بىر ئادەم ئارتۇق بولۇپ قالدى. باشلىق ماڭا گەپ تاشلىدى: «ئۇكام ئادىلجاننى يانچۇقۇمغا سېلىۋالسىلا ئىش پۈتىدۇ» دېدى. مەن دەرھاللا: «ئاكا، مېنى

يانچۇقلىرىنغا سېلىۋالسىلا، باشقىلار بەرگەن قىممەت پۇللۇق تاماكىلارنى نەگە سالىدىلا» دېدىم.

قاھار ئۆزىنى تۇتالماي كۈلۈپ كەتتى.

— يەنە بىرنى.

— ھە، يەنە...

— ئەمدىكىسى سەل سەت...، — دېدى ئادىلجان.

— مەيلى.

— نوچىسى شۇ.

— تۈزەپ - ياساپ دېمەمسىز مۇنداق.

— بىر كۈنى ئايال باشلىقلار بار سورۇنغا چاقىرىپ قالدى. قارىسام ئارىدىكى مەلۇم يېزىنىڭ باشلىقى دەپ تونۇشتۇرۇلغان بىر ئورۇق ئايال پاراڭچى ئىكەن. پەيتى كەلگەندە ئۇ بويۇمنىڭ پاكارلىقىنى چىشلەپ ماڭا: «ئادىلجان بەك ئوماق ئىكەن. بولسا بوۋىقىم قىلىۋالايمىكىن» دەپ گەپ تاشلىدى. باشقىلار كۈلۈۋىدى، ئۇ ئايال كۆرەڭلەپ كەتتى. ئۇ ئايال ئورۇق بولغاندىكىن، كۆكسىنىڭ كىچىكلىكى ئايانغۇ. شۇڭا مەن شۇنى تۇتۇپ تۇرۇپ: «بوپتۇ، بوۋاقلىرى بولساممۇ بولاي، لېكىن مەن سىلىدىكى ئۇ ئىككى كىچىك ئېمىزگۈنى ئەمگەنگە تويمايمەن» دېۋىدىم، ئۇ ئايال تېقىمىغا شاپىلاقلاپ كۈلگىنىچە «ۋاي، داد» دەۋەتتى...

مۇڭلۇق، شوخ قومۇل ناخشىلىرى ۋە ئاچچىق - چۈچۈك پاراڭلار بىلەن سورۇن خېلى كەچ بولغاندا تارىدى.

ئابلىز قاھارنى ئۆيىگە ئەكەتتى.

قاھار ئۇنىڭ ئۆيىگە تولىمۇ قورۇنۇپ كىردى. ئۆي ئىچى سەل قالايمىقان بولۇپ، جىمجىت ئىدى.

— قورۇنماڭ، ئۆيدە ئىككىمىزدىن باشقا ھېچكىم يوق.

قاھار ئۇنىڭغا سوئال نەزىرى بىلەن قارىۋىدى، ئابلىز ئوچۇق - يورۇقلۇق بىلەن دەۋەردى:

— توغرا چۈشىنىڭ، مەن ئاجرىشىپ كەتكەن. كېيىن مىجەزىمىز كېلىشمەي قالدى. تۇرمۇشتا ئويلىمىغان ئىشلار بولۇپ تۇرىدىكەن.

ئۇلار يېتىپ قالدى. قاھار شۇنچە ئۇزۇن ۋاقىتتىن بۇيان تۇنجى قېتىم تولىمۇ ئارامخۇدا ياتقان بولسىمۇ، بىراق ئۇيقۇسى كەلمىدى. بۈگۈنكى كىشىلەرنىڭ دوستانىلىكى، قىزغىن مۇئامىلىسى، ئوچۇق - يورۇق مىجەزى ئۇنىڭ مىننەتدارلىق ھېسسىياتىنى قوزغاپ ئۇيقۇسىنى قاچۇردى. كونىلار: «بۇغداي نېنىڭ بولمىسا، بۇغداي سۆزۈڭ بولسۇن» دەپ تولىمۇ توغرا ئېيتىپتىكەن. ھالبۇكى، بۇغداي نېنىڭ بىلەن بىللە بۇغداي سۆزۈڭمۇ بولسا نېمىدېگەن ياخشى - ھە؟ «توغرا، ئادەم ياخشىلىقنى كۆزلەپ ياشىشى كېرەك ئىكەن. ئۇنداق ئادەملەر نېمىدېگەن يېقىملىق، مېھرى ئىسسىق - ھە! ھەي، بىر كۈنلەر كېلىپ ھېلىقى ئالتۇنلارنى راستلا تاپالىسام، مۇشۇنداق ياخشى كىشىلەرگە قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەم قىلسام قانداق ياخشى بولاتتى. مەن ئۇلارنىڭ ياخشىلىقىنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن...»

قاھار ئاشۇنداق خىياللار بىلەن يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا ئۇخلىغان بولغاچقا، ئەتىسى ۋاقچە ئورنىدىن تۇردى. ئۇ كۆزىنى ئېچىپ ئادەمگە راھەتلىك سېزىم بېغىشلايدىغان خاتىرجەملىك تۇيغۇسى بىلەن ئۆي ئىچىگە نەزەر سالدى. ئۆي ئاددىيلا بېزەلگەن بولسىمۇ، قاھارغا ئىسسىق كۆرۈندى.

شۇ چاغدا سىرتتىن ئابلىزنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— باغرىمدا بۇقۇلداپ يىغلىساڭ ئەگەر،
يېڭى، ساپ ھاۋانى يالمار تىنىقىڭ.
كۆز يېشىڭ سەل بولۇپ ئاقسا خۇشالمەن،
ئوينايمەن، يايرايمەن، مەن بىر بېلىقىڭ.

قاھار چىقىپ كۆردىكى، ئابلىز قولىدىكى قەغەزگە يېزىلغان شېئىرنى ئوقۇۋاتقانىكەن. ئابلىز قاھارنى كۆرۈپ ئوقۇشتىن توختىدى.

— بۇ كىمنىڭ شېئىرى؟

— مېنىڭ، ئالدىنقى كۈنى يازغان. تۈزىتىش ئۈچۈن

ئوقۇۋاتىمەن. ھە، يۈز ــ كۆزىڭىزنى يۇيۇڭ، ناشتا قىلىمىز.

قاھار يۈز يۇيۇش ئۆيىگە كىردى. بايىقى قايناق ھېسسىيات ئىپادىلىگەن مۇھەببەت شېئىرى قاھارنىڭ يۈرىكىنى تىلغاپ ئۆتتى. مۇھەببەت، مۇھەببەت... ھەممىلا ئادەم ئىنتىلگەن بىلەن ھېچكىم قانمايدىكەن. ئۇنىڭ دەردىدە بەزىلەرنىڭ كۆزى ياش بولسا، بەزىلەرنىڭ قەلبى ياش بولىدىكەن. قاھار يۈزىنى سوغا تۇتقان پېتى تورۇپ كەتتى. ئۇ كىمنىڭ كۆز يېشىدا يايرايدۇ؟ زۆھرەنىڭ؟ رەيھان «چايان»نىڭ؟ يىرگىنچتىن قاھارنىڭ تېنى تىكەنلەشتى. ئىچ ــ ئىچىدىن «ئۇنتۇ، ئۇنتۇ!» دېگەن سادا ياڭرىدى. قاھار ئۈنسىز ئاھ ئۇردى.

ئاھ ئۇرارمەن، ئاھ ئۇرارمەن،
ئاھلىرىم تۇتقاي سېنى.
كۆز يېشىم دەريا بولۇپ،
بېلىقلىرىم يۇتقاي سېنى.

ئۇلار ناشتا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئابلىز قاھارنى باشلاپ ماڭدى. بۇ قېتىم قاھار «مەشرەپ رېستورانى»غا مېھمان سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى ئىشلەمچى سۈپىتىدە قەدەم تاشلىدى.

يېنىك خىزمەت، خاتىرجەم ۋە كۆڭۈللۈك تۇرمۇش، كۆپ بولمىسىمۇ مۇقىم كىرىم، دوستانە مۇئامىلىلەر بىلەن بىر يىل بىلىنمەيلا ئۆتۈپ كەتتى. ئەگەر ئۆزى ئۇچۇن ۋە تۇمۇر دوختۇر ئۇچۇن قىلىدىغان ئىشلار بولمىغاندا ئىدى، قاھار بۇ يەردە مەڭگۈ تورۇپ قالغان بولاتتى. ئەمما قاھار ئۇ ئىشلارنى تاشلاپ قويالمايتتى.

قاھار كۆزى قىيىمىغان ھالدا ئابلىزلار بىلەن خوشلاشتى. پويىز ئۇ ئىللىق چىرايلاردىن ئاستا ــ ئاستا يىراقلىدى. ئۇلاردىن ئايرىلىشقا قىيىمىغان قاھارنىڭ كۆزىدىن ئىختىيارسىز ياش سىرغىدى: «خوش قەدىردانلار، سىلەرنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن!»

# ئون يەتتىنچى باب

پويىز تۆرلۈك تۈرمۈش ھەلەكچىلىكلىرىنى ئۈستىگە يۈدۈۋالغان بىر توپ يولۇچىنى كۆتۈرۈپ ئېغىر پۇشۇلدىغىنىچە پىچان پويىز ئىستانسىسىغا كىرىپ توختىدى.

پويىزدىن ھاياجان ۋە يېڭىچە تۇيغۇلار بىلەن چۈشكەن قاھار پويىز ئىستانسىسىغا سېغىنىش ئىچىدە قارىدى. ئىككى يىل بۇرۇن ئۇنىڭ سەرسانلىق ھاياتى مۇشۇ يەردىن باشلانغان. شۇ چاغدىمۇ ئۇ قاتتىق ھاياجان ئىلكىدە مۇشۇ يەردە پويىزغا چىققان. مانا شۇ تاپتا ئۇ نۇرغۇن ئىشلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئۆلۈم - كۆرۈم باغلىرىنى ئارىلاپ يەنە مۇشۇ يەردە تۇرۇپتۇ. «شۇنداق، ‹كۆرگىنىڭدىن كۆپتۇر كۆرمىگىنىڭ، كۆرمىگەننى كۆرىسەن ئۆلمىگىنىڭ›، يەنە ئىككى سائەت غەيرەت قىلىۋەتسەم تۇيۇققا يېتىپ بارىمەن. ئۇلار مېنى كۆرسە نېمدەر؟ مېنى نېمدەپ ئويلاپ قالغاندۇ؟ زەۋەرگۈلچۇ؟ ئۇ ئاچچىقلىنارمۇ؟ مەيلى نېمىلا بولسا مەن ئالدى بىلەن تۇيۇققا باراي، ئۇلارغا يۈزسىزلىك، ۋاپاسىزلىق قىلمىغىنىمنى ئېيتاي. ئەگەر ئۇ يەردە سادىقلار بولسا ئەھۋالنى ئېنىقلاي. خەلقىئالەم ئالدىدا ئۇلار بىلەن يۈزلىشەي. ئەگەر زەۋەرگۈللا ماقا ئىشەنسە، ئۇنىڭغا كۆڭلۈمنى ئاشكارىلايمەن. تۇرپانغىمۇ بارىمەن. ئاپاملارنىڭ قانداق مۇئامىلە قىلىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنىڭ قولىقىغا سېلىپ قويۇپ زەۋەرگۈل بىلەن توي قىلىمەن...» قاھار پويىز ئىستانسىسىغا كىرىپ - چىقىۋاتقان پويىزلارنىڭ تۆرلۈك گۈدۈك ئاۋازلىرىغا قۇلاق سېلىپ تۇرۇپ شۇلارنى ئويلىدى ۋە بۇ يەردە ئۇزاق تۇرغۇسى كەلمەي ئاپتوبۇس بىلەن پىچان بازار ئىچىگە قاراپ يولغا چىقتى.

ئۇ «كروران» سودا بىناسىنىڭ ئالدىدا ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ

قالدى. پىچاننىڭ ناھىيە بازىرى كىچىك ۋە ئاددىيلا ئىدى. كوچىلىرىمۇ مۇرەككەپ ئەمەس، ھەيۋەتلىك بىنالارمۇ يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قايناق بازارمۇ بولمىغاچقا ئادەمگە بىر خىل زېرىكىشلىك تۇيغۇ بېرەتتى. قاھار شۇ يەردىكى تۆت كوچا بويىدا يەرلىك ماروژنى ۋە سوغۇق قاق سۈيى سېتىۋاتقان كىشىدىن ئاشخانا سورىۋىدى، ئۇ كىشى قولىدىكى كالتەكنى ياغاچ تۇڭدا توختاۋسىز ئايلىنىۋاتقان مۇزغا مەھكەم تىرىگىنىچە:

— سىچاڭغا[1] بېرىڭ،— دېدى. قاھار گەپنى چۈشەنمەي ئۇنىڭغا سوئال نەزىرى بىلەن قارىدى.

— ئۇدۇلغا بەش يۈز مېتىر دەك ماڭسىڭىز ئوڭغا بۇرۇلغان بىر كوچا بار. شۇ كوچىغا كىرسىڭىز بولىدۇ. كوچا ئىچىدە ناۋايخانىمۇ بار.

قاھار رەھمەت ئېيتىپ مېڭىپ كەتتى. كوچا ئالدىغا كېلىپ ئۇ يەردە ھەقىقەتەن بىر ناۋايخانىنىڭ بارلىقىنى كۆردى. يېڭىلا تونۇردىن سويۇلغان ناننىڭ مەززىلىك ھىدى ئۇنىڭ قورسىقىنى تېخىمۇ ئاچۇرۇۋەتتى.

ئۇ شۇ كوچىغا كىرىپ كۆردىكى، بۇ يەر مەخسۇس بازار ئىكەن. خۇددى تۇرپان كوناشەھەردىكى بازارغا ئوخشاش. ئۇششاق - چۈششەك نەرسىلەردىن تارتىپ، ۋېلسىپىتكىچە، تۇخۇمدىن تارتىپ چوڭ ئاشخانىلارغىچە. قاھار تۇيۇقسىز بىرىشقا تېنەپ تۇرغاچقا كۆپ ئايلانمايلا ئالدىغا كاۋاپدان قويۇلغان كىچىك بىر ئاشخانىغا كىردى.

— نېمە تاماق يەيسىز؟

— بىر لەڭمەن، ئىككى زىخ كاۋاپ.

بىر ئازدىن كېيىن تاڭجاڭ يەنە كەلدى:

— نېمە سەي؟

— لازا - گۆش بولسۇن.

---

[1] سىچاڭ — بازار دېگەن مەنىدە.

تاڭجاڭ كەتتى. قاھار چىنىدىكى قىزىق چاينى پۈۋلەپ تۇرۇۋىدى، تاڭجاڭ يەنە كەلدى:
— كاۋاپقا لازا سالىمەنمۇ؟
— ياق، سالماڭ.
— لازا سالمىسىڭىز قانداق بولىدۇ؟
بۇ سوئالدىن ئاچچىقى كەلگەن قاھار بىر نېمە دېمەكچى بولۇپ بېشىنى كۆتۈردى ۋە تونۇش چىرايىنى كۆرۈپ تۇرۇپلا قالدى.
— تولا سوراۋەرسەم خاپا بولماڭ، مېھمان،— دېدى تاڭجاڭ خىجىللىق بىلەن،— ئاۋازىڭىز تونۇشلا بىلىنىپ، بىرسىگە ئوخشىتىپ... شۇڭا كۆپ سوراپ قويدۇم. خاپا بولماڭ.
تاڭجاڭ كەينىگە يېنىۋىدى، ھاياجاندىن ئۆزىنى ئاران بېسىۋالغان قاھار سورىدى:
— كىمگە ئوخشاتتىڭىز؟
— بولدى، بۇ گەپنى دېمىگەن بولاي. ئەستا، مۇشۇ ئاغزىمنى...
— كېرەك يوق، دەۋېرىڭ.
— خاپا بولماڭ، تامىقىڭىزنى ئېلىپ چىقاي...
— ياق، گەپنىڭ ئۇچىنى چىقارغاندىكىن، ئايىغىنىمۇ دەڭ.
تاڭجاڭ ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قاراپ كەتتى:
— راستىنى ئېيتسام... سىز بىر ئاغىنەمگە بەك ئوخشايدىكەنسىز.
— كىمگە؟
— ئەستا... خاپا بولماڭ، ئۇ دوستۇم بۇرۇنلا ئۆلۈپ كەتكەن.
تاڭجاڭ شۇنداق دەپلا ئالدىراپ كەينىگە ياندى.
— ئەنۋەر،— دېدى قاھار كۈلۈپ تۇرۇپ.
ئۇ ھەقىقەتەن بىر ۋاقىتلاردا ئاشخانا ئېچىش ئۈچۈن پىچانغا كەتكەن ئەنۋەر ئاتا ئىدى.
بۇنى ئاڭلىغان تاڭجاڭ «شارتلا» قىلىپ كەينىگە بۇرۇلدى ۋە قاھارنىڭ كۈلۈپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ ئىتتىك ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى:

— سىز... سىز... قەيسەرمۇ؟

«قەيسەر» دېگەن ئىسىمنى ئاڭلاپ قاھارنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى. ئۇ بۇ ئىسىمنى ئاڭلىمىغىلى، ئىشلەتمىگىلى قانچە ئۇزۇن بولغان ــ ھە؟

قاھارنىڭ چىرايىدىكى جىددىي ئۆزگىرىشلەرنى كۆرگەن ئەنۋەر ئاتا بىر نەرسىنى پەملەپ ئۇنى يانىدىكى ئۆيگە ئىشارە قىلدى.

ئۆيگە كىرىپ ئۇلار ئىككىسى قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.

— سەن راستتىنلا قەيسەر شۇمۇ؟ — ئەنۋەر ئاتا قايتا ــ قايتا شۇنداق دەپ سورىدى ۋە ھەربىر سورىغاندا قاھارنىڭ يۈزىگە سىنچىلاپ قارىدى.

— مەن شۇ. لېكىن ھازىرقى ئىسمىم قاھار، — دېدى قاھار ئاخىر بولماي.

— راستتىنى دېسەم نەچچە يىل بۇرۇن سېنى ئۆلۈپ كېتىپتۇ، دېگەن خەۋەر تارقىلىۋىدى، مەن ئىشەنمىگەنىدىم. ئەمما سېنىڭ دېرىكىڭ بولمىغاندىكىن، بەك ئىچىم پۇشقانىدى. ئېيتە، نەلەردە يۈردۇڭ؟

قاھار بىر قىسىم سىرلارنى يوشۇرۇپ، قالغان ئەھۋاللارنى قىسقىلا قىلىپ سۆزلەپ بەردى. قاھارنىڭ بايانلىرىنى ئاڭلىغانچە ئەنۋەر ئاتىنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. بولۇپمۇ ئۇ رەيھان «چايان» ھەققىدىكى بايانلارنى ئاڭلاپ ھاڭ ــ تاڭ قالدى.

— سەنچۇ؟ بۇ ئاشخانىدا تاڭجاڭلىق قىلىۋاتامسەن؟

— گېپىڭمىغۇ توغرا. ھازىر مەن، ھەم تاڭجاڭ، ھەم ئاشپەز، ھەم ئاشخانىنىڭ ئىگىسى. بىر شاگىرت ئاشپىزىم، بىر كۆتكۈچىم بار. قانداق قىلىمەن ئاداش، كۈچۈم مۇشۇنداق كىچىك ئاشخانا ئاچىدىغانغا ئارانلا يەتتى. «ھالىڭغا بېقىپ ھال تارت، خالتاڭغا بېقىپ ئۇن تارت» دېگەن شۇ.

— ئۇنداق قاقشاپ ئولتۇرغۇچە، چوڭراق ئاشخانا ئاچساڭ بولمامدۇ.

— شۇنىڭغا نەدە پۇل؟ بولمىسا ئۆتتەك ئاچقۇم بار.
— ئۇ كۆڭلەرمۇ بولۇپ قالار.
— مەنمىغۇ تىلەپلىۋاتىمەن.

شۇ چاغدا بىر قىز كىرىپ تاماقنىڭ تەييار بولغانلىقىنى ئېيتتى. ئەنۋەر ئاتا چىقىپ كەتتى ۋە بىر تەخسە لەڭمەننى ئېلىپ كىردى.

— ئالدى بىلەن تاماق يە. سەن يېگەچ تۇر، مەن سىرتقا چىقىپ كىرەي.

قاھار تاماقنى يەپ بولغۇچە ئەنۋەر ئاتا ئون زىخ كاۋاپ، بىر لېگەن پىششىق گۆش ۋە بىر بوتۇلكا هاراقنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى.

— توۋا، ھېچ ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ. راست سەن شۇمۇ - ئەمەسمۇ؟ سەن بىلەن بىر پاراڭلىشىپ باقاي.

ئەنۋەرنىڭ ئۇچرىشىپ قالغىنىدىن خۇش بولۇپ، بەزى ئىشلارنى كۆڭلىگە پۈككەن قاھار ئارتۇقچە قارشىلىق قىلمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئەينى ۋاقىتتا ئېغىر كۈنگە قالغاندا مۇشۇ ئەنۋەر ئاتا ئۇنىڭغا باشپاناھ بولغان، ئۇنىڭغا دوستلۇق قولىنى سۇنغان. شۇنداق ئىكەن، ئۇنىڭ بىلەن سىرداشماي كىم بىلەن سىردىشىدۇ؟

گۇڭگۇر - مۇڭگۇر پاراڭ بىلەن هاراق ئايلىنىشقا باشلىدى.

— تۇرپانغا بېرىپ تۇرۇۋاتامسەن؟ — دەپ سورىدى قاھار مەقسىتى بويىچە تۇرپاندىكى ئىشلارنى بىلىشكە ئالدىراپ.

— يىلدا بىر نەچچە قېتىم بارىمەن، — دېدى ئەنۋەر ئاتا قاھارنىڭ خېلى ئىچكىنىنى، بۇرۇنقىغا قارىغاندا سۆزمەن بولۇپ قالغىنىنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ، — تۇرپاندا هازىر جىق ئۆزگىرىشلەر بولۇپ كەتتى. يوللار ئۆزگەرتىلدى، بىنالار سېلىندى. خەلق مەيدانىنى بىلىسەن، هازىر ئۇ يەر تۈزلىنىپ يېڭىچە بىر مەيدان ياسىلىۋاتىدۇ. كېيىنچە ناھايىتى چىرايلىق بولۇپ كەتكۈدەك. پۈتۈن شىنجاڭدا ئۇنىڭدەك مەيدان يوق دەيدۇ.

ھازىر شەھەر يولىدىكى ئېگىز تېرەكلەر كېسىپ تاشلاندى. خەلق كىنوخانىسى ھازىر تاشلىنىپ قالدى...

قاھارنىڭ كۆتۈۋاتقىنى ئۇ ئۇچۇرلار ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇ تاقەتسىزلىنىپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى ۋە تولىمۇ تەستە بىر سۆزنى ئېغىزىدىن چىقاردى:

— ئاپامنى كۆرۈۋاتامسەن؟

ئەنۋەر ئاتا چۆچۈپ ئۇنىڭغا قارىدى ۋە بىر ھازاغىچە شۇنداق تۇرۇپ قالدى.

— نېمىلا بولسا مەيلى، ئاداش، ماڭا ئۇ يەردىكى ئىشلارنى سۆزلەپ بەر. ئەگەر سەن بۇ يەردە ماڭا ئۇچرىشىپ قالمىغان بولساڭ مەن بەربىر تۇرپانغا باراتتىم،— دېدى قاھار قەتئىيلىك بىلەن.

— بولىدۇ، ئاداش، لېكىن تۇرپانغا بارغىنىڭ بىلەنمۇ ئاپاڭ بىلەن كۆرۈشەلمەيتتىڭ،— دېدى ئەنۋەر ئاتا،— سەن يوقاپ كەتكەندىن كېيىن سېنى ئىزدەپ نۇرغۇن پاتىپاراقچىلىق بوپتۇ. ھەتتا ساقچىغىمۇ مەلۇم قىپتۇ. لېكىن سېنىڭ ھېچبىر ئۇچۇرۇڭ بولماپتۇ. ئاپاڭ شۇ سەۋەبلىك داۋۇت بىلەن خېلى جېدەللىشىپتۇ. كېيىن كىم تاپقان گەپكىن، سېنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىك خەۋىرىڭ تارقىلىپتۇ. نۇرغۇن كىشىلەر بۇنىڭغا ئىشىنىپمۇ قاپتۇ. ئەمما ئاپاڭ ئىشەنمەي خېلى ئىزدەك ـ سورىقىڭنى قىپتۇ. ئارىدىن يېرىم يىلدەك ئۆتۈپ داۋۇتنىڭ خىزمىتى ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ، ئاپاڭلار ئۈرۈمچىگە كۆچۈپ كېتىپتۇ. ئاڭلىسام داۋۇتنىڭ بىشەم قىزى سەلىمە نەچچە قېتىم تەكرار ئىمتىھان بېرىپ شىئەندىكى بىر مەكتەپكە ئۆتۈپتۇ. چوڭ قىزى گۈلشەن بولسا تۇرپان تېببىي مەكتەپتە ئوقۇپ، ھازىر يار يېزىلىق خەلق دوختۇرخانىسىدا ئىشلەۋېتىپتۇ. قالغان ئىشلارنى ئۇقمايمەن، ئاداش. توۋا، نېمىلا بولسا ساق ـ سالامەت تۇرۇپسەن.

قاھار چوكىنى تۇتقىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ باشقا ئىشلار بىلەن ئانچە كارى بولمىدى. پەقەت ئاپىسى ھەققىدىكى

گەپكىلا قىزىقتى. ئاپىسىنىڭ قانچىلىك ئازابلانغانلىقىنى، كۆز يېشى قىلغانلىقىنى، زەھەرخەندە داۋۇت بىلەن قورقۇپ ـ تىترەپ تۇرۇپ تاكاللاشقانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا تىرىشتى. «ئاپا، ئەمدى نەدە يۈرۈيدىغانسەن؟ مەن ساڭا شۇنچىلىك تەشنا بولغانىدىم. كىچىككىمدە پەقەت ساڭا ئېرىشىشنىلا، سېنىڭ بىلەن بىرگە ئۆتۈشنىلا ئويلايتتىم. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىگە رازى ئىدىم. ئەمما مەن ساڭا قانمىدىم. سەنمۇ مېنى ئاخىرىغىچە باغرىڭغا باسالمىدىڭ. لېكىن ھەرنېمە بولسا مېنى ئەسلەپسەن، ماڭا چىدىماپسەن، مېنىڭ ئۈچۈن ئازابلىنىپ، داۋۇتتىن ئازار يەپسەن. رەھمەت ئاپا! بىر كۈنلەر كېلىپ نېمىشقا كىچىككىمدە داۋۇتنىڭ كۆزىگە قاراپ، مېنى قانات ئاستىڭغا ئالالمىغىنىڭنىڭ سەۋەبىنى بىلىشكە يۈرسەتمۇ بولار. ئاپا، مەن سېنى چوقۇم ئىزدەپ تاپىمەن. ھەقىقىي ئانا ـ بالا بولۇپ ياشايمىز...» قاھار ئىختىيارسىز شۇلارنى ئويلىدى.

قاھارنىڭ جىمىپ كەتكىنىنى كۆرگەن ئەنۋەر ئاتا: «بەزى گەپلەرنى ئالدىراپ دەپ سېلىپ ئۇنىڭ دىلىغا ئازار بېرىپ قويدۇممۇ، نېمە؟» دەپ ئويلاپ:

— كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، ئاداش. بۇ جاھاندا بىرىمىز ئاتا مېھرىگە، يەنە بىرىمىز ئانا مېھرىگە زار بولۇپ ياشايدىكەنمىز. لېكىن ئۇنىڭغا ئادەم ئۆلۈپ قالمايدىكەن. مانا مەنمۇ بۈرۈن ھەرقانچە قاقشىساممۇ يەنە بىر ئوبدان ياشاۋاتمايمەنمۇ؟ بەزىدە ئادەم ئۆزىنىمۇ ئويلاشنى ئۆگىنىۋېلىشى كېرەككەن. شۇ چاغدا بەزى ئادەملەرگە شۇنچىلىك كۆڭۈل تارتىپ ياشاپ كەتكىنىڭنىڭ ئارتۇقچە بىر ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىدىكەنسەن، — دەپ تەسەللى بەرگەن بولدى.

— ياق، مەن ساڭا ئوخشىمايمەن، — دېدى قاھار ئېغىر «ئۇھ» تارتىپ بېشىنى چايقاپ، — بولدى ئاداش، بۇ گەپلەرنى دېيىشمەيلى. ئۆزۈمنىڭ ئويلىغىنىم بار.

ئۇلار ئۇن ـ تىنسىز ئولتۇرۇپ يەنە ئىككى رومكىدىن ئىچىشتى.

— ئەمدى نېمە قىلاي دەيسەن؟— سورىدى ئەنۋەر ئاتا.

— ئەتە تۇيۇققا بارىمەن. بېرىپ ھېممەت ئاكاملارنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرمىسام بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇ يەردە قىلىدىغان باشقا ئىشلىرىممۇ بار. ئاندىن قىلغۇدەك ئىش بولسا قىلارمەن. يا بۇرۇنقىدەك ساڭا ياردەملىشىپ ئاشخاناڭدا ئىشلەرمەن،— دېدى قاھار.

— ھە راست،— دېدى ئەنۋەر ئاتا بىر نەرسىنى يادىغا ئېلىپ،— ئاشخانامدا ئىشلەۋاتقان كۇتكۇچى قىزمۇ تۇيۇقلۇق. ئائىلىسىدە قىيىنچىلىق بولغاچقا بۇ يەرگە ئىش ئىزدەپ چىقىپتىكەن. بىر تونۇشۇم باشلاپ كېلىۋىدى، قارىسام قولى خېلى ئەپلىك. شۇڭا ئېلىپ قالغانىدىم. شۇ قىزدىن ئەھۋال ئۇقۇشۇپ باقامسەن - يە؟

قاھار بېشىنى لىڭشىتتى. ئەنۋەر ئاتا چىقىپ كېتىپ مۇلايىم بىر قىزنى باشلاپ كىردى.

— قېنى ئولتۇرۇڭ،— دېدى قاھار. قىز كاڭنىڭ بۇرجىكىدە قورۇنۇپقىنە ئولتۇردى.

— سىز تۇيۇقتىنمۇ؟— سورىدى قاھار. قىز بېشىنى لىڭشىتتى.

— مېنى تونۇدىڭىزمۇ؟— يەنە سورىدى قاھار. قىز قاھارغا قارىدى ۋە يەنە ئىتتىك تۆۋەنگە قارىۋېلىپ بېشىنى چايقىدى.

— سىز تۇيۇق نەدىن؟

— مازار ئالدىدىن.

— ھېممەت نەنسەنچىنى تونۇمسىز؟

— تونۇيمەن. قىزى زەۋەرگۈل مۇئەللىم لىڭسى[1] مۇئەللىم بولغاندا بىزگە بىر مەۋسۇم ئەدەبىيات دەرسى بەرگەن.

زەۋەرگۈلنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ قاھارنىڭ يۈرىكى «جىغغىدە» قىلىپ قالدى. شۇ ھامان مۇلايىم، قىزغىن، يېقىملىق بىر سىيما ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولدى.

---

① لىڭسى — ۋاقىتلىق دېگەن مەنىدە.

— زەۋەرگۈل مۇئەللىم ھازىر نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟ — سورىدى قاھار ئۆزىنى تەستە بېسىپ.

قىز بىردە قاھارغا، بىردە ئەنۋەر ئاتىغا قاراپ تۇرۇپ قالدى.

— بۇ ئاغىنەم ھېلىقى ھېيىت ئاكىنىڭ تۇغقىنى بولىدۇ. ئۇلار كۆرۈشمىگىلى ئۇزۇن بولغان. بۈگۈن ئىزدەپ ماڭغانىدى. ئالدىنئالا سىزدىن ئەھۋال ئۇقۇپ باقىلى دېگەن، — دېدى ئەنۋەر ئاتا دەرھاللا.

— بىچارە مۇئەللىمگە بەك ئۇۋال بولدى، — دېدى قىز ھازىرلا يىغلىۋېتىدىغاندەك تەلەپپۇزدا، — مۇئەللىمنىڭ ئىشىنى ھازىر مەھەللىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىلىدۇ. يۇرتتا سادىق «كۆلى» دەپ بىر سودىگەر بار ئىدى. ئۇنىڭ مۇئەللىمگە كۆڭلى بار ئىكەندۇق. لېكىن مۇئەللىم ئۇنىڭغا ماقۇل دېمەپتىكەن. كېيىن بىلسەك، مۇئەللىمنىڭ ئەسلىدە ئۆيىدە داۋالانغان تۇغقىنىغا كۆڭلى بار ئىكەندۇق.

بۇنى ئاڭلاپ قاھارنىڭ يۈرىكىگە ئاچچىق سانجىلدى.

— سادىق «كۆلى» كۆلىغا ئۇزۇم سودىسى قىلغىلى ماڭغاندا، نېمىشقىكىن، مۇئەللىمنىڭ ھېلىقى تۇغقىنىمۇ ھەمراھ بولۇپ بېرىپتۇ. كېيىن سادىق «كۆلى» يەنە بىر ھەمراھى بىلەن قايتىپ چىقىپتۇ. مۇئەللىم بىلەن ئاتىسى سادىق «كۆلى»نىڭ يېنىغا بارسا، تۇغقىنىنى «ئۇزۇمىمىزنى ئېلىپ قېچىپ كەتتى، بەك يۈزسىز ئادەم ئىكەن» دەپتۇ.

— ۋۇ، مۇناپىق! — قاھار ئاچچىقى بىلەن شىرەگە مۇشتلىدى. بۇنىڭدىن بەك قورقۇپ كەتكەن قىز سۆزدىن چىپپىدە توختىدى.

— خاپا بولماڭ، سىڭلىم، سۆزلەۋېرىڭ، — دېدى قاھار بىر رومكا ھاراقنى گۇپپىدە ئىچىۋېتىپ.

— بىراق، مۇئەللىم بىلەن ئاتىسى ئۇ تۇغقىنىنىڭ ئالا كۆڭۈللۈككە ئىشەنمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىچكىرىگە باردىغانلارغا يېلىنىپ - يالۋۇرۇپ تۇغقىنىنىڭ ئىزدەك - سورىقىنى قىلىپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. ئۆزلىرىمۇ ئىشەنچ بىلەن

كۆتۈپتۇ. بىراق يېرىم يىلغىچىمۇ تۇغقىنىنىڭ خەۋىرى بولماپتۇ. ئۇ كىشى تۇرپانلىق ئوخشايدۇ، مۇئەللىمنىڭ ئاتىسى تۇغقىنىنى ئىزدەپ تۇرپانغىمۇ بېرىپتۇ. شۇ ئارىدا سادىق «كۆلى» ئارىغا ئادەم قويۇپ زەۋەرگۈلنى توي قىلىشقا قىستاپتۇ. ئىشقىلىپ سادىق «كۆلى» پۇلىغا تايىنىپ زەۋەرگۈلنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان، دوستلىرىنى ئارىغا سېلىپ ئۇنىڭغا بېسىم ئىشلىتىپتۇ. ئاخىر مۇئەللىم سادىق بىلەن توي قىلدى.

قاھارنىڭ مۇشتلىرى تۈگۈلدى. ھەممە ئىشنى پەملەپ بولغان ئەنۋەر ئاتا ئۇنىڭ قولىنى چىڭگىدە تۇتۇۋالدى ۋە بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ ئۇنىڭغا سۇندى. تاماكا چېكىپ ئادەتلەنمىگەن قاھار تاماكىنى كۆچەپ شوراشقا باشلىدى. شۇ تاپتا ئۇ تاماكا ئىسىنىلا ئەمەس، تېزەك ئىسى بولسىمۇ شوراۋېرەتتى. چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلەلمەيتتى.

— دېگەنبىلەن ئۇلارنىڭ تويى ناھايىتى كاتتا بولدى. سادىق «كۆلى» باي بولغاچقا، مۇئەللىمگە ئالتۇن جابدۇق بىلەن كىيىم دېگەننى تازا ئاپتۇ. نۇرغۇن قىزلار ھەسەتتىن كېسەل بولۇپ قالغىلى تاس قالدى. توينى بىزمۇ بېرىپ كۆردۇق. مۇئەللىمنى شەھەردىن ئەكەلگەن كاتتا پىكاپتا كۆچۈردى. تويدا تېخى داڭلىق ناخشىچىلارمۇ كېلىپ ناخشا ئېيتتى. ئاڭلىساق، ئۇلارنىڭ تويى بولۇپ نەچچە ئايدىن كېيىن سادىق «كۆلى» مۇئەللىمنى بوزەك قىلىپ ئارام بەرمەپتۇ. ھاراق ئىچىپ مەست بولۇپ قالسىلا مۇئەللىمنى ئۇرغۇدەك. ئېرىنىڭ ھاقارىتىگە چىدىمىغان مۇئەللىم نەچچە قېتىم يامانلاپ كەپتۇ. ھەتتا ئاجرىشىپ كەتمەكچىمۇ بوپتۇ. بىراق مۇئەللىم ئېغىر ئاياغ بولغاچقا يەنە سادىق «كۆلى»نىڭ ئۆيىگە كېتىشكە مەجبۇر بوپتۇ. بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن سادىق «كۆلى» ئانا - بالىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشنىڭ ئورنىغا تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كۈن بويى مەست يۈرىدىغان، يوچۇن ئادەملەر بىلەن ئۆيىدە كېچىچە ھاراق ئىچىدىغان بولۇۋاپتۇ. تېخى تولۇق ئەسلىگە كېلىپ بولالمىغان بىچارە مۇئەللىمنى شۇ

مەسىلەرگە كىچىچە تاماق قىلىشقا مەجبۇرلاپتۇ. ھالىدىن كەتسە ئادەملەرنىڭ ئالدىدىلا دومبالاپتۇ. بەزىدە تېخى شەھەردىن ئالا ـ بۇلىماچ كىيىنگەن قىزلارنى باشلاپ كېلىپ، مەھەللىنىڭ سازەندىلىرىنى يىغىۋېلىپ تاڭ ئاتقۇچە مەشرەپ قىلىدىكەن. سازەندىلەرنىڭ دېيىشىچە، سادىق «كولى» ئۇ قىزلار بىلەن ناشايان ئىشلارنى قىلىدىكەن. بۇ ئىشلار كېسەلچان مۇئەللىمگە بەك ئېغىر كېلىپ تۇگىشىپلا كېتىپتۇ. مۇئەللىمنىڭ بالىسى ئالتە ئايلىق بولغاندا، سادىق «كولى» مۇئەللىمنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ. ھازىر ئۇلار ئاجرىشىپ مۇئەللىم بالىسى بىلەن يالغۇز تۇرۇۋاتىدۇ.

«مۇئەللىم بالىسى بىلەن يالغۇز تۇرۇۋاتىدۇ» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ، بىر شۇملۇقنى سەزگەندەك بولغان قاھار لەۋلىرى تىترىگەن ھالدا ئارانلا سورىدى:

ــ ھېمىت... ئاكامچۇ؟

ــ باشقىلارنىڭ كېسىلىنى داۋالاپ يۈرگەن ئادەم قىزىنىڭ تارتىۋاتقان خورلۇقلىرىنى كۆتۈرەلمىدىمۇ قانداق، كېسەل بولۇپ يېتىپ قالدى. كېيىن سادىق «كولى» ھەددىدىن ئېشىپ مۇئەللىمنىڭ ئۆيلىرىدىمۇ مۇئەللىمنى ئاتىسىنىڭ كۆزىچىلا دومبالايدىغان بولۇۋالغاندىن كېيىن مۇئەللىمنىڭ ئاتىسى ئۆلۈپ كەتتى. كىشىلەر ھېمىت ئاكىنى «ئاچچىق يۇتۇپ ئۆلۈپ كەتتى» دېيىشىدىغۇ.

قاھارنىڭ كۆزىدىن ئىختىيارسىز ياش تۆكۈلدى: «ئاھ خۇدا!!! ئۇلارغا نېمە كۈنلەرنى كۆرسەتكەنسەن؟ شۇنچىلىك ئاق كۆڭۈل ئادەملەرمۇ شۇنچىۋالا ئازابلارنى تارتامدۇ؟ شۇنچىۋالا كۆرگۈلۈكلەرنى كۆرەمدۇ؟ ھەممىسى مېنىڭ كاساپىتىمدىن بولدى. مەن ئۇلارغا قانداقمۇ يۈز كېلەلەيمەن؟...» قاھار ئۆزىنىڭ پۇل تېپىش ئۈچۈن شىئەنگە بارغىنىغا قاتتىق پۇشايمان قىلدى، ئۆزىنى ئۆزى ئەيىبلەپ، ئاچچىقتىن بوغۇلۇپ كەتتى.

ــ ھازىرچۇ؟ زەۋەرگۈلنىڭ ئەھۋالى قانداق؟ ــ تەستە سورىدى قاھار.

— بالىسى بىلەن سېرىقتال كۈن كەچۈرۈۋاتىدۇ. سادىق «كۆلى» ئاجراشقاندىن كېيىن ئۇلارنى تاشلاپ قويغانتى. ھازىر شەھەردە ئەسكى سودىلارنى قىلىپ يۈرگۈدەك. يۇرتقىمۇ ناھايىتى ئاز كېلىدۇ. ئاڭلىسام ھازىر ئۇنىڭدىن ئايرىلىمۇ قاقشاپ يۈرگۈدەك. خىروئىن دېگەن قىممەت پۇللۇق تاماكىنى چېكىپ ئۆيىنىڭ ئىقتىسادىنى تۈگىتىۋېتىپتۇدەك.

قاھار بېشىنى لىڭشىتتى. ئەنۋەر ئاتا ئىشارەت قىلىۋىدى، قىز چىقىپ كەتتى.

— يۇر، ئاداش، ئۆيگە بېرىپ ئارام ئالايلى.

— ياق، مەن ياتاقتا ياتىمەن.

— ئۆيۈم كەڭتاشا...

— بولدى، ياتاقتا ياخشىراق ئارام ئېلىۋېلىپ، ئۆيۈڭگە ئەتە بارىمەن.

— چاتاق يوقتۇ؟

— خاتىرجەم بول. نى - نى ئېغىر كۈنلەرنى كۆرۈپ ھېچنېمە بولمىغان ئادەم مەن. ئوبدان ئارام ئېلىۋالسام ياخشى بولۇپ كېتىمەن.

— ئۇنداق بولسا بوپتۇ. يۇر، ئۆيىنىڭ يېنىدىلا بىر ياتاق بار. سېنى شۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قوياي.

قاھار بېشىنى نەچچە قېتىم سوغۇق سۇدا يۇيۇۋېتىپ كىرىپ ياتتى. ئۇ ھېممت نەنسەنچىنىڭ ئۆلۈمى بىلەن زەۋەرگۈلنىڭ كۆرۈۋاتقان كۈنىگە ھەققەتەن ئېچىندى. ئۇلارنىڭ بۇ كۈنگە قېلىشىدا ئۆزىنىڭ چوڭ مەسئۇلىيىتى بار دەپ ھېسابلاپ بەك ئازابلاندى. «مەن ئىشلىرىمنى ئىزىغا سېلىۋېلىپ، زەۋەرگۈل بىلەن بالىسىنىڭ ھالىدىن چوقۇم ياخشى خەۋەر ئالىمەن، ئۇلارنىڭ ماڭا قىلغان ياخشىلىقلىرىنى ھەسسىلەپ قايتۇرىمەن» قاھار شۇنداق ئويلاپ ئۆزىنى ھەرقانچە بەزلەپ باققان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنى ئەيىبلەشتىن پەقەت خالىي بولالمىدى.

سادىقنى يادىغا ئالغاندا بولسا غەزەپتىن چىشلىرى غۇچۇرلىدى: «ئەسلىدە ماڭا دۈشمەنلىك قىلىپ، يۇرتقا بارغاندا ماڭا تۆھمەت

قىلىپ، يوق گۇناھنى ئارتىپ قويۇپسەن ـ دە! مەن ئەمدى بىلدىم، سەن زەۋەرگۈلگە ئىرىشىش ئۈچۈن رەزىل پىلان تۈزۈپ، مېنىڭ پۇل تېپىش ئارزۇيۇمدىن پايدىلىنىپ مېنى قىلتاقـقا دەسسىتىپسەن. ماڭغۇ مەيلى، زەۋەرگۈل بىلەن ھېممەت ئاكام گۇناھسىز ئىدىغۇ! نېمىشقا ئۇلارنى نابۇت قىلىسەن؟ ھەي سادىق، ھەي سادىق، سەن نېمانچە رەزىل، نېمانچە قارانىيەت! مەن سەندىن بۇ ھېسابنى ئالماي قويمايمەن. بۇ كۈن ھامىنى كېلىدۇ. شۇ كۈن كەلگەندە قېنى نېمە دەيسەنكىن؟ سېنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرىڭگە بىرمۇبىر ھېساب بەرمىگىنىڭنى بىر كۆرەي. سەن ئالدىرىماي تۇر!»

تۇرلۇك خىياللار بىلەن قاھارنىڭ پەقەت ئۇيقۇسى كەلمىدى. ئۇنىڭ قۇمۇلدىن كەلگۈچە قىلغان پىلانلىرىنىڭ ھەممىسى قالايمىقان بولۇپ كەتكەن بولغاچقا، ئەمدىكى قەدەمنى قانداق بېسىش كېرەكلىكىنى ياخشى ئويلىنىۋالمىسا بولمايتتى. «ئەمدى تۇيۇقىقا بارغىنىمنىڭ نېمە پايدىسى؟ مەن مۇشۇ ھالىم بىلەن زەۋەرگۈلگە نېمە قىلىپ بېرەلەيمەن؟ سادىققا نېمە دېيەلەيمەن؟ توغرا، ئەمدى ئالدى بىلەن ئالتۇنلارنى تاپاي، ئۇنى پۇلغا ئايلاندۇراي. تۆمۈر ئاكامنىڭ ۋەسىيىتىنى ئورۇنداي. ئاندىن قالغان ئىشلارنى پۈتتۈرەي...» ئاخىر قاھار ئاشۇنداق قارارغا كەلدى. لېكىن ئالتۇنلارنى قانداق تاپىدۇ؟ شۇنداقلا بېرىپ مازاردىكى قەبرىنى كولايدىغان بولسا ئۆزىنى بالاغا تىقىقىنى شۇ ئەمەسمۇ؟

بۇ ئىشتا قاھارنىڭ بېشى قاتتى. «قانداق قىلسام ئۇ ئالتۇنلارنى بىخەتەر ئەكېلەلەيمەن؟» دېگەننى ئويلاپ تۈزمىگەن پىلانى، ئويلىمىغان چارىسى قالمىدى. ئەمما پىلان، چارىلىرىنىڭ بىرىمۇ ئۆزىگە يارىمىدى.

ئۇ يېتىپ ئويلاندى، ئويلىدى ـ ئويلىدى زەۋەرگۈل ئوقۇپ بەرگەن تۇيۇقتىكى ئەسھابۇلكەھف ھەققىدىكى ماتېرىيال يادىغا كەلدى. شۇ چاغدا زەۋەرگۈل: «بۇ مازارنى تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن شۇنچە يىراق يەرلەردىن نۇرغۇن كىشىلەر كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا چاچ ـ ساقاللىرى ئۆسكەن سوپى ـ دەرۋىش سىياق

تىلەمچىلەر كۆپرەك» دېگەنىدى. زەۋەرگۈلنىڭ بۇ گېپى يادىغا يېتىش بىلەن قاھارنىڭ كۆز ئالدى «پالىلىدە» يورۇپ كەتكەندەك بولدى. «توغرا، مەنمۇ ساقال - بۇرۇتۇمنى ئۆستۈرۈپ دەرۋىشلەردەك، تىلەمچىلەردەك ياسىنىپ، شۇ مازارنى تاۋاپ قىلىپ بارغان بولاي. بۇنىڭدا مازاردا ئۇزۇن تۇرالىغۇدەكمەن، باشقىلارمۇ مېنىڭدىن گۇمانلانمىغۇدەك...» بۇ پىلاندىن قاھار ئىنتايىن خۇش بولۇپ كەتتى. ئارقىدىنلا يەنە غەم باستى: «چاچ - ساقالنى قانداق قىلىمەن؟ ئۇنى بىر كېچىدىلا ئۆستۈرۈۋالغىلى بولمىسا... ھەي، خىلۋەت بىر يەر بولغان بولسا، ئىشلەمچىلىك قىلىپ جان باقىچ چاچ - ساقاللىرىمنى ئۆستۈرۈۋالغان بولسام... توغرا، تولا كېچىكتۈرمەي، ئەتىدىن باشلاپلا ئاشۇنداق يەرلەردىن ئىش ئىزدەي...»

مانا ھالقىلىق پەيتلەردىمۇ يەنە زەۋەرگۈلنىڭ ياردىمى تېگىۋاتىدۇ. بۇنى ئويلىغان قاھار زەۋەرگۈلنىڭ ئېغىر كۈنلەرنى باشتىن ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىنى يادىغا ئېلىپ كۆڭلى بۇزۇلدى.

※ ※ ※

ئاخشىمى خېلى كۆپ ھاراق ئىچكىنىگە ۋە شۇنچە كەچ ياتقىنىغا قارىماي قاھار ئەتىسى ئورنىدىن ئەتىگەن تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆڭلى بىر نەرسىگە ئالدىرايتتى. ئۇنىڭ پىلانى قانچىكى تېز ئەمەلگە ئاشسا زەۋەرگۈلنىڭ ئازاب تارتىدىغان ۋاقتى شۇنچە ئاز بولىدۇ!

ناشتىدىن كېيىن ئەنۋەر ئاتا يەنە سورىدى:

— ئەمدى نېمە ئىش قىلاي دەيسەن؟

— ئەسلى تويۇقتا باراي دەپ ئويلىغانىدىم. ئاخشام كۈتكۈچى قىزنىڭ دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ، راستىنى ئېيتسام، ئۇ يەرگە بېرىشتىن كۆڭلۈم سوۋۇپلا كەتتى.

— مېنىڭچە، يەنىلا بېرىپ باققىنىڭ تۈزۈك. بەلكىم ئۇ قىز ئەھۋاللارنى تازا تولۇق بىلمەس.

— ياق، ئاداش، مەن ئۇ قىزنىڭ گەپلىرىگە ئىشەنىدىم. زەۋەرگۈل بىلەن ھېممىت ئاكامنى قانچىلىك بىلسەم، سادىق دېگەن مەلئۇننىمۇ شۇنچىلىك بىلىمەن. ئۇ ئۇنچىلىك ئىشلارنى يۈرىكى مىتمۇ قىلماي قىلالايدۇ. ئۇنىڭمۇ ھېساب بېرىدىغان ۋاقتى بولار.

— ئۇنداق بولسا بوپتۇ. ئۆزۈڭ دېگەندەك ماڭا ياردەملەش.

— مېنى بۇنىڭغا سايە قىلما، ئاداش، ئادەملەردىن رايىم يېنىپلا كەتتى. بولسا ھېچكىم يوق يەردە بىر نەچچە ئاي ياشاپ باقسام دەپ ئويلاۋاتىمەن.

— چاقچاق قىلما،— دېدى ئەنۋەر ئاتا.

— چاقچاق ئەمەس، ئۆزۈم خان، ئۆزۈم بەگ بولۇپ بىر مەزگىل ياشىغۇم كېلىۋاتىدۇ. ئۆزۈڭ بىلىسەن، تولا تاسقىلىپ تويۇپ كېتىپتىمەن. ئۇھ دەپ ئارامخۇدا ياشاپ باققۇم كېلىۋاتىدۇ.

— گېپىڭ راست بولسا ئۇنداق يەرمۇ تەييار.

— راست ئاداش، شۇنداق يەر بولسا تاپقىنە، قانچە يىراق بولسا، قانچە ئادەم ئاز بولسا شۇنچە ياخشى.

— مەن راست گەپ قىلىۋاتىمەن قەيسەر، ياق، نېمە؟ قاھار.

قاھار دوستىنىڭ راست ئېيتىۋاتقانلىقىنى تۇيۇپ دىققىتىنى يىغدى.

— ئايالىمنىڭ چالقان دېگەن يەردە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر تاغىسى بار ئىدى، ئاخشام ئۆيگە بارسام شۇ كىشى كەپتۇ. ئۇنىڭغا بىر قوي باقىدىغان ئادەم لازىم ئىكەن. تېپىپ بەرسەڭلار دېۋىدى، تۇرپانلىقئارىسى دېگەن مەھەللىدە تونۇشلارنىڭ بىكارچى باللىرى بار ئىدى، شۇلارنى تونۇشتۇرغانىدىم، بوگۈن چۈشتە بېرىپ باقماقچى بولغانىدۇق.

— چالقان دېگەن قەيەر ئۇ؟

— سىڭگىم يېزىسىنىڭ چارۋىچىلىق مەيدانى بار تاغلىق يايلاق، سىڭگىم يېزىسىغا ئەللىك كىلومېتىردەك كېلىدۇ، يول بەك ناچار بولغاچقا ئاساسەن سىرتتىن ئادەم بارمايدۇ.

بۇ يەر قاھارغا يېقىپ قالدى.

— قوي بېقىش بەك مۇشكۇلمۇ؟

— بەك ئاددىي، قوتاندىن ئېلىپ چىقىسەن، باقىسەن، سۇغىرىسەن، كەچلىكى قوتانغا سولايسەن، شۇنچىلىك ئىش. لېكىن ئادەم بولمىغاچقا بەك زېرىكىشلىك.

قاھار كەسكىنلا ئېيتتى:

— بولدى، مەن باراي. مېنى شۇ كىشىنىڭ يېنىغا باشلاپ بار.

ئەنۋەر ئاتا ئۇنىڭ راست سۆزلەۋاتقانلىقىنى بىلىپ، ئۇنى باشلاپ ماڭدى.

— نېمىگە ئېھتىياجلىق بولسا، بىر يەردىن شۇ نەرسە تەخ بولۇپ تۇرىدىغان كىنولاردىكىدەكلا ئىش بولدىغۇ بۇ، — دېدى قاھار كۈلۈپ.

— ماڭىغۇ ئىشلىرىڭ كىنودەكلا بىلىنىۋاتىدۇ.

— راستىنى ئېيتسام، دوستۇم، مەن ساڭا بەزى ئىشلارنى دېمىدىم، ئەمما ۋاقتى كەلگەندە چوقۇم دەيمەن.

— مەنمۇ بۇنى ئاخشاملا سەزگەن. ھازىرمۇ سېنىڭ چالقانغا بېرىشىڭدىن گۇمان قىلىۋاتىمەن. سەن ھەرقاچان ئۇ يەردە بىر ئىشقا تەييارلىق قىلىسەن.

— ۋاقتى كەلگەندە بىلىپ قالىسەن، لېكىن ھەرگىز ئەسكى ئىش ئەمەس. ئاداش، سەندىن ئۆتۈنۈشۈم بولۇپ قالسۇن، مېنى ھېچكىمگە ئاشكارىلىما، كىملا بولسا مەيلى. ئىچىڭدىلا بىل.

— بولدى، خاتىرجەم بول.

※ ※ ※

ئۇلار سىڭگىمدىن ئۇزاپ تاغ ئىچىگە كىرگەندە يول بىردىنلا يامانلاشتى. چوڭ - چوڭ قورام تاشلار ھەدېسە قاھارنى ئاتتىن چۈشۈشكە مەجبۇر قىلاتتى. ئۇنىڭسىزمۇ ئات مىنىشنى ئەمدىلا ئۆگەنگەن قاھارغا ئات ئۈستىدە ئولتۇرۇش تولىمۇ قولايسىز بىلىنىپ بەك قىينىلىپ كەتتى. بىردەم ئۇڭ تەرەپكە قىڭغايسا،

بىردەم سول تەرەپكە قىڭغىياتتى. ناۋادا، ئات بىرەر نەرسىدىن ئۈركۈپ يۈلقۇنسا ئۇ كەينىگە ئۇچۇپ چۈشۈشكە تاسلا قالاتتى.

مەھمۇد ئاكا بولسا تاغلىقلارغا خاس بەدەنگە ئىگە — بويى ئېگىز، گەۋدىلىك، يەرنى گۆش - گۆش دەسسەپ ماڭىدىغان، ھەرىكىتى چاققان كىشى ئىدى. ئۇ بىردەم - بىردەم ئاتتىن چۈشۈۋېلىپ، ئاتنىڭ ئالدىدا يولنىڭ ئوي - چوڭقۇرىنى ئىلغىماي ماڭاتتى.

قاھار ئۇ كىشىدىن قەددىنى رۇس تۇتۇشنى، ئىشتا كەسكىن بولۇشنى ئۆگەنگەندەك بولدى.

ئۇلار شۇ ھالدا مېڭىپ كەچكە يېقىن تۇرالغۇغا يېتىپ كەلدى. بۇ چاغدا قاھارنىڭ پۈتۈن بەدىنى ئاغرىپ، يېنى يەر تارتىپ كەتتى. شۇڭا ئۇ گۆشكە ئېغىز تېگە - تەگمەيلا پوككىدە چۈشۈپ ئۇيقۇغا غەرق بولدى.

بىر چاغدا ئۇ سوغۇقتىن تىترەپ ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ ئويغىنىپ سىرتنىڭ يورۇپ قالغانلىقىنى، ئۆيدە ئۆزىنىڭ يالغۇزلۇقىنى كۆردى. قىزىق يېرى، ئۇنىڭ ئۇستىگە يوتقان يېپىپ قويۇلغان بولسىمۇ، ئۇ سوغۇقتىن تىترەپ تۇراتتى. ئەگەر تۇرپان بولىدىغان بولسا يوتقان يېپىنىپ يېتىش مۇمكىنمۇ؟ شۇندىلا ئۇ باشقىلارنىڭ تاغ ھاۋاسى ھەققىدىكى گەپلىرىگە ئىشەندى.

ئۇ سىرتقا چىقىپ ھەيران قالدى. ئەتراپ ئېگىز تاغ. تاغ باغرى يېشىللىققا تولغان، قوي - كالىلار ئەركىن ئوتلاپ يۈرگەن. تاغ ھاۋاسىدىن بىر خىل ساپلىق، پاكىزلىق بىلىنىپ تۇرىدۇ.

قاھار قېنىپ - قېنىپ نەپەس ئالدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا ئىچكى ئەزالىرىدىكى توسالغۇلار بىردىنلا ئېچىلىپ كەتكەندەك بىلىنىپ يېنىكلا بولۇپ قالدى.

— تۇردىڭىزمۇ؟ ناشتا قىلىۋېلىڭ.

ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ ھەدەپ يۈگىنىنى چايناۋاتقان ئاتنى تۇتۇپ تۇرغان مەھمۇد ئاكىنى كۆردى. ئاتنىڭ چوڭ - چوڭ نەپەس ئېلىشىدىن ئۇلارنىڭ خېلى يولنى بېسىپ كەلگەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى.

— نېرىقى قاپتالدىكى قوتاننى كۆرۈپ كەلدىم. يۈرۈڭ.

ئۇلار ئۆيگە كىردى. داستىخاندا نان، سۈت ۋە ئاخشام پىشۇرۇلغان سوغۇق گۆش تۇراتتى. قاھار ئىشتىھالىق ئادەملەردەك تويغۇنۇپ ناشتا قىلدى. «تاغ ھاۋاسى ماڭا يارىشىدىكەن» دەپ ئويلىدى ئۇ.

— قوي بېقىشنى بەزىلەر بەك ئاسان چاغلايدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق يولى، ئېپى بار. بۇنى ئاستا ـ ئاستا ئۆگىنىۋالىسىز. بۈگۈنچە قويلارنى ئاۋۇ قاپتالنىڭ كەينىدە بېقىپ تۇرۇڭ. ئۇ يەردە بىر چوڭ ئۆستەڭ بار.

قاھار يۈزچە قوينى ھەيدەپ قاپتالدىن ئەگىپ ئۆتتى ۋە خۇشاللىقتىن ۋارقىرىۋېتىشكە تاسلا قالدى. چۈنكى ئۇ يەردە سۈپسۈزۈك سۈيى ئويناقشىپ ئېقىۋاتقان بىر ئۆستەڭ بار ئىدى، ئۆستەڭ بويىدا تۈرلۈك ئوت ـ چۆپلەر بولۇق ئۆسكەنىدى. قويلار ئاستا ـ ئاستا ئۆستەڭ بويىغا تارىلىپ كەتتى.

قاھار ئۆستەڭ سۈيىگە قاراپ ھاياجانلىنىپ تۇرۇپ قالدى. ئېگىز تاغ، ئاق بۇلۇت، ساپ ھاۋا، تىنچ مۇھىت، سۈزۈك ئېقىن، رەڭگارەڭ گۈللەر... پاھ، ھاياتنىڭ پەيزى مۇشۇ بولماي نېمە!؟

ھاياجاندىن ئۆزىنى باسالمىغان قاھار ئۆستەڭدە راسا بىر چۆمۈلمەكچى بولدى، ئەمما سۇغا چۈشە ـ چۈشمەيلا ئەندىكىپ كەتتى، سۇ بەك سوغۇق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن قاھار پۇتىنى سۇغا چىلىغىنىچە ئۆستەڭ بويىدا ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى. بىر چاغدا بۇنىڭغىمۇ بەرداشلىق بېرەلمىگەن قاھار سۇدىن پۇتىنى تارتىشقا مەجبۇر بولدى.

ئۇ ئەمدى شەبنەملىرى تېخى تولۇق قۇرۇپ كېتەلمىگەن ئوت ـ چۆپلەر ئۈستىدە سوزۇلۇپ ياتتى. نېمىدېگەن راھەت! شەھەردە ياشىدۇق دەپ ئۇنچىۋالا غەم ـ ئەندىشىلەر بىلەن ياشىغاندىن مۇشۇنداق يەردە غەمسىز، خاتىرجەم ھالدا تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكىدىن، ساپلىقىدىن ھۇزۇرلىنىپ ياشىماي...

ئارىدىن نەچچە كۈن ئۆتۈپ قاھاردىكى ئۇ ھاياجانلىق تۇيغۇلار ئۆزلۈكىدىن بېسىلىپ، يەنە ھايات غوۋغالىرىنىڭ كۆرۈنمەس

تورىغا چىرمىلىپ، كۆز ئالدىدىكى تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكىنى ئۇنتىدى. كۈندە دېگۈدەك بىر خىللا تۇرۇۋاتقان ساقىلىغا ئوغرىلىقچە قارايدىغان بولۇپ قالدى...

ئۇلار خېلى ئۆزلىشىپ قالغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەھمۇد ئاكا كاپىلىغۇچ بىلەن ئۇستىرىسىنى ئاچىقىپ، ئۇستىرىنى كاپلاشقا باشلىدى.

— تاغدا قورۇنۇپ، تارتىنىپ تۇرۇشنىڭ ئورنى يوق. كېلىڭ، ئۇكام، چاچلىرىنى ياساپ قوياي.

ئېنىقكى، مەھمۇد ئاكا ئۇنىڭ ئۆسۈپ كەتكەن ساقال - بۇرۇتىنىڭ گېپىنى قىلىۋاتاتتى. بۇنىڭدىن قاھار خىجىل بولۇشقا قارىغاندا، تەڭلىكتە قالدى.

قاھار مەھمۇد ئاكىنىڭ ئۇستىرىنىڭ بىسىنى تىرنىقىغا تىرەپ ئۆتكۈرلۈكىنى سىناۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئالدىراپ قالدى ۋە:

— ئەستا، ۋەدە قىلىپ قويغان بىر ئىشىم بار ئىدى. شۇنىڭ قەرەلى توشقۇچە تىغ تەگكۈزسەم بولمايتتى،— دەپ يالغان ئېيتىشقا مەجبۇر بولدى. بۇنى ئاڭلىغان مەھمۇد ئاكا چۈشەنمىگەندەك تۇرۇپ قالدى. ئاندىن:

— ئۇنداق يېرى بولسا بوپتۇ،— دەپ نەرسىلىرىنى يىغىشتۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن مەھمۇد ئاكا بۇ ھەقتە ئۇنىڭغا ئېغىز ئاچمىدى.

كۈنلەر بىر خىلدا ئۆتۈشكە باشلىدى. ھاۋا سوۋۇغانچە ئۇلار تاغنىڭ ئىچكىرىسىگە سۈرۈلەتتى ياكى بىر جايدىن يەنە بىر جايغا يۆتكىلەتتى. قاھارغا بۇ خىل تۇرمۇش بارغانچە تولىمۇ زېرىكىشلىك بىلىندى. ئەگەر ئۇنىڭ ساقال ئۆستۈرۈشتەك قەتئىي ئىرادىسى ۋە كۆچۈپ تۇرۇش بولمىغان بولسا، ئۇ ئۆزىنىڭ زېرىكىشتىن نېمە بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى.

شۇنداق قىلىپ، بۇ يىل تولىمۇ تەستە ئۆرۈلۈپ، ئەتىياز يېتىپ كەلدى. قاھارمۇ تۇتامدىن ئېشىپ كەتكەن قاپقارا

ساقىلىنى قايتا ـ قايتا سىلاپ، ئىش باشلاش پەيتىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى جەزم قىلدى.

ھاۋا تازا ئوچۇق بىر كۈنى، قاھار بەك تەستە مەھمۇد ئاكىغا ئۆزىنىڭ كېتىدىغان ۋاقتىنىڭ بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتتى. بىراق ئويلىغىنىنىڭ ئەكسىچە مەھمۇد ئاكا ئۇنىڭ بۇ سۆزىگە ھەيرانمۇ قالمىدى. پەقەت:

— توۋا ئالىدىغان تازا ئالدىراش پەيت ئىدى،— دېدى.

— ئويلاپ باقسام ئەمدى ماڭمىسام ئۇلگۇرەلمىگۇدەكمەن،— دېدى قاھار سەل خىجىل بولۇپ.

— بوپتۇ، ئۇكام، مەنمۇ باشتىلا سىزنىڭ باشقا كويدا يۈرگىنىڭىزنى پەملىگەنىدىم. ئادەم دېگەننىڭ ئۆزى ئۆچۈن مۇھىم بولغان ئىشلىرى بولىدۇ، ئۇنى باشقىلار ئۇنداق ـ مۇنداق دېسە بولمايدۇ. سىز بىلەن ئوبدان ئۆتتۇق، بىزگە كۆپ ياردەمدە بولدىڭىز. بىردەم تۇرۇپ تۇرۇڭ.

مەھمۇد ئاكا ئۆيگە كىرىپ كېتىپ بىر تۈگۈنچەكنى كۆتۈرۈپ چىقتى ۋە قاھارغا سۇندى:

— تازا لايىقىڭىزدا بولمىغان بولسىمۇ، بۇ بىزنىڭ كۆڭلىمىز.

— ياق، ياق،— قاھار ئۇنى ئالغىلى ئۇنىمىدى.

— بۇنداق قىلسىڭىز بولمايدۇ، ئۇكام، بىزنى دەپ ھېيت ـ ئايەملەردىمۇ يۇرتقا بارماي كۆپ جاپا تارتتىڭىز. ئەگەر ئالمىسىڭىز بىزنى خىجىل قىلىپ قويىسىز.

— مەن بۇنى ئالماي، باشقا نەرسە بەرگەن بولسىڭىز،— دېدى قاھار.

مەھمۇد ئاكا قويلارغا، ئېتىزغا، ئۆيگە دۈۋىلەپ قويغان تېرىلەرگە قاراپ چۈشىنەلمەي تۇرۇپ قالدى.

قاھار قوزۇقتا ئىلىقلىق تۇرغىلى ئۇزۇن بولغان كونا تۇماق بىلەن مەھمۇد ئاكا بۇرۇن ناماز ئۆتەشتە كىيگەن يوللۇق كونا پەرىجىنى ۋە ئاتقا تولا ئارتىلىپ ئۇپراپ كەتكەن بولسىمۇ مۇستەھكەم تۇرغان كونا خۇرجۇننى سورىدى. بۇنى ئاڭلىغان مەھمۇد ئاكىنىڭ قاپىقى تۈرۈلدى:

— ئادەمنى تولا خىجىل قىلمىغە، ئۇكام. ئۇ كونا نەرسىلەرنى... بەرسەممۇ يېغىسىنى بىرەي. لېكىن بۇ پۇلنى ئالمىسىڭىز بولمايدۇ.

— راست ئاكا، ماڭا شۇلار لازىم.

مەھمۇد ئاكا ئىشەنگۈسى كەلمەي قاھارغا سىنچىلاپ قاراپ ئۇنىڭ راست ئېيتىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ قالدى.

— مېنىڭ باشقا مەقسىتىم يوق، تاغدا تۇرغىنىمنىڭ خاتىرىسى بولۇپ قالسۇن.

— ئۇنداق دەپ تۇرۇۋالسىڭىز مەن نېمىمۇ دەيمەن. بەك قىزىق، سىرلىق بالىكەنسىز. بوپتۇ، بىر كۈنلەر كەلگەندە ئاۋۇ ساقالنىڭ، مۇنۇ كونا نەرسىلەرنىڭ سىرىنى دەپ بېرەرسىز. بۈگۈن بۇ يەرگە مال دوختۇرلىرى چىقماقچىدى. قايتقۇچە ئۇلار سىزنى سىڭگىمگىچە ئاپىرىپ قويسۇن.

قاھار كۆپ رەھمەت ئېيتىپ تەييارلىققا كىرىشتى.

# ئون سەككىزىنچى باب

دىغار يېزىلىق ھۆكۈمەت جايلاشقان كارىزكۆل رايونىنىڭ ئاۋات يېرىگە يېقىندا بىر رېستوران ئېچىلىپ، بۇ يەرگە بىر يېڭىلىق ئەكېلىش بىلەن بىللە بۇ يەرنى تېخىمۇ ئاۋات قىلىۋەتكەنىدى. بىكارچى كىشىلەر شۇ رېستوراننىڭ ئالدىدىكى دەرەخلەرنىڭ ئاستىغا دۈۋىلەپ قويۇلغان لىملار ئۈستىدە ئولتۇرۇپ پاراڭ سېلىشقاچ، رېستوران ئالدىدا توختاپ كېتىدىغان تۈرلۈك تاش توشۇش ماشىنىلىرىغا باھا بېرىشەتتى. پىچان ناھىيىسىنىڭ چۆلتاغ رايونىدىن تاش ماتېرىياللىرىنى توشۇيدىغان ماشىنىلارنىڭ كۆپىيىشى بىلەن بۇ چەت يېزىنىڭ بۇ يېرىدە كىچىككىنە قايناق بازار پەيدا بولغانىدى.

بۈگۈنمۇ كىشىلەر ئەتىياز ئاپتىپىنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرگەچ دەرەخ ئاستىدا ئولتۇرۇپ «ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز نەزىرىنىمۇ سالمىغان ئۇ تاشلارنىڭ بۈگۈنكى كۈندە بارغانسېرى پۇل بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرمەمدىغان» دېيىشىپ ئولتۇراتتى. قاپقارا ساقاللىرى تولىمۇ ياراشقان، ئەكسىچە تۇماق ـ پەرىجىلىرى تولىمۇ كونا بىر تىلەمچى ئۇلارنىڭ ئالدىدىن بېشىنى تۆۋەن سالغان ھالدا ئۆتتى. قارىغاندا، ئۇ خېلى ئۇزۇن پىيادە ماڭغان بولسا كېرەك، ئۈستىۋېشىنى توپا باسقانىدى، ئۇ تولىمۇ ئاۋارە ۋە مەينەت كۆرۈنەتتى.

— ھوي، نەدىن كەلدى بۇ تىلەمچى؟

— شۇنى دەيمەن، مەلىمىزگە دىۋانە كەلمىگىلى ئۇزۇن بولغانىدى.

— تىلىمەيلا كېتىپ بارىدىغۇ؟

— تىلىسىمۇ بەرمەيدىغانلىقىڭنى بىلىۋالغاندۇ؟

شۇنىڭ بىلەن ئاردىكى گەپ خالتىسى بىرى تىلەمچىگە ۋارقىرىدى:

— هوي، ساھىل، نەگە؟ بۇنىڭ ئايىغىدىكى مەھەللىدىكى كىشىلەر تېخىمۇ نامرات.

تىلەمچى قەدىمىنى توختاتتى ۋە يانغا بۇرۇلدى. ئۇنىڭ ھەرىكىتى سالماق، قىياپىتى ناھايىتى تەمكىن ئىدى.

— مەن تاۋاپقا ماڭدىم،— تىلەمچىنىڭ ئاۋازى ناھايىتى بوش چىقتى. ئۇ بېشىنى ئېگىپ خوشلىشىش ئىشارىتى قىلىپ قويۇپ، لەۋلىرىنى قىمىرلىتىپ كېتىپ قالدى.

— ئۇ يەردە نەدە تاۋاپ قىلىدىغان يەر بار؟

— مازارغا بارامدۇ ـ يە؟

— شۇ، مازارغا بارسا كېرەك. مەن ئۇ مازاردا ئۇلۇغلىرىمىز - نىڭ قەبرىسى بار دەپ ئاڭلىغانىدىم.

تىلەمچى ئۇلارنىڭ گېپىگە ئانچە ئېرەنشىمەي كونا خورجۇنىنى ئوڭ مۈرىسىدىن سول مۈرىسىگە يۆتكەپ يولغا كېتىۋەردى.

باھار پەسلىدىكى ئاپتاپ دەسلەپ ئادەمگە خۇشياقىدىغان بىلەن بىر يەرگە كەلگەندە ئادەمنى بىزار قىلىپ قويىدۇ. تىلەمچى مەھەللىدىن ئۇزاپ خېلى غەيرەت قىلىپ مېڭىپ باققان بولسىمۇ، ئەمما پاتىڭغا ئۇرۇلۇپ قىزىتىۋاتقان كۈننىڭ تەپتىگە بەرداشلىق بېرەلمەي، «يۇرۇش ئۇچراپ قالامدىكىن» دەپ يىراقلارغا قارىدى. بىراق، ئۇنىڭ — ئوقۇرمەنلىرىمىز پەرەز قىلىپ بولغان قاھارنىڭ ئۈمىدىنىڭ ئەكسىچە يولدا بىرەر تراكتور تۇرماق، ئېشەك ھارۋىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ئامالسىز يولغا راۋان بولۇشقا مەجبۇر بولدى.

ئۇ خىيال بىلەن مېڭىپ تۆمۈر دوختۇرنىڭ دېگەنلىرىنى تولۇقى بىلەن يادىغا ئېلىشقا تىرىشتى. بولۇپمۇ مازار ھەققىدىكى بايانلارنى بىرمۇبىر ئەسلەپ چىقتى، ھەتتا بىر يادلىغانمۇ بولدى.

ئۇ بايا «پىچان ناھىيە دىغار يېزىلىق خەلق دوختۇرخانىسى» دېگەن خەت يېزىلغان ۋىۋىسكا ئېسىلغان دەرۋازا ئالدىدىن

ئۆتكەندە چىشلىرى غوچۇرلىدى، «ئاشۇ ئاق كۆكۈل ئادەمنىڭ يىلتىزى مۇشۇ يەردىن باشلاپ قۇرۇشقا باشلىغان، ئوغلىنىڭ دەرد ـ ھەسرىتى ئۇنىڭ يۈرىكىنى تىلغىغان» دېگەنلەرنى ئويلاپ مۇشتى تۈگۈلدى. لېكىن، پۇرسەت تېخى پىشىپ يېتىلمىگەنىدى.

قاھار قۇرۇپ كەتكەن كارىزلارغا ئەپسۇسلۇق تۇيغۇلار بىلەن قاراپ كېتىۋاتقاندا يىراقتىن تراكتورنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. قاھار كەينىگە بۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان يېشىل رەڭلىك ئۈچ چاقلىق تراكتورنى كۆردى. ئۇ ئىككىلىنىپ قولىنى كۆتۈرۈۋىدى، تراكتور ئاستىلاپ كېلىپ توختىدى.

— نەگە سوپۇم؟ — تراكتورچى ۋارقىراپ سورىدى.

— مازارغا، — دېدى قاھار.

— چىقسىلا. ئۇ دېگەن يول ئۈستى، — تراكتورچى شۇنداق دەپ ئۆز يېنىدىن ئورۇن كۆرسەتتى. قاھار ئۇنىڭ يېنىغا جايلاشتى. تراكتور تاتاتلىغىنىچە يۈرۈپ كەتتى.

— ئادەتتىكى مازارمىكىن دېسەك ئادەم جىق كەلمىگەن بىلەن ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرىدۇ. ھاپىز شەيخ قېرىپ قالدى، شۇ ئازغىنە تاۋاپچىلارغىمۇ يېتىشەلمەي ئاۋارە بولۇپ يۈرۈيدۇ. ئۇ يەردە ئەكېتىدىغان بايلىق بولمىغاندىكىن، ئىشىكىنى ئېچىۋېتىپ، تاۋاپچىلار ئاتىغان نەرسىلەرنى ئېلىپ ئولتۇرسىلا بولىدۇ. ھەممىلا ئىشقا ئۆزى مىدىرىغان، قىزىق شەيخ ـ دە!

«ئەكېتىدىغان بايلىق بولمىغاندىكىن» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ قاھار ئەندىكىپ تراكتورچىغا قارىدى. تراكتورچى كۆزىنى ئۇ يەر ـ بۇ يېرىنى قۇم بېسىۋالغان يولدىن ئۈزمەي، رول بىلەن ھەپىلىشىپ ئاۋارە ئىدى. قاھار «ھە، مۇنداقلا دەپ قويغان گەپ ئىكەن» دەپ ئويلاپ خاتىرجەم بولدى.

تراكتور قۇم دۆڭلىرى چوقچىيىپ تۇرغان دوقمۇشتىن ئايلىنىپ، ئانچە ئۇزاق ماڭماي توختىدى. بۇ يەرنىڭ شىمال تەرىپى ئېگىز قۇم تاغ، جەنۇب تەرىپى بولسا يىراقتىن ئانچە ـ مۇنچە ئۆيلەر كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان يېشىللىق ئىدى. يول بويىدا كىچىك بىر كۆلچەك بولۇپ، كۆلچەكتە قومۇشلار ئۇنۇشكە باشلىغانىدى.

— كەلدۈق، سىلى دېگەن مازار ئاۋۇ شۇ.
تراكتورچى كېتىپ قالدى.
قاھار مازارغا قارىدى. بەئەينى يولنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى يېشىللىققا سىڭىشتۈرما بولغاندەك، مازار بار تەرەپ ساپلا قۇملۇق ئىدى. يىراقلاردىن ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈپ تۇرغان قۇم تاغلىرىنىڭ باغرىغا جايلاشقان مازار ۋە مازارغا قاداپ قويۇلغان تۇغ - خادىلار كۆزگە روشەن چېلىقىپ تۇراتتى. بۇ يەردىكى پۈتۈن قۇملۇقتا مازاردىن باشقا بىرەر پۇچۇق تاممۇ بولمىغاچقا ھەم بۇ مازار تەبىئىي شەكىللەنگەن توپا دۆۋىسى ئۈستىگە بىنا قىلىنغان بولغاچقا بۇ مازار يىراقتىن قارىغان كىشىگە ھەيۋەتلىك ۋە سۈرلۈك كۆرۈنەتتى.
قاھار يۈرىكى دۈپۈلدىگەن ھالدا مازارغا قاراپ ماڭدى. مازار ئېگىزدە بولغاچقا، خېلى ئۇزۇن يەردىن پەيدىنپەي ئېگىزلىتىپ سېمونىتتىن پەلەمپەي ياسالغانىكەن. قاھار شۇ پەلەمپەيلەرنى بىرمۇبىر دەسسەپ، ھەربىر پەلەمپەينى دەسسىگەندە «ئىشىم ئوڭۇشلۇق بولغاي، ئىشىم ئوڭۇشلۇق بولغاي» دەپ تىلەپ تۇردى.
ئۇ ئاخىر مازارنىڭ قورشاۋ تېمى ئالدىغا كەلدى. قورشاۋ تامنىڭ يولغا قارىغان تەرىپىگە كىچىك بىر ئاددىي ئىشىك بېكىتىلگەن بولۇپ ئوچۇق تۇراتتى. قاھار ئىشىكتىن كىرىپ قورشاۋ تام بىلەن گۈمبەزنىڭ ئارىلىقىنىڭ خېلى چوڭلۇقىنى، كىشىلەرنىڭ بۇ بوشلۇقنىڭ ئۈستىنى يانتاق، يۇلغۇن قاتارلىق چۆل ئۆسۈملۈكلىرى بىلەن يېپىپ لەمپە قىلىپ قويغانلىقىنى كۆردى. قاھار بۇ نەرسىلەرگە شۇنداقلا بىر قاراپ قويۇپ گۈمبەزنىڭ ئىشىكى ئالدىغا باردى. ئەپسۇسكى، ئىشىك قۇلۇپلاقلىق ئىدى. شۇندا قاھار تراكتورچىنىڭ «ھەممە ئىشقا ئۆزى يوگورگەن» دېگەن گېپىنى ئېسىگە ئېلىپ: «قارىغاندا، شەيخ گۈمبەزنى ئۆزى بولمىسا سولىۋېتىدىكەن» دەپ ئويلىدى.
شۇ چاغدا تۆۋەندىن بىرىنىڭ يۆتەلگىنىچە يۇقىرىغا چىقىۋاتقانلىقى مەلۇم بولدى. قاھار شۇ ھامان ئۆزىنىڭ كەيپىياتىنى ئوڭشىۋالدى.
ئازدىن كېيىن قېرىلىقتىن كۆزلىرى ياشاڭغىراپ، بېلى

مۈكچەيگەن بىر بوۋاي لەمپىگە كىرىپ كەلدى، ئۇ تولا يۆتەلگەنلىكتىن ئاققان شۆلگىيى ئاقارغان ساقىلىدىن ساڭگىلاپ تۇراتتى.

قاھار «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» دەپ بوۋاينىڭ ئالدىغا بېرىپ كۆرۈشتى. بوۋاي قاھارنىڭ ئۇستىۋېشىغا قارىۋەتكەندىن كېيىن:

— سىلىنى نەدىن سورايمىز؟ — دەپ سورىدى.

— مەن چاتقالنىڭ تاڭنۇر دېگەن يېرىدىن. ئىسمىم مەھمۇد، ئاتام دىنىي بىلىمى يۇقىرى ھاجىم ئىدى. مەن ئاتامنىڭ قولىدا دىنىي ساۋاق ئالغان. ئاتام ماڭا ئۇلۇغلارنىڭ مازارلىرىنى تاۋاپ قىلىشنىڭ ساۋاپلىرىنى كۆپ سۆزلەپ بېرەتتى. شۇڭا بىكار بولسام ئۇلۇغلارنىڭ مازارلىرىنى تاۋاپ قىلىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرغانمەن. بۇ قېتىم تۇيۇق ئەسھابۇلكەفنى تاۋاپ قىلغىلى چىققانىدىم، ئۇ يەردە شەيخلەر بىلەن ئەسرالىشىپ ئون كۈندەك تۇردۇم. ئۇ يەردىكى ئورۇق شەيخ ماڭا بۇ مازارنى چوقۇم تاۋاپ قىلىشىمنى ئېيتقانىدى. شۇڭا بۇ تەرەپكە يول ئالدىم. مانا ئەمدى مەقسىتىمگە يەتتىم.

— ئەسھابۇلكەفتىكى نىياز شەيخ مېنىڭ بۇرادىرىم، — دېدى ھاپىز شەيخنىڭ چىرايى ئېچىلىپ، — ئۇ بۇ مازارنىڭ مۇھىملىقىنى بىلىدۇ.

قاھار «نىياز شەيخ مېنىڭ بۇرادىرىم» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى. ئۇ يالغان ئېيتىمەن دەپ چاندۇرۇپ قويغىلى تاسلا قالغانىدى.

— قېنى شەيخىم، يول باشلىسىلا، دۇئا قىلىۋالسام.

ھاپىز شەيخ پەرىجىسىنىڭ يانچۇقىدىن ئاچقۇچنى چىقىرىپ گۈمبەزنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى. قاھار پۇت - قوللىرى تىترىگەن ھالدا گۈمبەزنىڭ ئىچىگە كىردى. گۈمبەزنىڭ ئۈستىدىكى چاي چىنىسىدەك تۆشۈكتىن چۈشكەن نۇر بىلەن گۈمبەزنىڭ ئىچى سۇس يورۇپ تۇراتتى. ناۋادا، ئۇ تۆشۈك بولمايدىغان بولسا، گۈمبەزنىڭ ئىچى قاراڭغۇلىشىپ ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولمايدىغان بولۇپ قالاتتىكەن.

قاھار گۇمبەز ئىچىگە سەپسالدى. گۇمبەزنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر قەبرە بولۇپ، قەبرىنىڭ ئۇستى قاتمۇقات رەختلەر بىلەن يېپىلغانىدى. بۇ رەختلەرگە ئۇزۇن بولغانمۇ، نۇرغىنىنى توپا باسقان، ھەتتا بەزى رەختلەرنىڭ چۆرىسى چىرىشكە باشلىغانىدى. قەبرىنىڭ ئالدىغا گىلەم ۋە جايناماز سېلىنغان. گۇمبەزنىڭ ئىچىدە ئۇزۇن مۇددەت جىنچىراغ يېقىلغانلىقتىن گۇمبەزنىڭ تېمى قارىداپ كەتكەنىدى. ئۇ ئۆزىنى بېسىۋېلىشقا تىرىشىپ گۇمبەزنىڭ شەرق تەرىپىگە ئاستا قارىدى ۋە لەۋلىرى تىترەپ كەتتى. دەرۋەقە، گۇمبەزنىڭ شەرق تەرىپىدە بىر ئويۇق بولۇپ، ئۇ يەردە جىنچىراغ ۋە بىر نەچچە ياغ قۇتىسى تۇراتتى. قاھار شۇ ئويۇققا قارىغانچە تۇرۇپلا قالدى.

— ئەگەر ياغ پۈرىتىدىغان ئىش بولسا، مەن مەھەللىدىن بىر قۇتا ياغ سېتىۋېلىپ ئەكېلىپ بېرىمەن.

ھاپىز شەيخنىڭ بۇ گېپى قاھارنى ئۆزىگە كەلتۈردى.

— مەن ياغ پۈرىتىشتىن باشقا نەزىرمۇ قىلايمىكىن، دەيمەن، — دېدى قاھار ئالدىراپ.

— پوشكال سېلىپمۇ؟

— پوشكالمۇ سالىمىز. بولسا بىرەر پاقلاننى قۇربانلىق قىلساق. قۇربانلىق قىلىدىغان گەپنى ئاڭلاپ ھاپىز شەيخ تېتىكلىشىپ كەتتى.

— ئاندىن مۇنۇ لەمپىنى بىرئاز ئوڭشاپ قويساق بولغۇدەك، — دېدى قاھار يېنىدىن ئۈچ يۈز يۈەن پۇل چىقىرىپ، — بەك كېرەكلىك لەمپىكەن. لازىملىق نەرسىلەرنى سېتىۋېلىپ ياز يورۇغاندىراق رېمونت قىلارلا.

— بۇ لەمپە يازدا ھاۋا ئىسسىغاندا تېخىمۇ لازىم بولىدۇ، — ئەمدى شەيخنىڭ كۆزلىرى چاقناپ، سۆزدە قىزغىنلىشىپ كەتتى. قارىغاندا، مۇنداق سېخىي تاۋاپچىنىڭ كەلمىگىنىگە ئۇزۇن بولغان چېغى.

— سىلى ئارام ئېلىپ تۇرسىلا، مەن مەھەللىگە بېرىپ پاقلاننىڭ ئامالىنى قىلاي.

ھاپىز شەيخ گۇمبەزنىڭ ئىشىكىنى يەنە قۇلۇپلىۋېتىپ كالىچىنى شالاقلاتقىنىچە پەسكە چۈشۈپ كەتتى. بۇنى كۆرگەن قاھار: «قارىغاندا بۇنىڭغا بىر ئاز ۋاقىت كەتكۇدەك» دەپ ئويلىدى.

ئارىدىن بىرەر سائەتتەك ۋاقىت ئۆتۈپ ھاپىز شەيخ پاقلان سېلىنغان ھارۋىنى بىر كىچىك بالىغا ھەيدىتىپ يېتىپ كەلدى.

— باشقىلارنىڭ قويلىرى ساپلا چوڭ قويلار ئىكەن. شۇڭا ئۆزۈم ئويدان بورداۋاتقان ئېغىلدىكى پاقلاننىلا ئەكەلدىم، — دېدى ھاپىز شەيخ بالىنىڭ پاقلاننى يەرگە چۈشۈرۈشىگە ياردەملىشىۋېتىپ. مەقسەتنى چۈشەنگەن قاھار دەرھال يانچۇقىغا قول سالدى:

— بۇنى...

ھاپىز شەيخ دەررۇلا جاۋاب بەردى:

— ئىككى يۈز ئەللىك كوي ھېسابلاپ قويساق رازى بولامىلا.

— بولىدۇ، بولىدۇ، — قاھار پۇلنى ھاپىز شەيخكە بەردى...

نەزىر قىلىش رەسمىيەتلىرى تۈگىگەندىن كېيىن ھاپىز شەيخ:

— قالغان گۆش تۇرۇپ قالسىمۇ بولمايدۇ، بىر قىسمىنى قوشنىلارنىڭ توڭلاتقۇسىغا سېلىپ قويۇپ، قالغىنىنى مەھەللىدىكى ئاجىز - يېتىملەرگە تارقىتىپ بەرسەك، قانداق؟ — دېدى.

— سىلى دېگەندەك بولسۇن، — دېدى قاھار خورجۇننى تامدىكى ياغاچ قوزۇققا ئىلىۋېتىپ، — يەنە بىر ئىش بار ئىدى، مەن تاۋاپ قىلغاچ بۇ يەردە بەش - ئون كۈن تۇرايمىكىن، دېگەن.

— تازا ئويدان ئويلاپلا، ھەقىقىي تاۋاپ دېگەن شۇنداق بولىدۇ. ھەي رىشىت، — دېدى ئۇ ھارۋا ھەيدەپ كەلگەن بالىغا، — مۇنۇ گۆشلەرنى ئۆيگە ئاپىرىۋېتىپ، قوشناچىمىغا دەپ قوي. دەرۋازا تۈۋىدىكى ئۆيگە ئورۇن راسلىسۇن.

— بولدى، ئاۋارە بولۇشمىسىلا، — دېدى قاھار دەررۇلا، — ھازىر ھاۋامۇ ئىسسىپ قالغاندىكىن، مۇشۇ يەردىلا تۇراي. نان - پان بەرسىلەلا بولدى.

— نېمە دېگەنلىرى ئۇ، — دەپ يالغاندىن خاپا بولغان بولدى

ھاپىز شەيخ،— بۇ يەردە ياتسىلىغۇ قىلغان تاۋاپلىرىنىڭ ساۋابى كۆپ بولىدۇ. لېكىن بالىلار تاماق ئەكېلىپ بەرمىسە قانداق بولىدۇ؟ رىشىت، گۆشنى ئاپىرىۋېتىپ يوتقان ـ كۆرپە ئېلىپ كەل.

بالا كەتكەندىن كېيىن ھاپىز شەيخ لەمپە ئاستىدىكى ئوتۇنلارنى بىر تەرەپكە دۆۋىلىۋېتىپ، ئۇ يەرنى تازىلىدى.

— بۇ مازارنىڭ تارىخىنى ئوبدانراق سۆزلەپ بەرگەن بولسىلا بوپتىكەن،— دېدى قاھار ھاپىز شەيخنى گەپكە سېلىش ئۈچۈن.

— نىياز شەيخىم دەپ بەرمىدىمۇ؟— دېدى ھاپىز شەيخ ئىشتىن توختاپ.

— ياق، سىلىنى بەك پىششىق بىلىدۇ، دەپ كۆپ تەرىپلىرىنى قىلدى. شۇڭا...

— نەكىمى مەن بۇ يەرنىڭ شەيخلىقىنى قىلىۋاتقىلى. ئەلۋەتتە مەن ئوبدان بىلىمەن ـ دە. ھەقىقەتەن ئۇلۇغ زات ياتقان مازار بۇ.

ھاپىز شەيخ قولىدىكى سۇپۇرگىنى قويۇپ قاھارنىڭ يېنىغا كېلىپ، يەرگە سېلىنغان پالاسقا يۈكۈندى. ئاندىن ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشىغا باغلانغان سىرلىق بىر رىۋايەتنى باشلىدى:

— دەقىيانۇسنىڭ ۋاقتىدا يەمەندىن قەيس، سۇلتان قارا ساقال، مۇخپۇل تېرە ئەنداز قاتارلىق باھادىرلار بۇ يەرگە ئىسلام ئېچىش ئۈچۈن كەلدىلەر...

قاھار ئاللىقاچان ئۆز خىيالىغا كەتكەنىدى: «ئالدى بىلەن ئاچقۇچنى ئېلىۋېلىش مۇھىم ئىكەن. بۇنىڭ ئۈچۈن ھاپىز شەيخنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىششىم كېرەك. قانداق قىلسام ئۇنىڭ ئىشەنچىسىگە تېزرەك ئېرىشەلەرمەن؟ يا بىر ئاخشامدا مەنمۇ قۇلۇپنى چېقىپ... ياق، ياق، ئۇنداق قىلسام چېنىپ قالغۇدەك. چېنىپ قالسا چاتاق چىقىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەممە ئىشتىن چاتاق چىقسا ئۆمۈرلۈك پۇشايماندا قالىمەن. باشقىچە يول تۇتاي... ئەھۋالدىن قارىغاندا مەن ئۇلارغا كۆپرەك ئىش قىلىپ بەرسەم بولغۇدەك. مانا، ئازراق بىر ئىش قىلىۋىدىم، ھاپىز شەيخ خۇشال بولۇپ يۈرمەمدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئەتراپنى ئوبدان كۆزىتىپ

باقاي. بولمىسا ۋاقتى كەلگەندە ئالدىراپ قالمىدىغان ئىش بولمىسۇن. ھەممە تەييارلىقىم پۈتكەندە، ئالتۇنلارنى ئالمەن ـ دە، بىر كېچىدىلا بۇ يەردىن غايىب بولىمەن...»

بۇ چاغدا ھاپىز شەيخنىڭ سىرلىق رىۋايىتىمۇ ئاخىرلىشىپ قالغانىدى:

ــ شۇنداق قىلىپ غازى بولغان باھادىر سۇلتان قارا ساقال مۇشۇ ئەزىز تۇپراققا دەپنە قىلىنىدىلەر...

ھاپىز شەيخنىڭ «قىسسەسۇل ئەنبىيا» دېگەن كىتابتىن يادلىۋالغان ئىسلام دىنىغا ئائىت ھېكايىلىرىنى ئاڭلاش، بىكار بولسا ئەتراپتىكى يانتاقلىقنى، قۇم دۆۋىلىرىنى ئارىلاش، تاڭ سەھەردە مۇزدەك قۇم دۆۋىسى ئۈستىدە يېتىپ پىلان تۈزۈش بىلەن نەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى. ھاپىز شەيخمۇ ئۇنىڭغا ئوبدانلا ئىچىكىشىپ قالدى.

پۈرسەتنىڭ پىشىۋاتقانلىقىنى پەملىگەن قاھار بىر كۈنى ھاپىز شەيخكە ئىككى يۈز يۈەن پۇلنى تەڭلەپ:

ــ ماڭا ئوبدان قاراۋاتىدىلا. تۈز ـ تائاملىرىنى مۇنداقلا يەۋەرسەم بولماس. بۇنىڭغا گۆش ـ كۆكتات ئالسىلا، ــ دېدى. ھاپىز شەيخ پۇلغا دەرھال قولىنى سۇندى. ئەمما ئاغزىدا:

ــ بۇ نېمە قىلغانلىرى؟ سىلى بىلەن تۇغقاندەك بولۇپ قالغان تۇرساق. ئەستا، ئادەمنى خىجىل قىلىپ...، ــ دېدى.

ھاپىز شەيخ پۇلنى يانچۇقىغا سالدى.

ــ ئۆيلىرىدە كەتمەن ـ گۈرجەك بولسا ئەكېلىپ قويسىلا، مازارنىڭ يولىنى ياساپ قويسام. يەنە يانتاقلارمۇ قۇرۇپ كېتىپتۇ، ئەتىسى ـ ئاخشىمى ھەرىكەت قىلغاچ چېپىپ دۆۋىلەپ قويسام، ئىشلەتكۈدەك يەر بولسا ئىشلەتسىلە.

بۇ گەپ ھاپىز شەيخكە خۇشياقتى:

ــ بولىدۇ، ئەكېلىپ قوياي. ساۋابلىق ئىشلارنى قىلىپ تۇرىدىغان قارىمىكەنلا. چۈشتىن كېيىنلا ئەكېلىپ قوياي.

دېگەندەك، چۈشتىن كېيىن ھاپىز شەيخ ھېلىقى رىشىت دېگەن بالىدىن بىر گۈرجەك ۋە بىر پۇچۇق كەتمەن ئەۋەتتى.

قاھار ئەتىسى قومىلوقنىڭ سالقىن شامىلىدىن ھوزۇرلانغاچ مازارغا بارىدىغان يولنىڭ قوم بېسىۋالغان يەرلىرىدىكى قوملارنى ئادالىدى. ئەسلىي بۇ خىش يېيىتىلغان يول بولۇپ، قوملار ئادالىنىۋىدى، يول پاللىدە كۆزگە چېلىقتى. ئاندىن ئۇ ياتاق چېپىشقا تۇتۇندى. بىراق، ئۇ ياتاق چېپىشنىڭ ئېپىنى بىلمىگەچكە ئۇن نەچچە پۇت ياتاق چاپقۇچە بەك جاپا تارتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ «ياتاق چاپىدىغان گەپنى دېمەيدىغان گەپكەندۇق» دەپ پۇشايمان قىلدى.

ئەتىسى بامدات نامازدىن يېنىپ يېتىپ كەلگەن ھاپىز شەيخ تازىلانغان يولنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ كەتتى:

— ساۋابلىق ئىش قىلىپلا.

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندە ھاپىز شەيخ قاھارنىڭ پەرىشان تۇرقىنى كۆرۈپ چۆچىدى:

— نېمە بولدىلا؟ ئاغرىپ قالمىغاندىلا؟

— ياق، — دېدى قاھار بوش ئاۋازدا، — مەن سىلىگە دېمىگەن. نەچچە كۈن بولدى، سىلى دەپ بەرگەن غازىلار چۈشۈمگە كىرىۋېلىپ مېنى سوراققا تارتىپ كەتتى. ئۇلار ئاق ئاتقا مىنىپ تۇرۇپ «سەن بۇ يەرگە ئۇخلىغىلى كەلگەنمۇ؟» دەپ سوراقلاپلا كەتتى.

— ئۇلۇغلىرىمىز چۈشلىرىگە كىرگەن بولسا، بۇ قىلغان تاۋاپلىرىنىڭ جايىغا تەگكەنلىكى، — دەپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياسىدى ھاپىز شەيخ ئويلىنىپ قېلىپ.

— مەن مۇنداق ئويلاۋاتىمەن، — دېدى قاھار تۇمۇرنى قىزىقىدا سوقماقچى بولۇپ، — ئەگەر سىلىگە مالال كەلمىسە قەبرىگە مەن قاراپ قويسام. مۇشۇنداق چۈش كۆرگەن ئاخشاملىرى ئۇخلىماي بۇ ئۇلۇغنىڭ بېشىدا ئولتۇرۇپ تاڭ ئاتقۇزسام...

— ئەسلىمۇ شۇنداق قىلىش كېرەك ئىدى. مەن قېرىپ قالغاندىكىن ئۇزۇن بولغان تۇنىمىگىلى. ئوبدان ئويلاپلا. بولسا بىرەر ئاخشام مەھەللىدىكى جامائەتتىن بىر نەچچىنى چاقىرىپ تۇنەك قىلساق بەك ئوبدان بولاتتى. بۇنىڭغا شۇ بىرەر پاقلان بولسىلا...

— ئۆتكەنكىدەك پاقلان بولسا يېتەمدۇ؟ — قاھار خۇش بولۇپ شۇنداق دېدى ۋە دەرھال پۇل چىقاردى.

— يېتىدۇ، يېتىدۇ. سىلى خاتىرجەم بولسىلا، ھەممە ئىشنى ئۆزۈم ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىمەن. ئۇنداق بولسا ئەتە، ئۆگۈن... چىندىنلىقا ئاخشام تۇنەك قىلايلى.

ھاپىز شەيخ قولۇپنى ئېچىۋېتىپ: «مالغا قاراپ باقاي» دەپ چۇشۇپ كەتتى. بۇنى كۆرگەن قاھار يېنىك تىندى.

كەچ كىردى. قاھار گۇمبەزنىڭ ئىچىگە كىردى. قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئۇنى سۇر باستى. ئۇ يۈرىكى دۇپۇلدىگەن ھالدا قولىدىكى سەرەڭگىنى چاقتى. سەرەڭگە يورۇقىدا گۇمبەز ئىچى تېخىمۇ سۇرلۇك كۆرۈندى. ئىختىيارسىز قورقۇنچ ھېس قىلغان قاھار سەرەڭگىنى تاشلاپ چىقىپ كەتمەكچى بولدى ـ يۇ، كۆزىگە پارقىراپ تۇرغان ھېلىقى ئالتۇنلار كېلىۋېلىپ، ئۆزىگە غەيرەت، مەدەت بەردى. ئۇ يەنە بىر تال سەرەڭگە چېقىپ ئويۇقتىكى چىنچىراغنى ياقتى. مايغا چىلانغان پىلىك قويۇق ئىس چىقارغىنىچە پىلىلداپ يېنىشقا باشلىدى. قاھار يەرگە سېلىنغان گىلەمنى قايرىپ ئويۇقنىڭ ئاستىغا قارىدى ۋە مۇنداقلا قىلسا قولىغا ئالتۇن ئىلىشىپ چىقىدىغاندەك ئۆزى پەرەز قىلغان يەرنى تۇتۇپ باقتى، توپىنىڭ يۇمشاقلىقىنى بىلىپ قولىنى توپىغا ئاستا تىقتى ۋە: «مۇشۇ توپىنىڭ ئاستىدا شۇنچىۋالا بايلىق بولسا ـ ھە! شۇ گەپ راست بولسۇن ئىلاھىم» دەپ ئويلىدى. ئاندىن ئۇ تۆمۈر دوختۇرنىڭ ئالتۇننىڭ يوشۇرۇنغان جايى ھەققىدىكى بايانلىرىنى زېھنىنى يىغىپ ئەسلەشكە تىرىشتى...

ئەتىسى قاھار ئىچكى دېلىغۇللۇقىنى تەستە بېسىپ يانتاق چېپىۋاتقاندا ھاپىز شەيخ خۇشال يېتىپ كەلدى.

— مەن مەسچىتنىڭ ئىمامىنى، مەزىنىنى، يەنە بىر نەچچە جامائەتنى دەپ قويدۇم. مالمۇ تەييار بولدى. تازا بوردىلىپ باققان پاقلان.

بۇ تەقۋادار ئادەم قاھاردەك تاۋاپچىنىڭ سېخىيلىقىدىن، بۇ ئارقىلىق بولىدىغان ئەتە ئاخشامقى تۇنەكتىن ئۆز ئابرۇيىنىڭ

يوقىرى كۆتۈرۈلىدىغانلىقىدىن قالتىس سۆيۈنۈپ كەتكەنىدى.

يەنە كەچ كىردى. يولدىن ئارىلاپ ـ ئارىلاپ ئۆتۈپ تۇرىدىغان چۆلتاغدىن كەلگەن تاش ماشىنىلىرىنىڭ ئېغىر گۈركىرىشىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئەتراپ بۇرۇنقىدەكلا جىمجىت ئىدى. مەھەللىدىكى كىشىلەر بولسا، ئەتىيازلىق تېرىلغۇنىڭ تەييارلىقلىرىدىن ھېرىپ ـ ئېچىپ كېلىپ ئۆيلىرىگە تىقىلىشىپ قورساقلىرىنىڭ غېمىنى قىلغاچ تېلېۋىزور كۆرۈشكە بەند بولغانىدى.

ۋاقىت ئۆتمەكتە، مەھەللىدىكى كىشىلەرنىڭ چىراغلىرىنىڭ بىر ـ بىرلەپ ئۆچۈشى ۋاقىتنىڭ كەچ بولۇپ كەتكەنلىكىدىن دېرەك بەرمەكتە.

«ئەمدى باشلاي!»

قاھار قورشاۋ تامنىڭ ئىشىكىنى ئىچىدىن مەھكەم تاقاپ، گۆرجەك بىلەن كەتمەننى ئېلىپ گۈمبەزنىڭ ئىچىگە كىردى. ئۇ تېزلىك بىلەن سەرەڭگە چېقىپ جىنچىراغتىن ئىككىگە ئوت ياقتى. گۈمبەز ئىچى خېلىلا يورىدى.

قاھار گىلەمنى قايرىپ ئېلىۋېتىپ، ئۆزى تۇنۇگۈندىن بۇيان نىشانلاپ قويغان يەرگە گۆرجەك سانجىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئەنسىز سوقاتتى، گۆرجەك تۇتقان قولى تىترەيتتى، ئەندىكىپ بىردەم ـ بىردەم سىرتتىكى شەپىلەرگە قۇلاق سالاتتى، كۆڭلى تېنەپ كولىغان يەرنى تۇتۇپ باقاتتى، قولىغا توپا ئۇرۇنغاندا يەنە كولاپ كېتەتتى. ئۇ بەك جىددىيلىشىپ كەتكەن بولغاچقا كەچكى ھاۋانىڭ سەل سوغۇق بولۇشىغا قارىماي ئۇستۇېشىدىن شورۇلداپ تەر ئېقىشقا باشلىدى. ئۇ بۇنىڭغا پىسەنت قىلماي كولاشنى داۋام قىلدى. ئەمما ئۇنىڭغا ۋاقىت بەك ئاستا ئۆتۈۋاتقاندەك ۋە كولاشقا بەكمۇ ئۇزۇن ۋاقىت كېتىۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى.

ئۇ توختىماي كولىدى، خۇددى توختاپ قالسىلا ھەممە ئىش تۈگىشىدىغاندەك كولاۋەردى. بىر چاغدا ئۇ ئاۋايلاپ سانجىۋاتقان گۆرجەك يۇمشاق بىر نەرسىگە تەگكەندەك بولۇپ ئۇنىڭ يۈرىكى «قارتتىدە» قىلىپ قالدى. ئۇ بىر قولى بىلەن يۈرىكىنى

قامالليغىنىچە ئاستا زوڭزىيىپ ھېلىقى يۇمشاق نەرسىگە ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن تىترەشتىن بېسىلمايۋاتقان يەنە بىر قولىنى تەگكۈزدى.

«توپا ئەمەس!»

قاھار تۇكۇرۇكىنى «غۇرتتىدە» يۇتۇپ گۇرجەكنى تاشلىدى ۋە بىر جىنچىراغنى ئېلىپ تۆۋەنگە تۇتتى. ئۇ يەردە راستتىنلا بىر پارچە تېرە كۆرۈنۈپ تۇراتتى. قاھار جىنچىراغنى يېنىغىلا قويۇپ قولى بىلەنلا كولاشقا باشلىدى...

ئاخىر ھەممە نەرسە ئايان بولدى. دەرھەقىقەت، ئۇ يەردە ئاغزى مەھكەم بوغۇلغان بىر تېرە خالتا بار ئىدى. قاھار تېرە خالتىنى تارتىپ چىقىرىپ، تارتىشتۇرۇپ، چىشلەپ يۇرۇپ خالتىنىڭ بوغقۇچىنى يەشتى.

«ئاھ، ئالتۇن!!»

قاھار ۋارقىرىۋېتىشكە تاسلا قالدى ۋە مۇزدەك ئالتۇنلارنى تويماسلىق بىلەن سىلاپ كەتتى. ئۇ بىر كېسەك ئالتۇننى قولىغا ئېلىپ كۆرۈۋېتىپ خۇددى بىرسى قاراپ تۇرغاندەك بىلىنىپ چۆچۈپ ئەتراپىغا قارىدى.

خېلىدىن كېيىن ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشىپ خالتىدىكى ئالتۇنلارنى خۇرجۇنىنىڭ ئىككى كۆزىگە بۆلۈپ قاچىلىدى. ئاندىن ئۈستىگە گۇمبەز ئەتراپىغا تىكىلگەن تۇغ ـ خادىلاردىكى لاتا ـ پاتىلارنى ئېلىپ سالدى. ئۇنىڭغىمۇ كۆڭلى تىنماي لەمپىنىڭ بىر چېتىدىكى سېۋەتكە توپلاپ قويۇلغان قېتىپ كەتكەن پارچە ـ پۇرات نانلارنى ھەم چۇشتە ھاپىز شەيخ تۇنەك ئۇچۇن ئېلىپ چىققان بىر نەچچە يۇمشاق ناننى سالدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ كونا خۇرجۇن نەق دىۋانىنىڭ خۇرجۇنىغا ئوخشىدى. شۇندا خاتىرجەم بولغان قاھار تېرە خالتىنى خۇرجۇنىنىڭ بوش يېرىگە ئوبدان جايلاشتۇرۇپ قويۇپ، كولىغان يەرنى تىندۇردى، ئۇ يەرنى چىڭدىدى، قولى بىلەن توپا سەپتى، بوتۇلكىدىكى ياغدىن چاچتى. ئاندىن گىلەمنى جايىغا سېلىپ ئۈستىدىن دەسسەپ ئۇ يەرگە گىلەمنىڭ ئىزىنى چىقاردى.

قاھار «چانمىغۇدەك بولدى» دەپ قارىغاندىن كېيىن

گۆرجەكلەرنى لەمپە ئاستىغا ــ ئەسلىي ئورنىغا تىكلەپ قويدى. ئاندىن خۇرجۇننى مۇرىسىگە ئېسىپ، ئىشكلەرنى مەھكەم ئېتىپ مازاردىن پەسكە چۈشتى. ئۇ مەھەللە تەرەپكە قاراپ پىچىرلىدى: «كەچۈرسىلە ھاپىز ئاكا، مەن ئامالسىز سىلىدەك تەقۋادار، سادda، ئاق كۆڭۈل ئادەمنى ئالداپ قويدۇم. ئەگەر ساق ـ سالامەت بولسام بىر كۈنلەردە ئالدىلىرىغا گۇناھىمنى تىلەپ كېلىمەن. پاك ئەقىدە بىلەن قىلىدىغان تۇنەكتە مەندەك گۇناھكار ئادەمنىڭ بولغىنىدىن بولمىغىنى ياخشى. خوش...»

قاھار تاش يول بويلاپ تېز قەدەملەر بىلەن مېڭىپ قاراڭغۇلۇق ئىچىگە كىرىپ كەتتى...

※ ※ ※

خۇگۇل ئىچىدىكى ئەگرى ـ بۈگرى ئۇرۇمچى ــ تۇرپان تاشيولىدا تۇرلۇك ماشىنىلار ئىرغاڭشىپ ماڭماقتا. يول ناچار بولغاننىڭ ئۈستىگە ئۇزۇن، ناھايىتى زېرىكىشلىك، تاغ ئىچىدىن چىقىپ بولغۇچە ئادەم نەچچە ئۇخلاپ ئويغىنىدۇ.

قاتۇرۇپ كاستۇم ـ بۇرۇلكا كىيىۋالغان ئادەم دېرىزە تۈۋىدە ئولتۇرغان قاھاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكىلى ئارانلا تۇرىدۇ. كونا خۇرجۇندىن كۆرۈنۈپ تۇرغان لاتا ـ پاتىلار، پارچە ـ پۇرات نانلارغا يىرگىنىچ بىلەن قاراپ قويىدۇ. ماشىنا ھەر قېتىم لاققىغا چۈشۈپ، ئادەملەر چايقالغاندا بولسا، قاھار ئۇنىڭغا تېگىپ كەتسە، ئۇ ئادەم ئۆزىنى ئىتتىك يانغا ئالىدۇ ۋە ئورۇندۇققا ئارانلا ئىلىنىشىپ ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. بۇ ئادەمنىڭ شۇ تاپتىكى ئەلپازىدىن ئەگەر ئاپتوبۇستا باشقا ئورۇن بولغان بولسا ئاللىقاچان ئورۇن يۆتكەپ بولغان بولاتتى.

بۇنىڭدىن قاھار بىر تەرەپتىن «قارىغاندا، مېنىڭدىن گۇمانلىنىدىغان ئادەم چىقمايدىغان ئوخشايدۇ. ئاخىرىغىچە مۇشۇنداق بولغان بولسا ئالتۇنلارنى خاتىرجەم بىر تەرەپ قىلىۋالغان بولسام...» دەپ ئويلاپ خۇشال بولغان بولسا، يەنە بىر

تەرەپتىن «قارا بۇ قۇرۇق سۆلەتنى، ئەگەر باشقىلارنى مۇنچىلىك ياراتمايدىغان ئىشنىڭ بولسا كىچىك ماشىنىنى كىرا قىلىپ ماڭساڭ بولمامدۇ؟ تولا مېنى پەس كۆرۈپ كەتمە. ئەسكى چاپاننىڭ ئىچىدە ئەر بار. شۇ تاپتا سەن يىرگىنىۋاتقان خۇرجۇننىڭ ئىچىدىكىنى كۆرسىتىپ قويسام نېمىمۇ بولۇپ كېتەرسەن؟» دەپ ئويلاپ ئۇ كىشىگە ئاچچىقى كەلدى.

قاھار ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشىپ ئالتۇنلار سېلىنغان خۇرجۇننى سىلاپ قويدى. بۇ ھەرىكەت بىلەن ئىختىيارسىز ھالدا تۆمۈر دوختۇر يادىغا كەلدى: «تۆمۈر ئاكا، مەن سىز دېگەن ئالتۇنلارنى — ئامانەتنى قولۇمغا ئالدىم. مەن بۇ بايلىقنى چوقۇم سىزنىڭ ئارزۇيىڭىزدىكىدەك ئىشلىتىپ روھىڭىزنى خۇش قىلىمەن، روھىڭىزنى قورۇندۇرىدىغان ئىشلارنى ھەرگىز قىلمايمەن!»

شۇنداق قىلىپ، ئۇ كىشىلەرنىڭ ئاغزىدىن تولا ئاڭلىغان، نەچچە يىللاردىن بۇيان ئۆزى تەلپۈنۈپ كەلگەن ئۈرۈمچى شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. ئەمما ئۇ بۇ شەھەرگە قەدەم بېسىپ ئۇنچىۋالا ھاياجانلىنىپىمۇ كەتمىدى. چۈنكى، ئۇ قايناق ۋە ھەيۋەتلىك شىئەن شەھىرىنى كۆرگەن.

شۇڭا، قاھار ئانچە بەك ھاڭۋېقىپ يۈرمەي، قاتناش ساقچىلىرىدىن سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ دۆڭكۆۋرۈك تەرەپكە قاراپ يول ئالدى.

ئىتتىپاق تىياتىرخانىسىنىڭ ئالدىدىن باشلاپ دۇكانلارمۇ، يول بويىدىكى يايمىلارمۇ، ئالارمەنلەرمۇ، ساتارمەنلەرمۇ تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز كۆپەيگىلى تۇردى. قاھار بۇ بازارنىڭ بۇنچىلىك ئاۋاتلىقىنى پەقەت ئويلاپ باقمىغانىدى. ئۇ كىشىلەر ئارىسىدىن قىستىلىپ، ئۈرۈلۈپ — سوقۇلۇپ يۈرۈپ دۆڭكۆۋرۈككە كەلدى. بۇ يەردىكى بازارمۇ ئاجايىپ قىزىغان، ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇستى يېپىق بازارغا كىرىپ — چىقىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. قاھار بازارنىڭ بۇنچىۋالا ئاۋاتلىقىغا بولغان ھەيرانلىقىنى بېسىشقا تىرىشىپ، زەرگەرچىلىك دۇكانلىرىنى

ئىزدەشكە باشلىدى. ئىزدەشنىڭمۇ ھاجىتى بولمىدى، زەرگەرخانىلار قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇردى. قاھار گەرچە زەرگەرخانىلارغا كىرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ھەربىر زەرگەرخانىنىڭ ئالدىدا توختاپ ئىچىگە بويۇن سوزۇپ قاراپ كۆڭۈل توختاتتى. ئۇ ئاشۇ ھالەتتە ساناپ چىقىۋىدى، مۇشۇ بازاردىلا زەرگەرخانىدىن قىرىق ئالتىسى چىقتى.

ئۇ دۆڭكۆۋرۈك بازىرىدىن چىقىپ شىمالغا مېڭىپ سەنشىخاڭزىغا يېتىپ كەلدى.

بازار دېگەن بۇ يەردە ئىكەن تېخى! بۇ بازارغا قاراپ قاھارنىڭ ئاغزى ئېچىلىپلا قالدى. ھەممىلا كىشىنىڭ قولىدا، مورىسىدە، ھارۋىسىدا، يايمىسىدا مال. كىم ئېلىپ، كىم سېتىۋاتىدۇ، قاھار بىلەلمەيلا قالدى. قاھار «كېيىنچە ئوبدان كۆرۈۋالارمەن» دەپ ئويلاپ يەنە زەرگەرخانا ئىزدەپ كەتتى...

خورجۇندىكى ئالتۇنلارنى خاتىرجەم بىر تەرەپ قىلغىلى بولىدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن قاھار چۈش سەل قايرىلغاندا تاماق يېيىش ئۈچۈن بىر ئاشخانىغا كىردى، چۈشتىن ئۆتۈپ كەتكىنىگە قارىماي ئاشخانىمۇ ئاۋات ئىدى. تاماق بۇيرۇتۇۋاتقانلار، «چاي» دەپ جىلە بولۇۋاتقانلار، تاڭجاڭنىڭ تاماقنىڭ ئىسمىنى، سانىنى دەپ ۋارقىرىشى ئاشخانا ئىچىنى قاينىتىۋەتكەنىدى.

— سىلى نېمە يەيلا، غوجام؟ — سورىدى تاڭجاڭ ئۇنىڭ ئۇستۇېشىغا شۇنداقلا بىر قاراپ قويۇپ.

— پولۇ، گۆشتىن ئىككىنى باسسۇن.

تاماق بىردەمدىلا كەلدى. مازاردا قاتتىق - قۇرۇق يەپ زېرىككەن قاھار پولۇنى قىزىق چاي بىلەن تازىمۇ ھۇزۇرلىنىپ يېمەكچى بولدى - يۇ، گېلىگە بىر نېمە تۇرۇپ قالغاندەك بولۇپ تاماق ئۆتمىدى. ھەتتا بىر پارچە گۆشنىمۇ زورلاپ يۇتۇپ ناھايىتى تەستە يېيەلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يېرىم تەخسە پولۇ بىلەن بىر پارچە گۆشنى ئاشۇرۇپ قويۇشقا مەجبۇر بولدى. «نېمە بولدۇم مەن؟ بەش - ئون كۈندىن بۇيان ئىشتىيىم تۇتۇلۇپ قالدىغۇ؟ مازاردىغۇ قاتتىق - قۇرۇق تاماق بولغاچقا

يېيەلمىگەندىمەن. بۇ يەردىچۇ؟» ئاندىن ئۇ مۇشۇ كۆنلەردە كالتە ـ كالتە يۈتىلىدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى. «قارىغاندا، مازاردا مۇزدەك يەردە يېتىپ سوغۇق تەگكۈزۈۋالغان ئوخشايمەن» شۇنىڭ بىلەن ئۇ تەخسىنى نېرى سۈرۈپ قويۇپ، بىر چىنە چاينى يۇۋۇلىگەچ ئولتۇرۇپ ئەمدىكى قىلىدىغان ئىشلىرىنى پىلانلاشقا باشلىدى: «ئالدى بىلەن ئالتۇننىڭ باھاسىنى سۈرۈشتۈرەي. ئاندىن ئالتۇندىن بىرنى سېتىپ، ئۇستىۋېشىمنى تۈزەشتۈرەي. ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟ توغرا، بانكىغا بېرىپ پۇلنى بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدە مەسلىھەت ئالاي. ئاندىن قالغان ئىشلارنى ئەھۋالغا قارىتا بىر تەرەپ قىلارمەن...»

قاھار ئاشخانىدىن چىقىپ يەنە دۆڭكۆۋرۈك سودا بازىرىغا بېرىپ، ماللىرى كۆپرەك، بىر نەچچە بالا تىنىماي ئىشلەۋاتقان، خېرىدارىمۇ كۆپ بىر زەرگەرخانىغا كىردى. ئۇ بىر چەتكە تىزىۋېتىلگەن تۈرلۈك قېلىپلارغا قاراپ بىر ئاز ساقلاپ، ئادەم سېلىككەندىن كېيىن، سوقۇپ بولغان ئالتۇن ھالقىنى سوغا سېلىۋاتقان بالىنىڭ يېنىغا باردى:

— ھازىر ئالتۇن قانچە پۇل؟

بالا ئۇنىڭ ئۇستىۋېشىغا قاراپ خۇشياقمىغاندەك:

— يا ئالمىسىلا، يا ساتمىسىلا نېمە ئىش قىلىلا سوراپ؟ — دېدى.

— ساتىمەن! — دېدى قاھار سەل ئاچچىقى كېلىپ.

— كۆرۈپ باقاي، — دېدى بالا پېتىنى بۇزماي. قاھار بايا ھاجەتخانىغا كىرىپ بىر پارچە لاتىغا ئوراپ يانچۇقىغا سېلىۋالغان ئالتۇننى چىقاردى. ئالتۇننى كۆرۈپ بالىنىڭ كۆزى چەكچىيىپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئىشەنمىگەندەك ئالتۇننى قولىغا ئېلىپ سىنچىلاپ قارىدى، قانداقتۇر بىر ئەسۋابى بىلەن تەكشۈردى. ئاندىن بىردىنلا مۇلايىملىشىپ:

— راست ساتاملا؟ — دەپ سورىدى.

— ساتىمەن!

بالا قاھارنىڭ ئۇستىۋېشىغا يەنە بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن تېز قەدەملەر بىلەن ئىچكىرى خانىگە كىرىپ كەتتى. ھايال ئۆتمەيلا

ئىچكىرى خانىدىن بۇرۇتلۇق، سالاپەتلىك كىيىنگەن ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئادەم چىقىپ قاھار بىلەن سالاملاشتى ۋە ئالتۇننى قولىغا ئېلىپ شۇنداقلا قاراپ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتتى:

— بۇ ئالتۇن...

— ئاتا مىراس.

— قانداق سېتىشنى ئويلاۋاتىدىلا؟

— بازار نەرقى بولسۇن.

— يەنە بارمۇ؟

— بار، ئەگەر كېلىشەلىسەك سىلىگىلا ئەكېلىمەن.

زەرگەرچى ئالتۇنغا ھەۋەسلىنىپ قاراپ:

— كېلىشىمىز، كېلىشىمىز، سىلىنى ئوبدان رازى قىلىمىز، — دېدى ھىجىيىپ.

— باھاسىنى دېسىلە، — دېدى قاھار ئالدىراپ.

— قېنى، ئىچكىرىگە كىرىپ سۆزلىشەيلى. قالغانلىرىنىمۇ كۆرۈپ ئوبدان دېيىشمەيمىزمۇ؟

— ھازىرچە مۇشۇ بىرلا. قالغىنى ئۆيدە.

زەرگەرچى بېشىنى لىڭشىتتى:

— بوپتۇ، ئېھتىيات قىلغان ياخشى. ئەتىياز كىرىپ بازار سەل كاسات، شۇنداق بولسىمۇ ئۆزە باھاسىنى دەي، تالىشىپ ئولتۇرمايلى. گىرامى بىر يۈز بەش كويدىن بولسا قانداق؟ ئىشەنمىسىلە باشقا دۇكانلاردىنمۇ سوراپ باقسىلا.

قاھار تۆمۈر دوختۇرنىڭ ساتقان باھاسىنى ئېسىگە ئېلىپ، ئوتتۇرىدىكى ۋاقىتنى دەڭسەپ كۆرۈپ «مۇۋاپىق ئىكەن» دەپ قارىدى.

— بولىدۇ، مەن رازى.

زەرگەرچى كىچىك تارازىسىنى ئېلىپ، نەپىس تاشلارنى قاھارغا بىرمۇبىر كۆرسىتىپ تىزىپ ئالتۇننى ئۆلچىدى:

— مانا قارىسىلا، تۆت يۈز توقسەن ئالتە يېرىم گىرام.

قاھار بېشىنى لىڭشىتتى. زەرگەرچى يانچۇقىدىن كىچىك ھېسابلىغۇچنى ئېلىپ، ھېسابلاشقا باشلىدى.

— پۇلى ئەللىك ئىككى مىڭ بىر يۈز ئوتتۇز ئىككى كوي بەش مو بولىدىكەن.

زەرگەرچى ئىچكىرىكى خانىگە كىرىپ كېتىپ بىر نەچچە باغلام پۇلنى كۆتۈرۈپ چىقتى. ئاندىن يېنىدىن چىقىرىپ پارچە پۇلنى تولۇقلىدى.

— رازى بولسىلا.

— مەن رازى.

— باشقا يەرلەردە دوقۇرۇپ يۈرمەي قالغان ماللىرىنىمۇ ماڭىلا ئەكەلسىلە.

قاھار پۇل ئورالغان گېزىتنى يالتىراق خالتىغا سالغىنىچە ئۇدۇل كىيىم - كېچەك يايمىسىغا بېرىپ بىر قۇر كىيىم ئالدى، ئاندىن ئاق مەسچىت يېنىدىكى مۇنچىخانىغا كىرىپ يۇيۇندى.

يېڭى كىيىملەرنى كىيىپ، ئوبدان يۇيۇنۇپ يېنىكلا بولۇپ قالغان قاھار ساتىراشخانىغا كىردى. ئۇستىرىسىنى كاپلاپ زېرىكىپ ئولتۇرغان ساتىراش دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا پەرتۇق تارتتى:

— بۇرۇت قالامدۇ - يە؟

— بۇرۇت - ساقال قالىدۇ. ئانچە - مۇنچە ياساپ قويسىڭىزلا بولدى. چاچنى چۈشۈرۈۋېتىڭ.

بۇنىڭدىن ھەيران قالغان ساتىراش «شۇنچە ياش تۇرۇپ ساقال قويۇپ نېمە ئىشتۇ؟» دەپ ئويلاپ ئۇستىرىسىنى قولىغا ئالدى.

ساقال - بۇرۇتىنىڭ ياسىلىشى ۋە چىمەندوپپىنىڭ يارىشىقى بىلەن قاھارنىڭ چىرايى نۇرلىنىپ كەتكەنىدى. ئۇ روھلۇق قەدەملەر بىلەن سودا - سانائەت بانكىسىغا باردى. بانكىنىڭ ئالدىغا بارغاندا ئۇنى يەنە يۆتەل تۇتۇپ كەتتى. قاتتىق يۆتەل بىلەن تەڭ ئۇنىڭ ئىچىدىن بەلغەم كەلدى. «راست، سوغۇق ئۆتۈپ كېتىپتۇ» دەپ ئويلىدى قاھار ئىشىكتىن كىرىۋېتىپ.

ئۇ تىجارەت زالىدا دىجورنىلىق قىلىۋاتقان خادىمنىڭ ئالدىغا باردى:

— سىزدىن بىر ئىشنى سورىماقچىدىم. پۇلنى كارتىغا سالغان ياخشىمۇ ياكى چەك كەستۇرگەن ياخشىمۇ؟

— قانچىلىك پۇل؟
— بەش مىليون.
بانكا خادىمى ئۇنىڭغا ھەيران بولۇپ قارىدى ۋە:
— يۇرۇڭ، ئىچكىرىگە كىرىپ سۆزلىشەيلى، — دېدى ئىشىك بېشىغا «ئەزىز مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىش ئۆيى» دېگەن خەت يېزىلغان ئىشخانىنى كۆرسىتىپ.
— پۇلنى ھازىر قويىمايمەن. ئالدى بىلەن ئۇقۇشۇپ باقماقچى.
— سىز تىجارەتچىمۇ؟
— ھەئە.
— ئۇنداق بولسا شەھەر ئاتلاپ ئامانەت قويۇش ۋە پۇل ئېلىشقا قۇلايلىق بولۇشى ئۈچۈن كارتا ئىشلىتىڭ. كارتىڭىز بارمۇ؟
قاھار قولىدا ئابلىز ئۆز نامىدا بېجىرىپ بەرگەن كارتىنى چىقاردى:
— بىر ئاغىنەم ئۆزىنىڭ نامىدا بېجىرىپ بەرگەن مۇشۇ كارتا بار.
— پۇل سوممىسى بەك كۆپ ئىكەن. ئەڭ ياخشىسى كېيىنچە بەزى ئاۋارىچىلىكلەرنىڭ بولماسلىقى ئۈچۈن ئۆز نامىڭىزدا كارتا بېجىرىڭ.
— كارتا بېجىرىشكە قانداق رەسمىيەتلەر كېتىدۇ؟
— كىملىكىڭىز ياكى نوپۇس دەپتىرىڭىز بولسىلا بولىدۇ.
— ئۇنداق بولسا مەن ئەتە كېلەي. ئالدىراشلىقتا ئۇ نەرسىلەرنى ئېلىۋالماپتىمەن.
قاھار كەينىگە بۇرۇلدى. بانكا خادىمى بولسا ئۇنىڭ كەينىدىن ئىشەنمىگەندەك قاراپ قالدى.
بۇ ئىشتا قولىدىلا قاھارنىڭ بېشى قاتقان. نەدە يۈرۈپ ئۇنىڭ كىملىكى بولسۇن؟ ھەتتا ئۇ نوپۇس دەپتىرىنىمۇ كۆرۈپ باقمىسا. ئۇنىڭ ئۆيىدىن ئايرىلىپ سەرسان بولۇپ يۈرگىنىگە نە ۋاق. شۇڭا قولىدىمۇ كارتىنى ئامالسىز ئابلىز بېجىرىپ بەردى. مانا ئەمدى بۇ ئىشتا قاھار يەنە توسالغۇغا دۇچ كەلدى. ئەمدى تۇرپانغا بېرىش كېرەك. ئەينى ۋاقىتتا قولىدا قاھار ئابلىزغا نوپۇس دەپتىرىنى

سوراپ داۋۇتنىڭ ئالدىغا بارسا بولمايدىغانلىقىنى دېيىشنىڭ ئورنىغا يېتىپ كەتسە قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى سورىغاندا، ئابلىز: «سىلەرنىڭ ئۆي قاراشلىق ساقچىخانىغا بېرىپ سۈرۈشتۈرۈڭ. ساقچىخانىدا نوپۇسىڭىزنىڭ كۆتىكى چوقۇم بار. تولۇقلاپ بېجىرىۋالسىڭىز بولىدۇ» دېگەنىدى. شۇڭا ئۇ تۇرپانغا بېرىش قارارىغا كەلگەنىدى.

«تۇرپانغا بارسامۇ باراي. شۇ باھانىدە ئىبادەتخان ئانىلارنى كۆرۈپ كېلىمەن، ئۇلار بۇ ئىشتا چوقۇم ماڭا ياردەم قىلىدۇ. ئەمدى خۇرجۇنىنى سۆرەپ يۈرمەي» قاھار شۇ ئۆي بىلەن سىپىرلىق چوڭ چامادان سېتىۋالدى ۋە بايلىقلىرىنى شۇ چامادانغا ئوبدان جايلاشتۇرۇپ ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوبۇس بېكىتىگە ماڭدى.

※ ※ ※

ئاپتوبۇس يەنە خۇگۇل ئىچىدە زېرىككۈشلۈك مېڭىشى بىلەن يولۇچىلارنى ئۇيقۇغا چىللىماقتا. جىلغىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى ئېقىنىدىكى سۇزۇك سۇ قۇياش نۇرىدا سۇس جىمىرلايتتى. بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدىغان تۇيغۇدا كېتىۋاتقان قاھار جىمىرلاۋاتقان سۇغا، تاقىر تاغلارغا، تاغ باغرىلىرىغا قالايمىقان سېلىنغان كەپىسىمان ئۆيلەرگە، ئېقىن بويىدىكى شالاڭ دەرەخلەرگە، ئارىلاپ ئۇچراپ تۇرىدىغان ئۆتەڭ ئورنىدىكى ئاددىي ئاشخانىلارغا بۇرۇنقىغا ئوخشاشمايدىغان تۇيغۇدا قاراشقا باشلىدى. ئەمدى ئۇ ھەقىقىي يولۇچىغا ئوخشىغانىدى، ئارتۇقچە ئەندىشىسى يوق، باشقىلارمۇ ئۇنىڭغا يېرگىنچ بىلەن مۇئامىلە قىلمايدۇ، باشقىلارنىڭ ئۇنداق مۇئامىلە قىلىشىغا ئۇمۇ قەتئىي يول قويمايدۇ، ئاپتوبۇس توختىسا بۇرۇنقىغا ئوخشاش ئورنىدا قورۇنۇپ ئولتۇرۇپ قالمايدۇ، ئۇمۇ پەسكە چۈشۈپ ئىچىملىك سېتىۋالىدۇ، تەرەت قىلىدۇ، دەرەخ سايىسىدا سالقىنلايدۇ... «ئىبادەتخان ئانا بىلەن رېھىم شەپقەتتىن باشقا كىشى بىلەن

ھازىرچە كۆرۈشمەي، بولمىسا ئارتۇقچە ئاۋارىچىلىكلەر تۇپەيلى ئىشلىرىمىغا تەسىر يېتىپ قالمىسۇن» يولدا كەلگۈچە كۆپ ئويلانغان قاھار مۇشۇنداق قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يەتتى.

تۇرپان يولۇچىلار بېكىتىدىن چىققان قاھار ئەتراپقا قاراپ خىيال بىلەن بىر ھازا تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن غەربكە بۇرۇلۇپ ماڭدى. يوللار ياسىلىپتۇ، كەڭتاشا بولۇپ قاپتۇ. يول بويىدىكى قويۇق سايىلىك تېرەكلەر سايىسى يوقنىڭ ئورنىدا، كالىنىڭ قۇيرۇقىدەك ئۇچىدا نەچچە تال شېخى بار، تۇۋى تۇپتۇز توقماقتەك غەلىتە دەرەخلەرگە ئالماشتۇرۇلۇپتۇ. نى ـ نى ئىشلارنى كۆرگەن قاھار بۇ ئىشلار ئۈستىدە مۇلاھىزە قىلىپ، دىلىنى ئاچچىق قىلىشنى خالىمىدى.

كوچىلۇك ھاياجان بىلەن خەلق كىنوخانىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەن قاھار داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. كىنوخانا يېڭىلىنىپتۇ، ئورنىغا ئۈچ قەۋەتلىك بىنا سېلىنىپتۇ. بىنانىڭ بىرىنچى قەۋىتىدىكى ئۆينىڭ ئالدى تەرىپىگە «خەلق كىنوخانىسى» دېگەن كىچىك ۋىۋىسكا ئېسىلغانىدى. ئەمما كىنوخانىنىڭ ئالدىدا بۇرۇنقى ئاۋاتلىقتىن، ئۆچىرەت بولۇپ بېلەت سېتىۋالىدىغان قايناقلىقتىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. بولۇپمۇ ئۇنى ئەڭ ئۈمىدسىزلەندۈرگەن ئىش ئۇنىڭغا بىر مەزگىل ئەزىز ماكان بولغان، خۇشاللىق ۋە ئازابلىق تۇيغۇلارنى ئاتا قىلغان، مېھىر ـ شەپقەتلىك گۈزەل قەلبلەرنىڭ ۋە رەزىللىك، نومۇسسىزلىقنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى تونۇتقان دەرەخلىكنىڭ قاراماي يېيىتىلغان پىيادىلەر يولى قىلىۋېتىلگەنلىكى بولدى. قاھار ئاستا قەدەملەر بىلەن كىنوخانىنىڭ ئالدىدىكى كىچىك مەيدانغا باردى.

بۇ يەردە ھەممە نەرسە تارىخقا ئايلانغانىدى. شۇ تاپتا بۇ يەر ئىلگىرى بۇ جايدا ھېچكىمنىڭ كۆز يېشى تۆكۈلمىگەندەك، بىر ئاجىز قەلب ئەلەملىك نالە قىلمىغاندەك، بىر تەشنا يۈرەك ئىلتىجا بىلەن ئەتراپقا تەلمۈرمىگەندەك شۇ قەدەر تىنچ، كۆركەم، پەرۋاسىز ئىدى. بۇنىڭدىن قاھار ئېغىر ئۇھسىنىدى.

قىممەتلىك نەرسىسىدىن مەھرۇم بولغاندەك ئېغىر تۇيغۇغا چۆككەن قاھار كەينىگە بۇرۇلۇپ ماڭدى.

قاھار تونۇش كوچىنىڭ بېشىغا كېلىپ تۇرۇپ قالدى. كوچا بېشىدىكى بىر نەچچە دۇكان چېقىۋېتىلىپ ئورنىغا تېلېگراف بىناسى سېلىنىغانىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇ كوچا ئۆزگەرمىگەنىدى. بۇ كوچىغا تېخى ئېھتىياج چۈشمىگەن چېغى، شۇ تاپتا شەھەردىكى شۇ قەدەر ئۆزگىرىشلەر ئالدىدا يېتىم بالىدەك تاشلىنىپ قالغانىدى. قاھار ئەينى ۋاقىتتا ئۆزى شۇنچىلىك تەلمۈرگەن بۇ كوچا ئېغىزىدا ئۇزاق تۇرغۇسى كەلمىدى. ھازىر بۇ كوچىدا ئازابلىق ئەسلىمىلەردىن باشقا قاھار تەلمۈرگەن، ئىنتىزار بولغان نەرسىلەر يوق.

قاھار ئېغىر چامادانىنى سۆرىگىنىچە يەنە بىر دوقمۇشتىن بۇرۇلدى. ئەنە، ئېغىزىدا ئىككى تۇپ چۈلۈك دەرىخى بار كوچا رېھىم شەپقەتنىڭ ئۆيى بار كوچا. بۇ كوچىدىمۇ ئۆزگىرىش بولماپتۇ.

قاھار كوچا بېشىغا بېرىشىغا بۇرنىغا ئاچچىق موخۇركا ئىسى ئۇرۇلدى. قاھار كوچا ئىچىگە قاراپ يۈرىكى تېپچەكلەپ كەتتى. رېھىم شەپقەت كىچىك ياغاچ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ موخۇركىسىنى كۆچەپ شورىغىنىچە «تۇرپان گېزىتى»نىڭ ئىچىگە چۆكۈپلا كەتكەنىدى.

قاھارنىڭ سېغىنىشلىق ھېسلىرى كۆچىيىپ دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا ماڭدى. ئەمما ئۇنى يەنە بەلغەملىك يۆتەل تۇتۇپ كەتتى. كۈچلۈك يۆتەل ئاۋازىنى ئاڭلىغان رېھىم شەپقەت بېشىنى كۆتۈردى. قاھار دەرھال سالام قىلدى. رېھىم شەپقەت ئۇنىڭغا جاۋابەن ئورنىدىن تۇرۇپ كۆرۈشتى. ئەمما ئۇنىڭدا بۇرۇنقىغا ئوخشاش قىزغىن كەيپىيات قالمىغانىدى. بۇرۇنقىدىن خېلىلا قېرىغان بۇ ئادەم ئۆز ھەلەكچىلىكى بىلەن قالغان ئادەملەرگە ئوخشاش قاھارغا ئاددىي سالامدىن باشقا ئىلتىپات كۆرسىتىپ كەتمىدى. ئۇنىڭ قاھارنى تونۇمىغىنى ئېنىق. ئەمما بۇرۇن ئۇ ھەرقانداق ئادەمگە تولىمۇ قىزغىنلىق بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى.

— گېزىتكە چۈكۈپلا كېتىپتىلىغۇ،— دېدى قاھار ئامالسىز.

— ئاتا - ئانىلارغا كاتتا پەرز ئەمەس، يۈك، قەرز بولۇۋاتقان توي - تۆكۈنلەردىن قاقشاپ يۈرسەك، ئەمدى ئۆلۈم بىلەن بولىدىغان نەزىرلەرمۇ يوچۇنلا بولۇپ كېتىپتۇ. گېزىتكە شۇ ھەقتىكى ماقالە چىقىپتۇ. مەن سىزگە «چىرايلىق ئۆلۈم تىلەش» دېگەن كىچىك بىر پارچىسىنى ئوقۇپ بېرەي،— رېھىم شەپقەت پاراڭ سېغىنغان بوۋايلار باشقىلارنىڭ ئىشى بار - يوقلۇقى بىلەن كارى يوق كاسىلداپ كەتكەندەك گېزىتنى كۆزىگە تىرىگىنىچە ئوقۇشقا باشلىدى.

«بۇ كۈلكىلىك ھەمدە كىشىگە بىمەنە تۇيۇلىدىغان ئىشنى يىچان ناھىيىسىنىڭ قەدىمىي بازىرىدا ئۇچراتتىم.

ئاپتوبۇس ساقلاۋېتىپ يېقىن ئەتراپتىكى بىر ئۆيدىكى ئالامەتلەر ۋە ئالدىرىشىپ يۈرۈشكەن كىشىلەرگە قاراپ، بۇ ئۆيدە نەزىر بولغانلىقىنى بىلدىم ۋە ماڭا ھەمراھ بولۇۋاتقان مۇشۇ بازارلىق دوستۇمدىن:

— ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىنىڭ نەزىرىمۇ نېمە؟ — دەپ سورىدىم. ھەمراھىم ياشتا چوڭىيىپ دۈمچىيىپ قالغان بىر بوۋاينى كۆرسىتىپ:

— بۇ ئاشۇ كىشىگە قىلىنغان نەزىر،— دېدى.

— نېمە؟! — بەك چۆچۈپ كەتتىم.

— ھازىر مۇشۇنداق بىر ئىش پەيدا بولۇپ قالدى،— دېدى ھەمراھىم ئوڭايسىز ئەھۋالدا،— ئۆلگەندىن كېيىن نەزىر قىلغاندىن، تىرىكىدە قىلسا ساۋاب كۆپ بولىدۇ دېگەن ياۋا گەپ بىلەن، بىر قىسىم كىشىلەر ياشانغان، كېسەللى ئېغىر ئاتا - ئانىلىرىغا نەزىر قىلىپ بېرىدىغان بولدى.

بۇنىڭدىن قاتتىق نومۇس قىلدىم. بۇ خىل دەز كەتكەن پەرزەنتلىك بۇرچ ھەم مېھرىگە نېمە دېيىش كېرەك؟

بىزدە نەزىرنىڭ كۆپلۈكى، ھەشەمەتلىكى ئۇنىڭدىن ئارتۇقلۇقى، نەزىرلەردىكى ئەقىلغە سىغمىغۇدەك بەسلىشىشلەرنىڭ ئەۋج ئېلىشى بىلەن نەزىرنىڭ ئۆرپ - ئادىتىمىز يوسۇنىدىن

يىراقلاپ غەيرىي تۇس ئېلىپ قېلىۋاتقانلىقىدەك بىر خىل ئەپسۇسلۇق تۇيغۇسى بىزنى بىئارام قىلغىلى خېلى بولۇپ قالدى. تولىمۇ چىلاڭ ۋە نازۇك بولغان دىنىي قائىدە ـ يوسۇنلاردىن تولۇق ۋە ھەقىقىي مەنىسى بىلەن خەۋىرى بولمىغان كىشىلىرىمىز بۇنىڭدىن سەل مەڭدەپ قېلىشتى. نەزىرىنىڭ كۆپلۈكى كىشىلەرنى ھاردۇردى، خىلمۇخىللىقى كىشىلەرنى ئويلاندۇردى. خاراكتېرىنىڭ بارغانچە يېڭىلىنىپ بېرىشى كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇپ قويدى. مانا، ئەمدى ئەقىلگە سىغمايدىغان، تولىمۇ بىمەنە بولغان يەنە بىر خىلى مەيدانغا چىقىپتۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ يېقىن كىشىلىرىگە ئۆلۈم تىلەشنىڭ باشقىچە شەكلىغۇ! ھەي، ئەپسۇس ...

ئۆز ـ ئۆزىمىزنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇرلىنىپ، ئۆزىمىزنى تۇزەش، ئىزدەش، تېپىش نېگىزلىك مەسىلىگە ئايلانغان مۇشۇ ۋەزىيەتتە، بۇ مەسىلىنى ئويلىنىپ كۆرۈش، ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن ئىش قىلىش بەكمۇ زۆرۈر.»

كۆردىڭىزمۇ ئۇكام، بۇ ئادەمنىڭ نومۇسىنى كەلتۈرىدىغان ئىش ئەمەسمۇ. پەرزەنتلەرغۇ شۇنداق ئەقىلسىزلىق قىلسۇن. ئاتا ـ ئانا بولغان ئادەم قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرغۇچە...

قاھار رېھىم شەپقەتنىڭ سۆزىنى ئاخىرىغىچە ئاڭلاشقا تاقەت قىلالمىدى:

— رېھىم ئاكا، مېنى تونۇمىدىڭىزمۇ؟

رېھىم شەپقەت سۆزدىن چىپپىدە توختاپ ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قارىدى. ئاندىن كۆزەينىكىنى ئېلىپ ياشاڭغىراپ تۇرغان كۆزىدىكى نەملىكنى سۈرتۈپ كۆزەينىكىنى يەنە تاقىدى. ئەمما بىشىنى چايقىدى.

— رېھىم ئاكا، مەن قەيسەر.

— قەيسەر؟ — رېھىم شەپقەت ئويلىنىپ قالدى ۋە ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلدى، — ھە، ھە... مىچۇەندىكى تۇغقانلارنىڭ...

— ياق، مەن سىلى باققان قەيسەر. مۇنۇ كوچىدىكى سارەمنىڭ بالىسى...

— ھوي، ھوي... نېمە دەيدۇ بۇ بالا، — رىھىم شەپقەت ھودۇققىنىدىن ئورۇندۇقتىن يىقىلىپ چۈشكىلى تاسلا قالدى. قاھار ئۇنى يۆلىۋالدى.

— سەن... سەن راست شۇمۇ؟ — رىھىم شەپقەت ئۇنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتقىنىچە سىنچىلاپ قاراپ كەتتى.

— مەن شۇ، ئاكا.

— تووۋا بالام، نەلەردىمۇ يۈردۈڭ؟ قانات چىقىرىپ ئۇچۇپ كەتكەندەك بىر كېچىدىلا يوقاپ كەتتىڭ. ئىزدىمىگەن يېرىمىز قالمىدى. سەن توغرۇلۇق تۈرلۈك گەپلەرمۇ بولدى. ئىبادەتخان بىلەن ئىككىمىز ئۇ گەپلەرگە ئىشەنمەي خېلى ۋاقىتلارغىچە دېرىكىڭنى قىلدۇق. ئاپاڭمۇ تۇگىشىپلا كەتتى. يا بىر ئۇچۇرۇڭ بولمىدى. يىلمۇ ئۆرۈلۈپ كەتتى. كېيىن سەن توغرۇلۇق بىئەپ خەۋەرلەرمۇ كەلدى. كېيىنگە بېرىپ ھەممە گەپ بېسىقتى. ئىككى يىلدەك بولغان ھەممىمىز ئۆي غېمى بىلەن بولۇپ ئۇ ئىشلارنى ئۇنتۇپلا كېتىپتىكەنمىز.

— مەن ھېچنېمە بولمىدىم، ساقىيىپ كەتتىم.

— رىزقى تۈگىمىگەن بەندىسىنى خۇدايىم ھەر ئاماللار بىلەن ساقلايدۇ، كۆنىنىڭ سېرىقىنى كۆرسىتىدۇ. يۈر، يۈر، ئۆيگە بېرىپ...

— ئاكا، ئۆيلىرىگە بارماي. مۇنۇ تېلېگراف بىناسىنىڭ يېنىدا بىر ئاشخانا بار ئىكەن. شۇ يەرگە بارايلى.

— بوپتۇ، ئۆيدىمىغۇ بىر پارچە بىسەرەمجانلىق.

قاھارغا بۇ گەپ سەل غەلىتە بىلىنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئارتۇقچە گەپ سورىماي كوچىدىن چىقتى. رىھىم شەپقەت ئاشخانىغا بارغىچىمۇ خۇددى قاھارنى كۆندە كۆرۈۋاتقاندەك بۇ كوچىلارنىڭ شەخسلەر بىلەن قورۇلۇش ھۆددىگەرلىرىنىڭ بېرىدىغان تۆلەم پۇلدا كېلىشەلمەي چېقىلماي تۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئەمەلىيەتتە قورۇلۇش ھۆددىگەرلىرىنىڭ ھىيلىگەرلىك قىلىۋاتقانلىقىنى قاقشاپلا ماڭدى. قاھار «رىھىم ئاكامۇ قېرىپتۇ» دەپ ئويلىدى.

ئۇلار ئاشخانىغا كىرىپ تاماق بۇيرۇتۇشتى.

— دېگىنە بالام، نەلەردە يۈردۈڭ؟ — رېھىم شەپقەت قاھارنىڭ ئىشلىرىغا بەكلا قىزىقىۋاتاتتى.

— ھېلىقى ئاخشىمى مېنى پىچاننىڭ تۇيۇق دېگەن يېرىدىكى ھىمىت ئىسىملىك تېۋىپ بوۋاي ھارۋىسى بىلەن تۇيۇققا ئەكەتتى. شۇ يەردە بىر يىلدەك داۋالىغاندىن كېيىن خېلى ئەسلىگە كېلىپ قالدىم. ئۇ يەردە ئاساسەن ئۈزۈم ئىشلەپچىقىرىلىدىكەن. شۇڭا ئۈزۈم سودىسى قىلىدىغانلارمۇ جىق ئىكەن. بەزىلەر ئىچكىرى ئۆلكىلەر بىلەن قۇرۇق ئۈزۈم سودىسى قىلىدىكەن. ئۇلار خەنزۇچىنى ئوبدان ئۇققانلىقى ئۈچۈن كېيىن مەن تەرجىمان بولۇپ شىئەنگە باردىم. كېيىن ئۆزۈممۇ ئۈزۈم يۆتكىدىم. شۇنداق قىلىپ داۋالىنىش ۋە ئىچكىرى بىلەن ئۈزۈم سودىسى قىلىپ ئالدىراش بولۇپ كېتىپ بۇ ياقلارغا كېلەلمىدىم. ھازىرمۇ شۇ سودا بىلەن بولۇۋاتىمەن.

قاھار راست — يالغاننى قوشۇپ سەرگۈزەشتىسىنى ئاددىيلا بايان قىلدى.

— بوپتۇ بالام، بۇ يەرگە كەلگىنىڭ بەلەن بوپتۇ. مانا تېخى بىر ئوبدان ساقىيىپمۇ كېتىپسەن. ھە، ئاپاڭلار ئۇرۇمچىدە تۇرسا بۇياققا ئۆتۈپ قاپسەنغۇ؟

— ھەرقايسىلىرىنى يوقلىغاچ نوپۇس دەپتىرىمنى ئېلىۋالغىلى كەلدىم. كىملىكىم بولمىغاچقا، ئۇ نەرسە سودا ئىشلىرىدا بەك لازىم بولىدىكەن.

— ئۇ دەپتەرلىرىڭمۇ ئاپاڭلار بىلەن ئۈرۈمچىدىمىكىن، بالام.

— ئۆزلە بىلىدىلا، ھازىرمۇ ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئالدىراپ بارغۇم يوق. ئاڭلىسام، كوناشەھەر ساقچىخانىسىدا نوپۇسىمىزنىڭ كۆچكى بولىدىكەن. شۇ ئىشقا سىلىنى ئاۋارە قىلىپ كېلىشىم.

— ئۇنداق بولسا مەن كۆرۈشۈپ باقاي. ئۈچىنچى ئوغلۇم شۇ يەردە ساقچىلىق قىلىدۇ. مەن گەپ قىلسام ئۇلار قاراپ تۇرماس.

ئىشنىڭ مۇنداق ئاسان چۈشكىنىدىن قاھار يېنىك تىن ئالدى.

— ئىبادەتخان ئانامنىڭ ئەھۋالى قانداق؟ سەل تۇرۇپ ئۇنىمۇ يوقلىمىسام بولمايدۇ.

رېھىم شەپقەت بېشىنى ئېغىر چايقىدى:

— كەلگۈلۈك شۇ مەزلۇمغا كەلدى. يۈرەك كېسىلى بار ئىكەندۇق، بەك قوزغىلىپ كېتىپ ھازىر ئۈرۈمچىدە ھاۋا ئارمىيە دوختۇرخانىسىدا.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ قاھارنىڭ كۆڭلى غەش بولدى:

— ھازىرچۇ؟ ئەھۋالى ياخشىمۇ؟

— ھەي... ي، بىچارە قولى قىسقىلىقنىڭ دەردىنى تارتىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ يۈرىكىگە كۆۋرۈك سالىدۇ دەمدۇ يا تىرەك قويىدۇ دەمدۇ، بىر ئوپېراتسىيە قىلغۇدەك. بولمىسا ھاياتى خەتەرلىك دەيدۇ. لېكىن ئۈچ تۈمەندەك پۇل كەتكۈدەك. ئۇ مەزلۇمدا ئۇنچىلىك پۇل نېمىش قىلىدۇ دەيسەن. تۈنۈگۈن ئاڭلىسام ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىر تۈمەندەكنى يىغىش قىلغان ئوخشايدۇ. قالغىنى نەدە تۇرۇپتۇ. ھەي، قاراپ تۇرۇپ بىر ياخشى ئادەمدىن ئايرىلىپ قالىدىغان ئوخشايمىز.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان قاھار جىددىيلىشىپ كەتتى. «ياق، ئۇ كىشى بۇنداق سەۋەب بىلەن ئۆلۈپ كەتسە بولمايدۇ» دېگەن بىر سادا ئۇنىڭ يۈرىكىدە ياڭراشقا باشلىدى. كېسەل چىرمىۋالغان، سوغۇق سېمونت تاختايغا چاپلىشىپ قالغان بەدىنىنى ئۆرۈپ، چىن ئىخلاسى بىلەن ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ ئۇنىڭغا روھىي شىپالىق بېرىۋاتقان بىر مېھرىبان ئانىنىڭ نۇرلۇق سېيماسى قاھارنىڭ كۆز ئالدىغا كەلدى. شۇ ئۇلۇغ ئانا ھازىر ئۆزى كېسەلگە يەم بولۇش ئالدىدا تۇرۇپتۇ. قاھار ئارتۇقچە ئويلىنىپ تۇرمايلا بىر ئىشنى كۆڭلىگە پۈكتى.

— سىلىنىڭ ئەھۋاللىرىچۇ؟ — سورىدى قاھار.

— كېسەلدىن نېرى، تېنىم ساق يۈرۈيمەن، — رېھىم شەپقەت بىردىنلا كۆزىگە ياش ئالدى، — لېكىن نېمە گۇناھىمغا خۇدايىم كۆزۈمگە كۆرسىتىۋاتىدىكىن؟ بايا ساڭا دېگەن ساقچى ئوغلۇم... ئاق تاماكا دېگەن نىجىس نەدىن پەيدا بولدىكىن؟ ئۇ شۇنىڭغا ئۆگىنىپ قېلىپ خىزمىتىدىنمۇ ئايرىلدى، ئۆيىنى سورۇۋېتىپ يوقاپ كەتكىلى بىر ئايدىن ئاشتى. بىرى چاڭشادا دېسە، بىرى

گۈاڭجۈدا دەيدۇ. نېمىلەر بولۇپ يۈرۈيدىكىن؟ شۇنىڭ دەردىدە جاندىن تويۇپ يۈرۈيمەن، بالام.

رېھىم شەپقەت كۆز يېشىنى پەقەت توختىتىۋالالمىدى. بۇنى ئاڭلىغان قاھارنىڭ مۇشتلىرى تۈگۈلدى. مانا بۇ يەردىمۇ پاجىئە! رەيھان «چايان»دەكلەر ۋە ئۇلارنىڭ شېرىكلىرى مۇشۇنداق ئاق كۆڭۈل ئادەملەرنىڭ ئاھۇ زارى، پىغانلىق كۆز ياشلىرى بەدىلىگە راھەت كۆرۈپ، قاقاقلاپ يۈرىدۇ. بەلكىم، رەيھان «چايان» قاھارنى قولدىن چىقىرىپ قويغان بىلەن يەنە بىر كىملەرگە زىيانكەشلىك قىلىپ، قارا قولىنى شىنجاڭغا سۇنۇپ بولغاندۇ؟ ئۇلار ئەكەلگەن «ماللار» قانچىلىغان كىشىلەرنى قاڭغىر قاقشاتقاندۇ؟

رېھىم شەپقەتنىڭ ئاۋازى ئۇنى خىيال قوينىدىن قايتۇردى.

— بولدى بالام، ئەمدى قانچە قاقشىغان بىلەن ئورنىغا كەلمەيدۇ. پېشانىمىزگە پۈتۈلگىنى مۇشۇ ئوخشايدۇ. قېنى، تاماقنى يەۋالساق ساقچىخانىغا كىرىپ باقاي. ساقچىخانىنىڭ باشلىقى ياخشى ئادەم. بالامنىمۇ شۇ كىشى ئورۇنلاشتۇرغانىدى...

تاماقتىن كېيىن رېھىم شەپقەت ساقچىخانىغا كەتتى، قاھار ئاشخانىدا ساقلاپ قالدى.

بىرەر سائەتتىن كېيىن رېھىم شەپقەت بىر سېرىق تاشلىق دەپتەرنى كۆتۈرۈپ كەلدى.

— ھېلىمۇ تەلىيىڭ بار ئىكەن. داۋۇتلار ئۇرۇمچىگە كۆچكۈچە سېنىڭ نوپۇسۇڭنى ئايرىۋەتكەنىكەن. سەن توغرۇلۇق ساقچىخانىغا بىرەر ئەھۋال مەلۇم قىلىنمىغان بولغاچقا، نوپۇسۇڭ ساقلىنىپ قاپتۇ. مانا، تولۇقلاپ بىر نۇسخا چىقىرىپ بەردى.

قاھار دەپتەرنى چامادانغا ئوبدان جايلاشتۇردى. ئاندىن ئىككى مىڭ يۈەن پۇل چىقىرىپ رېھىم شەپقەتكە تەڭلىدى:

— رېھىم ئاكا، ماڭا قىلغان مېھىر - شەپقەتلىرىنى قانداق قىلسامۇ قايتۇرۇپ بولالمايمەن. ھازىر سودا قىلىپ ئەھۋالىم خېلى ياخشى. مەن ھازىر ئۇرۇمچىگە قايتمىسام بولمايدۇ. قولۇم سەل بوشىغاندا سىلىنى ئايرىم يوقلاپ كېلىمەن. بۇنى ئاز بولسىمۇ سېلىپ قويسىلا.

ئەمما، رىھىم شەپقەت پۇلنى ئالغىلى ئۇنىماي تارتىشتى. قاھارمۇ چىڭ تۇردى ۋە «مەن سىلىنىڭ بالىلىرىغا ئوخشاش، كىچىك ۋاقتىمدا سىلى ماڭا قارىغان. بالا چوڭ بولسا ئاتىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدۇ» دېگەندەك يىلتىزى چىڭ گەپلەر بىلەن ئۇنى قايىل قىلدى.

— ئاكا، ھازىرچە مېنىڭ ئىشىمنى ئىبادەتخان ئانامدىن باشقا بىرىگە دېمىگەن بولسىلا.

قاھار ئاخىرقى ئۆتۈنۈشىنى دەپ بولغاندىن كېيىن رىھىم شەپقەت بىلەن خوشلىشىپ ئۇرۇمچىگە ماڭدى.

# ئون توققۇزىنچى باب

ئۇ يول بويى ئويلانغىنى بويىچە ئۇرۇمچىگە بارغاندىن كېيىن سودا ـ سانائەت بانكىسى، قۇرۇلۇش بانكىسى ۋە يېزا ئىگىلىك بانكىلىرىنىڭ ھەربىرىدىن ئىككىدىن كارتا بېجىردى. ئاندىن قالغان ئالتۇنلىرىنى يېرىم كۈن كۆزىتىپ، ئۆزى بولىدىكەن، دەپ مۆلچەرلىگەن ئوتتۇز ئىككى زەرگەرخانىغا تۆت كۈندە سېتىپ بولدى، پۇلنىمۇ كارتىلارغا بۆلۈپ جايلاشتۇرۇپ بولدى.

ئۇ «ئۇھ» دەپ مېھمانخانا ياتىقىدا ئولتۇرۇپ كارتىلارغا سالغان پۇللارنى ھېسابلىۋىدى، بەش مىليون يۈەندەك بولۇپتۇ. شۇ كۈنى ئاخشىمى ئۇ قانغۇدەك ئۇخلىدى.

ئەتىسى يەنە ئۇنىڭ ئىشتىھاسى تۇتۇلۇپ ناشتىنى ياخشى قىلالمىدى. تۆت تال مانتا بىلەن بىر قاچا سۈت بۇيرۇتقانىدى، سۈتنى ئىچەلىدى، مانتىدىن بولسا بىرنى ئارانلا يېيەلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ «نېمە بولغاندىمەن» دەپ ئويلاپ سىرتقا چىقىپ تۇرۇپ قالدى. ئاندىن يەنە يۆتەل قىستاپ بولالمىدى ۋە بەلغەم تۈكۈردى. ئۇنىڭ يېتىۋالغۇسى كېلىپ بازار ئايلىنىشتىن ۋاز كېچىپ يەنە ياتىقىغا ماڭدى: «قارىغاندا، نەچچە كۈندىن بېرى ئۇيان ـ بۇيان چېپىپ يۈرۈپ ئوبدانلا چارچىغان ئوخشايمەن...»

ئۇ كارىۋاتتا شۇ ياتقانچە بىردەم ـ بىردەم يۆتىلىپ چۈشتىن ئۆتۈپ كەتكۈچە ياتتى. ئۇنىڭ قورسىقى ئاچقاندەك قىلغان بولسىمۇ، لېكىن نېمىشقىدۇر پەقەت ئورنىدىن تۇرغۇسى كەلمىدى. خۇددى بەدىنىنى كارىۋاتقا چاپلاپ قويغاندەك ئۇنىڭ كارىۋاتتا ئۆرە ئولتۇرغۇدەكمۇ ھەپسىلىسى قالمىغانىدى.

چۈشتىن كېيىن بولغاندا قاھار مۇزدەك تەرلەپ كەتتى. بولمىسا ھاۋا خېلى سوغۇق. بۇنى بىنورماللىق ھېس قىلغان

قاھار ئۇرنىدىن تەستە تۇرۇپ، مېڭىش شۇنداق خۇشياقمايتۇرسىمۇ، يېقىن ئەتراپتىكى بىر دوختۇرخانىغا بېرىشقا مەجبۇر بولدى.

دوختۇر ئۇنىڭ تەرلەۋاتقانلىقىغا قاراپ قويۇپ سورىدى:

— ئۆزىڭىزنى قانداقراق ھېس قىلىۋاتىسىز؟

— يېقىندىن بۇيان ئىشتىھايىم تۇتۇلۇپ كەتتى. سوغۇق ئۆتكۈزۈۋالدىمىكىن، يۆتەل جىقلاپ قالدى.

— بەلغەممۇ بارمۇ؟

— ھەئە. ئاندىن ماغدۇرسىزلىنىپ بولمايمەنغۇ - تاڭ.

— سوغۇق تەرلەشمۇ بارمۇ؟

— بار، بولۇپمۇ چۈشتىن كېيىن بەكلا تەرلەيمەن. شۇ تاپتا كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسىز. تەرىم ھېچ بېسىلمايۋاتىدۇ.

دوختۇر بېشىنى لىڭشىتتى ۋە ئېھتىيات بىلەن سورىدى:

— بۇرۇن ئۆپكە تۇبېركولىيۇز كېسىلى بولغانمۇ؟

قاھار چۆشەنمەي تۇرۇپ قالدى. دوختۇر ئاددىي قىلىپ دېدى:

— ئۆپكە كېسىلى بولغانمۇ؟

قاھار چۆچىدى:

— بەش - ئالتە يىل بۇرۇن بولغان، خېلى ئېغىر ئىدى. كېيىن داۋالىنىپ ساقىيىپ كەتكەن.

دوختۇر رېتسېپ قەغىزىگە بىر نەرسىلەرنى يېزىپ ئۇنىڭغا سۇندى:

— رېنتگېنغا چۈشۈپ، نەتىجىسىنى ئېلىپ چىقىڭ.

قاھار ئىشتىن چۈشىدىغانغا يېقىن تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى ئېلىپ دوختۇرنىڭ يېنىغا كىردى. دوختۇر قەغەزگە بىر قاراپلا دېدى:

— كېسەلنىڭ ئاسارىتى قاپتىكەن. يەنە يامىنىغا ئۆرۈلۈپتۇ. بۇ بىر خىل جاھىل خاراكتېرلىك كېسەل. ناچار شارائىت، قوۋۋەتسىز يېمەكلىك، بولۇپمۇ سوغۇق مۇھىت بۇ كېسەلنى ئاسانلا قوزغايدۇ. تازا پەيتىدە كەپسىز. مېنىڭچە، بىر مەزگىل ياتاقتا يېتىپ داۋالىنىڭ، بولمىسا بۇ كېسەلنىڭ ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدۇ.

— قانچىلىك ياتسام بولار؟

— ئاز دېگەندىمۇ ئۈچ ئاي ياتىسىز. بۇنىڭغا ھەرگىز سەل قارىماڭ. كېيىن پۇشايمان قىلغان بىلەن ئورنىغا كەلمەيدۇ.

قاھار بوشىشىپ ئولتۇرۇپ قالدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئانچە ـ مۇنچە دورا قىلىپ كۆرۈپ باقسۇنمۇ؟ ياق، شۇنچىۋالا ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈن قاھارغا ساغلام بەدەن كېرەك. ئۈچ ئاي دېگەن ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ۋاقىتلار كەڭتاشا. ئەڭ ياخشىسى ۋاقتىدا داۋالىنىش كېرەك. بولمىسا ھەممە ئىش تەييار بولۇپ قالغاندا ئارماندا قالىدىغان ئىش بولمىسۇن يەنە.

قاھار كۆپ ئويلىنىپ ياتاقتا يېتىپ داۋالىنىش قارارىغا كەلدى.

※ ※ ※

كېسەلخانا ئىشىكىنىڭ ئەينىكىدىن ئوغلى بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان ئىبادەتخان ئانىنى كۆرگەن رېھىم شەپقەت ئىچىدە «خۇدايىم شىپالىق بېرىپتۇ» دېگىنىچە ئىشىكنى ئېچىپ كىرىپ كەلدى.

رېھىم شەپقەتنى كۆرگەن ئىبادەتخان ئانىنىڭ چىرايىدا مەمنۇنلۇق كۈلكىسى جىلۋىلەندى.

— بىر ئوبدانلا بولۇپ قاپلا. ئۈرۈمچى يارىشىپتۇ ئۆزلەگە،— رېھىم شەپقەت قىزغىنلىق بىلەن ئەھۋال سورىدى.

— قارىغاندا، رىزقىم تۈگىمىگەن ئوخشايدۇ. كۈندە كۈنىنىڭ سېرىقىنى كۆرگىنىمگە خۇش بولۇپ ئولتۇرۇۋېتىمەن،— دېدى ئىبادەتخان ئانا كېسەلىنىڭ ياخشىلانغانلىقىغا بولغان خۇشلۇقىنى ئىپادىلەپ.

— ۋاقتىدا يوقلاپ چىقالمىدىم.

— ئۇنداق بولامدىغان، سىلىنىڭمۇ ئۆيلىرىدە بىرمۇنچە ئىشلىرى تۇرسا. ئۇنىڭ ئۈستىگە يول يىراق. ھېلىمۇ ئاۋارە بولۇپلا، رەھمەت.

— شۇنداق يېقىن قولۇم ـ قوشنا تۇرۇقلۇق قوللىرى قىسقا بولۇپ قالغاندا ياردەم قولۇمنى سۇنالمىدىم. ئالدىلىرىدا خىجىلمەن.

— ھەرگىز ئۇنداق دېمىسىلە. مۆڭنىڭ غېمىنى خۇدا قىلىدۇ، دەپ، قارىسىلا يوچۇنلا ئىش بولدى. ئوپېراتسىيىگە پۇل يېتىشتۇرەلمەي «كۆرىدىغان كۈنۈم مۇشۇنچىلىك ئوخشايدۇ، بولدى كېتەيلى» دەپ كېتىدىغانغا تەييارلىق قىلىپ تۇرساق، دوختۇرلار كىرىپ چۈشتىن كېيىن ئوپېراتسىيە قىلىمىز دېسە بولىدۇ. قانداق ئىش بولۇپ كەتتى بۇ؟ خاتا بولۇپ قالمىغاندۇ؟ نەچچە كۈندىن بىر تۈمەن پۇلنى تەڭلىسەك ئىتمۇ قىلىپ قويمىغان دوختۇرلارغا بۈگۈن نېمە بولغاندۇ؟ ھەيرانلا قالدۇق. بىز تېخى پۇل تەييار قىلىپ بولالمىدۇق دېسەك، پۇل تاپشۇرۇلۇپ بولدى دەپ بىر تالوننى كۆرسەتتى. قارىساق، راستىلا بىز ئۈچۈن تۆلەنگەن پۇل ئىكەن. نېمە ئىشلىقىنى بىلەلمەيلا ئوپېراتسىيىگە كىرىپ كەتتىم. ئوپېراتسىيە ئوڭۇشلۇق بولدى. ھازىر خېلىلا ياخشىلىنىپ كەتتىم. كېيىن سۈرۈشتۈرسەك، بىر ئادەم كېلىپ پۇلنى تاپشۇرۇپ ھېچنېمە دېمەيلا كېتىپ قاپتۇ. بىز بىر ئائىلە كىشىلىرى شۇنچە ئويلىنىپمۇ بۇنىڭ تېگىگە يېتەلمىدۇق. شۇنىڭ بىلەن بۇنىڭ گېپىمۇ بىر يەردىن چىقار، دەپ يەيدىغىنىمىنى يەپ يېتىپتىمەن. بىر تۈمەن پۇلىمىزمۇ قولىمىزدىلا قالدى.

— بىرەر تۇغقانلىرى...

— نەدىمۇ ئۇنداق تۇغقىنىمىز بولسۇن. پۇلى بولسىمۇ، ئۆزىنى يوشۇرۇپ ئولتۇرمايدۇ ـ دە.

— پۇلى بار تۇغقانلارنىمۇ كۆردۇققۇ. ئەگەر بەرگىسى بولسا، ئۇچ تۈمەن ئەمەس، ئۈچ يۈز كوينىمۇ شايى كەلتۈرۈپ كۆز ئالدىمىزدا شاراقلىتىپ بېرىدۇ،— دەپ دوق قىلدى ئوغلى.

— ئۇنداق دەپ خەقتىن ئاغرىنساڭ بولمايدۇ، ئوغلۇم،— دېدى ئىبادەتخان ئانا ئوغلىغا.

«راست، بۇ كىمدۇر؟ دېمىسىمۇ مۇشۇ كۈنلەردە ئۈنچىلىك ياردەملەرنى قىلىدىغانغا ياتلارنىڭلا ئەمەس، بىر تۇغقانلارنىڭمۇ يۈرىكى چىدىمايدىغان بولۇپ كەتتى. شۇنچىۋالا پۇلنى بېرىپمۇ

غىڭ قىلماي كەتكەن ئۇ ئادەمنىڭ زادى نېمە مەقسىتى باردۇ؟ ياكى ئۇ كىشىنىڭ ئىبادەتخانغا چوڭقۇر مىننەتدارلىقى بولسا، شۇنداق قىلغاندىمۇ؟...» خىيالى شۇ يەرگە كەلگەندە رېھىم شەپقەتنىڭ كۆز ئالدى ۋاللىدە يورۇپ كەتكەندەك بولدى. «ئىنسانپەرۋەرلىق بالا بوپتۇ. ياخشىلىقنى ئۇنتۇماپتۇ» شۇ خىيالنى قىلغان رېھىم شەپقەتنىڭ چىرايىدا سۆيۈنۈشلۈك كۈلكە پەيدا بولدى.

ئىبادەتخان ئانىنىڭ ئوغلىنىڭ ئىچى پۇشۇپ كەتكەنمۇ ياكى تاماكا خۇمارى تۇتتىمۇ ئاستا سىرتقا ماڭدى.

— بۇ ياردەمنى كىمنىڭ قىلغانلىقىنى راستلا بىلەلمىدىڭىزمۇ؟

— ياق، نەدىن بىلەي.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى رېھىم شەپقەت، — مەن بىر گەپنى دەيمەن. بىر دىنبىر شەرتىم ھاياجانلانمايلا. بولمىسا، ئالدىلىرىدا گۇناھكار بولۇپ قالماي يەنە.

— دەۋەرسىلە. بۇنى دوختۇرلارمۇ جىق جېكىلىگەن.

— ئۇنداق بولسا ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالسىلا جۇمۇ. قەيسەر بالا قايتىپ كەلدى.

— قەيسەر؟ قايسى قەيسەر؟ ئىچكىرىگە كەتكەن بالىلىرىمۇ؟

— ۋاي قوشنام، ئۇنىڭ ئىسمى مۇختەر. مېنىڭ دەۋاتقىنىم، ھېلىقى سارەمنىڭ ئوغلى، دەرەخلىكتىن يوقاپ كەتكەن قەيسەر.

بۇنى ئاڭلاپ ئىبادەتخان ئانا تورۇپلا قالدى.

— ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالسىلا. شۇ بالا تېخى ھاياتكەن، چوپچوڭلا ئادەم بولۇپ كېتىپتۇ.

— ھاياتمىكىنە ئۇ؟ توۋا، توۋا، بۇ جاھاننىڭ ئىشلىرىغا ئىنساننىڭ ئەقلى يەتمىگىدەك. سىلى بىلەن كۆرۈشكەن گەپكەن – دە.

— كۆرۈشتى. نەچچە كۈن بۇرۇن تورپانغا نوپۇس ئىشى بىلەن بېرىپتىكەن، مەن بىلەن كۆرۈشتى. سىلىنى بەك سوراپ كەتتى.

— نەگە كېتىپتۇ ئۇ بالا؟

رېھىم شەپقەت قاھارنىڭ دەپ بەرگىنىنى بويىچە سۆزلەپ بەردى.

— رىزقى تۇگىمىسە ھەرنە سەۋەبلەر بىلەن كۈننىڭ سىرىقىنى

كۆرىدىغان ئىشكەن. توۋا خۇدايىم، «ئۆلدى، كەتتى» دەپ ئۇنتۇپلا كېتىپتىكەنمەن ئۇ بالىنى.

— ھازىر ئۇ سودا قىلىپ بېيىپ كېتىپتۇ. ماڭا بىر مۇنچە پۇل بىلەن كۆڭۈل بىلدۇرۇپ خىجىل قىلىپلا قويدى. شۇ ۋاقىتتا مەن سىلىنىڭ ئەھۋاللىرىنى ئۇنىڭغا دېگەنىدىم. پەمىچە، بۇ ساخاۋەتنى قەيسەر قىپتۇ. بولمىسا سىلى دېگەندەك باشقا كىم بار دەيلا.

— ئۇنداق بولسا قەيسەر ئىكەن. شۇنداق خورلۇق تارتىۋىدى، مانا تۇرمۇشنىڭ خوۋلۇقىنى كۆرۈپتۇ. بىزنىمۇ ئۇنتۇماپتۇ. ئىنساپىڭغا رەھمەت، بالام. دۆلىتىڭ زىيادە بولغاي، — ئىبادەتخان ئانا كۆز يېشى قىلىشقا باشلىدى.

— نېمىگە ياش تۆكىلا، شۇ بالىنىڭ خاتىرجەم تۇرمۇشى ئۇچۇن پايپېتەك بولۇپ، قىلمىغانلىرى قالمىغانىدى. ئەمدى قەيسەر ئوبدان تۇرمۇشقا ئېرىشسە، خۇشال بولماقتا يوق يىغلىغانلىرى نېمىسى؟

— خۇشال بولۇۋاتىمەن. خۇشاللىقىمدىن يىغلاۋاتىمەن. شۇ بالىنى بىر كۆرسەم بولاتتى. توۋا، قانداقراق ئادەم بولۇپ كەتكەندۇ؟

— ئۇ ئۆزى توغرۇلۇق سىلىدىن باشقا بىرىگە دېمەي تۇرۇشۇمنى ئېيتقانىدى. شۇ بالىنىڭ گېپىدە بىر گەپ باردەك قىلىدۇ. ھە دەپ گېپىنى ئاڭلايلى. قارىغاندا، ئۇنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرى بار. شۇ ئىشلىرى تۈگىسە يەنە بىزنى چوقۇم ئىزدەپ كېلىدۇ.

— خۇدايىم، ئىشلىرى ئاق يوللۇق بولسۇن شۇ بالىنىڭ.

ئىككى ئاق كۆڭۈل كىشى چىن نىيىتى بىلەن دۇئاغا قول كۆتۈردى.

※ ※ ※

مانا، قاھارنىڭ ياتاقتا يېتىۋاتقىنىغا بىر ئايدەك بولدى. ئۇ ياتاقتا ئۇن - تىنسىز ياتىدۇ، داۋالاشنى، تورلۇك

تەكشۈرۈشلەرنى، سۈيۈقلۇقى تولىمۇ ئاستا ئاقىدىغان ئاسما ئوكۇل يىڭنىسىنىڭ تومۇرىغا سائەتلەپ سانجىقلىق تۇرۇشىنى، ھەرخىل رەڭ، ھەرخىل چوڭلۇقتىكى دورىلارنى يېيىشنى ئۇن ـ تىنسىز ھالدا قوبۇل قىلىدۇ. ياتاقداشلىرى بولسا كېسەلخانىلاردا بولىدىغان زېرىكىشلىكنى بېسىش ئۈچۈن ئايىغى چىقماس پاراڭلارغا بەند بولغانلىرىدا، شۇنچە ۋاقىتتىن بۇيان ئۆزلىرىنىڭ پارىڭىغا بىرەر قېتىممۇ ئارىلىشىپ باقمىغان بۇ «مۆرىمەس» يىگىتكە ھەيران بولۇپ قارىشىدۇ. دېمىسىمۇ قاھار ئۇلار بىلەن سىرداشمايدۇ، قۇرۇق پاراڭ سوقۇشمايدۇ، ئۇلاردىن ئارتۇقچە سوئالمۇ سورىمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈن ـ تىنسىز ھالدا ئولتۇرغىنى ئولتۇرغان. باشقىلار تۈگىمەس پاراڭغا چۆشكەندە، ئۇ تۈگىمەس خىيالغا بەند.

دەرۋەقە، ئۇ گەپ ـ سۆز قىلماي ئۈن ـ تىنسىز ئولتۇرغان بىلەن ئۇنىڭ قەلبى تىنماي سۆزلەيدۇ. شۇنداق، ئۇ جىممىدە ئولتۇرۇپ خىيال قىلاتتى، پىلان تۈزەتتى. ۋاقىتنىڭ مۇشۇنداق تۆت تامنىڭ ئىچىدە، كۆڭۈلسىز ئوخشاش مەشغۇلاتلار بىلەن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىغا ئىچى پۇشاتتى، تىتىلدايتتى. ئەمما، داۋالانماي نېمە ئامال.

بىر كۈنلۈك داۋالىنىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن قاھار بازار ئارىلايتتى، كۆڭلىدە ئالمىشىپ تۇرىدىغان بازار قىزىقچىلىقلىرىنى كۆرۈش بىلەن زېرىكىشلىك كۈنلىرىگە، تىتىلداشلىرىغا مەلھەم قىلاتتى. كاللىسىدا يېڭى ـ يېڭى پىلانلار پەيدا بولاتتى. پىلانلار پەيدا بولغانچە شۇنچە پۇلنى خاتىرجەم ياشاشقا ئىشلىتىشتەك ئويىنىڭ تولىمۇ ساددا خىيال ئىكەنلىكىنى ھېس قىلاتتى.

بۈگۈنمۇ ئۇ ئايلىنىپ دۆڭكۆۋرۈك سودا بازىرىغا باردى. بۇ بازار بۈگۈنمۇ يەنە شۇ قايناقلىقى، يەنە شۇ ئاۋاتلىقى بىلەن داڭقىغا لايىق سەلتەنىتىنى نامايان قىلماقتا ئىدى.

شۇنچە قىستاڭچىلىقتىمۇ كىشىلەر توپلىشىۋېلىپ قايسىبىر ھاجەتمەننىڭ يىغلاپ تۇرۇپ ئېيتىۋاتقان دەردىنى، قايسىبىر مېيىپنىڭ مېيىپ يېرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ قىلىۋاتقان

ئىلتىجاسىنى ئاڭلىشاتتى، يەنە قايسىبىر كىشىنىڭ بىيىجىڭغا بېرىپمۇ ئاقتۇرالمىغان ئەرزى سەۋەبلىك يۇرتىغا قايتالماي ياردەمگە موھتاج بولغانلىقى يېزىلغان مۇراجەتنامىسىنى يۇقىرى ـ تۆۋەن ئاۋازدا ئوقۇشاتتى. يەنە بىر كەڭرەك مەيداندا كىشىلەر يۇمىلاق دائىرە ھاسىل قىلىشىپ جۇغى كىچىك، ھەرىكىتى چاققان، ئەمما جابدۇقلىرى ئاددىي بىر يىگىتنىڭ سېرىكچىلىك ماھارىتىنى كۆرۈشۈۋاتاتتى. ئۇ يىگىتنىڭ ماھارىتىگە قارىغاندا، سېرىكچىلىك قىلغاندا ئىشلىتىدىغان جابدۇقلىرى قاھارنىڭ دىققىتىنى تارتتى.

دېمىسىمۇ ئۇ بالا قۇرۇلۇش ئورنىدىن تېرىۋالغان پارچە ـ پۇرات خىشلار، ئەخلەت تۆكۈلىدىغان تېرىۋالغان تۇرلۇك بوتۇلكىلار ۋە ئۇزۇن قومۇش بادىرلار بىلەن سېرىكچىلىك ۋە جانبازلىق نومۇرلىرىنى كۆرسىتىۋاتاتتى. لېكىن ئۇنىڭ ماھارىتى يامان ئەمەس ئىدى. ئۈچ دانە پىۋا بوتۇلكىسىنى بىر ـ بىرىگە تەگكۈزمەي، يەرگىمۇ چۈشۈرۈۋەتمەي تىنىماي ئايلاندۇراتتى، قومۇش بادىرىنى بارمىقىنىڭ ئۇچىدا، بۇرنىنىڭ ئۈستىدە ئۇزاققىچە تىك تۇرغۇزاتتى، خىش پارچىلىرىنى كىچىك، نازۇك بارماقلىرىنى چىڭ جۈپلەپ چەيدۇدەك قىلىپ بىرلا ئۇرۇپ ئىككى پارچە قىلىۋېتەتتى، كىچىك مەيداننى ئايلىنىپ يۈرۈپ يەردە، ھاۋادا توختىماي موللاق ئاتاتتى، موللاق ئاتقاندىكى ھەرىكىتى چىرايلىق ۋە چاققان ئىدى.

كىشىلەر ئۇنىڭ ماھارىتىگە ئاپىرىن ئوقۇغان بولسىمۇ، لېكىن ئىشلىتىدىغان جابدۇقلىرىنىڭ ئاددىيلىقىنى مەسخىرە قىلىشتى. شۇڭا ئەتراپتىن غۇدۇراشلار ئاڭلىنىپ تۇردى:

ــ شۇنچە ماھارىتى بولغاندىكىن، ئازراق پۇلنىڭ كۆزىگە قارىماي رەسمىي تەييارلىق قىلسا بولمامدۇ؟

ــ ماھارىتىغۇ بولىدىكەن، لېكىن تېرىشتۇرۇۋالغان نەرسىلىرىگە قارىسا يالغاندەكلا....

ــ شۇنچىلىك ماھارەت يېتىلدۇرمەكمۇ تەس گەپ.

ــ راست، بۇنداق بالىلارغا قوللاش، سەھنە بولىدىغان بولسا

ئوت چىقىرىۋېتىدۇ. سىرىق چاچلىقلارنىڭ جالىقىنى بىلىدىغانسىلەر؟ موللاق ئاتقان بىلەن تېگىدە تور بار. مانا، ماھارەت دېگەن كۆز ئالدىڭدا تەبىئىي بولسا، ئاندىن ھەقىقىي ماھارەت بولالايدۇ.

— ماھارىتىنى مۇنداق زايە قىلىپ يۈرگۈچە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنى ئىزدەپ رەسمىي ئويۇن قويسا بولمامدۇ؟ كوچىغا يايما يېيىپ، خۇددى تىلەمچىدەك...

— ھېلىمۇ بۇ بالا تىلەپ يۈرمەيتۇ. مۇشۇنداق بولسىمۇ ئويۇن قويۇپ، جېنىنى باقىدىنى مىڭ ياخشى. بەش ئەزايى ساقلارنىمۇ ماڭدامدا بىر كۆرۈۋاتىمىز.

قاھار ئاخىرقى گەپنى ناھايىتى توغرا تاپتى: «بۇ كىشى توغرا ئېيتىدۇ. بۇ غورۇرلۇق بالىكەن. ئۇنىڭ بەزى ساغلام كىشىلەردەك تىلەمچىلىك قىلماي، ئاددىي بولسىمۇ ئۆز ھۈنىرى بىلەن ھالال كۈچىگە تايىنىپ جان بېقىۋاتقانلىقى تەييارتاپ بولۇپ ياشاۋاتقان، باشقىلارنىڭ كۈلپىتى بەدىلىگە كۆكلەۋاتقان كىشىلەردىن مىڭ مەرتەم ياخشى!»

ماھارەت كۆرسىتىۋاتقان بالا ئۇڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ ھۆرمەت بىلدۈرۈپ:

— ئاددىي ئويۇنۇمنى كۆرۈپ بەرگەنلىرىگە رەھمەت! — دېۋىدى، ئويۇننىڭ تۈگىگەنلىكىنى بىلىپ بەزى كىشىلەر يانچۇقلىرىنى ئاختۇرغان بولۇشۇپ ئاستىلا كېتىپ قېلىشتى، بەزىلەر بولسا ئۇ يىگىتنىڭ بىر يانغا قويۇپ قويۇلغان «گۈزەل دۇنيا» دەپ خەت يېزىلغان شىلەپىسىگە پارچە پۇللىرىنى تاشلىغىلى تۇردى. كىشىلەر بىردەمدىلا تاراپ كېتىشتى.

يىگىت پۇللىرىنى ساناپ تۇرغاندا قاھار ئۇنىڭ يېنىغا باردى.

— ۋاقتىڭىز بولسا بىردەم پاراڭلاشقان بولساق.

يىگىت قاھارغا بىر پەس تىكىلىپ قاراپ بېشىنى لىڭشىتتى ۋە نەرسە - كېرەكلىرىنى تېزلا يىغىشتۇرۇپ، قاھار بىلەن بىللە ماڭدى.

ئۇلار بىر ئاشخانىغا كىرىپ تاماق بۇيرۇتۇشتى.

— سىز نەدىن؟ — سورىدى قاھار تاماق ساقلاۋېتىپ.
— پىچان لۇكچۇندىن.

ئۇنىڭ بۇ جاۋابىنى ئاڭلاپ قاھار يىگىتنى بىر خىل يېقىن ھېس قىلدى.

— ئىسمىم نۇرىدىن، كىشىلەر قىسقارتىپ نۇر دەيدۇ، مەنمۇ شۇنداق ئاتاشقا كۆنۈپ قالدىم، — دېدى يىگىت قاھارنىڭ يامان غەرىزى يوقلۇقىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىن، قاھارنىڭ سوئالىنى كۈتمەي ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ، — ئاتا - ئانامدىن كىچىك قېلىپ، تۇغقانلارنىڭ قولىدا چوڭ بولدۇم. لېكىن كېيىن ئۇلار ماڭا ئوبدان قارىمىدى. مەكتەپتىمۇ بار - يوقىنىڭ ئورنىدا ئوقۇدۇم. مەن كىچىكىمدە «خو يەنجيا»، «چېنجىن» دېگەن كىنولارنى كۆرۈشكە، ئۇلاردەك چامباشچىلىق قىلىشقا ئامراق ئىدىم. ئۆزۈم مەھەللىنىڭ كەينىدىكى قۇملۇقلاردا موللاق ئېتىشنى ئۆگەندىم، قۇم خالتا ئېسىپ ئەتىدىن - كەچكىچە مۇشتلاپ مەشىق قىلدىم. موللاق ئېتىشنى ئۆگەنگىچە يۈز - كۆزۈم يارا بىلەن تولدى، قۇم خالتىغا مۇشتلاپ قولۇمدىن قان چىقىپ كېتەتتى. لېكىن مەن ھەممىگە چىدىدىم، غەيرەت قىلدىم. ئاخىر موللاق ئاتالايدىغان، كېسەكنى بىر مۇشت بىلەن پارچە - پارچە قىلىۋېتەلەيدىغان بولدۇم. لېكىن تۇرمۇشتا ماڭا ھەقىقىي ئىگە بولىدىغان ئادەم چىقمىدى. شۇنداق يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە لۇكچۇن بازىرىدا «تاھىر چىگۈك» دەپ نام چىقارغان بىر ئادەم مېنى ئىزدەپ كەپتۇ. ئۇ مېنىڭ ئەھۋالىمنى ئاڭلاپ ئۆزىگە شاگىرتلىققا ئالغىلى كەپتىكەن. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۇ مېنىڭ تۇرمۇشۇمغا ئىگە بولىدىكەن، بىز ئويۇن قويىدىكەنمىز. مەن خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بولدۇم. ئۇ ئىش بۇ يەردە بىر قاچا تاماققا زار بولۇپ يۈرگىنىمدىن مىڭ ياخشى - دە. بۇنى ئاڭلىغان تۇغقانلىرىم مېنىڭدىنمۇ بەكرەك خۇشال بولۇپ كەتتى. بىلىمەن، ئۇلار مېنىڭدىن قۇتۇلغىنىغا خۇش. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشىگە ئەگەشتىم. بىز ئاساسەن قارا كۈچ كۆرسىتىپ ئويۇن قوياتتۇق. شۇڭا بىزگە بىر مەيدان بولسىلا بولاتتى. بولۇپمۇ

ھەپتىلىك بازارلارنى قولدىن بەرمەيتتۇق. ئىككىيلەن نەدە بازار بولسا شۇ يەرگە باراتتۇق. بىرىپلا مەن ئەتراپتىن خىش، كېسەكلەرنى توپلايتتىم، ئۇستەڭدىن قارا تاشلارنى تېرىپ كېلەتتىم. شۇنىڭ بىلەن بىرەرسىنىڭ ھويلىسىنى كېلىشىپ ئېلىپ، ئىشىكتە پۇل يىغىپ ماھارەت كۆرسىتەتتۇق: مەن كېسەك بىلەن خىشنى مۇشتلاپ، ئالقىنىم بىلەن كېسىپ ئۇرۇپ نومۇر كۆرسىتەتتىم. ئۇستام بولسا قارا تاشلارنى ئالقانداپ چاقاتتى، ئەللىكچە كېسەكنى قورسىقىغا تىزىۋېلىپ ئۇستىگە كىچىك بالىدىن ئىككىنى چىقىرىۋېلىپ ئۇزاققىچە تۇراتتى، خىشلارنىڭ ئارىسىغا بارماقلىرىنى قويۇپ باشقىلارغا خىشنى چاقتۇراتتى. ئاخىرىدا مەن موللاق ئېتىپ بېرەتتىم. بولۇپمۇ ھاۋادا موللاق ئاتسام كىشىلەر ھەيرانلا قالاتتى. شۇنداق قىلىپ بىر بازار كۈندە يۈز كويدەك پۇل تاپاتتۇق.

تاھىر ئۇستامنىڭ كەينىدە يۈرۈپ بەش يىلدەك بولغاندا ئۇستامغا قېرىلىق يېتىپ، ماغدۇرىدىن قالدى. كىشىلەرمۇ ئەمدى ئۇنداق ئويۇنلارنى كۆرۈشتىن زېرىكتى. ھەتتا بەزىدە قورساق باققۇدەكمۇ پۇل تاپالمايدىغان ۋاقىتلىرىمىزمۇ بولۇپ قالىدىغان بولدى. ئاخىر پەقەت بولماي ئۇستام ئاستا مەھەللىسىدىكى جامائەتنى تېپىۋالدى. يۇرتتا جان بېقىشنىڭ ئامالى بولمىغاچقا، «ئۇرۇمچى ھەرقانداق ئادەمنى سىغدۇرىدىكەن، مىدىرسىلا جان باققىلى بولىدىكەن» دەپ ئاڭلاپ بۇ ياققا چىققىنىمغىمۇ مانا يىگىرمە كۈندەك بولۇپ قالدى.

— ھە، جان باققىلى بولغۇدەكمۇ؟

— ھەرقاچان بايا مۇشۇ يەردە كۆرگەنسىز. جىق بولمىسىمۇ، تاماققا كەڭتاشا يەتكۈدەك پۇل چۈشۈۋاتىدۇ. شۇنىڭغا شۈكرى دەپ يۈرۈۋاتىمەن.

قاھار بېشىنى لىڭشىتتى. تاماق چىقتى. تاماق يېيىش جەريانىدا قاھار بىر ئىشنى قايتا - قايتا ئويلاندى.

— مەنمۇ پىچاندىن، پىچان تۇيۇقتىن. ئۆزۈم ئۈزۈم سودىسى

قىلىمەن. ئوقىتىم خېلى ياخشى. سالامەتلىكىم ياخشى بولماي داۋالانغىلى چىققان. ھازىر ياتاقتا يېتىپ داۋالىنىۋاتىمەن. سالامەتلىكىم دېگەندەك ياخشى بولمىغاچقا ئۆزۈڭدىن بۇيان بىر ياردەمچى تېپىشنى خىيال قىلىپ كېلىۋاتاتتىم. شۇ ئوي بىلەن مۇۋاپىق بىرسى چىقىپ قالار دەپ يۈرەتتىم. سىزنىڭ ھەرقانچە جاپا تارتسىڭىزمۇ ئۆز كۈچىڭىزگە تايىنىپ ياشاۋاتقىنىڭىز مېنى قايىل قىلدى. مەن سىزگە ئوخشاش ئۆزىنى ئەمەس، كۈچىنى خار قىلىدىغانلارنى قوللايدىغانلاردىن. شۇڭا مەن باياتىندىن بېرى كۆپ ئويلىنىپ سىزنى ياردەمچىلىككە مۇۋاپىق ئىكەن، دەپ قارىدىم. سىز قانداق ئويلايسىزكىن؟

بۇ تەكلىپ تۇيۇقسىز بىلىنگەن نۇر نېمە دېيىشنى بىلمەي قالدى. قاھار ئۇنىڭغا سەمىمىي نەزىرى بىلەن تىكىلىپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن نۇر ئامالسىز:

— بۇنىڭغا نېمە دېسەم بولار؟ مەن... مەن سىز ئورۇنلاشتۇرغان ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالارمەنمۇ؟ — دېدى.

— چاتاق يوق چىقىسىز. مەن مۆلچەرلەپ بولدۇم. ماڭا ھەمراھ بولىسىز، سودا ئىشلىرىنى بېجىرىسىز، مېنى قوغدايسىز. بەزى ئىشلارغا بۇيرۇسام سەۋەبىنى سورىماي قىلىسىز، مەخپىيەتلىكنى ساقلايسىز. ئۆزىڭىزگە مۇناسىۋەتسىز ئىشلارنى سورىمايسىز، كارىڭىز بولمايدۇ.

بۇنى ئاڭلاپ سەل سۇرلۇك ھېس قىلغان نۇر ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى:

— بۇ ئىش...

— خاتىرجەم بولۇڭ. بىرىنچىدىن، سىزنى قانۇنسىز ئىشلارغا بۇيرۇمايمەن. ئىككىنچىدىن، ئىقتىسادىي جەھەتتىن رازى قىلىمەن.

قاھارنىڭ كۆزىدىن ئىپادىلىنىپ تۇرغان سەمىمىيلىكنى، راستچىللىقنى كۆرگەن نۇر بېشىنى لىڭشىتتى.

— ئۇنداق بولسا يۈرۈڭ. مەن سىزنى ياتاققا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، ئاندىن دوختۇرخانىغا بارىمىز.

※ ※ ※

ۋاقىتلىق بولسىمۇ خاتىرجەم تۇرالغۇغا ئىگە بولغان نۇر دوختۇرخانىدىن قايتىپ كېلىۋېتىپ خۇددى خىزىردەكلا ئۇچراشقان بۇ ئادەم ھەققىدە ئويلىنىشقا باشلىدى: «چۆچەكلەردە ئادەم تازا قىيىنچىلىققا ئۇچرىغاندا ئاق ساقاللىق خىزىر ئۇچراپ، ئۇلارنىڭ ھاجىتىدىن چىقسا، خىزىر دېگەن قانداقتۇر، دەپ ھەيرانلا قالاتتىم. قارىغاندا، خىزىر دېگەن مۇشۇ ئادەمدەك بولىدىغان ئوخشايدۇ. مانا، بۈگۈن قورسىقى تويسا ئەتىسىنىڭ غېمىنى قىلىدىغان مېنىڭدەك بىر ئادەمنى خاتىرجەم تۇرمۇشقا ئىگە قىلدى. ياتاققا ئورۇنلاشتۇردى، خەجلە دەپ قولۇمغا پۇلمۇ تۇتقۇزدى. تېخى سودامغا ياردەملەش، يەنە رازى قىلىمەن، دەيدۇ. خىزىر بولسىمۇ مۇشۇنچە قىلار. يا بۇ ئادەمنىڭ بىرەر يامان نىيىتى بارمىدۇ؟ كۆچۈمدىن پايدىلىنىپ بىرەرسىنى قەستلەرمۇ؟ كىنولاردىكىگە ئوخشاش ماڭا پۇل بېرىپ بىرەرسىدىن ئۆچ ئېلىشقا سالارمۇ؟ ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا ئۇنىڭ ئۇنداق خىيالى يوقتەك قىلىدۇ ياكى بۇ ئۇنىڭ ماڭا قىلىۋاتقان ۋاقىتلىق ئىلتىپاتىمۇ؟ كېيىنچە ئۆزىنىڭ ئەپت ـ بەشىرىسىنى ئاشكارىلارمۇ؟ مەيلى، نېمىلا بولسا ۋاقتى كەلگەندە كۆرەي. ناۋادا، شۇنداق يامان نىيىتى بولسا پېشىمنى قېقىپ كېتەرمەن. كىم بىلىدۇ، مۇشۇنىڭ بىلەن ئىشىم يۈرۈشۈپ، يول تېپىپ كېتەمەنمۇ تېخى.»

نۇر ئىتتىپاق تىياتىرىنىڭ كەينىدىكى «دۆلەت مۇداپىئە سانائىتى مېھمانخانىسى»نىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدىكى ياتىقىغا چىقىپ سوزۇلۇپ ياتتى. بۇ ئىككى كىشىلىك ياتاق بولۇپ، قاھار كۈنلۈكىنى قىرىق يۈەندىن ئىككى ئايلىق ئالغانىدى. نۇر تېلېۋىزورنى ئېچىپ قويۇپ، ھېسابلاپ بېقىۋىدى، ياتاق پۇلىلا ئىككى مىڭ تۆت يۈز يۈەن بولغۇدەك. «ياپىرىم، ئەگەر مەن بۈرۈنقىدەك كوچىلاردا ئويۇن قويۇپ يۈرگەن بولسام، بۇ مېنىڭ قانچىلىك مۇشەققىتىمگە كېلىدىغان پۇل بولغىيدى؟ تېخى مېنى

پولۇ، گۆش يەڭ، ئادەمگە قۇۋۋەت بولمىسا بولمايدۇ، دەيدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، مەن كۇنۇمگە يىگىرمە كويلۇق تاماق يەيمەنمۇ؟ ئىككى ئايدا بىر مىڭ ئىككى يۈز يۈەنلىك تاماق، نېمانچە جىق. بۇ ئادەمگە بىر ەر خەزىنە ئۇچراشمىغاندۇ؟ كېيىنچە مانچىلىك قەرز بولىدۇڭ، دەپ ئات ـ ئېشەكتەك ئىشلىتىپ يۇرمەس ـ ھە؟ يا پۇلنى چىقار، يا پالانى ئىشنى قىلىسەن، دەپ بالاسى بار بىرەر ئىشقا مەجبۇرلاپ تۇرۇۋالماس ـ ھە؟ ناۋادا، شۇنداق دەپ تۇرۇۋالسا قېچىپلا قۇتۇلارمىنا!» نۇرنىڭ خىيالى بارغانچە چىگىشلىشىپ كېتىپ باراتتى. ئۇ تۇرۇپ يەنە مۇنداق ئويلايتتى: «مەن كۆرگەن ياخشى ئادەملەرمۇ كۆپقۇ. مەن نېمانچە گۇمان قىلىمەن. خەق بېشىمنى سىلاۋاتسا، مەن ئۇنىڭ راھىتىنى كۆرۈۋېتىپ يەنە ئۇنىڭدىن گۇمانلانسام قانداق بولىدۇ؟ ھوشيار تۇرساملا بولمىدىمۇ؟» ئۇ ئاخىر شۇ خىيالغا كېلىپ مەيدىسىدىكى ئېغىر بىر نەرسە ئېلىۋېتىلگەندەك يېنىك بولۇپ قالدى.

ئۇ خېلى يىللاردىن بۇيان تۇنجى قېتىم ئۆز تۇرمۇشىنىڭ غېمىنى يېمەي، ئەتىكى ئىشلىرى ئۈچۈن باش قاتۇرماي خاتىرجەم يېتىپ قالدى.

ئەتىسى ئۇ پەسكە چۈشۈپ، مېھمانخانىنىڭ دەرۋازىسى يېنىدىكى ئاشخانىدا ئەتكەن چاي ۋە ئىسسىق مانتا بىلەن ناشتا قىلدى. بۇرۇنقىدەك ناشتىلىق بۇيرۇتۇۋېتىپ قىلىدىغان «ئەتىگەندە ناشتىغا مۇنچىلىك پۇل خەجلىسەم، چۈشلۈككە يېتەمدۇ؟» دېگەن ئەندىشىدە بولمىدى.

ئۇ ناشتىدىن كېيىن ياتىقىغا چىقىپ: «دوختۇرخانىغا ھازىر بارايمۇ ياكى چۈشتىن كېيىن بارايمۇ؟» دەپ ئىككىلىنىپ يېتىپ تۇرۇۋېدى، ياتاقنىڭ ئىشىكى چېكىلدى. ئۇ ئىشىكنى ئېچىۋىدى، قاھار كۇلۇمسىرەپ كىرىپ كەلدى.

— قانداق نۇر؟ ھاردۇقىڭىز چىقىپ قاپتۇمۇ؟

— ھەئە. رەھمەت سىزگە. ئەگەر سىز بولمىغان بولسىڭىز، مەن يەنە نەلەردە قېقىلىپ ـ سوقۇلۇپ يۇرەرمەنكىن؟

قاھار ئۇنىڭ بۇ گېپىگە كۈلۈپ قويۇپلا ئارتۇقچە ئىپادە بىلدۈرمىدى ۋە سورىدى:

— نەچچە ياشقا كىردىڭىز؟

— يىگىرمىدىن ئاشتىم.

— مەن مۇنداق ئويلاپ ئەتىگەندىلا يېتىپ كەلدىم. مەن ياتاقتىن چىققاندىن كېيىن ئىشلىرىمىزنىڭ قۇلايلىق بولۇشى ئۈچۈن بىر كىچىك ماشىنا ئېلىشنى پىلان قىلغاندىم. مەن ھەتتا ۋېلىسىپىتمۇ مىنىپ باقمىغان، ئۇنداق نەرسىلەرگە قولۇم كەلمەيدۇ. قارىسام، پۇت - قولىڭىز چاققان، شۇنداق ئىشلارغا ئېپىڭىز باردەك قىلىدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ نۇر ھودۇقتى:

— مەنغۇ تراكتورلارنى ھەيدەپ، موتسىكلىتلارنىمۇ مىنىپ باققان. لېكىن پىكاپ ھەيدەپ باقمىغان، قورقىمەن.

قاھار نۇرنىڭ ساددىلىقىغا ئىختىيارسىز كۈلدى ۋە:

— شۇڭا قېشىڭىزغا كەلدىم. بۈگۈن ياتاقتىكىلەرنىڭ پارىڭىغا قۇلاق سالسام، ياتاقتىكى بىر كىشىنىڭ دېيىشىچە، ئۇنىڭ ئۇرۇمچى شەھەرلىك «ياشا» شوپۇرلۇق مەكتىپىدە بىر تونۇشى بار ئىكەن. ئەگەر شوپۇرلۇقنى ئۆگەنمەكچى بولساق، ياردەم قىلىدىكەن. مەن سىزنى بېرىپ ئوقۇسۇنمىكىن دەپ ئويلاۋاتىمەن. پۇلنى كۆپرەك خەجلىسەك، كىنىشكىنى ئىككى ئايغا قالماي چىقىرىپ بەرگۈدەك،— دېدى.

— ئىمتىھان بېرىدىغان ئىشتۇ؟

— ئۇنىڭدىن غەم قىلمىسۇن، دەيدۇ.

— ئۇنداق بولسا مەيلى،— دېدى نۇر خۇشاللىق بىلەن ۋە «بىكارلا گۇمان قىلىپ كېتىپتىمەن» دەپ ئويلىدى.

— لېكىن، ئەمەلىي ماھارەتنى ئوبدان ئۆگىنىڭ. بولمىسا ماشىنىنىڭ ھۆزۈرى كاتتا بولغان بىلەن ئادەمنىڭ ھاياتىغا تاقىشىدىغان ئىش. ھازىر سىزنىڭ قىلىدىغان باشقا ئىشىڭىز بولمىغاندىكىن، ماشىنا ھەيدەشنى كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىڭ.

نۇر بېشىنى لىڭشىتتى.

— يۈرۈك، هازىرلا بارايلى. بۈگۈندىن باشلاپ ئۆگىنىمەن. ياتاقدىشىم تونۇشقا خەت قىلىپ بەردى. ھە راست، كىملىكىڭىز بارمۇ؟ بولمىسا، نوپۇس دەپتىرىڭىز بولسىمۇ بولىدۇ.

— كىملىكىم بار.

ئۇلار دۆڭكۆۋرۈككە بېرىپ، شۇ يەردىن بىرىنچى يول ئاپتوبۇسىغا ئولتۇرۇپ، ئىككىنچى يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى يېنىدىكى «ياشا» شوپۇرلۇق مەكتىپىگە يول ئالدى...

شۇنىڭدىن كېيىن قاھار سەل خاتىرجەم بولۇپ، ئارامخۇدا داۋالىنىشقا باشلىدى، نۇر بولسا كاللىسىدىكى يامان خىياللارنى چىقىرىۋېتىپ، پۈتۈن زېھنىنى ماشىنا ھەيدەشنى ئۆگىنىشكە قاراتتى.

# يىگىرمىنچى باب

قاھارنىڭ كېسىلى ياخشىلىنىپ كەتتى.

— كېسەللىك ئەھۋالىڭىز ئاساسەن ياخشىلىنىپ كەتتى. بۇنىڭدىن كېيىن پەرھىزگە دىققەت قىلىڭ. قۇۋۋەتلىنىش ئوزۇقلىنىشقا ئەھمىيەت بېرىڭ، ئۆزىڭىزنى ئىسسىق تۇتۇڭ، بولۇپمۇ قىش كۈنى.

دوختۇرنىڭ كۆرسەتمىسى قاھارغا يادا بولۇپ كەتكەنىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ رەھمەت ئېيتتى:

— رەھمەت دوختۇر، دېگەنلىرىڭىزنى ئېسىمدە تۇتىمەن.

— ئەگەر ساقىيىپ كەتتىمغۇ، دەپ سەل قارايدىغان بولسىڭىز، ئۇچ ئايدىن بۇيان خەجلىگەن شۇنچە پۇللىرىڭىز بىكار بولىدۇ. يامان يېرى، بۇ كېسەل سىزگە مەھكەم چاپلىشىپ بىر ئۆمۈر چاتاق سالىدۇ.

كۆزىدىن ئۆتكۈر نۇر، چىرايىدىن كۈچ - قۇۋۋەت بالقىپ تۇرغان قاھار مەزمۇت قەدەملەر بىلەن مېڭىپ نۇرنىڭ ياتىقىغا كەلدى. ئۇنىڭ ساقىيىپ چىققانلىقىنى كۆرگەن نۇر خۇشال بولۇپ كەتتى.

— شوپۇرلۇق پىراۋامىڭ ئىككى كۈندىن كېيىن چىقىدىغان بولدى. ماشىنىنى ئۇرۇمچى كوچىلىرىدىمۇ بىمالال ھەيدىيەلەيدىغان بولۇپ كەتتىم،— دېدى نۇر.

— مەن بۇنىڭغا بۇرۇنلا ئىشەنگەن،— دېدى قاھار،— يۈرۈڭ، بىرىپ ماشىنا كۆرۈپ باقايلى. پىراۋىڭىزنى ساقلاپ تۇرساق بولمايدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان نۇر تېخىمۇ خۇش بولۇپ كەتتى. ئۇ ماشىنا ئېلىشنى بۇنچە تېز بولار دەپ ئويلىمىغانىدى. شۇ كۈنلەردە ئۇ

قاھار نېمە دېسە يامان تەرپىنى قەتئىي ئويلانمايلا شۇ بويىچە قىلاتتى، بىلگەنلىرىنى بىلگەنچە قىلاتتى، چۈشەنمىگەنلىرىنى بولسا، چۈشەنمىسىمۇ تولۇق ئورۇنداشقا تىرىشاتتى. چۈنكى بۇ ئىككى ئايدا بىلىپ يەتتىكى، قاھار باشقىلارغا يامانلىق قىلمايتتى، باشقىلارنىڭ دىلىنى بىھۇدە ئاغرىتمايتتى، باشقىلارنىڭ ئىشىغا ئارىلاشمايتتى، شۇنداقلا باشقىلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىنىمۇ خالاپ كەتمەيتتى. نۇرنى بولسا ئۆز دوستىدەك ھۆرمەتلەيتتى، ئۆزى ياردەم قىلىۋاتقان كىشىگە ئەمەس، بەلكى ئۆزئارا ياردەم قىلىشىۋاتقان كىشىلەردەك ئىززەت ـ ئىكراملىق مۇئامىلە قىلاتتى. شۇنداق بولغاچقا، قاھار بارا ـ بارا نۇرنىڭ قەلبىدە مۇستەھكەم ھۆرمەت قورغىنى بىنا قىلماقتا ئىدى.

ئۇلار بەيگە مەيدانىغا يېتىپ كېلىشتى. نۇر بۇ يەردىكى ماشىنا بازىرىنى كۆرۈپ ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى. كۆز يەتكۈسىز مەيدانغا سىرلىرى كۈن نۇرىدا كۆزنى چېقىپ تۇرغان ماشىنىلاردىن تارتىپ، ئەبجەقى چىقىپ كېتەي دەپ قالغان نىمكەش ماشىنىلارغىچە قاتار تىزىۋېتىلگەنىدى.

— قېنى، سىز ھەرھالدا تەلىم ئالغان بولغاندىكىن، ماشىنىلارنى تاللاپ بېقىڭە.

قاتتىق ھاياجانلانغان نۇر ئانچە ئۇپرىمىغان نىمكەش ماشىنىلار تىزىلغان رەتكە بېرىپ ماشىنىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىشقا تەمشەلدى. قاھار ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ قۇلىقىغا پىچىرلىدى:

— ئايەرگە بېرىپ يېڭى ماشىنىلارنى كۆرسىڭىزا.

بۇنى ئاڭلىغان نۇر يېڭى ماشىنىلار بار تەرەپكە ئىختىيارسىز ئىتتىك قەدەملەر بىلەن مېڭىپ كەتتى. ئۇ قاھارنى يېڭى ماشىنا ئالىدۇ، دەپ زىنھار ئويلىمىغانىدى.

ئۇلار چۈشكىچە ئۇيان ئايلىنىپ، بۇيان ئايلىنىپ «سانتانا — 2000» تىپلىق ماشىنىنى تاللىدى، سىرى قاپقارا ماشىنا ھەقىقەتەن ھەيۋەتلىك ۋە كۆركەم ئىدى. ماشىنىنى سىناپ ھەيدەۋاتقان نۇر خۇشاللىقتىن قىن ـ قىنىغا پاتماي قالدى.

ماشىنىنىڭ رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىپ بولغۇچە نۇرنىڭ پىراۋسىمۇ تەستىقلىنىپ چىقتى.
— چارچىدىڭىزمۇ؟ چوڭ يولدا ماڭسىڭىز چاتاق يوقتۇ؟
— چاتاق يوق. چوڭ يول دېگەن ئۈرۈمچىدە قىستاڭچىلىقتا ماشىنا ھەيدىگەندىن مىڭ راھەت.
— ئۇنداق بولسا ھازىرلا تۇرپانغا بارايلى.
— سودىنى باشلايمىزمۇ؟
— ھەئە.
— ئۆزۈم ئەمدى پىشقان تۇرسا، يا ھۆل ئۆزۈم سودىسى قىلىمىزمۇ؟
— ھەئە.
نۇر بىردىنلا ئۆزىنىڭ ئارتۇقچە سوراپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ خىجىللىقتىن قىزىرىپ كەتتى.
— بولىدۇ، ماي جىقلىۋېلىپ ماڭساق بولىدۇ.

يېپيېڭى ماشىنا ئۈرۈمچى — تۇرپان كونا يولىدا تۇپىغا چۆككەنچە ماڭماقتا. ھاۋا بەك ئىسسىپ كەتكەن بولغاچقا، ماشىنىنىڭ ھاۋا تەڭشىگۈچى ئېچىۋېتىلىپ، ماشىنا ئىچى راھەت ماكانغا ئايلانغانىدى. ئۇلار داۋانچىڭدىن ئۆتۈپلا يېڭىدىن ياسىلىۋاتقان «ئۈرۈمچى — تۇرپان — داخۇاڭشەن يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولى» ئۈستىدە سۆزلىشىپ ماڭدى. كەيپىيات ئىنتايىن ياخشى، پاراڭ ناھايىتى قىزغىن ئىدى. نۇر پاراڭ ئۆزۈلگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان ئىچىنى پۇشۇرۇۋاتقان بىر ئىشنى سورىدى:
— خاپا بولماڭ، ئاكا، سىزدىن بىر ئىشنى بەك سورىغۇم كېلىپ كەتتى. ياپياش تۇرۇپ نېمىشقا مۇنداق ساقال قويۇۋالدىڭىز؟ يا ئەتە - ئۆگۈن ھەرەمگە باراي دەۋاتامسىز؟
— بۇنىڭدا مېنىڭ غەيرىي مەقسەت - مۇددىئايىم يوق. پەقەت مەلۇم زۆرۈرىيەت سەۋەبىدىن شۇنداق قىلدىم. پىلان قىلغان

ئىشلىرىم توگىسە، ساقالنى چۈشۈرۈۋېتىپ، قېرىغاندا رەسمىي قويىمەن.

نۇر بېشىنى لىڭشىتتى: «قارىغاندا، ھازىرچە بىر كىملەرنىڭ ئۆزىنى تونۇپ قېلىشىنى خالىمايدىغان ئوخشايدۇ؟ ئۇلارنىڭ ئۆچ ئېلىشىدىن قېچىپمۇ ياكى ئۇلاردىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈنمۇ؟ خۇدايىم، نېمىلا بولسا بۇ كىشىنىڭ ئامانلىقىنى بەرگەيسەن!»

ئۇلار تۇرپانغا كېلىپلا قوياشنىڭ كۈچلۈك نۇرى، يول بويىدىكى دەرەخلەرنىڭ قېتىپ تۇرۇشىدىن ئىسسىقنىڭ قاتتىق بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىشتى.

— ئىسسىق تازا ۋايىغا يېتىپتۇ - دە، — دېدى قاھار، — ئۆچ ئايدىن بۇيان بۇنداق ئىسسىقنى ئۇنتۇپلا كېتىپتىكەنمەن.

— راست ئىسسىپتۇ، بۈگۈن تېمپېراتۇرا قىرىق بەش گرادۇسلاردا بارمۇ، نېمە؟ مۇشۇ كۈنلەردە كەچلىكى دىمىق بولۇپ كېتىدىغان بولسا...

ماشىنا يېڭى بېكەت رايونىدىن شەھەر ئىچىگە قاراپ مېڭىۋىدى، قاھار دېرىزىنى ئاچتى:

— ھاۋا تەڭشىگۈچنى ئېتىڭ. نېمىلا بولسا يۇرتىمىزنىڭ ئاپتىپى.

— دېگەنىبىلەن مۇشۇ ئىسسىق تەنگە شىپا.

ماشىنىنىڭ دېرىزىسىدىن ئىسسىق ھاۋا باستۇرۇپ كىردى. بۇنداق ئىسسىققا ئاستا - ئاستا كۆنۈشنىڭ ئورنىغا مۇزدەك مۇھىتتىن بىراقلا تونۇر ئىچىدەك مۇھىتقا ئالماشقان بولغاچقا، ئىسسىق ھاۋا ئۇلارنىڭ يۈز - قولىغا خۇددى قىزىتىلغان تۆمۈرنى تەگكۈزگەندەك ئۇرۇلدى. گەرچە دېرىزە ئېچىۋېتىلگەن بولسىمۇ، ئەمما كىرىۋاتقىنى ئىسسىق شامال بولغاچقا ماشىنىنىڭ ئىچى بىردەمدىلا دىمىق بولۇپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئۇستىۋېشىدىن شۇرۇلداپ تەر قۇيۇلۇشقا باشلىدى. ئىسسىق ھاۋا، چىدىغۇسىز دىمىق ئادەمنىڭ نەپىسىنى قىساتتى.

— دېرىزىنى ئېتەيمۇ؟ — ئىسسىققا چىدىماي سورىدى نۇر.

قاھار بېشىنى چايقىدى. «ھەر ئېغىر كۈنلەردىمۇ بۇنىڭدىن

ئىسسىق كۆڭۈلەرنى چاكىلداپ ئۆتكۈزدۈم. ئەمدى مۇشۇنداق راھەتكە چىقىپ قالغان كۆڭۈلەردىمۇ ئىسسىقنىڭ تەمىنى تېتىپ باقسام نېمە بولىدۇ؟ بۇ ئىسسىق ئەينى ۋاقىتتا ماڭا ئۆلۈم چىلىلىغان بولسا، ئەمدى بەدىنىمدىكى مەن ئۇچۇن زەھەرلىك بولغان ھۆللۈكلەرنى تەر بىلەن ھەيدەپ چىقىرىۋېتەر. مەن كۆرمىگەن ئىسسىق، مەن قىينالمىغان دىمىق ئەمەس بۇ...»

قاھار شۇلارنى ئويلاپ كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىنى قايرىپ تەر چىپىلداپ ئېقىۋاتقان مەيدىسىگە پۈۋلىدى. ئەتراپتا ئىسسىق ھاۋا پورۇقلاپ قايناۋاتتى.

ئاۋغۇستتا چىڭقى چۈش دىمىق پەيتىدە،
يۈرىكىم مۇزلىغاچ تولغىنار مېنى.
ۋە لېكىن سوغۇق ھەم ئىسسىق دەردىدىن،
مۇھەببەت دەردىكەن بەكرەك يامىنى.

يىغلىغىن، ساقلىغىن چەكسىز ئەقىدە،
تەر كەبى يوقاركەن ۋاپاسىز سۆيگۈ.
ئادەملەر قەلبىنى ئاق قەغەز بىلىپ،
يېزىپ - ئۆچۈرۈپ تۇراركەن مەڭگۈ.

شۇڭا مەن ئاھ ئۇرۇپ كەتمىدىم ئۇزاق،
ھالبۇكى، قەلبىمنى ساقلىدىم سەبىي.
مەشۇقلار ئۇنتىدى، مەنمۇ ئۇنتىدىم،
ئىسسىقتا بىر قېتىم تەرلىگەن كەبى.

— بانكىلار ئىشتىن چۈشۈپ كەتمىگەندۇ؟ — سورىدى قاھار.

— ئىشتىن چۈشۈپ بولغىلى يېرىم سائەتتەك بولۇپ قالدى، — دېدى نۇر سائىتىگە قاراپ، — بىزمۇ تاماقلىرىمىزنى يەپ بولغۇچە ئىشقا چىقىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالغۇدەك.

— ھازىر بىزدە قانچىلىك نەق پۇل بار؟

— يىگىرمە مىڭ يۈەندەك.
— ئالدىمىزدىكى تۆت كوچىدىن ئوڭغا بۇرۇلۇڭ.
ماشىنا ئىسسىق دەستىدىن ئادەم شالاڭلاپ قالغان يولدا ئازراق مېڭىپ خەلق كىنوخانىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدى.
— ئالدىمىزدىكى دوقمۇشتىن بۇرۇلۇپ كوچا ئاغزىدا توختاڭ.
ئۇلار ماشىنىدىن چۈشتى. قاھار ئۆزىگە تونۇشلۇق بولغان ئىشىكنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئىشىكنى چېكەي دەپ تۇرۇشىغا ئىشىك ئېچىلىپ بالا كۆتۈرگەن بىر قىز كۆزىنى سۈرتكىنىچە چىقىپ قالدى. بۇنى كۆرگەن قاھار ھودۇققان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزى ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇپ قالغان بولغاچقا گەپ قىلماي ئامال بولمىدى:
— رېھىم ئاكام بارمۇ؟
قىز بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇۋىدى، ھويلىدىن رېھىم شەپقەتنىڭ بوش توۋلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى:
— بولدى قىزىم، بىز ناماقۇل!
ئەمما، قىز يۈگۈرگىنىچە كېتىپ قالدى. نۇر ئىتتىك قاھارغا قاراۋىدى، قاھار «كارىڭ بولمىسۇن» دېگەن مەنىدە بېشىنى چايقىدى. ئاڭغىچە رېھىم شەپقەت يەلپۈگۈچىنى كۆتۈرۈپ پايپاسلىنىغىنىچە چىقىپ كەلدى. ئۇ ئىشىك تۈۋىدىكى ئىككىيلەننى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ بىئەپ ۋاقىتتا كېلىپ قالغىنىدىن ئوڭايسىزلاندى.
— بالام قەيسەر، بارمۇ سەن؟ بىر كۆرۈنۈپ قويۇپ يوقاپ كەتتىڭ، نەلەردە يۈردۈڭ؟
نۇر «قەيسەر» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ قاھارغا لەپپىدە قارىدى. قاھار كۆرمەسكە سالدى.
— ئىشىم سەل ئالدىراش بولۇپ قالدى، رېھىم ئاكا. قولۇم بوشىۋىدى، مانا يەنە سىلەرنى يوقلاپ كەلدىم.
— دېگەنىبىلەن بالام، ئوغۇل بالىدەك ئىش قىپسەن. سەن قانچە يوشۇرغىنىڭ بىلەن مەن ئاڭلاپلا بىلىۋالدىم. ئىبادەتخانىلار بىلەلمەي تۇرۇپتىكەن، مەن ئۇنىڭغا دېۋىدىم، خۇشاللىقىدىن

يىغلاپ كەتتى، سېنىڭ تىنچ ـ ئامانلىقىڭدىن خۇش بولدۇق. ئەگەر سەن شۇ پۇلنى ياردەم قىلمىغان بولساڭ، بۇ چاغقىچە ئىبادەتخان خۇدايىمغا ئامانەت. ئۆزىمىغۇ تۇغقانلىرى بىلەن رازىلىق ئېلىشىپمۇ بوپتىكەن. ئۇنىڭغىمۇ نېمە ئامال، قاقشىغانغا، كېسەلنى قارغىغانغا ئاسماندىن چۈشۈپ قالىدىغان پۇل بولمىسا... ھەي، مۇشۇ كۈنلەردە پۇل بولمىسا ھەممىنىڭ بېشىدا غەم. بايا چىقىپ كەتكەن بالا كېلىنىم، ئۆتكەندە ساڭا دەپ بەرگەن مۇختەرنىڭ...

قاھار ئۇنىڭ ياشانغانلارغا خاس توختاۋسىز سۆزىنى بۆلمەكچى بولدى ـ يۇ، لېكىن ئۇنداق قىلىشنى ئەدەپسىزلىك بىلدى.

ـــ قارا قەيسەر، بالام ئەقىلسىز چىقىپ قالغان بىلەن بۇ كېلىندىن تەلىيىم كەلگەن مېنىڭ. «بولدى، ئۇنىڭ بولار ھالى شۇنچىلىك، ھازىر ئۆلۈك ـ تىرىكلىكىنى بىلگىلى بولمايدۇ، ۋاقتىدا ياتلىق بولۇۋېلىڭ، بىز سىزدىن رازى» دەپ تۇرساقمۇ، ئۇنىماي تۇرۇۋېلىۋاتىدۇ. ئەتىدىن ـ كەچكىچە ھالىمىزدىن خەۋەر ئېلىۋاتىدۇ. بۇ بالىدىن بىز بەك رازى. لېكىن، ئۇنىڭ نەۋرىمىزنى بېقىشىغا، داۋالىتىشىغا يېتەرلىك پۇل بېرەلمەي كۆڭلىمىز يېرىم. كېلىنىمىزغۇ غىڭ قىلمايدۇ. كېلىن دېگەن مۇشۇنداق بولسا... قاراپ باقە، كېلىنى بىلەن ئات ـ ئېشەك بولۇشۇپ كەتكەنلەر كۆز ئالدىمىزدىلا بار. كىشىلەرغۇ ھازىر پايدا ـ مەنپەئەتنى دەپ قىلمىغىنى قالمايۋاتىدۇ...

ئەمدى ئامالسىز قالغان قاھار ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈشكە مەجبۇر بولدى:

ـــ ئىبادەتخان ئانامنىڭ ئەھۋالى قانداق ؟ ھازىر نەدە؟

ـــ ساقىيىپلا كەتتى. ھازىر ئۆيىدە. قايتىپ كەلگىلىمۇ نەچچە كۈن بولدى. ئۆرە بولۇۋېلىپلا يەنە ئۇنىڭ ـ بۇنىڭ ئىشىنى دەپ چېپىپ يۈرۈيدۇ.

ـــ ئۇنداق بولسا مەن مۇنۇ دوقمۇشتىكى ھېلىقى «بورلۇق تېز تاماقخانىسى»دا سىلەرنى ساقلاپ تۇراي. قالدى گەپنى شۇ يەردە دېيىشەيلى. نۇر، بۇ ئاكىمىز بىلەن بېرىڭ.

قاھار پىيادە كېتىپ قالدى. رىھىم شەپقەت ماشىنىغا چۈشۈپ «پاھ، پاھ، بۇ قەيسەرنىڭ ماشىنىسىمۇ؟» دېدى ھاياجانلىنىپ. نۇر بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، ماشىنىنى ھەيدىدى.

قىرىلىق ئادەمنى كۆپ سۆزلەيدىغان قىلىپ قويامدۇ ياكى كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىپ ئۆگىنىپ قالغان رىھىم شەپقەت نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان يالغۇزسىراپ يۈرگەچكە پاراڭ سېغىنىپ قالغانمۇ، ماشىنا قوزغىلىشىغىلا سۆزلەپ كەتتى:

— سىز ھەرقاچان قەيسەر بىلەن تونۇشقىلى ئۆزۈن بولمىدى. مەن ئۇنى كىچىكىدىنلا بىلىمەن. ناھايىتى جاپا تارتقان بالا. سىزگىمۇ سۆزلەپ بەرگەندۇ؟ ئادەم دېگەن جاپا تارتسىمۇ شۇنچىلىكلا تارتار؟ لېكىن بۇ قەيسەر بالا كۆرگەن كۈنلەر ھازىرغىچە يۈرىكىمنى زېدە قىلىدۇ، دىلىمنى ئېزىدۇ. ئويلاپ بېقىڭە، شۇنداق ئېغىر كېسەل تارتىپ تۇرۇپ كىرەرگە ئۆيى يوق، سېمونت تاختاينىڭ ئۈستىدە بىر يىل ياتسا. شۇڭا كىشىلەر ئۇنى ئۆلۈپ كېتىدۇ دەپلا يۈرگەنىدى. رىزقى بار ئىكەن. مانا ئەمدى كاتتا ئادەم بولۇپ كېتىپتۇ.

«ۋاي، قاھار ئاكامنىڭمۇ دەردى يېتىپ - ئاشقۇچە بار ئىكەن - دە. شۇڭا ئېغىر - بېسىق بولۇپ قالغان ئادەم ئىكەن. ئۇنىڭ بۇ ئادەملەر بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى باردۇ؟» دەپ ئويلىدى نۇر.

— ئۇ ئەزرائىلنىڭ قولىغا چۈشۈپلا قالغانىدى. بىزمۇ «ئۇنىڭ ئەتە - ئۆگۈنلۈكىلا قالدى» دەپ يۈرگەنىدۇق. دېمىسىمۇ، نېرىقى كوچىدىكى ئۆگەي ئاتىسى بىلەن ئۆز ئاپىسى ئۇنىڭغا قارىمىغاندىكىن... ھازىر بىز ئۆتكەن كىنوخانىنىڭ ئالدىدا بىر دەرەخلىك بار ئىدى، قەيسەر بالا شۇ دەرەخلىكتە ھەر ئىسسىقلاردا پاختىلىق ئىشتان بىلەن پىشىپ يېتىپ كەتتى، ئاچ - توق كۈنلەرنى ئۆتكۈزدى. شۇڭا بىز «بۇنداق جاپا تارتقاندىن... دەردتىن بىر يولىلا قۇتۇلۇشامدۇ» دەپمۇ ئويلاشقانىدۇق. قارىساق، بىز بىلەن رازىلىق ئېلىشىپ بولغان بۇ بالا بىر كېچىدىلا يوق. شۇنچە ئىزدىسەكمۇ دېرىكى بولمىدى. شۇ يوقاپ كەتكەنچە نەچچە يىلدىن كېيىن مانا ئەمدى پەيدا بولدى. خۇدايىم ئۇنىڭ شۇنچە تارتقان

جاپالىرىنىڭ راھىتىنى ئەمدى بەرگەن ئوخشايدۇ. دېگەنىبىلەن ئۇ ئۆتكەن كۈنلىرىنى ئۇنتۇپ قالماپتۇ. ئۇ ئېغىر كېسەل تارتىپ ياتقاندا ئىبادەتخان ئىككىمىز ئۇنىڭ ھالىدىن ئانچە - مۇنچە خەۋەر ئالغانىدۇق. بولۇپمۇ ئىبادەتخان، ھازىر ئالغىلى كېتىپ بارغان ئايال شۇ، ئۇنى بالىسى قاتارىدا كۆرۈپ باقتى، ھەتتا ئۆزى ئىگە بولۇپ تويىنىمۇ قىلىپ قويماقچى بولغانىدى. بىر نەچچە ئاي بۇرۇن ئۇ ئايال ئېغىر يۈرەك كېسىلى بىلەن يېتىپ قالغانىدى. داۋالىنىدىغان پۇلى يوق، تاسلا قالغان كېتىپ قالغىلى. بۇ بالا مېنىڭدىن شۇ گەپنى ئاڭلاپلا ئۇدۇل ئۈرۈمچىدىكى دوختۇرخانىغا بېرىپ ھېچكىمگە دېمەي ئوتتۇز مىڭ كوينى تۆلەۋېتىپتۇ. دوختۇرلارمۇ، ئۇ ئايالمۇ كىمنىڭ ياردەم قىلغانلىقىنى بىلەلمەپتۇ. مەن ئاڭلاپلا بىلىۋالدىم. ئەگەر قەيسەر ياردەم قىلمىغان بولسا... مانا ئۇنىڭ راپاۋىتىدىن ئىبادەتخان كۈنىنىڭ سېرىقىنى كۆرۈپ يۈرۈيدۇ...

بۇنى ئاڭلىغان نۇر: «قاھار ئاكام شۇنىڭغا بۇ كىشىلەرنى ئىزدەپ كەپتۇ - دە. ھەقىقەتەن ئېسىل ئادەم ئىكەن. قارىغاندا، ئۇ پۇللىرىنى بوش يەرلەرگە ئىشلەتمىگۈدەك. ئادەم دېگەن ئەنە شۇنداق ياخشىلىقنى ئۇنتۇپ قالمىسا، باشقىلارغا قولىدىن كېلىدىغان ياردەمنى ئايىمىسا» دەپ ئويلاپ قاھاردىن سۆيۈندى.

— مۇشۇ كۈندە ھەممە ئادەم پۇل تېپىشنىڭ كويىدا، ئارتۇقچە ئىشلار بىلەن خۇشى يوق بولۇپ كەتتى. قانداق قىلسام بىرنى ئىككى قىلارمەن، دەپ ئويلايدۇ. پۇل تاپمىسىمۇ بولمايدىكەن. بۇرۇنلاردا ئىقتىسادتىن ئارتۇقچە غەم يەپ كەتمەيتتۇق. ئەمدى نەگىلا قارىسىڭىز يانچۇقىڭىزدىن پۇل چىقمىسا بولمىغان...

رېھىم شەپقەتنىڭ گېپى قېيىپ كەتتى. قاھار ھەققىدىكى گەپ ئاخىرلىشىشى بىلەنلا نۇرغا گەپ خۇشياقمىغىلى تۇردى. شۇڭا ئۇ رېھىم شەپقەتنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، باياتىندىن بېرى ئىچىنى پۇشۇرۇۋاتقان سوئالنى سورىدى:

— قاھار ئاكامنىڭ كىچىك ۋاقتىدىكى ئىسمى قەيسەرمىدى؟

— ياق، سىز خاتا ئاڭلىغانسىز. ئۇنىڭ ئىسمى بۇرۇنمۇ قەيسەرلا ئىدى. ھە، كەلدۇق، ئىبادەتخانىنىڭ ئۆيى ئاۋۇ ئۆي شۇ.

بۇنى ئاڭلىغان نۇر: «قارىغاندا، قاھار ئاكام باشقىلارنىڭ ئۆزىنى تونۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىسمىنى ئۆزگەرتىپتۇ. ئۇ نېمە ئۈچۈن ئۆزىنى يوشۇرىدىغاندۇ؟» دەپ ئويلىدى ـ يۇ، ئارتۇقچە سوئال سورىمىدى.

ئۇلار «بورلۇق تېز تاماقخانىسى»غا كەلگۈچىلا ئىبادەتخان ئانا كىم بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىنى بىلەلمەي تىتىلداپ كەتتى. ئۇ ئايرىمخانىغا كىرىپ قاپقارا ساقىلى ئۆزىگە خويمۇ ياراشقان، يارىشىملىق كىيىنگەن قاھارغا — قەيسەرگە قاراپ بىر ھازا تۇرۇپ كەتتى. ئەمما ئۇنىڭ قەيسەر ئىكەنلىكىگە تازا ئىشەنچ قىلالمىدى. ئىبادەتخان ئانىنى كۆرگەن قاھار قاتتىق ھاياجانلاندى. ئۇ تاقەت قىلالماي «ئانا!» دېگىنىچە ئۇنىڭ ئالدىغا باردى. شۇندىلا قاھارنى تونۇغان ئىبادەتخان ئانا «ۋاي بالام، بۇ راستلا سەنمۇ؟» دېگىنىچە ئۇنى مەھكەم قۇچاقلىدى.

— توۋا، سەن شۇمۇ؟ سەن مۇشۇنچە ئادەم بولۇپ كەتتىڭمۇ؟ جېنىمنى قۇتقۇزۇپ قالغان ھىممىتىڭگە نېمە قىلىپ بەرسەم بولار؟

— سىلەر مېنىڭ جېنىمنى قۇتقۇزۇپ قالغان. مەن سىلەرگە نېمىلا قىلىپ بەرسەم ئەرزىيدۇ.

ھەممىسىنىڭ كۆزى نەملەندى. پاكىز قەلبلەرنىڭ لەرزىگە كېلىشىدىن تۆكۈلگەن ياشلاردا ئادىمىيلىك، مېھىر ـ مۇھەببەت، پەزىلەت نۇرلىرى چىن مەنىسى بىلەن جىلۋە قىلاتتى.

ئۇلار تاماقنىڭ سوۋۇپ كېتىۋاتقانلىقىغا قارىماي بىردەم كۈلۈشۈپ، بىردەم كۆز يېشى قىلىشىپ ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلەشتى.

نۇر ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قاھارنىڭ بۇرۇنقى ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرىدىن ئاساسەن خەۋەردار بولۇپ كۆز يېشىنى توختىتالماي قالدى. ئىچ ـ ئىچىدىن ئېزىلىپ يىغلاۋاتقان ئىبادەتخان ئانا بولسا، ئۇنىڭ بۇ خىل ھېسسىياتىنى

تېخمۇ كۈچەيتىۋەتتى. «ئۇنىڭ كۆرگەن كۈنلىرى ئالدىدا مەن تارتقان جاپالار ھېچنېمە ئەمەس ئىكەن» دەپ ئويلىدى نۇر.

ۋاقىت بىر يەرگە بارغانىدى.

— دىغارغا بارىدىغان مۇھىم بىر ئىش بار ئىدى. سىلەرنى كۆرۈپ ئۆتكۈم كەلدى. ھەممىڭلار ئوبدان تۇرۇپسىلەر. ھازىر ئوقىتىم ناھايىتى ياخشى. سىلەرنى يەنە يوقلاپ كېلىمەن. بۇ قېتىم ئالدىراشلا كېلىپ قالدىم...

قاھار شۇنداق دەپ ئىككىسىنىڭ ئالدىغا بەش مىڭ يۈەندىن پۇل قويدى. بۇنى كۆرگەن ئىبادەتخان ئانا تېخمۇ يىغلاپ كەتتى.

— بالام، بۇنداق قىلساڭ بىزنى خىجىل قىلىپ قويىسەن، — دېدى رېھىم شەپقەت.

— ياق ئاكا، مېنىڭ كۆڭلۈمنى قوبۇل قىلمىساڭلار، مەن سىلەرنىڭ يۈزۈڭلەرگە قارىيالمايمەن.

قاھارنىڭ تەلەپپۇزىدىكى قەتئىيلىك ۋە كۆيۈنۈشنى چۈشەنگەن بۇ ئىككى مېھرىبان كىشى پۇلنى ئالدى.

ئۇلار خوشلىشىپ چىققاندا نۇر سورىدى:

— قاھار ئاكا، بورلۇق دېگەننىڭ مەنىسى...

— بور دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ئۈزۈم دېگەنلىك. توختاڭ، توختاڭ، ئاۋۇ كوچىغا بۇرۇلۇڭ.

نۇر ماشىنىنى قاھار كۆرسەتكەن كوچىغا ھەيدىدى. ھاۋا ئىسسىق بولغاچقا كوچىدا ئادەم يوق ئىدى.

ئادەم ئولتۇرمىغىلى ئۇزۇن بولغانلىقىنى بىرلا قاراپ بىلگىلى بولىغۇدەك دەرىجىدە كونىراپ كەتكەن قوش قاناتلىق ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە قاھار ئىشىككە قاراپ ئۇزاق تۇرۇپ كەتتى ۋە كۆزىدىن ياش سىرغىپ چۈشتى.

نۇر بىردە سىرى چۈشۈپ ئۆڭۈپ كەتكەن، قۇلۇپى داتلاشقان ئىشىككە، بىردە ئۈنسىز كۆز يېشى قىلىۋاتقان قاھارغا ھەيران بولۇپ قارىدى.

— بۇ مەن ھازىرغىچە كىرەلمەيۋاتقان ئۆي. مېنىڭ خارۇزارلىقتا تولغان باللىق دەۋرىم مۇشۇ ئۆيدە ئۆتكەن.

نۇر بىردىنلا چۈشەندى: «رىۋەم شەپقەت دېگەن ئادەمنىڭ باياتىن تىلغا ئالغىنى مۇشۇ ئۆي ئىكەن ـ دە.»

قاھار كۆزىنى سۈرتۈشتىن نەمدەلگەن قولىنى ئاستا سۇنۇپ كونا ئىشىكنى سىلىدى. ئاندىن ئىشىكنىڭ قىسىلچىلىقىدىن ھويلىغا قاراپ:

ــ ھەي، ئاچقۇچ بولغان بولسا ئىچىگە كىرىپ باققان بولسام،ــ دېدى ئەپسۇسلىنىپ.

ــ قۇلۇپنى چاقامدۇق ـ يە؟ــ دېدى نۇر ئالدىراپ.

ــ ئۇنداق قىلساق ياخشى بولماسمىكىن.

قاھار ماشىنا يېنىغا بېرىپ يەنە قىيالماسلىق بىلەن كەينىگە بۇرۇلدى. قاھارنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشىنىپ يەتكەن نۇر ماشىنىدىن بىر نەرسىنى ئالدى ۋە بېرىپ قۇلۇپ بىلەن ھەپىلەشكەندەك قىلىپ ئىشىكنى ئاچتى.

بۇنى كۆرگەن قاھار ھەيران قالدى:

ــ ھوي، نېمە قىلىۋاتىسىز؟

نۇر لېۋىنى چىشلەپ تۇرۇۋەتكەندىن كېيىن:

ــ ئاكا، توغرا چۈشىنىڭ، تاھىر ئۇستام «بۇمۇ بىر ھۈنەر» دەپ ماڭا ئۆگىتىپ قويغان. لېكىن يامان ئىشقا ئىشلەتمەيسەن دەپ ماڭا قەسەم قىلدۇرغان. ماڭا ئىشىنىڭ، ئاكا، ھازىرغىچە يامان ئىش قىلىپ باقمىدىم. بۇ مېنىڭ بىرىنچى قېتىم رەسمىي قۇلۇپ ئېچىشىم. قارىسام، بۇ ئۆيگە بەك كىرگۈڭىز كەلدى،ــ دېدى.

قاھار ئارتۇق بىر نەرسە دېمەي ئىشىكنى ئاستا ئاچتى. قاھارنىڭ سەبىي قەلبىنى ئۆزىگە ماگىنىتتەك تارتقان بۇ كىچىككىنە ھويلا ئازراقلا ئۆزگىرىپتۇ: دېرىزىسى ئالماشتۇرۇلۇپتۇ، ئۆينىڭ سىرتقى تېمىغا ئاق چاقچۇق چاپلىنىپتۇ. بىراق ئادەم ئولتۇرمىغىلى ئۇزۇن بولغاچقا، تاملار زەيلىشىپتۇ، چاشقان، كۇسۇتكىلەر تام تۈۋىنى كولاپ، تۇپا تارتىپتۇ، ئەخلەت ـ چاۋارلار ھويلىغا بىر كەپتۇ.

قاھار ئاشخانا ئۆينىڭ ئالدىغا كەلدى. تامنى مېھرى بىلەن سىلىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ قولى بىلەن تامدىكى ئاللىقاچان

سىڭىشىپ كەتكەن قانلار، مېھنەت تەرلىرى تونۇشتى. مۇشۇ كېسەكلەر، لاي سۇۋاقلار سەۋەبلىك بىر ئادەمنىڭ قەدىر ـ قىممىتى يەرگە ئۇرۇلغان، يىگىتلىك غۇرۇرى ئازار يېگەن، سۆيگۈگە تولغان پاك قەلبى زېدىلەنگەن، ھاياتقا كۈلۈپ ئەركىلىمەكچى بولغان شوخ بىر يۈرەككە سوغۇق تەستەك تەگكەن...

قاھار ئېغىر بىر تىنىۋەتكەندىن كېيىن كەينىگە بۇرۇلدى. نۇر ئىشكنى يەنە قۇلۇپلاپ قويدى.

ــ قورۇلۇش بانكىسىغا بارايلى، ــ دېدى قاھار.

ئۇلار بانكىدىن ئۈچ يۈز مىڭ يۈەن پۇل ئالدى. نۇر پۇلنىڭ سانىلىشىنى نارازەت قىلىپ تۇرغاندا قاھار نېرىدىكى كۆزنەكتە بانكا خادىمى بىلەن بىر نەرسە دېيىشىۋاتقان يىگىتكە دەممۇ دەم قاراشقا باشلىدى. ئۇ يىگىت بانكا خادىمىغا بىر ئىشنى قايتا ـ قايتا چۈشەندۈرەتتى. بانكا خادىمى بولسا بېشىنى چايقايتتى. نۇر قاھارنىڭ ئۇ يىگىتكە قاراپ ھاياجانلىنىۋاتقانلىقىنى سېزىپ ھېلىقى يىگىتكە ئاستا نەزەر سالدى. ئوتتۇرا بوي، بۇغداي ئۆڭ كەلگەن بۇ يىگىتنىڭ بىر ئىشقا ئامالسىز قالغاندەك بېشى ساڭگىلاپ، روھى چۈشۈپلا كەتكەنىدى.

ئۇلار پۇلنى خالتىغا قاچىلاپ مېڭىشقا تەييارلاندى، ئەمما قاھار ئۇ يىگىتكە قارىغىنىچە تۇرىۋەردى.

ــ نېمە بولدى، ئاكا؟ ــ دەپ سورىدى نۇر.

ــ ئاۋۇ يىگىت شىئەندە ماڭا ياخشىلىق قىلغان بىرسىگە بەك ئوخشاۋاتىدۇ. ئىسمىنى يادىمغا ئالالمايۋاتىمەن. ئىسمى... شىئەندە ئوخشاش ئىسىملىك ئىككى كىشى ماڭا كۆپ ياردەم قىلغانىدى. بۇ يىگىت ماڭا شۇدەكلا بىلىنىۋاتىدۇ. توختا، توختا... ئىسمى... ھە، يادىمغا كەلدى. ئەلى! توغرا، ئەگەر بۇ يىگىتنىڭ ئىسمى ئەلى بولىدىغان بولسا، ئاشۇ شۇ! ــ قاھار ھاياجان بىلەن سۆزلەپ كەتتى.

بۇ چاغدا ئۇ يىگىت قايتىش ئۈچۈن ئىشىككە بېرىپ قالغانىدى. قاھار ئىتتىك ئۇ يىگىتكە ئەگەشتى.

ئۇ يىگىت موتسىكلىتقا مىنىشكە تەمشىلىۋىدى، قاھار ئۇنى چاقىردى:

— ئەلى!

يىگىت دەرھال كەينىگە قارىدى.

— شۇ ئىكەن!

قاھار ئۇنىڭ ئالدىغا باردى. يىگىت ئۇنىڭغا ھەيران بولۇپ قارىدى.

— سىز ئەلىغۇ؟ شىئەندە ئوقۇغان؟

يىگىت بېشىنى لىڭشىتتى.

— سىز مېنى تونۇيالمايۋاتىسىز؟ سىز مەكتەپ پۈتتۈرىدىغانغا يېقىن ماڭا ياردەم قىلغان. بىر ئاشخانىغا ئاپىرىپ تاماق ئېلىپ بېرىپ، مېنى شىنجاڭغا يولغا سېلىپ قويماقچى بولغان. شۇ چاغدا سىزنى «ئەلى ئادۋوكات» دەپ ئاتايدىكەن. ئىسمىم قاھار.

ئەلى خېلى ئويلىنىپمۇ ئۇنى يادىغا ئالالمىدى. بۇنىڭدىن بىر ئىشنى يادىغا ئالغان قاھار يەنە چۈشەندۈردى:

— ئەسلىي ئىسمىم قەيسەر، مۇنۇ خەلق كىنوخانىسىنىڭ ئالدىدا...

ئەلى دەرھاللا ئېسىگە ئالدى ۋە قاھارنىڭ ئۈستۈبېشىغا قارىدى:

— سىز، سىز شۇ قاھارمۇ؟ مۇنۇ ساقاللىرىڭىز بىلەن تۇرسىڭىز پەقەتلا تونۇيالماپتىمەن.

— مەن شۇ، مانا قاراڭ.

قاھار دوپپىسىنى ئېلىپ، ساقىلىنى قولى بىلەن تۇتۇۋالدى.

— ھە، ئەمدى بىر ئاز ئوخشىدىڭىز. كېيىن مەن سىزنىڭ سۈرىتىڭىزنى ئاچىڭىز — مەكتەپدىشىم سەلىمەنىڭ ئەلبومىدىكى ئائىلە سۈرىتىدىنمۇ كۆرگەن. ھە، دەڭە، ئېسىمدە قېلىشىچە، سىز ئەتىسى شۇنچە ساقلىساقمۇ كەلمىدىڭىز. نەگە كەتكىنىڭىزنى پەقەت بىلەلمىدۇق. بولمىسا بېلەتلەرنى ئېلىپ تەييار قىلىپ قويغان...

— دېسەم گەپ جىق. سىزنىڭ ياتىقىڭىزدا قونۇپ قالغان بولسامۇ بوپتىكەن. شۇ ئاخشىمى كۆرۈنۈشكە سودا قىلىدىغان،

ئەمەلىيەتتە ئاق ساتىدىغانلارغا قېتىلىپ قالدىم... بۇ خېلى ئۇزۇن ھېكايە. يۈرۈك، بىر يەرگە كىرىپ پاراڭلىشايلى. مەن نەچچە يىلدىن بۇيان سىزنى پەقەت ئېسىمدىن چىقىرالمىدىم.

— بولىدۇ، ئالدىمىزدا سوغۇق ئىچىملىك ساتىدىغان بىر دۇكان بار. شۇ يەرگە بارايلى. قېنى، موتسىكلىتقا مىنىڭ.

— ماقۇل،— قاھار شۇنداق دەپ موتسىكلىتقا مىنگەشتى ۋە نۇرغا قاراپ دېدى،— نۇر، سىز بىزگە ئەگىشىڭ.

ئەلى شۇندىلا ماشىنا يېنىدا تۇرغان نۇرنى ۋە ئېسىل ماشىنىنى كۆردى ھەمدە سەل ئالدىراقسانلىق قىلىپ قويغانلىقىغا خىجىل بولغاندەك قاھارغا قارىدى.

قاھار ئۇبدان جايلىشىپ ئولتۇرۇۋېلىپ:

— بىز مېھمۇتېرەيلى،— دېدى.

ئۇلار بىر ئىستاكاندىن ماروژنى يېيىشكەچ پاراڭلاشتى. قاھار ئۆزىنىڭ ئەلىدىن ئايرىلغاندىن كېيىنكى كەچۈرمىشلىرىنى خېلى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى. پەقەت رەيھان «چايان»نى بىر ئەر كىشىگە ئۆزگەرتىپ قويدى ۋە يەنىلا ئالتۇن ئىشىنى يوشۇرۇپ قالدى.

— ھوي، سىزنىڭ بۇ ئىشلىرىڭىز بىر رومان بولغۇدەك. يازالىغان بولسام ـ ھە!

— شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ سودىغا كىرىشىۋالدىم. ھازىر ئەھۋالىم خېلى ياخشى.

— ئەھۋالىڭىز ھەقىقەتەن ياخشى ئىكەن،— دېدى ئەلى ۋە ئارقىدىن چاقچاق قىلدى،— بىز مۇنۇ قوتۇ موتسىكلىتقا مىنىپ، تۇرپان شەھىرىدە كېزىلىپ يۈرۈپتىمىز. ئەمدى بىز دۇگدىيىۋالمىساق بولمىغۇدەك. بولمىسا ئېسىل ماشىنىنىڭ شامىلىدا ئۇچۇپ كەتمەيلى يەنە.

ئۇلار كۈلۈشتى.

— سىزچۇ؟ مەكتەپ پۈتتۈرۈپ كېلىپ نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز؟

— مەن مەكتەپ پۈتتۈرۈپ كېلىپ تۇرپان شەھەرلىك تەپتىش مەھكىمىسىگە خىزمەتكە چۈشتۇم. ھازىرمۇ شۇ ئىدارىدە

ئىشلەۋاتىمەن. ھەر نېمە بولسا ئۆز كەسپىمنى قىلدىم. سىزگە ئوخشاش چوڭ ئىشلارنى قىلىپ باقىلى دېسەك قورىبىمىز يەتمەيدىكەن. شۇڭا پۇرسەت كۈتۈپ يۈرۈپتىمىز.

— قارىسام، بايا بانكىدا بېشىڭىز بەك قېتىپ كەتتى...

— ھە، بانكىدا بارمىدىڭىز؟ ھەي، يەنە بايىقى گەپ. ئارمانغا تۇشلۇق دەرمان يوق.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ — ئەستايىدىللىق بىلەن سورىدى قاھار. شۇ ھامان ئەلىنىڭ چىرايىنى پەرىشانلىق قاپلىدى:

— مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ ھەمكارلىقى بىلەن «ئىدىقۇت ئادۋوكاتلىق ئورنى» دەپ نام قويۇپ بىر ئادۋوكاتلىق ئورنى قۇرۇشنى پىلان قىلىپ، تەييارلىقلارنى پۈتتۈرۈپ بولغانىدىم. ئورۇن، ئادەم ھەممىسى تەييار بولغانىدى. لېكىن ئادۋوكاتلىق ئورنىنى ئەنگە ئالدۇرۇشتا مەلۇم مەبلەغ بولمىسا بولمايدىكەن. ئورۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلەردىن يىغىش قىلىپ ئەللىك مىڭ يۈەننى تەييارلىدىم. يەنە ئەللىك مىڭ يۈەن كەملىگەنىدى. دىلشات دېگەن ئاغىنەمنىڭ ئۆي كىنىشكىسىنى رەنىگە قويۇپ قەرز ئالاي، دەپ كەلسەم، بانكىدىكىلەر «ئادەتتىكى ئىككى قەۋەتلىك ئۆيلەرگە قەرز بېجىرىلمەيدۇ» دەپ ئۇنىمىدى. بايىقى شۇنىڭ جېدىلى بولمامدۇ.

— ئاخىرى قانداق بولدى؟

— قەرز ئالغىلى بولمىدى. قارىغاندا، ھازىرچە ئۇ ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئوخشايدۇ.

قاھار بىر ياندا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي جىمجىت ئولتۇرغان نۇرغا بىر نېمىلەرنى دەپ پىچىرلىۋىدى، نۇر چىقىپ كەتتى.

— بەكمۇ جىمىغۇر يىگىت ئىكەنغۇ بۇ؟ — سورىدى ئەلى.

— مىجەزى شۇنداق، جىق ئىشلارغا ئارىلاشمايدۇ. لېكىن بەك ئېسىل بالا.

نۇر بىر سومكىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. قاھار سومكىنى ھۆرمەت بىلەن ئىككى قوللاپ ئەلىگە سۇندى.

— نېمە بۇ؟ — ئەلى چۈشەنمەي سورىدى.

— سىزگە لازىملىق ئەللىك مىڭ كوي. ئىشىڭىز توختاپ قالمىسۇن.

— بۇنداق قىلسىڭىز بولمايدۇ. كېيىن ئۆزۈم بىر ئامالىنى قىلىمەن،— كەسكىن رەت قىلدى ئەلى.

— هازىر سودام بەك ياخشى. ئەينى ۋاقىتتا سىز جېنىمغا ئارا تۇرغان. ئەمدى سىز قىيىنچىلىقتا ئۇچرىسىڭىز مەن قاراپ تۇرسام قانداق بولىدۇ؟ سىزنى بۇ يەردە ئۇچرىتىپ قالغىنىم بەك ياخشى بولدى. مەنمۇ قولۇم بوشىسا سىزنى ئىزدەي دەپ تۇراتتىم. توغرا چۈشىنىپ، مېنىڭ قولۇمنى ياندۇرماڭ.

— راستىلا بولمايدۇ. مەن بۇنداق قىلالمايمەن. ياردەم دېگەن خالىس بولىدۇ. بۇنداق قىلسىڭىز مېنىڭ ياشاش پىرىنسىپىمغا خىلاپ بولىدۇ.

بۇ چاغدا نۇر گەپكە تۇنجى قېتىم ئارىلاشتى:

— ئۇ بەك ياخشى ئىش ئىكەن. ئىشىڭىزنى قانچە بالدۇر باشلىسىڭىز، شۇنچە كۆپ كىشىلەرنىڭ قىيىنچىلىقىنى هەل قىلالايسىز. قاهار ئاكامۇ شۇنى كۆزلەپ ياردەم قىلاي دەۋاتىدۇ. بۇنىڭ بىئەپ بولغۇدەك يېرى يوق. يا سىز ئۇ پۇلنى ئويناپ - چاچىدىغانغا ئىشلەتمىسىڭىز. قاهار ئاكامۇ سىزنىڭ باشقىلارغا ياردەم قىلىدىغان مەقسىتىڭىزنى كۆزدە تۇتۇۋاتىدۇ.

قاهار نۇرنىڭ بۇ ئورۇنلۇق گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭدىن خېلى خۇش بولۇپ قالدى.

— ئۇغۇ شۇنداق،— دېدى ئەلى سەل بوشىشىپ،— شۇنداقتىمۇ مەن بۇ پۇلنى مۇنداقلا ئالسام بولمايدۇ.

— بولمىسا مۇنداق قىلايلى،— دېدى قاهار ئەلىنىڭ پەزىلىتىدىن سۆيۈنۈپ،— مەن بۇ پۇلنى سىزگە قەرز بېرىپ تۇرغان بولاي. ئىشلىرىڭىز يۈرۈشۈپ، يانچۇق تومپايغاندا قايتۇرۇپ بېرەرسىز.

— ئەمدى بۇنىڭغىمۇ ياق دېسىڭىز بولمايدۇ،— دېدى نۇر.

— ئۇنداق بولسا مەيلى،— دېدى ئەلى ۋە بىر قەغەزنى چىقىرىپ بىر نېمىلەرنى يازدى،— مانا ماۋۇ هۆججەت، تېگىگە

تېلېفون نومۇرۇم بىلەن چاقىرغۇ نومۇرۇمنى يېزىپ قويدۇم. ئۇنداق بولسا ئىش باشلىغاندا باشلىنىش مۇراسىمىغا قاتنىشىپ بېرىڭلار.

— بولىدۇ.

— سىلەر بىلەن قانداق ئالاقىلىشىمەن؟

قاھار بۇنىڭغا بىرنېمە دېيەلمەي قالدى ۋە ئامالسىز:

— مەن سىزگە تېلېفون قىلاي، — دېدى.

— ئۇنداق بولسا بوپتۇ. يانغۇچە چوقۇم توختاپ ئۆتۈڭ. بىر چىنە چېيىمنى ئىچىپ ماڭمىسىڭىز بولمايدۇ.

— رەھمەت، مەن شىئەندە بىر ئۆمۈر يەتكۈدەك چېيىڭىزنى ئىچكەن.

ئۇلار سىرتقا چىققاندا قاھار ئىككى خىيال بولۇپ تۇرۇپ قېلىپ، ئارقىدىن قەتئىيەتكە كېلىپ سورىدى:

— بايا سىز... سەلىمەنىڭ گېپىنى قىلىپ قالدىڭىز. ئۇ ھازىرمۇ شىئەندە ئوقۇۋاتامدۇ؟

بۇنى ئاڭلىغان ئەلى لېۋىنى چىشلەپ تۇرۇپ كەتتى ۋە:

— ئوقۇغىلى بارغانىدى. ئەمما... ئويۇنغا بېرىلىپ كەتتى. يامان يېرى، ئاققا ئۆگىنىپ قالغانىدى. راست گەپنى قىلسام، ھازىر ئۇنىڭ ئۆلۈك - تىرىكلىكىنى بىلمەيمەن. بەك قوپال دەۋەتكەن بولسام كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ، — دېدى.

قاھار بېشىنى چايقىدى ۋە شۇ ھامان غەرق مەست سەلىمەنىڭ شەھۋانىي نەپسى قوزغاپ كەتكەن بىر توپ ھاڭگىلار ئالدىدا ھاياسىزلارچە «چاتاق يوق، مېڭىشە ھېجىقىزلار!» دېگەن سۆزى قۇلاق تۈۋىدە ياڭرىغاندەك بولدى. بۇنىڭ بىلەن قاھارنىڭ تېنى يىرگىنچتىن تىترەپ كەتتى.

سەلىمەنىڭ ئەھۋالى ئىككىسىگىلا چۈشىنىشلىك بولغاچقا ئارتۇقچە سۆزلەشمىدى.

ئۇلار ياخشى تىلەكلەر بىلەن خوشلاشتى.

قاھار ئۆزىنى يېنىك ھېس قىلدى، ئىچىنى بىر خىل خۇشاللىق يورۇق قىلىۋەتكەندەك بولدى: «تۆمۈر ئاكا، ماڭا

ئامانەت قالدۇرغان پۇللىرىڭىزنى ئىشلىتىۋاتىمەن. ئۇ پۇللارنى ئۆز كوچىگە تايىنىپ ياشايدىغان نۇردەك، مېھرىبانلىقىنىڭ ئۆلگىسى رېھىم شەپقەتتەك، ھەربىر جانلىقنى ئاسراشنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان ھەقىقىي ئانا ئىبادەتخان ئانىدەك، كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىشنى ياشاش مىزانى قىلغان ئەلىدەك كىشىلەرگە سەرپ قىلغىنىمنى توغرا دەپ قاراۋاتىمەن. بۇ ئىشلىرىمدىن روھىڭىز خۇش بولغان بولسا نەقەدەر ياخشى بولغان بولاتتى ـ ھە!»

ــ بۈگۈن بەك ياخشى بولدى، نۇر. مەن بۇ يىگىتكە شۇ ۋاقىتتىلا ئامىراق بولۇپ قالغان. ياردەم دېگەننىڭ قەدرىنى ياقا يۇرتتا تازا بىلىدىكەنسىز. بۇ يىگىت ئاچ ـ توق قالغان، شىنجاڭغا قايتالمايۋاتقان كىشىلەر ئىزدەپ كەلسە، قولىدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىدىكەن. ساۋاقداشلىرىنى تەشكىللەپ، پۇل يىغىش قىلىپ ھاجىتىدىن چىقىدىكەن. بۇ ئاسان ئىش ئەمەس. ئۇنىڭغا ياردەم قىلىۋېتىپ بەك خۇش بولۇپ كەتتىم، يېنىكلا بولۇپ قالدىم. ئۇنىڭغا يەنە قانچىلىك ياردەم قىلسام مەن رازى.

ــ ئۇنىڭ قولىدىن ئىش كەلگۈدەك، قارىغە، ئۇنىڭ سىز ياردەم قىلغان پۇلنى شۇنداقلا ئالغۇسى كەلمىگىنىنى، غۇرۇرى بىلەن ياشاشنى ئۆگىنىپتۇ، ــ دېدى نۇر.

ــ نۇر، ئۇنىڭ چاقىرغۇ دېگىنى قانداق نەرسە؟

ــ چاقىرىش ئەسۋابى، سىز تېلېفون ئارقىلىق شۇ نومۇرنى باسسىڭىز، ئۇنىڭ چاقىرغۇسىدا سىزنىڭ نومۇرىڭىز كۆرۈنىدۇ. سىز ساقلاپ تۇرسىڭىز، ئۇ سىزگە تېلېفون قايتۇرىدۇ.

ــ داگېداغا ئوخشاش نەرسىمۇ؟

ــ ئىقتىدار جەھەتتە داگېداغا يەتمەيدۇ، لېكىن ئىزدىمەكچى بولغان ئادىمىڭىزنى تېپىشتا بەك قۇلايلىق. مەن ئوقۇغان شوپۇرلۇق مەكتەپتىكى مۇئەللىملەرنىڭ ھەممىسىنىڭلا بار. تېخى چاقىرغۇنىڭ خەت چىقىدىغانلىرىمۇ بار. خەت قالدۇرۇپ قويسىڭىز، قارشى تەرەپ سىزنىڭ كىملىكىڭىزنى، مەقسىتىڭىزنى بىلەلەيدۇ.

— ئۇنداق بولسا بەك ياخشى نەرسىكەن.
— ئۇنىڭ ئۇستىگە چوڭ سودىگەر ۋە بايلار ئاسىدۇ ئۇنى. بىر ـ بىرىنچىدىن، قۇلايلىق؛ ئىككىنچىدىن، سۆلەت.
بۇنى ئاڭلىغان قاھار كۈلۈۋەتتى.
— مېنىڭچىمۇ بەك لازىملىق نەرسىكەن. بەك جىق ۋاقىت كەتمىسە، يۈرۈشكە، ئىككىمىز بىردىن ئالايلى. بىر ـ بىرىمىزنى تاپمىقىمىزمۇ ئاسان بولغۇدەك.
ئۇلار ئەنە شۇنداق قىزغىن پاراڭلار بىلەن ئۆز يولىغا راۋان بولۇشتى.

※ ※ ※

قارىغۇجىدىن چىققان ماشىنا تۇيۇققا قاراپ ئۇچقاندەك ئىلگىرىلىمەكتە. قەيسەرگە — قاھارغا قايتا ھاياتلىق ئاتا قىلغان تۇيۇق ئىدىقۇت تېغىنىڭ جىلغىسىدا ئەللەيلىنىپ، يىراقتىن قارىيىپ تۇراتتى. تۇيۇقنىڭ قارىسى كۆرۈنۈشى بىلەن قاھارنىڭ قەلبىنى مۇرەككەپ تۇيغۇلار ئىگىلىۋالدى. چوڭقۇر مىننەتدارلىق، قەدىر ـ قىممەت، ساپ مۇھەببەت، غايىۋانە چىگىلگەن قان ـ قېرىنداشلىق رىشتى، يامان نىيەت ۋە ياۋۇزلۇق، پۇلنىڭ، نەپسىنىڭ ئېزىقتۇرۇشى... بۇلار قاھار ئۇچۇن ئالدىن بەلگىلەپ قويۇلغاندەك بىر ـ بىرلەپ بېشىدىن ئۆتتى. قاھار ئۇلارنىڭ تەمىنى تېتىغانچە تۇرمۇشنىڭ بىر داش قازان ئىكەنلىكىنى بىلدى. شۇنداق، تۇرمۇش بىر داش قازان تاماق. ئۇنىڭدا گۆشمۇ، سەۋزىمۇ، قىزىلمۇچمۇ، پۇرچاقمۇ، تېخى قىزىرىشقا ئۇلگۇرمىگەن شوخلىمۇ، يېرىمى سېسىپ قالغان كاۋىمۇ بار. ھەتتا ئېھتىياتسىزلىقتىن قازانغا چۈشۈپ كەتكەن قۇۋۇەتسىز ئوت ـ چۆپلەرمۇ بار. كۆكتاتلارغا ئىلىشىپ چۈشۈپ كەتكەن خوخا ـ تىكەنلەرمۇ بولۇشى مۇمكىن. سەن بۇ داش قازاندىكى تاماقنى قانچە كۆپ يەيمەن دېسەڭ، بۇ ئۆز ئىختىيارىڭ ئەمەس. گۆش ئىلغايمەن دېگەن چوكاڭغا گۆش بىلەن بىللە

سىيىق كاۋىمۇ چىقىشى، سەۋزىلەرنىڭ ئارىسىغا تىكەن قىسىلىپ ئاغزىڭغا كىرىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن. ئەگەر بۇلاردىن ئېھتىيات قىلىمەن دېسەڭ، ئۇ داش قازاندىكى تاماقتا چوكاڭنى ئاز ئۇزارتساڭ بولىدۇ، لېكىن ئىنسان بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس.

ئۇنىڭغا خۇشاللىقمۇ، ئازابمۇ ئاتا قىلغان تۇيۇق بارغانسېرى يېقىنلاشماقتا ئىدى. ئالدىدا يول ئىككىگە بۆلۈندى. بىرى ئۇدۇل لۈكچۈنگە كېتىدىغان يول، يەنە بىرى تۇيۇقنىڭ ئىچىنى ئايلىنىپ چىقىپ، ئاندىن لۈكچۈنگە بارىدىغان يول.

— قايسى يولغا ماڭىمەن؟

— ئوڭغا مېڭىڭ.

ماشىنا ئانچە ئۇزۇن ماڭمايلا مەھەللە ئىچىگە كىردى.

— يەنە بىر ئاز ماڭساق يول يەنە قايرىلىدۇ. بىز ئۇدۇل ماڭىمىز. ئۇدۇل مېڭىۋەرسەك، ئەسھابۇلكەھف مازىرىغا بارىمىز، يېرىم يولدا تاغ باغرىدا قەبرىستانلىق بار. يانغا ماڭساق مەھەللە ئىچىگە كىرىمىز. هازىر بىز قەبرىستانلىققا بارىمىز، — دېدى قاهار.

دېگەندەك ئۇلار يولنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى تاغ باغرىغا جايلاشقان قەبرىستانلىققا يېتىپ كەلدى. قاهار هارۋىلىق كېلىۋاتقان بىر ياشانغان كىشىدىن سورىدى:

— ئاكا، هېمىت نەنسەنچىنىڭ قەبرىسى قايسى؟

— ئاۋۇ ئاق گۇمبەزنىڭ ئوڭ بۇرجىكىدىكى قەبرە شۇ.

قاهار بىردىنلا يادىغا ئالدى. ئۇ بۇ يەردە داۋالىنىپ ياخشى بولۇپ كەتكەن يىلى هېيتتا هېمىت نەنسەنچى بىلەن ئۇنىڭ ئايالىنىڭ تۇپراق بېشىغا بىر قېتىم چىققانىدى. ئارىدىن نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتكەن بولغاچقا ئۇنىڭ يادىدىن چىقىپ قاپتۇ. مانا ئەمدى، دەرھال يادىغا ئالدى. هېمىت نەنسەنچىنى، ئەلۋەتتە، ئايالىنىڭ يېنىغا قويىدۇ - دە.

ئۇلار تۇپراق بېشىغا باردى. قاهار كىچىككىدە يادلىۋالغان سۈرە

بىلەن دۇئا قىلدى. ئاندىن خىيال بىلەن ئۆزۈندىن ـ ئۆزۈن ئولتۇرۇپ كەتتى.

ــ ماڭايلى.

ــ نەگە؟

ــ ئاق مەسچىتنىڭ ئالدىغا.

نۇر ئارتۇق گەپ قىلماي ماشىنىنىڭ تۇمشۇقىنى شۇ تەرەپكە بۇرىدى.

ــ سىز بىلەمسىز؟

ــ ئۇ يەردە دۈشەنبە بازار بولىدۇ. مەن ئۇستام بىلەن ھەر دۈشەنبىدە شۇ يەردە ئويۇن قوياتتىم. شۇڭا بۇ يەرنى خېلى ئوبدان بىلىمەن.

ماشىنا ئاق مەسچىتنىڭ ئالدىدا توختىدى. ئۇ يەردە گازىر ـ پۇرچاق ساتىدىغان تەنزىكەش مەسچىتنىڭ ئۆيىنى ئىجارىگە ئېلىپ ناۋايلىق قىلىدىغان ناۋاي بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. ئۇلارنى تونۇغان قاھار سالام قىلماقچى بولدى ـ يۇ، ماشىنىنىڭ ئارقىنى كۆرۈش ئەينىكىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان چىرايىغا قاراپ بۇ خىيالىدىن ياندى.

قاھار پۇلدىن ئون مىڭ يۈەننى ئېلىپ نۇرغا سۇندى:

ــ سىز مەسچىتتىن سولغا بۇرۇلۇپلا ئەللىك مېتىردەك ماڭسىڭىز بېسىم ئۆزگەرتكۈچ ئورنىتىلغان بىر سىمتاناب تۈۋرۈكى بار، شۇ تۈۋرۈكنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئۆيگە كىرسىڭىز زەۋەرگۈل دەيدىغان بىر قىز بار. بولمىسا ئۆيىنى باشقىلاردىن سورارسىز. ئەگەر شۇ قىز بولسا «مەن قاھارنىڭ دوستى. بىز بىللە سودا قىلدۇق. ئۇ ھازىرمۇ ئىچكىرىدە، بەك ئالدىراش بولغاچقا كېلەلمىدى. ئۇ ھېچكىمنىڭ ھەققىنى يېمىدى، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ پۇل تاپتى. كېيىن سىزنى ئىزدەپ كېلىدىغان بولدى» دەڭ ۋە بۇ پۇلنى چىرايلىق گەپ قىلىپ بېرىڭ. بۇنىڭدىن باشقا ھېچنېمە دېمەڭ. ئەگەر ئۇ قىز بولمىسا قايتىپ كېلىڭ.

نۇر بېشىنى لىڭشىتىپ ماشىنىدىن چۈشتى. ئۇ دوقمۇشتىن قايرىلىپ بېسىم ئۆزگەرتكۈچ ئورنىتىلغان سىمتاناب تۈۋرۈكىنى

كۆردى. ئۇنىڭ ئۇدۇلىدىكى قورۇنىڭ دەرۋازىسى كونىرىغان بولۇپ، نۇر ئاستا ئاچتى. ھويلىدا ئىككى ئايال بىر بالىنى ئوينىتىۋاتاتتى.

— زەۋەرگۈلنىڭ ئۆيى مۇشۇمۇ؟ — سورىدى نۇر. ئۇلار تەڭلا بېشىنى لىڭشىتىشتى. ئۇلارنىڭ چىرايىدىن ھەيران قالغانلىقى چىقىپلا تۇراتتى.

— مەن زەۋەرگۈلنى ئىزدەپ كەلگەن.

— مەن شۇ، — دېدى چىرايىدىن سولغۇنلۇق چىقىپ تۇرغان زەۋەرگۈل. ئۇنىڭ بۇرۇنقى گۈزەل رۇخسارىغا ھەسرەت سايە تاشلىغان، بەختىيارلىق نۇرلىرى چاقناپ تۇرىدىغان كۆزلىرى ئازاب پەردىلىرى بىلەن تۇسۇلغان، ئەركىن، شوخ مىجەزى بۇرۇقتۇرمىلىققا يەم بولغانىدى.

نۇر پاراڭلىشىشنى ئەپسىز كۆرۈپ بالا بىلەن يەنە بىر ئايالغا قارىدى. ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەن زەۋەرگۈل:

— گەپ بولسا دەۋېرىڭ. بالام بىلەن دوستۇم پاتىگۈل، — دېدى ئۇدۇللا.

— مەن سىزلەرنىڭ تۇغقىنىڭىزلار قاھارنىڭ دوستى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ زەۋەرگۈلنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى. پاتىگۈل بولسا بالىنى تاشلاپ ئىككى سەكرەپ دېگۈدەك ئۇنىڭ ئالدىدا يېتىپ كەلدى.

— قېنى، كارىۋاتقا كېلىڭ، — زەۋەرگۈل شۇنچىلىك تاقەتسىزلىنىپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، يەنىلا مېھماننىڭ ئىززىتىنى قىلىشنى ئۇنتۇمىدى، — ئۇسسۇزلۇق ئىچكەچ گەپ قىلىڭ.

— مەن ئۇنىڭ ھاۋالىسى بىلەن سىزلەرنى يوقلاپ كەلدىم. ئۆزى ئالدىراش بولغاچقا كېلەلمىدى...

ئۇنىڭ سۆزىنى پاتىگۈل جاۋىلداپ بۆلدى:

— ئۆزى قېچىپ نەلەردە يۈرۈيدۇ؟ ئۇنى باققانغا زەۋەرگۈللەرنى تويدۇردى. يا تۇرمۇشنى تۇرمۇش قىلمىدى...

زەۋەرگۈل پاتىگۈلگە ئاچچىق بىلەن چەكچەيدى:

— خەقنى قارىسىغىلا قارىلىما. مېنى بۇ تۇرمۇشقا ئۆزۈك زورلاپ قويۇپ ئەمدى ئۇنىڭغا دۆڭگىسەك قانداق بولىدۇ؟ مەن سېنى بىر نەرسە دېمىگەندىكىن، ئىچى قارىلىق قىلما.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان پاتىگۇل قىزىرىشىنى دومسىيىش ئارقىلىق يوشۇرۇشقا تىرىشىپ بىر چەتكە قارىۋالدى.

— قاھار ئاكام ھېچقاچان قاچقىنى يوق. ئۇ شىئەندىمۇ باشقىلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ، شۇنداق ئېغىر كۈنلەرنى كۆردى. ئۇنىڭغا كىمنىڭ زىيانكەشلىك قىلغانلىقىنى ئېنىقلايدىغانغا ئاز قالدى. ئۇنى شۇ چاغدا دېيىشەرمىز.

— قاھارغا بىر ئىش بولمىغاندۇ؟ — ئالدىراپ سورىدى زەۋەرگۇل.

— ھېلىمۇ ئۇنىڭ تەلىيى بار ئىكەن. دىغارلىق تۆمۈر دېگەن بىر دوختۇر ئۇنى قۇتقۇزۇپ قاپتۇ. شىئەندە قېقىلىپ - سوقۇلۇپ، ئاچ - توق يۈرۈپتۇ. كېيىن بىز بىلەن تېپىشىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن قاھار ئاكامنىڭ باشچىلىقىدا سودىغا كىرىشتۇق. ھازىر ئەھۋالىمىز خېلى ياخشى.

— نېمىشقا ئۇ شۇ چاغدىلا يېنىپ چىقمايدۇ؟

— سىز ئىچكىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئوبدان بىلمەيسىز. يامان ئادەملەرنىڭ قولىدىن قۇتۇلماق ئۇنداق ئاسان ئەمەس. قاھار ئاكام ئۆزىنى ئوڭشاپ سىزنى سۈرۈشتۈرسە، سىز توي قىلىپ بوپسىز. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ يەرگە كېلىش نىيىتىدىن يالتايدى...

بۇنى ئاڭلىغان زەۋەرگۇل بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى. پاتىگۇل بولسا بۇ يەردە تۇرۇۋېرىشكە چىدىماي ئاستا بالىنىڭ يېنىغا كەتتى.

— ئۇ مېنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىمنى بىلەمدۇ؟

— بىلىدۇ. ئۇ سىزگە «كۆڭلىنى يېرىم قىلمىسۇن، ئۆزىنى ئاسرىسۇن، تۇرمۇشتا خۇشاللىق دېگەن جىق. مەن بىر كۈنى ئۇلارنى ئىزدەپ بارىمەن» دېگەن گەپنى يەتكۈزۈپ قويۇشۇمنى تاپىلىغانىدى. يەنە مۇنۇ ئامانەتمۇ بار.

— نېمە بۇ؟

— ئۇقمايمەن. بۇ دېگەن ئامانەت، تاپشۇرۇپ ئالمىسىڭىز گۇناھى ماڭا بولىدۇ.

زەۋەرگۈل نۇرنىڭ «زەۋەرگۈل بۇ نەرسىنى ئاددىيلا ئويلاپ مەن كەتكەندىن كېيىن ئاچىدۇ» دېگەن ئويىنىڭ ئەكسىچە، دەرھاللا بولاقنى ئاچتى ۋە پۇلنى كۆرۈپ تۇرۇپلا قالدى. ئاندىن پۇلنى ئاستا نۇرنىڭ ئالدىغا سۈرۈپ قويدى.

— پۇلنى ئالمىسىڭىز بولمايدۇ. سىزلەر ئۇنى داۋالاپ، ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ قايتا ھاياتلىق بېرىپسىزلەر. قاھار ئاكام ئاتىڭىز بىلەن سىزنى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدۇ، سىزلەرگە بولغان مىننەتدارلىقىنى تەكىتلەپلا تۇرىدۇ. ھازىر دىلىڭىز سۇنۇق، بالا بىلەن جاپا تارتىپ قالىسىز. مېنىڭچە، بۇ بىر ئاكىنىڭ سىڭلىسىغا ياردەم قىلغىنىغا ئوخشاش بىر ئىش. مەن قاھار ئاكامنىڭ مىجەزىنى بىلىمەن، سىز تېخىمۇ ئوبدان بىلىسىز. شۇڭا بۇ پۇلنى ئېلىڭ. خوش، مەن ماڭاي.

زەۋەرگۈل پۇلنى قوبۇل قىلىشنى لايىق كۆردى.

— قاھار تىنچ - ئامان بولسىلا بولدى. ئەگەر ئەپلەشسە، بۇ يەرگە كېلىشتىن بۇرۇن ئۆيگە بىر تېلېفون قىلسۇن.

زەۋەرگۈل ئەينى ۋاقىتتا سادىق ئورنىتىپ بەرگەن تېلېفون نومۇرىنى يېزىپ بەردى.

نۇر خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى. نۇر ھويلىدىن چىقىپ كېتىشى بىلەنلا زەۋەرگۈل پاتىگۈلگە نەشتەردەك تىكىلدى:

— پاتەم، سادىقنىڭ قانداقلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ يەنە قاھارنى بىر نەرسە دەيدىغانغا قانداق تىلىڭ باردى؟ مەن بىلىپ تۇرۇپتىمەن، شىئەندە قاھارغا يامانلىق قىلىپ، يوق بەتنامنى چاپلاپ قويغان مۇشۇ سادىق. سەن تولا بېشىمنى ئاغرىتىپ ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشقا قىستىدىڭ. ئاخىر نېمە بولدى؟ سەن مېنىڭ مۇشۇ كۈنگە قېلىشىمنى ئارزۇ قىلغانمىدىڭ؟

پاتىگۈل يۈگۈرۈپ كېلىپ زەۋەرگۈلنى قۇچاقلىدى:

— زەۋەر، مېنى كەچۈر، مەن سېنىڭ باياشات ياشىشىڭنىلا ئويلىغانىدىم. كىم بىلىدۇ، ئۇنىڭ بۇنداق ئەسكىلىكىنى. مەن

پۇشايمان قىلدىم. ئۆز ـ ئۆزۈمگە جىلە بولۇپ يۈرگەچكە، شۇ گەپنى دەپ سالپتىمەن.

ئىككىسى شۇنداق قۇچاقلاشقان پېتى يىغا ـ زارىگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئۈن سېلىپ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرگەن بالىمۇ قىرقىراپ يىغلاشقا باشلىدى.

※ ※ ※

نۇرنى ساقلاپ ئولتۇرغان قاھار ئىسسىقتىن ئەمەس، بەلكى بىر خىل ئىچكى ھاياجاندىن تەرلەپ كەتتى. ئۇ ھەدەپ دوقمۇشقا قارايتتى. ھەربىر تونۇش ئادەم ئۆتۈپ قالسا يۈرىكى دۈپۈلدەپ كېتەتتى. دېھقانلارنىڭ پاراغىتى ئۇچۇن سوزۇلەپ ئۆگەنگەن ئابدۇل شوجى ئۆتۈۋىدى، تاس قالدى ماشىنىدىن يۈگۈرۈپ چۈشكىلى. ئاق مەسچىتنىڭ ئىمامى مەھمۇد قارىم خىيال بىلەن ئۆتۈۋىدى، ئۇنىڭغا ئىچىدە سالام بەردى، ئوسمان «پىدىگەن» ئۈچ چاقلىق تراكتورنى ھەيدەپ ئۆتۈۋىدى، «ۋاھ، ئۇمۇ تارتقان جاپاسىغا تۇشلۇق تراكتورلۇق بوپتۇ ـ دە» دەپ ئۇنىڭدىن خۇش بولدى، ھە دېسە يېزا باشلىقلىرىنىڭ كۆتىدىن چىقماي، قۇيرۇق شىپاڭلىتىپ خۇشامەت قىلىپ، شۇلارنىڭ چىرايىغا قاراپ نامرات دېھقانلارغا ھەيۋە قىلىپ جان بېقىپ كېلىۋاتقان شا كەنتنىڭ مۇدىرى قاسىم بېيىپنىڭ موتسىكلىتقا مىنىپ، ئەتراپقا ئوغرى مۇشۇكتەك قاراپ ماشىنا ئالدىدىن ئۆتكەندە «توۋا خۇدايىم، مۇشۇنداق ئادەملەرمۇ ياخشى ياشاپ يۈرىدىكەن» دەپ ئەلەملىك تىنىدى. مانا مۇشۇنداق كىشىلەر ياشاۋاتقان بۇ يۇرت ئۇنىڭغا ئىككىنچى قېتىم ھاياتلىق بەرگەن بولغاچقا، ئۇنىڭ بۇ يۇرتقا مېھرى قانمايتتى.

شۇ چاغدا نۇر دوقمۇشتا پەيدا بولدى. بۇنىڭ بىلەن قاھارنىڭ تۈيۈق ھەققىدىكى تەسىراتلىق خىياللىرى ئۈزۈلدى.

— قانداق بولدى؟

— يۇلنى ئالدى. دىلى بەك ئازار يەپتۇ. سىزنىڭ گېپىڭىزنى ئاڭلاپ يىغلاپ كەتتى.

نۆر بولۇنغان گەپلەرنى دەپ بەردى.

— گەپنى خېلى ئوڭشاپسىز. بەزى گەپلەر ئېشىپ كەتكەن بولسىمۇ... بوپتۇ، ماڭا پايدىلىق گەپ بوپتۇ. بۇمۇغۇ باشتىلا يالغان گەپ بولغاندىكىن.

— زەۋەرگۈل سىزنى ئەپلەشسە تېلېفون قىلسۇن، دېدى،— نۆر تېلېفون نومۇرى يېزىلغان قەغەزنى قاھارغا سۇندى. قاھار نومۇرغا بىر هازا قارىدى.

— ئالدىمىزدىكى ئاۋۇ سۇ مۇنارىنى كۆردىڭىزمۇ؟ شۇنى ئەگىپ ئۆتسىڭىز بىر ھەشەمەتلىك قورو بار. شۇ ئۆيدە يوقلايدىغان ئادەم بار.

ئەينى ۋاقىتتا سادىقنى ھۆركىرەتكەن بۇ كاتتا قورونىڭ دەرۋازىسى يەنىلا ئۆز ھەيۋىتى بىلەن تۇراتتى. ئۇلار قوروغا كىرىپ چۆچۈپ كەتتى، بۇ قورونىڭ تېشى پال - پال، ئىچى غال - غال ئىدى، ئۇنىڭ ھەيۋىتىنى ئاشۇرۇپ تۇرغان ئىلگىرىكى سۆلىتىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى.

ئۇلار ھويلىدا بىر - بىرىگە قارىشىپ تېڭىرقاپ تۇرۇۋىدى، ئۆيدىن بىرى ئاچچىق غۇدۇرىغىنىچە چىقىپ كەلدى. ئۇنى كۆرگەن قاھار ئۆزىنى يوشۇرۇپ بولالماي تەمتىرەپ كەتتى. بىراق ئۇ كىشىنىڭ ئۆزىنى تونۇمىغانلىقىنى بىلىپ سەل خاتىرجەم بولدى ۋە بېشىدىكى دوپپىسىنى بېسىپ قويدى.

ئۇ سايىم ئىدى. ئۆزىنى ئۇنىڭدىن قاچۇرۇش جىددىيلىكىدىن قوتۇلغان قاھارنىڭ قانلىرى قايناشقا باشلىدى. سايىم بولسا ئۇلارغا شۇنداقلا بىر قاراپ قويۇپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولۇۋىدى، قاھار ئۇنى توسۇۋالدى:

— سادىق لاۋبەن بارمۇ؟

ئويلىمىغان يەردىن سايىم مەسخىرىلىك تەلەپپۇزدا دېدى:

— سادىق لاۋبەن بار، ئەمما ئۇنىڭ لاۋبەنلىكى يوق.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

— ئەگەر ئۇنىڭدا ئىلىشىڭلار بولسا، بولدى، ئاۋارە بولماي قايتىڭلار. مەن شۇ تاپتا ئۇنىڭدىن مىڭ يۈەن پۇلۇمنى ئالالماي

چىقىپ كېتىۋاتىمەن. يا ئۆيدە قولغا چىقىدۇدەك تۇزۇك بىر نېمىسى يوق، بۇ دىۋاننىڭ.

بۇرۇنقىدىن بىراقلا باشقىچە ئۆزگىرىش ياسىغان سايىم بۇ يەردە تۇرسا بىر بالاسى يۇقىدىغاندەك چىقىپ كەتتى. «ئىت، كۇچۇك!» دەپ تىللىدى قاھار ئۇنىڭ كەينىدىن. مۇشۇ كەمگىچە قاھارنىڭ بىرەرسىنى تىللاپ باققانلىقىنى ئاڭلىمىغان نۇر ئىختىيارسىز كۇلدى.

— بۇرۇن مۇشۇ ئۆينىڭ ئىگىسىنىڭ تاپىنىنى يالاپ جان باقىدىغان نېمىتى. قارىڭە، ئەمدىكى يۇزسىزلىكىگە.

ئۇلار ئۆيگە كىرگەندە ئورۇقلاپ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان، چىرايىدا تىرىكلىكىنىڭ نىشانى قالمىغان سادىق ئەسكى كىگىز ئۇستىدە تاماكىنى قاتتىق شورىغىنىچە مۈكچىيىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ ئەھۋالىنى كۆرگەن قاھارنىڭ ئاچچىقى ياندى ۋە سادىققا ئېچىندى: «ھەي، بۇنىمۇ خىروئىن يەپ كېتىپتۇ...»

مۇشۇنداقلا كەينىگە يېنىشنى خالىمىغان قاھار ئۇنىڭغا ئېغىز ئاچتى:

— بىز سىز بىلەن ئۇزۇم سودىسى قىلساقمىكىن دەپ كەلگەن.

— ئۇزۇم يوق، — دېدى سادىق زەئىپ ئاۋازدا.

— ئۇزۇمنىڭ قۇرۇشىغا ئاز قالدىغۇ.

— ھازىر مەن باشقا بىر سودا بىلەن ئالدىراش. ئۇنىڭغا ۋاقتىم يوق. باشقا بىرسىنى ئىزدەپ بېقىڭلار، — شۇ تاپتا گەپ قىلىشمۇ خۇشياقمايۋاتقان سادىق ھەدەپ ئەسنەيتتى.

«ئۆز جاجاڭنى ئۆزۈڭ يەپسەن!» شۇنداق ئويلىغان قاھار كەينىگە ياندى. بۇ يەردە سېسىقچىلىققا چىدىيالماي ئارانلا تۇرغان نۇرمۇ دەرھال ئۇنىڭغا ئەگەشتى. نۇر بۇنداق ھالدىكى ئادەمنى كۆرۈپ باقمىغان بولغاچقا «بۇ تازا ئېغىر كېسەل دەردىنى تارتىۋاتقان ئادەم ئىكەن» دەپ ئويلىدى.

ئەمما، ئىشىك تۇۋىگە بېرىپ قالغان قاھار ئويلىمىغان يەردىن توختاپ يەنە سادىقنىڭ ئالدىغا باردى:

— ھە راست، سادىق لاۋبەن، بىز بىرى بىلەن «مۇشۇ كوچىدە مىڭ يۈەنگە مەھەللىنى ياللىغاچ ئايلىنىدىغان ئادەم بارمۇ، يوق؟» دەپ ئۇتۇشكەندۇق. مەن «بار» دېدىم. سىزچە، بۇ مەھەللىدە شۇنداقلار بارمىدۇ؟ مانا پۇلمۇ تەييار بولمىسا.

قاھار پۇلنى چىقىرىپ كىگىز ئۈستىگە قويدى. پۇلنى كۆرگەن سادىقنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى. ئۇ پۇلنى قولىغا ئېلىپ قاراپ باقتى. ئاندىن:

— قىپيالىڭاچ ئايلىنامدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ھەئە!

— پۈتۈن مەھەللىنى ئايلىنامدۇ؟

— شۇنداق! پۈتۈن مەھەللىنى ئايلىنىدۇ، — قاھارنىڭ تەلەپپۇزى كەسكىن ئىدى. دەسلەپتە چاقچاق دەپ چۈشەنگەن نۇر بۇنى كۆرۈپ نارازى بولۇپ، يالغاندىن يۆتىلىپ قويدى. ئەمما قاھارنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمىدى.

— كۇسار بىلەن ئايلانسا بولامدۇ؟ — دېدى سادىق خېلى ئۇزاق ئويلانغاندىن كېيىن. قاھار پۇلنى قولىغا ئالدى ۋە:

— قارىغاندا، بۇ مەھەللىدە ئۇنداقلار يوق ئوخشايدۇ. باشقا بىر مەھەللىگە بېرىپ باقاي، — دەپ مېڭىشقا تەمشەلدى.

— توختاڭ، توختاڭ! — سادىق ئورنىدىن ئىتتىك تۇرۇپ ئۇنىڭ قولىغا ئېسىلدى، — قىپيالىڭاچ بولۇپ قورونىڭ ئالدىغا چىقىپ كىرسىمۇ بولار؟

— ئۇنداق بولسىمۇ بوپتۇ. ئۇنداقتا، ئادەم چاقىرىڭ.

سادىق پۇلنى قولىغا ئالدى ۋە:

— بولدى، ئادەم ئىزدەپ ئاۋارە بولماي مەنلا بېجىرىۋېتەي، — دېدى ھىجىيىپ.

— ئىختىيارىڭىز، — قاھارنىڭ تۇرقى ناھايىتى تەمكىن ئىدى. سادىق پۇلنى كىگىز ئۈستىگە قويۇپ ئۇزۇن يەڭلىك مايكىسىنى سالدى. قاھار بىرلا قاراپ ئۇنىڭ جەينىكىدىكى يىڭنە ئىزلىرىنى كۆردى. «ئەمدى سېنى قۇتقۇزۇپ قالغىلى بولمىغۇدەك» دەپ ئېچىنىش بىلەن بېشىنى چايقىدى قاھار.

سادىق ئۇلارغا قاراپ يىقىمسىز كۈلۈپ قويۇپ كەينىگە بۇرۇلدى ۋە ئىشتىنىنى سالدى. ئاندىن قاسماق بولۇپ كەتكەن تېقىملىرىنى كۆرسىتىپ كۆسىرىنى سالدى ۋە كەينىگە قاراپ:

— ئەمدى سىرتقا چىقسام بولار؟ — دېدى. قاھارغا رەسمىي ئاچچىقى كەلگەن نۇر ئۆينىڭ تورۇسىغا قارىۋالدى ۋە: «توۋا، قاھار ئاكامنىڭ بۇ نېمە قىلغىنى؟ پۇلۇم بار، دەپ شۇنداقمۇ پەس ئىشنى قىلغان بارمۇ؟» دەپ چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى.

— بولدى، سادىق، پەيتى كەلگەندە يالىڭاچ مېڭىپ بېرىپ مېنى خەقنىڭ ئالدىدا يەرگە قاراتمىغۇدەكسەن، — دېدى قاھار ھالقىلىق پەيتتە سادىقنى توسۇپ، — كىيىملىرىڭنى كىيىۋال.

— بولدىمۇ؟ — دېدى سادىق پۇلغا قاراپ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ.

— بولدى، مەن سېنىڭ شۇنداق قىلىدىغانلىقىڭغا ئىشەندىم. ئۇ پۇلمۇ سېنىڭ بولدى.

سادىق گەپنىڭ ئايىغى چىققۇچە كۆسىرىنىمۇ كىيمەستىن پۇلنى قاماللاپ ئالدى ۋە خۇددى پۇلنى بىركىم تارتىۋالىدىغاندەك بىر قولى بىلەن چىڭ سىقىمداپ، يەنە بىر قولى بىلەن كىيىملىرىنى كىيىشكە باشلىدى.

شۇندىلا نۇر قاھار ئاكىسىنىڭ ھەرگىز ئۇنداق پەسكەش ئىشنى قىلمايدىغانلىقىنى بىلدى. لېكىن نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلغانلىقىنى يەنىلا چۈشىنەلمىدى.

سادىق كىيىملىرىنى كىيىپ بولۇپ تۈرۈۋىدى، ئۆينىڭ ئىشىكى جالاقلاپ ئېچىلىپ، بىر ئايال غەزەپ بىلەن چالۋاقىغىنىچە كىرىپ كەلدى:

— قېنى، ئۇ چولاق تۆگان، ئۇ ئادەممۇ ياكى ئالۋاستىمۇ مەن بىر كۆرۈپ باقاي.

ئايال ئۆيدىكىلەرنىڭ ناتونۇش ئادەملەر ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ پەسكويىغا چۈشتى.

— مەن تېخى چولاق تۆگان كەلگەن بولسا بىر تۇتۇشۇپ باقاي، دېسەم... ھە، سىلەرنىڭ بالام بىلەن نېمە ئىشىڭلار بار؟

— باللىرى بىلەن ئۆزۈم سودىسى قىلايلىمىكىن دەپ كېلىشىمىز ئىدى،— دېدى قاھار.

— ھازىر بالامنىڭ سودا قىلغۇدەك ھالى يوق. بالامنىڭ راپاۋىتى بىلەن كۈنىمىز گۈلدەك ئۆتۈۋاتقانىدى. قاچان ھېلىقى چولاق تۆڭگان بۇ يۇرتتا پەيدا بولدى، شۇ كۈندىن باشلاپ بىزنى نەس باستى، بالامنىڭ ئىشلىرى ئىلگىرى باسمىدى. ئۇ تۆڭگان بالامغا خىروئىن چەكتۈرۈپ، ھەممە مال - دۇنياسىنى توزۇتۇۋەتتى... ۋاي - ۋۇي، سىلەرگە بۇ گەپلەرنى دېگىنىمنىڭ نېمە پايدىسى. نېمە گۇناھىمىزغا خۇدايىم بۇ كۈنلەرنى كۆرسىتىدىغاندۇ؟...

ئايال ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتى. «ئۆزلەرنىڭ گۇناھلىرى يوقتۇ؟ لېكىن باللىرىنىڭ گۇناھى بەك ئېغىر!» شۇنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەن قاھار نۇرغا چىقىپ كېتىش ئىشارىتىنى قىلدى ۋە ئۆزى باشتا چىقىپ كەتتى.

— سادىق خېلىلا ئېغىر كېسەلمۇ نېمە؟— سورىدى نۇر تۇيۇقتىن ئۇزاپ ياڭخېيغا قاراپ يول ئالغاندا. قاھار مىيىقىدا كۈلدى:

— ئۇ كېسەل ئەمەس. ئاپىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىدىڭىزمۇ؟ ئۇ خىروئىن چېكىدىكەن. ھازىر خۇمارى خېلى بىر يەرگە بېرىپتۇ.

— ھە؟! ئادەم خىروئىنغا خۇمار بولسا ئاشۇنداق بولۇپ قالامدۇ؟

— ئۇنىڭدىنمۇ ئېچىنىشلىق.

نۇر بۇنى ئاڭلاپ باشقىچىلا بولۇپ كەتتى: «ئۇنداق نېمىدىن خۇدايىم ساقلىسۇن. ئادەمگە نېمە شەرمەندىچىلىك بۇ؟»

— بايا ماڭا ئاچچىقىڭىز كەلگەنلىكىنى بىلدىم،— دېدى قاھار.

— مەن ئۇنى كېسەل ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ...

— بۇ سادىق بايا سىز كۆرگەن زەۋەرگۈلنىڭ يولدىشى. بۇرۇن سودىسى تازا روناق تاپقان لاۋبەن ئىدى. «پۇل دېگەننى غازاڭنى

سۈپۈرگەندەك تاپاتتى» دېگەن گەپ بارغۇ. سادىقنىڭ ئاشۇنداق پۇل تاپقان ۋاقىتلىرى بولغان.
— مۇشۇ ئادەممۇ؟ ھەي... ھازىر شۇ كۈنلىرىنى قانچىلىك ئەسلەيدىغاندۇ ـ ھە؟ تازا پۇشايمان قىلىۋاتقاندۇ؟
— سادىق پۇلغا كۆمۈلۈپ يۈرگەندە مەن كېسەلدىن يېڭىلا ياخشى بولۇپ، پۇل تاپىدىغان ئىش ئىزدەپ يۈرگەنىدىم. بىر كۈنى ئۇ مېنى يولدا تۇسۇۋېلىپ «سەن پۇلغا ئېھتىياجلىقمۇ؟ پۇل تاپىدىغان ئادەم ھەممىگە چىدايدۇ، سەن مۇشۇ كوچىنى بىر قېتىم يالىڭاچ ئايلىنىپ بەرسەڭ مىڭ يۈەن بېرىمەن» دېدى. بۇنىڭغا شۇنچىلىك ئاچچىقىم كەلگەن بولسىمۇ، ئۆزۈمنىڭ ئەھۋالىنى ئويلاپ «خەپ» دەپ كېتىپ قالدىم. باشقا ئامالىممۇ يوق ئىدى، — قاھارنىڭ مۇشتى تۈگۈلدى ۋە بوش ئاۋازدا قوشۇپ قويدى، — ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ چاغلاردا يۈرىكىم ئۇششۇپ كەتكەنىدى.
بۇنى ئاڭلىغان نۇر «ھە، بايا شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆچ ئالىدىغانغا قىلغان ئىشىڭىز ئىكەن ـ دە» دەپ ئويلىدى. قاھار خۇددى ئۇنىڭ ئويىنى بىلىۋالغاندەكلا سۆزىنى شۇ يەردىن داۋام قىلدى:
— مېنى ئۆچ ئېلىۋاتىدۇ دەپمۇ ئويلاپ قالغانسىز؟ ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس، ئادەملىك قەدىر ـ قىممەتنى ساقلاشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويماقچىدىم. ئەمدى سىزگە بەزى گەپلەرنى دېمىسەم بولمىغۇدەك. مېنى شۇ سادىق سودامغا تەرجىمانلىق قىلىپ بەر، دەپ شىنئەنگە ئاپارغان. مەنمۇ ھېمىت ئاكامنىڭ نەسىھەتىنى ئاڭلىماي، پۇل تاپاي دەپ بارغان. ئەمما سادىق مېنى قەستلەپ بىر خىروئىنكەشنىڭ ئۆيىگە ئۈچ ئايدەك سولاپ قويۇپ، مېنى خىروئىنغا خۇمار قىلىپ قويماقچى بولدى. تەلىيىمگە تۆمۈر دوختۇر مېنى قۇتقۇزۇپ قالدى. بۇلارنى سىز بىلىسىز.
— ئۇ ئۆزى كولىغان ئورىغا ئەمدى ئۆزى چۈشۈپتۇ ـ دە.
— ئۇ ماڭا زىيانكەشلىك قىلىپ تاشلىۋېتىپ، ئۆزى تۇيۇقسىز يېنىپ كېلىپ، «قاھار مانچە تونىنا ئۆزۈمنى ئېلىپ قېچىپ كەتتى» دەپ گەپ تارقىتىپتۇ.
— ئۇنىڭ مەقسىتى نېمە؟

— ئەسلى ئۇنىڭ زەۋەرگۈلگە كۆڭلى بار ئىكەندۇق. كېيىن مەن كېلىپ زەۋەرگۈل بىلەن كېلىشىپ قالدىم. شۇنىڭدىن كېيىن سادىقنىڭ ماڭا غۇم ساقلاۋاتقانلىقىنى بىلەتتىم. مېنى «يالىڭاچ كوچا ئايلان» دەپ مەسخىرە قىلىشتىكى غەرىزىمۇ شۇنىڭدىن. پەرىزىمچە، بۇ قېتىممۇ ئۇ شۇ سەۋەبتىن ماڭا دۈشمەنلىك قىلدى.

— ئۇنداقتا، سىزگە زىيانكەشلىك قىلغۇچىنىڭ سادىق ئىكەنلىكى بىر گۇمانمۇ؟

— شۇنداق دېسىڭىزمۇ بولىدۇ.

— سىزنى قانداق سولاپ قويدى؟

— شىئەن شەھىرىدىكى قوڭغۇراق راۋىقىنىڭ يېنىدىكى بىر بازاردا ئۈزۈم سېتىپ ئولتۇرسام، بىر نەچچە كىشى كىنىشكەڭ يوق ئىكەن، رەسمىيەت بېجىر، دەپ ماشىنىسىغا سالدى. كېيىن دورا سېلىنغان ئىچىملىكنى ئىچۈرۈپ بىھوش قىلىپ قويۇپتۇ...

— ئۇلارنى تونۇيالامسىز؟

— بىرىنى كېيىن بىر قېتىم كۆردۈم. ھازىر كۆرسەم تونۇيالايمەن.

— ئۇلارنىڭ سادىق بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى باردۇ؟

— مۇشۇ ئىشلارنى ئەمدى ئېنىقلايمىز. سىز ماڭا ياردەم قىلمىسىڭىز بولمايدۇ.

— چاتاق يوق، مەن تەييار.

— ھەتتا، مېنىڭ يەنە بىر قېتىم شىئەنگە بېرىش خىيالىم بار.

— بار دېسىڭىز، نەگە بولسىمۇ بارىمەن، — دېدى نۇر ۋە: «قاھار ئاكامنىڭ ئورۇنسىز ئىش قىلمايدىغانلىقىغا بۇرۇنقىدەكلا ئىشىنىۋەرسەم بولغۇدەك» دەپ بايىقى پوزىتسىيىسى ئۈچۈن ئۆزىنى ئەيىبلىدى.

ئەمما، شۇ تاپتا قاھار: «تۆمۈر ئاكا، سىزنىڭ ئامانىتىڭىزنى خۇددى ئۆزۈمنىڭ پۇلىدەك بىلىپ ھۆركىرەپ خەجلەپ، ئۆزۈمنىڭ ئۈچۈمنى ئالغىنىمنى كەچۈرگەيسىز. يامانلارنىڭ جاجىسىنى بېرىشنى سىزنىڭ ئارزۇيىڭىز دەپ ئويلايمەن» دەپ ئۆزىنى ئەيىبلەۋاتاتتى.

# يىگىرمە بىرىنچى باب

ئۇلارنىڭ پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ ئىچىگە كىرگەندە ئۇزۇلدى. يول تار، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەردە يولدا كىچىك باللار بەخىرامان ئوينىشىپ يۈرىدىغان يامان ئادەت بولۇپلا قالماستىن، چوڭ ئادەملەرمۇ ماشىنا سىگنالىغا پىسەنتمۇ قىلماي ئۇيان ـ بۇيان ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان بولغاچقا، شوپۇرلار ئېھتىيات قىلمىسا ئاسانلا ۋەقە چىقاتتى.

شۇڭا، ماشىنا لۈكچۇڭگە بارىدىغان چوڭ يولغا چىققاندىلا نۇر سۆزنى داۋام قىلدى:

ــ ئەمدى سودا قىلمايمىزمۇ؟

ــ تۆمۈر دوختۇرنىڭ ماڭا تاپىلىغان بىر ۋەسىيىتى بار ئىدى، شۇنى ئورۇندىۋېتىپ، ئاندىن بىرەر سودىنىڭ ئېپىنى قىلارمىز؟

ــ دىغارغا شۇنىڭغا ماڭدۇقمۇ؟

ــ ھەئە.

ئۇلار كۇنىنىڭ قىزىق تەپتى خېلىلا ياندىغاندا كارىزكۆلگە يېتىپ كەلدى.

ــ ئۇدۇل كەنت كومىتېتىغا بارايلى.

ــ ئۇلار كەنت كومىتېتىنىڭ قورۇسىغا كىرگەندە بىر نەچچە كىشى موخۇركا چېكىشىپ ئولتۇراتتى.

ــ كەنت مۇدىرى بارمۇ؟

ــ دادۇيجاڭ بار، موخۇركا چېكىدىغانغا گېزىت ئالغىلى ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتتى، ــ دېدى ۋىجىكرەك كەلگەن بىرى.

ئۇنىڭ گېپى تۈگىمەيلا بىرىنىڭ بوم ئاۋازى ئاڭلاندى:

ــ ساڭا ئوخشاش مەدەنىيەتسىز ئادەملا مۇشۇنداق ياخشى گېزىتنى موخۇركا چېكىشكە ئىشلىتىدۇ.

گەپنىڭ ئۇستىگە چىقىپ قالغان كەنت مۇدىرىنىڭ بىردىنلا ئېھتىيات قىلىپ قالغانلىقىنى بىلىپ كىشىلەر كۇلۇشۇپ كەتتى.
— قېنى، مېھمانلار ئىشخانىغا كىرەيلى.
ئۇلار ئىشخانىغا كىرگەندىن كېيىن قاھار گەپنى ئەگىتىپ ئولتۇرمىدى:
— مەن تۆمۈر دوختۇرنىڭ ھاۋالىسى بىلەن بۇ يەرگە كەلدىم.
— تۆمۈر دوختۇر؟ — كەنت مۇدىرى ئويلىنىپ قالدى.
— بۇرۇن يېزىلىق دوختۇرخانىغا باشلىق بولغان، كېيىن سودا قىلىمەن، دەپ ئىچكىرىگە كىرىپ كەتكەن تۆمۈر دوختۇر.
— ۋاي، يادىمدا بولمامدىغان. جىق دېھقاننى ئوڭدا قويدى ئۇ. بىرەر يىلدىن كېيىن ھەمراھى ئالىم «نان يېمەس» ئۆلىدىغاندەك بولۇپ چىقىپتۇ. تېخى باھانىسىنىڭ چىرايلىقلىقى. ئالدىنىپ كەتتۇق دەمدۇ، پۇلى نېسى بولۇپ قالدى دەمدۇ...
قاھار ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى:
— باھانە ئەمەس، ئۇلارنى باشقىلارنىڭ ئالداپ كەتكىنى راست. تۆمۈر دوختۇر شۇ يەردە قېلىپ، ئاخىر پۇلنى ئېلىپ مانا مېنىڭدىن ئەۋەتتى.
— ئۆزىچۇ؟
— ئۆلۈپ كەتتى.
— ئۆزىنىڭ ھالال ئىش قىلىدىغانلىقىنى ئاخىر كىشىلەرگە بىلدۇرۇپ قويىدىغان بولدى - دە، ئۇنىڭ ئىنساپىغا رەھمەت.
— ئۇنداق بولسا، — قاھار يانچۇقىدىن ھەرقانداق ئەھۋالدا ئاسراپ ئوبدان ساقلاپ كەلگەن تىزىملىكنى چىقاردى، گەرچە تىزىملىك تولا پۇكلىنىپ قىرلىرى تىتىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، خەتلەر يەنىلا شۇنچە ئوچۇق ئىدى، — سىلى مۇشۇ تىزىملىكتىكى يىگىرمە بىر ئادەمنى چاقىرسىلا. ئاندىن ئۇستىدە تۇرۇپ بەرسىلە.
— بولىدۇ، بۇنداق بەلەن ئىشقا يۇگۈرەيمەن. ھاي، بەكرى، مۇنۇ ئادەملەرنى يىغىپ كەل.
يېرىم سائەتكىچە ئون يەتتىدەك ئادەم يىغىلدى، قالغانلىرى

ئۆيىدە يوق ئىكەن. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى كىلىپلا «تۆمۈرنى كەلدى دېۋىدى، كۆرۈنمەيدىغۇ» دېيىشىپ كەتتى. بەزىلەر بولسا «ئېسىل ماشىنىدا كەلگەندىكەن، ئىشخانىدا سالقىنداپ ئولتۇرىدىغاندۇ» دەپ پىچىرلىشاتتى.

كەنت زالى بەك ئىسسىق بولغاچقا، قوروغىلا ئۇستەل ـ ئورۇندۇق ئېلىپ چىقىلدى. كەنتنىڭ دەرۋازىسى تاقالدى.

— هازىر كەچ كىرىپ كېتىۋاتىدۇ. گەپنى ئوچۇقلا دېيىشەيلى. ئەينى ۋاقىتتا تۆمۈر دوختۇر سىلەردىن ئۈزۈم ئاپتىكەن. لېكىن ئۈزۈمنى نېسىگە سېتىپ قويغاچقا پۇلنى سىلەرگە ۋاقتىدا بېرەلمەپتۇ. مانا ئەمدى شۇ پۇلنى مېنىڭدىن ئەۋەتتى.

— ياپىر، شۇ پۇل بارمىكەن؟

— مەنغۇ تۇگىدىلا دېگەن.

— مەنمۇ تولا ساقلاپ بولماي، سەدىقە دەۋەتكەن.

— ئالىم «نان يېمەس» يوچۇنلا بولۇپ كەپتىكەن، ئىم دەپ قالغانىدىم.

كىشىلەر غۇدۇرۇشاتتى. بىرى ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئۆسۈمىنىمۇ قوشۇپ بېرەر؟ — دېۋىدى، كەنت مۇدىرى ئورنىدىن قوپتى:

— هەرقايسىڭ نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان ئۇنتۇپمۇ كېتىشكەنىدىڭ. ئەمدى خەق ياخشى كۆڭلى بىلەن كەلسە نېمە جىق گەپ بۇ؟ شۈكرى قىلىڭلار. ھېلىمۇ تۆمۈر دوختۇرنىڭ ئىنساپى بار ئىكەن. ئۇ ئۆلۈپ كېتىپتۇ. جىممىدىلا كەتكەن بولسا قانداق قىلىشاتتىڭ؟

— راست شۇنداق بولسا، ھەقىقەتەن ئىنساپى بار ئادەم ئىكەن.

— باشقىلارنىڭ هالىغا يېتىدىغان ئوبدان ئادەم ئىدى.

— بۇرۇن بىكارلا قارىلىنىپ كەتتى.

— ئاق كۆڭۈللۈكىدىن بولغان ئىش ئۇ.

دېهقان خەق ئەنە شۇنداق ئەپۇچان، كەڭ قورساق، بولۇپمۇ ئۆلۈمگە كەلگەندە. ھېلىلا بىرى دىلىنى رەنجىتكەن بولسا، ئەگەر

ئۇ كىشى سەل تۇرۇپلا ئۆلۈپ كەتسە، يەنە ئۇنىڭغا «بىز رازى» دەپ تۇرۇپ «ياتقان يېرى جەننەتتە بولغاي» دەپ تىلەيدۇ.

شۇنداق قىلىپ، قاھار قولىدىكى تىزىملىك بويىچە پۇل تارقىتىپ ھەربىر كىشىنىڭ رازىلىقىنى ئالدى.

ئىش تۈگىگەندىن كېيىن كەنت مۇدىرى قاھاردىن بەكلا مىننەتدار بولدى:

— بەك ياخشى قىلدىڭىز، ئۇكام. بولۇپمۇ تۆمۈر دوختۇرنىڭ يۈزىنى يورۇق قىلدىڭىز.

— ئەمدى بىزنى ئالىم ئاكىنىڭ ئۆيىگە ئاپارسىڭىز.

— ئۇ... ئۇ يوق، ئۇكام.

— نەدە؟

— ھەرقاچان سىز بىلىسىز. ئۇ ئىچكىرىدىن ئاق چېكىدىغان بولۇپ چىقىپتىكەن. كېيىن ئۆيىدىكىلەر ئۇنىڭ چېكىشىگە بەرداشلىق بېرەلمەي ئۇرۇمچىدىكى خىروئىن تاشلىتىدىغان يەرگە ئاچىقىپ قويىدى.

— بوپتۇ، ئۆيىدىكىلەر بىلەن بولسىمۇ كۆرۈشۈپ كېلەي.

ماشىنا كەنت قوروسىدىن چىققاندا قاھار ئاستا سورىدى:

— تۆمۈر ئاكامنىڭ ئايالى رىسالەتنىڭ ئەھۋالى قانداق؟

— قويسىڭىزا ئۇ پوق يېگەن خوتۇننى، ئەسكىلىك دېگەننى تازا قىلىۋالدى. ئاقىۋەتتىچۇ؟ ئۇنى «نىيىتى بۇزۇق خوتۇن» دەپ ھېچكىم يېقىن كەلمەي، ئۆتكەن يىلى دەردتە ئۆلۈپ كەتتى.

— ھېلىقى... رىشىتچۇ؟

— رىسالەت بىلەن ئىككىسىنىڭ چاتىقى بار دەپ ئاڭلىغانىدۇق. لېكىن كېيىن رىشىت يېزىنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خادىمى بىلەن توي قىلدى. ھازىرمۇ دوختۇرخانىدا مالىيە خىزمىتىنى ئىشلەۋاتىدۇ.

«خۇدايىم ئۇنىڭمۇ جاجىسىنى بېرەرسەن» دەپ تىللىدى قاھار ئۇھسىنىپ.

ئۇلار ئالىم «نان يېمەس»نىڭ ئۆيىگە كىرىشىگىلا بىر ئايال سالاممۇ قىلماستىن كەنت مۇدىرىدىن سورىدى:

— يوقىرىدىن قوتقوزۇش كەپتۇمۇ؟ ئۇننى كۆپرەك بەرسىلە.
كەنت مۇدىرى «ئا...» دەپ چىرايىنى تۈردى ۋە تونۇشتۇردى:
— بۇياق ئالىمنىڭ تونۇشى ئىكەن، يوقلاپ كەپتۇ.
ئېرىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاش بىلەن ئۇ ئايال چىچاڭشىپ كەتتى:
— ئۇنىمۇ ئەر دېگىلى، ئادەم دېگىلى بولامدۇ؟ پۈتۈن بىر ئۆينى تاشلىۋېتىپ، پوققا مىلىشىپ يۈرگەن. يا قەرز ئىگىلىرىنىڭ دەردىدە ئۆيدە ئارامخۇدا ئولتۇرغىلى بولمىغان، يا بۇ ئۈچ شوم بىلەن بىرەرسى مېنى ئالمىغان، يا ئۆلۈۋالغىلى بولمىغان... ئۇنداق ئەرنى خۇدايىم باشقا خوتۇنلارغا نېسىپ قىلمىسۇن. ئۇنداق ئەرلەرگە خوتۇن بولغاندىن ھاڭگا ئېشەككە...
— ھاي - ھاي، ھايا! — كەنت مۇدىرى بىر ھۆركىرىۋىدى، ئۇ خوتۇن سۆزدىن توختىدى ۋە مىشىلداپ يىغلاشقا باشلىدى. قاھار «بۇ خوتۇن ھەقىقەتەن ئېغىر كۈنگە قاپتۇ» دەپ ئويلىدى ۋە بىر چەتتە كۆز يېشىنى ئاران تۇتۇپ تۇرغان نۇرغا پىچىرلىدى. نۇر چىقىپ كەتتى.
— بۇ قاھارجان تۈمۈر دوختۇرنىڭ، ئالىمنىڭ تونۇشى ئىكەن. ئەمدى خاتىرجەم بولۇڭ، بۇگۈن ئۇ بارلىق قەرزلەرنى تۆلىۋەتتى. بۇنىڭدىن كېيىن ھېچكىم سىزنى ئاۋارە قىلمايدۇ.
ئۇ خوتۇن ئىشەنمىگەندەك قاھارغا قارىدى. كۆڭلى بۇزۇلۇپ تۇرغان قاھار بېشىنى لىڭشىتتى. ئاندىن نۇر كۆتۈرۈپ كىرگەن بولاقنى ئۇ ئايالغا تۇتقۇزدى:
— بۇ ئون مىڭ يۈەننى تۇرمۇشلىرىغا ئىشلەتسىلە. بولۇپمۇ بالىلىرىنى ئوبدان ئوقۇتسىلا. بالىلارنى يوقىرى مەكتەپلەردە ئوقۇتىدىغان ئىش بولسا مانا مەن بار. كېيىن مەن سىلىگە يەنە ياردەم قىلىمەن.
ئايال پۇلنى تۇتقانچە ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قالدى.
ئۇلار كەينىگە ياندى. ئىشىك تۈۋىگە كەلگەندە ئۇ خوتۇننىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:
— دادۇيجاڭ، بىردەم تۇرۇپ تۇرسىلا.
كەنت مۇدىرى ئۆيگە كىردى. ئۇ ئايال شىۋىرلاپ دېدى:

— بۇ ئادەم بىزنىڭ ئەرنىڭ قالغان پۇللىرىنى تىقىۋالدىمۇ نېمە؟

بۇنى ئاڭلىغان كەنت مۇدىرىنىڭ ئەرۋاھى ئۇچتى:

— قانداق خوتۇن بۇ؟ خەق ياخشى كۆڭلى بىلەن ياردەم قىلىۋاتسا. تولا ھاجەتخانىنىڭ ئىچىدەك گەپ قىلماڭ بۇ يەردە. شۈكچۇ، ئايدا كېلىدىغان بىر خالتا ئۇنغا قاراپ ئولتۇرسىڭىز بولىدۇ، شۇ.

— ياق دەيمىنا... نېمانچە كۆپ پۇل بۇ!

كەنت مۇدىرى ماشىنىنىڭ يېنىغا كەلدى:

— ئوبدان تونۇشۇپ قالدۇق. كەچمۇ بولدى، ئەمدى ئۆيۈمگە بېرىپ بىر پىيالىدىن چاي ئىچىپ مېڭىڭىزلار.

— رەھمەت، — دېدى قاھار، — بىز شۇ تاپتا ناھىيە بازىرىغا كەتمىسەك بولمايدۇ. سىلىنى كېيىن يەنە ئىزدەپ كېلىمەن. سىلى بىلەن ياخشىراق ھەمكارلاشساق بولغۇدەك.

— بولىدۇ، بولىدۇ.

— بۇ يېزىدا ئاجىز - يېتىملەرنى باقىدىغان ئورۇن يوقمۇ؟

— ناھىيىدە بار. ناھىيىلىك خەلق ئىشلار ئىدارىسى بىر ساناتورىيە سېلىپ، ئاتا - ئانىسى يوق يېتىم باللارنى يىغىپ ئوقۇتۇۋاتىدۇ.

— بولىدۇ، رەھمەت، خوش.

بىر كۈندە شۇنچە جىق ئىشلارنى — پىلانلىغان، تاسادىپىي بولۇپ قالغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تۈگەتكەن قاھار ھېرىشىنىڭ ئورنىغا ئۆزىنى شۇنچە ئازادە سېزىشكە باشلىدى.

— نېمانچە جىق ئىشلار بولۇپ كەتتى بۈگۈن، — دېدى نۇر ئىچىدىكىنى يوشۇرالماي، — راستىنى دېسەم، مەن شۇ تاپتا كىتاب ئوقۇغاندەك بولۇپ قېلىۋاتىمەن. شۇنچە جىق ئىشلارنى كۆردۈم، ھەممىسىنىڭ تېگى - سىرىنى بىلگەندەك بولدۇم. لېكىن بىر كۈندىلا مۇشۇنداق كۆپ ئىشنى بىر تەرەپ قىلىۋەتكەنلىكىمىزگە ھېچ ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ.

— بۇ ئىشلارنىڭ بىر كۈندە بىر تەرەپ بولغىنى يوق، ئۆكام،— دېدى قاھار بېشىنى چايقاپ،— بۇ ئىشلارغا نەچچە يىل ۋاقىت كەتتى، نەچچە ئادەم ئېغىر كۈنلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى، نەچچە ئادەم ئېغىر پاجىئەلەرگە يولۇقتى، بىگۇناھ ئۆلگەنلەر، ئارماندا كېتىپ قالغانلار بار. شۇنداق تۇرسا، بىر كۈندە تۈگىدى دېگىلى بولامدۇ؟ بۇگۈنكى ئىشلاردا مەن بۇنى ئېنىق بىلىمەن. ئۆكام، جاھاندىكى ئىشلارنىڭ جەريانى ئەنە شۇنداق ئۇزۇن بولىدۇ. ئەمما نەتىجىسىنىڭ چىقمىقى بىر دەملىكلا.

نۇر بېشىنى لىڭشىتتى ۋە: «قاھار ئاكامنىڭ بېشىدا كۆرمىگىلىغان ئىش بار ئىكەن» دەپ ئويلىدى.

ئازادە نەپەس ئېلىپ، ئۆزىنى شۇ قەدەر خۇشال ھېس قىلغان قاھار ماشىنىنىڭ ئورۇندۇقىغا ھوزۇرلۇق يۆلەندى ۋە ئۆز - ئۆزىگە ئاستا پىچىرلىدى: «تۆمۈر ئاكا، روھىڭىزنى قىسىپ تۇرغان قىسماقلارنى پاچاقلىۋەتتىم، ئارزۇ قىلغان ئىشلىرىڭىزمۇ پات ئارىدا ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئەمدى روھىڭىز ئەمىن تاپقاندۇ؟ تۆمۈر ئاكا، قالغان پۇللىرىڭىزنى سىزنىڭ ئورنىڭىزدا يۇرەكلىك، جايىدا بىر تەرەپ قىلىشىم ئۈچۈن مەدەت بەرگەيسىز. مەن چوقۇم ئۇ پۇللار بىلەن توغرا يولدا مېڭىپ سودا قىلىپ، تېخىمۇ روناق تېپىپ ساخاۋەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىمەن. مېنىڭچە، سىزنىڭ ئەڭ چوڭ ئۈمىدىڭىزمۇ شۇ ئىدى. تۆمۈر ئاكا، خاتىرجەم بولۇڭ، ئۈمىدىڭىزنى ھەرگىز يەردە قويمايمەن!»

※ ※ ※

ئۇلار پىچان بازىرىغا يېتىپ كەلگەندە كەچ سائەت ئۇرۇمچى ۋاقتى توققۇز بولۇپ قالغانىدى.

— قايسى مېھمانخانىغا بارىمىز؟— سورىدى نۇر.

— قىشلىق كىنوخانىنى بىلەمسىز؟

— بىلىمەن.

— شۇ يەردە بىر تونۇشۇم بار، شۇ تەرەپكە ھەيدەڭ.

نۇر: «مۇشۇ كەچتىمۇ ئىش بېجىرىمىزمىكىن؟» دەپ ئويلىغاچ ماشىنىنىڭ سۈرئىتىنى تېزلەتتى.

قاھار بىر ئىشكنى چېكىۋىدى، تاماكىسىنى لېۋىنىڭ بىر چېتىگە چىشلىگىنىچە ئىشىكتە ئەنۋەر ئاتا پەيدا بولدى. ئۇ ئىشىك ئالدىدىكى ساقاللىق كىشىنى كۆرۈپ سورىدى:

— كىمنى ئىزدەيسىز؟

— ئەنۋەر ئاتىنى.

تونۇش ئاۋازنى ئاڭلىغان ئەنۋەر ئاتا كۈلۈۋەتتى:

— قەيسەرمۇ سەن؟

ئىككىسى قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. ئۇلار ئۆيگە كىرگەندە ئەنۋەر ئاتا ئۆرە تۇرۇپلا سۆزلەپ كەتتى:

— نەگە كەتتىڭ سەن؟ مەھمۇد ئاكامدىن ئاڭلىسام چالقاندا بىر يىل تۇرۇپ، ساقالنى بولۇشىغا قويۇپ، ئىش ھەققىڭنىڭ ئورنىغا ئەسكى خورجۇننى ئەكېتىپسەن. ئەمدى نېمىش قىلىپ يۈرۈيدىغاندۇ دەپ تازا بېشىم قاتتى، سېنى چالقانغا چىقىرىۋەتكىنىمگە بەك پۇشايمان قىلدىم. ئېيتە، نېمە ئىشلارنى قىلدىڭ؟ بايا مەھمۇد ئاكامنىڭ گېپىنى ئېسىمگە ئالمىغان بولسام، سېنى تونۇيالماسكەنمەن.

— نېمانچە سورايسەن؟ سودا قىلدىم، كۆپ پۇل تاپتىم. لېكىن يامان يولدا مېڭىپ تاپمىدىم.

ئۇلارنىڭ سۆزىدىن نۇر بۇ ئىككىسىنىڭ خېلى يېقىنلىقىنى بىلىۋالدى.

— پۇل تاپتىم دە، ئۇنداقتا ئاۋۇ ماشىنىمۇ سېنىڭمۇ؟

— ھەئە. كىرا ماشىنىسىمىكىن دەپ ئويلىغانمىدىڭ؟

— ئۇنداق نوچى ماشىنىنى كىم كىرا ماشىنىسى قىلالايدۇ؟

— چېچەنلىكىڭ يەنىلا بار ئىكەن ـ ھە.

— لېكىن، بۇ چېچەنلىكىم پۇل تېپىشقا يارىمايۋاتىدۇ، ئاداش. يا سەنمۇ كۆپ پۇل تاپىدىغان ئىشقا بىزنى ھايت دېمەيدىكەنسەن.

— مانا كەلدىمغۇ. سېنىڭ چوڭراق بىر ئاشخانا ئاچقۇڭ بار ئىدىغۇ؟

— بولغان بىلەن يانچۇق قۇرۇق تۇرسا.

— مۇنداق ئىش، ئاداش، تۇرپاندا ئەلى دەيدىغان بىر ئادۋوكات ئاغىنەم بار ئىدى. شۇنىڭدىن ئۇقۇشۇمچە ئالدىمىزدا تۇرپان شەھىرىنىڭ بىزەكلىك يولىنى قايتا ئۆزگەرتىپ ياساپ، مەخسۇس سودا كوچىسى قىلغۇدەك. مەن پىلان قىلىپ قويدۇم: شۇ يەرگە ئۇرۇمچىدىكىگە ئوخشاش قىلىپ چوڭ بىر تېز تاماقخانا ئاچايلى. پۇل مېنىڭدىن، باشقۇرۇش سىزنىڭدىن. پايدىسى تەڭ يېرىمدىن.

— ئەجەب كاتتا گەپ قىلىسەنغۇ. يۇرە، ئالدى بىلەن سىلەرنى ياتاققا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئاندىن خالىي بىر يەرنى تېپىپ ئوبدان بىر پاراڭلاشساق بولغۇدەك.

— ياق، ئەمدى ھېچ يەرگە بارمايمەن. مۇشۇ يەردە پاراڭلىشىمىز، مۇشۇ يەردە قونىمەن.

— نېمانداق تەتۈر نېمە سەن؟ ئەبگار ۋاقتىڭدا كېلىپ، ئۆيدە يات دېسەم ئۇنىماي مېھمانخانىدا ياتتىڭ. ئەمدى پادىشاھتەك بولۇپ كېلىپ، مۇشۇ يەردە ياتىمەن دەيسەنغۇ؟!

— گەپنى ئاز قىلىپ، ماڭ، كەچلىك بازارغا چىقىپ گۆش، ئۆپكە - ھېسىپ ئەكىر، ئەمما هاراق ئىچمەيمىز، ھاۋا ئىسسىق بولغاندىكىن، ئازراق پىۋا ئىچەيلى.

بەك خۇش بولۇپ كەتكەن ئەنۋەر ئاتا ساپما كەش بىلەنلا سىرتقا يۈگۈردى. ئايالى بولسا سۇيۇقئاشقا تۇتۇش قىلدى.

— ئىبغىر كۆنلەردە ھالىمغا يەتكەن ئاغىنەم،— دېدى قاھار. نۇرمۇ قاھارنىڭ بۇنداق ئېچىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرمىگەچكە، قاھارنىڭ ھازىرقى خۇشال كەيپىياتىدىن مەمنۇن بولدى.

ئۇلار نۇرغىمۇ ئىچۈرۈپ ناھايىتى خۇشال، كەڭ - كۇشادە پاراڭلاشتى. گەپ ئاساسەن سېلىنىدىغان تېز تاماقخانا ئۈستىدە بولدى.

ئەتىسى ئۇلار ئەنۋەر ئاتا بىلەن خوشلىشىپ ناھىيىلىك يېتىم باللار پاراۋانلىق مەكتىپىگە باردى ۋە ئۇلارغا ئوتتۇز مىڭ يۈەن ئىئانە قىلىپ، خەلق ئىشلار ئىدارىسى باشلىقىنىڭ «تېلېۋىزىيە

ئىستانسىسىنىڭ مۇخبىرىنى چاقىرايلى، بىرگە تاماق يەيلى» دەپ تۇتقىنىغىمۇ قارىماي يولغا چىقتى.

— نەگە ئاكا؟

— جاپا چېكمىدىغان بولدىڭىز. ئۇرۇمچىگە.

— خىروئىن تاشلىتىش ئورنىغىمۇ؟

قاھار «ئەمدى مېنى چۇشىنىپسىز» دېگەندەك قىلىپ باش لىڭشىتتى.

ئۇلار چۈشتىن ئۆتكەندە ئۇرۇمچىگە يېتىپ كەلدى. ئۇلار تاشقى سودا مېھمانخانىسىنىڭ ياتىقىغا ئورۇنلىشىپ بولۇپ، چۈشتىن كېيىن مەجبۇرىي زەھەرسىزلەندۈرۈش ئورنىغا باردى ۋە مۇناسىۋەتلىك رەسمىيەتلەرنى ئۆتىگەندىن كېيىن ئالىم «نان يېمەس» بىلەن كۆرۈشتى.

ئالىم «نان يېمەس»مۇ ئورۇقلاپ، خامۇش ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى. ئۇ ناتونۇش ئادەملەرگە بىر قاراپ قويۇپلا ئىچىنى تىڭشاپ ئولتۇرۇپ كەتتى.

— مېنى تۆمۈر دوختۇر ئەۋەتتى، — دېدى قاھار گەپ ئەگىتىپ ئولتۇرماي. بۇنى ئاڭلىغان ئالىم «نان يېمەس» چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى.

— ئۇ قېنى؟

— ئۆلۈپ كەتتى.

ئالىم «نان يېمەس» تۆمۈر دوختۇرنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلاپ كۆزى چەكچىيىپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئاندىن ئۆزىگە سۆزلىگەندەك بوش ئاۋازدا:

— ماڭىمۇ ئاز قالدى، — دېدى.

— تۆمۈر دوختۇر پۇلنى ئالالماپتۇ، لېكىن ئۇ ماڭا ئامانەت پۇلنى ھاۋالە قىلغانىدى، تونۇغۇن مەھەللىڭىزلەردىكى ئۇزۇم ئىگىلىرىگە تارقىتىپ قەرزلەرنى تۆگەتتىم.

ئالىم «نان يېمەس» كىچىككىنە بولسىمۇ ھاياجانلىنىش ئىپادىسىدە بولمىدى. خۇددى «ئەمدى ماڭا بەرىبىر» دېگەندەك جىم ئولتۇرۇۋەردى.

— سىز يۇرتقا قايتقاندا پىچان دۆڭبازاردىكى بىرى بىلەن كۆرۈشمەكچى بوپتىكەنسىزغۇ؟

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئالىم «نان يېمەس» قاھارغا تىكىلىپ قاردى، ئاندىن باشتىلا سوراشقا تېگىشلىك بولغان سوئالنى سورىدى:

— سىز تۆمۈر بىلەن نەدە يۇرۇپ تونۇشتىڭىز؟

قاھار بۇ سوئالغا ئالدىبۇرۇن تەييارلىق قىلىۋالغان بولغاچقا، لاۋ لاۋبەننى، ئۇنىڭ ئاشخانىسىنى، تۆمۈر دوختۇرنىڭ كەچۇرمىشىنى، ئۇلارنىڭ ئۆزۈم سودىسىنى ۋە ئالىم «نان يېمەس»نىڭ ئائىلىسىگە بارغان ئىشنى دەپ بەردى.

— ھەممىنى بىلىپ بوپسىز - دە،— دېدى ئالىم «نان يېمەس».

— كۆرۈشتىڭىزمۇ؟

— سىز بۇ ئىشلارغا ئارىلىشىپ نېمە قىلىسىز؟

— تۆمۈر ئاكام شۇ نىجىس تۇپەيلى كۆز ئالدىمدا جان ئۈزدى. شۇ تۇپەيلى ئائىلىڭىز ۋەيران بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالدى. يەنە شۇ نىجىس تۇپەيلى، مېھنەتتە ياشاپ، پاكىز قېرىغان زەينەپخان دېگەن ئايال ئىچكىرىدە خارلىنىپ ياشاۋاتىدۇ. بەلكىم شۇ تاپتا ئۇنىڭ جەسىتىمۇ ياقا يۇرتتا چىرىپ كەتكەندۇ؟ مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، يەنە قانچىلىغان ئائىلىلەر نېمە كۈنلەرنى كۆرەر؟

— مەن كۆرۈشتۈم، لېكىن ئۇ بەك ئاچ كۆز نېمىكەن، تاماكىغا زۇكام دورىلىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ سېتىپ بىزنى بەك خەيلى قىلىۋەتتى. كېيىن ئۇنى ئىزدىمىدىم.

— نېمىشقا ئۇنى پاش قىلمايسىز؟

ئالىم «نان يېمەس» ئېچىنىشلىق كۈلدى:

— قانداق پاش قىلىمەن؟ ئۆزۈممۇ ئۇ نېمىنى نەچچە قېتىم ساتقان تۇرسام؟

— ئۇنداق بولسا ئۇنىڭ ئىسمىنى، تۇرار جايىنى ماڭا دەپ بېرىڭ.

ئالىم «نان يېمەس» دەپ بەردى ۋە:

— ئۇ بەك ھىيلىگەر. ئۇ ساقچىلارغىمۇ تۇتۇق بەرمەيۋاتسا... سىلەر بىكار ئاۋارە بولىسىلەر...، — دېدى.

ئۇنىڭ بۇ ھالىدىن ئۇمىدسىزلەنگەن قاھار ئورنىدىن تۇردى:

— مەن بۇ يەرگە ئون مىڭ يۈەن تاپشۇرۇپ قويىدۇم. خاتىرجەم داۋالىنىڭ. ھېچ بولمىغاندا تۆمۈر ئاكامنىڭ روھى خۇش بولۇپ قالار.

بۇنى ئاڭلىغان ئالىم «نان يېمەس» ئىشەنمىگەندەك سورىدى:

— راستىلا پۇل تاپشۇردىڭىزمۇ؟

— ھەئە. مانا تالون.

— نېمىشقا؟

— سىزنى كۆڭلىنىڭ سېرىقىنى كۆپرەك كۆرسۇن دەپ.

بۇنى ئاڭلاپ ئېغىر «ئۇھ» تارتقان ئالىم «نان يېمەس» ئاستا دېدى:

— ئۇنىڭ ئۈستىگە چوڭى ھازىر ئۇ ئەمەس.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

— ئىچكىرىدىن بىر چولاق تۆگىگان چىققان، ھازىر تۇرپان تەرەپتە بازار شۇنىڭ.

قاھارغا «چولاق تۆگىگان» دېگەن گەپ بىر يەردە ئاڭلىغاندەك بىلىندى. ھە راست، سادىقنىڭ ئايىسىنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلاپتۇ. شۇنداقلا بىر ئىش ئۇنىڭ يادىغا يەتكەندەك بولدى.

— ئىچكىرىنىڭ نەرىدىن؟

— شىئەندىن.

— شىئەندىن؟ ماجەنمۇ؟

— ئىسمىنى ئۇقمايمەن. ئۇنى بىز چولاق تۆگىگانلا دەيمىز.

— ئوڭ قولىنىڭ ئىككى بارمىقى يوقمۇ؟

— توغرا.

قاھارنىڭ مۇشتى ئىختىيارسىز تۈگۈلۈپ، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكىلى تاسلا قالدى. ئۇنىڭ ھالىتىنى كۆزىتىپ تۇرغان نۇر يېنىدىن قولياغلىق چىقىرىپ ئۇنىڭغا سۇندى:

— ئاكا، تەرىڭىزنى سۈرتۈۋېلىڭ.

نۇرنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەن قاھار ئۆزىنى بېسىۋالدى:
— ئۇ ھازىر نەدە؟
— تۇرپاندا بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى ئۇنىڭ ئىككىنچى قېتىم مال كىرگۈزىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى.
قاھار ئاخىرىدا «ئاكا، باشقىلارنىڭ بەختى ئۈچۈن، ئۆزىڭىزنى، باشقىلارنى پاش قىلىڭ» دېمەكچى بولدى - يۇ، لېكىن «ئۇنىڭ ھازىر تۇرمىدە يېتىشىنىڭمۇ زۆرۈرىيىتى قالماپتۇ» دەپ ئويلاپ:
— مەن سىزنى يەنە يوقلاپ كېلىمەن،— دەپ ئورنىدىن تۇردى.
ئۇلار كۆرۈشۈش ئۆيىدىن چىققاندا تەربىيىچى قاھارغا:
— بۇ ئادەمنىڭ ھەقىقىي زەھەر تاشلىغۇسى يوق. بالىلىرىمۇ تولا يوقلاپ زېرىكتى. ئۇنى يوقلايدىغان ئادەم كەلمىگىلىمۇ ئۇزۇن بولغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە يېتەرلىك ئىقتىسادىمۇ يوق. بولسا ئۆيىدىكىلەر پات - پات يوقلاپ تۇرسا ئوبدان بولاتتى،— دېدى.
— ئۇنىڭ زەھەر تاشلىغۇسى بولمىسا نېمىشقا بۇ يەردە ياتىدۇ؟
— مۇددىئاسى ئېنىق ئەمەس. بەزىلەر چېكىدىغان زەھەرنى تۈگەپ، زەھەر مەنبەسى ئۈزۈلۈپ قالغاندا خۇمار ئازابىدىن ۋاقىتلىق قۇتۇلۇش ئۈچۈن ياكى قاتتىق زەربە بېرىش شامىلىدىن ئۆتۈۋېلىش ئۈچۈن بۇ يەرگە كېلىدۇ. ئەمدى ئىقتىسادىمۇ بولغاندىكىن بىزمۇ تىرىشىمىز، سىلەرمۇ كۆپرەك كېلىپ ئۇنىڭ ئىدىيىسىدىن ئۆتكۈزۈشكە تىرىشىڭلار.
راستىنى ئېيتقاندا، قاھارنىڭ قۇلىقىغا بۇ گەپلەر كىرمىدى. ئۇنىڭ ئەس - يادى ماجەن «چولاق»تا قالغانىدى.
— پەرىزىمچە، ئۇ مېنى ئالداپ تۇتۇپ بەرگەن ھېلىقى ماجەن شۇ ئوخشايدۇ. شۇڭا بىز يەنە تۇرپانغا بارساق بولغۇدەك،— دېدى قاھار،— ئالدى بىلەن ئەلى ئادۇوكاتقا تېلېفون قىلايلى.

— مەن قاھار، قانداق ئەھۋالىڭىز؟
— ھوي، بارمۇسىز؟ سىزنىڭ خەۋىرىڭىزنى ئالالماي ئىچىم پۇشۇپ تۇراتتى. ئەجەب ئوبدان تېلېفون قىلىپ قاپسىز.

— مەن جىددىي بىر ئىش بىلەن تۇرپانغا يېنىشىمىزغا بارماقچىدىم. بۇگۇن ۋاقتىڭىز چىقارمۇ؟

— مەن ھازىر ئۇرۇمچىدە. بىر نەچچە ئاغىنىلەر بىلەن نەنسەنگە ئويۇنغىلى ماڭغان، ھازىر دۆڭكۆۋرۈكتىكى بىر ئاشخانىدا تاماق يەۋاتقان. كېلىڭە، بىللە ئويناپ كېلەيلى.

— ئالدى بىلەن يېنىمىزغا باراي.

ئۇلار قىزغىن كۆرۈشتى. ئەلىلەر تۆت يىگىت ئىكەن. ئەلى قاھارنى ئۇلارغا تونۇشتۇردى.

— مېنىڭ ئادۋوكاتلىق ئورنى ئېچىشىمغا ياردەم قىلغان قاھار مۇشۇ. بۇگۇن يولىمىز ئوڭ ئىكەن.

— ئەكرەم،— دېدى ئەلى ئېگىز بويلۇق بىرەيلەنگە،— ھېلىقى ۋاقىتتا شىئەندە بىز ساقلىغان قاھار شۇ.

— ئۆتكەندە دېيىلىۋاتقان يادىمغا ئالغان،— دېدى ئەكرەم خۇشخۇيلۇق بىلەن،— بۇگۇن ياخشى بولدى. قاھارنىڭ باشقا ئىشى بولمىسا بىز بىلەن بىللە بارسۇن.

قالغانلارمۇ سالا قىلىشتى. يىگىتلەرنىڭ قىزغىنلىقىغا قاراپ قاھار رەت قىلالمىدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىككى ماشىنىغا ئولتۇرۇپ نەنسەنگە مېڭىشتى. ئەلى قاھارنىڭ ماشىنىسىغا چىقىۋالدى.

— ئىشىڭىز قانداق بولدى؟— سورىدى قاھار.

— رەسمىيەتلەرنى جىددىي بېجىرىۋاتىمەن. بۇ يېڭىچە ئىش بولغاندىكىن، رەسمىيەت بېجىرىشتە ئاۋارىچىلىك كۆپ بولىدىكەن.

— ياردىمىم كېرەك بولسا تارتىنماڭ.

— ھېلىمۇ سىز ماڭا چوڭ ياردەم قىلدىڭىز. ھە راست، مېنى نېمە ئىش بىلەن ئىزدىگەن؟

قاھار ماجەن «چولاق»نىڭ ئىشىنى تىلغا ئالدى.

ئەلى نۇرغا بۇيرىدى:

— ئۇنداق بولسا سىگنال بېرىپ ئالدىمىزدىكى ماشىنىنى توختىتىڭ. بايىقى ئەكرەم دېگەن بالا ھازىر شەھەرلىك جامائەت

خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ جىنايى ئىشلار ساقچىسى، شۇنىڭ مەسلىھەتنى ئالايلى.

ماشىنىلار توختىدى. ئەلى دېرىزىدىن بېشىنى چىقىرىپ توۋلىدى:

ــ ئەكرەم، بۇ ماشىنىغا چىققىنە.

ماشىنىلار قوزغالدى. ئەكرەم ئەھۋالنى ئاڭلاپ:

ــ بۇ بەك مۇھىم يىپ ئۇچى ئىكەن. لېكىن ھەقىقىي چوڭى ماجەن بولماسلىقى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە نەق پاكىت بىلەن قولغا چۈشۈرمىسەك، ئۇلار بەك ھىيلىگەر. چوڭ بېلىق ئۈركۈپ كەتسە، چوڭ ئىشلارغا تەسىر يېتىدۇ. شۇڭا بېرىپ ئۇنى ئوبدان كۆزىتەيلى.

ــ ئۇنىڭدىن خىروئىن سېتىۋالغان ئادەم گۇۋاھلىق بەرسىچۇ؟

ــ قاھار، سىزنىڭ كۆڭلىڭىزنى چۈشىنىپ تۇرۇۋاتىمەن. سىز خالىس ئىش قىلىۋاتىسىز. لېكىن بۇ ئىشلار ئۇنچىلىك ئاددىي ئەمەس. سىز خاتىرجەم بولۇڭ، ئۇزۇنغا بارماي سىز رازى بولغۇدەك خەۋەرنى چوقۇم يەتكۈزىمەن.

نەنسەن ھەقىقەتەن ساپ ھاۋالىق، سالقىن، گۈزەل ماكان ئىدى. لېكىن قاھارنىڭ كاللىسىغا «زادى نەق پاكىتنى تاپقىلى بولماسمۇ؟» دېگەن خىيال كىرىۋېلىپ تۇزۇك ئېچىلالمىدى. شۇڭا ئۇ ئەتىسى مۇھىم ئىشى بارلىقىنى ئېيتىپ ئۇلار بىلەن خوشلاشتى.

ئۇلار شۇ كۈنى تۇرپانغا بېرىپ تاماقمۇ يېمەي «بوستان مېھمانخانىسى»، «ئىدىقۇت مېھمانخانىسى»، «يارغول مېھمانسارىيى»نىڭ مېھمانلار تىزىملىكىنى كۆرۈپ چىقتى. ئاخىر «ئالتۇن ئۈزۈم مېھمانسارىيى»دىكى مېھمانلار تىزىملىكىدىن سەنشى ئۆلكىسىنىڭ كىملىكىنى ئىشلەتكەن ماجەننىڭ ئىسمىنى تاپتى. جان ـ جەھلى بىلەن چېپىپ يۈرگەن قاھارنىڭ چىرايىغا شۇندىلا كۈلكە يۈگۈردى. بۇ ئىشنىڭ قانچىلىك مۇھىملىقىنى بىلگەن نۇر قاھاردىنمۇ بەكرەك جىددىيلىشىپ كەتكەنىدى.

— ماجەن مېنىڭ سودا خېرىدارىم ئىدى. ئۇ قايسى ياتاقتا؟ — سورىدى قاھار باش مۇلازىمەت ئورنىدىكى خادىمدىن. خادىم بىر قۇر قاراپ چىقىپ:

— ئۇ مېھمان 405 - ياتاقتا، — دېدى.

— ئۇ ھازىر بارمۇ؟

— يوق، ياتاقنى كەستۇرۇپ قويۇپ كەلمىگىلى ئىككى كۈن بوپتۇ.

— ھە، ئىشى چىقىپ قالغاندۇ.

— ياتاق ئالامسىلەر؟

— ھەئە.

ياتاققا كىرىپمۇ قاھار ئولتۇرالماي قالدى:

— مەن تۇيۇپ تۇرۇپتىمەن. ئۇ چوقۇم مال ئۈتكۈزۈۋالغىلى كەتتى. ئۇنىڭ قولىدا مال بارلىقىنى بىلىۋالغان بولساق ياخشى بولاتتى.

— ئاكا، بىز مۇنداق قىلساق ساقچىلارغا ئاۋارىچىلىك تېپىپ بەرمەيلى يەنە؟ ئەكرەم ساقچىمۇ دېدى، بىز چاندۇرۇپ قويساق، چوڭ قېچىپ كېتىدىغان ئىش بولمىسۇن؟

— بىز ئۇنىڭغا چېقىلمايمىز. قولىدا مال بار - يوقلۇقىنى بىلسەكلا بولدى.

— قانداق بىلىمىز؟

— ئويلاپ باقمايمىزمۇ؟

قاھار ئويلانغىلى تۇردى. ئۇ ئۇنداق دەپ باقاتتى، مۇنداق دەپ باقاتتى. بىردەم - بىردەم «سىز نېمىنى ئويلىدىڭىز؟» دەپ نۇرنى قىستايتتى. ئۇلار كەچلىك تاماق يەپ كىرىپ ماجەننىڭ تېخى كەلمىگەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن ياتاقتا يەنە ئويلاندى. نۇر ئويلا - ئويلا ئۇيقۇغا كەتتى...

نۇر ئەتىسى ئورنىدىن تۇرۇپ قاھارنىڭ تېخىچىلا ئويلىنىپ ئولتۇرغانلىقىنى، ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ قىزىرىپ، قاپىقىنىڭ ئىششىپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. بۇنىڭدىن ئۇ قاھارنىڭ قانچىلىك

قەتئىيەتكە كەلگەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنىڭ ئىرادىسىگە قايىل بولۇپ قالدى.

— قانداق ئاكا، ئامالى تېپىلدىمۇ؟ — دەپ سورىدى نۇر ئۆزىنىڭ ئۇخلاپ قالغانلىقىدىن خىجىل بولۇپ.

— ئامالىنىغۇ تاپتىم. لېكىن سىز جاپا تارتىپ قالامسىزكىن؟

— قانداقلا جاپا بولسا مەيلى.

— مەن مۇنداق ئويلىدىم، ئۇكام، — دېدى قاھار جانلىنىپ، — ئۇ خىروئىننى بىر نەرسىگە يوشۇرۇپ ئەكېلىدۇ. ئۇنى ھەرگىز ياتىقىدا ساقلىمايدۇ، بەلكى باشقىلارغا ئادەتتىكى نەرسىدەك تۇيغۇ بېرىش ئۈچۈن مېھمانخانىنىڭ يۈك - تاق ساقلايدىغان ئورنىغا ساقلاشقا بېرىدۇ. بىز شۇنى تەكشۈرىمىز.

— قانداق تەكشۈرىمىز؟

— بىز چوڭ بىر سومكا ئالايلى. ماجەن سومكا ياكى چامادانىنى ساقلاش ئورنىغا بەرگەن ھامان مەن سىزنى كىيىملەرگە ئارىلاشتۇرۇپ چوڭ سومكىغا سېلىپ، سومكىنى ساقلاشقا بېرەي. سىز مېھمانخانا تىنچىغاندا سومكىدىن چىقىپ، ھۆنىرىڭىزنى ئىشقا سېلىپ ئۇنىڭ چامادانىنىڭ قۇلۇپىنى ئېچىڭ. خىروئىننىڭ بارلىقىنى كۆرۈۋالسىڭىزلا بولدى. مەن يەنە سىزنى سومكا بىلەن قوشۇپ ئاچىقىۋالىمەن، ئاندىن بىز دەرھال ساقچىغا مەلۇم قىلىمىز، قانداق؟

ئۇنىڭ پىلانىنى ئاڭلىغان نۇر كۈلۈپ كەتتى ۋە:

— قاھار ئاكا، بىر كېچە ئۇخلىمىغانغا تۇشلۇق ئامال تېپىپسىز جۇمۇ.

— بولغۇدەكمۇ؟

— چاتاق يوق. سىز بار يەردە مەن نېمىدىن قورقىمەن.

— مەنمۇ سېزىلىپ قالسا دەپ، سىزنى قوتقۇزۇش چارىلىرىنىمۇ ئويلاپ قويدۇم. لېكىن، بۇلارنى ھازىرچە سىزگە دېمەي، بولمىسا دېلىغۇل بولۇپ قالماڭ يەنە.

— ئۇنداقتا، ئىشنى قاچان باشلايمىز؟

— ئالدى بىلەن بىز كۈتۈش زالىدا ماجەنىنىڭ كېلىشىنى

كۆتەيلى. ناۋادا، يالغۇز قالسىڭىز ئېسىڭىزدە بولسۇن، ئۇنىڭ ئوڭ قولىنىڭ ئىككى بارمىقى يوق.

— ماقۇل.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ماجەننى كۈتۈشى باشلاندى. شۇ كۈنى ئۇلار كۈتۈش زالىدا بىر كۈن ساقلىغان بولسىمۇ ماجەننىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى. ئۇلار گېزىت، كىتاب ئوقىغان بولۇپ كۆزەتتى، پاراڭلاشقان بولۇپ كۆزەتتى، بىرسىنى ساقلىغان بولۇپ كۆزەتتى. يوق. ئەتىسى چۈشكىچىمۇ ئۇنىڭ خەۋىرى بولمىغاندىن كېيىن ئۇلار نۆۋەتلىشىپ كۆزەتمەكچى بولدى. ئالدىنقى كۈنى قاھار بىر ئاخشام ئۇخلىمىغان بولغاچقا، چۈشتىن كېيىن ئۇ ياتاقتا ئارام ئالىدىغان، نۇر كۆزىتىدىغان بولدى.

— ئۇكام، ئوبدان قاراڭ، پۇرسەتنى ھەرگىز ئۆتكۈزۈۋەتمەڭ. بولمىسا مەن ئارماندا قالىمەن.

— خاتىرجەم بولۇڭ، ئوبدان قارايمەن.

بەك چارچاپ كەتكەچكە قاھار خىيال بىلەن يېتىپلا ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇ چۈش كۆردى: ئوپېراتسىيە قىلىپ بارمىقىنى ئۇلىۋالغاچقا، نۇر ماجەننى تونۇيالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ماجەن خىروئىننى تۇرپان مۇنارى ئەتراپىغا ئاپىرىپ ئىككى ئادەمگە سېتىپتۇ. بۇنىڭدىن ئاچچىقلانغان قاھار نۇر بىلەن ئۇرۇشۇپ كېتىپتۇ.

چۆچۈپ ئويغانغان قاھار «ئىشىمىز ئاقمادۇ نېمە؟» دەپ ئويلاپ يۈزىنى يۇيۇپ تۇرۇۋىدى، نۇر ياتاققا يۈگۈرۈپ كىردى:

— ئاكا، ئۇ كەلدى، كەلدى!

— ئېنىق كۆردۈڭىزمۇ؟

— كۆردۈم، ئىككى بارمىقى يوق. تېخى مەن ئۇ لىفت كۈتۈۋاتقاندا پەلەمپەي بىلەن يۈگۈرۈپ چىقىپ ساقلاپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ 405 ـ ياتاققا كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنىمۇ كۆردۈم.

— قولىدىچۇ؟

— كىچىك چامادان بار ئىكەن. ئۇنى سىز دېگەندەك ساقلاش ئورنىغا بەردى.

— ياخشى! — قاھار بەكلا خۇشال بولۇپ كەتتى. — قاراڭغۇ چۈشتىمۇ؟
— خېلى بولدى.
— يۈرۈڭ، ماشىنىغا چىقايلى. ئادەملەرنىڭ كېلىشى شالاڭلىغاندا ئىشىمىزنى باشلايلى.
ئۇلار ماشىنىدا ھاياجاندىن جىددىيلىشىپ ساقلاپ ئولتۇرۇپ، «پەيت كەلدى» دەپ ئويلىغاندا قاھار ئۇرنى ئالدىن تەييارلاپ قويغان سومكىغا سالدى ۋە قولىغا كىچىك قولچىرىغىنى تۇتقۇزۇپ:
— راستلا ئون بەش مىنۇتتا پۈتتۈرۈپ بولالامسىز؟ — دەپ سورىدى.
— يېتىپ ئاشىدۇ، — دېدى نۇر سومكىنىڭ ئىچى - تېشىغا ئۆزلىرى بېكىتىۋالغان تۇتقۇچنى تارتىپ سىيرىتمىنى ئېتىپ.
قاھار ئۇنى تەستە كۆتۈرۈپ كۆتۈش زالىغا كىردى. بۇ چاغدا باش مۇلازىمەت ئورنىدىكى قىز مۈگدەپ ئولتۇراتتى.
— مۇنۇ سومكامنى ساقلاش ئۆيىگە قويۇپ قويساق، — دېدى قاھار ئۆزىدىكى تىترەكنى بېسىپ، سىپايە سۆزلەشكە تىرىشىپ. مۇلازىم قىز بېشىنى لىڭشىتىپ، سومكىنىڭ سىيرىتمىسىغا پېچەت قەغىزى چاپلاپ، ئىسپاتىنى قاھارغا بەردى. بىراق مۇلازىم قىز سومكىنى كۆتۈرەلمىدى ۋە:
— نېمانچە ئېغىر، ئىچىدە ئالتۇن بارمۇ، نېمە؟ بولدىلا مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن، — دېدى. بۇنى ئاڭلىغان قاھار تەمتىرەپ قالدى، نۇرمۇ جىددىيلىشىپ كەتتى.
— بىلىۋالدىڭىز جۇمۇ. ئىچىدە ئالتۇن بۇت بار، كېلىڭ، مەن ياردەملىشەي، خىزمىتىڭىزگە تەسىر يەتمىسۇن، — دېدى قاھار ئىچىگە ئۆتمەكچى بولۇپ.
— ئۇنداق بولسا، ئىشلەۋاتقان يىگىتلەرنى چاقىراي، — دېدى مۇلازىم قىز.
— بولدى، بۇ كەچتە ئۇلارنى ئاۋارە قىلمايلى.
— ئۇنداق بولسا مەيلى.

ئۇلار سومكىنى جايلاشتۇرۇپ بولدى. مۇلازىم قىز ئىشكنى سىرتتىن قۇلۇپلىدى.

— سىزنى جاپاغا سالدىم، — قاھار شۇنداق دەپ ئەللىك يۈەنلىك پۇلدىن بىرنى شىرە كالپىندارىنىڭ قېتىغا تىقىپ قويدى. مۇلازىم قىز بۇنداق ئىشلارغا كۆنۈپ كەتكەنمۇ ئەتراپىغا قاراپ قويۇپ يېقىملىق كۈلدى:

— رەھمەت، مەن قىلىپ بەرگۈدەك ئىشلار بولسا دەڭ.

— بولىدۇ.

قاھار ياتاقتا چىقىپ ئۇياق - بۇياقتا مېڭىشقا باشلىدى. سائەتكە قارىۋىدى، ئىشىك ئېتىلگەننى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئەمدى بەش مىنۇت ئۆتۈپتۇ. قاھار سائەتكە قاراپ ئولتۇرۇۋىدى، سېكۇنتنىڭ ئاستىلىقىغا پەقەت بەرداشلىق بېرەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كۆزىنى يۇمۇپ ئولتۇرۇۋېلىپ خېلىدىن كېيىن سائەتكە قارىدى. ئەستا، ئۇ كۆزىنى شۇنچە يۇمۇپ ئولتۇرسىمۇ ئاران بىر مىنۇت ئۆتۈپتۇ ئەمەسمۇ! ۋاقىت ئەنە شۇنداق ئاستا مېڭىپ ئون بىر مىنۇت بولغاندا، قاھار ياتاقتىن چىقتى ۋە لىفت ئالدىدا بىردەم تۇردى. ئاندىن لىفت بىلەن ئەڭ ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقىپ، بىرىنچى قەۋەتكە چۈشتى. شۇ چاغدا ئۇ بىر مىنۇت قالغانلىقىنى كۆرۈپ باش مۇلازىمەت ئورنىغا باردى. مۇلازىم قىز يەنە مۆگدەپ ئولتۇراتتى، ئۇ ھەتتا قاھارنىڭ كەلگەنلىكىنىمۇ تۇيمىدى. «ئۇ ئىچىدىكى شەپىنى پەقەت سەزمەپتۇ» قاھار يېنىك ئىككىنى يۆتەلدى، شۇندىلا مۇلازىم قىز چۆچۈپ ئويغاندى. ئۇ قاھارنى كۆرۈپ يەنە يېقىملىق كۈلۈمسىرىدى:

— مەن ياردەم قىلىدىغان ئىش بارمۇ؟

— سەت ئىش بولدى. بايىقى سومكىدا مۇھىم نەرسەمنى ئۇنتۇپ قاپتىكەنمەن، ئېلىۋالسام.

— چاتاق يوق.

قىز بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى. قاھار كىرىپ سومكىنى تەستە كۆتۈرۈپ ماڭدى. قىز سومكىغا قاراپ چۆچىدى:

— سومكىنىڭ ىچچىتى يىرتىلىپ كېتىپتىغۇ؟ قاراپ بېقىڭە، ئاكا، بىرەر نەرسىڭىز يىتمىگەندۇ؟

قىزنىڭ تەلەپپۇزىدىن بايىقى پۇلنىڭ كۈچىدىن ئۇنىڭغا ياخشى كۆرۈنۈشكە تىرىشىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

— ھېچقىسى يوق. بايا قولۇم تېگىپ كەتكەن ئوخشايدۇ.

— ئۇنداق بولسا بوپتۇ.

قاھار سومكىنى سۆرەپ دېگۈدەك لىفتقا چىقاردى.

— چاققان چىقىڭ.

نۇر «شارتلا» قىلىپ سومكىدىن چىقتى.

— ئاكا، نېمانچە سۆرەيسىز؟ كۆتۈرۈپ ماڭسىڭىز بولمامدۇ؟

قاھار كۈلدى:

— تەمتىرەپ كەتتىم، ئۇكام. ھە، سومكىنى پۈكلىۋېلىڭ.

ئۇلار ياتاققا كىردى.

— قانداق ئۇكام؟ بارمىكەن؟ قانچىلىك بار ئىكەن؟

— ئاكا، يوق ئىكەن.

— نېمە؟ ئوبدان قارىغانسىز؟

— قارىدىم، ئۆرۈپ - چۆرۈۋەتتىم، پۇل، بىر ھەپتىدىن كېيىن ئۇچىدىغان ئايروپىلان بېلىتىدىن باشقا نەرسە يوق ئىكەن.

قاھار لەسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى:

— ساقچىلار توغرا دەپتۇ، ئۇلار ھەقىقەتەن ھىيلىگەر ئىكەن. شۇڭا ساقچىلار سەۋرچانلىق بىلەن ئىش قىلىدىكەن.

— ئەمدى قانداق قىلىمىز، ئاكا؟

قاھار كەسكىنلىك بىلەن ئورنىدىن تۇردى:

— ئەمدى ماڭا مۇنداق پۇرسەت كەلمەيدۇ. ھېچ بولمىسا مېنى كىم ئۇچۇن تۇتۇپ بەرگەنلىكىنى بولسىمۇ ئېنىق بىلىۋېلىشىم كېرەك.

بۇنى ئاڭلىغان نۇر چۆچۈپ كەتتى:

— ھازىرلىمۇ؟

— ھەئە.

— بۇ...

— ئىككىمىزنىڭ كۈچى ئۇنىڭغا يېتەر؟

— نېمە دېگىنىڭىز بۇ ئاكا؟ مەن چامباشچىلىقنى بىكار ئۆگەنمىگەن. ئۇنىڭدەكتىن ئىككىسى بولسىمۇ تېتىيمەن. لېكىن خەقنىڭ ياتىقىغا باستۇرۇپ كىرسەك، ئۇ ساقچىغا مەلۇم قىلسا...

— ئۇنىڭ قورسىقىدا جىن بار. ھەرگىز ساقچىغا مەلۇم قىلالمايدۇ.

— باشقا ئىشلارغا تەسىر يەتمىسۇن يەنە.

— ھازىرچە باشقا ئىشنى تىلغا ئالماي تۇرايلى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئايروپىلان بېلەتنى ئېلىپ بولغاندىكىن چوقۇم ئىشنى تۈگىتىپ ماڭىدۇ. ئۇنىڭغا شىنئەندە بۇيرۇق قىلىدىغان ئادەم بار.

— ئۇنىڭ ياتىقىغا كىرىشكە بىرەر يالغاننى توقۇۋالايلى.

ئۇلار 405 ـ ياتاقنىڭ ئالدىغا كەلدى. ھازىر يېرىم كېچە بولۇپ قالغاچقا ھەممىسى ئۇيقۇدا، كارىدوردا ھېچكىم يوق ئىدى. نۇر ئىشىكنى چەكتى. ئۈچىنچى قېتىم چەككەندە ئىچىدىن بىرىنىڭ ئىشىك تۈۋىگە كېلىپ ئۇيقۇلۇق ھالدا: «كىم؟ نېمە ئىش؟» دېگىنى ئاڭلاندى. قاھار بىر چەتتە تۇرۇپ:

— بىز ئامانلىق ساقلاش خادىمى. بىر ئوغرى قېچىپ كەتتى. تەكشۈرىمىز، — دېدى.

ئىچىدىكى كىشى: «ئەستا، ئادەمنىڭ ئۇيقۇسىنى بۇزۇپ...» دەپ غودۇڭشىغىنىچە ئىشىكنى ئاچتى. ئىشىك ئېچىلىشىغا نۇر ئىچىگە ئوقتەك ئېتىلىپ كىردى ۋە ئىچىدىكى ئادەمنىڭ يۈزىگە بىر مۇشت ئاتتى. ئۇ كىشى سەنتۈرۈلۈپ بېرىپ كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ قالدى. ئاڭغىچە قاھار ئىشىكنى ئىچىدىن ئىلىپ ئۈلگۈردى. نۇر بولسا ئۇ ئادەم ئورنىدىن تۇرغۇچە بىرلا سەكرەپ ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالدى ۋە بىر قولى بىلەن ئۇنىڭ قولىنى كەينىگە قايرىپ، يەنە بىر قولى بىلەن گېلىنى چىڭ بوغدى. ئۇ كىشى جان ـ جەھلى بىلەن تېپىرلاشقا باشلىدى. قاھار ئۇنىڭ يېنىغا باردى:

— سېنىڭ بىلەن باشقا ئىشىمىز يوق. سېنى زەخىملەندۈرگىمىزمۇ يوق. بىر نەرسىنى ئېنىقلىۋالساقلا سېنىڭ بىلەن كارىمىز يوق.

بۇنى ئاڭلىغان ھېلىقى كىشى تېپىرلاشتىن توختىدى. نۇرمۇ ئۇنىڭ گېلىدىكى قولىنى سەل بوشاتتى.

— ئىسمىڭ ماجەنمۇ؟

— ھەئە.

قاھار قولچىرىغىنى ئۇنىڭ يۈزىگە تۇتۇپ ئۇنىڭ ھەقىقەتەن ماجەن «چولاق» ئىكەنلىكىنى تونىدى.

— سەن سادىق ئىسىملىك ئۆزۈم سودىگىرىنى تونۇمسەن؟

بۇنى ئاڭلىغان ماجەن: «بۇلار خىروئىن ساتىدىغان ئىشنى ئېنىقلايدىغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ بېشىنى چايقىدى:

— تونۇمايمەن.

— تونۇمايمەن؟!

نۇر كېلىشتۈرۈپ ئۇنىڭ يۈزىگە يەنە بىر مۇشت سالدى ۋە گېلىنى يەنە بوغدى.

— تونۇيمەن.

— نەچچە يىل بۇرۇن ئۇ سېنى بىرسىنى تۇتۇشقا سالغانمۇ؟

ماجەن «چولاق» جىمىپ قالدى ۋە تەستە ئېسىگە ئالدى:

— ھەئە.

— ئۇ ساڭا نېمە دېگەن؟

— شىئەنىنىڭ بىر يېرىدە بىرسى شۇ تاپتا ئۆزۈم سېتىۋاتىدۇ، دەپ...

— قوڭغۇراق راۋىقىنىڭ يېنىدىكى بازاردا، شۇنداقمۇ؟

— شۇ يەردىغۇ دەيمەن. شۇنى خىروئىنغا خۇمار قىلىۋەتكەن بولساڭ، ئوبدان رازى قىلىمەن، دېدى. بۇ مەن ئۈچۈن ئاددىيلا بىر ئىش. مەن ھەمراھلىرىم بىلەن بېرىپ، ئۇنى ئالداپ بىھوش قىلىپ...

— بولدى، بۇ ئىشنى راستلا سادىق بۇيرىدىمۇ؟

— ھەئە.

— سادىق سەۋەبىنى دېدىمۇ؟

— ياق، مەنمۇ بىلىپ نېمە ئىش قىلىمەن. ھە راست، سادىق ئۇنى بىر نەچچە ئاي سولاپ قوي، دېگەن.

— بولدى، سىنىڭ بىلەن باشقا ئىشىم يوق. شۇنى ئېنىقلىۋالماقچىدىم. ھېچكىم ھېچكىمنى كۆرمىدى. قالغىنىنى ئۆزۈڭ بىل.

ئۇلار تېزلىك بىلەن چىقىپ كەتتى.

گېلىنى سىلاپ ئولتۇرۇپ قالغان ماجەن «چولاق»: «سودام بۇزۇلىدىغان بولدى، دەپ ئەجەبمۇ قورقتۇمغۇ. قارىغاندا، ئۇلارنىڭ سادىق بىلەن ئۆچ - ئاداۋىتى بار ئوخشايدۇ. توختا، ئۇلار ئاخىر يەنە مېنى ئىزدەپ كەلمەي قويمايدۇ. سودىنى تۈگىتىپ بۇ يەردىن تېزرەك كەتسەم بولغۇدەك. ئەستا، بۇنى رەيھان ‹چايان›غا قانداق چۈشەندۈرەرمەن؟» دەپ ئويلاپ غەمگە پاتتى.

# يىگىرمە ئىككىنچى باب

ئادەم بەزى ئىشلارنى شۇنچە ئېنىق پەرەز قىلىپ تۇرسىمۇ، ئىسپاتلىمىغۇچە كۆڭلى ئۇنىمايدۇ. ماجەن «چولاق»تىن ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن قاھارنىڭ كۆڭلى تىندى.

— ئەتىچۇ؟ سادىقنىڭ يېنىغا بارىمىزمۇ؟

— ياق،— دېدى قاھار نۇرغا ھەيران بولۇپ قاراپ،— سىز مېنىڭ ئىشىمنى ئۈچ ئېلىش خاراكتېرلىك ئىش دەپ قارىۋالسىڭىز بولمايدۇ. توغرا، بەزى ئىشلىرىم شۇنداق بولۇپ قالدى. ئادەم ئۇنداق ھېسسىياتتىن خالىيمۇ بولالمايدىكەن. لېكىن سىزمۇ كۆردىڭىز، سادىق ئۆزىنىڭ جازاسىنى تارتىپ بوپتۇ. شۇمۇ كۇپايە.

— ئۇنداق بولسا، ئەتە نېمە ئىش قىلىمىز؟

— يەنە ئۇرۇمچىگە بارىمىز. ئەمدى بېجىرىدىغان بىرلا ئىش قالدى.

ئەتىسى ئۇلار ۋاقچە ئۇخلاپ ئورنىدىن تۇردى. ئاندىن ياتاقنى قايتۇرۇپ ناشتىغا ماڭدى. ئەمما قاھارنىڭ ناشتىغا ئىشتىھايى تارتمىدى.

— ماجەن «چولاق» مۇنداق ئەسكىلىك قىلىغۇەرسە بولمايدۇ. رەيھان «چايان»نىڭ نەشتىرى كېسىلمىسە يەنە بولمايدۇ. سىز ناشتا قىلغاچ تۇرۇڭ. شىئەندىكى ساقچى ئەلگە بۇ ئىشنى دەپ قويay،— قاھار شۇنداق دەپ سىرتقا چىقتى ۋە ئاممىۋى تېلېفون بوتكىسىغا بېرىپ ليۇ دوختۇرنىڭ ئىشخانىسىغا تېلېفون قىلدى. تېلېفوننى بىر قىز ئالدى:

— ليۇ دوختۇر كەچلىك ئىسمىنىدا ئىشلىگەن. كۈندۈزى دەم ئالدى.

— ئەستا، مەن بىر جىددىي ئىش بىلەن ئۆزۈن يوللۇق تېلېفون ئۇرۇۋاتقانىدىم.
— ئۇنداق بولسا ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ تېلېفون نومۇرىنى دەپ بېرەي.
قاھار تېلېفون قىلىۋىدى، بىردەمدىلا تېلېفون ئۇلاندى:
— كىم؟
— ۋەي، ليۇ دوختۇر، قانداق ئەھۋالىڭىز؟ مەن قاھار. ئەلى ساقچى بىلەن ئىككىڭلار قۇمۇلغا يولغا سېلىپ قويغان قاھار...
— ھوي، بارمۇسىز؟ سىزنى جىق ئىزدەپ كەتتۇق. قۇمۇلغا تېلېفون قىلساق، كەتكىلى بىر يىلدىن ئاشتى، دېدى. نەلەردە يۈردىڭىز؟
— تۇرپانغا كېلىپ سودا قىلدىم. ھازىر ئەھۋالىم بەك ياخشى. ئەلى ساقچى بارمۇ؟
— ئۇ گەنسۇنىڭ جاڭيې دېگەن يېرىگە يۆتكىلىپ كەتكىلى بىر يىلدەك بولدى، ئۇ سىزنى بەك ئىزدىدى. بولمىسا چاقىرغۇ نومۇرىنى ئېيتىپ بېرەي، چاقىرغۇ قىلىپ بېقىڭ. مەنمۇ ھازىرلا ئۇنىڭغا دەپ قويىمەن.
قاھار ئەلىگە چاقىرغۇ قىلدى...
ليۇ دوختۇردىن قاھارنىڭ ئۆزىنى ئىزدىگەنلىكىنى ئۇققان ئەلى ساقچى «قاھار مېنى نېمە ئىش بىلەن ئىزدىگەندۇ؟ يا رەيھان ‹چايان›، توغرۇلۇق گەپمىكىن؟» دەپ ئويلاپ تېلېفون قايتۇردى.
— قاھارمۇ؟ قانداق ئەھۋالىڭىز؟
— ئۆزىڭىزچۇ؟ ياخشى تۇردىڭىزمۇ؟
— جاڭيېغا كېلىپ سودىگەرلەر بىلەن ئېتىشىپ يۈرۈيمەن.
— مەن سىزگە دېگەن رەيھان «چايان»نىڭ ئادىمى ماجەن «چولاق» ھازىر تۇرپاندا زەھەر سېتىپ يۈرۈپتۇ. شۇنى سىزگە مەلۇم قىلىپ قوياي، دېگەن.
— بۇ بەك ياخشى يىپ ئۇچى ئىكەن. مەن بۇنى دەرھال شىئەن تەرەپكە مەلۇم قىلىپ قوياي. ليۇ دوختۇردىن ئاڭلىسام، سودا قىلىۋېتىپسىز. مەنمۇ سىزنى شۇ ئىش توغرۇلۇق ئىزدىگەنىدىم.
— نېمە ئىش ئىدى؟

— جاڭيى دېگەن بۇ يەر ھۆل، قۇرۇق يەل - يېمىش تارقىتىدىغان بەك چوڭ توپ تارقىتىش بازىرى ئىكەن. بۇ يەردە كۆچانىڭ گۈلە - قاقلىرى، قۇمۇلنىڭ قوغۇنى، كورلىنىڭ نەشپۈتى، تۇرپاننىڭ ئۈزۈمى... ھەممە نەرسە بار ئىكەن. بىر چوڭ سودىگەر بىلەن تونۇشۇپ قالغانىدىم. ئۇ ماڭا «تۇرپاندا ماڭا ھەمكارلىشىدىغان ئادەم بولغان بولسا، ئۈزۈمنى ھۆل، قۇرۇق يۆتكەشتە ھەمكارلاشقان بولساق» دېيدى، سىزنى يادىمغا ئالدىم. كۆپ ئىزدەپ سىزنى تاپالماي، ئۈزۈمنى ھۆل يۆتكەشنىڭ ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋەتتۇق. ئەمدى ئۇ لاۋبەن مېنى «قۇرۇق ئۈزۈمنىڭ تەييارلىقىنى قىلساق بولاتتى، بولمىسا باشقا ئادەم تاپايلى» دەپ ئالدىرىتىۋاتىدۇ. قانداق، كۆزىڭىز يېتەمدۇ؟

— چاتاق يوق. ياخشى سودا ئىكەن.

— ئۇنداق بولسا توختاملىشىدىغان ئىش ئىكەن. بۇ يەرگە بىر كەلسىڭىز بولاتتى. بۇ يىلقى كىرىم قانداق؟ يىگىرمە - ئوتتۇز تۇمەن بولدىمۇ؟

— ئۇنىڭدىن ئېشىپ كەتتى.

— ئۇنداق بولسا ياخشىغۇ. بۇ لاۋبەن يىلىغا بىرەر - ئىككى مىليونلۇق سودا قىلىشنىڭ گېپىنى قىلىۋاتىدۇ. شۇڭا ئايروپىلاندىلا كېلىڭە. لەنجۇغا چۈشۈپ، ئۇ يەردىن ماشىنىدا كەلسىڭىزمۇ بولىدۇ. بۇنىڭدا ۋاقىتتىنمۇ ئۇتقىلى بولىدۇ.

— بولىدۇ، بولىدۇ.

— قانچە تېز كەلسىڭىز، شۇنچە ياخشى.

— ماقۇل، ماڭغۇچە سىزگە خەۋەر قىلىۋېتىمەن. خوش.

قاھار تېلېفوننى قويۇپ تۇرۇپ قالدى: «بۇ سودىنى قىلاي، بۇ ماڭا كەلگەن يەنە بىر پۇرسەت. ئەمدى تۈمۈر ئاكامنىڭ پۇلىنى خەجلەپ يۈرۈۋەرسەممۇ بولماس. بۈگۈن ئۈرۈمچىگە بېرىپلا ئايروپىلان بېلىتى ئالاي. ئەلى ساقچى توغرا ئېيتىدۇ، بېرىپ ئۇ بازارنىمۇ كۆرۈپ كېلەي» ئۇ بۇ خۇشخەۋەرنى نۇرغا يەتكۈزۈشنى ئويلاپ ئالدىراپ ماڭدى - يۇ، تېلېفونغا قاراپ تۇرۇپ قالدى.

ئاندىن ئاستا كېلىپ نومۇرلارنى بېسىشقا باشلىدى. قارشى تەرەپتىن بىر قىزنىڭ بوش ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ۋەي، تىنچلىقمۇ؟

قاھار بۇ ئاۋازنى تونۇپ، يۈرىكى «شۈررىدە» قىلىپ قالدى:

— زەۋەرگۈل، قانداق ئەھۋالىڭىز؟

— ھە! قاھارمۇسىز؟ سىز بارمۇ؟ نېمانچە ئۇزاق يوقاپ كەتتىڭىز؟ مەن بىلدىم، كۆڭلۈم تۇيدى، ئۆتكەندە بىر بالىدىن پۇل ئەۋەتكەندە، سىز تۇيۇققا كەلدىڭىز. مەن بۇنى سەزدىم.

— شۇنداق، مەن تۇيۇققا بارغان، ئاق مەسچىتنىڭ ئالدىدا قالغانىدىم. بۇنى توغرا چۈشىنىڭ.

— مەن توغرا چۈشەندىم ھەم سىزگە ئىشىنىمەن. ئىچكىرىدە جاپا تارتتىڭىزمۇ؟ ئۇ نىجىس يەنە سىزنى بوزەك قىلدىمۇ؟ ئاخىر خۇدايىم جاجىسىنى بەردى ئۇنىڭ.

— زەۋەرگۈل، ئۆزىڭىزنى ئوبدان ئاسراڭ، مەن ئىشلىرىمنى تۈگىتىپ يېنىڭىزغا بارىمەن.

— سالامەت تۇرسىڭىزلا بولدى. ئەمدى بۇ يەرگە كېلىمەن دېمەڭ. سىزگە لايىق ئادەملەر ئەمدى بۇ يەردە يوق.

— ياق، زەۋەرگۈل، تۇيۇق مەن ئۈچۈن ئەڭ قەدىرلىك ماكان، مەن ئۇ يەرنى ئۇنتۇيالمايمەن. ئۇ يەر ماڭا قايتا ھاياتلىق بەرگەن، قەدىر - قىممىتىمنى قىلغان.

— سىزگە ئەسكىلىكمۇ قىلغان.

— شۇڭا، مەن تۇيۇقنىڭ ياخشى تەرەپلىرىنى ئېسىمدە مەھكەم ساقلايمەن. خوش، كۆرۈشكىچە ئامان بولۇڭ.

— خوش، سىزمۇ ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ.

ماشىنا ئۈرۈمچىگە يولغا چىققاندا قاھار نۇرغا جاڭيىدىكى سودا ئىشىنى دەپ بەردى. ئەمدى رەسمىي سودا قىلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ نۇرمۇ خۇشال بولۇپ كەتتى:

— بېرىڭ ئاكا، ئۇ بازارنى ئوبدان كۆرۈپ كېلىڭ.

— ئىككىمىز بىللە بارىمىز. ئۆنتۆپ قالماڭ، ئىككىمىزنىڭ يولى بىر. سىزنى ئۆز ئىنىمدەك كۆرىمەن.
— مېنىڭمۇ سىزدىن پەقەت ئايرىلغۇم يوق.
ئۇلار يول بويى ئىللىق گەپلەرنى، يۈرەكنى ياشارتىدىغان يۈرەك سۆزلىرىنى، بىر - بىرىگە باغلىنىپ قالغان مېھىرلىرىنى سۆزلىشىپ كەلدى.
تاماقتىن كېيىن قاھار ئىش ئورۇنلاشتۇردى:
— ئۇكام نۇر، سىز ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق باغۋەنچىلىك تەتقىقات ئورنىغا بېرىپ، نەچچە يىل بۇرۇن تۇرپاندىن يۆتكىلىپ چىققان داۋۇت ئىسىملىك بىرسىنى سۈرۈشتۈرۈپ كېلىڭ. چوقۇم ئېنىق ئەھۋالىنى بىلىڭ، بۇنىڭغا بىرەرسىنى مېھمان قىلىدىغان ئىش بولسىمۇ مەيلى. مەن ئايروپىلان بېلىتى تىزىملاتقىلى بارىمەن. ئىشىڭىزنى تۈگىتىپ ماڭا چاقىرغۇ قىلىڭ.
— بولىدۇ، ئاكا، چاقىرغۇلىرىمىز بىرەر قېتىم بولسىمۇ سايراپ باقسۇن، ئىچى پۇشۇپمۇ كەتكەندۇ؟
نۇر شەيتانلىق قىلىپ قاھارنىمۇ كۈلدۈرۈۋېتىپ يولغا ماڭدى.
قاھار ئايروپىلان بېلىتىنى تىزىملىتىپ بولۇپ، كوچا ئايلاندى. نۇردىن خەۋەر بولمىغاچقا، «ئاڭلىماي قالدىمۇ - يە» دەپ چاقىرغۇسىغا قاراپ - قاراپ ئايلىنىۋەردى.
بىر چاغدا ئۇنىڭ چاقىرغۇسى سايرىدى. قاھار دەرھال تېلېفون قايتۇردى:
— نۇر، قانداق بولدى؟
— ئىش پۈتتى. سىز ھازىر نەدە؟
— يەنئەن يولىدىكى باغچىغا كېلىڭ.
— ھازىرلا بارىمەن.
ئۇلار بىر سوغۇق ئىچىملىك ساتقۇچىنىڭ چوڭ كۈنلۈكىنىڭ ئاستىدا ئولتۇرۇشتى.
— تەلىيىمگە ئۇ يەرگە بېرىپلا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ بىر ئايال كادىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم،— دەپ سۆزلەشكە باشلىدى نۇر قىلغان ئىشىدىن مەمنۇن بولۇپ،— ئەھۋال مۇنداق ئىكەن:

داۋۇت دېگەن يۆتكىلىپ چىققاندىن كېيىن كىشىلەر ئۇنىڭ ئىقتىدارىدىن قاتتىق گۇمانلىنىپتۇ، بۇرۇن ئۇنىڭ قانداقلارچە شۇنچە مۇرەككەپ تەتقىقاتلارنى تاماملىغانلىقىغا ئىشەنگۈسى كەلمەپتۇ. كېيىنچە، ئۇ ھېچقانداق تەتقىقات تېمىسىغا قاتنىشالمىغانلىقتىن ئىدارىنىڭ ئارخىپ بۆلۈمىگە يۆتكەپ قويۇلۇپتۇ. ئۇ كۈن بويى ھاراق ئىچىپ يۈرگەچكە شۇ خىزمەتنىمۇ جايىدا ئىشلىيەلمەپتۇ. ئاخىر ئۇ بۇتكىلدىن بىرى كېلەلمەيدىغان زابوي بوپتۇ. ئىدارىسى ئامالسىز ئىككى يىل بۇرۇن ئۇنى كېسەللىك بىلەن دەم ئېلىشقا چىقىرىپتۇ. ئۇ ھاراقنى پەقەت تاشلىماپتۇ. بۇ ئۇنىڭ بۇرۇندىنلا بار خۇمارى ئىكەن. خىزمەتتە يەكلەنگەندىن كېيىن تېخىمۇ كىرىشىپ كەتكەن ئوخشايدۇ. ئاخىر ئۇنىڭ جىگىرى قېتىشقا باشلاپتۇ. ئۇنىڭ ئۆي، بالا - ۋاقىسى بىلەن قەتئىي كارى يوق ئىكەن. شۇنداق قىلىپ بۇ ھاراق بەندىسى نەدە ھاراق بولسا شۇ يەرگە يۈگۈرەيدىغان، ھاراق بىلەن ناشتا قىلىدىغانلارنىڭ ئېقىمىغا قوشۇلۇپ كېتىپتۇ. تۆت كۈن بۇرۇن بەش تال سامسىنى زاكوسكا قىلىپ كۈن كەچ بولغۇچە ھاراق ئىچكەن ئىچەرمەنلەر نېمىنى تالاشقان، ئۇنىڭ بىر پۇتىنىڭ پېيىنى كېسىۋېتىپتۇ. ئۇنى ۋاقتىدا دوختۇرغا ئاپارمىغاندىكىن، پېيىنى ئۇلاش ئىمكانىيىتى بولماپتۇ. ھازىر جاراھىتى تېڭىلغان پېتى قارايدىغان ئادىمىمۇ يوق دوختۇرخانىدا ياتقۇدەك.

— ئۇنىڭ ئۆيىدىكىلەرچۇ؟

— بىر قىزى ئىچكىرىگە ئوقۇشقا كېتىپ ھازىرغىچە خەۋىرى يوقكەن. بىر قىزى تۇرپان شەھەر يار يېزىلىق دوختۇرخانىدا بولۇپ، قەشقەردە ساياھەتتە ئىكەندۇق. بۇگۈن يولغا چىقىپتۇ. ئايالى بولسا، ئۇنىڭ ھاراقكەشلىكىگە چىدىماي ئۆتكەن يىلى ئاجرىشىپ تۇرپاندا يەكشەنبە بازاردا تىرىكچىلىك قىلىۋاتقۇدەك. ئۇ ئايالنىڭ دېيىشىچە، ئوپېراتسىيە قىلىشنىڭ ۋاقتى ئۆتكەن بولغاچقا، ئەمدى يېتىۋەرگەننىڭ پايدىسى يوق ئىكەن. شۇ بويىچە مېيىپ ساقىيىدىكەن. «ئەگەر ئۇرۇق - تۇغقىنى بولسا ئۇنى تۇرپانغا ئېلىپ كەتسە» دەيدۇ.

— ئۇنداق بولسا، يۇرۇڭ، ئۇنى تۇرپانغا ئەكېتەيلى.

— نېمىشقا؟

— ئۇ مېنىڭ ئۆگەي ئاتام.

— نېمە؟ سىزنى كىچىكىڭىزدە شۇنچە خورلىغان... بولدى، ئۇنىڭ بىلەن كارىمىز بولمىسۇن...

ئەمما، قاھار ماشىنا يېنىغا بېرىپ بولغانىدى. نۇرمۇ بويىنى باغلانغاندەك بولۇپ ماشىنىغا چىقتى.

ئۇلار ياتاققا كىرگەندە داۋۇت بىر پۇتى تېڭىلغان ھالدا تورۇسقا قاراپ ياتاتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ بۇرۇنقى كۆرەڭ، قاپىقى تۇرۇك ھالىتىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. قاپاقلىرى ئىششىغان، يۇزى ئىچىملىككە بېرىلىش سەۋەبىدىن قارىداپ كەتكەن، كۆزىنى قىزىللىق قاپلىغان، ئىسپىرتنىڭ زەھەرلىشى بىلەن بىر قولى توختىماي تىترەيدىغان بولۇپ قالغان مۇشۇ ئادەم قەيسەرنىڭ بالىلىق ھاياتىنى نابۇت قىلغان، ھاياتلىق يولىنى تارايتىۋەتكەن، بەخت گۇللىرىنى توزۇتۇۋەتكەنىدى. قاھار بۇلارنى مەجبۇرىي ئۇنتۇشقا تىرىشىپ:

— مېنى گۇلشەن سىزنى ئەكېلىشكە ئەۋەتتى. مەن ئۇلارنىڭ قوشنىسى، — دېدى. ئەمما داۋۇت تازا ئىشەنچ قىلالمىغاندەك ئۇنىڭغا قارىدى. شۇنىڭ بىلەن قاھار قوشۇپ قويدى:

— گۇلشەن ھازىر قەشقەردىن يولغا چىقتى.

بۇنى ئاڭلىغان داۋۇت ئىشەنگەندەك بولدى. شۇ چاغدا بىر سېسترا كىرىپ چىرايىنى پۇرۇشتۇردى:

— كېسەلنى مۇشۇنداقمۇ تاشلىۋەتكەن بارمۇ؟ كىيىملىرى پۇراپ كېتىپتۇ. يېڭى كىيىم ئەكىرىپ يۆتكىۋېتىڭلار. ئاندىن بىمارنى ئۆيگە ئەكېتىڭلار.

قاھار نۇرغا ئىشارەت قىلدى. نۇر چىقىپ كەتتى ۋە قاھار ئۆز خىيالى بىلەن ياتقان داۋۇتقا قاراپ ئاچچىق خىياللىرىنىڭ ئاخىرىنى چىقىرىپ بولغۇچە قايتىپ كىردى. ئۇ بىر ئاسما مايكا ۋە كالتە يەڭ كۆڭلەك ئەكىرگەنىدى.

ئۇلار داۋۇتنىڭ كۆڭلەكلىرىنى سالدۇردى. قاھار يالىڭاچلانغان

داۋۇتنىڭ مۇرىسىگە قاراپ داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇنىڭ ئازابلىق ئەسلىمىلىرى قايتا قاناتلاندى: بىر سەبىي بالا ھاڭۋېقىپ تۇرماقتا، بىر ئاتا جان تالاشماقتا، مۇرىسىدە مېڭى بار بىر ئادەم ماتېرىيالاللارنى چاپىنىغا يۆگىمەكتە... بۇ كۆرۈنۈش سەبىي يۈرەكنىڭ ئەڭ تەكتىگە، ئەمما ئەڭ مۇستەھكەم تەكتىگە ئورناشماقتا، ئۇنتۇلغۇسىز دەرىجىدە... ئەجەبا، مۇشۇ ئادەم شۇمىدۇ؟

قاھار ئازاب بىلەن كۆزىنى يۇمدى، ئۇنىڭ ھاياتىلا ئەمەس، پۈتكۈل ئائىلىسىنىڭ بەختسىزلىكى، گۇمرانلىقى نېمە ئۈچۈن مۇشۇ ئادەم بىلەن باغلىنىپ قالىدىغاندۇ؟ ئەگەر راست بولسا... بىر ئائىلە قاتىلى ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرۇپتۇ، شەرمەندىلەرچە تۇرۇپتۇ. ئۇ شۇ شەرمەندە ئادەمنى دەپ بۇ يەرگە كەلدى. ئەگەر ئاتىسىنىڭ قاتىلى مۇشۇ ئادەم بولسا... قاھار قولىدىكى كىيىمنى مەھكەم سىقىمدىدى. ئەگەر راست شۇ ئادەم بولسا، قاھار نېمىشقا ئۇنى جازالاشنىڭ ئورنىغا مېھىر - شەپقەت يەتكۈزىدۇ؟ ئەسلى ئۇنى ھاقارەتلىشى، تىللىشى، ئۇرۇشى، ھەتتا قانۇن ئورۇنلىرىغا تاپشۇرۇپ بېرىشى كېرەكتىمغۇ؟ قاھار بېشىنى چايقىدى. ئۇ جاھاننىڭ رەپتارىنى خېلى ئوبدان چۈشىنىپ قالغانىدى. شۇنداق، داۋۇتتەك ئادەمگە شۇ تاپتا ئەڭ ئېغىر جازا مېھىر - شەپقەت يەتكۈزۈش. ئۆزى قان ئاققۇزغان كۆزدىن مېھىر ئۇچقۇنىنى كۆرۈپمۇ ئىنسانىي تۇيغۇسى ئويغانمىغان ئادەم ئاقمۇەتتە ئۆز - ئۆزىنى جازالىغاندا ئاندىن ئويغىنىدۇ.

قاھار قولىدىكى كىيىمنى نۇرغا سۇندى. بۇ ئىشقا نارازى بولۇپ تۇرغان نۇر قوپال ھەرىكەتلەر بىلەن داۋۇتقا كىيىم كىيگۈزدى.

ئۇلار يولغا چىقتى. نۇرنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلگەن، قاھار چوڭقۇر خىيالغا پاتقان، داۋۇت بولسا كەينىدە پۈتىنى سۆرىگىنىچە ئولتۇرۇپ ماشىنىغا ھەيران بولۇپ قارايدۇ.

بۇ كۆڭۈلسىز سەپەر تولىمۇ تەستە ئاياغلاشتى.

ماشىنا ھېلىقى كوچىغا كەلدى. ھېلىقى تاشلاندۇق قورونىڭ ئ...شىكى ئېچىلدى. نۇر ھويلىدىكى كارىۋاتنى ئانچە - مۇنچە

تازىلاپ دوختۇرخانىدا ئىشلەتكەن كىرلىكنى كارىۋاتقا سالدى. قاھار ھويلىدىكى تاقشىۋاتقان ئەسكى - تۈسكىلەرنى بىر چەتكە دۆۋىلەپ ھويلىنى بىر ئاز ئىسكەتكە كەلتۈردى.

شۇ چاغدا ھويلىغا گۈلشەن پالاقلاپ كىرىپ كەلدى ۋە «ئاتا» دېگىنىچە ئۆزىنى داۋۇتقا ئاتتى. ئاندىن قاھارغا بۇرۇلدى:

— سىلەر كىم؟ توقسۇنغا كېلىپ دوختۇرخانىغا تېلېفون قىلسام، ئاتامنى ئېلىپ كەتتى، دەيدۇ.

بۇنى ئاڭلىغان داۋۇتنىڭ چىرايى تاتاردى:

— قىزىم، سەنمۇ بۇلارنى تونۇمامسەن؟

— ۋاي، ياق ئاتا.

— سىلەر زادى كىم؟ — داۋۇت زەئىپ ئاۋازدا سورىدى. ئۇ خۇددى مەلۇم بىر نەرسىنى يوشۇرۇن سېزىپ قالغاندەك ئەتراپىغا ئالاق - جالاق بولۇپ قارايتتى.

— بىز ئاتىڭىزنى ئەكېلىپ قويدۇق شۇ، — دېدى نۇر.

— شۇنداق بولسىمۇ سىلەر كىم؟ — سورىدى گۈلشەن جىلە بولۇپ.

— بىز سودىگەر، بۇ ياق كاتتا باي قاھار. باشقىچە بىر تەمەيىمىز يوق، — دېدى نۇر بۇ يەردىن كېتىشكە ئالدىراپ.

— ئەستا، بۇلارنىڭ ئاتامنى ياتقۇزۇپ قويغان يېرىنى قارىمامدىغان. قېنى سۈپۈرگە...

گۈلشەن بىر نەرسە ئىزدەپ بايا ئۆزى ئاچقان ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ «ئاتامنى كىم مۇشۇنداق قىلىپ قويغاندۇ؟ ئىدارىسى سۈرۈشتۈرۈپ باقمىغاندىمۇ؟» دېگەن غودۇرىشى ئاڭلىنىپ تۇردى. داۋۇت بىلەن قاھار بىر - بىرىگە تىكىلىپ قاراپ قالغانىدى. قاھار يېنىدىن قەغەز - قەلەم ئېلىپ بىر نېمىنى يازدى ۋە داۋۇتقا كۆرسىتىپ دېرىزىگە قىستۇرۇپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. بىر نەرسىنى تۇيغان داۋۇت ھەرقانچە كۈچىگەن بولسىمۇ ۋارقىرىيالمىدى. ئۆيدىن چىققان گۈلشەن باشقىلارنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ ئاتىسىدىن سورىدى:

— قېنى، بايىقى ئادەملەر؟

داۋۇتنىڭ تىلى يەنىلا گەپكە كەلمەيۋاتاتتى. ئۇ ھەدەپ دېرىزىنى ئىشارەت قىلاتتى. ئاخىر ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەن گۈلشەن بېرىپ ئۇ يەردىكى قەغەزنى ئالدى ۋە قەغەزدىكى خەتنى ئوقۇپ «ۋاي، خۇدايىم» دەپ مەيدىسىنى تۇتتى. داۋۇت «ئەكەل» دەپ ئىشارەت قىلىپ، چۈشىنىكسىز غۇدۇرىغىلى تۇردى. گۈلشەن قەغەزنى ئاتىسىغا بەردى. داۋۇت قەغەزگە بىرلا قاراپ ئۇڭدىسىغا ئۆچۈپ چۈشتى...

قەغەزگە ئۇيغۇرچە قىڭغىر - قىيسىق قىلىپ «مەن سىلەرنىڭ ئائىلىڭىزنىڭ ئۆگەي بالىسى قەيسەر» دەپ يېزىلغانىدى.

※ ※ ※

ماشىنا يارغول مېھمانخانىسىنىڭ يېنىدا توختىدى.

— نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان جىددىي ئىشلار بىلەن بولۇپ بەك چارچىدۇق، ئەمدى ئىشلىرىمىزمۇ ئاخىرلاشتى. يەنە بىر ھەپتىدىن كېيىن سودا ئۇچۇن جاڭيىغا بارىدىغان گەپ. شۇڭا بىر نەچچە كۈن ئارام ئالايلى. سىزمۇ ئاغرىنىپ يۈرمەي، دەم ئالغاچ، مۇشۇ باھانىدە تۇغقانلىرىڭىزنى يوقلاپ كېلىڭ. ھەرقانچە خاپىلىق تارتقان بىلەنمۇ قېرىنداشلىق مېھرىگە ھېچنېمە يەتمەيدۇ. بۇنى خىراجەت قىلىڭ. پەيشەنبە كۈنى تۇرپانغا كېلىپ ماڭا چاقىرغۇ قىلىڭ. ھە راست، ماشىنىنى مەن بەربىر ھەيدىيەلمىگەندىكىن، سىز ئەكېتىڭ.

قاھار نۇرغا ئىككى مىڭ يۈەن پۇل بەردى. نۇر قاھارنىڭ بۇ بىر نەچچە كۈندە نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى بىلەلمىگەن بولسىمۇ «ئاكا، ئىشلىرىڭىز خەيرلىك بولسۇن!» دەپ تىلەپ لوكچۇنگە قاراپ يولغا چىقتى.

قاھار ئاپىسىنى ئىزدەپ باقماقچىدى. ئۇنىڭ ئاپىسىدىن نارازى بولغان يەرلىرى كۆپ بولسىمۇ، دائىم ئاپىسىنى سېغىناتتى، ئاپىسىنىڭ مېھرىگە قانالمىغان بولسىمۇ، ئاپىسىنىڭ قەلبىدىكى مېھرى بىلەن ياشاپ كەلدى، ئاپىسىنىڭ تەربىيىسىنى يەتكۈدەك

ئالالمىغان بولسىمۇ، «بالام» دېگەن بىر ئېغىز گېپىدىن ھەممە نەرسىنى بىلىۋالغاندەك بولدى، ئاپىسى ئۇنىڭ بالىلىق دۇنياسىنى بېيىتالمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ھاياتلىقنىڭ ھەربىر نېمىتىنى تېتىغاندا، ئۆزىنى ئاپىسىغا بىر ئۆمۈر قەرزداردەك ھېس قىلدى... شۇنداق ئىكەن، قاھار نېمىشقا ئاپىسىغا ئۆچمەنلىك قىلغۇدەك. ئادەم بەزىدە شۇنداقراق تۇيغۇدا بولسىمۇ، ھالقىلىق پەيتكە كەلگەندە ئانا ــ بالىلىق رىشتىنىڭ ھامان چىڭ باغلانغانلىقىنى كۆرۈپ يېتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئانا بىلەن بالا، ئاتا بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدا ئەپۇ قىلىش ئەڭ كۆپ بولىدۇ ۋە ئەڭ سەممىي بولىدۇ.

قاھار ئەنە شۇنداق دېلىغۇللۇق ئىچىدە ئاپىسىنى ئىزدەشنى ئەڭ ئاخىرىغا قويغانىدى. قاھار قەتئىيەتكە كەلدى: «نېمىلا بولسا ئۇ مېنىڭ ئاپام!»

قاھار يېقىنىدىكىلا بىر ساتىراشخانىغا كىردى.

ــ چاچ ياسىتامىلا؟ ــ سورىدى ئوتتۇرا ياشلىق ساتىراش.

ــ ھەئە. ساقال ــ بۇرۇتۇمنىمۇ ئېلىۋېتىڭ.

ــ بۇ... بۇنداق قىلساق... ھە، مەيلى... بىردەم ساقلاڭ...

ساتىراشنىڭ كىچىككىنە رەڭسىز تېلېۋىزورىدا نورۇزلۇق سەنئەت پائالىيىتى كۆرسىتىلىۋاتاتتى. رىياسەتچى چىقتى. ئۇ يېقىملىق ئاۋازى بىلەن نۆۋەتتىكى نومۇرنى ئېلان قىلدى:

ــ ئانا سېخىي، نېمەتكە باي باھارغا ئوخشايدۇ. شۇڭا ئانا ھەققىدىكى مەدھىيەمۇ تۈگىمەيدۇ. بىز نۆۋەتتە يازغۇچى ئۆمەر ئىمىنتىزارىنىڭ ئانا ھەققىدىكى يۈرەك سۆزىگە قۇلاق سالايلى.

سەھنىگە سالاپەتلىك كىيىنگەن ياش يازغۇچى چىقىپ ئانا ھەققىدە يازغان نەسرىنى بوم ئاۋازى بىلەن ئوقۇشقا باشلىدى. نەسرگە تەسىرلىك مۇزىكا تەڭكەش قىلىنغانىدى:

«ئانا، مېنى تۇغقان كۈنىڭگە مۇبارەك بولسۇن!
تۇغۇلغان كۈنۈمدە مەن ئۆزۈمنى ئەمەس، ئانامنى تەبرىكلەيمەن! دوستۇم، بۇنىڭغا ھەيران قالماڭ!

مەن تۇغۇلغان كۈنۈمنىڭ تېزرەك يېتىپ كېلىشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈۋاتقان بۇ كۈنلەردە ئەينى ۋاقىتتا، ئانام مېنىڭ ساق ـ سالامەت تەۋەللۇت بولۇشۇمنى تىلەۋاتقانىكەن.

ھاياتلىقىمنىڭ، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىمنىڭ يالقۇنلۇق سىمۋولى ــ ھايات شامىمنى ياندۇرۇۋاتقان بۇ ھاياجانلىق تۇغۇلغان خاتىرە كۈنۈمدە، ئانام مېنى يورۇق دۇنياغا ئاپىرىدە قىلىش ئۈچۈن ئۆلۈم بىلەن قەيسەرانە ئېلىشقانىكەن.

مەن ئۆزۈم ئۈچۈن كاتتا ئارمانلارنى تىلەپ، دوستلىرىم بىلەن خۇشال چاۋاك چېلىۋاتقان بۇ شادلىق كۈنۈمدە، ئانام مېنىڭ ئاچچىق ۋە دەھشەتلىك تولغاق ئازابىمنى يەپ، ھايات ـ مامات چېگرىسىدا مەن ئۈچۈن جاپا چېكىپ، ماڭا ئۆزىنى بېغىشلىغانىكەن.

مەن تۇغۇلغان كۈنۈم ئۈچۈن شادلىنىپ، ھەممىنى ئۇنتۇپ، دوستلىرىم بىلەن قانغۇچە ئويناپ تەرلىگەن بۇ كۈندە، مېنى تۇغۇش ئۈچۈن ئانامنىڭ ماجالى قالمىغۇدەك تىركىشىشتىن ۋۇجۇدىدا تەر شورۇلداپ ئاققانىكەن.

مەن دوستلىرىمدىن چىرايلىق تۇغۇلغان كۈن سوۋغىتى قوبۇل قىلىۋاتقان بۇ كۈندە، ئانام ئۆلۈم ۋەھىمىسىدە تۇرۇپ، دۇنياغا ئەڭ قىممەتلىك سوۋغىتىنى ــ مېنى تەقدىم قىلغانىكەن.

مەن تۇغۇلغان كۈنۈمنىڭ كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈلگەنلىكىدىن شادلانغان مۇشۇ كۈندە، ئانام مېنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ ئامان ـ ئېسەنلىكىنى بىلىپ مەڭگۈلۈك خۇشاللىققا چۆمگەنىكەن.

دوستۇم، ئەمدى چۈشەنگەنسىز، بىزنىڭ تۇغۇلغان كۈنىمىزدە ئانىمىز ئەڭ ئېغىر ئازاب چەككەن، ئۆلۈم بىلەن ئېلىشقانىكەن. شۇڭا، بىز بۇ كۈندە پۈتۈن نىيەت ـ ئىقبالى بىلەن بىزنى ھاياتلىققا ئېرىشتۈرۈپ، يەنە بىزنىڭ بەختىمىز

ئۇچۇن كۆلۈمسىرەۋاتقان ئانىلىرىمىزغا رەھمەت ئېيتايلى!
قېنى دوستۇم، ھەممەيلەن بىرلىكتە چىن مېھرىمىز بىلەن
شىۋىرلايلى: ئانا، مېنى تۇغقان كۈنۈڭگە مۇبارەك بولسۇن!»

قاھارنىڭ قەلبى لەرزىگە كەلدى. بۇنداق ساپ، چىن مەنىسى بىلەن ئوقۇلغان مەدھىيە ھەممە ئادەمگە ئورتاققۇ! ھەممىمىز تۇغۇلىمىز، ھەممىمىزنى بىر ئانا ئاشۇنداق جاپالار بىلەن، ئاشۇنداق خەتەرلەر بىلەن، ئاشۇنداق ئارزۇ ـ ئارمانلار بىلەن تۇغقان. ئەمما بىز ئانچىكىملا بىر ئىش بولسا، ئۇنىڭدىن ئاغرىنىمىز، ئۇنى ئۇنتۇيمىز. ھەي، ئەپسۇس...

ئارقىدىن سەھنىگە تەمكىن قەدەملەر بىلەن داڭلىق شائىر ئوسمانجان ساۋۇت چىقتى:

غايىبتىن بىر قۇدرەت گەر پۇتۇلسە ماڭا،
ئالەمنى ئالما قىپ تۇتقۇزسام ساڭا.
تاڭ پەيتى بىر مەررە ئېمىزگىنىڭنىڭ،
بەدىلى تۆلىنىپ تۇگەرمۇ ئانا!؟
......

ئاجايىپ چوڭقۇر پىكىر تولىمۇ ئوبرازلىق ئىپادىلەنگەن بۇ شېئىر قاھارنىڭ ئەقلىگە ئەقىل قوشقاندەك، ئۇخلاۋاتقان ئەقىللىرىنى ئويغاتقاندەك، «ئاناڭ ئالدىدىكى قەرزىڭنى ئۇنتۇما» دەپ سادا ياڭرىتىۋاتقاندەك بىلىندى.

قاھار ئانىلارنى كۈيلەۋاتقان ئەدىبلەردىن مىننەتدار بولغاچ ساقىلىنى ئالدۇردى، بۇرۇتىنى قىردۇردى. بۇنىڭ بىلەن بىر نەۋقىران، كۆچ ـ قۇۋۋەتكە تولغان، چىرايىدىن نۇر تۆكۈلۈپ تۇرغان بىر يىگىت شۇ قەدەر ئادىدىي ساتىراشخانىدا ئورۇندۇقتىن قوپتى.

ــ ھوي، ياپياشلا يىگىت ئىكەنسىزغۇ! ــ دەۋەتتى ساتىراش.
قاھار گەپ ـ سۆز قىلماي چىقىپ كەتتى ۋە يەكشەنبە بازارنىڭ

كەينىدىكى كوچىغا كەلدى. بۇ كوچا ئىجارىگە بېرىلىدىغان بىر قەۋەتلىك ئۆيلەر بىلەن تولغان بولۇپ، سىرتتىن ئىشلەمچىلىك قىلغىلى كەلگەنلەر، تىلەمچىلەر، ئۇششاق - چۈششەك نەرسىلەرنى ئېلىپ ساتىدىغانلار ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇراتتى. شۇنداق بولغاچقا بۇ يەرنى سېسىقچىلىق قاپلىغان، ئەخلەتلەر دۆۋىلىنىپ كەتكەن، قىستاڭچىلىق ئىدى. ئەجەبا، قاھارنىڭ ئاپىسى مۇشۇنداق يەردە ياشامدىغاندۇ؟ باشقا بالىلارنىڭ ئاپىلىرىمۇ مۇشۇنداق يەردە ياشاۋاتقاندۇ، ئەلۋەتتە... قاھارنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى. ئەمما، بۇمۇ بىر تۇرمۇش، ئۇنى قاھارنىڭ قوبۇل قىلماي ئامالى يوق.

قاھار بىرقانچە قوروغا كىرىپ، ئاپىسىنى تاپالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىر يۇيۇپ ئولتۇرغان بىرسىدىن سوراشقا مەجبۇر بولدى:

— بۇ يەردە سارىخان ئىسىملىك ئايال بارمۇ؟ ئۆتكەن يىلى كەلگەن.

— سارىخان، ئۆزىدىن باشقا ئادەمگە گەپ قىلمايدىغان، قوناق پىشۇرۇپ ساتىدىغان ئايالمۇ؟

— قوناق پىشۇرۇپ ساتىدىغان؟ بۇ نېمە گەپ؟

قاھار قۇلىقىغا ئىشىنەلمەي قالدى.

— نېمە گەپ دېگىنىڭىز نېمىسى؟ قوناق پىشۇرۇپ بالىلارغا ساتسا، بالىلار بازاردا سېتىپ پۇل تېپىپ جان باقىدىغان ئىش شۇ. خۇددى مەن كىر يۇيۇپ پۇل تاپقاندەك.

— ھە، شۇ ئايال،— دېدى قاھار ئامالسىز.

— ئاۋۇ قىزىل دەرۋازىنىڭ ئۇدۇلىدىكى قورودا.

قاھار دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ تۇرۇپ قالدى. دەرۋەقە، كىيىملىرى كونىرىغان، ئاق سانجىلغان چاچلىرى چۇۋۇلغان، چىرايىدىكى قورۇقلىرى چوڭقۇرلاشقان سارىخان تېزەكنى پۇۋلەپ ئاۋارە بولۇپ ئولتۇراتتى. تازا ئوبدان كۆيمىگەن تېزەكنىڭ ئاقۇچ ئىسى مومايىنى يۆتەلدۈرۈپ، كۆزىدىن ياش چىقىرىۋەتتى. ئوچاقنىڭ ئۈستىدە بولسا نەچچە باش كۆممىقوناق سېلىنغان مايماق كورا شىغىلداپ تۇراتتى.

بۇنى كۆرگەن قاھار كۆزىگە ئىختىيارسىز ياش ئالدى ۋە ئاستا ئاپىسىنىڭ يېنىغا باردى. قاھارنى — قەيسەرنى كۆرگەن سارىخان كۆزىدىكى ياشنى سۈرتۈپ ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قارىدى. قەيسەرنىڭ چىرايىدىن تېخىمۇ كۆپ تونۇش بەلگىلەرنى ئىزدەپ تاپماقچى بولغاندەك ئورۇق ۋە يىرىك قولى بىلەن ئۇنىڭ يۈزىنى سىلىدى. قەيسەر ئاپىسىنى مەھكەم قۇچاقلىدى:

— ئاپا، مەن كەلدىم.

— ئەمدى كەلدىڭمۇ، بالام، — دېدى سارىخان ئۇنىڭ باش - كۆزىنى سىلاپ.

— ئاپا، مەن ئۆلۈپ كەتمىگەن.

— مەن بىلىمەن بالام، سەن ئۆلۈپ كەتمەيتتىڭ. سېنىڭ يوقاپ كەتكىنىڭدىن خۇش بولدۇم ھەم ھامىنى قايتىپ كېلىدىغانلىقىڭغا ئىشىنەتتىم، جېنىم بالام.

— ئاپا، سەن مۇشۇ يەردە ياشاۋاتامسەن؟

— سەن كەلگۈچە مۇشۇ يەردە ياشىيالىغۇدەكمەن بالام.

— بۈگۈن مەن سېنى بىردەمدىلا تېپىۋالدىم.

— بالا دېگەن دائىم ئاپىسىنى ئىزدەپ تېپىۋالىدۇ، بالام.

— ئەمدى ئايرىلمايلى، ئاپا.

— سەن كۈندىلا يېنىمدىغۇ بالام.

— ئاپا، يۈر، ئۆيگە كېتەيلى.

— مەن ئىككىمىزنى ئۆيدىلا دەيمىنا.

قەيسەرنىڭ كۆزىدىن ياش تاراملاپ تۆكۈلدى. ئۇ ئاپىسىنى بۇ ھالدا كۆرەرمەن دەپ پەقەت ئويلىمىغانىدى. ئۇ بىردىنلا ئۆزىنى ئاپىسىنىڭ ئالدىدا ئېغىر گۇناھكاردەك ھېس قىلدى.

مانا بۇ پەرزەنتلىك قەلب ئىدى. ھەربىر پەرزەنتنىڭ ئانا ئالدىدىكى مەڭگۈلۈك قەلبى ئىدى.

قەيسەر ئاپىسىنى يېتىلەپ قورودىن چىقتى ۋە قوروغا قاراپ: «رەھمەت!» دېدى. مۇشۇ ۋەيرانە قورو ئۇنىڭ ئاپىسىنى ساقلاپ قالغانىدى.

جاھاندا ئىشلار شۇنداق بولىدىكەن: ئەڭ ئاددىي نەرسىلەر ئەڭ گۈزەل نەرسىلەرنى ئۆز قوينىدا ساقلاپ قالىدىكەن. شۇڭا، كىشىلەرنىڭ گۈزەللىك ئىزدەش سەپىرى مۇشەققەتلىك بولىدىكەن.

**2007 ـ يىل 2 ـ ئاۋغۇست، تاڭ سەھەر، ئۈرۈمچى ۋاقتى سائەت ئالتىدە تورپاندا تاماملاندى.**

图书在版编目（CIP）数据

眼泪之花：维吾尔文/吾买尔·阿不都拉·艾尔库提著. －乌鲁木齐：新疆青少年出版社，2009.11
ISBN 978－7－5371－6830－4

Ⅰ.眼… Ⅱ.吾… Ⅲ.长篇小说－中国－当代－维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.Ⅰ247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2009）第 066425 号

责任编辑：艾尼瓦尔·艾山
责任校对：依巴达提·亚森
封面设计：阿力甫·夏

# 眼泪之花（维吾尔文）

（长篇小说）

吾买尔·阿不都拉·艾尔库提 著

新疆青少年出版社出版
（乌鲁木齐市北京北路 29 号　邮编：830012）
新疆新华书店发行
新疆金版印务有限公司印刷
880×1230 毫米　32 开本　16.125 印张
2009 年 11 月第 1 版　2012 年 2 月第 2 次印刷

ISBN 978-7-5371-6830-4　定价：40.00 元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换





مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غالىب شاھ
خەتتات: ئابلىكىمجان زۇنۇن جەۋلانى

# كۆز يېشىدا ئېچىلغان گۈل

ISBN 978-7-5371-6830-4
9 787537 168304 >
باھاسى: 40:00 يۈەن